# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى)

بىرىنچى كىتاب



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



دۇنيا ئومۇمىي تارىخى
(يېقىنقى زامان قىسمى) بىرىنچى كىتاب
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14236-1
9 787228 142361 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى)

بىرىنچى كىتاب

ليۇ زوچاڭ
تۈزگۈچىلەر: گۇاڭ رېنخۇڭ
خەن چېڭۋېن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界通史（近代卷）上：维吾尔文/ 刘祚昌，光仁洪，韩承文编著；艾合买提江·阿布都外力译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.4
ISBN 978-7-228-14236-1

Ⅰ.①世… Ⅱ.①刘… ②光… ③韩… ④艾… Ⅲ.①世界史：近代史 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K10

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第056208号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 热依汗古丽·库尔班，阿合买提江·买明·塔里米 |
| 责任校对 | 阿依古丽·沙比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 26.5 |
| 版　　次 | 2011年10月第1版 |
| 印　　次 | 2011年10月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 65.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ..... 1

بىرىنچى باب 17 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ..... 9

1 - بۆلۈم ئىنقىلابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ..... 9

2 - بۆلۈم 1640 - يىلىدىن 1649 - يىلىغىچە بولغان ئىنقىلاب ..... 38

3 - بۆلۈم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشتىن 1688 - يىلىدىكى ئىنقىلابقىچە ..... 79

ئىككىنچى باب ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى ..... 122

1 - بۆلۈم سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ..... 122

2 - بۆلۈم سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسى ۋە نەتىجىسى ..... 138

ئۈچىنچى باب 17 — 18 - ئەسىرلەردىكى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر ..... 164

1 - بۆلۈم تىپىك فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت — فىرانسىيە ..... 164

2 - بۆلۈم 17 — 18 - ئەسىرلەردىكى گېرمانىيە ..... 196

3 - بۆلۈم فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمدىكى رۇسىيە ..... 215

4 - بۆلۈم 17 — 18 - ئەسىرلەردىكى دېڭىز زومىگەرلىكىنى تالىشىش كۈرىشى ..... 227

تۆتىنچى باب شىمالىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ..... 234

1 - بۆلۈم مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ..... 234

2 ـ بۆلۈم مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ جەريانى .......... 258
3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى سىنىپىي كۈرەش ..... 297

**بەشىنچى باب 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى** ... 315
1 ـ بۆلۈم ئىنقىلابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشى .............................................. 315
2 ـ بۆلۈم پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى — ئىنقىلابنىڭ تۇنجى باسقۇچى .............................................. 337
3 ـ بۆلۈم گىروندىچىلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى — ئىنقىلابنىڭ 2 ـ باسقۇچى .............................. 378
4 ـ بۆلۈم ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى — ئىنقىلابنىڭ 3 ـ باسقۇچى .............................................. 400

**ئالتىنچى باب 1794 ـ يىلىدىن 1815 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى فرانسىيە ۋە ياۋروپا، ۋېنا يىغىنى ھەم مۇقەددەس ئىتتىپاق** ..... 437
1 ـ بۆلۈم تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ۋە نازارەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى .............................. 438
2 ـ بۆلۈم ناپولېئوننىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىكى ..... 454
3 ـ بۆلۈم ناپولېئوننىڭ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشى .............................................. 473
4 ـ بۆلۈم ياۋروپانىڭ ئەكسىيەتچىلىكى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر .............................................. 494

**يەتتىنچى باب لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى** .............................. 503
1 ـ بۆلۈم مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى لاتىن ئامېرىكىسى .............................................. 504

www.uyghurkitap.com

2 ـ بۆلۈم ھايتى ئىنقىلابى ............................ 518
3 ـ بۆلۈم ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى
مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى
(1810 ـــ 1826) ............................................ 525
4 ـ بۆلۈم بىرازىلىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ................ 540

**سەككىزىنچى باب 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـــ 40 ـ يىللىرىدىكى غەربىي**
**ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر** .............................. 548
1 ـ بۆلۈم 1815 ـــ 1847 ـ يىللىرىدىكى فىرانسىيە،
1830 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابى ............... 548
2 ـ بۆلۈم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى
ئەنگلىيە، ئاساسىي قانۇنچىلىق ھەرىكىتى
(خارتىزىم) .................................................. 571
3 ـ بۆلۈم بۆلۈنمە ھالەتتىكى گېرمانىيە، سىلىسىيە
توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ............ 626

**توققۇزىنچى باب ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى** ..................... 644
1 ـ بۆلۈم ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى تارىخىي
شارائىتلار ......................................................... 644
2 ـ بۆلۈم ماركس، ئېنگېلسنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى
ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ..................................... 649
3 ـ بۆلۈم ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي كوممۇنىزم
نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلىشى ۋە پىرولېتارىياتنىڭ
سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش
قىلىشى ............................................................. 658
4 ـ بۆلۈم «كومپارتىيە خىتابنامىسى» ..................... 669

**ئونىنچى باب 1848 ـ يىلىدىكى ياۋروپا ئىنقىلابى** .................. 675
1 ـ بۆلۈم 1848 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابى .... 675

2 - بۆلۈم 1848 - يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابى ... 705
3 - بۆلۈم 1848 - يىلىدىكى ئىتالىيە ئىنقىلابى ..... 719
4 - بۆلۈم 1848 - يىلىدىكى ۋېنا ئىنقىلابى ........... 733
5 - بۆلۈم 1848 - يىلىدىكى شەرقىي ياۋروپادىكى
مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ............................ 741

ئون بىرىنچى باب 19 - ئەسىرنىڭ 50 — 60 - يىللىرىدىكى ياۋروپا
مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتى .................................. 751
1 - بۆلۈم ئەنگلىيەنىڭ سانائەت زومىگەرلىكى ۋە
ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا
كەلتۈرۈش كۆرىشى .................................. 752
2 - بۆلۈم ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ............ 781
3 - بۆلۈم گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ........... 794
4 - بۆلۈم رۇسىيەنىڭ 1861 - يىلىدىكى ئىسلاھاتى .... 822

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# كىرىش سۆز

دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى 1640 ـ يىلى باشلىنىپ، 1900 ـ يىلى ئاياغلاشقان، ئۇ ئاساسەن كاپىتالىزمنىڭ باش كۆتۈرۈپ تەرەققىي قىلىش تارىخى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، باش كۆتۈرۈپ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىكى كاپىتالىزمنى مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش، دۆلەت ئىچىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپى، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ يەنىلا غايەت زور تارىخىي ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. «بۇرژۇئازىيەنىڭ يۈز يىلغا يەتمىگەن ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىلگىرىكى بارلىق دەۋرلەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ بولدى».[1] بۇ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرژۇئازىيە بۇ دەۋردە پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ، سەنئەت، ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيە قاتارلىق جەھەتتىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇرژۇئازىيە فېئوداللىزمغا قارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا، فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى كىشەنلەپ كەلگەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقى ۋە جاھالەتپەرەسلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشىلىك ئەركىنلىك ۋە

---

① ماركس، ئېنگېلس: «كومپارتىيە خىتابنامىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 1 ـ توم، 277 ـ بەت.

ئىجتىمائىي ھاياتنى بوغىدىغان مۇتلەق مونارخىيەلىك تۈزۈم ۋە مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى رايونلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتىنى تەدرىجىي تۈگىتىپ، دۇنيانى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇردى.

دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىنى ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: 1 ـ دەۋر — 1640 ـ يىلىدىن 1870 ـ يىلىغىچە، 2 ـ دەۋر — 1871 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە. 1 ـ دەۋر — كاپىتالىزمنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى ئىلغار دۆلەتلەردە ئۇتۇق قازىنىپ ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان دەۋرى، يەنى «ئەركىن» كاپىتالىزم دەۋرى؛ 2 ـ دەۋر، «ئەركىن» كاپىتالىزمنىڭ مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆتۈش دەۋرى.

كاپىتالىزمنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىشى، بىر قاتار بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى.

ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى تۇنجى بولۇپ ياۋروپادىكى بىر چوڭ دۆلەتتە فېئوداللىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تىكلىدى. يەنە فىرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى بۇرژۇئا ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى، دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى 2 ـ قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى» دۆلىتىنى قۇردى ھەم ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پارتلىغان فىرانسىيە بۈيۈك

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى، كاپىتالىزمنىڭ ياۋروپادا كەڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە غەلىبە قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى «ئەركىن» كاپىتالىزم دەۋرىدىكى تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھېسابلىنىدۇ. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى، مىللىي ھەرىكەتلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بەردى. چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ئىسپانىيە، يانچىلىق تۈزۈمدىكى رۇسىيە ۋە تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى گىرېتسىيەدە ئىنقىلاب پارتلىدى. ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدىمۇ بۇ ئىنقىلاب دولقۇنىدا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرى قوزغىلىپ، زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىپ، سانائەت ئىنقىلابىغا شارائىت ھازىرلىدى. سانائەت ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ئەنگلىيەدە (18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە) يۈز بەردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىگە كىردى.

سانائەت ئىنقىلابى كاپىتالىستىك قول سانائەتنىڭ كاپىتالىستىك يىرىك سانائەتكە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ قالماي، بەلكى كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. پرولېتارىيات سىنىپى شەكىللىنىپ ھەم زورىيىپ مۇستەقىل سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى قوزغالغان فرانسىيەدىكى لىئون ئىشچىلىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق قوزغىلىڭى ۋە گېرمانىيەدىكى سىلىسىيە ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى ھەم ئەنگلىيەدىكى نىزامنامە ھەرىكىتى پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مۇستەقىل ھالدا

سىياسىي سەھنىگە چىققانلىقىنى ئىپادىلىدى.

پىرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا خىيالىي سوتسىيالىزم ئىلمىي سوتسىيالىزمغا تەرەققىي قىلىپ، پىرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاب نەزەرىيەسى ـــ ماركسىزم مەيدانغا كەلدى. 1848 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ماركس، ئېنگېلس بىرلىكتە يازغان «كومپارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى. بۇ پىرولېتارىيات ئىنقىلابى ھەرىكىتىدىكى تۇنجى پىروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، بۇ ھۆججەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە كوممۇنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئەتراپلىق، ئىلمىي شەرھلەپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھالاكىتىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئېچىپ بېرىپ، پىرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، پىرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى دەلىللىدى.

پىرولېتارىياتنىڭ سىياسىي كۈچىنىڭ زورىيىپ كېتىشى ئالدىدا بۇرژۇئازىيە فېئوداللارغا قارشى كۈرەش جەريانىدا ئەكسىيەتچىلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلدى. بۇ، 1848 ـ يىلىدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابتا ئەك گەۋدىلەندى. 1848 ـ يىلى، فىرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسى ئىچىدە بىرلا ۋاقىتتا ئىنقىلاب پارتلىدى، بۇ ئىنقىلاب ئەسلىدە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئىدى، ئەمما بۇرژۇئازىيەنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن بۇ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى.

1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا كاپىتالىزم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئەنگلىيە «دۇنيا زاۋۇتى»غا ئايلىنىپ، دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا مونوپول ئورۇنغا ئۆتتى. ئامېرىكا، گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە رۇسىيەدىمۇ كاپىتالىزم

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە راۋاجلاندى. قاتناش - ترانسپورت قوراللىرى تېز تەرەققىي قىلغانلىقتىن كاپىتالىستىك دۇنيا بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە سىياسىي ھەرىكەتلىرى قايتا ئەۋجگە چىقتى. 60 - يىللاردا، ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1861 - يىلى رۇسىيەدە يانچىلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ئىسلاھاتى بولدى. ئامېرىكىدا 1861 - يىلىدىن 1865 - يىلىغىچە داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇش نەتىجىسىدە جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى چوڭ دۆلەتلەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كاپىتالىزمنىڭ تولۇق ھۆكۈمرانلىقى تىكلەندى.

كاپىتالىزم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇرژۇئازىيىگە بولغان قارشىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 19 - ئەسىرنىڭ 50 -، 60 - يىللىرى ياۋروپا، ئامېرىكىدا ئىشچىلار ھەرىكىتى ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى. ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرى كۆپىيىپ، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاقىسى كۈچىيىپ، ماركسىزم ئىشچىلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. مۇشۇ ئاساستا، 1864 - يىلى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچلۈك خەلقئارا تەشكىلاتى — 1 - ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇلدى. 1869 - يىلى گېرمانىيەدە تۇنجى ئىشچىلار پارتىيەسى — سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى دۇنياغا كەلدى.

ياۋروپا، ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنيادىكى ئىقتىسادى قالاق رايونلارنى تالان - تاراج قىلىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە،

ئەنگلىيە، فىرانسىيە 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردىلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن يەرلەرنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. چارروسىيەمۇ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى بېسىۋېلىپ، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرنى قۇل قىلدى. 19 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋاسىتە قوللىنىپ، ئىقتىسادى قالاق دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى مۇستەملىكە ياكى يېرىم مۇستەملىكە قىلىۋالدى. ئەنگلىيە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەگە ئايلاندى. جۇڭگومۇ 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە رايونلارنى تالان ـ تاراج قىلىشى شۇ رايونلاردىكى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى ئىزچىل قوزغاپ كەلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلاب پۈتۈن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى قاپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بولغىنى جۇڭگودىكى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى، ھىندىستاندىكى مىللىي قوزغىلاڭ ۋە ئىراندىكى بابلار قوزغىلىڭى بولدى. بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر مۇستەملىكىچى كۈچلەر ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلارغا كۈچلۈك زەربە بەردى. ئاقىۋەتتە گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ باتۇرانە ئىنقىلابىي روھىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئىنقىلابلار ئىچىدە، پەقەت ياپونىيەدىكى ئىنقىلابلا غەلىبە قىلدى، ياپونىيە ئانچە ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىغان بۇرژۇئا ئىنقىلابى (مىڭجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى) ئارقىلىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك ھالەتتىن قۇتۇلۇپ كاپىتالىزم يولىغا قەدەم باستى.

1871ـ يىلىدىكى پارىژ كوممۇناسى تارىختىكى تۇنجى پرولېتارىيات ئىنقىلابى بولۇپ، بۇ ئىنقىلابتا پارىژ

پرولېتارلىرى تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلىدا، يېڭى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى 2 ـ قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېڭى پەن ـ تېخنىكىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى سانائەتنى مىسلىسىز يۈكسەلدۈرۈپ، يېڭى سانائەت تارماقلىرىنى پەيدا قىلدى. سانائەتنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن ئىقتىسادىي كىرىزىس قوشۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مونوپول كاپىتالنى شەكىللەندۈردى. بۇ، «ئەركىن» كاپىتالىزمنىڭ مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

«ئەركىن» كاپىتالنىڭ مونوپول كاپىتالغا ئۆتۈشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلار سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، سىنىپىي زىددىيەتنى پەيسەيتتى ھەم كاپىتالىزمغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈردى.

بۇ مەزگىلدە، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئىشچىلار پارتىيەلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ماركسىزم تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. مۇشۇ ئاساستا، 1889 ـ يىلى ئېنگېلسنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2 ـ ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇلدى. ئەمما، ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، رېۋىزىئونىزم 2 ـ ئىنتېرناتسىيونال ۋە ھەرقايسى پارتىيەلەر ئىچىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىۋالدى.

مونوپول كاپىتالنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر خام ئەشيا تالان ـ تاراج قىلىش، تاۋار بازىرى ۋە مەبلەغ سېلىش سورۇنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ

ئاخىرىغىچە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پۈتۈن ئافرىقىنى پاك ـ پاكىز بۆلۈشۈۋالدى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتتى. ياپونىيە مىڭجى يېڭىلىقىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا مىلىتارىزملىق يولىغا مېڭىپ، 1895 ـ يىلىدىكى جىياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن قارا قولىنى جۇڭگو زېمىنىغا سوزۇشقا باشلىدى. تاجاۋۇزچىلىقنى ئادەت قىلىۋالغان چارروسىيەمۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا سىڭىپ كىردى. جاھانگىرلار تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېزلەتكەندە، ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن مىللىي خەۋپ بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. مۇستەملىكىچىلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بەس ـ بەستە قوزغالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرىنچى باب

# 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى

دۇنيا تارىخىدا، 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىدىن بۇرۇن بىر مەيدان بۇرژۇئا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن. ئۇ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى نىدېرلاندىيە ئىنقىلابىدۇر. ئەمما، ئۇنىڭ تەسىرى كىچىك بولۇپ، ئۇ نىدېرلاندىيەنىڭ سانائەت كاپىتالىزمى يولىغا قەدەم تاشلىيالماسلىقى بىلەن نەتىجىلەندى. ئەمما، ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى تۇنجى بولۇپ ياۋروپا قىتئەسىدىكى بىر چوڭ دۆلەتتە فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئورناتتى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب فىرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياۋروپادىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بەربات بولۇشىنى تېزلەتتى. ئەنگلىيەدە ئىنقىلاب مەزگىلىدە ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بۇرژۇئازىيە سىياسىي ئىدىيەسى، پەلسەپە ئىدىيەسىمۇ 18 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيە ئاقارتىش ئىدىيەسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. شۇڭا، 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشىنىڭ بەلگىسىدۇر.

## 1 ـ بۆلۈم ئىنقىلابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

### 1. كاپىتالىزمنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تەرەققىياتى

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا ئەنگلىيەنىڭ شەرقى ۋە غەربىي

جەنۇبىدا يەر چىتلاش (قاشالاش) ھەرىكىتى باشلانغانىدى. بۇ ھەرىكەت 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى ئامىل سەۋەب بولدى: بىرىنچى، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىشى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى كۈچەيتىپ، خام ئەشيا ۋە ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل ئەھۋال ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا پايدىلىق بولغاچقا، پومېشچىكلارنىڭ يەر چىتلاش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى. ئىككىنچى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فېئوداللىق يەر ئىجارىسى بىلەن كاپىتالىستىك يەر ئىجارىسى ئارىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭايدى، پومېشچىكلار يەرلىرىنى دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىغا ئىجارىگە بەرسە، دېھقانلارنى فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانغا قارىغاندا تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇمۇ پومېشچىكلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە يەر چىتلاش قىزغىنلىقىغا تۈرتكە بولدى.

يەر چىتلاش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى زور بولدى. بىرىنچى، ئۇ يېزا ئىگىلىكىدىكى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلار (دېھقانلار) بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى (يەر)نىڭ بۆلۈنۈش جەريانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەنگلىيەنى تىپىك ئىپتىدائىي جۇغلانمىغا ئىگە دۆلەتكە ئايلاندۇردى. يەردىن ئايرىلغان دېھقانلار بىر تەرەپتىن سانائەت كاپىتالىزمىنى ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن سانائەت ئۈچۈن بازار پەيدا قىلدى. چۈنكى، دېھقانلارنىڭ يوقىلىش جەريانى دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش جەريانى بولدى. ئىككىنچى، يەر چىتلاش نەتىجىسىدە، ئەنگلىيە يېزىلىرىدا كاپىتالىستىك ئىگىلىك مەيدانغا كېلىپ، پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنى فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە

قىلىشى دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىنىڭ دېھقان ئىشچىلارنى كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۆزگەردى. پومېشچىكلار يەرلەرنى چىتلىغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىغا ئىجارىگە بەردى، بەزىلىرى يەرلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇپ دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىغا ئايلاندى. دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرى چوڭ كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئەمگەكچى ياللاپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ خىل دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىگىلىك جەھەتتە سانائەتتىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا ئوخشايتتى. يەرلىرىنى دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىغا ئىجارىگە بەرگەن پومېشچىكلارنىڭ ئېرىشكەن يەر ئىجارىسى فېئوداللىق يەر ئىجارىسى بولماستىن، بەلكى كاپىتالىستىك يەر ئىجارىسى ئىدى. كاپىتالىستىك يەر ئىجارىسى دېھقان ئىشچىلار ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى شىلىۋېلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرى قوشۇمچە قىممەتنىڭ بىر قىسمىنى يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە پومېشچىكلارغا تۆلەيتتى. شۇڭا، پومېشچىكلار دېھقان ئىشچىلارنى ۋاستىلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا ئايلاندى. ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈشى، دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرى ئارىسىدىكى رىقابەت سەۋەبىدىن، يەر ئىجارىسى ئىزچىل ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، پومېشچىكلارنىڭ كاپىتالىستىك يەر ئىجارىسىدىن ئېرىشكەن كىرىمىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرغان ياكى يەرلىرىنى دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىغا ئىجارىگە بەرگەن پومېشچىكلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزم بىلەن زىچ باغلىنىپ بۇرژۇئازلاشتى. ماركس بۇنداق ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنى فېئودال ئاقسۆڭەكلەردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن «يېڭى ئاقسۆڭەكلەر» دەپ ئاتىغانىدى. ئۈچىنچى، يەر چىتلاش ھەرىكىتىدىن كېيىن پەيدا بولغان كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش زور

دەرىجىدە راۋاجلاندى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا سۈنئىي ئوغۇت ئىشلىتىش، زەيكەش چېپىش، تۇپراقنى ياخشىلاش جەھەتلەردە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. نۇرغۇن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ھەتتا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى (مەسىلەن، ئۇرۇق سېپىلىش ماشىنىسى) ئىشلىتىلدى. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ يېڭىلىنىشى پەقەت كۆلەملەشكەن كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىلا ئىشقا ئاشاتتى. نەتىجىدە، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، مەھسۇلات مىقدارى ئۈچ ـ تۆت ھەسسە ئاشتى.

ۋاھالەنكى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەر چېتىلاش ھەرىكىتى ۋە كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى شەرق ۋە غەربىي جەنۇبتىكى رايونلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، غەربىي شىمال ۋە شىمالدىكى رايونلاردا يەنىلا كونا فېئوداللىق يېزا ئىگىلىكى ساقلىنىپ قالدى. يومېشچىكلارنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەسى ئاستىدىكى دېھقانلار قانۇنىي جەھەتتە ئەركىن دېھقانلار ۋە رويخەتلىك دېھقانلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنەتتى. رويخەتلىك دېھقانلارنىڭ يومېشچىكلارغا بولغان فېئوداللىق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئەركىن دېھقانلارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورنىمۇ ئەركىن دېھقانلاردىن تۆۋەن ئىدى. ئەمما ھەر ئىككى خىل دېھقانلار يومېشچىكلارغا فېئوداللىق يەر ئىجارىسى تۆلەيتتى. فېئوداللىق يەر ئىجارىسى 13 ـ 14 ـ ئەسىردىن باشلاپلا نەق پۇل شەكلىنى ئالغان بولۇپ، يەر ئىجارە سوممىسى مۇقىم ئىدى. رويخەتلىك دېھقانلار يومېشچىكلارغا فېئوداللىق يەر ئىجارىسى تاپشۇرغاندىن باشقا، يەنە بىر قاتار باج ـ سېلىقلارنى تاپشۇراتتى. مەسىلەن، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن پەرزەنتلىرى يەرنى داۋاملىق ئىجارىگە ئالماقچى بولسا، يومېشچىككا چوقۇم «ئۆلۈم بېجى» تاپشۇرۇشى، يەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولسا «ئىجارەت بېجى» تاپشۇرۇشى شەرت

ئىدى. پومېشچىكلار رويخەتلىك دېھقانلارغا خالىغانچە جەرىمانە قوياتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇرلايتتى. 1647 ـ يىلىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ رويخېتىدە خاتىرىلىنىشىچە، دروم ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇرۇشلۇق باش ئېپىسكوپ ستوكتوننىڭ قورۇقىدىكى رويخەتلىك دېھقانلارنىڭ يەر ئىگىسى ئۈچۈن سۇ تۈگمىنىنى رېمونت قىلىپ بېرىشى، ئاشلىقنى دروم شەھىرىگە توشۇپ بېرىشى، قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى يىغىپ بېرىشى، بولمىسا 40 شىللىڭ تۆلىشى بەلگىلەنگەن. ئۇلار «جىنايەت» ئۆتكۈزسە، قورۇق سوتى تەرىپىدىن سوتلىناتتى، ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، باھا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پومېشچىكلار ئەنئەنىۋى ئادەتكە پەرۋا قىلماي، يەر ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارغا بولغان ئېكسپلاتاتسىيەنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

## 2. سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتى

يۇڭ توقۇمىچىلىق ئەنگلىيەنىڭ «مىللىي» سانائىتى بولۇپ، ئىنقىلابتىن بۇرۇنلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا ئومۇملاشقانىدى. 16 ـ ئەسىردە، يۇڭ توقۇمىچىلىقتا كاپىتالىستىك ئامىللار پەيدا بولدى، بەزىلىرى تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا ئايلانسا، بەزىلىرى تەرەققىي قىلىپ مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا ئۆزگەردى. بەزى قول سانائەت ئىشخانىلىرى خېلىلا كۆلەملەشتى. مەسىلەن، لوندونلۇق سودىگەر ساموېيل مىك ئۆزىنىڭ كارخانىسىدا نەچچە مىڭ ئىشچىنى ياللاپ ئىشلەتكەن، مەھسۇلاتلىرىنى چەت ئەللەرگىمۇ ساتقان. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگە كەلگەندە

كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە كاپىتالىزم ئامىللىرى بىخ سۈردى. كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كاتتىلىرى، يەنى باي دۇكان ئىگىلىرى ئۇستىلارنى ۋە شاگىرتلارنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ بېيىدى ھەم تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتتى. بۇنداق دۇكانلار بارا ـ بارا كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئالدى. يۇڭ توقۇمىچىلىقتىن باشقا، تۆمۈرچىلىكتىمۇ قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ تەشكىلىي شەكلى بارلىققا كەلدى.

سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تاشقى سودىمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى. ئەنگلىيە يۇڭ توقۇلما قاتارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپلا قالماي، يەنە كۆپ مىقداردا خام ئەشيا ئىمپورت قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ شۇ چاغدىكى تاشقى سودىسى ئاساسلىقى سودا شىركەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كونىسى «تەۋەككۈلچى سودىگەرلەر شىركىتى» ھېسابلىنىدۇ. چوڭ سودىگەرلەر ھەر يىلى تاشقى سودىدىن زور پەيدا ئالاتتى. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى يەنە ئافرىقا قۇل سودىسىغا ئارىلىشاتتى، ھەتتا دېڭىز قاراقچىلىقىمۇ قىلاتتى.

قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى، تاشقى سودىنىڭ يۈكسىلىشى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈردى. ئەنگلىيەدە ئەڭ دەسلەپتە بانكىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆتىگىنى «سەررايخانىلار» بولۇپ، ئۇلار شەخسلەرنىڭ ئامانەت پۇلىنى ساقلاپ بېرىپ، باشقىلارغا پۇل قەرز بەرگەن ۋە پۇل تېگىشىپ بەرگەن. بۇنى دەسلەپكى بانكا دېيىشكە بولىدۇ. لوندون ئەنگلىيەنىڭ سودا ھەم پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇپ، لوندوندىكى سودا رايونى پۇل مۇئامىلە مەركىزى ئىدى. لوندون بىرژىسى 1568 ـ يىلى ئېچىلغان بولۇپ، ئەنگلىيەدىلا ئەمەس، پۈتۈن ياۋروپا قىتئەسىدىمۇ زور تەسىرگە ئىگە ئىدى.

ئومۇمەن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيە يەنىلا

يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. 1665 ـ يىلى، ئەنگلىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك كاپىتالى (يەر ـ زېمىن، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ قىممىتى 210 مىليون فوند، باشقا كاپىتالى (سودا ـ سانائەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ قىممىتى ئاران 40 مىليون فوند بولغان ئىدى.

ئەنگلىيەنىڭ سودا ـ سانائىتىنى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئىلغار دەپ كەتكىلى بولمايتتى، ئەنگلىيە مەيلى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ياكى مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتە بولسۇن گوللاندىيە بىلەن فرانسىيەدىن خېلىلا ئارقىدا تۇراتتى. ئەنگلىيە سودا ـ سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى گەرچە زور بولمىسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيە كاپىتالىزمىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئەنگلىيەدە كاپىتالىزمىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سىڭىپ كىرىش دەرىجىسى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولدى.

### 3. ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش ئىچىدىكى ئەنگلىيەنىڭ ئىجتىمائىي سىنىپى ئەھۋالى

يەر چىتلاش ھەرىكىتى يېزىلاردىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئالدى بىلەن ئەسلىدە بىرلىككە كەلگەن ئاقسۆڭەكلەر بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈندى. ئەنگلىيەنىڭ شەرقى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى يېزىلاردا كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك باغلانغان ئاقسۆڭەكلەر — يېڭى ئاقسۆڭەكلەر پەيدا بولدى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئاساسەن ئوتتۇرا ـ كىچىك ئاقسۆڭەكلەر (يېزا مۆتىۋەرلىرى)دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنىدى،

چۈنكى يەر چېتلاش ھەربىكىتىگە قاتناشقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى يېزا مۆتىۋەرلىرى ئىدى.

يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر ـ مۈلكى ئۇزۇكسىز كۆپەيدى. ھېنرى Ⅷ دىنىي ئىسلاھات قىلغاندا سېتىۋەتكەن چېركاۋ ـ ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پادىشاھ جامېس I ساتقان پادىشاھلىق يەرلەرنىڭ يېرىمىنى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر سېتىۋالدى. 1625 ـ يىلىدىن 1634 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سېتىلغان يەرلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 230 مىڭ فوند بولۇپ، پەقەت 133 يېڭى ئاقسۆڭەك بۇ يەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى سېتىۋالدى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەر يەنە سودا ـ سانائەت ساھەسىگە مەبلەغ سېلىپ، قوشۇمچە سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زېمىندارلارغا ئايلاندى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەر يەنە سودىگەرلەرنى يېنىغا تارتىپ ئۆز قوشۇنىنى تولۇقلىدى، نۇرغۇن چوڭ سودىگەرلەر يەر سېتىۋېلىپ بىر دومىلاپلا زېمىندارلارغا ئايلاندى. ئۇلار ۋەيران بولغان فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىغا ئىجارىگە بېرىپ، كاپىتالىستىك يەر ئىجارىسى ئېلىپ، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر قوشۇنىغا قوشۇلدى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ناھايىتى ئەۋزەل ئورۇندا بولۇپ، كونا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ئىمتىيازغا ۋە سىياسىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى، ئىقتىسادىي ئورنى كونا ئاقسۆڭەكلەردىن ئۈستۈن ئىدى. سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى بۇرژۇئازلارغا سېلىشتۇرغاندىمۇ، يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يەرلىك ئەمەلدارلار بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازى ۋە سىياسىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرالايتتى، شۇڭا يېڭى ئاقسۆڭەكلەر نۇرغۇن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر ـ مۈلكى ماھىيەتتە فېئودال خاراكتېرىنى

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئاز خاراكتېرىنى ئالغان مال ـ مۈلۈك ئىدى. ئۇلار ئىقتىسادىي سانائەت كاپىتالىزمغا ماسلاشقان بولۇپ، ئۇلار بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىردەك ئىدى. بەزى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر قوشۇمچە سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەمدە سودىگەرلەر يېڭى ئاقسۆڭەكلەر قوشۇنىغا قوشۇلۇپ تۇرغانلىقتىن، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيە ئارىسىدا تەبىئىي ھالدا ئىتتىپاقلىق شەكىللەندى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەردىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى تۆۋەن پالاتادا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ جارچىسى بولدى، سوت مەھكىمىلىرىدە زاسېداتېل سالاھىيىتى بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىتتىپاقىدا يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ھامان سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئورۇندا تۇردى.

ئەمما، يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ غەم ـ قايغۇسى بار ئىدى. چۈنكى ئۇلار رىتسارلار سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايتتى. ئەنگلىيەدە ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ رىتسارلار سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ تۈزۈم بويىچە ھەربىر زېمىندارنىڭ يېرى ئۇلارنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلانمايتتى. قانۇنىي جەھەتتە، پادىشاھ ئەڭ ئالىي زېمىندار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى، پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرى پادىشاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، پومېشچىكلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى شەرتلىك ئىدى، يەنى پادىشاھقا مەلۇم فېئوداللىق مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى. ئەڭ دەسلەپتە، ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار فېئوداللىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھقا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتۈشى لازىم ئىدى. 12 ـ ئەسىردىن كېيىن بۇ مەجبۇرىيەت «قالقان ھەققى» بولۇپ ئۆزگەردى، يەنى پومېشچىكلار مەلۇم مىقداردا ئىئانە تاپشۇرۇش ئارقىلىق ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشتىن قۇتۇلدى.

«قالقان ھەققى»دىن باشقا، پومېشچىكلار يەنە ھەرخىل ئالۋان ـ سېلىقلارنى زېمىنىسىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ياردەم ھەققى»مۇ بار بولۇپ، بۇ، پومېشچىكلارنىڭ چوڭ ئوغلى رىتسارلىق ئۇنۋانى ئالغاندا، چوڭ قىزى ياتلىق بولغاندا تاپشۇرىدىغان ھەم پادىشاھ ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇل ئىدى. بۇنىڭدىن قالسا مىراس بېجىمۇ بار بولۇپ، بۇ، پومېشچىكلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەر ـ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغاندا تۆلەيدىغان باج ئىدى، بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ رىتسارلار بېجى دېيىلەتتى. ئەمما، پومېشچىكلارنىڭ قوبۇل قىلالمايدىغىنى شۇكى، رىتسارلار سۆيۈرغاللىق تۈزۈمى بويىچە پومېشچىكلار ئۆلۈپ كېتىپ پەرزەنتلىرى چوڭ بولغۇچە پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى پادىشاھ ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇراتتى. باشقۇرۇش جەريانىدا، پادىشاھ ھەتتا پومېشچىكلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشاتتى، ئەگەر پومېشچىكلارنىڭ پەرزەنتلىرى پادىشاھنىڭ پەرمانىغا كۆنمىسە، خېلى كۆپ مىقداردا «نىكاھ ھەققى» تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. پومېشچىكلارنىڭ پەرزەنتلىرى چوڭ بولۇپ يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغاندا، چوقۇم پادىشاھقا ئالاھىدە ئىئانە تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، پادىشاھ ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار يەرلەرنى باشقۇرۇش جەريانىدا پومېشچىكلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى خالىغانچە قاقتى ـ سوقتى قىلىۋالاتتى. 16 ــ 17 ـ ئەسىرلەردە پادىشاھ ئەڭ ئالىي زېمىندار بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پومېشچىكلارنىڭ يەر چېتىلىشىغا ئارىلاشتى ھەم يەر چېتىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، پومېشچىكلارنىڭ يەر چېتىلىشىغا قويۇلغان جەرىمانىدىن كىرگەن كىرىم پادىشاھ كىرىمىنىڭ بىر ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالدى.

ئومۇمەن، 17 ـ ئەسىردە فېئوداللىق رىتسارلار سۆيۈرغاللىق تۈزۈمى بىلەن كۆپ ساندىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا

كەسكىن زىددىيەت شەكىللەندى. يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىقى ئىقتىسادىي جەھەتتە فېئوداللىزمچە ئەمەس، بۇرژۇئازىيەچە ئىدى، ئەمما قانۇنىي جەھەتتە، ئۇلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى پادىشاھنىڭ ئىزچىل چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ناھايىتى پايدىسىز ئىدى، شۇڭا ئۇلار رىتسارلار سۆيۈرغاللىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى كەسكىن تەلەپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق مال - مۈلكىنى شەرتسىز ھالدا بۇرژۇئازىيەچە خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلاندۇرماقچى بولدى.

يەر چېتلاش ھەرىكىتىگە قاتناشمىغان فېئودال ئاقسۆڭەكلەر يەنىلا كونىچە فېئودال ئىگىلىكنى باشقۇرۇپ، دېھقانلاردىن فېئوداللىق يەر ئىجارىسى شۇلۇۋېلىش ھېسابىغا جان باقتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەمەلدار ياكى دۆلەت دىنى روھانىيلىرى ئىدى. «باھا ئىنقىلابى» نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ يەر ئىجارىسىدىن كىرىدىغان مۇقىم كىرىمى ئازىيىپ كېتىپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ، قەرزى كۆپىيىپ، نۇرغۇنلىرى يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ گەرچە ئىقتىسادىي ئورنى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ھۆكۈمران سىنىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى فېئوداللىق ھاكىممۇتلەق تۈزۈم بىلەن زىچ باغلانغانىدى. شۇڭا ئۇلار دۆلەت دىنى روھانىيلىرىغا ئوخشاش ئەڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھ ئىدى.

بۇرژۇئازىيە سىنىپى دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرى ۋە شەھەرلەردىكى سودا - سانائەت بۇرژۇئازلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەركىن دېھقانلاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇپ، ئىشچى ياللاپ ئىشلىتەتتى. 16 - ئەسىردىكى «باھا ئىنقىلابى» ئۇلارنى بېيىتتى. شۇڭا ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇردى. قول سانائەت

ئىشخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كۈچىنى ئېشىمۇ ئاشۇردى. ئەمما، شەھەر بۇرژۇئازىيەسى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى چوڭ سودىگەرلەر، كاتتا پۇلدارلار ئىدى. كاتتا پۇلدارلار خېلى بۇرۇنلا ئوردا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دۆلەتكە قەرز بېرىدىغان جازانىخورلارغا ئايلانغانىدى، چوڭ سودىگەرلەرمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى سودىنى مونوپول قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى، يەنى ھۆكۈمەتتىن ئىجازەت ئالغان شىركەتلەرلا بەلگىلەنگەن رايوندا يالغۇز سودا قىلدى، باشقا سودىگەرلەرنىڭ قول تىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى، بۇنىڭ بىلەن يالغۇز سودا قىلغان شىركەتلەرنىڭ كاتتىباشلىرى راسا بېيىدى. بۇنداق سودىگەرلەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئارانلا 200 ئەتراپىدا ئىدى. يالغۇز سودا قىلىدىغان چوڭ شىركەتلەر مال باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرەتتى، بۇ، مۇشۇ شىركەتلەر ئارقىلىق چەت ئەللەردىن خام ئەشيا سېتىۋالىدىغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى زور زىيانغا ئۇچراتتى. شۇڭا، ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەر ۋە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بۇ تۈزۈمگە قارشى چىقتى.

يېزىلاردا رويخەتلىك دېھقانلار يەنىلا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى، ئۇلار ئېغىر فېئودallıq مەجبۇرىيەتلەرنى زىممىسىگە ئالغاچقا، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى، ئۆز قولىدىكى يەرنىڭ ھەقىقىي ئۆز مۈلكىگە ئايلىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. يەر چېتىلاش ھەرىكىتىدە يېرىدىن ئايرىلغان دېھقان سەرگەردانلار تۇرمۇشتا قىينىلىپ ھەممىلا يەردە تىلەمچىلىك قىلىپ ئېيتقۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇلار قولىدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ھەم بۇ يەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەيدىغان دېھقان ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئانچە

ياخشى ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن بولۇپ، ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشى ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە يەتمەيتتى. 1540 ـ يىلدىن 1640 ـ يىلغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە، بۇغداينىڭ باھاسى ئۈچ ھەسسە ئۆرلىگەن بولسىمۇ، دېھقان ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئاران ئىككى ھەسسە ئۆسكەندى.

قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلارمۇ ئىنتايىن نامرات بولۇپ، ئىش ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدىيالمايتتى. قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ھۈنەرۋەنلەر ۋە شاگىرتلار ئۇستىلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ئاستىدا يېرىم ئاچ يېرىم توق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شەھەردىكى ئەمگەكچى خەلقمۇ مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي بېسىمى ئاستىدا، ھېچقانداق ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمايتتى، ئۇلاردا سايلام ھوقۇقى يوق بولۇپ، ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلاتتى.

رەھىمسىز ئېكسپلاتاتسىيە ۋە پومېشچىكلارنىڭ يەر چىتلاش ھەرىكىتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنچىل قارشىلىقىنى قوزغىدى. دېھقانلارنىڭ فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسىگە قارشى كۈرەشلىرى، يەر چىتلاشقا قارشى كۈرەشلىرى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. شەھەر ئەمگەكچىلىرىنىڭ بايلارغا، مۇستەبىت ھۆكۈمەت باجگىرلىرىغا، يەرلىك سوتچىلارغا قارشى كۈرەشلىرى توختىماي يۈز بېرىپ تۇردى.

17 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، بۇ كۈرەشلەر تېخىمۇ زورايدى. 1607 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېھقانلار داغدۇغىلىق ھالدا يەر چىتلاشقا قارشى كۈرەش قوزغىدى، نەچچە مىڭ دېھقان ئۆزلىرىنى «باراۋەرچىلەر» دەپ ئاتاپ، قولىرىغا ئورغاق، كالتەك، ئارا قاتارلىقلارنى ئېلىپ، چىت ـ قاشالارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئېرىقلارنى تىندۇرۇپ، يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇلار «باتۇرلۇق بىلەن ئۆلۈشكە رازىمىزكى، نامراتلىق ئىچىدە ئۆلۈشنى خالىمايمىز» دەپ

قەسەمياد قىلدى. ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ئۆلارغا يېمەكلىك، قورال ـ سايمان يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۆلارنى قوللىدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، دېھقانلار ھەرىكىتى يەنە قوزغىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە كېڭەيدى. 30 ـ يىللاردا يەر چىتلاشقا قارشى ھەرىكەت شەرقىي قىسمىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ئەۋجىگە چىقتى، ھەرىكەت قوزغىغان دېھقانلار ئۆزلىرىنى «سازلىقچىلار» دەپ ئاتاپ، سازلىقلارنى چىتلىۋالغان پومېشچىكلارغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىقتى.

شەھەرلەردىمۇ قارشىلىق كۆرەشلىرى كۆچەيدى. 1617 ـ يىلى لوندوندا قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى شاگىرتلارنىڭ ھەرىكىتى پارتلىدى، 1622 ـ يىلى گىروست ۋىلايىتىدە ئىشسىز قالغان ئىشچىلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، ئىشسىزلار توپ ـ توپ بولۇپ بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، يېمەكلىكلەرنى بۇلىدى. 1639 — 1640 ـ يىللىرى لوندوندا يەنە ئىشسىزلار ۋە نامراتلارنىڭ نامايىشلىرى بولدى.

## 4. بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە پورىتانلار ھەرىكىتى

غەربىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش، ئەنگلىيەمۇ بۇرۇندىنلا كاتولىك دىنى دۆلىتى بولۇپ، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دىنىي ئىسلاھات قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى پادىشاھ ھېنرى Ⅷ نىڭ قولىدا تاماملاندى. بۇ قېتىمقى دىنىي ئىسلاھاتتا ھېنرى Ⅷ ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتى بىلەن رىم پاپاسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، 1534 ـ يىلى ئۆزىنى ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى دەپ جاكارلىدى ھەمدە 700 نەچچە كاتولىك چېركاۋىنى تاقاپ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدى، ئىسلاھاتتىن كېيىنكى دىنىي جەمئىيەت ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتى (دۆلەت دىنى جەمئىيىتى) دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ دىنىي

ئەقىدىلىرى، تەشكىلى ۋە مۇراسىملىرى ئەسلىدىكى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمى ۋە ھەر دەرىجىلىك دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ يەر - مۈلكى يەنىلا ساقلاپ قېلىنغانىدى. كاتولىك دىنى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقى رىم پاپاسىنىڭ قولىدىن ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. ئېلىزابېت دەۋرىدە، ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى، بەزى تەرەپلەردە چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى پىروتېستانت دىنىغا يېقىنلاشتى، ئەمما كاتولىك دىنىنىڭ ئىزنالىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى.

كۆنسېرى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەنگلىيە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلىرى ئەنگلىيە دۆلەت دىنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، دۆلەت دىنىي جەمئىيىتى پادىشاھنىڭ قولىدىكى قورال بولۇپ، مۇستەبىت تۈزۈمنى مۇستەھكەملەيدىغان ۋاستە ئىدى. ئىككىنچىدىن، دۆلەت دىنىي جەمئىيىتىنىڭ روھانىيلىرى ھەشەمەتخور، ئىسراپخور، ئىشرەتپەرەس بولۇپ، مۇخلىسلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى، بۇ، تېجەشلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەبلەغ جۇغلاش ۋە سودا - سانائەتنى كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىگە روشەن تەسىر كۆرسەتتى. ئۈچىنچىدىن، دۆلەت دىنىي جەمئىيىتى كاتولىك دىنىنىڭ پەرھىز تۇتۇش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى. بۇ، كۈنبويى ئالدىراش يۈرىدىغان بۇرژۇئازلارغا نىسبەتەن ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق ئىدى. دۆلەت دىنىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلىرى كالۋىن دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى كۈرەش قورالى قىلدى. بۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچىدىن، كالۋىن دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ دىتىغا تازا ياقاتتى. كالۋىن

دىنىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى تەقدىرچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا: بىر بۆلەك كىشىلەر خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولغان، ئۇلارنىڭ «پېشانىسىگە قۇتقۇزۇلۇش» پۈتۈلگەن، يەنە بىر بۆلەك كىشىلەرنىڭ پېشانىسىگە مەڭگۈلۈك دوزاخ ئازابىنى تارتىش پۈتۈلگەن. خۇدانىڭ تاللىشىغا نائىل بولغانلار ھېچقانداق ساۋاب ئىش قىلمىسىمۇ «قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ»، يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر ھەرقانچە كۆپ ساۋاب ئىش قىلسىمۇ «قۇتقۇزۇلمايدۇ»، چۈنكى بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشنى خۇدا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، بۇنى ئۆزگەرتىشكە ئىنساننىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، كىشىلەر مەيلى قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسۇن چوقۇم ئۆز كەسپىدە نەتىجە يارىتىپ، ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. ناۋادا بىر ئوقەتچى تىجارىتىنى قانچە روناق تاپقۇزسا، خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە شۇنچە ئاسان نائىل بولىدۇ... دەپ قارىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلگەن كاپىتالىستلار خۇدانىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرى «بۇ دۇنيالىق بۇرچ» دەپ قارىغان سودا پائالىيەتلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈردى. ئىككىنچىدىن، كالۋىن دىنى يەنە «مەبۇدقا چوقۇنۇش»تىن كېلىپ چىققان ھەشەمەتلىك مۇراسىملارنى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان سېلىقلىرىنى، بىمەنە خاتىرە كۈنلىرىنى بىكار قىلغاندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا پايدىلىق ئىدى. ئۈچىنچىدىن، كالۋىن دىنىنىڭ تەشكىلى بىرقەدەر دېموكراتىك ئىدى، بۇ، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەتتى.

ئەنگلىيە كالۋىن دىنى يەنە پۇرىتان دىنى (تازىلانغان دىن)دەپمۇ ئاتالغاندى. سەۋەبى كالۋىن دىنى مۇرىتلىرى دىنىي جەمئىيەتتىكى كاتولىك دىنى قالدۇقلىرىنى تازىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندى. دىن تازىلاش ئەڭ دەسلەپتە 16 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ

www.uyghurkitap.com

يىللىرىدا پەيدا بولغان بولۇپ، دەسلەپدىلا جەڭگىۋار قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۆلەت دىنى جەمئىيىتى روھانىيلىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتتە «بۇزۇلغانلىقىنى»، تۇرمۇشتا «چىرىكلەشكەنلىكىنى» قاتتىق تەنقىد قىلىپ، تۇرمۇشتا «دۇرۇس» ھەم «تىرىشچان» بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ، ئىپتىدائىي جۇغلانما دەۋرىدىكى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تۇرمۇش شەكلى بولۇپ، بۇنداق قىلمىسا، بۇرژۇئازىيە سىنىپى بېيىيالمايتتى. پۇرىتانلار كاتولىك چېركاۋلىرىدىكى مۇقەددەس بۇت، نەزىر - چىراغ سۇپىسى قاتارلىق ھەشەم جابدۇقلىرىنى ئېلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، يەنە دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندا تىلاۋەتنامە ئىشلىتىش، خىرىستوسنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا تەزىم قىلىش، چوقۇندۇرۇلغۇچىلارغا كىرىست بىلەن بەخت تىلەش، گوسپېلنى ئوقۇغاندا ئورنىدىن تۇرۇش قاتارلىقلارغىمۇ قارشى تۇراتتى. دۆلەت دىنى جەمئىيىتى بۇ ئادەتلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قالغاچقا، پۇرىتانلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئىبادەت قىلىدىغان بولدى. ماھىيەتتە، پۇرىتانلارنىڭ «ئاددىيلاشتۇرۇش» ۋە «ساپلاشتۇرۇش» تەلىپىنىڭ كەينىگە پايدىغا ئىنتىلىش ۋە كاپىتال جۇغلاش ئارزۇسى يوشۇرۇنغانىدى. پۇرىتانلار ھەمىشە ئۇزۇن قارا تون كىيىپ، ئاددىي ياسىنىپ يۈرگەچكە، ئېسىل ياسىنىۋالغان فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ روھانىيلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولاتتى. ئۇلار كۈلكە - چاقچاق قىلمايتتى، ئۇسسۇل ئويناش، ساز چېلىش، ئويۇن - تاماشا قىلىشنى ئالۋاستىلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ۋە گۇناھنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى.

17 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيە ئاھالىلىرى ئىچىدە پۇرىتانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئەنگلىيە دۆلەت دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. يەنە كېلىپ، ئەنگلىيەنىڭ غەربىي شىمالىدا يەنە نۇرغۇن كاتولىك

دىنى مۇرىتلىرى بار ئىدى. ئەمما، پورىتان دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى كۇنسېرى باش كۆتۈرۈۋاتقان كاپىتالىزم ئىدېئولوگىيەسىنى ئەڭ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، پورىتانلار يېڭىچە بۇرژۇئازىيەچە ئەخلاق ۋە يېڭىچە دىنىي، سىياسىي تۈزۈلمىنى تەشۋىق قىلدى، ئۇلار فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشتى.

بىراق، پورىتانلارنىڭ تەشكىلى بىردەك ئەمەس ئىدى، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا ئۇلار مۆتىۋەرلەر مەزھىپى ۋە مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئەڭ باي گۇرۇھ، يەنى چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر كالۋىن دىنى جەمئىيىتىنىڭ شەكلى بويىچە دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى كەسكىن تەشەببۇس قىلاتتى، ئۇلار «مۆتىۋەرلەر مەزھىپى» دەپ ئاتالغانىدى. ئۇلار ئاقساقاللارنىڭ (چوڭ ياشلىقلار) دىنىي جەمئىيەتتە ئاساسلىق رول ئوينىشىنى، يەرلىك دىنىي جەمئىيەت كېڭىشى ۋە مەركىزىي دىنىي جەمئىيەت كېڭىشىنىڭ ئاقساقاللاردىن تەشكىللىنىشىنى، ئاقساقاللارنىڭ كاتولىك دىنىنىڭ ئېپىسكوپى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، مۇرىتلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىشىنى، دىنىي جەمئىيەت ئىنتىزامىنى بۇزغانلارنى قاتتىق جازالىشىنى تەلەپ قىلاتتى، شۇنداقلا ئاقساقاللار دىنىي جەمئىيەتتە رەھبەرلىك ئورۇندا تۇرۇپ قالماي، يەنە دۆلەت ھاكىمىيىتىدىمۇ رەھبەرلىك ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى بولسا ھەربىر دىنىي تەشكىلاتنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇشىدىن مۇستەسنا ھالدا مۇستەقىل تۇرۇشىنى، مۇرىتلارنىڭ رىم پاپاسى ۋە پادىشاھقىمۇ، ئاقساقاللار ۋە دىنىي جەمئىيەت كېڭەشلىرىگىمۇ بويسۇنماسلىقىنى تەشەببۇس قىلاتتى.

ئۇلار ھەربىر مۇرىتنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش ھوقۇقى (ئەلۋەتتە كالۋىن دىنى ئەقىدىلىرى ئاساسىدا) بولۇشى كېرەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئىنجىل»غا بولغان چۈشەنچىسى بويىچە ئەركىن ھالدا «تەپسىر قىلسا» ۋە «ۋەز ئېيتسا» بولىدۇ، دەپ قارايتتى. مۆتىۋەرلەر مەزھىپىگە ئوخشىمايدىغىنى، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى نۇرغۇن ئۇششاق مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، تەشكىلى تارقاق ئىدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىگە ئوتتۇرا بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر، بىر قىسىم دېھقانلار، شەھەر ئاھالىلىرى كىرەتتى.

## 5. ئەنگلىيە مۇستەبىت تۈزۈمى ۋە ستۇئارت خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىنىشى

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا ئەنگلىيەدە مۇستەبىت تۈزۈم شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى، بۇ تۈزۈم بويىچە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چەكسىز بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك دىكتاتۇرا ئورگانلىرىغا تايىنىپ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئېزەتتى، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەنى قوغدايتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم دىكتاتۇرا ئورگىنى ــ مەركىزىي كېڭەش (باش ۋەزىر پادىشاھنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، پادىشاھنىڭ دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ياردەملىشەتتى)، دۆلەت سوتى (مەخسۇس ئىسيانكار ئاقسۆڭەكلەرنى باستۇرۇشقا مەسئۇل ئورگان)، ئالىي سوت (دەسلەپتە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى باستۇرۇش ئورگىنى بولغان، كېيىن پۇرىتانلارنى باستۇرۇش ئورگىنى بولغان)، پادىشاھ كېسىمخانىسى (قەدىمىي ئەدلىيە ئورگىنى)، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ مەنىۋى ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى بولغان دۆلەت دىنى جەمئىيىتى ئىدى. پادىشاھ سىياسىي جەھەتتىلا ئەڭ ئالىي

ھۆكۈمران بولۇپ قالماي، يەنە بارلىق يەر ـ زېمىننىڭ ئىگىسى ئىدى. پادىشاھقا قاراشلىق قورۇق، ئورمانلىق ۋە شىكارگاھلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغانىدى. پادىشاھقا قاراشلىق يەرلەردىن كىرگەن كىرىم 1617 ـ يىلى 80 مىڭ فوند بولغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا قاراشلىق يەرنىڭ كۆلىمىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما، ئەنگلىيەدە مۇستەبىتلىك فىرانسىيەدىكىدەك كۈچىيىپ كەتمىگەنىدى. بىرىنچىدىن، غايەت زور بيۇروكرات سىستېما شەكىللەنمىگەن، يەرلىكتە يەنە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرلارنى پادىشاھ تەيىنلىمەي، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تاللاپ چىقاتتى. ئىككىنچىدىن، پادىشاھنىڭ دائىملىق ئارمىيەسى يوق بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندىلا خەلق ئەسكەرلىرىنى ۋاقىتلىق يىغاتتى. ئۈچىنچىدىن، ئەنگلىيەدە پارلامېنت بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش رولىنى ئويناپتتى. فىرانسىيەدە بولسا، تەبىقىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگان ـــ «ئۈچ تەبىقە كېڭىشى» ئاللىقاچان ئىشتىن قالغانىدى. ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ مۇقىم مالىيە كىرىمى يوق بولۇپ، ئادەتتە پادىشاھ ۋە ئوردىدىكىلەر پادىشاھ يېرىنىڭ ئىجارىسى ۋە رىتسارلار بېجىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. ئەگەر ئالاھىدە راسخوت ئېھتىياجى بولسا ياكى ئۇرۇش بولۇپ قالسا، پادىشاھ پارلامېنت يىغىنى ئېچىپ، پارلامېنتنىڭ بۇقرالاردىن ۋاقىتلىق باج ـ سېلىق يىغىشقا قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ دەل پارلامېنتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەنگلىيەدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى سەۋەب ئىدى.

ئەنگلىيە پارلامېنتى يۇقىرى، تۆۋەن ئىككى پالاتاغا بۆلۈنگەنىدى. يۇقىرى پالاتا ئەزالىرى پادىشاھ تەيىنلىگەن چوڭ ئاقسۆڭەكلەر، ئالىي روھانىيلار ۋە بايلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. يۇقىرى پالاتانىڭ تۆۋەن پالاتا ماقۇللىغان قانۇنلارنى ئىنكار

www.uyghurkitap.com

قىلىش هوقۇقى بولۇپ، تۆۋەن پالاتا ماقۇللىغان تۈزلىرىگە پايدىسىز قانۇنلارنى رەت قىلالاتتى. ئەمما، يېڭى باج - سېلىق يىغىشنى تەستىقلاش هوقۇقى تۆۋەن پالاتاغا تەۋە بولۇپ، ئەگەر تۆۋەن پالاتا ماقۇل بولمىسا، پادىشاھنىڭ يېڭى باج - سېلىق يىغىش هوقۇقى بولمايتتى. تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئەزالار سايلىمى يەتتە يىلدا بىر قېتىم ھەرقايسى ئوبلاست ۋە بەزى شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلەتتى. ھەرقايسى ئوبلاستلاردىكى يېزا مۆتىۋەرلىرى ۋە يىللىق كىرىمى 40 شىللىڭغا يېتىدىغان ئەركىن دېھقانلارنىڭلا سايلىنىش هوقۇقى بولاتتى. يېزا مۆتىۋەرلىرىنىڭ يەرلىكتە تەسىرى ناھايىتى زور بولغاچقا، يەرلىكتىن سايلىنىپ پارلامېنتقا كىرىدىغانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يېزا مۆتىۋەرلىرى بولاتتى. شەھەرلەردىكى سايلام جايلاردا ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بەزى شەھەرلەرنىڭ بۇرۇندىنلا سايلام هوقۇقى بار ئىدى، بەزى شەھەرلەر سايلام هوقۇقىنى پۇل خەجلەپ پادىشاھتىن سېتىۋالاتتى، بەزى شەھەرلەرنىڭ بولسا زادىلا سايلام هوقۇقى يوق ئىدى. كۆپىنچە شەھەرلەردىكى سايلامنى چوڭ سودىگەرلەر، چوڭ بايلار كونترول قىلغاچقا، سايلىنىدىغانلارمۇ شۇلار ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە پارلامېنتى دېموكراتىك ئۇسۇلدا تەشكىللەنمىگەنىدى، ئەمما، ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ هوقۇقىنى چەكلەش رولى ئىدى.

ئەنگلىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ تەرەققىي قىلدى: 1 - باسقۇچ 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 16 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، ئاساسەن تۇدور خاندانلىقى هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. 2 - باسقۇچ 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 17 - ئەسىردىكى ئىنقىلاب پارتلىغانغىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، ئاساسەن ستيۇئارت خاندانلىقى هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. 1 - باسقۇچتا، مۇستەبىتلىك كاپىتالىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى، بولۇپمۇ كاپىتالنىڭ

ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىنى قوغداش رولىنى ئوينىغاچقا، يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، 2 ـ باسقۇچقا كەلگەندە ئەھۋال ئوخشىماي قالدى، سەۋەبى: بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ، بولۇپمۇ يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بايلىقى كۈنسېرى ئېشىپ، ئىقتىسادىي كۈچى زورايدى، شۇڭا ئۇلار مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ خالىغانچە باشقۇرۇشىغا كۆنمەي، قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى (ئاساسەن پارلامېنت ئارقىلىق)، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، كاپىتالىزمنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇستەبىت پادىشاھلىق ھاكىمىيەت ھامان فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دىكتاتورىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بولۇپ، پادىشاھ فېئودال كۈچلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەكىلى ۋە نامايەندىسى ئىدى، ئۇ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ، ئۆزىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى. شۇڭا، ئۇ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشقا باشلىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن مۇستەبىت ھۆكۈمەت بىلەن بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ كۈرەش ئەنگلىيەدە ستيۇئارت خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن باشلاندى.

1603 ـ يىلى، تيۇدور خانىدانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى — ئايال پادىشاھ ئېلىزابىت ئۆلدى، ئۇنىڭ پەرزەنتى بولمىغانلىقتىن، ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، شوتلاندىيە پادىشاھى جامېس تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، جامېس I دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنگلىيەدە ستيۇئارت خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. جامېس I گەرچە ئەنگلىيە ۋە شوتلاندىيەنىڭ پادىشاھى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەتنى بىرلەشتۈرمىدى. جامېس I «پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى خۇدا

بەرگەن» دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ: «پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى خۇدا بەرگەن، خۇدا پادىشاھنى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىگە ئەۋەتكەن، شۇڭا پادىشاھنىڭ مەرتىۋىسى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقى، پۇقرالار ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشى شەرت، پادىشاھ پەقەت خۇدانىڭلا ئەمرىنى تۇتىدۇ، قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، بۇ، تولىمۇ تەبىئىي ئىش، پادىشاھ قانۇننىڭ تۈزگۈچىسى، ۋاھالەنكى قانۇن پادىشاھنى يارىتالمايدۇ، شۇڭا پادىشاھ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن پەقەت خۇدا ئالدىدىلا جاۋابكار، خەلق پادىشاھنىڭ پەرمانىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك. مۇبادا پۇقرالار پادىشاھ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتتى دەپ قارىسا، خۇدادىن پادىشاھنى توغرا يولغا يېتەكلەشنى ئىلتىجا قىلىشى كېرەك، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنىمۇ پادىشاھ بەرگەن، پارلامېنتنىڭ بۇرچى پەقەت پادىشاھقا ئۆز ئارزۇسىنى يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ قىلمىشىنى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇقى يوق، خۇدا توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىش ... خۇداغا شەك كەلتۈرگەنلىك، پادىشاھ توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىش... ئىسيانكارلىق، مەن ھېچكىمنىڭ ھاكىمىيىتىم توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىغا يول قويمايمەن» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جامېس I مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە ھەدەپ ئەكسىيەتچى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى. ئۇ پورىتانلارغا ئەسەبىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى، 1604 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق كېڭەشتە، پورىتانلارنى قوغلاپ چىقىرىمەن دەپ ئاشكارا جاكارلىدى. شۇ يىلى ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ دۆلەت دىنى جەمئىيىتىدىن باشقا ھەرقانداق دىنىي مەزھەپ ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى شەرتسىز چەكلىدى، نەتىجىدە، نۇرغۇن پورىتانلار ئەنگلىيەدە تۇرالماي گوللاندىيە ياكى شىمالىي ئامېرىكىغا قېچىپ كەتتى.

ئۇ دىنىي زىيانكەشلىكتىن باشقا يەنە ھەدەپ خەلقنى

www.uyghurkitap.com

شۇلۇدى. ئۇنىڭ ئوردىدىكى تۇرمۇشى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك، چىرىك ئىدى. شۇڭا ئۇ پات ـ پات پارلامېنت يىغىنى ئېچىپ، پارلامېنتتىن يېڭى باج ـ سېلىق يىغىشقا قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلاتتى. 1614 ـ يىلى پارلامېنت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە يىلغىچە پارلامېنت يىغىنى ئېچىلمىدى. بۇ مەزگىلدە، جامېس I بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. 1618 ـ يىلى، دۆلەت مونوپول قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، پەقەت ھۆكۈمەتتىن مونوپول ئىجازەتنامىسى سېتىۋالغان شىركەتلەرلا بەزى تاۋارلارنى سېتىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلىدى. بۇ تاۋارلار سوپۇن، ئۆسۈملۈك مېيى، كۆمۈر، تۇز، قەغەز، كۆن ـ خۇرۇم، ئەينەك قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مونوپول سودىگەرلەر بۇ تاۋارلارنى ئەسلىي باھاسىدىن ئۈچ ھەسسە قىممەت باھادا ساتاتتى. پەرەز قىلىنىشىچە، شۇ مەزگىلدە پادىشاھ مونوپول ئىجازەتنامىسىنى سېتىش ئارقىلىق ھەر يىلى 70 ~ 80 مىڭ فوند كىرىم قىلغان.

ئەمما، جامېس I مۇشۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، يەنە تۆۋەن باھادا كۇندىلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى، ئوردىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىلىرى بازاردا دېھقانلار، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ماللىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، ئارقىدىنلا باھاسىنى ئۈچ ھەسسە ئۆرلىتىپ ساتتى. ئۇ يەنە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان چارىنى ئويلاپ چىقىپ، ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنى پۇلغا ساتتى، جۈملىدىن بارونلۇق مەرتىۋىسىنى 1000 فوندقا، ۋىكوندلىق مەرتىۋىسىنى 10 مىڭ فوندقا، گىرافلىق مەرتىۋىسىنى 20 مىڭ فوندقا ساتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ھەرقايسى ئوبلاست باشلىقلىرىغا پۇقرالاردىن مەجبۇرىي پۇل قەرز ئالغۇزدى.

جامېس I نىڭ بۇنداق تاپتىن چىققان شۇلۇۋېلىش

سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ مونوپول قىلىش تۈزۈمى ۋە تۆۋەن باھادا كۆندىلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش تۈزۈمى كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.

دۆلەت ئىچىدە تەتۈر سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى، يەنە كېلىپ تاشقى سىياسەتنىڭ ناباب بولۇشى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. شۇ چاغدا ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سودا ۋە مۇستەملىكە ئىشلىرىدىكى كۈچلۈك رەقىبى ئىسپانىيە ئىدى، شۇڭا ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئەنگلىيە مۇستەبىت ھۆكۈمەتتىن ئىسپانىيەنىڭ دېڭىزدىكى كۈچىگە زەربە بېرىدىغان سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، جامېس I ئىسپانىيەگە قارىتا دوستانە سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسپانىيە بىلەن بىرلەشسە، ئۆزىنىڭ ئەنگلىيەدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولاتتى. ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

## 6. مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ كرىزىسى ۋە ئىنقىلابنىڭ پىشىپ يېتىلىشى

1625 ـ يىلى جامېس I ئۆلۈپ، شاھزادە چارلېس تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ چارلېس I دەپ ئاتالدى. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش «پادىشاھ ھوقۇقىنى خۇدا بەرگەن» دېگەن قاراشقا ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇ كاجلىق بىلەن ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلدى.

ئۇ شۇلۇۋېلىش سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزدى. ئۇ ئوبلاست باشلىقلىرى ئارقىلىق بايلاردىن مەجبۇرىي پۇل قەرز ئالماقچى بولغاندا رەت قىلىشقا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەرز بېرىشنى

رەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى. مەجبۇرىي قەرز ئېلىش سىياسىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چارلېس I 1628 ـ يىلى پارلامېنت يىغىنى ئېچىپ، پارلامېنتنىڭ يېڭى باج يىغىشنى ماقۇللىشىنى ئۈمىد قىلدى. بۇ قېتىملىق پارلامېنت يېڭى بۇرژۇئاز ئاقسۆڭەكلەرنىڭ داھىيسى جون ئېلىئو ۋە جون پىمنىڭ رەھبەرلىكىدە پادىشاھقا «ھوقۇق مۇراجىئەتنامىسى» سۇنۇپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. مۇراجىئەتنامىدە مۇنداق تۆت تۈرلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى: بىرىنچى، پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ خەلقتىن قەرز ئېلىشقا ۋە باج ـ سېلىق يىغىشقا بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، سوتنىڭ ھۆكۈمىگە ۋە دۆلەت قانۇنىغا ئاساسلانماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئادەمنى قولغا ئېلىشقا ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشقا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇرۇش مەزگىلى قانۇنىغا ئاساسلىنىپ ئادەم تۇتۇشقا بولمايدۇ. تۆتىنچى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ؛ پارلامېنت 350 مىڭ فوند ئاجرىتىپ بۇنى پادىشاھنىڭ مۇراجىئەتنامىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ شەرتى قىلدى. چارلېس I ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن مۇراجىئەتنامىدىكى تەلەپلەرنى تەستە قوبۇل قىلدى.

ئەمما، بۇلار پادىشاھ بىلەن پارلامېنت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى پەسەيتەلمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھنىڭ تونىنا بېجى ۋە قاداق بېجى يىغىشى ئۈستىدە ماجىرا تۇغۇلدى. تونىنا بېجى ئىمپورت قىلىنغان هاراق تۇرلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئىمپورت بېجى، قاداق بېجى بولسا ئېكسپورت قىلىنىدىغان قوي يۇڭى قاتارلىق ماللاردىن ئېلىنىدىغان ئېكسپورت بېجى ئىدى. ئىلگىرى، ھەربىر يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا، پارلامېنت ئادەت بويىچە پادىشاھنىڭ بۇ ئىككى باجنى ئۆمۈر بويى ئېلىشقا ھوقۇق بېرەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم چارلېس I تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پارلامېنت ئۇنىڭ بۇ ئىككى خىل باجنى

پەقەت بىر يىل ئېلىشغا قوشۇلدى، ھالبۇكى، پادىشاھ باجنى ئۆمۈر بويى ئېلىشتا چىڭ تۇردى. ئەنگلىيەنىڭ يىللىق ئىمپورت – ئېكسپورت مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل باجدىن كىرگەن كىرىم پادىشاھ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيتتى. شۇڭا، چارلېس I پارلامېنتنىڭ قارارىغا پىسەنت قىلماي، يىلمۇيىل ئەمەلدار ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى خىل باجنى يىغدى.

1629 – يىلى، پارلامېنت پادىشاھنىڭ مەجبۇرىي باج يىغىشىغا قارىتا، تونىنا بېجى ۋە قاداق بېجى تاپشۇرغان سودىگەرلەرنى «ئەركىنلىكنىڭ خائىنى» دەپ جاكارلىدى. چارلېس I دەرغەزەپكە كېلىپ، پەرمان چۈشۈرۈپ پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 11 يىل ئىچىدە ئەنگلىيەدە پارلامېنت بولمىدى، چارلېس I مۇ بۇ 11 يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتى ۋە شۇلۇۋېلىش سىياسىتىنى تەپ تارتماستىن يۈرگۈزۈۋەردى.

ئارخېئېپىسكوپ لورد چارلېس I نىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن دىنىي ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مۇستەقىلچىلەر مەزھەپپىدىكىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى مۆتىۋەرلەر مەزھەپپىدىكىلەرگىمۇ زىيانكەشلىك قىلدى. دۆلەت سوتى ۋە ئالىي سوت پورىتانلارنى توختىماي قولغا ئېلىپ قىيناپ سوراق قىلدى. 1630 – يىلى شوتلاندىيەلىك رىدتون ئۆز ئەسىرىدە ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ، 10 مىڭ فوند جەرىمانە تۆلەپ، قاتتىق دۇمبالىنىپ، قۇلىقى كېسىپ تاشلىنىپ، ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 1639 – يىلى، مۆتىۋەرلەر مەزھەپپىدىكىلەردىن پىرىنى قاتارلىق ئۈچ كىشى «ئارخېئېپىسكوپقا تۆھمەت قىلدى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

بۇ مەزگىلدە، ئەكسىيەتچىل سىياسەت مالىيە جەھەتتە ئالاھىدە

گەۋدىلەندى، چارلىس I تۇننا بىجى ۋە قاداق بېجىنى ئىزچىل ئېلىپلا قالماي، يەنە ھەرخىل نەيرەڭلەرنى قوللىنىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى شۇلۇدى. پادىشاھنىڭ يەرلىرى ئىچىدە كەڭ ئورمانلىقلار بولۇپ، بۇ ئورمانلىقتا يېقىن جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ يەرلىرى دائىم پادىشاھ ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئورمانلىق دائىرىسىگە قوشۇۋېلىناتتى. 1634 - يىلى چارلىس I پادىشاھ ئورمانلىقىنىڭ پاسىلىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە تۇيۇقسىز پەرمان چۈشۈرۈپ، پادىشاھ ئورمانلىقىنىڭ پاسىلىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان ھەرقانداق ئادەم جەرىمانە تۆلەيدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇ قاقتى - سوقتى قىلىش سىياسىتى نۇرغۇن پومېشچىكلارنى جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى، بۇنىڭدىن مۇستەبىت ھۆكۈمەت نەچچە 10 مىڭ فوند كىرىمگە ئېرىشتى. 1630 - 1634 - يىللىرى، پادىشاھ يەنە ئەڭ چوڭ زېمىندار بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يەر چېتىلغانلارغا جەرىمانە قويدى. ئەمەلىيەتتە، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ يەر چېتىلاشنى ھەقىقىي چەكلەش نىيىتى يوق بولۇپ، پەقەت مۇشۇنى باھانە قىلىپ، يەر چېتىلغانلارنى قاقتى - سوقتى قىلماقچى ئىدى. ھۆكۈمەت يەنە كېمە بېجى ئېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇ تەدبىر پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، كەڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەسلىدە نولمان دەۋرىدە، ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلار پات - پات دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى، دېڭىز قاراقچىلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت پۇقرالاردىن كېمە ئېلىپ ئىشلىتەتتى، بۇنداق كېمە ئېلىپ ئىشلىتىش چارىسى كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. ئەمما، چارلىس I 1634 - يىلى ئەنگلىيە دېڭىز بويلىرى ھۇجۇم خەۋپىگە دۇچ كەلدى دېگەننى باناھ قىلىپ، «كېمە بېجى پەرمانى» چۈشۈرۈپ، دېڭىز بويىدىكى ئوبلاستلاردىن كېمە بېجى يىغدى. 1636 — 1637 - يىللىرى بۇ پەرمان ئىچكىرى ئوبلاستلاردىمۇ يۈرگۈ-

زۇلۇپ، بارلىق ئاھالىلەرنىڭ كىيىمە بېجى تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىندى.

بۇ پەرمان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، مەسىلەن، بوككىڭھام ئوبلاستىدىكى باي جون خامپتون ئۆزىنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كىيىمە بېجى پەقەت 20 شىللىڭ بولسىمۇ، باشلامچىلىق بىلەن بۇ باجنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى.

تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، چارلېس I سودا ـ سانائەتنى مونوپول قىلىش تۈزۈمىنى چەكلىمىسىز يۈرگۈزىۋەردى. 1629 ـ يىلىدىن 1640 ـ يىلىغىچە، ئەنگلىيەدىكى نۇرغۇن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ھوقۇقى ئاز بىر قىسىم چوڭ شىركەتلەرنىڭ قولىدا بولدى، پادىشاھ ئۇلارغا مونوپول ھوقۇقىنى بېرىش ئارقىلىق زور پايدىغا ئېرىشتى. مونوپول قىلىنغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سوپۇن، تۇز، تۆمۈر، كۆمۈر، خىش، ئەينەك، كۆن ـ خۇرۇم، كىراخمال، مىلتىق دورىسى، كاناپ، بوياق، تۇگمە، ھاراق، پىۋا، ماي، يىڭنە، ئىلغۇچ قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مونوپول قىلىش سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىز يۈرگۈزۈلۈشى بارلىق ساھەلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. نورمال سودا ـ سانائەت ئىشلىرى توختاپ قېلىپ، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، ئىشسىزلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشتى. كۆمۈرنىڭ مونوپول قىلىنىشى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىدىغان باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغىمۇ ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، مېتاللچىلىق سانائىتى كۆمۈر باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن چېكىنىپ كەتتى. مونوپول ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەن كارخانىچىلار ئامالسىز ئىش توختىتىپ ئىشچىلارنى ئىشتىن بوشاتتى. بۇ، ئىشسىزلىق ۋە ئاچارچىلىقنى پەيدا قىلدى. بىر قىسىم



www.uyghurkitap.com

بۇرژۇئازلار تىجارەتنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مەبلىغىنى گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. يەنە پورىتان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن بۇرژۇئازلار، ئۇششاق قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە دېھقانلار ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ كەتتى. دۆلەت ئىچىدە قالغان خەلق تۇرمۇش يولىنىڭ تارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن مۇستەبىت ھۆكۈمەت بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى.

## 2 ـ بۆلۈم 1640 ـ يىلىدىن 1649 ـ يىلىغىچە بولغان ئىنقىلاب

### 1. ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى

1637 ـ يىلى شوتلاندىيەدە پادىشاھنىڭ زوراۋان سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن قوزغىلاڭ پارتلىدى. 1639 ـ يىلىغا كەلگەندە شوتلاندىيە قوزغىلاڭچىلىرى ئەنگلىيەنىڭ شىمالىغا بېسىپ كىردى. شوتلاندىيە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، زور مىقداردا ھەربىي راسخوت لازىم بولغاچقا، يېڭى باج ئېلىشقا توغرا كەلدى. شۇڭا، چارلېس I 1640 ـ يىلى 4ـ ئايدا يېڭى پارلامېنت يىغىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، پارلامېنتتىكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى پادىشاھنىڭ زوراۋان سىياسىتىنى قاتتىق سۆكتى. چارلېس I غەزەپكە كېلىپ پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. بۇ قېتىملىق پارلامېنت پەقەت ئۈچ ھەپتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، تارىختا «قىسقا مۇددەتلىك پارلامېنت» دەپ ئاتالدى. پادىشاھنىڭ بۇ ئۆكتەملىكىگە قارىتا بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئامال قىلالماي قالدى، چۈنكى ئۇلار

تەشكىللەنمىگەن، قوراللىق كۈچىمۇ يوق ئىدى. ئەمما، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىستىخىيەلىك ھەرىكىتى پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە كۈچلۈك زەربە بەردى.

پارلامېنتنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. لوندون ۋە ئەتراپتىكى ئىشلەمچىلەر، شاگىرتلار، ماتروسلار، ھامماللاردىن تەركىب تاپقان ئەمگەكچى خەلق ئارقا ـ ئارقىدىن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھنىڭ پارلامېنتنى تارقىتىۋەتكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە پادىشاھنىڭ قولچومىقى ئارخىيېپىسكوپ لوردنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا لوردنىڭ قورۇسىغا بۆسۈپ كىردى. يەنە ئون مىڭچە كىشى يېڭى پارلامېنت تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، شوتلاندىيە قوزغىلاڭچىلىرى يەنە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئىچكى ـ تاشقى بېسىم ئاستىدا، پادىشاھ ئۆزى خالىمىسىمۇ يېڭى پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېڭى پارلامېنت تەشكىللەندى ھەم 13 يىلدىن كۆپرەك مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، بۇ، تارىختا «ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت» دەپ ئاتالدى. يېڭى پارلامېنتنىڭ تەشكىللىنىشى ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى بولدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ كۆپ ساندىكى ئەزالىرى ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. يۇقىرى پالاتانىڭ بارلىق ئەزالىرى (123 دەھرىي ئاقسۆڭەك ۋە 26 روھانىي ئاقسۆڭەك) چوڭ ئاقسۆڭەكلەر بولۇپلا قالماي، يەنە تۆۋەن پالاتانىڭ 500 دىن ئارتۇق ئەزاسى ئارىسىدا 180 دىن ئارتۇق رىتسار، تەخمىنەن 80 ۋىكوند ياكى بارون، يەنە 170 نەچچە مۆتىۋەر بار ئىدى. بۇرژۇئازلار (سودا ـ سانائەتچىلەر)نىڭ بىۋاستە ۋەكىللىرى پەقەت 70 ئەتراپىدا ئىدى، كېيىن تولۇقلاپ سايلاش ئارقىلىق سانى ئازراق كۆپەيدى، تولۇقلاپ سايلاش جەريانىدا، ھەتتا بەزى بېيىغان ئەركىن دېھقانلارمۇ پارلامېنتقا كىردى. پارلامېنتنىڭ

سىياسىي تەركىبى پارلامېنتنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسىنى بەلگىلىدى، كۆپ ساندىكى ئەزالار مۇرەسسە قىلىشقا مايىل بولۇپ، پەقەت پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇشنى ۋە بەزى مۆتىدىل ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، پەقەت پىم باشچىلىقىدىكى ئاز ساندىكى ئەزالارنىڭ پوزىتسىيەسى قەتئىي بولۇپ، ئۇلار ئۈزۈل - كېسىل ئىسلاھات قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

پارلامېنت يىغىنى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، پىم پادىشاھنىڭ ئامراق ۋەزىرى ستىرافورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈرگۈزۈلگەن بىر قاتار زوراۋان سىياسەتلەردە ئاساسلىق جاۋابكارلىقى بار دەپ قاراپ، ئۇنى سوتلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلىنغانلىق ئىدى. ئەمما، بەزى مۇتەئەسسىپ پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ خىلمۇخىل توسقۇنلۇقى ئارقىسىدا، بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىدى. ئامما غەزەپكە كېلىپ پارلامېنت بىناسى ئالدىدا نامايىش قىلدى. يەنە نەچچە مىڭ شەھەر ئاھالىسى پارلامېنتقا تەلەپنامە سۇنۇپ، ستىرافورنى «سېسىق نامى پۇر كەتكەن جىنايەتچى» قاتارىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، تۆۋەن پالاتا 59 غا 204 ئاۋاز بىلەن ستىرافورنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى. ئەمما، يۇقىرى پالاتا بۇ قارارنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى. لوندون ئاھالىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، ئۇيۇشۇپ ھەم قوراللىنىپ، سىمون ئىبادەتخانىسى (پارلامېنت بىناسى جايلاشقان جاي)غا كېلىپ، پارلامېنت بىناسىنى ئىككى كۈن قورشىۋېلىپ، «جازالاش كېرەك! جازالاش كېرەك» دەپ شوئار توۋلاپ، ستىرافورنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا قارشى تۇرغانلارنى «ۋەتەن خائىنى» دەپ ئەيىبلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يۇقىرى پالاتا 11 غا قارشى 37 ئاۋاز بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىش

قارارنى ماقۇللىدى.

ئەمما، چارلېس I ستىرافورغا «سېنىڭ ھاياتىڭ، شان ـ شەرىپىڭ ۋە مال ـ مۈلكۈڭ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەن بولغاچقا، بۇ قارارنى تەستىقلاشقا ئازادىلا قوشۇلمىدى، خەلق ئاممىسى پادىشاھنىڭ ئامراق ۋەزىرىنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندى. 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۈرگۈن ئامما ئوردا ئالدىغا يىغىلدى. ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، چارلېس I ستىرافورنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش قارارنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغاندا، مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ستىرافورغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

1640 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1642 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە پارلامېنت مۇستەبىت ھۆكۈمەت بىلەن بولغان كۈرەشلەردە يەنە بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1640 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، تۆۋەن پالاتا بىر ئالاھىدە قاراردا «كېمە بېجى ئېلىش قانۇنسىز» دەپ جاكارلىدى. 1641 ـ يىلى، پارلامېنت بىر قانۇن لايىھەسى ماقۇللاپ، پادىشاھنىڭ پارلامېنت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا چەك قويۇپ، بىر نۆۋەتلىك پارلامېنت تارقىتىۋېتىلىپ، يەنە بىر نۆۋەتلىك پارلامېنت تەشكىللەنگۈچە بولغان ۋاقىت ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، يېڭى پارلامېنت ئىشقا چۈشۈپ 50 كۈن توشقۇچە پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىشكە ياكى يىغىن ـ كېڭەشلىرىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پادىشاھ بۇ قانۇن لايىھەسىنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى. 6 ـ ئايدا، پادىشاھ يەنە ئىلاجسىز «تۆۋەننامە» ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يۈرگۈزگەن باج سىياسىتىنى ئەيىبلىدى، پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرقانداق ياردەم پۇلى، تاموژنا بېجى

ۋە باشقا باجلار (كېمە بېجىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)نى ئالماسلىق توغرىسىدىكى قانۇن لايىھەسىنى تەستىقلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا، چارلېس I دۆلەت سوتى، ئالىي سوت قاتارلىق ئورگانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 8 ـ ئايدا، ئىلاجسىز دۆلەت ئىچىدىكى سودا ـ سانائەتنى مونوپول قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى.

پارلامېنتنىڭ بۇ غەلىبىلىرى لوندونىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپ قوللىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلدى. ئارخېئېپىسكوپ لوردنىڭ: «ھەر قېتىم تۆۋەن پالاتا بىرەر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسا ھەم يۇقىرى پالاتا ۋە پادىشاھ بۇ تەكلىپنى ماقۇللىمايدۇ دەپ قارىسا، زوراۋان ئامما پارلامېنت بىناسى ئالدىغا توپلىشىۋېلىپ، ئۇنداق ياكى بۇنداق تەلەپلىرىنى قويۇشىدۇ...» دېگەن سۆزى بۇنى ئىسپاتلايتتى. ئەمما، خەلق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنى قورقۇتۇۋەتتى. بۇ خىل قورقۇنچ ئۇلارنىڭ «بىكار قىلىش قانۇن لايىھەسى»گە بولغان پوزىتسىيەدە روشەن ئىپادىلەندى.

1640 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆزلىرى ئىمزا قويغان بىر مۇراجىئەتنامىنى پارلامېنتقا تاپشۇردى، بۇ مۇراجىئەتنامىدە يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلارنىڭ نۇرغۇن مەسئۇلىيەتسىز قىلمىشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئېپىسكوپ، باشتىن ۋە روھانىيلار ك...نىشىنى «تۈپ يىلتىزىدىن» بىراقلا بىكار قىلىش تەلەپ قىلىنغانىدى. پارلامېنت بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە 1641 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىدىغان «بىكار قىلىش قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قانۇن لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا نۇرغۇن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىن بىلىۋېلىشقا بولاتتى. پارلامېنت ئەزاسى

ۋالىۋر ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمى خەلقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان تاشقى ئىستىھكام، ئەگەر خەلق ئاۋاز بېرىش ياكى مۇراجىئەتنامە سۇنۇش ئارقىلىقلا دىنىي ئىشلاردىكى باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرسە، ئۇنداقتا ئارقىدىنلا يەر ۋە باشقا ئىشلاردىكى باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا بۇ قانۇن لايىھەسىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى. بۇ قانۇن لايىھەسى تۆۋەن پالاتادا ماقۇللانغان (ئازراقلا ئۈستۈنلۈك بىلەن) بولسىمۇ، يۇقىرى پالاتا ئۇنى رەت قىلدى.

خەلق ھەرىكىتى پەيدا قىلغان قورقۇنچ سەۋەبىدىن، پارلامېنتتا پادىشاھ تەرەپدارلىرى بىلەن مۇرەسسەلەشمەيدىغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ «ئېتىرازنامە»گە قارشى تۇرۇشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. 1641 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت «ئېتىرازنامە»نى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. «ئېتىرازنامە» پارلامېنت بىلەن مۇستەبىت تۈزۈم ئارىسىدىكى كۈرەشكە ئائىت مۇھىم ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ زوراۋان قىلمىشلىرى ئېچىپ تاشلىنىپ، سودا ـ سانائەت پائالىيەتلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىش، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە ۋەزىرلەرنى «پارلامېنت ئىشىنىدىغان» كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاپ تەيىنلەش، ۋەزىرلەر پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش دېگەندەك بەزى زور تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئەمما، مۇھاكىمە جەريانىدا نۇرغۇن پارلامېنت ئەزالىرى بۇ تەلەپلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى دەپ قاراپ، ۋەزىرلەر پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تۈزۈمىگە قەتئىي قارشى تۇردى. 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ئېتىرازنامە» ئاۋازغا قويۇلغاندا، پەقەت 11 ئاۋاز ئۈستۈنلۈك بىلەن (148 گە قارشى 159 ئاۋاز بىلەن) ماقۇللاندى.

«ئېتىرازنامە» پادىشاھقا سۇنۇلغاندا، ئۇ تەستىقلىمايلا قالماستىن، بەلكى 1642 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىزچىل

ئىلغار ئىپادىدە بولۇپ كەلگەن يىم، خامپىتون، خېسرىگ، خوللىس، سترود قاتارلىق بەش پارلامېنت ئەزاسىنى ئاسىي دەپ ئەيىبلەپ، پارلامېنتنىڭ ئۇلارنى چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پارلامېنت ئۇلارنى چىقىرىپ بېرىشكە ئۇنىمىغاچقا، 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پادىشاھ شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ پارلامېنت بىناسىغا كېلىپ ئۇلارنى قولغا ئالماقچى بولدى. يىم قاتارلىقلار ئالدىن خەۋەر تېپىپ سودا رايونىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. سودا رايونىدىكى نەچچە مىڭ قول سانائەتچى ۋە يۇقىرا قوراللىنىپ يىم قاتارلىقلارنى قوغدىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، لوندون ۋە جەنۇبىي ۋاركىتىكى ھامماللار ۋە ماتروسلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن يىم قاتارلىق بەش كىشىنى ئارىغا ئېلىپ يول بويى «ۋەتەننى قوغدايمىز، پادىشاھلىقنى قوغدايمىز» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، ئۇلارنى تۆۋەن پالاتاغا ئەكىلىپ قويدى. بۇ چاغدا لوندون ئەتراپىدىكى بوكىڭگھام ۋىلايىتى ۋە كېنت ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارمۇ ئۇيۇشۇپ لوندونغا يۈرۈش قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئەمگەكچى خەلق لوندوننى كونترول قىلدى.

چارلېس I لوندون ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، لوندوننى تاشلاپ شىمالغا كېتىشنى قارار قىلدى، چۈنكى شىمال كونا فېئودال كۈچلەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقان رايون بولۇپ، بۇ يەردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن پادىشاھنى قوللايتتى. 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چارلېس I لوندوندىن چىقىپ شىمالدىكى يورك شەھىرىگە كەلدى. شىمالغا كەلگەندىن كېيىن چارلېس I شۇ جايدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ياردىمىدە جىددىي قوشۇن تەشكىللەپ ئىچكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى، شۇ يەردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بەس ـ بەستە پۇل ـ مال ئىئانە قىلدى، نۇرغۇنلىرى قوشۇن تەشكىللەش، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشتى.

بۇ چاغدا، پارلامېنتمۇ ھەربىي تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پارلامېنت قارار ماقۇللاپ پارلامېنت ئارمىيەسىنى قۇردى.

8 ـ ئايدا، چارلېس I ھەربىي تەييارلىق تولۇق پۈتتى دەپ قاراپ، پارلامېنتقا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، پادىشاھ ئارمىيەسى بىلەن پارلامېنت ئارمىيەسى ۋاساست ئەتراپىدا جەڭ قىلدى. ئىچكى ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق پارتلىدى. پادىشاھ غۇلاپ چۈشەي دەپ قالغان ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاخىر زورلۇق ئۇسۇلىنى تاللىدى.

## 1.2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش

ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر دەرھال ئىككى لاگېرغا بۆلۈندى. بىرى، پادىشاھ باشچىلىقىدىكى پادىشاھ ھىمايىچىلىرى لاگېرى، يەنە بىرى، پارلامېنت باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي لاگېر ئىدى. جۇغراپىيەۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى كونتروللۇقىدىكى غەربىي شىمال قالاق دېھقانچىلىق رايونى، ئىنقىلابىي لاگېر كونتروللۇقىدىكى شەرقىي جەنۇب سودا ـ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان باي، ئاۋات رايون ئىدى. سىنىپىي مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنقىلابىي لاگېردىكىلەر بۇرژۇئازلار، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر، دېھقانلار، ئىشچىلار، قول سانائەتچىلەر ۋە بارلىق ئەمگەكچى خەلق ئىدى، شوتلاندىيە قوزغىلاڭچىلىرىمۇ ئىنقىلابىي لاگېرغا قوشۇلغانىدى. ئىنقىلابىي لاگېرغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بۇرژۇئازلار ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئىدى، چۈنكى يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور بولۇپلا قالماي، ئاقسۆڭەك بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت سىياسىي ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغاچقا مول

سىياسىي تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. پادىشاھ ھىمايىچىلىرى لاگېرىدىكىلەر بولسا كونا فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ روھانىيلىرى ئىدى. بۇ ئىككى لاگېرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن ئېيتقاندا، ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ كونتروللۇقىدا نۇرغۇن مۇھىم پورتلار ۋە دېڭىز فىلوتى بولۇپ، بۇ، پارلامېنت ئارمىيەسىنىڭ دېڭىزدىكى ئۈستۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى ھەمدە پادىشاھ ئارمىيەسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىيالايتتى، يەنە كېلىپ ئىنقىلابىي لاگېر پۈتمەس ـ تۈگىمەس مالىيە مەنبەسىگە ئىگە بولۇپ، پارلامېنت مۇھىم سودا ـ سانائەت شەھەرلىرىنى كونترول قىلىپ تۇراتتى، لوندوندىكى چوڭ سودىگەرلەر ياكى بانكىرلاردىن خالىغان چاغدا قەرز پۇل ئالالايتتى، شەرقىي جەنۇب رايوندا سودا ـ سانائەت تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن ئېلىنىدىغان باجدىن غەم قىلمايتتى، شۇنداقلا شەرقىي جەنۇب رايوندا كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاشلىق تەمىناتىدىنمۇ غەم قىلمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى لاگېرى مالىيە جەھەتتە پەقەت فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئىئانىسىگە تايانغاچقا، بۇ بەكلا ئىشەنچسىز ئىدى، ئۆزلىرى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان غەربىي شىمال رايونىنىڭ سودا ـ سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىكى قالاق بولغاچقا، ئىقتىسادىي كۈچىمۇ ناھايىتى ئاجىز ئىدى. ئىجتىمائىي ئاساس جەھەتتە، پارلامېنتنى كەڭ خەلق ئاممىسى قوللايتتى، ئۇلار ھەققانىي ئىنقىلاب ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان بولغاچقا، چەكسىز جەڭگىۋارلىققا ئىگە ئىدى. پادىشاھ ھىمايىچىلىرى لاگېرىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى يوق بولۇپ، ئۇنى قوللايدىغانلار پەقەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقان فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئىدى.

گەرچە ئىنقىلابىي لاگېر نۇرغۇن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر ئەجەللىك ئاجىزلىقى بار ئىدى.

ئىنقىلابىي لاگېرغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلار مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكىلەر (مۆتىۋەرلەر مەزھىپى پارلامېنتنى كونترول قىلىۋالغان ئىدى) بولۇپ، ئارمىيە قوماندانلىرىمۇ مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىن چىققان كوماندىرلار ئىدى، مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىرى ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا مۇتەئەسسىپ ھەربىي سىياسەت يۈرگۈزدى، بۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلەندى: بىرىنچى، ئۇلار پادىشاھقا قارشى ئۇرۇشقا ئەمگەكچى خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ قاتناشتۇرۇشقا پېتىنالماي، ئاساسەن ياللانما قوشۇنغا تايىنىپ جەڭ قىلغاچقا، ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىككىنچى، ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكىلەر پادىشاھ بىلەن مۆرەسسە قىلىشنى ھەرقاچان ئېسىدىن چىقارمىغاچقا، جەڭ مەيدانلىرىدا پاسسىپلىق بىلەن قاراپ بېقىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، دادىل ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. مەسىلەن، پادىشاھ شىمالغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ۋە ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، پارلامېنت ئەزاسى پىم پادىشاھ قوشۇن توپلىماستا قوشۇن تارتىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، پادىشاھنىڭ كونا ئۇۋىسىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇنىڭ كۈچىنى بىراقلا تارمار قىلىش تەكلىپىنى بەرگەندە، مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكىلەر بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى، نەتىجىدە پادىشاھنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئۇرۇشنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە مەسىلەن، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىن چىققان كوماندىر ئېسېكس جەڭ مەيدانىدا قوشۇنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بۇيرۇق چۈشۈرمەي جىم يېتىۋالدى. 1642 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئوكسفورد ئەتراپىدا بولغان جەڭدە پادىشاھ ئارمىيەسى يېڭىلىپ قاچقاندىن كېيىن، ئۇ پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بەرمەي، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قوشۇننى چېكىندۈردى، نەتىجىدە دۈشمەن مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com

مۆتىۋەرلەر مەزھىپى مۇتەئەسسىپ ھەربىي سىياسەت يۈرگۈزۈشتە ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقانىدى، ئۇلار خەلقتىن قورقاتتى، جۈملىدىن خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا قاتناشسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا پادىشاھ بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈچىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ مۇتەئەسسىپ ھەربىي سىياسىتى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئىنقىلابىي لاگېرغا بارغانسېرى پايدىسىز بولۇشقا باشلىدى. 1643 ـ يىلى كۈزدە، پادىشاھ ئارمىيەسى شەرقىي جەنۇبتىكى كۆپ قىسىم جايلارنى ئىشغال قىلدى، پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى پادىشاھ ئارمىيەسىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى.

پارلامېنتتىكى مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىرى ئىچكى ئۇرۇشنى مەغلۇبىيەت گىردابىغا ئېلىپ بارغاندا، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ فېئوداللارغا قارشى ئۆزلۈكىدىن قوزغالغان كۈرەشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بەزى دېھقانلار «ئاقسۆڭەكلەر بىزگە غوجايىن بولغىلى ئۇزاق بولدى، ئەمدى بىزمۇ ئۇلارغا غوجايىن بولۇپ باقايلى» دېيىشتى. نۇرغۇن جايلاردا دېھقانلار قوراللىنىپ پومېشچىكلار بىلەن كۈرەش قىلدى.

دېھقانلار ھەرىكىتىدە كۆلىمى ئەڭ زور بولغىنى غەربىي جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردە يۈز بەرگەن «توقماقچىلار» ھەرىكىتى بولدى. «توقماقچىلار» ھەرىكىتى «ئوتتۇرا يول»نى تاللاپ ھەم فېئوداللارغا، ھەم پارلامېنتقا قارشى تۇردى. «توقماقچىلار»نىڭ سانى تەخمىنەن 100 مىڭ بولۇپ، ئاساسەن دېھقانلار ئىدى. رەھبەرلىك قاتلىمى مۇرەككەپرەك بولۇپ، دېھقانلاردىن باشقا، مىسسىيونېر، ئاقسۆڭەك، ئوفىتسېر، سودا ـ سانائەتچى ۋە

www.uyghurkitap.com

زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقانىدى. «توقماقچىلار»نىڭ مەقسىتى ــ بىرلىشىپ ئۆزىنى قوغداش بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ «تەركىنلىكى ۋە مال ـ مۈلكى»نى بارلىق تالان ـ تاراج قىلغۇچىلار ۋە باشقا زوراۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئىدى. قىسقىسى، «توقماقچىلار» پادىشاھ ھىمايىچىلىرىگە ئۆچمەنلىك قىلاتتى، «بىتەرەپ» يولنى تاللىشىغىمۇ ئاساسلىقى پارلامېنتنىڭ سىياسەتلىرىگە نارازى بولغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. «توقماقچىلار» ھەرىكىتى يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ كۈچىگە زەربە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپلا قالماي، ئوبىيېكتىپ جەھەتتە پارلامېنتنىڭ ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىگە تۈرتكە بولدى. چۈنكى، پارلامېنت ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىۋەرسە، دېھقانلار ھەرىكىتى تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتەتتى. شۇڭا، پارلامېنت دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشى، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەربىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر ئىدى.

ئەلۋەتتە، پارلامېنتنىڭ ھەربىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسىي سەۋەب يەنىلا ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت ئىدى. چۈنكى، ئەگەر پارلامېنت ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولسا، يېڭى بۇرژۇئاز ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇ ئىككى سىنىپنىڭ جان ـ جان مەنپەئەتىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇستەقىللچىلەر مەزھىپى ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. مۇستەقىللچىلەر مەزھىپىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، پارلامېنت 1645 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلىپ، «ئۆزىنى تارتىش قانۇنى»نى ماقۇللىدى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن ھەم پارلامېنت ئەزاسى، ھەم ئوفىتسېر سالاھىيىتى بارلارنىڭ ئوفىتسېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن

مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىن بولغان ئېسكېس، مانچېستېر، ۋالېۋېر قاتارلىق كالۋا، قورقۇنچاق ھەربىي رەھبەرلەر ئارمىيەدىن ئايرىلدى، ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى ئولىۋېر كرومۋېل باشچىلىقىدىكى مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى.

كرومۋېل 1599 ـ يىلى خونتىڭتون ۋىلايىتىدە يېزا مۆتىۋەرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى تېپىك بۇرژۇئازلاشقان يېڭى ئاقسۆڭەك ئىدى. كرومۋېل كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، كېيىن لوندوندا قانۇن ئۆگىنىپ، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ باشقۇردى. ئەمما، بىر مەزگىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ھەدەپ چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قېلىپ، نۇرغۇن يەر ۋە ئۆيلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىقتىسادىي كىرىمى تۇرمۇشنى قامداشقا ئاران يېتىدىغان كىچىك پومېشچىكقا ئايلىنىپ قالدى.

1640 ـ يىلى كرومۋېل ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، 1641 ـ يىلى ئۇ «ئېتىرازنامە»نى يېزىشقا قاتناشتى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىلا سىياسىي تالانتى نامايان بولغانىدى. ئەمما، پادىشاھ ۋە ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ ئابرۇيى باشقا سىياسىي رەھبەرلەردىن كۆپ تۆۋەن تۇراتتى.

ئىچكى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، يىراقنى كۆرەر كرومۋېل ئۇرۇشتا ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، خەلقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەردىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇننى قۇراللاندۇردى. بۇ قوشۇندىكى ھەربىر ئەسكەرنىڭ فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمگە ئۆچمەنلىكى بار، ئىنقىلابىي ئېڭى تولۇپ

تاشقان بولۇپ، بۇ، تۈزۈمى قاتتىق، ئۇرۇشقا ماھىر، يېڭى تىپتىكى ئاتلىق قوشۇن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قوشۇنى ھەممە جايدا ئايلىنىپ ئۇرۇش قىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن غەلىبىگە ئېرىشتى ۋە «باتۇر قوشۇن» دەپ نام ئالدى. 1644 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كروموۋېلنىڭ ئاتلىق قوشۇنى مارستون يايلىقىدا پادىشاھ ئارمىيەسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيانقى تۇنجى چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

كروموۋېل پۈتۈن ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، «باتۇر قوشۇن»نى ئۈلگە قىلىپ ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى ھەم ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئارمىيەنى «يېڭى نەمۇنىچى قوشۇن» دەپ ئاتىدى. «يېڭى نەمۇنىچى قوشۇن» قاتتىق ئىنتىزامغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە دېموكراتىيەنى يولغا قويۇپ، تۆۋەن قاتلامدىن چىققان ئەسكەرلەرنى دادىللىق بىلەن ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈردى. مەسىلەن، پولكوۋنىك فوكس ئەسلىدە مىسكەر، پولكوۋنىك پلېيد ئەسلىدە هارۋىكەش ئىدى، بۇنىڭ بىلەن قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى. كروموۋېل يەنە بۇرۇنقى ئۇرۇش قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتتى، ئىلگىرى مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش نىيىتى بولمىغاچقا، ھېچقانداق ئۇرۇش قىلىش پىلانى يوق بولۇپ، ھەممىلا جايدا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالاتتى. كروموۋېل دادىللىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ كروموۋېلنىڭ توغرا ئىنقىلابىي ھەربىي سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ھەربىي ئىسلاھاتتىن كېيىن ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. 1645 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارلامېنت ئارمىيەسى نوسبى ئەتراپىدا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىپ، 5000 ئادەمنى ئەسىرگە

ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە چىددىي بۇرۇلۇش بولدى. 1646 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئىچكى ئۇرۇش ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. پادىشاھ چارلېس I مۇ ئەسىرگە چۈشتى.

### 3. مۆتىۋەرلەر مەزھىپىگە قارشى كۈرەشلەر

1646 ـ يىلى 1 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇنقى ئىنقىلابىي لاگېر بىلەن پادىشاھ ھىمايىچىلىرى لاگېرى ئارىسىدىكى زىددىيەت ھەل قىلىنىپ، ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپلار ئارىسىدىكى زىددىيەت ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. زىددىيەتتىكى مەركىزىي مەسىلە ئەمدى فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنى قانداق ئاغدۇرۇپ تاشلاش بولماستىن، بەلكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قانداق مۇستەھكەملەش ھەمدە يېڭى ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىش بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلىگە قارىتا، ئىنقىلابىي لاگېردىكى ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇددىئاسى ۋە تەشەببۇسى بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدا كەسكىن كۈرەش قانات يايدى. بۇ كۈرەش ئەنگلىيە ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نەتىجىسىگىلا ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ كۈرەشنى ئالدى بىلەن پارلامېنتنىڭ سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1640 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت تەشكىللەنگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىق رولىنى بارغانسېرى جارى قىلدۇردى. ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ئايلاندى، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەركىبىدىمۇ ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىش بولدى. ئىچكى

ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا، پارلامېنتتىكى پادىشاھنى ھىمايە قىلىدىغان ئەزالار پارلامېنتتىن چىقىپ كېتىپ، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى لاگېرىغا قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن مۆتىۋەرلەر مەزھىپى ۋە مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكىلەر پارلامېنتتا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1645 ـ يىلى يېڭى نەمۇنىچى قوشۇن قۇرۇلغاندا، «ئۆزىنى تارتىش قانۇنى»غا ئاساسەن، ئارمىيە ئىچىدە ئوفىتسېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى ھەربىي ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كۈچىنى پارلامېنتتىكى ئىشلارغا مەركەزلەشتۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن، پارلامېنت مۆتىۋەرلەر مەزھىپى كونترول قىلىدىغان قورالغا ئايلاندى. پارلامېنتتىكى مۆتىۋەرلەر مەزھىپى قولىدىكى سىياسىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغداپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى.

بىرىنچى، دىنىي سىياسەت. 1642 ـ يىلى 2 ـ ئايدىلا ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا پارلامېنتتىكى ئېپىسكوپلارنى قوغلاپ چىقارغانىدى، ئارقىدىنلا روھانىيلارنىڭ دىندىن خالىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىنى چەكلىگەنىدى. 1646 ـ يىلى ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمى بىكار قىلىندى. ئەنگلىيە دۆلەت دىنى جەمئىيىتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مۆتىۋەرلەر كېڭەشچى ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، مۆتىۋەرلەر كېڭەشچى پۇقرالارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مۆتىۋەرلەر كېڭەشچىنىڭ ئەقىدىلىرىگە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ خۇددى ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكىدەك خەلقنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت يەنە خەلقنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى تارتىۋالدى. 1643 ـ يىلى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت نەشر بۇيۇملىرىنى ئالدىن تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا

بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دېموكراتىيە تۈسىنى ئالغان كىتاب ۋە گېزىتلەرنى نەشر قىلىشنى چەكلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىك ئىدى.

ئىككىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت خەلقنىڭ باج ـ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىلا پادىشاھ ئارمىيەسىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۇپەيلىدىن خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر كونتروللۇقىدىكى پارلامېنت خەلقنىڭ بېشىدىكى كۈلپەتلەرنى يېنىكلەتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. 1643 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پىمنىڭ تەكلىپى بىلەن دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلاردىن باج ئېلىش يولغا قويۇلدى، بۇ، ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن ئېلىنىدىغان ۋاستىلىك باج بولۇپ، دەسلەپتە ئۈچ يىل ئېلىش بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى. ئەڭ دەسلەپتە بۇ باج پەقەت زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىدىنلا ئېلىناتتى، ئەمما 1644 ـ يىلى 1 ـ ئايغا كەلگەندە، گۆش، تۇز، توشقان، كەپتەر قاتارلىقلاردىنمۇ ئېلىنىدىغان بولدى. 1647 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمەت ھەر يىلى يىغىۋالغان ۋاستىلىك باج ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مىليون فوندقا يەتتى. بۇ باج سەۋەبىدىن مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ئۈچىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆشرە يىغىش تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى. ياۋروپادىكى كاتولىك دىنىي دۆلەتلىرىدىكىگە ئوخشاش ئەنگلىيە دۆلەت دىنىي جەمئىيىتىمۇ دېھقانلاردىن ئۆشرە يىغاتتى. دېھقانلار ئۇزاقتىن بۇيان بۇ يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن قەددىنى كۆتۈرەلمەي كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ كۆپ سانىدىكى ئەزالىرى ئۆشرە يىغىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشقا قارشى تۇردى. چۈنكى، دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، نۇرغۇن

فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۆشرە يىغىش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. ئىنقىلاب مەزگىلىدە، ئېپىسكوپلارنىڭ يەرلىرى سېتىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۆشرە يىغىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان پومېشچىكلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، نەتىجىدە ئۆشرە يىغىش تۈزۈمى ساقلىنىپ قالدى.

تۆتىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت دېھقانلارغا قارشى يەر قانۇنىنى يولغا قويدى. ئىنقىلاب جەريانىدا، كەڭ دېھقانلار فېئودال پومېشچىكلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، دېھقانلار تېرىۋاتقان يەرلەرنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشىنى كەسكىن تەلەپ قىلغانىدى. ئەمما، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت يەر قانۇنىنى تۈزگەندە دېھقانلارنىڭ يەر تەلىپىنى قانائەتلەندۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنى پايدىغا ئېرىشتۈردى. يەر قانۇنىدا مۇنداق ئىككى مەزمۇن بار ئىدى: بىرىنچى، 1646 ـ يىلى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت رىتسارلار سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەققىدە قانۇن ماقۇللاپ، ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ پادىشاھ بىلەن بولغان فېئوداللىق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۈلكىگە ئايلاندى. پومېشچىكلار شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە رىتسارلىق بېجى تاپشۇرمايدىغان، يەر مەسىلىسىدىمۇ پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، يەر چىتلىغاندىمۇ پادىشاھقا جەرىمانە تۆلىمەيدىغان بولدى. ئەمما، بۇ قانۇن ئەنگلىيەدىكى كەڭ دېھقانلارغا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ قانۇن يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار يەرلەرنى خالىغانچە چىتلىۋالدى، يەر چىتلاش ھەرىكىتى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ تېزلەشتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، يەنى ئىنقىلابتىن كېيىنكى

100 يىل ئىچىدە، يەر چىتلاش ھەرىكىتى ئاساسەن تاماملىنىپ بولدى، ئەنگلىيەدىكى مۇستەقىل دېھقانلار سىنىپى ئاخىرى تولۇق يوقالدى. ئىككىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە پادىشاھ، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى ۋە دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلغانىدى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەرلەرنى يەنە تۈركۈمگە بۆلۈپ تالاشتۇرۇپ ساتتى. نەتىجىدە، بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا چۈشتى، دېھقانلار بولسا يەرگە ئىگە بولالماي، يەنىلا ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئورۇندا قېلىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغانلار بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاقى بولۇپ، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلارنىڭ بىۋاسىتە دۈشمىنى ئىدى، ئۇلار دېھقانلارغا پايدىلىق بولغان ئۇسۇلدا يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەلۋەتتە ئۇنىمايتتى.

ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت يۈرگۈزگەن خەلققە قارشى سىياسەت ۋە تەدبىرلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى. ئالدى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە باي دېھقانلار، يەنى شەھەر - يېزىلاردىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بولدى. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇلار بىر مەيدان داغدۇغىلىق ھەرىكەت — باراۋەرچىلەر ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ ئېقىمغا قارشى سىياسەتلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكتى ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشنى ۋە مۇشۇ ئاساستا پارلامېنتنى قايتا تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى. باراۋەرچىلەرنىڭ رەھبەرلىرى جون لىلبورن، رىچارد ئوۋتون، ۋىلىيام ۋالۋىن قاتارلىقلار ئىدى. لىلبورن ئەسلىدە بىر كىچىك

پومېشچىكنىڭ ئوغلى بولۇپ، 12 ياش چېغىدىلا لوندونغا كېلىپ شاگىرت بولغان، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، جەڭگە ماھىرلىقىدىن پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى. ئۇ 1645 ـ يىلىلا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دېگەن دېموكراتىك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ: پارلامېنتنىڭ پائالىيىتى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى مەقسەت قىلىشى كېرەك، يۇقىرى پالاتا بىلەن پادىشاھنى خەلق سايلاپ چىقمىغان، پەقەت خەلق سايلاپ چىققان تۆۋەن پالاتالا خەلققە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، شۇڭا يۇقىرى پالاتا مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك، پادىشاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ: ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەم باشقىلارغا قارىغاندا ئەۋزەل شارائىتتىن بەھرىمەن بولۇۋالماسلىقى كېرەك، دەپ قارىغاچقا، فېئوداللىق ئىمتىيازغا قارشى ئىدى. 1645 ـ ، 1646 ـ يىللىرى ئۇ يەنە مونوپول تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ۋە «نامراتلار بىلەن ئوتتۇرا ھاللىقلارنىڭ» باج يۈكىنى يەڭگىللىتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇۋتون بىلەن ۋالۋىنمۇ خەلق ھوقۇقى ئىدىيەسىنى دادىل تەشۋىق قىلىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش كېرەك دېگەنلەرنى تەكىتلىدى. قىسقىسى، باراۋەرچىلەر پادىشاھ ۋە يۇقىرى پالاتا بولمىغان، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى سايلامغا قاتنىشالايدىغان، بىر پالاتالىق پارلامېنت بولغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا، باراۋەرچىلەر ھەرىكىتى ماھىيەتتە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتى ئىدى. شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، ئۇ ئەڭ ئىنقىلابىي خەلق ھەرىكىتى بولغاچقا، شەھەر- يېزىلاردىكى كەڭ نامراتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بىر داغدۇغىلىق ھەرىكەتكە ئايلاندى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ھەرىكەت پارلامېنت ئارمىيەسىدىكى نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ كۈچلۈك

قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئەسكەرلەر باراۋەرچىلەر ھەرىكىتىگە بەس ـ بەستە قاتناشتى. ئەسكەرلەر تېگىدىن ئەمگەكچىلەر بولغاچقا، بۇ ھەرىكەت تەرەققىي قىلىپ قوراللىق خەلق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

بۇنىڭ بىلەن، بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيەدە ئۈچ سىياسىي مەزھەپ شەكىللەندى، يەنى مۆتىۋەرلەر مەزھىپى ۋە مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىن باشقا، شەھەر ـ يېزا ئۇششاق بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە بىر قىسىم ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان باراۋەرچىلەر مەزھىپى مەيدانغا كەلدى. مۆتىۋەرلەر مەزھىپى پارلامېنتنى كونترول قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە رېئال ھالەتنى ساقلاشقا تىرىشىپ، ئىنقىلابنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا قارشى ئىدى، پادىشاھ بىلەن سۆلھى قىلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى تېخىمۇ تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ قولىدا ئىدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا قاتلام يېڭى ئاقسۆڭەكلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ ئىككى چوڭ گۇرۇھنىڭ سىنىپىي تەلىپى قانائەتلەندۈرۈلمىدى. سىياسىي جەھەتتە، مۆتىۋەرلەر مەزھىپى پارلامېنتنى كونترول قىلىۋېلىپ، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنى ھۆكۈمرانلىق چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالدۇردى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، تاشقى سودا مونوپول تۈزۈمى تېخى بىكار قىلىنمىغاچقا، ئوتتۇرا قاتلام سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى چەكلىمىگە ئۇچرىدى؛ دىنىي جەھەتتە، مۆتىۋەرلەر كېڭىشىنىڭ ئەقىدىلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى چوقۇم بويسۇنۇشى زۆرۈر بولغان ئەقىدىگە ئايلىنىپ،

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىدىيەۋى پىكىرلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. شۇڭا، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى رېئال ھالەتتىن نارازى بولۇپ، قولىدىكى ھەربىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، مۆتىۋەرلەر مەزھىپى كونتروللۇقىدىكى پارلامېنت بىلەن كۈرەش قىلىشقا تەييارلاندى. ئەمما، ئۇلار يەنە باراۋەرچىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورققاچقا، بەزىدە پادىشاھ ۋە مۆتىۋەرلەر مەزھىپى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، باراۋەرچىلەرنى ۋە خەلق ھەرىكىتىنى ئورتاق باستۇرۇشقا ئۇرۇندى.

شۇ چاغدا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان مۆتىۋەرلەر مەزھىپى ئىنقىلابىي لاگېر ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ جىددىي مەسىلىلەرنى، يەنى دۆلەت تۈزۈلمىسىنى قانداق بېكىتىش، ھەرقايسى ئىنقىلابىي سىنىپلارنىڭ ئىنقىلاب جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنى قانداق قاندۇرۇش، ئەسىرگە چۈشكەن پادىشاھنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىشىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، مۆتىۋەرلەر مەزھىپى بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاشماستىن، ئەكسىچە تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ئىچكى ئۇرۇشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئارمىيەگە قاراتتى. چۈنكى، مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئارمىيە ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلام كۈچلەرنىڭ باش لاگېرىغا ئايلانغان، ئەسكەرلەرنىڭ باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن تىلى بىر بولۇپ، بۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر تەھدىت ئىدى. 1647 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، پارلامېنت خەلقنىڭ باج ـ سېلىق يۈكىنى يېنىكلىتىشنى باھانە قىلىپ، ئارمىيەنى تارقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى، ئەمەلىيەتتە باراۋەرچىلەر مەزھىپىگە زەربە بەرمەكچى بولدى. بۇ قارار ئارمىيە ئىچىدە زور پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى، ئەسكەرلەر باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇنى رەت قىلدى. لىلبورن پارلامېنتتىكى مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنى بۈيۈك نىزام ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى ھەرقانداق

پادىشاھدىنمۇ ۋەھشىي دەپ قاتتىق سۆكتى، شۇنداقلا ھازىر خەلقنىڭ بۇ زوراۋانلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشتىن باشقا تاللاش يولى يوق، دەپ كۆرسەتتى. 1647 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، لىلبورن قاتارلىق باراۋەرچىلەر مەزھەپچىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدە، ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى — سەپەرۋەرچىلەرنى سايلاپ چىقتى ھەم «سەپەرۋەرچىلەر كومىتېتى»نى قۇردى. بۇ كومىتېت ئەسكەرلەرنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەركەز ھەم ئەسكەرلەر بىلەن باراۋەرچىلەرنى باغلايدىغان تۈگۈنگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئارمىيە ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان دېموكراتىك كۈچ شەكىللەندى، بۇ دېموكراتىك كۈچ پارلامېنتتىكى مۆتىۋەرلەر مەزھىپى بىلەن بىۋاسىتە قارشىلىشىپلا قالماي، بەلكى مۇستەقىلچىلەر مەزھەپچىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلماقچى بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئارمىيە ئىچىدە «مۆتىۋەرلەر مەزھەپچىدىكىلەر پادىشاھ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى جىددىيلەشتۈرۈپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، مۆتىۋەرلەر مەزھەپچىدىكىلەرنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1647 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاتلىق ئەسكەرلەر بايراقچى ئوفىتسېرى جويىس 500 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ پادىشاھ قامالغان خېمبى قورغىنىغا كېلىپ، پادىشاھنى ئېلىپ چىقىپ ئارمىيە تۇرۇشلۇق ئورۇن — نېۋماركېيغا ئېلىپ كەلدى.

كروموۋېل باشچىلىقىدىكى مۇستەقىلچىلەر مەزھەپچىدىكى ئوفىتسېرلار ئەسكەرلەر ھەرىكىتى ئالدىدا ئۆز يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ياكى ئەسكەرلەر تەرەپتە تۇرۇپ، مۆتىۋەرلەر مەزھىپى كونتروللۇقىدىكى پارلامېنت بىلەن كۈرەش قىلىشى، ياكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن قورقۇپ مۆتىۋەرلەر مەزھىپى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئىسيانىنى ئورتاق باستۇرۇشى كېرەك ئىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئىككىلىنىپ،

www.uyghurkitap.com

ۋەزىيەتنى كۆزىتىش پوزىتسىيەسىدە بولدى. ئەسكەرلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاۋاتىرلەندى. سەپەرۋەرچىلەر كرومۋېلغا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا «ئەگەر سىز دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ بىزگە قوماندانلىق قىلمىسىڭىز، بىز ئۆزىمىز ھەرىكەت قوللىنىمىز» دېگەندىن كېيىن، كرومۋېل ئامالسىز ئەسكەرلەر تەرەپتە تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ چاغدا كرومۋېلنىڭ بۇ قارارغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئەگەر ئۇ مۆتىۋەرلەر مەزھىپى بىلەن ھەمكارلىشىش يولىنى تاللىسا، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەتتى، چۈنكى ئارمىيە ئۇنىڭ مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىدىكى تۈۋرۈك ئىدى. ئەكسىچە، ئەگەر ئۇ ئەسكەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىش يولىنى تاللىسا، ئەسكەرلەرنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالاتتى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلالايتتى.

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى بىلەن باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى «پۈتۈن ئارمىيە كېڭىشى»نىڭ قۇرۇلغانلىقى بولدى، بۇ كېڭەش 1647 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كرومۋېلنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇرۇلدى. كېڭەش ئارمىيەدىكى بارلىق ئالىي قوماندانلار ۋە ھەربىر پولكنىڭ ئىككى ئوفىتسېر ۋەكىلى، ئىككى ئەسكەر ۋەكىلى (سەپەرۋەرچى)دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، پۈتۈن ئارمىيەگە ۋاكالىتەن چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ئورگان ئىدى. كېڭەشتە ئالىي ئوفىتسېرلارنىڭ سانى ئەسكەرلەر ۋەكىللىرىدىن كۆپ بولۇپ، كرومۋېل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەرلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلماقچى ئىدى. لىلبورن قاتارلىقلار ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى كېڭەشتە ئوفىتسېرلار ۋەكىللىرى بىلەن تىركىشەلەيدۇ، باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى

مۇھاكىمە قىلالايدۇ، دەپ ساددىلىق بىلەن ئىشىنىپ قالدى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، ئىلگىرى قۇرۇلغان سەپەرۋەرچىلەر كومىتېتى ئەسكەرلەرنىڭ مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشىغا مۇھىم پۇرسەت ياراتقان بولسا، ئەمدى قۇرۇلغان «پۈتۈن ئارمىيە كېڭىشى» باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ كونتروللۇقىغا قايتىدىن چۈشۈپ قېلىشىغا پۇرسەت ياراتتى. بۇ، باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ چوڭ سەۋەنلىكى ئىدى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، پۈتۈن ئارمىيە كېڭىشى «تەنتەنىلىك پۈتۈم» ماقۇللاپ، ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ پارلامېنتنىڭ ئارمىيەنى تارقىتىۋېتىشىگە ئورتاق قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېڭەش يەنە «ئارمىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىپ، ئارمىيەنىڭ خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش بۇرچى بارلىقىنى جاكارلاپ، ھازىرقى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ يېڭى پارلامېنت تەشكىللەشنى، ھازىرقى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، پارلامېنتنى ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم قايتىدىن سايلاپ چىقىشنى، مۇراجىئەت ئەركىنلىكى بىلەن مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خىتابنامىدە يەنە ھوقۇق خەلقتە بولۇش پرىنسىپى شەرھلىنىپ، نەزەرىيە جەھەتتە ئەسكەرلەر ــ ھەربىي فورما كىيگەن دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەردۇر، شۇڭا ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى سۆزۈشتە قىلىش ھوقۇقى بار، دېگەنلەر تەكىتلەندى. قارىماققا، بۇ خىتابنامە باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ئىدىيەسى بىلەن سۇغۇرۇلغاندەك، ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىشى باراۋەرچىلەرنىڭ تەشەببۇس ـ پرىنسىپلىرىنىڭ غەلىبىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەتلا مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ بىر تاكتىكىسى بولۇپ،

ئۇلار نەزەرىيە جەھەتتە ۋاقىتىنچە يول قويۇپ، پاراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىن بويسۇنۇشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىدى.

«ئارمىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەسكەرلەر لوندونغا يۈرۈش قىلىپ، پارلامېنتتىكى مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكىلەرگە قارىتا ھەرىكەت قوللىنىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. ئەمما، كروموۋېل بۇ تەلەپنى قاندۇرۇشنى كەينىگە تارتتى، چۈنكى ئۇ ئارمىيە لوندونغا كىرگەندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋىسى يەنىمۇ ئېشىپ كېتىپ، ئۇلارنى باشقۇرالماي قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. ئەمما، مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكى بىر قانچە پارلامېنت ئەزاسى لوندوندا مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپىگە قارشى (7 ـ ئاينىڭ 26 ـ، 27 ـ كۈنلىرى) پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقتىن، كروموۋېل ئەسكەرلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى يەنە كەينىگە تارتىشقا ئىلاجسىز قېلىپ، لوندونغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. ئارمىيە لوندونغا بېرىش يولىدا، ھەرجايدىكى ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە ھەيۋەت بىلەن لوندونغا كىردى. پايتەختكە كىرگەندىن كېيىن، ئارمىيە ئالدى بىلەن مۆتىۋەرلەر مەزھىپى قوزغىغان پاراكەندىچىلىكنى بېسىقتۇردى، ئاندىن ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتتىكى مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ 11 مۇھىم كاتتىبېشىنى تازىلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى كونترول قىلىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، پارلامېنت بىلەن ئارمىيە ئارىسىدىكى كۈرەش ۋە مۆتىۋەرلەر مەزھىپى بىلەن مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپى ئارىسىدىكى كۈرەش ئارمىيە ۋە مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپى بىلەن باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى.

## 4. باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلار پۈتۈن ئارمىيە نامىدا بىر سىياسىي پىروگراممىا — «ئارمىيە تەكلىپى»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى: بىرىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، قايتىدىن يېڭى پارلامېنت سايلاپ چىقىش، ئەمما بىۋاسىتە باج تاپشۇرغان كىشىلەرنىڭلا سايلامغا قاتنىشىش هوقۇقى بولۇش (روشەنكى، بۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ سايلام هوقۇقى تارتىۋېلىنغان بولۇپ، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسىي هۆكۈمرانلىقىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغانىدى)؛ ئىككىنچى، پادىشاھلىق تۈزۈم بىلەن يۇقىرى پالاتانى ساقلاپ قېلىش، ئەمما پادىشاھنىڭ هوقۇقىغا چەك قويۇش؛ پارلامېنت بارلىققا كەلتۈرگەن دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى پادىشاھ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھى قىلىش ۋە دىپلوماتىيە هوقۇقى بولۇش. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلار مۇشۇ هۆججەت ئاساسىدا پادىشاھ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئەمما، پادىشاھ ئۆز هوقۇقىغا چەك قويۇلۇشىغا قوشۇلمىغانلىقتىن سۆھبەت مەغلۇپ بولدى.

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى بىلەن پادىشاھنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى ئەسكەرلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، ئۇلار «ئارمىيە تەكلىپى»گە قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلارنى قاتتىق سۆكتى ھەم 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «ئارمىيە تەكلىپى»گە قارشى بولغان سىياسىي پىروگراممىا — «ئارمىيە قۇرۇلۇشى»نى ئېلان قىلدى، 10 ـ

ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەزمۇنى تېخىمۇ ئۆتكۈر بولغان پروگراما — «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق يېڭى پارلامېنتنى سايلاپ چىقىش، پادىشاھ ھىمايىچىلىرىدىن باشقا 21 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سايلام ھوقۇقى بولۇش، سايلام رايونىنى نوپۇس نىسبىتى بويىچە قايتىدىن بۆلۈش؛ ئۈچىنچى، يۇقىرى پالاتانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر پالاتالىق پارلامېنت تەشكىللەش، پارلامېنتقا قانۇن تۇرغۇزۇش، سىرتقا ئۇرۇش ئېلان قىلىش، تاشقى سىياسەت بەلگىلەش، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىش، تۆۋەن پالاتا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇش، «ھەرقانداق ئادەم ۋە تەشكىلاتنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولماسلىق»؛ تۆتىنچى، ھەرقانداق ھوقۇقلۇق ئورگان خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋالماسلىق، خەلقنى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە، ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىماسلىق؛ بەشىنچى، بارلىق كىشىلەر ئەمەل ـ مەنسىپى، مال ـ مۈلكى، ئىجتىمائىي ئورنى، كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باراۋەر ھالدا قانۇنغا ئورتاق بويسۇنۇش؛ ئالتىنچى، تاشقى سودا مونوپول تۈزۈمىنى، كۆندىلىك بۇيۇملار بېجىنى بىكار قىلىش؛ يەتتىنچى، يەر چېتىلاشنى توختىتىپ، ئىلگىرى تارتىۋېلىنغان جامائەت يەرلىرىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىش، ئۆشرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. قىسقىسى، باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى ئەسكەرلەر شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلق تەشنا بولۇۋاتقان بۇرژۇئاز دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسخېمىسىنى سىزىپ چىققانىدى. ئامما، پروگراممىدا يېتەرسىزلىكلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، يېزىلاردىكى كۆپ ساننى

ئىگىلىگەن رويخەتلىك دېھقانلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا ھېچقانداق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانىدى. بىراق، بۇ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى دۇنيادىكى ئەڭ دېموكراتىك سىياسىي پىروگراممىا بولۇپ، ئاممىۋى كۆرەشنى قوزغىتىش، ئىنقىلابنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

شۇنداق قىلىپ، 1647 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى بىلەن باراۋەرچىلەر مەزھىپى تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان پىروگراممىا تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزئارا قارشىلىشىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا لوندون ئەتراپىدىكى پاتنې دېگەن جايدا ئارمىيە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا تالاش ـ تارتىش كەسكىن بولدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىن كرومۋېل ۋە ئېلتون، باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىن پولكوۋنىك رايىنبورو ۋە سېكسبى، ئارمىيە سىرتىدىكى باراۋەرچىلەردىن ۋىلدىمان ۋە پېتتى قاتارلىق كەسكىن مۇنازىرىگە چۈشتى. تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ئاساسلىق مەسىلە دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت شەكلى ۋە ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى بولدى. باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەر پادىشاھلىق تۈزۈم تەبىئىي ھوقۇق تەلىماتى ۋە خەلق ھوقۇقى نەزەرىيەسى بىلەن چىقىشالمايدۇ، شۇڭا بۇ تۈزۈمنى بىكار قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكىلەر بولسا، پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش بىر قورقۇنچلۇق چوڭ سەكرەش، ئۇ دۆلەتنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ، شۇڭا پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئېلتون پادىشاھ بىلەن يۇقىرى پالاتانىڭ ھوقۇقى «ئەڭ قانۇنلۇق»، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا كېلىشىم شەكىللىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان دېگەننى تەكىتلىدى. ئىككى تەرەپ مۇنازىرىدە بىر ـ بىرىگە يول قويمىدى.

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكىلەر ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا

قەتئىي قارشى تۇردى. ئېلتون مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە ھەممە كىشى ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق مەۋجۇت ئەمەس، پادىشاھلىق بىلەن دائىملىق پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىلەردىن باشقا، ھەرقانداق كىشىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى، قانۇن ئارقىلىق بىزنى باشقۇرىدىغان ئادەمنى بېكىتىش ھوقۇقىمۇ يوق، شۇڭا پادىشاھلىق دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەردىن ۋەكىل سايلاپ چىقىش كېرەك.» ئېلتوننىڭ پادىشاھلىق بىلەن دائىملىق پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر دېگىنى، ئەمەلىيەتتە، مال ـ مۈلكى بار پومېشچىكلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر ئىدى. ئېلتون خەلققە كەمسىتىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، ھەتتا شەكىل جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. تېخى خەلقنىڭ پەقەت «يەر يۈزىدە ياشاش ھوقۇقىلا بار» دېدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى پېتتىنىڭ كۈچلۈك رەددىيەسىگە ئۇچرىدى. پېتتى مۇنداق دېدى: «بۇ دۇنياغا كېلىش ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ باراۋەر سايلام ھوقۇقى بولۇشى كېرەك.» ئېلتون يەنە خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغدىغۇچى قىياپىتىدە مۇنداق دېدى: ئەگەر سايلام ھوقۇقىنىڭ باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلساق، مال ـ مۈلۈك دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرايدۇ، مال ـ مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن، يەر ئىگىلىرى، سودىگەرلەر، كارخانا ئىگىلىرىلا بۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشى كېرەك. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى رىگى مۇنداق دېدى: «مال ـ مۈلۈكنى ساقلاپ قېلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلار كۆڭۈل بۆلىدىغانلارغا قارىغاندا بەش ھەسسە كۆپ، ئەگەر كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلار سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشسە، ئۇلار سايلاپ چىققان ۋەكىللەر خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكنى يوقىتىدىغان قانۇننى ئاسانلا تۈزۈپ چىقىدۇ.» بۇ قاراشقا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچى ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتتى. پېتتى يەنە مۇنداق دېدى: «ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى خۇسۇسىي مۈلۈكنى

يوقاتمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق.»
باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى رايىنبورو خەلقنىڭ سايلام ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى تارتىۋېلىنسا، ئەنگلىيەدە زوراۋان ھۆكۈمرانلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇستەبىتلىكى بۇرۇنقى پادىشاھ ھاكىمىيىتىدىن قېلىشمايدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقى مال ـ مۈلۈككە ئەمەس، بەلكى ئەقىل ـ ئىدراكقا مۇناسىۋەتلىك، بىر ئادەمنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلغانلىق.
ئۇ يەنە تەبىئىي ھوقۇق تەلىماتى ۋە خەلق ھوقۇقى قارىشى ئارقىلىق ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى ياقلىدى. سېكسبى ھەربىر ئەنگلىيەلىك مال ـ مۈلكىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي سايلامغا قاتنىشىشى كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، نامرات خەلقنىڭ سايلام ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا قارشى تۇردى.
ئومۇمەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق قارارغا كېلەلمىدى.
11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئارمىيە يىغىنى باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، كروموۋېل يىغىنغا كەلمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئارمىيە قۇرۇلتىيىنى ئېچىش ئارقىلىق «خەلق ئەھدىنامىسى»نى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقنى ئاۋازغا قويۇشنى قارار قىلدى.
باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پىلانىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار قوشۇننى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، ئۈچ جايدا ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى، بۇنىڭدىكى مەقسەت باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئاۋازغا قويۇشنى توسۇش ئىدى.
باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەر بولسا ھەربىي پارات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قوراللىق ھەيۋە كۆرسىتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك

ئوفىتسېرلارنى «خەلق ئەھدىنامىسى»نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى.

قوماندانلىق ئىشتاب ئەسلىدە پەقەت يەتتە ئەترەتنى ئۇيل دېگەن جايدا يىغىلىپ پارات ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇغانىدى. باراۋەرچىلەر مەزھىپى باشقا ئىككى ئەترەتنى سەپەرۋەر قىلىپ پاراتقا قاتناشتۇردى. بۇ توققۇز ئەترەتتىكى ئەسكەرلەر «خەلق ئەھدىنامىسى»نىڭ تولۇق تېكىستى يېزىلغان قەغەزنى قالپىقىغا چاپلىۋالغانىدى. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، فېرفاركىس، كرومۋېل قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار پارات مەيدانىغا كەلگەندە، باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر راينىبورو ئەسكەرلەر ئىچىدىن چىقىپ، «خەلق ئەھدىنامىسى»نى فېرفاركىسقا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما، كرومۋېلنىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلار ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، فېرفاركىس بىلەن كرومۋېل ھەربىر ئەترەتكە سۆز قىلىپ، ئەسكەرلەرنى قالپىقىغا چاپلىۋالغان «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئېلىۋېتىشكە چاقىردى ھەمدە ئۇلاردىن كوماندىرلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش قەسەمنامىسىگە ئىمزا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. كرومۋېلنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى يەتتە ئەترەت باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، قەسەمنامىگە ئىمزا قويدى ھەم قالپىقىغا چاپلىۋالغان «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئېلىۋەتتى، كېيىن قوشۇلغان ئىككى ئەترەت بۇنداق قىلىشنى رەت قىلدى، ئەمما ئۇلار پەقەت پاسسىپلىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ھەرىكەتلەنمىدى. كرومۋېل ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى توسۇش ئۈچۈن، پوپوزا قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، تۈيۈقسىزلا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئەسكەرلەر ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنى قالپىقىغا چاپلىۋالغان «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى ھەم بەزىلىرىنىڭكىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىۋەتتى، شۇنداقلا نەق مەيداندا باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى 14 ئەسكەرنى



www.uyghurkitap.com

قولغا ئېلىپ، دەرھال ھەربىي سوت تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ئەسكەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى، ئۇچەيلەننىڭ ئىچىدىكى بىرى (ئارنولد) نەق مەيداندىلا ئۆلتۈرۈلدى، قالغان ئىككىسىنىڭ جازاسى كېيىن يېنىكلىتىلدى. خۇددى ئەنگلىيەلىك تارىخشۇناس گاردىنوس ئېيتقاندەك، كرومۋېلنىڭ چاقماقتەك تېز ھەرىكىتى بىلەن «توپىلاڭچى قوشۇننىڭ تەرتىپى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.»

باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلار ئارىسىدىكى كۈرەش مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىر ئەجەللىك مەسىلىگە، يەنى مۇستەقىل تەشكىلگە ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقىغا سەل قارىغانلىقتىن بۇ كۈرەشتە مەغلۇپ بولدى. ئۇلار پەقەت دېموكراتىيە شوئارىنىلا توۋلاپ رېئال ھوقۇقنىڭ كۈچىگە سەل قارىدى، تەشكىل ۋە رھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە كرومۋېل قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار گەرچە پرىنسىپال مەسىلىلەردە بەزىدە يول قويغاندەك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە قەتئىي يول قويمىدى. كرومۋېل باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنى رەھبەرلىك ئورگىنىدىن بىر - بىرلەپ سىقىپ چىقارغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك نوپۇزىغا تايىنىپ، باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈجۈقتۇرۇۋەتتى. ئەسلىدە، باراۋەرچىلەر مەزھىپى 1647 - يىلى سەپەرۋەرچىلەر تەشكىلاتىنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنى مۇستەھكەملىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى ھەم ئۇنى مەركەز قىلىپ ئەسكەرلەر، جەمئىيەتتىكى ئۇششاق بۇرژۇئازلار، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈرەشلىرىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق قىلغان بولسا، باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ

كۆرەشتە غەلىبە قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

باراۋەرچىلەر مەزھىپى گەرچە بۇ كۆرەشتە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ 1647 ـ يىلى ئېلىپ بارغان تەشۋىقات ۋە كۆرەشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى يەنىلا ئىنتايىن زور بولدى. ئۇ شەھەر ـ يېزا ئۇششاق بۇرژۇئازلىرى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي ئاكتىپچانلىقى ۋە سىياسىي ئېڭىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ھوقۇقنى خەلققە مەنسۇپ قىلىش ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئىدىيەسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق كۆرەش نىشانى بولۇپ قالدى. 1649 ـ يىلى پادىشاھنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، يۇقىرى پالاتانىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ تەشەببۇسىنى نامايان قىلدى.

## 2.5 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى بىلەن باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئارىسىدىكى كۆرەش پادىشاھنىڭ ھىمايىچىلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئاكتىپلىق بىلەن كۈچ تەشكىللەپ، قايتىدىن ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ستيۇئارت خانىدانلىقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەييارلاندى. ئەمما، ئۇلار بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم سىرتقى كۈچنىڭ ياردىمىگە تايىنىشىمىز لازىم دېگەن قاراشقا كەلگەچكە، شوتلاندىيەلىكلەر بىلەن قايتىدىن تىل بىرىكتۈردى. ئەسلىدە شوتلاندىيەلىكلەر دەسلەپتە ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ زوراۋان مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. كېيىن ئەنگلىيە ئىنقىلابىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى، بولۇپمۇ باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شوتلاندىيە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بەردى. شىمالدىكى فېئودال



www.uyghurkitap.com

پومپىشچىكلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوڭ قانات ئۆتىسۇرلار پادىشاھقا مايىل بولۇشقا باشلاپ، ئەنگلىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىشىش قارارىغا كەلدى. 1647 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇلار ۋايت ئارىلىدا نەزەربەند قىلىنىۋاتقان چارلىس I بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ 2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشنى پىلانلىدى.

1648 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى جەنۇبىي ۋالېستا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، پېمبىروكس قەلئەسىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق باشلاندى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى يەنە كېنتتا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى بېسىۋالدى ھەمدە لوندونغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدىكى بالۇيكمۇ پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 7 ـ ئايدا، شوتلاندىيە قوشۇنى پادىشاھ ھىمايىچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ زور ھۇجۇم قوزغىدى، ئۇرۇش ئوتى ھەممە يەرگە تۇتاشتى.

يېڭى ئىچكى ئۇرۇش باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنى قايتا ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى، ئەمما، بۇنىڭغىمۇ جەريان كەتتى. ئەسلىدە كرومۋېل قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن يارىشىشنى ئويلىمىغان، ئەكسىچە چارلىس I گە ئۈمىد باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىرچىل ئالاقە قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمنى قوبۇل قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇلار 1647 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پادىشاھنىڭ خانىشقا يازغان خېتىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىنلا، پادىشاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. چۈنكى، بۇ خەتتە پادىشاھ شوتلاندىيەلىكلەرنىڭ قوللىشىنى قوبۇل قىلسام قىلىمەنكى، كرومۋېلنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلمايمەن دېگەنىدى. 1648 ـ

يىلى باھاردا 2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، كرومۋېل ئاندىن باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن قايتا بىرلىشىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ۋىندسوردا ئوفىتسېرلار يىغىنى ئېچىلىپ، باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلار ۋە ئەسكەر سەپەرۋەرچىلەرمۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىندى. يىغىندا ئىككى تەرەپ بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنى يوقىتىپ، چارلېس I نى سوتلاپ جازالاشنى قارار قىلدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلار باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن «خەلق ئەھدىنامىسى»نى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى.

ۋىندسور يىغىنى باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنىڭ قايتا ھەمكارلىشىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئۇرۇش ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ توپىلىڭى بىر ـ بىرلەپ تىنچىتىلدى. كرومۋېلنىڭ قوشۇنى پرىنستوندىكى جەڭدە شوتلاندىيە قوشۇنىنى تارمار قىلدى. 1648 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، كرومۋېلنىڭ قوشۇنى شوتلاندىيەدىكى ئېدىنبورگنى ئىشغال قىلدى. يىل ئاخىرىدا 2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى.

2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن، مۆتىۋەرلەر مەزھىپى باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدىغان ئورتاق دۈشمەنگە ئايلاندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش باشلىنىش ھارپىسىدىلا، مۆتىۋەرلەر مەزھىپى باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئەۋجگە چىققان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پارلامېنتتىكى ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، پارلامېنتتا يەنە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىۋالغانىدى. 2 ـ

قىتىملىق ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا، ئۇلار ساتقىنلارغا ئايلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، بولۇپمۇ ھەربىي تەمىنات جەھەتتە قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، كرومۋېلنىڭ بېشىنى تولىمۇ قاتۇرۇۋەتتى. بۇ چاغدا مۆتىۋەرلەر مەزھىپى ئەمەلىيەتتە چۈشكۈنلىشىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئايلانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، 2 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پارلامېنتتىكى مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئەمما، بۇ مەسىلىدە مۇستەقىللچىلەر مەزھىپى بىلەن باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئىختىلاپ بار ئىدى. مۇستەقىللچىلەر مەزھىپى پەقەت مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلاتتى. باراۋەرچىلەر مەزھىپى بولسا مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىمۇ تەلەپ قىلاتتى. مۇستەقىللچىلەر مەزھىپى مۆتىۋەرلەر مەزھىپى بىلەن كۈرەش قىلىشتا باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلاجسىز ئۇلارغا يول قويدى. 1648 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېچىلغان ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا مۇستەقىللچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلار يازغان «ئارمىيە ئېتىرازنامىسى» ماقۇللاندى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭى پارلامېنت سايلاپ چىقىش، تۆۋەن پالاتاغا ئەڭ ئالىي ھوقۇق بېرىش بولۇپ، دۆلەتنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسى ۋە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى تىلغا ئېلىنمىغانىدى.

مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئارمىيە 1648 ـ يىلى 12 ـ ئايدا لوندونغا 2 ـ قېتىم

يۈرۈش قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە، پولكوۋنىك پلېيد قوماندانلىقىدىكى پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر پارلامېنت بىناسىنى قورشىۋالدى. پلېيد قولىدىكى تىزىملىككە ئاساسەن، مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكى 96 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنى قوغلاپ چىقاردى، يەنە 47 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەن پالاتادا مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكىلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ ئارانلا 50 چە پارلامېنت ئەزاسى قالدى. شۇڭا كېيىن بۇ پارلامېنت «كەمتۈك پارلامېنت» دەپ ئاتالدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى ھوقۇقنى قولغا ئالدى.

مۆتىۋەرلەر مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، پادىشاھنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نەزەرىدە، پادىشاھ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، ئۆلۈمگە مەھكۇم دۈشمەن ئىدى. باراۋەرچىلەر مەزھىپى خەلقنىڭ ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، پادىشاھنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. 1648 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بىرقانچە قېتىم يىغىن ئېچىپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. چۈنكى، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئايرىم پىلانى بار ئىدى، يەنى چارلېس I نى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ماركىز گروسېت (شۇ چاغدا ئۇن ياشتا ئىدى)نى تەختكە چىقارماقچى ئىدى. روشەنكى، ئۇلار كۆز بوياmaقچىلىق قىلىپ، يەنىلا پادىشاھلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتاتتى. كروموېلنىڭمۇ دەسلەپتە پادىشاھنى باستۇرۇش نىيىتى يوق ئىدى، كېيىن پوزىتسىيەسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، پادىشاھنى قاتتىق جازالاشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئالدى بىلەن كەڭ خەلقنىڭ كۈچلۈك بېسىمىنىڭ نەتىجىسى ئىدى: شۇ چاغدا نۇرغۇن ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋە ئەسكەرلەر پادىشاھنى باش جىنايەتچى قاتارىدا جازالاشنى بىردەك تەلەپ قىلغانىدى، بولۇپمۇ لوندوننىڭ شىمالىدىكى ئۇششاق قول سانائەتچىلەر، ئۇستىلار،



www.uyghurkitap.com

شاگىرتلار، ئىشچىلار ۋە ئامرات دېھقانلارنىڭ پوزىتسىيەسى ئېنىق قەتئىي ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، 1646 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پادىشاھنىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىگە يازغان خېتى بايقىلىپ قالغانىدى. خەتتە: «مەن لوندونغا قايتىشقا تىرىشىۋاتىمەن... مەن مۆتىۋەرلەر مەزھىپى ياكى مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنى ئۆزۈمگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى يوقىتىپ، يەنە ھەقىقىي پادىشاھ بولىمەن، بۇنىڭدىن ئۈمىد بار» دېيىلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھقا ئىزچىل ئۈمىد باغلاپ كەلگەن كرومۋېل چارلېس I نى ساقلاپ قېلىشنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. شۇڭا، ئۇ خەلقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پادىشاھنى سوتلاشنى قارار قىلدى.

1648 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، كرومۋېلنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، پادىشاھ لوندون ئەتراپىدىكى ۋىندسور قەلئەسىگە ئېلىپ كېلىنىپ سوتلىنىشنى كۈتتى. 1649 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، تۆۋەن پالاتا قارار ماقۇللاپ، پادىشاھنى پارلامېنتقا قارشى تۇرۇش ۋە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەشنى، ئالىي سوت تەشكىللەپ پادىشاھنى سوتلاشنى جاكارلىدى. ئەمما، ئەتىسى يۇقىرى پالاتا تۆۋەن پالاتانىڭ بۇ قارارىنى ئىنكار قىلدى.

يۇقىرى پالاتانىڭ بۇ ئىشقا قارىتا، تۆۋەن پالاتا 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يەنە قارار ماقۇللاپ مۇنۇلارنى جاكارلىدى: «تەڭرى بىلىدۇكى، خەلق بارلىق ھوقۇقنىڭ مەنبەسى... پارلامېنتتىكى خەلق سايلىغان، خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۆۋەن پالاتا بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە ... گەرچە پادىشاھ ياكى يۇقىرى پالاتانىڭ قوللىشىغا ياكى تەستىقلىشىغا ئېرىشمىسىمۇ، تۆۋەن پالاتا بېكىتكەن ياكى ئېلان قىلغان ھەرقانداق قانۇن ئوخشاشلا قانۇنىي كۈچكە ئىگە. بۇ دۆلەتتىكى بارلىق كىشىلەر مۇشۇ قانۇنلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ». بۇ قارار يۇقىرى پالاتانىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، تۆۋەن پالاتانىڭ

دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، تۆۋەن پالاتانىڭ 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى قارارىنى قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلدى. تۆۋەن پالاتانىڭ بۇ قارارى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لوندون ئاھالىسى پارلامېنتقا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، تۆۋەن پالاتا ماقۇللىغان پادىشاھنى سوتلاش ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۆۋەن پالاتاغا مەنسۇپ قىلىش ھەققىدىكى قارارنى قۇۋۋەتلىدى.

پادىشاھنى سوتلاش ئۈچۈن دەرھال «ئالىي سوت» تەشكىللىنىپ، كرومۋېل ۋە مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى بەزى ئوفىتسېرلار سوتچىلىققا تەيىنلەندى. 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوت باشلاندى. سوت داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە مۆتىۋەرلەر مەزھىپىدىكىلەر پادىشاھنى سوتلاشقا ئېتىراز بىلدۈرۈپلا قالماي، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى نۇرغۇن كىشىمۇ پادىشاھنى جازالاشقا پېتىنالمىدى. ئەمما خەلق ئاممىسى ھەر كۈنى سوت ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى سوتچىلارغا ئۈزۈكسىز بېسىم ئىشلەتتى. ھەر قېتىم پادىشاھ سوتقا كىرىپ ـ چىققاندا، ئامما «ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ئالىي سوت پادىشاھقا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، سوت ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى. ھۆكۈمنامە ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن، سوت رەئىسى بىلادشاۋ ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، قانۇن پادىشاھتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەمما پارلامېنت قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى قانۇننى خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارلامېنت تۈزۈپ چىققان، شۇڭا سوتچىلارنىڭ قانۇنغا ئاساسەن پادىشاھنى سوتلىشى قانۇنلۇق، دېدى. بىلادشاۋ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كاتىپى ھۆكۈمنامىنى ئوقۇدى، ھۆكۈمنامىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «چارلېس ستۇئارت

زوراۋان پادىشاھ، خائىن، قاتىل ۋە دۆلەتنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.»
1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، تۈمەنلىگەن ئامما ئالدىدا، چارلېس I نىڭ كاللىسى ئېلىندى.
پادىشاھ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئەمەلىيەتتە بىر جۇمھۇرىيەتكە ئايلىنىپ قالدى، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىمۇ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى، چۈنكى ئۇلار ئېتىراپ قىلمىسا، خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنالمايتتى، ھۆكۈمرانلىقمۇ لىڭشىپ قالاتتى.
2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تۆۋەن پالاتا يۇقىرى پالاتانى ساقلاپ قېلىش ـ قالماسلىق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، كرومۋېل باشچىلىقىدىكى تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى يۇقىرى پالاتانى مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى قاتارىدا ساقلاپ قېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما بۇ تەكلىپ 29 غا قارشى 44 ئاۋاز بىلەن رەت قىلىنىپ، يۇقىرى پالاتانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارى ماقۇللاندى.
2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تۆۋەن پالاتا يەنە پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى. قارارىدا مۇنۇلار جاكارلاندى: «بۇ دۆلەتتە پادىشاھلىق ئورۇننىڭ ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق ھاكىمىيەتنىڭ مەلۇم بىر كىشىگە مەنسۇپ بولۇشىنىڭ تولىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكى، بۇنىڭ دۆلەتنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن سىغىشالمايدىغانلىقى ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدى، شۇڭا بۇ تۈزۈمنى بىكار قىلىش زۆرۈر.»
يۇقىرى پالاتا ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى ئىككى قارار 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋە 19 ـ كۈنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قانۇن قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە «پادىشاھ ۋە يۇقىرى پالاتا بولمىغان» بىر پالاتالىق جۇمھۇرىيەتكە ئايلاندى.
ئەمما، پادىشاھنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى، يۇقىرى پالاتا

بىلەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق ئەھدىنامىسى»نىڭ تەلىپىدىن تېخى يىراق ئىدى. چۈنكى، مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى تارقىتىۋەتمىدى، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئېلان قىلمىدى ھەم بۇ تۈزۈم ئاساسىدىكى يېڭى پارلامېنتنىمۇ سايلاپ چىقمىدى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، تۆۋەن پالاتا يەنە ئۆز قارىمىقىدا دۆلەت ئىشلىرى كېڭەشىنى تەسىس قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى. 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، دۆلەت ئىشلىرى كېڭەشى رەسمىي قۇرۇلدى. دۆلەت ئىشلىرى كېڭەشىگە قاتناشقان 41 كىشىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كرومۋېل قاتارلىق مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىرى ئىدى. قانۇنىي جەھەتتە، دۆلەت ئىشلىرى كېڭەشى پارلامېنت قارىمىقىدىكى ئورگان بولۇپ، پارلامېنتنىڭ يوليورۇق، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلاتتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئىشلىرى كېڭەشى پۈتۈن ئارمىيەنى كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، ھوقۇقى چەكسىز ئىدى، شۇڭا ئۇنى پارلامېنتنىڭ ئۈستىدە دېيىشكە بولاتتى.

## 3 - بۆلۈم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشتىن 1688 - يىلىدىكى ئىنقىلابقىچە

### 1. جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدىكى خەلق ھەرىكىتى

خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىكىشىدە مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، بۇ جۇمھۇرىيەتنى مۇستەقىللىچىلەر مەزھىپى چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بۇرژۇئازىيە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جۇمھۇرىيىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىچكى - تاشقى

سىياسىتى بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇرۇنقى مۆتىۋەرلەر مەزھىپى كونتروللۇقىدىكى پارلامېنتقا ئوخشاش مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى ھۆكۈمىتى يەر مەسىلىسىنى دېھقانلارغا پايدىلىق ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنى ئەسلا خالىمىدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى ھۆكۈمىتى دىنىي جەمئىيەت، پادىشاھ ۋە پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ يەرلىرىنى تالاشتۇرۇپ ساتتى. تالاشتۇرۇپ سېتىش جەريانىدا خىلمۇخىل چەكلىمىلەرنى قويۇپ، كۆپ قىسىم يەرلەرنى بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ھەمدە دېھقانلارنىڭ فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ساقلاپ قالدى.

جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسەت جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى ئاكتىپ يۈرگۈزدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۈچۈن دېڭىزدىكى سودا ھوقۇقى ۋە دۇنيادىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش ئىدى. 1649 ـ يىلىدىن 1651 ـ يىلىغىچە، ھۆكۈمەت بىر چوڭ فىلوت قۇرۇپ، 40 ھەربىي كېمىنى قوراللاندۇردى. شۇ چاغدا گوللاندىيە ئەنگلىيەنىڭ كۈچلۈك رەقىبى ئىدى. 17 ـ ئەسىردە گوللاندىيە «دېڭىزدىكى ھارۋىكەش» دەپ نام ئالغان بولۇپ، گوللاندىيە سودىگەرلىرى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىنىڭ سودىسىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى، بۇنىڭدىن ئۇلار زور پايدىغا ئېرىشەتتى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1650 ـ يىلى ۋە 1651 ـ يىلى ئىككى قېتىم مۇھىم پەرمان ــ «دېڭىز قاتنىشى نىزامى»نى ئېلان قىلدى. 1650 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان پەرماندا، چەت ئەللىكلەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرى بىلەن سودا قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى؛ 1651 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان پەرماندا، ياۋروپادىن باشقا جايلار ئىشلەپچىقارغان تاۋارلار پەقەت ئەنگلىيە دېڭىزچىلىرى باشقۇرغان ئەنگلىيە پاراخوتلىرىغا

بېسىلغاندىلا ئەنگلىيە زېمىنىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تاۋارلىرى ئەنگلىيە پاراخوتلىرى ياكى بۇ تاۋارلارنى ئىشلەپچىقارغان دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتلىرىغا بېسىلغاندىلا ئەنگلىيە زېمىنىغا كىرىشكە يول قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ پەرماننى ئېلان قىلىشتىكى مەقسەت گوللاندىيەنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرى ۋە ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىش ئىدى. گوللاندىيە ئەلۋەتتە ئەنگلىيەنىڭ «دېڭىز قاتنىشى نىزامى»نى ئېتىراپ قىلمايتتى. شۇڭا، 1652 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، ئەنگلىيە غەلىبە قىلدى. 1654 ـ يىلىدىكى سۈلھى كېلىشىمىدە، گوللاندىيە ئەنگلىيەنىڭ «دېڭىز قاتنىشى نىزامى»نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، دېڭىز سودىسىدىكى مونوپوللۇق ئورنىدىن ۋاز كەچتى.

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى كونتروللۇقىدىكى جۇمھۇرىيەت بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا كۈچەپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەبىر ـ جاپاسىنى كۆرمەسكە سالدى. شۇڭا، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاممىۋى ھەرىكەتلەر تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، «يەر قازغۇچىلار ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان ئاممىۋى ھەرىكەت بارلىققا كەلدى. ئالدىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ يەر سىياسىتى دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان تەلىپىنى قاندۇرالمىغانىدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ناچارلاشتى. بۇ، «يەر قازغۇچىلار ھەرىكىتى»نىڭ قوزغىلىشىدىكى سەۋەب ئىدى.

يەر قازغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىسى گېرارد ۋېنستىنستانلېي: يەرگە خۇسۇسىيلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى نامراتلىقنىڭ مەنبەسى، شۇڭا يەرگە ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدىيەسى دېھقانلارنىڭ ئىپتىدائىي «كوممۇنىزم» ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. يەر قازغۇچىلار ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز

غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ يەر ئېچىپ ئۆزلىرى ئۆزلەشتۈرگەن يەرلەرنى ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئەمما، 1651 ـ يىلى كرومۋېلنىڭ قوشۇنى زوراۋانلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئۇلارنى باستۇردى. يەر قازغۇچىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلاتتى.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ھەرىكىتى يەنە جانلاندى. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار ئىدى: «بىرى، 1649 ـ يىلى مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى خەلقنىڭ كۈچلۈك بېسىمىدا بىر پالاتالىق جۇمھۇرىيەتنىڭ (بۇ، باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ پىروگراممىسىدىكى تەلەپلەرنىڭ بىرى ئىدى) قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ۋەدىسىدە تۇرماي، «خەلق ئەھدىنامىسى»نى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرمىدى، شۇڭا باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئۆز پىروگراممىسىدىكى تەلەپلەرنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قايتا كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ يەنە بىرى، ئېغىر ۋاستىلىك باج، ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈشى، ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىشىچە، لانگاستېردا ئاشلىق ناھايىتى قىس بولغانلىقتىن، نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر دۆلەتتىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ھايانكەشلىك قىلىپ تازا بېيىۋالغان. رەھىمسىز رېئاللىق خەلق ئاممىسىنى تەربىيەلىدى ھەم باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ يېڭى كۈرەشكە ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

1648ـ يىلى 12 ـ ئايدىلا، لىلبورن ئۆزى يازغان «ئورتاق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكىمىزنى قوغدايلى» دېگەن كىتابچىدە مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنى

سۆككەندى. 1649 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۆۋەن پالاتا قارار ماقۇللاپ، باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ بۇ كىتابچىنى نەشر قىلىشنى مەنئى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن باراۋەرچىلەر مەزھىپى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۆۋەن پالاتاغا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئوفىتسېرلار كېڭىشى تۆۋەن پالاتاغا ئارمىيە ئىچىدە «پاراكەندىچىلىك» تۇغدۇرغان باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا قانۇن ئېلان قىلىش تەكلىپىنى بەردى. باراۋەرچىلەر مەزھىپى قىلچە بوشاشماي كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. لىلبورن «ئەنگلىيەدىكى يېڭى ئاسارەتنى ئېچىپ تاشلايلى» دېگەن يەنە بىر كىتابچىنى يېزىپ چىقىپ، 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇنى مۇراجىئەتنامە شەكلىدە پارلامېنتقا سۇندى. لىلبورن بۇ كىتابچىدە مۇستەقىللچىلەر مەزھىپى كونتروللۇقىدىكى جۇمھۇرىيەتنى قاتتىق سۆكۈپ، يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىلمىغان بۇ ئورگاننىڭ «ئۆز ھوقۇقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ۋە پارلامېنتنى مەڭگۈ يوقىتىۋېتىش نىيىتى»دىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى، چۈنكى «پۈتۈن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنى تىزگىنلىۋالغان» بۇ ئورگاننىڭ «ئۆزىنى مۇتلەق ۋە مەسئۇلىيەتسىز ئورگانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئېھتىماللىقىنىڭ ناھايىتى چوڭ» ئىكەنلىكىنى، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنىڭ يېرىمىنى بۇ ئورگاننىڭ تارتىۋالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىنى تارقىتىۋېتىش، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كومىتېت تەشكىللەپ دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، بۇ كومىتېت پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تەكلىپىنى بەردى. يەنە پارلامېنت ئەزالىرى ئىچىدە ھەربىي ۋەزىپىسى بارلارنىڭ ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. روشەنكى، بۇ كرومۋېلغا قارىتىلغان بولۇپ، لىلبورن

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ھەربىي قوماندان كرومۋېلنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ ھەربىي مۇستەبىتلىك قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1649 ـ يىلىلا لىلبورن كرومۋېلنىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىك قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يەتكەنىدى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى لىلبورن «ئەنگلىيەدىكى يېڭى ئاسارەتنى ئېچىپ تاشلايلى» دېگەن كىتابچىسىنىڭ 2 ـ قىسمىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ كىتابچىدە پارلامېنتنى داۋاملىق سۆكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارلامېنتتىن خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداشنى، خەلقنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ساقلاشنى ئىلتىجا قىلدى. يەنە خەلقنى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. يەنە جۇمھۇرىيەت ھوقۇقىنى ئەمگەكچى خەلق ۋە نامراتلارنىڭ پاراۋانلىقى جەھەتتە ھېچقانداق ئىش قىلىپ بەرمىگەنلىكىنى، ئەمەلدارلارنىڭ ۋە مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ئېپىسكوپ، پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ يەرلىرىنى تالاشتۇرۇپ ساتقاندا يەرلەرنى ئەرزان باھادا قولىغا كىرگۈزىۋالغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئاخىرىدا ئۇ تۆۋەن پالاتانىڭ «خەلق ئەھدىنامىسى»نى تېزدىن قايتا قاراپ چىقىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت لىلبورننىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لىلبورن ۋە ئوۋېرتون قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى، ئارقىدىنلا دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى ئۇلارنى سوراق قىلدى. سوراق جەريانىدا، لىلبورن تىز پۈكمەس ئىنقىلابىي روھىنى نامايان قىلدى، ئۇ دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى ئالدىدا شىلەپىسىنى ئېلىۋېتىشنى رەت قىلدى، دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىنىڭ ئۆزىنى سوراق قىلىش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلدى

www.uyghurkitap.com

ھەمدە سوراق جەريانىدا ئۆزىگە تولۇق ئەركىنلىك بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

لىلبورن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنىشى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 30 مىڭ كىشى ئىمزا قويغان مۇراجىئەتنامە پارلامېنتقا سۇنۇلدى. 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۆۋەن پالاتا يەنە 80 مىڭ كىشى ئىمزا قويغان مۇراجىئەتنامىنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇ ئىككى مۇراجىئەتنامىدە لىلبورن قاتارلىق كىشىلەرنى قويۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، بىرقانچە يۈز ئايال مۇراجىئەتنامىنى كۆتۈرۈپ پارلامېنت ئەتراپىدا نامايىش قىلدى ھەمدە پارلامېنت بىناسىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بولدى. نامايىشچى ئاياللارنىڭ كۆپ قىسمى قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر، ئۇستىلار ۋە شەھەرلەردىكى نامراتلارنىڭ ئاياللىرى ئىدى.

لىلبورننىڭ قولغا ئېلىنىشى باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، ئۇلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ زوراۋان سىياسىتىگە جاۋاب قايتۇرماقچى بولدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇلار يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى»نى ئېلان قىلدى، بۇ ئەھدىنامىدە بۇرۇنقى «خەلق ئەھدىنامىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە ۋە پرىنسىپلار تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى سىنتىپىي كۈرەش جەريانىدا شەكىللەنگەن سىياسىي پروگراممىسى ھېسابلىناتتى.

يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى»دە «دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى باراۋەر نىسبەت بويىچە سايلاپ چىقىلغان 400 ئەزادىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئورگىنىغا مەنسۇپ قىلىش» بەلگىلەندى. باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىن بۇرۇن، ھېچقانداق سىياسىي پارتىيە

نوپۇس نىسبىتى بويىچە ۋەكىل سايلاپ چىقىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان بولۇپ، بۇنى باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىشكە بولاتتى. يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى» دە يەنە، چاكارلار ۋە سەدىقىگە تايىنىپ جان باقىدىغانلاردىن باشقا، 21 ياشتىن ئاشقان بارلىق ئەرلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى بولىدۇ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ئوفىتسېرلار ۋە مالىيە خادىملىرىنىڭ ۋەكىللەر ئورگىنىغا ئەزا بولۇپ سايلىنىشىغا بولمايدۇ، شۇنداقلا ۋەكىللەر ھەربىي، مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەشكە ياكى ئەدلىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭدا مەمۇرىيەت بىلەن قانۇن چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى ھوقۇقنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، ناۋادا بۇ ئىككى ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلسە «ئادالەتسىزلىك» كېلىپ چىقاتتى. بۇ بەلگىلىمىلەردىن باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش، يەنى قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيەنىڭ بىر ئورگاننىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، «بىر ئادەمنىڭ ئۇدا ھوقۇق تۇتۇشى تۇپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان خەۋپ ۋە قولايسىزلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن» ۋەكىللەر ئورگىنىدىكى ھەرقانداق ئەزانىڭ ئۇدا سايلىنىشى ۋە ۋەزىپە ئۆتۈشىگە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى»دە يەنە بىر پالاتالىق پارلامېنت تەشكىللەپ، يىلدا بىر قېتىم سايلام ئۆتكۈزۈش تەشەببۇس قىلىندى. چۈنكى، باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنىڭ ئۇزۇن يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ مۇستەبىتلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئەھدىنامىدە يەنە، پارلامېنت يىغىلمىغان مەزگىلدە پارلامېنت كومىتېتى تەشكىللەپ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەمۇرلار

www.uyghurkitap.com

پارلامېنتقا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش، پارلامېنتنىڭمۇ مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىق بەلگىلەندى.

باراۋەرچىلەر مەزھىپى خەلق ھوقۇقى ئىدىيەسىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇلار مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇلار يەنە سودا ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىپ، سودا مونوپول تۈزۈمىگە قارشى تۇردى. چۈنكى، سودا مونوپول تۈزۈمى ئوتتۇرا، ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سودىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بولۇپ، بۇ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى.

يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى»دە يەنە ھەرقانداق ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقىلارغا تەقسىملەپ بېرىش، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ياكى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش ھوقۇقى يوق، دەپ جاكارلاندى.

يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى» شۇ چاغدىكى ئەڭ ئىلغار بۇرژۇئاز دېموكراتىك پىروگراممىسى بولۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان باراۋەرچىلەر مەزھىپىنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورال ۋە ھەرىكەت پىروگراممىسى بىلەن تەمىنلىدى.

5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قوشۇنلار ئايرىم ـ ئايرىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئوكسفورد ۋىلايىتىدىكى قوزغىلاڭچىلار كاپىتان تومسوننىڭ رەھبەرلىكىدە ھەققانىي سۆزلەر بىلەن تولغان بىر خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى مۇستەبىتلەر مەزھىپىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. خىتابنامىدە، قوزغىلاڭنىڭ مەقسىتى «ئەنگلىيەنى زوراۋان ھاكىمىيەتنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، «ھوقۇق مۇراجىئەتنامىسى»نى قوغداپ، قانۇنسىز قامالغان كىشىلەرنى

قاماقتىن بوشىتىپ، نامراتلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى»دىكى بارلىق تەلەپ ـ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەپ كۆرسىتىلدى. يەنە، ئەگەر كىم لىلبورن قاتارلىق كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنىدىكەن، شۇنىڭغا قاتتىق ۋاستە قوللىنىلىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلدى، شۇنداقلا قاچان يېڭى «خەلق ئەھدىنامىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرىنسىپ بويىچە خەلق ۋەكىللىرى ئورگىنىنى سايلاپ چىقىلسا، قوزغىلاڭچىلار شۇ چاغدا قورال تاشلايدۇ، دەپ ئەسكەرتىلدى.

مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭچىلارغا ئىككى بىسلىق تەدبىر قوللاندى: بىر تەرەپتىن، قوزغىلاڭچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى بالدۇرراق تارقىتىۋېتىپ، يېڭى پارلامېنت تەشكىللەشكە ۋەدە بەردى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ يالغان ۋەدىلەر ئارقىلىق، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماقچى ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قوزغىلاڭچىلار باستۇرۇۋېتىلدى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان كاپىتان تومسون باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولدى.

قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچى، باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئۆز پىروگراممىسىدا پەقەت سىياسىي دېموكراتىيىنىلا تەكىتلەپ كەڭ نامرات خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تەلىپىگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئاممىسى بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرلەشمىدى؛ ئىككىنچى، باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىرىدىن لىلبورن قاتارلىق كىشىلەر تۈرمىگە قاماقلىق بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار ئىقتىدارلىق رەھبەردىن مەھرۇم قالدى.

1649 ـ يىلى كۈزدە، باراۋەرچىلەر مەزھىپى يەنە بىر قېتىم

قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ ئىككى جايدا پارتلىدى، يەنى ئوكسفورد ۋىلايىتىدە ئىنگلىسبى قىسمىدىكى ئەسكەرلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ۋاساست ۋىلايىتىدە باراۋەرچىلەر مەزھىپىگە تەۋە بولغان ئاتلىق ئەسكەرلەر بايراقچىسى دىگەن رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئوكسفورد ۋىلايىتىدىكى قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق ئەھدىنامىسى» ئاساسىدا يېڭى پارلامېنت تەشكىللەش، ئەسكەر سەپەرۋەرچىلەر قاتناشقان ئارمىيە كېڭىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دىنىي جەمئىيەتكە بېرىلىدىغان ئۈشرە، دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى بىكار قىلىش، ئەسكەرلەرنىڭ بېرىلمىگەن ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ بېرىش قاتارلىق بىر قاتار كونكرېت سىياسىي، ئىقتىسادىي تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەمما، داغدۇغىلىق باشلانغان قوزغىلاڭ يەنە مەغلۇپ بولدى، ھەر ئىككى جايدىكى قوزغىلاڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باستۇرۇۋېتىلدى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ يەنىلا باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلىكتەك ئەجەللىك ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى، چۈنكى باراۋەرچىلەر مەزھىپى كەڭ دېھقانلارنىڭ يەر تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان يەر پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانىدى.

قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى لىلبورنىنى يەنە سوراق قىلدى. سوراق جەريانىدا، لىلبورن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر قانۇن بىلىمى ۋە مۇنازىرە تالانتىنى نامايان قىلدى، ئۇنىڭ سۆزى سوتچىلار ۋە تەجرىبىلىك ئادۋوكاتلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆزى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتلەرنى بىر -

بىرلەپ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. باش تەپتىش ئۇنىڭ جىنايىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە، ئۇنى ئۆزى يازغان كىتابچىدىكى ھۆكۈمەتنى سۆككەن سۆز ـ جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ئەمما ئۇ ئوقۇغان سۆز ـ جۈملىلەر ئەكسىچە رول ئويناپ، ئاڭلىغۇچىلار ۋە زاسېداتېللارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىدى. ئاخىرىدا، زاسېداتېللار لىلبورنىنى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئەنگلىيە ئىنقىلابىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئەنگلىيە جۇمھۇرىيىتى باراۋەرچىلەر مەزھىپى قوزغىغان خەلق ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە قۇرۇلغانىدى. باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ جۇمھۇرىيەتكە كۈچلۈك يۆلەك بولغانىدى. باراۋەرچىلەر مەزھىپى يوقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىمۇ ئىشەنچلىك كاپالەتتىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ، كرومۋېلنىڭ 1653 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ھەربىي مۇستەبىت تۈزۈمنى ئورنىتىشىغا يول ھازىرلىدى.

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدە، ئەنگلىيەنىڭ ئىرېلاندىيەگە يۈرۈش قىلىشىدىن ئىبارەت يەنە بىر مۇھىم سەۋەبمۇ بار ئىدى.

## 2. ئىرېلاندىيەگە يۈرۈش قىلىش ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

ئەنگلىيە 12 ـ ئەسىردىن باشلاپلا ئىرېلاندىيەگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغانىدى. بىرقانچە قېتىم تاجاۋۇز قىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىر ئىرېلاندىيەنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبى قىسمىدا مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ئىرېلاندىيەلىكلەر ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا

ئۆزۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى. 1641 ـ يىلى ئىرېلاندىيەلىكلەر ئەنگلىيەدە ئىنقىلاب بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلىرى ئىرېلاندىيەگە دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت ئىچىدە ئەۋجىگە چىققان سىنىپىي كۈرەش تۈپەيلىدىن، ئىرېلاندىيەگە قوشۇن ئەۋەتىشكە تەرەددۇت قىلالمىدى. پەقەت 1649 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىرېلاندىيەگە قوشۇن ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىرېلاندىيە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە ئەنگلىيەدىكى پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش ئىدى. چۈنكى، 1649 ـ يىلى پادىشاھلىق تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى بىلەن ئىرېلاندىيەلىكلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىرېلاندىيەنى تايانچ بازا قىلىپ، ئەنگلىيە ئىنقىلابىنى ئۇججۇقتۇرۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى. ۋاھالەنكى، ئەنگلىيە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىرېلاندىيەگە قوشۇن ئەۋەتىشنى قارار قىلىشىدا، يەنە يوشۇرۇن مەقسەتلىرىمۇ بار ئىدى، يەنى ئۇلار ئالدى بىلەن ئىرېلاندىيەنىڭ بايلىق ۋە يەر ـ زېمىنىنى تالان ـ تاراج قىلىشنى، ئاندىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ھەرىكىتىنى تارمار قىلىشنى(شۇ چاغدا باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ھەرىكىتى تېخى تولۇق مەغلۇپ بولمىغانىدى) ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، باراۋەرچىلەر مەزھىپىدىكى ئەسكەرلەرنى چەت ئەلگە ئەۋەتىش باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ھەرىكىتىنى پارچىلاشتىكى ئەڭ ياخشى چارە ئىدى.

1649 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، كروموۋېل بىر بۆلەك قوشۇننى يۇرۇشكە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى، ئەمما بۇ باراۋەرچىلەر

www.uyghurkitap.com

مەزھەپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن يۇرۇش ۋاقتىنچە توختاپ قالدى. پەقەت باراۋەرچىلەر مەزھىپىنىڭ ماي ئېيىدىكى قوزغىلىڭى تىنچىتىلىپ، ئارمىيەدىكى دېموكراتلار تازىلانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاندىن ئىرېلاندىيەگە قوشۇن ئەۋەتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. شۇڭا، ئىرېلاندىيەگە يۇرۇش قىلىش دەسلىپىدىلا ئەكسىيەتچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالدى.

1649 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كروموۋېل شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ، ئىرېلاندىيەگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشنى باشلىدى. ئۇرۇش ئۈچ يىل داۋاملاشتى (1650 ـ يىلى كروموۋېل ئەنگلىيەگە قايتىپ، قوماندانلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى)، 1652 ـ يىلى ئىرېلاندىيە ئاخىر بويسۇندۇرۇلدى.

ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى ئىرېلاندىيەنىڭ ھەممە يېرىدە باتۇرانە قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، كروموۋېل ۋاسىتە تاللاپ ئولتۇرمىدى، بەزىدە ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئاچارچىلىق پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرماقچى بولدى، بەزىدە دىپلوماتىيە نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىش، سىياسىي ئالدامچىلىق قىلىش ئارقىلىق، ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت پەيدا قىلدى، يەنە بەزىدە پارا بېرىش ياكى يالغان ۋەدە بېرىش ئارقىلىق ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ تەشكىلىنى پارچىلىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلدى. رەھىمسىز زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ھەممىلا يەردە يۈز بېرىپ تۇردى. دېروگالد شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، كروموۋېل قەتلىئام قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، قەتلىئام ئىككى كۈن داۋاملاشتى. ئەنگلىيە

ئارمىيەسى سان پېتىر چېركاۋىنىڭ قوغۇرغاق مۇنارىغا ئوت قويغاندا، 80 ئادەم كۆيۈپ ئۆلدى. يوشۇرۇنۇۋالغان مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كۆپ قىسمى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى، تەلىيى ئوڭ كېلىپ ئامان قالغانلىرى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا ئاپىرىلىپ قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلدى. ۋېكسفورد ئىشغال قىلىنغاندا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى كوچا ـ رەستىلەر ۋە مەيدانلاردا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى.

ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئىرېلاندىيەنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەرلىرىنى پىلانلىق ھالدا مۇسادىرە قىلدى. مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنىڭ يېرىمى قوشۇنغا بۆلۈپ بېرىلدى (بۇنىڭ كۆپ قىسمى ئوفىتسېرلارنىڭ قولىغا چۈشتى، ناھايىتى ئاز قىسمى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى)، قالغان يېرىمى قەرز قايتۇرۇش ھېسابىدا لوندوندىكى چوڭ سودىگەرلەرگە بېرىلدى. چۈنكى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت بۇ سودىگەرلەرگە قەرزدار بولۇپ قالغانىدى. كرومۋېلمۇ مىڭ ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يەرگە ئېرىشتى. ئەنگلىيەنىڭ بۇ يېڭى زېمىندارلىرى ئەنگلىيەنىڭ كونا فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىنى ئىرېلاندىيەگە ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ، ئىجارىكەش دېھقانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى.

ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى، ئىرېلاندىيە خەلقىگە زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. 1641 ـ يىلىدىن 1652 ـ يىلىغىچە ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر 500 مىڭدىن ئاشتى، ئۇرۇشتا ئامان قالغانلارمۇ قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولدى. شۇ چاغدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «نامراتلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان، بەزىلەر ئات گۆشى بىلەن ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ جان ساقلىغان، بەزىلەر ئاچلىقتىن كوچىلاردىلا ئۆلۈپ قالغان، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ياكى ئاتا ـ ئانىسى تاشلىۋەتكەن بالىلار ھەممىلا يەردە تەمتىرەپ

يۇرگەن، بەزى باللار بۆرە ۋە باشقا يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئۆلجىسىغا ئايلىنىپ قالغان.»

ئەنگلىيەنىڭ ئىرېلاندىيەنىڭ يەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە مۇسادىرە قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىرېلاندىيە دېھقانلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ۋاستىچىلەر ئارقىلىق ئەنگلىيە پومېشچىكلىرىنىڭ قولىدىن ئىجارە ھەققى ۋە شەرتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان يەرلەرنى ئىجارە ئېلىپ تېرىپ، يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈردى.

ئەنگلىيەنىڭ يىراقتا يۇرۇش قىلىپ ئىرېلاندىيەنى بېسىۋېلىشى، ئەنگلىيەگىمۇ غايەت زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىرىنچىدىن، ئەنگلىيە ئارمىيەسىدىكى نۇرغۇن ئوفىتسېرلار ۋە لوندونلىكى چوڭ سودىگەرلەر ئىرېلاندىيەنىڭ چوڭ فېئودال پومېشچىكلىرىغا ئايلاندى، ئەمما ئۇلار ھەرقاچان تەھدىت ھېس قىلىپ تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئىرېلاندىيە دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشى ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيەدە ھەربىي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىلسىلا، ئىرېلاندىيەنىڭ «بىخەتەرلىكى»گە ئاندىن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆمىدىنى كرومۋېلغا باغلىدى، چۈنكى، كرومۋېل ئىرېلاندىيەگە يۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئۈستۈن ھەربىي تالانتىنى نامايان قىلغانىدى. ئىككىنچىدىن، ئىرېلاندىيەگە يۇرۇش قىلىشقا قاتناشقان ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىمۇ خېلى تەسىرگە ئۇچرىدى، ئۇلار گەرچە ناھايىتى ئاز يەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئانچە - مۇنچە مەنپەئەتكە ئېرىشكەن بولغاچقا، ئىلگىرىكى ئىنقىلابىي روھىنى يوقاتتى، بۇ، ھەربىي مۇستەبىت تۈزۈمنى ئورنىتىشتا خېلى كۆپ پۇتلىكاشاڭنى ئازايتتى. ئۈچىنچىدىن، كرومۋېلنىڭ ئۆزىمۇ ئىرېلاندىيەدىكى چوڭ فېئودال پومېشچىكقا ئايلانغاچقا، ئىنقىلاب مەزگىلىدە

بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە ھازىرلىغان ئىنقىلابىي روھىنى يوقىتىپ قويۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى يورۇشنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭ قوماندانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدا مۇستەبىت ھۆكۈمران بولۇش قارا نىيىتى پەيدا بولدى. قىسقىسى، ئىرېلاندىيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئەنگلىيەدە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، ھەربىي مۇستەبىت تۈزۈمنى ئورنىتىشقا يول ھازىرلىدى.

1653 ـ يىلى، كروموۋېل ئوفىتسېرلار ۋە لوندوندىكى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى قورال كۈچى بىلەن تارقىتىۋېتىپ، ئۆزىنى ھامىي ھۆكۈمدار دەپ ئاتىۋالدى. ھامىي ھۆكۈمدارلىق ئۆمۈرلۈك ھوقۇق بولۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ھەربىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن، ئىزباسار بېكىتەلەيدىغان ھوقۇق ئىدى. شۇڭا، ھامىي ھۆكۈمدارلىق ماھىيەتتە يېرىم پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ھەربىي مۇستەبىتلىكنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى.

گەرچە، كروموۋېل ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنتنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن يەنە ئامالسىز يېڭى پارلامېنت تەشكىللىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ پارلامېنت قوشۇمچە ئورگان بولۇپ، ھامىي ھۆكۈمدارنىڭ ھوقۇقى پارلامېنتتىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇراتتى، ئۇنىڭ سۆزى قانۇن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالى پەقەت ئارمىيە ئىدى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى 11 ھەربىي رايونغا بۆلۈپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت چوڭ بىر ھەربىي گازارمىغا ئوخشاپ قالدى.

ھامىي ھۆكۈمدارنىڭ ھەربىي دىكتاتورا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ھۆكۈمران سىنىپلار ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. پىكىر ئەركىنلىكى، دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ چەكلىنىش دەرىجىسى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى مۇستەبىت دەۋردىكىدىن قېلىشمىدى.

شۇڭا، ھامىي ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كېيىنكى كۈنلەردە فېئوداللىزمنىڭ تىرىلىشىگە ئۇل سېلىپ بەردى.

ھامىي ھۆكۈمدارلىقىنىڭ سىنىپىي ئاساسى ئىنقىلاب مەزگىلىدە ۋە ئىرېلاندىيەنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا يەرگە ئېرىشكەن چوڭ پومېشچىكلار سىنىپى بولغاچقا، كرومۋېلنىڭ ھەربىي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋەزىپىسى مۇشۇ سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئىدى، شۇنداقتىمۇ كرومۋېل چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىدىن ئۆزىگە يۆلەنچۈك ئىزدىمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش نىيىتىدە 1655 ـ يىلى ئىسپانىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئەنگلىيە دېڭىز فىلوتى ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، ئىسپانىيەنىڭ غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى مۇستەملىكىسى — يامايكا ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. 1658 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيەسى يەنە ياۋروپانىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدا ئىسپانىيە ئارمىيەسىنى تارمار قىلىپ، «چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ دەرۋازىسى — دۇنكېرىكنى بېسىۋالدى.

كرومۋېل ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۈچۈن بىرىتانىيە مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بەردى.

### 3. پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە 1660 ـ يىلى پادىشاھلىقنىڭ قايتا تىرىلىشى

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاغدۇرۇۋېتىلگەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ روھانىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باش ۋەكىلى ستيۇئارت خانىدانلىقى قايتا تىرىلىش نىيىتىدىن ھەرگىز يانمىدى.

1649 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغاندىلا، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى يورك ۋىلايىتى (ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدا)دىكى پېنتېفىرراكنى تايانچ بازا قىلىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، چارلىس I نىڭ

ئوغلى چارلىس ستۇئارت (شۇ چاغدا ئۇ چەت ئەلدە ئىدى)نى ئەنگلىيە پادىشاھلىق تەختىگە چىقارماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۆتىۋەرلەر مەزھەپپەدىكىلەرمۇ پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەرنى تېخىمۇ زورايتتى.

بۇ ئەھۋالغا قارىتا، 1649 - يىلى 4 - ئايدا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ بىرقانچە كاتتىبېشىنى قولغا ئېلىپ، بەزىلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، بەزىلىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى، يەنە بەزىلىرىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ، پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەرگە ئېغىر زەربە بولدى، ئەمما، پادىشاھ ھىمايىچىلىرى نىيىتىدىن يانمىدى، ئۇلار ئۈمىدىنى چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا باغلىدى. چارلىس I نىڭ ئايالى ھېنرى مارى فىرانسىيە ئوردىسىدا تۇرۇپ، فىرانسىيە مۇستەبىت ھۆكۈمىتىنى ئەنگلىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىشىپ، چارلىس I نىڭ ئوغلىنى پادىشاھلىق تەختىگە چىقىرىشقا ياردەملىشىشكە قۇتراتتى. ئەمما، 1648—1653 - يىللىرى فىرانسىيەدە «تاش ئاتقۇچىلار» ھەرىكىتى پارتلىغاچقا، فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ بۇ ئىشلارغا چولىسى تەگمەي، ئەنگلىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىشىش ئىشقا ئاشمىدى.

بىراق، پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسىتىدىن ۋاز كەچمەي، ئىرېلاندىيەلىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ، تىرىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئەنگلىيە ئىرېلاندىيەنى بويسۇندۇرۇۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار شوتلاندىيە فېئودال كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىشكە باشلىدى. 1650 - يىلى 5 - ئايدا شوتلاندىيەلىكلەر چارلىس ستۇئارت بىلەن كېلىشىم ھاسىل

قىلىپ، ئۇنىڭ ئەنگلىيە پادىشاھلىق تەختىگە چىقىشىغا ياردەملىشىشكە قوشۇلدى، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چارلىس ستۇئارت شەخسەن ئۆزى شوتلاندىيەگە كەلدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، كروموۋېل شوتلاندىيەگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. 1650 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، 9 ـ ئايدا دۇنبار ئەتراپىدىكى جەڭدە غەلىبە قىلدى، 1650 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شوتلاندىيەدىكى پۈتۈن تۈزلەڭلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شوتلاندىيە قوشۇنى شىمالدىكى تاغلىق رايونلارغا چېكىندى. 1651 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شوتلاندىيەلىكلەر چارلىسنى شوتلاندىيە پادىشاھى دەپ ئېلان قىلدى ھەمدە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلاندى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئۇدۇل شىمالغا يۈرۈش قىلدى، ئەمما، بۇ، شوتلاندىيە قوشۇنىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. 8 ـ ئايدا، شوتلاندىيە قوشۇنىنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى چارلىسنىڭ قوماندانلىقىدا چېگرادىن ئۆتۈپ، ئەنگلىيەنىڭ شىمالىغا كىردى، چارلىس ئەسلىدە ئەنگلىيەگە كەلسەم خەلق مېنى قوللايدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما، ئۇ يېڭىلىشقانىدى. ئەنگلىيە خەلقى مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ بويۇنتۇرۇقىنىڭ ئۆز بويىنىغا قايتا سېلىنىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شوتلاندىيە قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا تەگدى، ھەتتا مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى كونتروللۇقىدىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ مىللىي ھېسسىياتى ئويغىنىپ كەتتى. شۇڭا، ئەنگلىيەنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ۋىلايەتلەردىكى ئاھالىلەر بەس ـ بەستە ئەسكەر بولۇپ، شوتلاندىيە قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇردى. 1651 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تاجاۋۇزچى قوشۇن ۋاساستتا كۈچلۈك ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قورشاۋدا قېلىپ ھەم پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ، پەقەت چارلېس ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەتتى. كېيىن پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ ياردىمىدە دېڭىزدىن ئۆتۈپ فىرانسىيەگە بېرىۋالدى. ۋاسىيەت جېڭى شوتلاندىيەنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىدى. كېيىن ۋەزىيەت بارغانسېرى شوتلاندىيەگە پايدىسىز بولۇپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى شوتلاندىيەنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى. 1652 ـ يىلى 5 ـ ئايغا كەلگەندە شوتلاندىيەلىكلەر قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئاخىر توختاتتى. 1654 ـ يىلى ئەنگلىيە شوتلاندىيەنى قوشۇۋالدى.

ئەنگلىيەنىڭ شوتلاندىيەنى بويسۇندۇرۇشى پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەرنىڭ خام خىيالىنى يەنە بىر قېتىم بەربات قىلدى.

ۋاھالەنكى، ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپ يەنىلا نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي، فىرانسىيەنى بازا قىلىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىنى كۈتتى. 1660 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى، پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەرگە قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1658 ـ يىلى، ھامىي ھۆكۈمدار كرومۋېل ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى رىچارد ھامىي ھۆكۈمدار بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇشقا يۈزلەندى. رىچارد ئىقتىدارسىز بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنمايتتى، شۇنداق بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي ھاكىمىيەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئارىسىدا ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ، جېدەل ـ ماجىرا توختىمىدى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن خەلق ھەرىكىتى يەنە ئەۋجگە چىقتى، باراۋەرچىلەر مەزھىپى ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇپ، ھەتتا قايتىدىن قورallıق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەربىيلەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تەييارلاندى. چەت

ئۆلكىلەردە، 50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يەنە
دېھقانلار ھەرىكىتى پارتلىدى. شەرقىي قىسىمدىكى رايونلاردا،
دېھقانلار بىلەن يەر چىتلىغان پومېشچىكلار ئارىسىدا كەسكىن
كۆرەش بولدى، دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ ئورمانلىقلىرىدىكى
دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاپ، ئوۋ مەيدانلىرىنى تارتىۋېلىپ،
تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇردى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا دېھقانلار
ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئەنگلىيە يەنە بىر
قېتىم خەلق ئىنقىلابىغا دۇچ كەلدى. بۇرژۇئازلار، يېڭى
ئاقسۆڭەكلەر بۇنىڭدىن ئالاقزەدىلىككە چۈشتى، بولۇپمۇ
ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىپ بېيىپ
كەتكەنلەر مال ـ مۈلكىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىشىدىن
تېخىمۇ قورقتى. ئۇلار ئالدىدا بىرلا چىقىش يولى بارلىقىنى،
يەنى «مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپ» ئورنىتىش زۆرۈرلۈكىنى
تونۇپ يەتتى. ئەمما، ئۇلار پەقەت ستيۇئارت خانىدانلىقىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن مۇشۇنداق
ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورناتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا،
ئۇلار چارلېس ستيۇئارتنىڭ دۆلەتكە قايتىپ پادىشاھلىق تەختكە
چىقىشىنى قارشى ئېلىش قارارىغا كەلدى.

بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىدا يەنە مۇنداق سەۋەبلەرمۇ
بار ئىدى: بىرىنچى، كرومۋېل ھامىي ھۆكۈمدار بولغان دەۋرىدە،
سىرتقا ئۇدا ئۇرۇش قوزغاپ، نۇرغۇن ئەسكەر توپلىغاچقا، بۇ
ئەسكەرلەرنى بېقىشقا كېتىدىغان خىراجەت بۇرژۇئازلارنىڭ باج
يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىقتىن
بىزار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇلار پادىشاھلىق تۈزۈم
ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكىلى ھەم
تىنچلىق ئورناتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئىككىنچى، يېڭى
ئاقسۆڭەكلەر گەرچە بۇرژۇئازلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ھامان
ئاقسۆڭەك بولغاچقا، كونا تۈزۈم بىلەن يەنىلا ئازدۇر ـ كۆپتۇر

مۇناسىۋىتى بار ئىدى، كونا پادىشاھلىق بىلەن ئەپلىشىپ قېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىغا ھەيران قالغىلى بولمايتتى.

ھالبۇكى، پادىشاھنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشتا قوراللىق كۈچ بولمىسا بولمايتتى، ئاخىر ئۇلار مۇشۇنداق قوراللىق كۈچنى تاپتى، ئۇ بولسىمۇ، شۇ چاغدا شوتلاندىيەدە تۇرۇۋاتقان گېنېرال مونكنىڭ قوشۇنى ئىدى. گېنېرال مونك ئەسلىدىنلا پادىشاھپەرەس بولۇپ، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە پادىشاھ تەرەپتە تۇرۇپ پارلامېنت ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلغان، كېيىن گەرچە ئىنقىلابىي قوشۇن سېپىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈش نىيىتىدىن زادىلا ۋاز كەچمىگەن، ئۆز قوشۇنى ئىچىدىكى دېموكراتلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تازىلاپ، ئۆز قوشۇنىنى پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈشتە ئەسقاتىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك قورالغا ئايلاندۇرغانىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بولغاچقا، گېنېرال مونكنى قوشۇنىنى باشلاپ لوندونغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. 1660 - يىلى 2 - ئايدا گېنېرال مونكنىڭ قوشۇنى لوندونغا كىرىپ، خەلق ھەركىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى. ۋەزىيەتنى قاتتىق قوللۇق بىلەن كونترول قىلغاندىن كېيىن، فىرانسىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، چارلېس بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا، چارلېس برېدادا خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ئىنقىلابقا قاتناشقان بارلىق كىشىلەرنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە، ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن يەر - زېمىن، مال - مۈلۈكنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ، پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق بولۇپ،

بۇنىڭدىكى مەقسەت ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىشلا ئىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپىمۇ بۇ ۋەدىلەرگە گۆدەكلەرچە ئىشىنىپ، يۇقىرىقى كېلىشىمگە قوشۇلدى. 1660 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چارلېس بىر توپ ھىمايىچىلىرىنى باشلاپ دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، چارلېس II دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە تارىخىدىكى يەنە بىر پادىشاھلىق دەۋر باشلاندى.

## 4 . 1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب

چارلېس II ھىمىلىگەر، قارا نىيەت بولۇپ، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى زادىلا ئەستىن چىقارمىدى. ئەمما، ئۇ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىنمۇ قورقاتتى. بۇ ئۇنىڭ زىددىيەتلىك ئىچكى سىياسەت يۈرگۈزۈشىنى بەلگىلىدى: بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسىي، دىنىي جەھەتتە ئەسەبىيلەرچە ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسەت يۈرگۈزدى.

1660 ـ يىلى، پارلامېنت بىر قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى، بۇ قانۇن لايىھەسىدە 1646 ـ يىلى ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت ماقۇللىغان رىتسارلار سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش قانۇنى ئېتىراپ قىلىنغانىدى. 1660 ـ يىلى ۋە 1662 ـ يىلى پارلامېنت يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «كۆرسەتمە تاۋارلار قانۇنى» ۋە «ئاساسلىق تاۋارلار قانۇنى»نى ماقۇللىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنى ئەنگلىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ۋە خام ئەشيا بازىرىغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. پارلامېنت ماقۇللىغان بۇ قانۇنلارنى چارلېس

II تەستىقلىدى.

ئەنگلىيەنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنى قوغداش ئۈچۈن، 1661 ـ يىلى ۋە 1662 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوي يۇڭىنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى قاتارىدا جازالىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆز سانائىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يەنە كۆن ـ خۇرۇم ۋە باشقا خام ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلىش، كاناپ، يۇڭ توقۇلما قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى.

يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يەنە ئاشلىق ئىمپورت بېجىنى ئۆستۈردى. 1660 ـ يىلى پارلامېنت «ئاشلىق نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى بىر كۋارت بۇغداينىڭ باھاسى 44 شىللىڭدىن ئېشىپ كەتمىسە ئىككى شىللىڭ ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ، 44 شىللىڭدىن ئېشىپ كەتسە، تۆت پېنس ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1670 ـ يىلى يەنە، بىر كۋارت بۇغداينىڭ باھاسى 53 شىللىڭ تۆت پېنستىن ئېشىپ كەتمىسە 16 شىللىڭ ئىمپورت بېجى، 53 شىللىڭ تۆت پېنستىن 80 شىللىڭغىچە بولسا سەككىز شىللىڭ ئىمپورت بېجى، 80 شىللىڭدىن ئېشىپ كەتسە تۆت شىللىڭ ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇنداق بولغاندا، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋە دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئاشلىق ئىستېمالچىلىرىدىن تېخىمۇ كۆپرەك پايدا ئۈندۈرۈۋالالايتتى.

ھۆكۈمەت ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان يەر چىتلاش ھەرىكىتىنى چەكلىمىدى. شۇڭا، پادىشاھلىق تۈزۈم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ ئىپتىدائىي كاپىتال جۇغلانمىسى تېز ئاشتى. 1660 ـ يىلىدىن 1688 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيەنىڭ سودىسى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سودا كېمىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىبېكىتى

تونىيازىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

ئەمما، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش پەقەت بىر ۋاقىتلىق نەيرەڭ بولۇپ، چارلېس II نىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ستۇئارت خانىدانلىقى ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئىدى. شۇڭا، پادىشاھلىق تۈزۈم ئەسلىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ ھېساب ئېلىشقا ئالدىرىدى.

دەسلەپتە ئۇ چارلېس I نى سوت قىلىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ھېسابلىنىدۇ، پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىلەر كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ جاكارلىدى. كېيىن بارلىق جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ۋە ئىنقىلابقا قاتناشقانلارنى پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. چارلېس II نىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلەردىن رەھىمسىزلەرچە ھېساب ئېلىندى، تىرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، ئۆلگەنلەرگىمۇ رەھىم قىلىنمىدى. 1661 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كرومۋېلنىڭ جەسىتى گۆرىدىن قېزىپ چىقىرىلىپ، كاللىسى ئامما ئالدىدا سازايى قىلىندى. ئەكسىلئىنقىلابىي ئاق تېررورلۇق بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى، زور تۈركۈمدىكى ئىنقىلابچىلار چەت ئەللەرگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، چارلېس II ھۆكۈمىتى دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلاپ، يات دىن مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى، دۆلەت دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىدى، باشقا دىننى تەشۋىق قىلغانلارغا جەرىمانە قويىدى ياكى ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلىدى. چارلېس II يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك پارلامېنت مۇسادىرە قىلغان ياكى سېتىۋەتكەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ ۋە پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ يەرلىرىنى ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە پەرمان

چۈشۈردى. ئەمما، بۇنى ئىجرا قىلىش نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى، چۈنكى بۇ يەر ـ زېمىنلار قولدىن قولغا ئۆتكەن بولۇپ، يەرنىڭ ئەسلىي ئىگىسى سوتتا بۇ يەرنىڭ ئۆزىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، نۇرغۇن مۇرەككەپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسمىيەت ھەققى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك يۇقىرى ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭى يەر ئىگىسى بىلەن كېلىشىپ، مەلۇم مىقداردا تۆلەم ئېلىپلا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىدىن ۋاز كەچتى.

بۇلاردىن باشقا، چارلېس II بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە پەرۋا قىلماي، فىرانسىيەپەرەسلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى: شۇ چاغدا فىرانسىيە ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سودا ۋە مۇستەملىكە جەھەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى بولۇپ، ئەنگلىيە ئۇچۇن تەھدىت ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپى تاشقى سىياسەت جەھەتتە فىرانسىيەگە زەربە بېرىپ، ھۆكۈمەت كۈچى ئارقىلىق فىرانسىيەنىڭ چەت ئەللەردىكى تەسىر كۈچىنى يوقىتىشنى ھەم فىرانسىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەرنى تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، چارلېس II ئەكسىچە يول تۇتتى، ئۇ فىرانسىيەدىن ئىبارەت بۇ رىقابەتچىگە زەربە بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە فىرانسىيە بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى، ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ مەنپەئەتىنى فىرانسىيەگە سېتىۋەتتى: 1662 ـ يىلى ئۇ كروموۋېل ئىسپانىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان مۇھىم سودا پورتى — دونكېركنى 200 مىڭ فوندقا سېتىۋەتتى. بۇ، ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنى قۇرۇقلۇق سودىسىدىكى مۇھىم بازىدىن مەھرۇم قىلدى.

چارلېس II نىڭ فىرانسىيەپەرەسلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇ بۇرۇن سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە، ئىرچىل فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ياردەم پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن

كېيىنمۇ، فىرانسىيە پادىشاھى ھەر يىلى ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە 200 مىڭ فوند ياردەم پۇلى بېرىپ تۇرغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ سېپى ئۆزىدىن مۇستەبىت بولغاچقا، تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى زادىلا ئۇنتۇپ قالماي، ئۇمىدىنى فىرانسىيە پادىشاھىغا باغلاپ، پۇرسەت پىشسىپ يېتىلسىلا، فىرانسىيەنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىدى.

چارلىس II نىڭ تەتۈر ھېساب ئېلىشى، فىرانسىيەپەرەس سىياسىتى بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزى، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى تاقەت قىلالماس ھالغا كەلتۈردى.

1670 ـ يىلى چارلىس II بىلەن فىرانسىيە پادىشاھى «دوۋېر مەخپىي كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە، چارلىس II نىڭ ئەنگلىيەدە كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بارلىقى، فىرانسىيەنىڭمۇ ئەنگلىيەدە «مالىمانچىلىق» يۈز بەرسە ئەسكەر چىقىرىپ تىنچىتىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى بەلگىلەندى. بۇ ئەمەلىيەتتە، چارلىس II نىڭ مۇستەبىت تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەملەشكەنلىك ئىدى. 1672 ـ يىلى چارلىس II بۇ مەخپىي كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن «تاقەت خەتابنامىسى» ئېلان قىلىپ، پادىشاھنىڭ كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى (16 ـ ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھات دەۋرىدە، ئەنگلىيە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان). بۇ ئەمەلىيەتتە، كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بېشارىتى ئىدى. چارلىس II نىڭ كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزى، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، چۈنكى، كاتولىك دىنى

www.uyghurkitap.com

ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، چوڭ سودىگەرلەر ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە 16 ـ ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھات دەۋرىدە سېتىۋالغان كاتولىك دىنى چېركاۋلىرىنىڭ يەرلىرىنى قايتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاتولىك دىنى ئەقىدىلىرى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ سودا ـ سانائەت پائالىيەتلىرىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئۇلارنىڭ پارلامېنتتىكى ۋەكىللىرى «تاقەت خىتابنامىسى»نى قاتتىق تەنقىد قىلدى. پارلامېنتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن، چارلىس II 1673 ـ يىلى بۇ «خىتابنامە»نى يىغىشتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

چارلىس II نىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىنىسى جامېس قانۇنلۇق تەخت ۋارىسى بولۇپ قالدى، ئەمما جامېس كاتولىك دىنى مۇرىتى بولغاچقا، ئۇ تەختكە ئولتۇرسىلا، كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تەبىئىي ئىدى. كاتولىك دىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، 1679 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، پارلامېنتتىكى بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى «يەكلەش قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جامېسنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ دۆلەتكە قايتىشىنى مەڭگۈ چەكلەشنى، بولمىسا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن جازالاشنى تەلەپ قىلدى. پارلامېنتتىكى بۇ قانۇن لايىھەسىنى قوللىغۇچىلار ۋىگ پارتىيەسى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار تورىي پارتىيەسى دەپ ئاتالدى. ۋىگ پارتىيەسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىپ كېتىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پارلامېنتنىڭ «جىسمانىي قوغدىنىش قانۇنى»نى ماقۇللىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. بۇ قانۇندا: سوت مەھكىمىسىنىڭ قولغا ئېلىش بۇيرۇقى بولمىسا، ھەرقانداق كىشىنى قولغا ئېلىشقا بولمايدۇ، قولغا ئېلىنغان كىشىنىڭ سوراق قىلىنىشتىن بۇرۇنقى تۇتۇپ تۇرۇلۇش مۇددىتى مەلۇم مۇددەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، يەنى قانۇن بويىچە

قولغا ئېلىنغان كىشى چوقۇم ۋاقتىدا سوراق قىلىنىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ قانۇن جىسمانىي ئەركىنلىكنى قوغداشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

1680 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، تۆۋەن پالاتا كۆپ ئاۋاز بىلەن «يەكلەش قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، ئەمما يۇقىرى پالاتانىڭ كۆپ ساندىكى ئەزاسى بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئىنكار قىلدى.

1685 ـ يىلى چارلېس II ئۆلۈپ، جامېس تەختكە ئولتۇرۇپ، جامېس II دەپ ئاتالدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، 1679 ـ يىلى ماقۇللانغان «جىسمانىي قوغدىنىش قانۇنى» نى بىكار قىلدى، فىرانسىيە تاۋارلىرىنىڭ ئىمپورت بېجىنى تۆۋەنلەتتى. سودا ـ سانائەتچىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. جامېس II مۇ چارلېس II گە ئوخشاش، لۇئى IV X دىن ياردەم پۇلى ئېلىپ تۇردى ھەمدە كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىنى ئاشكارا يولغا قويۇپ، چارلېس II نىڭ ئەنگلىيەدە كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. لۇئى X IV مۇ ۋاكالەتچىسى ئارقىلىق، جامېس II نى كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىشكە كۈشكۈرتۈپ تۇردى. كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى ئوفىتسېرلىققا تەيىنلەش — كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى.

بۇ تەدبىر پۈتۈن مەملىكەتتە دەرھال زىلزىلە پەيدا قىلدى، بولۇپمۇ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى، چۈنكى كاتولىك دىنى دۆلەت دىنىدىنمۇ ئەكسىيەتچىل بولۇپ، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە پايدىسىز ئىدى. بۇ تەدبىر يەنە ئىلگىرى ئىزچىل ستۇئارت خاندانلىقىنى قوللاپ كەلگەن پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىمۇ (فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دۆلەت دىنى مۇرىتلىرى) قارشىلىققا ئۈچرىدى، بۇنىڭ مۇنداق سەۋەبلىرى

بار ئىدى: ئالدى بىلەن مۇبادا كاتولىك دىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئورنىنى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە بوشىتىپ بېرىشىگە توغرا كېلەتتى-دە، دۆلەت دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئورنى ۋە كىرىمى كاپالەتكە ئىگە بولماي قالاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، چوڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر 16 - ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھات دەۋرىدە كاتولىك چېركاۋلىرىنىڭ يەرلىرىگە ئىگە بولۇۋالغان بولۇپ، كاتولىك دىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇلار شۇ يەرلەردىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

شۇڭا، 1688 - يىلى كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەمدە پادىشاھنىڭ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان ھەرقانداق ئىش قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋىگ پارتىيەسى بىلەن دۆلەت دىنى روھانىيلىرى ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان توري پارتىيەسى ئىتتىپاق تۈزۈپ بىر مەيدان ئىنقىلاب قىلىشنى، يەنى جامېس II نى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ قىزى مارى بىلەن گوللاندىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كۈيئوغلى ۋىليامنى ئەنگلىيەگە تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ مۇنداق بىرقانچە سەۋەبى بار ئىدى: بىرىنچى، گوللاندىيە فىرانسىيەنىڭ دېڭىز سودىسىدىكى ئەشەددىي رەقىبى بولۇپ، ئەگەر ۋىليام ئەنگلىيەگە پادىشاھ بولسا، ئەنگلىيە - گوللاندىيە ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ فىرانسىيەدىن ئىبارەت بۇ رىقابەتچىگە ئورتاق تاقابىل تۇرالايتتى. ئىككىنچى، ۋىليام كالۋىن دىنى دۆلىتى بولغان گوللاندىيەنىڭ ھۆكۈمرانى، مارى دۆلەت دىنى مۇرىتى بولۇپ، ئۇلار ئىككىسى ئەنگلىيەگە كەلسە، كاتولىك دىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى توسقىلى بولاتتى. ئۈچىنچى، مارى جامېس II نىڭ قىزى بولغاچقا، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. تۆتىنچى، ۋىليام گوللاندىيەنىڭ ھۆكۈمرانى بولغاچقا، قولىدا

خېلى كۈچلۈك قوشۇن بار بولۇپ، ئۇ گوللاندىيە قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، جامېس II نىڭ قارشىلىقىنى باستۇرالايتتى.

1688 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ۋىلىيام گوللاندىيە قوشۇنىنى باشلاپ ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقتى. 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، جامېس II ئالاقزەدىلىك بىلەن فىرانسىيەگە قېچىپ كەتتى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى. فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى IV X نىڭ ئەنگلىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىشىش نىيىتى بولسىمۇ، شۇ چاغدا فىرانسىيە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئەنگلىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇش خىيالى يوققا چىقتى.

1689 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋىلىيام ئەنگلىيە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ۋىلىيام III دەپ ئاتالدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە پارلامېنتى «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، بۇ قانۇن لايىھەسىدە مۇنۇلار بەلگىلەندى: بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەنگلىيە پادىشاھلىرى چوقۇم كالۋىن دىنى مۇرىتى بولۇشى شەرت، پادىشاھ چوقۇم پارلامېنتنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشى، تۆۋەن پالاتانىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن يېڭى باجلارنى ئېلىشى ۋە دائىمىي ئەسكەر قوبۇل قىلىشى كېرەك. قىسقىسى، بۇ قانۇن لايىھەسى كاتولىك دىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئېھتىماللىقىنى توسۇپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇپ، پارلامېنتنىڭ ئورنىنى ئۆستۈردى. بۇ، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە پومېشچىكلار ۋە بۇرژۇئازىيە بىرلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەتكە ئايلاندى.

17 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى ئىنقىلابقا سېلىشتۇرغاندا، 1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب پەقەتلا قىستۇرما كۆي ئىدى. ئەمما، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيىتىنى كىچىك دېگىلى

بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئەنگلىيە تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ۋەقە بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ كېيىنكى سىياسىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بىرىنچى، ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «چېكىدىن ئاشقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ كەينىدىنلا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەكسىيەتچىلىك ئۇلىشىپ كەلدى، بۇ ئەكسىيەتچىلىك ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش چېكىدىن ھالقىپ كەتتى. بىرقانچە قېتىملىق داۋالغۇشتىن كېيىن يېڭى ئېغىرلىق مەركىزى ئاخىر بېكىتىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.»① 1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب دەل مۇشۇ «ئېغىرلىق مەركىزى»نى بېكىتىپ «يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى» بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەنگلىيە كاپىتالىزمى نورمال تەرەققىيات يولىغا كىردى. ئىككىنچى، 17 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى ئىنقىلاب گەرچە ئەنگلىيە مۇستەبىت تۈزۈمگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما پەقەت 1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىنلا، مۇستەبىت تۈزۈم ئاندىن ئەنگلىيەدىن ئۈزۈل ـ كېسىل يوقالدى، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم مۇستەھكەم ئورنىتىلدى. 1689 ـ يىلى ماقۇللانغان «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى»دە قانچىلىك مۇتەئەسسىپلىك ساقلانغان بولسۇن، ئۇ ھامان پادىشاھ ۋىليام III نىڭ ھوقۇقىغا چەك قويدى. ۋىليامنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، پادىشاھ «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان»، «ئاتاقتىكى پادىشاھ»لارغا ئايلاندى. ئۈچىنچى، 1688 ـ يىلىدىن كېيىن پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ، ئىككى چوڭ سىنىپنى سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىدىن

① ئېنگېلس: «خىيالىي سوتسىيالىزمدىن ئىلمىي سوتسىيالىزمغىچە»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 707 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئىپتىدائىي كاپىتال جۇغلانمىسى تېز سۈرئەتتە ئاشتى، قول سانائەت ئۇستىخانىلىرى تېز راۋاجلاندى، فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئارقىلىق چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىلەر كېڭەيتىلدى، بۇلار سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تېزلەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1688 - يىلىدىكى ئىنقىلابنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نەتىجىسى ئىدى. قىسقىسى، ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى 1688 - يىلىدىكى ئىنقىلاب بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئىنقىلابنىڭ مۇھىملىقىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 5. 17 - ئەسردىكى ئەنگلىيەدىكى بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى

ئەنگلىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە، رەھىمسىز سىنىپىي كۈرەش ئۆتكۈر ئىدىيەۋى كۈرەشلەر بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىلدى. ئىنقىلابنىڭ ھارپىسى ۋە دەسلەپكى مەزگىلىدە، بارلىق سىنىپلار دىگۇدەك دىن تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كۈرەش قىلدى. ئەمما، ئىنقىلابنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دىن تۇغى تەدرىجىي چۆرۈپ تاشلىنىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە دىننىڭ ئورنىدا نوقۇل ھالدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر مەيدانغا كەلدى. بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئىنقىلاب جەريانىدا بىر قاتار سىياسىي، ئىجتىمائىي نەزەرىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقتى، بۇ نەزەرىيەلەر بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن كاپىتالىزمنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسىغا ئايلاندى، بۇ

ئۇستقۇرۇلما كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى مۇستەھكەملەشتە غايەت زور رول ئوينىدى.

1 ـ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، باراۋەرچىلەر مەزھىپى بىلەن بولغان كۈرەشتە، بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇستەقىلچىلەر مەزھىپى دىنىي ئىدىيەلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىر قاتار ساپ سىياسىي نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ ۋەكىلى ئىلتون «ئىجتىمائىي پۈتۈم» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا پۈتۈم تۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى تۈزگەن پۈتۈمگە ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، «ئارىمىزدىكى ھەربىر كىشىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەردىن بەھرە ئېلىش، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى قانائەتلەندۈرۈلۈشى، ھەرقانداق كىشى زورلۇق كۈچ بىلەن باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالماسلىقى لازىم» دەپ قارىدى. ئىلتوننىڭ باراۋەرچىلەر مەزھىپى ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈككە تەھدىت پەيدا قىلىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلغانلىقىدىن ئىدى. مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى ھىمايە قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار پادىشاھلىق تۈزۈم بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا ئەڭ ياخشى كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ قارايتتى. قىسقىسى، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىنىڭ ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ پادىشاھلىق تۈزۈمنى قوللىشى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەنگلىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مۇستەقىلچىلەر مەزھىپىدىكى مۇتەپەككۇرلار ئىچىدە يەنە ئاز سانلىق

جۇمھۇرىيەتچىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى مىلتون ئىدى. مىلتون مۇتەپەككۇر ھەم شائىر بولۇپ، ئىنقىلاب پارتلاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ماقالە يېزىپ، ئەنگلىيە دۆلەت دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئېپىسكوپلۇق تۈزۈمىنى قاتتىق سۆككەن، بۇ ئارقىلىق شۇ چاغدىكى بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دۆلەت دىنىغا قارشى كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ئۇ ئېپىسكوپنى خۇراپاتلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكنى تەرغىب قىلغۇچى، ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلغۇچى، دەپ قارىدى. 1644 ـ يىلى ئىچكى ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتقاندا، ئۇ «مەتبۇئات ئەركىنلىكى» دېگەن كىتابچىنى يېزىپ چىقىپ، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى قوغداشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنگلىيەدىكى تەكشۈرۈش تۈزۈمى «ھەقىقەتنىڭ تارقىلىشىغا» توسقۇنلۇق قىلىدۇ، فېئودال مۇستەبىت تۈزۈم بىلەن كۈرەش قىلىشتا، پىكىر ئەركىنلىكى بىلەن مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئىنتايىن زۆرۈر، دەپ قارىدى. ئۇ پىكىر ئەركىنلىكى ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تەدبىر قوللىنىپ پادىشاھ ھىمايىچىلىرىنىڭ پىكىر ۋە مەتبۇئات «ئەركىنلىكى»نى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىنقىلاب ئىشلىرىغا دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

مىلتون بىر جۇمھۇرىيەتچى بولۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئۆچ ئىدى. ئۇ 1649 ـ يىلى ماقالە يېزىپ، پادىشاھلارنىڭ جىنايىتى ۋە خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ ماقالىسىدا مۇنداق دېدى: خەلقنىڭ زوراۋان پادىشاھلارغا قارشى تۇرۇشى خۇددى ئىجتىمائىي ئاپەتكە قارشى تۇرغىنىغا ئوخشاش قانۇنلۇق ھەرىكەت، خەلق پادىشاھنى سوت قىلىش، ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ھەتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى چارلىس I نى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشتا

مەلۇم رول ئوينىدى.

مىلتون يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا خەلق هوقۇقى نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى پادىشاهنى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تەبىئىي هالەتتە» بارلىق كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن بولىدۇ، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنىڭ كەينىگە كىرىپ «تەبىئىي هالەتتىن» ئايرىلىپ، هۆكۈمەت تەشكىللەپ جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇلار هاكىمىيەتنى پادىشاه بىلەن دۆلەت مەمۇرلىرىغا تاپشۇرۇپ، پادىشاه بىلەن پۈتۈم تۈزىدۇ، شۇڭا پادىشاه بىلەن دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ هوقۇقىنى ئەمەلىيەتتە خەلق بەرگەن، خەلق پادىشاه بىلەن پۈتۈم تۈزۈش بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي هوقۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەگەر پادىشاه خەلقتىن بۇ ئەڭ ئالىي هوقۇقىنى تارتىۋالسا، خەلقنىڭ «تەبىئىي تۇغما هوقۇقى»غا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلق پادىشاهتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، خەلقنىڭ پادىشاهنى سوتلاش، ئاغدۇرۇپ تاشلاش، هەتتا ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىش، ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە جازالاش هوقۇقى بار.

ئەمما، مىلتوننىڭ خەلق هوقۇقى نەزەرىيەسى كاپىتالىزمغا خاس چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاقسۆڭەكلەرنى سۆكۈپ، ئۇلار هوقۇق يۈرگۈزۈشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئاددىي خەلق»نى تەبىئىتى ناچار بولىدۇ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا سالاهىيىتى توشمايدۇ دەپ، هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى پەقەت ئاقىل، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مىلتون بىر ئۇلۇغ شائىر بولۇپ، ئىجادىيەتكە هەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكەچكە، 1652 - يىلىلا قارىغۇ بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ ئىجادىيەتتىن ۋاز كەچمەي 60 - يىللارنىڭ

ئاخىرى ۋە 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «يوقالغان شادلىق»، «قايتۇرۇۋېلىنغان شادلىق»، «جەڭچى سومىپرسون» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرنى يېزىپ چىقتى. بىز بۇ ئۈچ شېئىرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، شېئىردا جۇمھۇرىيەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن يەنىلا ئىنقىلاب سادالىرىنىڭ ياڭراۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. «يوقالغان شادلىق» ناملىق شېئىردا شەيتان (رىۋايەتلەردىكى ئالۋاستى)نىڭ خۇدانىڭ نوپۇزىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، شېئىر ئىسيانكارانە سۆز ـ جۈملىلەرگە تولغان. رۇسىيەلىك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بېلىنىسكى مىلتوننىڭ بۇ شېئىرىغا «نوپۇزغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىغا باي» دەپ باھا بەرگەن. 1671 ـ يىلى يېزىلغان «جەڭچى سومىپرسون» ناملىق تىراگېدىيەلىك شېئىردا مىلتوننىڭ ئىدىيەسىنىڭ قايتىدىن جانلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ شېئىرىدا دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكۈشنى خالىمايدىغان، رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىگە تولغان سومىپرسونغا ئوخشاش، غالىب ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە دادىللىق بىلەن جەڭ ئېلان قىلىپ، زوراۋانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھالاكەت تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مىلتوننىڭ «خەلق ھوقۇقى» توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئىنقىلاب مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر مۇتەپەككۇر توماس رىبوس ئىدى. رىبوس ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆيىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان، ئەنگلىيە ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئۇ ئىنقىلابقا قارشى مەيداندا تۇرۇپ ئىنقىلابنى ئەيىبلىگەن، ئۇزاق ئۆتمەي فىرانسىيەگە كۆچۈپ بېرىپ، فىرانسىيەلىكلەر ۋە پادىشاھ ھىمايىچىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ھەم چارلېس I نىڭ ئوغلى چارلېس ستۇئارتقا ماتېماتىكا

ئوقۇتقۇچىسى بولغانىدى. ئۇ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ بولۇپ، پەقەت ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ماددىلارلا ھەقىقىي بولىدۇ، كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلەر ماددىلارنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى، دەپ قارايتتى. ئەمما، ئۇ مېخانىكچى ماتېرىيالىست بولغاچقا، ماددىلارنىڭ ھەر خىل ھەرىكىتى مېخانىكىلىق ھەرىكەتكە تەۋە ھەرىكەت، ماددىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي شەكلى ئەمەس، پەقەت تاسادىپىي ھادىسە، ھەرىكەت ۋە تىنچلىق ماددىلاردا بولىدىغان خۇسۇسىيەت بولسىمۇ، ئەمما ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت ئەمەس، دەپ قارايتتى.

رېبوس يەنە سىياسىي مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «رېۋېيتون» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە، ئۆز سىياسىي قارىشىنى بايان قىلدى. ئۇ دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قارىتا مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى: دۆلەت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىنسانلار «تەبىئىي ھالەت»تە بولۇپ، «تەبىئەت ئىنسانلارنى ماددىي نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىگەن» بولغاچقا، ھەممە نەرسە ھەممە كىشىگە ئورتاق بولغان. ئەمما، ئىنسانلار ماددىي نەرسىلەرنى تالىشىپ، بىر - بىرىنى توختىماي قىرغىن قىلغاچقا «تەبىئىي ھالەت» ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەن. كېيىن كىشىلەر ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تىنچلىقتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزئارا پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ، دۆلەت قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن. كىشىلەر دۆلەت قۇرۇش بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ بارلىق تەبىئىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ ھوقۇقلىرىنى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ قاراش مىلتوننىڭ قارىشى بىلەن كەسكىن پەرقلىنەتتى، چۈنكى مىلتون كىشىلەر ئۆزئارا پۈتۈم تۈزۈشكەندە ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كەچمىگەن دەپ قارىغانىدى. ئەمما، رېبوس كىشىلەر دۆلەت قۇرغاندا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كەچكەن، شۇڭا دۆلەت ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن، ئۇ شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشالايدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا

خەلقنىڭ تىنچلىقى ۋە بەختىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ قارىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەڭ ياخشى سىياسىي شەكىل دەپ قاراپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسى ئىدى. بۇ خىل ئىدىيەگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، رېبوس ئىپتىدائىي كوممۇنىزم جەمئىيىتى (ئۆزى ئېيتقان «تەبىئىي ھالەت»)نى كۆچىنىڭ بارىچە كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشىدىغان قورقۇنچلۇق جەمئىيەت قىلىپ تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئويغانغان كوممۇنىزم غايىسىنى يوقاتماقچى بولدى.

رېبوس ماھىيەت جەھەتتىن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇتەپەككۇر بولۇپ، ھەرگىزمۇ بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلمايتتى.

1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان مۇتەپەككۇر لوك بولدى. لوكنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى 1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ.

لوكمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا «تەبىئىي ھالەت»نىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ مۇنداق قارايتتى: «تەبىئىي ھالەت»تە، ئىنسانلار ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن يېتەرلىك بەھرىمەن بولغان، «تەبىئىي ھالەت» تە تەڭرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئورتاق مۇلۇك سۈپىتىدە ئىنسانلارغا ھەدىيە قىلىدۇ، ئەمما كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىقلا تەبىئەت دۇنياسىدىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇلكىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، «تەبىئىي ھالەت»تە خۇسۇسىي مۇلۇك ئاللىقاچان پەيدا بولغان. «تەبىئىي

www.uyghurkitap.com

ھالەت»تە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ھوقۇقى بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقى قوشۇلغاندىلا «تەبىئىي ھوقۇق» شەكىللىنىدۇ. ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئاتالمىش «تەبىئىي ھالەت»كە مەجبۇرلاپ تېڭىپ، بۇ ئارقىلىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئىپتىدائىيلىقىنى ۋە مەڭگۈلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، توۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان «ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىلا مال ـ مۈلۈك ئومۇمغا مەنسۇپ بولغان» دېگەن ئىدىيەنى يوقاتماقچى بولدى.

لوكمۇ رىبوسقا ئوخشاش ئىجتىمائىي پۈتۈم نەزەرىيەسى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق قارىدى: «تەبىئىي ھالەت»تە كىشىلەر گەرچە چەكسىز ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ «تەبىئىي ھوقۇق»تىن بەھرىمەن بولۇشى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ، ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ خەۋپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ دۆلەت قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «تەبىئىي ھوقۇق»ىنى، ئالدى بىلەن مۈلۈك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان. كىشىلەر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ دۆلەت قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قويۇشتا خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

لوكنىڭ نەزەرىدە پارلامېنتلىق پادىشاھلىق تۈزۈم دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى بولۇپ، بۇنداق ھاكىمىيەت «كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە» پائالىيەت قىلاتتى. ئۇ مېخانىكا ئىلمىدىكى قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق بۇنى مۇنداق ئوخشاتتى: «جىسىم ئۆزىگە تەسىر قىلغان ئەڭ زور كۈچنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ». ئەمما بۇ يەردە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئۇ كۆرسەتكەن «كۆپ سانلىق كىشى»

ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پارلامېنتتىكى ۋەكىللىرى، يەنى ھەقىقىي كۆپ سانلىق خەلق ئاممىسىدىن يۇتۇنلەي ئايرىلغان «كۆپ سانلىق كىشى» ئىدى. ئۇ ئۈچ ھوقۇق، يەنى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىيەت ھوقۇقى ۋە فېدېراتسىيە ھوقۇقى (تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل)نىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلدى ھەم قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ ئۈستۈن ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى، ئەمما يەنە: قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى چەكسىز بولمايدۇ، ئۇ پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە مال ـ مۈلۈك ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، دېدى. ئۇ مۇنداق قارىدى: پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىكى ھوقۇق قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇشى لازىم، قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت قانۇنىنى بۇزغاندا ئۇلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت قانۇنىنى قانۇنسىز ۋاستىلەر چەكلىمىسە ھەمدە پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پائالىيەتلىرى كۆپ ساندىكى پۇقرالارنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى، جىسمانىي ئەركىنلىكىگە داۋاملىق تەھدىت سالسا، پۇتۇن خەلق قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈش يولى ئارقىلىق پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھوقۇقلۇق.

لوك بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن 1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنى ئاشكارا ئاقلىدى.

17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى بۇرژۇئازىيە تارىخشۇناسلىقىدا «كالۋىن دىنى ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇرژۇئازىيە بۇ ئىنقىلابنىڭ سىنىپىي مەزمۇنىنى مەقسەتلىك يوشۇرغانىدى. ئەلۋەتتە، ئەنگلىيەدىكى بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھ ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلغاندا دىن تۇغىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئەمما بۇ دىن تۇغىنىڭ كەينىگە بۇرژۇئازىيەنىڭ سىنىپىي تەلىپى ۋە مەنپەئەتى يوشۇرۇنغانىدى.

ئەنگلىيەدىكى ئىككى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش ماھىيەتتە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پادىشاھ ۋەكىللىكىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىكى سىنىپىي ئېلىشىش بولۇپ، بۇ ئېلىشىش نەتىجىسىدە بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر غەلىبە قىلىپ، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب خاراكتېر جەھەتتىن بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇرژۇئازىيە سىنىپى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، دۆلەت دىنى جەمئىيىتى ۋە پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىنقىلابنىڭ جەڭگىۋار كۈچى كەڭ دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە شەھەر ـ يېزىلاردىكى نامرات خەلق بولدى. ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى خەلق ئاممىسىنىڭ قۇربان بېرىشى بەدىلىگە كەلدى، خەلق ئاممىسى تۈرتكىلىك رول ئوينىغاچقىلا، ئىنقىلاب بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، پادىشاھنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇش دەرىجىسىگە يەتتى.

ئەمما، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بۇرژۇئاز يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاقى بولغاچقا، ئاقىۋەتتە پادىشاھلىق تۈزۈم، چوڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى، دېھقانلار يەنىلا پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئېزىشىدىن قۇتۇلالمىدى.

ئىككىنچى باب

# ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى

## 1 ـ بۆلۈم  سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

### 1. بۇرژۇئاز پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى

ئەنگلىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى ئىنقىلاب ۋە 1660 ـ يىلىدىكى پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋالغۇشتىن كېيىن، 1688 ـ 1689 ـ يىللىرىغا كەلگەندە سىياسىي ۋەزىيەتتە تەدرىجىي مۇقىملاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نىسپىي مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەتتە، بۇرژۇئا پارلامېنت تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى.

1688 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، 1689 ـ يىلى «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى»گە ئاساسەن پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چەكلىنىپ، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلدى. قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، ھەربىي ھوقۇق ۋە مالىيە ھوقۇقى پۈتۈنلەي پارلامېنتقا تەۋە بولۇپ، پادىشاھنىڭ قولىدا پەقەت مەمۇرىي ھوقۇقلا قالدى. پادىشاھ ۋەزىرلەرنى ئۆزى تەيىنلىدى، ئۇلار پادىشاھ ئالدىدا جاۋابكار بولدى.

ئەمما، 1689 ـ يىلى ئورنىتىلغان سىياسىي تۈزۈمدە كېيىنكى 100 يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى.

1689 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان پادىشاھ ۋىلىيام III ئەسلىدە گوللاندىيەنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇ ئەنگلىيەگە پادىشاھ بولۇشتا پۈتۈنلەي ۋىگ پارتىيەسى بىلەن تورىي پارتىيەسىنىڭ يار دىمىگە تايانغاچقا، دەسلىپىدىلا بۇ ئىككى چوڭ سىياسىي پارتىيە ئىچىدىن مەركىزىي كېڭەش ۋەزىرلىرىنى تاللىدى. ئەمما، كېيىن بۇ ۋەزىرلەر ئارىسىدا دائىم دىگۇدەك مەزھەپ ماجىراسى يۈز بېرىپ تۇردى، ۋەزىرلەر بىلەن پارلامېنتنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ ئىناقسىزلىق كۆرۈلدى. 1694 ـ يىلى سوندېرلاندنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ۋىلىيام III تورىي پارتىيەسىدىن بولغان ۋەزىرلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ۋەزىرلەرنى پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ۋىگ پارتىيەسىدىكىلەردىن تاللىدى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي كېڭەش ۋەزىرلىرى ۋە پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق ئەزالار ئوخشاش بىر پارتىيەدىن بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدى. 1698 ـ يىلى، تورىي پارتىيەسى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، تۆۋەن پالاتادا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى، پادىشاھ تۆۋەن پالاتا بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ۋىگ پارتىيەسىدىن بولغان ۋەزىرلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، تورىي پارتىيەسىدىكىلەرنى مەركىزىي كېڭەش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلىيام III دەۋرىدىن باشلاپ ئەنگلىيەدە پادىشاھ مەركىزىي كېڭەش ۋەزىرلىرىنى چوقۇم تۆۋەن پالاتادا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيەنىڭ داھىيلىرىدىن تاللايدىغان ئادەت شەكىللەندى.

ئىچكى كابىنېتمۇ ۋىلىيام III دەۋرىدە شەكىللەندى. ئىچكى كابىنېتنىڭ ئاساسى پادىشاھقا بىۋاسىتە قاراشلىق مەمۇرىي ئورگان بولغان مەركىزىي كېڭەش ئىدى. ۋىلىيام III تۆۋەن پالاتادا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيەدىكىلەردىن مەركىزىي كېڭەش ۋەزىرلىرىنى تەيىنلىگەندىن كېيىن، دائىم مەخپىي خانە (Cabinet) دە بىرقانچە مۇھىم ۋەزىر بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى

كېڭەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بىرقانچە ۋەزىر تەدرىجىي ھالدا ئىچكى كابىنېتنى شەكىللەندۇردى. ئىچكى كابىنېتتىكى ۋەزىرلەر پادىشاھقا تەكلىپ بەرسە، پادىشاھ ھامان قوبۇل قىلاتتى، ۋەزىرلەرنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلمايتتى. 1701 ـ يىلىدىكى «تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى»غا ئاساسەن، پارلامېنت ماقۇللىغان قانۇنلارغا ئالاقىدار ۋەزىرلەر ئىمزا قويىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن قانۇننى تەستىقلاشنىڭ بىر قىسىم جاۋابكارلىقى پادىشاھتىن ۋەزىرلەرگە يۆتكەلدى. ۋىلىيام Ⅲ دىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان ئايال پادىشاھ ئاننې تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە مۇنداق ئادەت شەكىللەندى: ئىچكى كابىنېت ۋەزىرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھەسىنى پارلامېنتتىكى ئىككى پالاتا ماقۇللىغاندىن كېيىن، پادىشاھ ياكى ئايال پادىشاھ چوقۇم تەستىقلىشى كېرەك، ئەگەر پادىشاھ ياكى ئايال پادىشاھ بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئىنكار قىلسا، ئىچكى كابىنېت ۋەزىرلىرى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشى شەرت، ئەمما پادىشاھ ياكى ئايال پادىشاھ تۆۋەن پالاتادا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيە ئىچىدىن ۋەزىر تاللىشى لازىم. بىراق، 1707 ـ يىلىدىن كېيىن، ئەنگلىيە پادىشاھى ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن پارلامېنت مۇتلەق قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى.

1714 ـ يىلى ئايال پادىشاھ ئاننې ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 1701 ـ يىلىدىكى «تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى»غا ئاساسەن، جامېس Ⅰ نىڭ نەۋرە قىزى سوفىيەنىڭ ئوغلى جورجى (گېرمانىيەدىكى خاننوۋېرنىڭ كىنەزى) ئەنگلىيەگە كېلىپ تەختكە ئولتۇرۇپ، جورجى Ⅰ دەپ ئاتالدى. جورجى Ⅰ سېپى ئۆزىدىن گېرمانىيەلىك بولۇپ، تەختكە ئولتۇرغاندا 54 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئەنگلىيەگە قارىغاندا خاننوۋېرغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى، ئەنگلىيە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشنى خاننوۋېر كىنەزلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايتتى. ئۇ

ئەنگلىيەنىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەيتتى، ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيتتى، ئەنگلىيە ۋەزىرلىرى بولسا نېمىس تىلىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ ۋەزىرلەر يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا لاتىن تىلىدا سۆزلەشكە مەجبۇر بولاتتى، ئەمما ۋەزىرلەر لاتىن تىلىغا پىششىق ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، جورجى I 1717 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىچكى كابىنېت يىغىنلىرىغا قاتناشمايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىچكى كابىنېت يىغىنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ۋەزىر — باش ۋەزىر تەدرىجىي شەكىللەندى، ئەمما شۇ دەۋردە بۇ ئاتالغۇ تېخى رەسمىي قوللىنىلمىغانىدى. تۇنجى باش ۋەزىر روبېرت ۋولپو (1721 ـ يىلىدىن باشلاپ ۋەزىپە ئۆتىگەن)نىڭ باش ۋەزىرلىك ئورنىغا چىقىشىغا ئاساسەن ئۇنىڭ سىياسىي تالانتى سەۋەب بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ جورجى I دەۋرىدىن باشلاپ يەنە پادشاھ ئىچكى كابىنېت يىغىنلىرىغا قاتناشمايدىغان، باش ۋەزىر ئىچكى كابىنېتقا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەت شەكىللەندى. ئىچكى كابىنېتنىڭ ئۆز باشلىقى — باش ۋەزىرگە ئىگە بولۇشى ئىچكى كابىنېتنىڭ پادىشاھنىڭ كونتروللۇقىدىن تولۇق قۇتۇلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1742 ـ يىلى ۋولپونىڭ ئىچكى كابىنېتى تۆۋەن پالاتانىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئىچكى كابىنېت كوللېكتىپ ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ يەنە مۇنداق ئادەتنى پەيدا قىلدى: ئىچكى كابىنېتنىڭ سىياسىتى تۆۋەن پالاتانىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىسە، ئىچكى كابىنېت ئىستېپا بېرىشى كېرەك.

1783 — 1784 ـ يىللىرى، كىچىك ۋىلىيام پىت كابىنېت تەشكىللىگەندە تۆۋەن پالاتادا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيەنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ تۆۋەن پالاتانى تارقىتىۋېتىپ، قايتا سايلام ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. نەتىجىدە، قايتا سايلاپ چىقىلغان تۆۋەن پالاتا پىتنى قوللىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنداق ئادەت شەكىللەندى: ئەگەر كۆپ

ساندىكى تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى ئىچكى كابىنېتقا ئىشەنمىسە، ئىچكى كابىنېت تۆۋەن پالاتانى تارقىتىۋېتىپ قايتا سايلاپ چىقىدۇ، ئەگەر يېڭىدىن سايلاپ چىقىلغان تۆۋەن پالاتا ئىچكى كابىنېتقا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئىچكى كابىنېت داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، ئەكسىچە بولسا ئىچكى كابىنېت كوللېكتىپ ئىستىپا بېرىدۇ، يېڭىدىن سايلانغان تۆۋەن پالاتادىكى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيە ئىچكى كابىنېت تەشكىللەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، 1701 ـ يىلىدىكى «تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى»غا ئاساسەن، تۆۋەن پالاتا ئەمەلدارلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا، پادىشاھنىڭ چوڭ كەچۈرۈم قىلىش پەرمانى كۈچكە ئىگە بولمايدىغان، سوتچىلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ياخشى بولسا، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەيدىغان، ئۇلارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلسە، چوقۇم ئىككى پالاتانىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ پادىشاھنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىنى چەكلىدى.

شۇنداق قىلىپ، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيەدە بۇرژۇئا پارلامېنت تۈزۈمى ئاخىر ئورنىتىلدى. بۇ تۈزۈم تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى: بىرىنچى، بارلىق قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى پارلامېنتنىڭ قولىدا بولىدۇ، پادىشاھنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئىككىنچى، ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگان ھېسابلىنىدىغان ئىچكى كابىنېت تۆۋەن پالاتادىن تەشكىللىنىدۇ، پادىشاھ پەقەت تۆۋەن پالاتادا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان پارتىيە رەھبەرلىرىدىن كابىنېت تەشكىللەيدىغانلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۈچىنچى، ئىچكى كابىنېت تۆۋەن پالاتا ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، باش ۋەزىر ياكى ئالاقىدار ۋەزىرلەر بەلگىلىك مۇددەتتە پارلامېنتقا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ تۇرىدۇ. تۆتىنچى، ئىچكى كابىنېت

www.uyghurkitap.com

تۆۋەن پالاتانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى شەرت، مۇبادا تۆۋەن پالاتا ئىچكى كابىنېتقا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئىچكى كابىنېت ياكى ئىستېپا بېرىشى، ياكى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ قايتا سايلاپ چىقىشى، ئىچكى كابىنېتنى ساقلاپ قېلىش ـ قالماسلىقنى يېڭىدىن سايلانغان تۆۋەن پالاتا قارار قىلىشى كېرەك. بەشىنچى، پارلامېنتنىڭ شىكايەت قىلىش ھوقۇقى ۋە سوتچىلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇرژۇئا پارلامېنت تۈزۈمىدە، پارلامېنت ئەڭ ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنىغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنى بېكىتىش، ئىچكى كابىنېتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى نازارەت قىلىش، ئىچكى كابىنېتنى ساقلاپ قېلىش ـقالماسلىقنى قارار قىلىش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىش قاتارلىق چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە بولدى. پادىشاھ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان، ئاتاقتىكى پادىشاھقا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتكە ئايلاندى.

يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەر بەزى تاسادىپىي ۋەقەلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئەنگلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىرقانچە چەت ئەللىك پادىشاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمما، ئەڭ مۇھىم سەۋەب يەنىلا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ بارغانسېرى زورايغانلىقى، پادىشاھنىڭ بۇ كۈچلۈك سىنىپىي ئېھتىياج ئالدىدا قەدەممۇقەدەم يول قويۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىدا ئىدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، پادىشاھ جورجى III ئۆزىنىڭ ئاتاقتىكى پادىشاھ بولۇپ قالغانلىقىغا رازى بولماي، پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئەمما، ئۇنىڭ نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى شۇ چاغدا بۇرژۇئا

پارلامېنت تۈزۈمى مۇستەھكەم ئورنىتىلىپ بولغان بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ تېرىشچانلىقىغا تايىنىپ تارىخ چاقىنى كەينىگە ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىدى.

ئەنگلىيەدە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى، چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەم تىكلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، چۈنكى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولغان پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسىنى توريى پارتىيەسى بىلەن ۋىگ پارتىيەسى تىزگىنلەپ تۇراتتى.

چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپى چىرىك، دېموكراتىك بولمىغان سايلام تۈزۈمىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەن پالاتادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ كەلدى. ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سايلام رايونىنى بۆلۈش ئۇسۇلى ئۆزگەرمىدى. ئىلگىرىكى ئاۋات شەھەر ـ بازارلار 18 ـ ئەسىردە ئادەمسىز قاقاس دالاغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ «خارابىلاشقان شەھەر ـ بازارلار»غا بېرىلگەن تۆۋەن پالاتا ئەزا سانى ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن، لۇۋسارلىم ئاھالىسى كۆپ ئاۋات شەھەردىن قاقاس تاغلىق كەنتكە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئىككى ئەزا سانى بار ئىدى. دونۋىچ ئەسلىدە دېڭىز بويىدىكى شەھەر بولۇپ، كېيىن دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەزا سانى يەنىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. پوسېنى ئاران ئۈچ ئائىلىلىك دېھقان قالغان كىچىك كەنت بولسىمۇ، ئىككى ئەزا سانى بار ئىدى. چوڭ پومېشچىكلار بۇ «خارابىلاشقان شەھەر ـ بازارلار»غا بېرىلگەن تۆۋەن پالاتا ئەزا سانىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى سايلىۋالاتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك (513 ئەزانىڭ 254 ى) «خارابىلاشقان شەھەر ـ بازارلار»دىن سايلاپ چىقىلغانىدى. ئەكسىچە، بۇرۇن ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان مانچېستېر، بىرمىڭھام، رىتىس دېگەندەك

جايلار رەت ـ رەت بىنالارغا تولغان چوڭ شەھەرلەرگە ئايلانغان بولسىمۇ، بۇ يەرلەرگە تۆۋەن پالاتا ئەزا سانى بېرىلمىدى، بۇ، يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سايلام هوقۇقىنى تارتىۋالغانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر ۋە يېزىلاردا سايلام هوقۇقىغا زور دەرىجىدە چەك قويۇلدى. شەھەرلەردە سايلام هوقۇقى پەقەت چوڭ سودىگەرلەردىن تەركىب تاپقان ئاپتونومىيە تەشكىلاتلىرىغا بېرىلدى. بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى سايلىشاتتى ھەم سايلام بېلىتىنى يۇقىرى باھادا ساتاتتى، ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل خەجلىگەن بايلارلا سايلىنالايتتى. يېزىلاردا سايلام هوقۇقى ئاساسەن چوڭ پومېشچىكلارنىڭ قولىدا بولدى. سايلىنىش هوقۇقىنىڭ مال ـ مۈلۈك شەرتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 1710 ـ يىلىدىكى قانۇن بويىچە، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر سايلاپ چىققان پالاتا ئەزالىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 600 فوندتىن تۆۋەن بولماسلىقى، ھەرقايسى شەھەرلەر سايلاپ چىققان پالاتا ئەزالىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 300 فوندتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 7 مىليون 250 مىڭ نوپۇس ئىچىدە پەقەت 150 مىڭ ئادەملا سايلام هوقۇقىغا ئىگە بولدى. شۇڭا، پارلامېنت كەڭ خەلق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئورگانغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارلامېنت ئۆزىنىڭ سايلىغۇچىلىرىدىن بارغانسېرى ئايرىلىپ قالدى، چۈنكى 18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلاپ تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغا ئۆزارتىلدى.

پارلامېنت سايلىمىدا پارىخورلۇق ۋە سايلىغۇچىلارنى سېتىۋېلىش ھادىسىلىرى ئېغىر بولۇپلا قالماي، بەلكى تۆۋەن پالاتانىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ پارىخورلۇق ئەۋج ئالدى. ئىچكى كابىنېت ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش

ئۇچۇن، پالاتا ئەزالىرىغا پارا بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنى قوللاشقا ئۈندىدى. خىيانەتچىلىك - چىرىكلىك ئەنگلىيە پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى.

ئەمما شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ چاغدا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمگە سېلىشتۇرغاندا، ئەنگلىيە پارلامېنت تۈزۈمى يەنىلا ئىلغار سىياسىي تۈزۈم ھېسابلىناتتى، چۈنكى ئۇنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقىنى كېڭەش ئورگىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ، پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئەمەس ئىدى. ئۇ يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئەكسىيەتچىل فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش قورالى ئەمەس ئىدى، بۇ تۈزۈم پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويماي، ئەكسىچە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

پارلامېنت تۈزۈمى ۋە چىرىك سايلام تۈزۈمىگە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان چوڭ يومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىر يۈرۈش سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، يەر چىتلاش ھەرىكىتى، زايوم تۈزۈمى، كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۇرۇشى، مۇستەملىكىلەرنى تالان - تاراج قىلىش ئۇرۇشى قاتارلىق ئىچكى - تاشقى سىياسەتلەرنى جىددىي يۈرگۈزۈپ، ئىپتىدائىي جۇغلانما باسقۇچىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

## 2. ئىپتىدائىي جۇغلانما باسقۇچىنىڭ تېزلىشىشى

ئەنگلىيەدىكى چوڭ يومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپى 1688 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن سىياسىي سەھنىگە

چىقىپلا سىياسىي ئۈستقۇرۇلمىدىن پايدىلىنىپ، كاپىتالىزمنىڭ ئۆلىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى، ئۇلار پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرتىپىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

بىرىنچىدىن، چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپى قانۇنلۇق ۋاستىلەرگە تايىنىپ، «يەر چىتلاش» قەدىمىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. ئىنقىلابتىن ئىلگىرى ئاقسۆڭەكلەر دېھقانلارنى قورۇقلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ياكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتكەن، ئۇلار بۇنى پەقەت «ئۆزلىرىنىڭ زورلۇق كۈچى»گە تايىنىپ ئېلىپ بارغانىدى. ئەمدى بولسا، ئۇلار پارلامېنت چىقارغان قانۇنغا تايىنىپ يەر چىتلىدى، بۇنىڭ بىلەن قانۇننى خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

1709 ـ يىلى پارلامېنت تۇنجى يەر چىتلاش قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىغاندىن تارتىپ، يەر چىتلاش قانۇن لايىھەسى يىلمۇيىل كۆپەيدى. 1717 ـ يىلدىن 1727 ـ يىلغىچە 15 لايىھە، 1728 ـ يىلدىن 1760 ـ يىلغىچە 226 لايىھە، 1761 ـ يىلدىن 1769 ـ يىلغىچە 1482 لايىھە، 1797 ـ يىلدىن 1820 ـ يىلغىچە بولسا 1727 لايىھە ماقۇللاندى. بۇ لايىھەلەرگە ئاساسەن چىتلانغان يەر 4 مىليون ئىنگلىز موسىغا يەتتى.

بۇ خىل «قانۇنلۇق» يەر چىتلاشنىڭ تەرتىپى مۇنداق ئىدى: يەر چىتلىماقچى بولغانلار ئۆز رايونىدىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ 4/5 قىسمىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، پارلامېنتقا ئىلتىماس سۇناتتى. پارلامېنت تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، لايىھە تۈرغۇزۇپ، بىر كومىتېتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە تاپشۇراتتى. «چىتلانغان يەرلەرگە تۆلەم بېرىلەتتى.» بۇ چارە قارىماققا ئادىلدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە يەنىلا زورلۇق كۈچكە تايىنىش ۋە ئالدامچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاتالمىش «ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ 4/5 قىسمىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش» دېھقانلار



www.uyghurkitap.com

بىرلىك قىلىنماستىن، بەلكى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ياكى يەر باھاسى بىرلىك قىلىناتتى. بىر رايون دائىرىسىدە، كۆپىنچە بىر ـ ئىككى چوڭ پومېشچىكنىڭ يەرلىرىلا بۇ تەلەپنى قاندۇرالايتتى. «چىتلانغان يەرلەرگە تۆلەم بېرىش» مۇسادىرە قىلغانغا باراۋەر ئىدى. چىتلانغان يەر دائىرىسىدىكى قولىدا يەر خېتى يوق ئىجارىكەش دېھقانلار دەۋا ـ دەستۇردا ئامالسىز قېلىپ نەچچە ئەۋلاد تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار ئەمەلدار ـ تۆرىلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، قاتتىق ـ يۇمشاق ئۇسۇللار بىلەن بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا، يەرلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ھېچقانچە نەرسىگە ئېرىشەلمەيتتى. خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك «ئومۇمغا تەۋە يەرلەرنى چىتلاش قانۇنى» ماھىيەتتە «پومېشچىكلارنىڭ خەلقنىڭ يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكى قاتارىدا ئۆزىگە ھەدىيە قىلىش قانۇنى، خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىش قانۇنى» ئىدى.①

يەر چىتلاش ھەرىكىتى تۇركۇملىگەن دېھقانلارنى ئەسىرلەردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇ چاغدىكى كىشىلەر مۇنۇلارنى خاتىرىلىگەن: «بەزى جايلاردا 100 ئائىلىلىكتىن ... ئاران توققۇز ـ ئون ئائىلىلىك قالدى»، «تۆت ـ بەش باي چارۋىدار يېقىندىلا چىتلانغان كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى، ئىلگىرى بۇ يەرلەر 20 ـ 30 ئىجارىكەش دېھقان ۋە شۇنچىلىك ساندىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار ئائىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆز يەرلىرىدىن قوغلىۋېتىلدى». ئۆيلەر، ئاشلىق ئامبارلىرى، ئات ئېغىللىرى خارابىلىككە ئايلىنىپ، ئۇلاردىن قالغان بىردىنبىر ئىز بولۇپ قالدى. ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار

① ماركس: «كاپىتال»، 1 ـ توم، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 23 ـ توم 793 ـ بەت

سىنىپ سوپىتىدە يوقالدى. يەرلىرى تارتىۋېلىنغان دېھقانلار ئاچ - يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ياللانما ئىشچى بولدى، كۆپ قىسمى شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ، سانائەتنىڭ زاپاس قوشۇنىغا قوشۇلدى. زور تۈركۈمدىكى «ئەركىن» ئەمگەك كۈچىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى دەل سانائەت ئىنقىلابى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى.

يەر چىتلاش ھەرىكىتىدە، يەرگە ئىگە بولۇۋالغان يومېشچىكلار ئۆز يەرلىرىنى كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىگىلىرىگە ئىجارىگە بەردى. دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرى ئىشچى ياللاپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆلەملەشكەن ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى يېڭىلاپ، يەرلەرنى يىلمۇيىل توختاتماي تېرىشنى شۇدىگەر قىلىپ تېرىشقا، كالا - قويلارنى دالادا ھەيدەپ بېقىشنى قوتاندا بورداشقا ئۆزگەرتتى. يەرلەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، زىرائەتلەرنى تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىپ، ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىپ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇردى. كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مەبلىغى كەمچىل بولغانلىقتىن، يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىشقا قۇربى يەتمەي، چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە يېڭىلىپ، كەينى - كەينىدىن ۋەيران بولدى. مۆلچەرلىنىشىچە، 1740 - يىلىدىن 1788 - يىلىغىچە، 40 مىڭدىن ئارتۇق كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، سانائەت ۋە ئېكسپورتنى يېتەرلىك خام ئەشيا ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. 1700 - يىلى ئەنگلىيە 49 مىڭ كۇئارت بۇغداي ۋە ئۇن ئېكسپورت قىلغان بولسا، 1750 - يىلىغا كەلگەندە بۇغداي ۋە ئۇن ئېكسپورت مىقدارى 950 مىڭ كۇئارتقا يەتتى.

ماركس مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئۇششاق دېھقانلارنىڭ ياللانما ئىشچىلارغا ئايلىنىشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ۋە ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنىڭ كاپىتالنىڭ ماددىي ئامىلىغا ئايلىنىشى



www.uyghurkitap.com

ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كاپىتالىزم ئۈچۈن ئىچكى بازار بەرپا قىلدى.»[1] ئىلگىرى دېھقانلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك كۆپىنچە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىراتتى، ئەمدى بولسا دېھقانچىلىق رايونلىرى خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بازىرىغا ئايلاندى.

ئەنگلىيەدىكى يەر چىتلاش ھەرىكىتى 300 يىل داۋاملىشىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاندىن ئاياغلاشتى، بۇ ھەرىكەت سانائەت ئىنقىلابىنى زور تۆركۈمدىكى «ئەركىن» ئەمگەك كۈچى ۋە مۇقىم سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرى بىلەن تەمىنلىدى.

ئىككىنچىدىن، فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش جىددىيلەشتۈرۈلدى. نەتىجىدە، ئەنگلىيە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، چەت ئەلدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. مۇستەملىكە رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، شۇ جايدىكى بايلىقلارنى ئەسەبىيلەرچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. مەسىلەن، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى ھىندىستاننىڭ بېنگال ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلغاندا، دۆلەت غەزىنىسىنى بۇلاپ قۇرۇقدىۋەتتى، تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ كاتتىباشى كىلىۋې يالغۇز ئۆزىلا 234 مىڭ فوند قىممىتىدىكى زور بايلىققا ئىگە بولۇۋالدى. 1757 ـ يىلىدىن 1815 ـ يىلىغىچە شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ھىندىستاندىن 1 مىليارد فوند شۇلۇۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1789 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيەلىك چوڭ ئېكىنزار غوجايىنلىرى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىن ھەر يىلى 4 مىليون فوندقا ئېرىشتى.

فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئەنگلىيەنى دېڭىزدىكى زومىگەرگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مۇھاپىزىتىدە دۇنيا سودىسىنى،

---

[1] ماركس: «كاپىتال» 1 ـ توم، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 23 ـ توم، 816 ـ بەت.

جۇملىدىن قۇل سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى. دۇنيا سودىسى ئىچىدە قۇل سودىسىدىن كىرىدىغان كىرىم ئادەمنى چۆچۈتەتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، قۇل سودىسى ئەنگلىيە سودىگەرلىرىگە ھەر يىلى 300 مىڭ فوند ساپ پايدا ئېلىپ كەلدى.

مۇستەملىكە رايونلىرىدىن شۇلۇۋالغان غايەت زور بايلىق ۋە دېڭىز سودىسىدىن كىرگەن غايەت زور پايدا ئەنگلىيەگە كىرىپ كاپىتالغا ئايلاندى. مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى كەڭ بازار بىلەن تەمىنلىدى.

ئۈچىنچىدىن، زايوم ۋە يېڭىچە زامان باج سىياسىتى ئارقىلىق خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىش جىددىيلەشتۈرۈلدى.

فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا كېتىدىغان ھەربىي خىراجەتنى غەملەش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى زور مىقداردا زايوم تارقاتتى. ئاۋستىرىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا تارقىتىلغان زايوم 75 مىليون 812 مىڭ فوندقا، يەتتە يىللىق ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا تارقىتىلغان زايوم 126 مىليون 794 مىڭ فوندقا يەتتى. زايومنىڭ ھەممىسىنى چوڭ سودىگەر، چوڭ بانكىرلار سېتىۋالدى. چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يۇقىرى ئۆسۈم بېرىش سىياسىتىنى قوللاندى. ئېنگىلاند بانكىسى زايوم سېتىۋالغاندا ھۆكۈمەت ئۆسۈم نىسبىتىنى 8% قىلىپ بېكىتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، ھۆكۈمەت ھەر يىلى 5 مىليون فوند زايوم ئۆسۈمى تۆلىدى. زايوم سېتىۋالغان چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپى تازا بېيىدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى زايوم تارقىتىش بىلەن بىللە، خەلقنىڭ باج ـ سېلىقىنى ئاشۇردى، بولۇپمۇ ئىستېمال بېجىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە باج ئېلىنىدىغان ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتتى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 18 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيەلىكلەر ھەر 20 شىللىڭ چىقىمىنىڭ 10

شىلىڭنى ئىستىمال بىجى سۈپىتىدە دۆلەتكە تاپشۇرغان. ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپى سېتىۋالغان زايومغا يۇقىرى ئۆسۈم تۆلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقتىن غايەت زور مىقداردا باج پۇلى شۇلىۋالدى، شۇنداق قىلىپ، خەلقنىڭ قولىدىكى زور بايلىق دۆلەت ئاپپاراتى ئارقىلىق ئۇزۇلمەي چوڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشتى. شۇڭا، زايوم تۈزۈمى يىلەن ئىستېمال بىجى سىياسىتى كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىشىدا پىشاڭلىق رول ئوينىدى.

ئومۇمەن، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەر چېتىلاش ھەرىكىتىنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلىشى نەتىجىسىدە، ئەنگلىيەدە مىسلى كۆرۈلمىگەن پىرولېتارلار قوشۇنى شەكىللەندى. مۇستەملىكە رايونلىرىنى رەھىمسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىش، چەت ئەللەردە سودا قىلىش، زايوم تارقىتىش ۋە ئىستېمال بىجى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىدىكى بايلىق ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى ھەمدە كاپىتالغا ئايلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى ئۈچۈن مۇھىم ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىدى.

ئەمما، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى يەنە ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە، ئەنگلىيە كاپىتالىستىك ئىشخانا قول سانائىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، سانائەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان يۇڭ توقۇمىچىلىقىلا ئەمەس، مېتالچىلىق، تۇزچىلىق، ھاراق ئىشلەش، يىپەك توقۇمىچىلىق، كەندىر توقۇمىچىلىق ۋە پاختا توقۇمىچىلىقىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. يۇڭ توقۇمىچىلىق پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئاز دېگەندىمۇ بەشتىن بىر قىسىم ئائىلە يۇڭ توقۇمىچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ

www.uyghurkitap.com

بارغانسېرى كېڭەيدى. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1736 ـ يىلى مەلۇم بىر سوكنا توقۇمىچىلىق كارخانىسىدا 600 دەستىگاھ سەپلەنگەن.

قول سانائەت ئىشخانىلىرى كىچىك كۆلەمدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ماشىنىلاشقان، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتتى ھەم ماشىنىلاشقان چوڭ سانائەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى زۆرۈر شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ئىش تەقسىماتى ئېنىقلىقتا ۋە ئىنچىكىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئادام سىمىتنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بىر تال تۆگمىنى ياساش 18 ئىش ھالقىسىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر ئىشچى پەقەت بىر خىل ئىشنى تاماملىغان. ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئەمگەك قوراللىرىنىمۇ مەخسۇسلاشتۇردى. مەسىلەن، بىرمىڭھامدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەخمىنەن 500 خىل بولقا ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مەلۇم ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىغا ماس كەلگەن. ئەمگەك قوراللىرىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە كۆپ خىللىشىشى ماشىنا ئىجاد قىلىشنىڭ ماددىي شارائىتىنى ھازىرلىدى. چۈنكى ماشىنا نۇرغۇن ئاددىي قوراللارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ياسالاتتى. قول سانائەت ئىشخانىلىرى مەخسۇس مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەلىكىلىك ئىشچىلارنى تەربىيەلەپ چىقتى. بۇ، ماشىنا ئىجاد قىلىش ۋە ئىشلىتىشكە شارائىت ياراتتى.

ئەمما، ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ زور چەكلىمىلىكى بار ئىدى. ئالدى بىلەن، ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلالمايتتى ھەم ئۇنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئاز ساندىكى چوڭراق قول سانائەت ئىشخانىلىرى شەھەرلەردىكى كىچىك ئۇستىخانىلار، يېزىلاردىكى ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. ئىشخانا قول سانائىتى ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى سىقىپ چىقىرىۋېتەلمەيتتى،

دېھقانچىلىق بىلەن ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلىيالمايتتى. پەقەت يىرىك ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشلا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى ھەم كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆلىنى مۇستەھكەملىيەلەيتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ ئاساسى يەنىلا ھۈنەرۋەنلىك تېخنىكىسى بولۇپ، بۇنداق ئاجىز تېخنىكا ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. كاپىتالىستلار تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، تەبىئىي كۈچنى ۋە پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا تەتبىقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ماسلىشالماسلىق ھادىسىسىنى ھەل قىلىشقا تىرىشتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جەمئىيەت قوللىنىشچان پەن ـ تېخنىكىغا تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلەر روشەن كۆپەيدى. 1740 ـ يىلى تەستىقلانغان پاتېنت تۆتكە، 1750 ـ يىلى يەتتىگە، 1760 ـ يىلى 14 كە، 1770 ـ يىلىغا كەلگەندە 30 غا يەتتى. بۇ ئەھۋاللار بىر مەيدان تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

## 2 ـ بۆلۈم سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسى ۋە نەتىجىسى

### 1. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسى

ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى ئالدى بىلەن پاختا توقۇمىچىلىقتىن باشلاندى. ئەنگلىيەدە پاختا توقۇمىچىلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت تارمىقى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە

يۇڭ توقۇمىچىلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كونا ئەنئەنىلەرنىڭ ئاسارىتى، مەھسۇلاتقا بولغان خىلمۇخىل چەكلىمىلەر يوق، يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىش نىسبەتەن ئوڭاي ئىدى.

18 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ، ھىندىستان، جۇڭگونىڭ پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيتتى. شۇ دەۋردە جۇڭگو ۋە ھىندىستاننىڭ پاختا رەختلىرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش مودا بولغان ئىدى. ئەنگلىيە پارلامېنتى ئۆز دۆلىتىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوغداش ئۈچۈن، 1700 ـ يىلى پەرمان چىقىرىپ، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ئىراندىن بويالغان پاختا توقۇلمىلارنى كىرگۈزۈشنى چەكلىدى، پەرماندا مۇنداق دېيىلگەنىدى: چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن پاختا توقۇلمىلار «دۆلەتنىڭ بايلىقىنى خورىتىپ ... خەلقنىڭ ئىش پۇرستىنى يوق قىلىدۇ». ئەمما، ئەنگلىيە پەقەت يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىش ئارقىلىقلا خەلقئارا بازاردا ھىندىستان، جۇڭگونىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلەيتتى، دەل مۇشۇ تاۋار رىقابىتى بىر قاتار يېڭى كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

1733 ـ يىلى لانكاشىرېدىكى سائەتچى كېئاي ئۇچقۇر موكىنى كەشىپ قىلدى. بۇرۇن توقۇمىچىلار رەخت توقۇغاندا، موكىنى ئۆرۈش يىپ بىلەن ئارقاق يىپ ئارىلىقىدا قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرەتتى. ئەمدى بولسا، دەسسىگۈچ ئارقىلىق پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئىش ئۈنۈمى بىر ھەسسە ئاشتى. ئۇچقۇر موكىنىڭ ئىشلىتىلىشى يىپ ئېگىرىش بىلەن رەخت توقۇش ئارىسىدىكى مۇۋازىنەتنى بۇزۇۋەتتى، بىر توقۇش ئىشچىسىغا ئالتە ـ سەككىز يىپ ئېگىرىش ئىشچىسى يىپ ئېگىرىپ ئۈلگۈرەلمەي، دائىم ئىش ئاقساپ قالىدىغان بولدى. يىپ ئېگىرىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ

قالدى.

1764 ـ يىلىدىن 1768 ـ يىلىغىچە، توقۇمىچى جامېس خارگرېئاۋېس جېنىئانىي يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى. بۇ ماشىنا قول ھۈنەرۋەنچىلىك سايمانلىرىنى ماشىنىغا ئۆزگەرتىشنىڭ تىپىك مىسالى بولدى. قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يىپ ئېگىرگۈچ بىر قېتىمدا پەقەت بىر تالال يىپ ئېگىرەلەيتتى، جېنىئانىي ماشىنىسى بولسا بىر قېتىمدا ئالتە ـ يەتتە تال يىپ ئېگىرىدىغان بولدى، كېيىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق 12 تال يىپ ئېگىرەلەيدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئىش ئۈنۈمى 15 ھەسسە ئاشتى. جېنىئانىي ماشىنىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ھەجىمى كىچىك، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا ئىشلىتىشكە باب كېلەتتى. جېنىئانىي ماشىنىسىنىڭ ئومۇملىشىشى پاختا يىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇردى، ئەمما بۇ ماشىنىدا ئېگىرىلگەن يىپ بەك ئىنچىكە بولۇپ، ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، تېخنىكا يېڭىلاشقا توغرا كېلەتتى.

1768 ـ يىلى سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى كەشىپ قىلىندى. بۇ ماشىنىنى سائەتچى كېئاي بىلەن ياغاچچى خايىس بىللە ياساپ چىققانىدى. 1769 ـ يىلى ساتىراچ ئاركۋرايت بۇ كەشپىياتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى ۋە 1771 ـ يىلى كولومفوردتا تۇنجى پاختا يىپ ئېگىرىش زاۋۇتى قۇرۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 600 دىن ئارتۇق ئىشچى ياللىدى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بالىلار ئىدى. بۇ، ماشىنىلاشقان زاۋۇت قۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بولدى. سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىدا ئېگىرىلگەن يىپلار جېنىئانىي يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىدا ئېگىرىلگەن يىپلارغا قارىغاندا پۇختا بولسىمۇ، ئەمما بەك توم ئىدى. 1779 ـ يىلى، بالا ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان كرومپتون جېنىئانىي يىپ

ئېگىرىش ماشىنىسى بىلەن سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈنۈمۈرسال يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى. بۇ ماشىنىدا ئېگىرىلگەن يىپلار ھەم ئىنچىكە، ھەم پۇختا ئىدى. كېيىن، باشقىلار بۇ ماشىنىغا تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئاپتوماتىك يىپ ئېگىرىش ماشىنىغا ئايلاندۇردى، بۇ ماشىنا 300 – 400 دانە ئۇرچۇقنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان بولغاچقا، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى.

يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى يىپ ئېگىرىش بىلەن رەخت توقۇش ئارىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلۇقنى بۇزدى، رەخت توقۇش سۈرئىتى يىپ ئېگىرىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەي، يېڭى توقۇش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. 1785 ـ يىلى باستېر ئېدمۇنت كارتۇرايت ياغاچچى ۋە تۆمۈرچى ئۇستىلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا رەخت توقۇش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى، 1791 ـ يىلى تۇنجى ئاپتوماتىك رەخت توقۇش زاۋۇتىنى قۇردى. كېيىن رەخت توقۇش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، بىر رەخت توقۇش ماشىنىسى توقۇغان رەختنىڭ مىقدارى 40 ئادەمنىڭ قولدا توقۇغان رەخت مىقدارىغا باراۋەر كېلىدىغان بولدى.

ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىدا، پاختا توقۇمىچىلىق تۇنجى بولۇپ ماشىنىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ساھە بولدى. رەخت توقۇش ماشىنىسىدىن باشقا يەنە، پاختا تازىلاش ماشىنىسى، پاختا تىتىش ماشىنىسى، پاختا ئاقارتىش ماشىنىسى، بوياش ماشىنىسى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ماشىنىلار بارلىققا كەلدى.

پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ باشلامچىلىق رول ئوينىشى كۆمۈر سانائىتى، پولات ـ تۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى تېزلەتتى.

رەخت توقۇش ماشىنىسى بىر خىل سايمان بولۇپ، ئۇ

كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە موھتاج بولغاچقا، ئادەم كۈچى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. شامال كۈچىدىن پايدىلىنىلسا، شامال تۇراقلىق بولمىغاچقا كونترول قىلىش تەسكە چۈشەتتى. ئات قاتارلىق ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىلسا، تەننەرخى يۇقىرى بولغاننىڭ ئۈستىگە باشقۇرماق تەس بولاتتى. شۇڭا، شۇ دەۋردە ئاساسەن سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىلغانىدى. ئەمما، سۇ كۈچىدىن پايدىلانغاندا فابرىكىلارنى قاتنىشى قولايلىق شەھەرلەرگە ئەمەس، بەلكى جەددىي ئېقىن بار يېزىلارغا قۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئېقىن مىقدارىنى خالىغانچە تەڭشىگىلى، قۇرغاق مەۋسۇملەردە سۇ مىقدارىنى كۆپەيتكىلى بولمىغاچقا، ئۇ پەسىلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. شۇڭا، جۇغراپىيەۋى شارائىتنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىي بولغان بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى تېپىش — سانائەت تەرەققىياتىنىڭ جەددىي تەلىپى بولۇپ قالدى.

جامېس ۋات (1736 ـ 1819) گلازگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماشىنا رېمونتچىسى بولۇپ، تىرىشچان بولغاچقا فىرانسۇز، نېمىس، ئىتالىيان تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان ھەم مەشھۇر فىزىكا، خىمىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققانىدى. ئۇ بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تېخنىكا يېڭىلاش ئارقىلىق، 1769 ـ يىلى تاق يۆنىلىشلىك پار ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى. 1782 ـ يىلى قوش يۆنىلىشلىك پار ماشىنىسىنى ياساپ چىقىپ ئۇلانما ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1784 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ ئۆزى ئېرىشكەن پاتېنتنىڭ ئىزاھاتىدا، پار ماشىنىسىنى بارلىق سانائەت ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتكىلى بولىدىغان ماتور دەپ قارىدى. ۋات كەشىپ قىلغان پار ماشىنىسى سانائەت تەرەققىياتىدا زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. تۆمۈر زاۋۇتلىرى پار ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ

www.uyghurkitap.com

شامالدۇرغۇچنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، دومنا پېچىنى يەل بىلەن تەمىنلىدى، كۆمۈر كانلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كان قۇدۇقىدا يىغىلىپ قالغان سۇنى تارتىپ چىقاردى. پار ماشىنىسى 1785 ـ يىلى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا، 1793 ـ يىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا، 1789 ـ يىلى ئومۇمىي توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا ئىشلىتىلدى. 1800 ـ يىلى ئەنگلىيەدە پار ماشىنىسىنىڭ سانى 321 دانە، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 5210 ئات كۈچى بولغان بولسا، 1825 ـ يىلى پار ماشىنىسىنىڭ سانى 15 مىڭ دانىگە، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 375 مىڭ ئات كۈچىگە يەتتى.

پاختا رەخت توقۇش ماشىنىسىنىڭ، بولۇپمۇ پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى باشقا سانائەت تارماقلىرىنىڭ تېخنىكا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، يۇڭ توقۇمىچىلىق ماشىنىلىشىشقا باشلىدى. كەندىر توقۇمىچىلىقتا ماشىنا ئىشلىتىلگەن ۋاقىت بىر ئاز كېيىن بولۇپ، 1810 ـ يىلى فىرانسىيەلىك لىرا دېگەن كىشى ماشىنىدا كاناپ رەخت توقۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەنگلىيەلىكلەر بۇ ماشىنىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ئومۇملاشتۇردى. قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك قاتارلىق باشقا يېنىك سانائەت تارماقلىرىدىمۇ تەدرىجىي ھالدا ماشىنا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

پار ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەنگلىيەنىڭ مول كۆمۈر ۋە تۆمۈر زاپىسىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردى، كۆمۈر ۋە پولات ـ تۆمۈر سانائىتى ئەنگلىيەنىڭ يېقىنقى زامان سانائىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى.

تۆمۈر تاۋلاش ئەنگلىيەنىڭ قەدىمىي سانائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۆمۈر رۇدىسىنى ئېرىتىشتە ئىزچىل ياغاچ كۆمۈر ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن، كېيىن دەرەخلەر كېسىلىۋېرىپ ئورمان كۆلىمى تارىيىپ، ياغاچ كۆمۈرنىڭ مىقدارىمۇ ئازىيىپ، چويۈن

ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ تۆۋەنلەشكە يۈزلەنگەن، نەتىجىدە ئەنگلىيەلىكلەر شىۋېتسىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن چويۇن ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. 1735 ـ يىلى ئابراخام دېلبى ئاتا ـ بالا كوكس بىلەن ھاكىنى ئارىلاشتۇرۇپ تۆمۈر تاۋلاش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى. 60 ـ يىللاردا شامالدۇرغۇچ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، بۇ تېخنىكا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. 80 ـ يىللاردا كوت ئىسسىملىك كىشى «قوچۇپ ئېرىتىش»① ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىپ، تۆمۈر تاۋلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى.

كۆمۈر قېزىشتا پار پومپىسى ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەل بۇرغا، بىخەتەرلىك چىرىغى، سۆرەش ماشىنىسى كەشىپ قىلىنىپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدى.

يىرىك ماشىنىلاشقان سانائەتنىڭ تەرەققىياتى قاتناش قوراللىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇردى. چۈنكى، زور مىقداردىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى باشقا جايلارغا تېز سۈرئەتتە يۆتكەپ ئاپىرىش ۋە باشقا جايلاردىن زور مىقداردىكى خام ئەشيا، يېقىلغۇنى تېز سۈرئەتتە يۆتكەپ ئەكېلىش زۆرۈر ئىدى. 1759 ـ يىلى گېرتسوگ برىجۋاتېر قانىلى قېزىلىپ كۆمۈرنى مانچېستېرغا يۆتكەش باشلاندى، بۇنىڭ بىلەن مانچېستېردىكى كۆمۈر باھاسى يېرىم ھەسسە چۈشتى. 1830 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، پۈتۈن مەملىكەتتە سۇ يولى ترانسپورت تورى ئاساسەن شەكىللەندى. پەقەت ئېنگلاند رايونىدىلا كېمە قاتنىيالايدىغان 2200 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى قانال ۋە 1800 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى

① تۆمۈر رۇدىسىنى ئېرىتكەندە، ئارىلاشما ماددىلار ئوكسىدلىنىپ، تۆمۈر سۇيۇقلۇقىنىڭ ئېرىش نۇقتىسى تەدرىجىي ئۆرلەپ، سۇيۇقلۇق قويۇلۇپ قالىدۇ، قوچۇسا كاللەكلىشىدۇ، كاللەكتىكى داشقال چىقىرىۋېتىلسە، پىششىق تۆمۈرگە ئايلىنىدۇ.

دەريا بار ئىدى.

1807 ـ يىلى ئامېرىكىلىق فولتون پار كېمىسىنى كەشپ قىلدى. 1811 ـ يىلى ئەنگلىيە تەقلىد قىلىپ ياساپ، ئۆز دۆلىتىدىكى دەريا ۋە دېڭىزلاردا ئىشلەتتى. 1819 ـ يىلى تۇنجى پاراخوت ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، دېڭىز قاتنىشىدا يېڭى قىياپەتنى نامايان قىلدى.

قۇرۇقلۇق قاتناش قوراللىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1765 ـ يىلى كۆمۈر توشۇلىدىغان ياغاچ رېلىسلار تۆمۈر رېلىسقا ئالماشتۇرۇلدى. 1788 ـ يىلى يورك ۋىلايىتىدە تۇنجى تۆمۈر كۆۋرۈك سېلىندى. 1814 ـ يىلى كان ئىشچىسىنىڭ ئوغلى ستېفېنسون تۇنجى ھور پاراۋوزىنى ياسىدى. 1825 ـ يىلى ستوكتوندىن دارلىڭتونغا بارىدىغان تۇنجى تۆمۈر يول ياسالدى. 1830 ـ يىلى مانچېستېردىن لىۋېرپولغا بارىدىغان تۆمۈر يولدا پاراۋوز رەسمىي قاتنىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا، ئەنگلىيەنىڭ غول تۆمۈر يول لىنىيەسى ئاساسەن شەكىللىنىپ، تۆمۈر يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1825 ـ يىلىدىكى 25 ئىنگلىز مىلىدىن 1844 ـ يىلى 2235 ئىنگلىز مىلىغا يەتتى.

سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ماشىنىلار قول ئارقىلىق ياغاچتىن ياسىلاتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مېتال زاپچاسلار يەل بازغىنى بىلەن ئاددىي ئىستانوكتا ياسىلىشقا باشلىدى. كېيىن، ھەر خىل پىرېسلىغۇچلار ۋە ئىستانوكلار كەشپ قىلىنىپ، ماشىنىلار تەدرىجىي ھالدا ماشىنا ئارقىلىق ياسىلىدىغان بولدى. ياسىمىچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىشى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى بىر قېتىملىق زور تېخنىكا ئىنقىلابى بولدى. ئۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا باشلىنىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا تاماملىنىپ، 70 ـ 80 يىل داۋاملاشتى. ئەنگلىيەدىن كېيىن فرانسىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە



www.uyghurkitap.com

19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سانائەت ئىنقىلابى باشلاندى.
بۇ بىر مەيدان تېخنىكا ئىنقىلابى ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن تەبىئەت كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئۆتۈش، تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئاڭلىق هالدا ئەمەلىيەتتە قوللىنىش جەريانى بولدى. جەمئىيەتنىڭ تېخنىكىغا بولغان ئېهتىياجى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەلىرى تېخنىكا ئىسلاهاتىغا يېتەكچىلىك قىلدى، تېخنىكا ئىسلاهاتى (مەسىلەن، پار ماشىنىسى، توقۇش ماشىنىسى دېگەندەك) پەننىي بىلىملەرنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا تەتبىقلاپ، «بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»نى هاسىل قىلدى.

## 2. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي نەتىجىسى

سانائەت ئىنقىلابى بىر مەيدان تېخنىكا ئىنقىلابىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب هېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەنگلىيە جەمئىيىتىگە، هەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.
سانائەت ئىنقىلابى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى هەيران قالارلىق دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى. 1770 ـ يىلىدىن 1840 ـ يىلىغىچە، هەربىر ئىشچىنىڭ كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 20 هەسسە ئاشتى. توقۇمىچىلىقتا 1800 ـ يىلى 52 مىليون قاداق پاختا ئىشلىتىلەتتى، 1840 ـ يىلى بولسا 459 مىليون قاداق پاختا ئىشلىتىلدى. چويۈن مەهسۇلات مىقدارى 1720 ـ يىلى 250 مىڭ توننا، 1840 ـ يىلى 1 مىليون 396 مىڭ 400 تونىنا، كۆمۈر مەهسۇلات مىقدارى 1700 ـ يىلى 260 مىڭ تونىنا، 1836 ـ يىلى 30 مىليون توننا بولدى. سانائەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە توقۇمىچىلىق، پولات ـ تۆمۈر، كۆمۈر،

ماشىنىسازلىق ۋە قاتناش ـ تىرانسپورتتىن ئىبارەت بەش چوڭ سانائەت تارمىقىنى بەرپا قىلىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا دۇنيا سانائىتى ۋە دۇنيا سودىسىدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى تىكلىدى.

سانائەت ئىنقىلابى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ماركس مۇنداق دېگەن: «ماشىنا پەقەتلا بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ماشىنا ئىشلىتىشنى ئاساس قىلغان زامانىۋى زاۋۇتلاردىكى مۇناسىۋەتلا ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ»①. سانائەت ئىنقىلابى تاماملانغاندا، زاۋۇت تۈزۈمى ئۆزىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىدى. 1841 ـ يىلى زاۋۇت ئىشچىلىرى پاختا توقۇمىچىلىرىنىڭ 68.7% نى، يۇڭ توقۇمىچىلىرىنىڭ 50% نى، يىپەك توقۇمىچىلىرىنىڭ 40% نى ئىگىلىدى. زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى قول سانائەت ئىشچىلىرىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى بولدى.

زاۋۇت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئىشچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئىشخانا قول سانائىتى مەزگىلىدە، كۆپ ساندىكى ئىشچىلار يېزىلار بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار قولى بوش ۋاقىتلاردا تېرىقچىلىق قىلاتتى. ماشىنىلاشقان سانائەت ئۇلارنىڭ يېزىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىل پائالىيەت قىلىش ئەركىنلىكىنى تارتىۋالدى. ئەمدىلىكتە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىشتىن باشقا تىرىكچىلىك مەنبەسى، ئۆمۈرۋايەت ياللانما قول بولۇشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىدى.

ماشىنىلاشقان سانائەت ئىشخانا قول سانائىتىنى ۋەيران

---

① ماركس: «پەلسەپىدىكى نامراتلىق»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توم، 163 ـ، 164 ـ بەت.

قىلىپ، ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى. ماشىنىلاشقان سانائەت بىلەن بەسلىشەلمىگەن ھۈنەرۋەنلەر ئارقا - ئارقىدىن ۋەيران بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە توقۇمىچىلارلا 800 مىڭغا يەتتى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: يېرىك سانائەتتە، «ماشىنا ھۈنەرۋەنچىلىك سايمانلىرىنىڭ، زاۋۇت ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىنىڭ ئورنىنى باستى، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا قاتلام ئىچىدىكى ئەمگەكچىلەر ئىشچى پرولېتارلارغا، ئىلگىرىكى چوڭ سودىگەرلەر زاۋۇت خوجايىنلىرىغا ئايلاندى؛ ئۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى بارلىق پەرقلەرنى ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ قارشىلىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى»①. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى شۇ بولدىكى، پرولېتارىيات سىنىپى شەكىللەندى، كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا بىر - بىرىگە تۈپتىن قارشى ئىككى سىنىپقا — سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بىلەن سانائەت پرولېتارىياتىغا بۆلۈندى.

يېرىك ماشىنىلاشقان سانائەت دېھقانچىلىق بىلەن دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تولۇق ئايرىپ تاشلاپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالىلەرنى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن قوغلاپ، نوپۇسنى چوڭ شەھەرلەرگە مەركەزلەشتۈردى. سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، ئەنگلىيەدە دېھقانلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. 1811 - يىلى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 896 مىڭغا چۈشۈپ، ئومۇمىي ئائىلىلەرنىڭ 34.7% نى، 1831 - يىلى 27.7% نى ئىگىلىدى. شەھەر نوپۇسى ئۇچقاندەك ئېشىپ، چوڭ شەھەرلەرنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. مەسىلەن، 1700 - يىلى مانچېستېرنىڭ نوپۇسى ئاران 10 مىڭ بولۇپ، 1841 - يىلىغا كەلگەندە 350 مىڭغا يەتتى؛ گلازگونىڭ

---

① ئېنگېلس: «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم 296 - بەت.

www.uyghurkitap.com

نوپۇسى 30 مىڭدىن 300 مىڭغا كۆپەيدى. سانائەتنىڭ تەرەققىياتى، شەھەر نوپۇسىنىڭ ئېشىشى ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجنى كۈچەيتتى، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ، دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرى تېرىلغۇ يەرلىرىنى كېڭەيتىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، چىتلىغىلى بولىدىغانلىكى يەرلەرنى چىتلىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئىگىلىك يەرلەرنى يوقىتىش» ھەرىكىتى ئىجارىكەش دېھقانلار ۋە ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنى ئۆز يەرلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى، بۇ دېھقانلار شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ، سانائەت زاپاس قوشۇنى قاتارىغا قېتىلدى. بەزى دېھقانلار يېزىلاردا قېلىپ، دېھقانچىلىق كاپىتالىستلىرىنىڭ ياللانما ئىشچىلىرىغا ئايلاندى. 1851 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1 مىليون 440 مىڭغا يەتتى. يىرىك ماشىنىلاشقان سانائەت فېئوداللىق پاترىئارخاللىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل ـ كېسىل بۇزۇپ تاشلاپ، يېزىلاردىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، چوڭ پومېشچىكلار، دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرى ۋە دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچلا سىنىپنى شەكىللەندۈردى.

سانائەت ئىنقىلابى كاپىتالىزمدىكى ئەسلىدىلا بار زىددىيەتنى، يەنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى روشەن ئاشكارىلاشقا باشلىدى. 1825 ـ يىلى ئەنگلىيەدە تۇنجى قېتىم ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى كرىزىسى يۈز بەردى. كرىزىس مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش جىددىي تۆۋەنلەپ، مال باھاسى چۈشۈپ، زور تۈركۈمدىكى زاۋۇتلار تاقىلىپ، نۇرغۇن ئىشچى ئىشسىز قالدى، زور مىقداردىكى مەھسۇلاتلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بۇ قېتىمقى كرىزىستىن كېيىن، تەخمىنەن ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم

دەۋرىيلىك كىرىزىس يۈز بىرىپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۆلى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى.

### 3. ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى

سانائەت ئىنقىلابى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىغا بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىشچىلار ماشىنىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ، زاۋۇت غوجايىنى ۋە نازارەتچىلەرنىڭ قاتمۇقات نازارىتى ئاستىدا قالدى. زاۋۇت غوجايىنلىرى خىيالىغا كەلگىنىچە قائىدە ـ تۈزۈم تۈزۈپ، خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئىشچىلارغا جەرىمانە قويدى. يىرىك ماشىنىلاشقان سانائەت زور تۈركۈمدىكى ئاياللار بىلەن باللارنى ئەمگەك كۈچى بازىرىغا سۆرەپ كىردى. 1835 ـ يىلى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدىكى 219 مىڭ ئىشچى ئىچىدە، 13 ياشتىن تۆۋەن باللار 49 مىڭ، 13 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغانلار 66 مىڭ، ئاياللار 67 مىڭ بولدى. كاپىتالىستىك ياللانما قۇل تۈزۈمى ئاياللار بىلەن باللارغا ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى. ھامىلىدار ئايال ئىشچىلار ئىش ھەققىنىڭ تۇتۇپ قېلىنىشى ياكى ئىشتىن بوشىتىلىشىدىن قورقۇپ، قورسىقىدىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ياكى ماشىنا يېنىدىلا يەڭگىشكە، يەڭگىپ بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئىشقا چۈشۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئىشچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئالتە ـ يەتتە يېشىدىلا ئىلاجسىز زاۋۇتلارغا كىرىپ ئىشلەيتتى. كەشتىچىلىك سېخلىرىدا «توققۇز ـ ئون ياشلىق باللار ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 4،3،2 لەردىلا پاسكىنا كارىۋاتلىرىدىن تۇرغۇزۇلۇپ، كەچ سائەت 10، 11، 12 گىچە ئىشقا سېلىناتتى، ئۇلار ۋىجىك ـ ئورۇق بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى».

ئايال ئىشچىلار بىلەن بالا ئىشچىلارنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى، ۋەيران بولغان ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ

ئۈزلۈكسىز پىرولېتارلار سېپىگە قوشۇلۇشى بىلەن زور ئىشسىزلار قوشۇنى شەكىللەندى. كاپىتالىستلار ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ھەدەپ چۈشۈردى. 1810 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ھەر ھەپتىلىك ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 42 شىللىڭ ئالتە پېنس ئىدى، 1825 ـ يىلى تۆۋەنلەپ 25 شىللىڭ ئالتە پېنس بولۇپ قالدى. زاۋۇت خوجايىنلىرى ئىشچىلارنى شۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشچىلار ئىش ھەققىنى ئالغاندا، ئۆي غوجايىنلىرى، ماگىزىن غوجايىنلىرى ۋە گۆرۈخانا غوجايىنلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئىشچىلارنى يەنە شۇلۇشقا باشلايتتى.

ئىشچىلار ئولتۇراق رايونلىرىدا ئۆيلەر ئاددىي، كوچىلار تار، قىستاڭ ئىدى. بەزى ئائىلىلەردە چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن بىر ئېغىز كىچىك ئۆيدە قىستىلىشىپ ياشايتتى، بەزى ئىشچىلار ئۆي تاپالماي يەر ئاستى ئۆيلىرىدە تۇراتتى. لانكاشىرېدىكى بىر ئىشچىنىڭ ئۆيى زەي ھەم پاكار يەر ئاستى ئۆيى بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى پەقەت ئىككى كونا ئورۇندۇق، ئۈچ پۇتلۇق بىر يۇمىلاق ئۈستەل، بىر ساندۇق ئىدى، ئۆيدە كارىۋات يوق، تامنىڭ بۇلۇڭىغا بىر دۆۋە مەڭگەن تاشلاپ قويۇلغان، ئۈستىگە پاسكىنا كىرلىك سېلىنغانىدى.

جاپالىق ئەمگەك، ناچار تۇرمۇش، پاسكىنا مۇھىت كېزىك، خولېرا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنى يامرىتىپ، ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتتى. 1840 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، لىۋېرپولدىكى ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئاران 15 ياش بولغان، مانچېستېردىكى ئىشچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ %57 ى بەش ياشقا توشمايلا ئۆلۈپ كەتكەن.

سانائەت پىرولېتارىيات سىنىپىنىڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا قارشى كۈرىشى ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭلا باشلاندى.



www.uyghurkitap.com

18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا خارگرېئاۋېس، ئاركىۋرايىت قاتارلىقلارنىڭ ماشىنىلىرى چىقىپ تاشلاندى. 1779 ـ يىلى، لانكاشىرېدىكى 500 نەپەر توقۇمىچىلىق ئىشچىسى ئىسيان كۆتۈرگەندە كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، 8 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى توپلىشىپ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ماشىنىلارنى بۇزۇپ ـ چېقىپ، سېخلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ھۆكۈمەت ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى قانلىق باستۇردى. رۇد ئىسىملىك كىشى ماشىنا بۇزۇپ ـ چېقىشنىڭ باشلامچىسى بولغاچقا، ماشىنا بۇزۇپ ـ چېقىش ھەرىكىتى تارىختا «رۇد ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا «رۇد ھەرىكىتى» پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت رايونلىرىغا يامراپ، نوتتىنگھامدا ئەۋجىگە چىقتى. بۇرژۇئازىيە سىنىپى دۆلەت ئاپپاراتىدىن پايدىلىنىپ ئىسيانكارلارنى شەپقەتسىزلىك بىلەن باستۇرغاندىن باشقا، 1813 ـ يىلى ماشىنا بۇزۇپ ـ چاقاقانلارنى جازالاش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، ماشىنا بۇزۇپ ـ چاققانلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى بەلگىلىدى.

ماشىنا بۇزۇپ ـ چېقىش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىستىخىيەلىك كۈرەش مەزگىلىدىكى ئاساسلىق كۈرەش شەكلى ئىدى. شۇ چاغدىكى ئىشچىلار بالايىئاپەتنىڭ تۈپ مەنبەسىنىڭ ماشىنا ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزم تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنىدى.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سانىنىڭ ئېشىشى، كۈچىنىڭ زورىيىشى، ئاڭ ـ سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىشچىلار ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىشچىلار ئارىسىدا ئىزچىل مەخپىي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. 1812 ـ يىلى شوتلاندىيەدىكى مەخپىي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گلازگودىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنى ئىش تاشلاشقا ئۇيۇشتۇردى. 1824 ـ يىلى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ

بېسىمى ئاستىدا، پارلامېنت ئىشچىلارنىڭ ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇشىنى مەنئى قىلىش قانۇنىنى بىكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تۇشمۇتۇشتىن قۇرۇلدى. ئۇلار 1825 ـ يىلى باشلانغان ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىگە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

سانائەت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە دېھقانلار ھەرىكىتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

يىرىك ماشىنىلاشقان سانائەت يېزا ئىگىلىكىنى پۈتۈنلەي كاپىتالىزم يولىغا باشلاپ، ئەنئەنىۋى دېھقانلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتتى، بۇ، تارىختىكى زور ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ، دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قول قىلىنىشى، ئېزىلىشى، ئىشسىز قېلىشى ۋە نامراتلىقىدا ئىپادىلەندى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك كۈچى ئېھتىياجىنى تۆۋەنلەتتى، يەنە كېلىپ بالا ئىشچىلار بىلەن ئايال ئىشچىلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىش يېزىلاردا ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتتى. ۋاھالەنكى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ شەھەرلەردىكى ئىشسىزلارغا ئوخشاش، ھەر ھەپتىسى ئالىدىغان 7 ـ 6 شىللىڭ قۇتقۇزۇش پۇلىغا تايىنىپ، نامراتلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

1815 ـ يىلى 22 يىل داۋاملاشقان فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشتى، تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاشلىقنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن چۈشتى. 1813 ـ يىلى ھەر كۇئارت بۇغداينىڭ باھاسى 109 شىللىڭ بولغان بولسا، 1815 ـ يىلى 65 شىللىڭغا چۈشۈپ قالدى، يومېشچىكلار بىلەن

دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ غوجايىنلىرى ئاشلىقنىڭ باھاسىنىڭ چۈشۈشىدىن چىققان زىياننى دېھقان ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويدى.

1816 ـ يىلى، شەرقىي ۋىلايەتلەردىكى بۇغداي تېرىلىدىغان رايونلاردىكى دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى ھەممىلا جايدا مالىمان كۆتۈردى. ھەر كۈنى كەچ كىرىشى بىلەنلا ئۇلار يىغىلىپ، قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرگە ۋە غوجايىنلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويدى. ئىللىپ ئارىلىدا دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى ئۈچ كۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ئىككى كىشى قۇربان بولدى، 75 كىشى قولغا ئېلىندى، ئۇلار ئارىسىدىكى بەش نەپەر ئىشچى دارغا ئېسىلدى، توققۇز نەپىرى سۈرگۈن قىلىندى. بۇ مەزگىلدە، يېزىلاردا توپىلاڭ 1500 قېتىمدەك يۈز بەردى.

1830 ـ يىلى، دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم ئەۋجگە چىقتى. بۇ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئېغىر ئاپەت بولدى. مۆلچەرلىنىشچە، يۇقۇملۇق ۋابا تارقىلىپ 2 مىليون تۇياق قوي ئۆلگەن. دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇ قېتىملىق توپىلاڭغا سەۋەب بولدى. شۇ چاغدا، دان ئايرىشتا يەنىلا بۇرۇنقى كونا ئۇسۇل قوللىنىلاتتى. دېھقانلار دان ئايرىپ تاپقان پۇلنى تۇرمۇش خىراجىتىگە ئىشلىتەتتى. ئۇلارنىڭ قول ئارقىلىق ئايرىغان دېنىنىڭ مىقدارى دان ئايرىش ماشىنىسى ئايرىغان داننىڭ مىقدارىغا ئەلۋەتتە يەتمەيتتى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا كېنت ۋىلايىتىدىكى خادىلېيستا ئالدى بىلەن توپىلاڭ پارتلىدى، 400 ئىشچى توپلىشىپ، دان ئايرىش ماشىنىلىرىنى بۇزۇپ ـ چاقتى، ئاۋامنى ئېزىدىغان ئامانلىق ساقلاش سوتچىسىنىڭ قۇرۇق ئوت ـ چۆپلىرىگە ئوت قويۇۋەتتى. ئەتىسى ھەربىي قوشۇن ۋە ساقچىلار كېلىپ بۇ توپىلاڭنى باستۇردى. 1830 – 1831 ـ يىلى قىشتا دان ئايرىش ماشىنىلىرىنى بۇزۇپ ـ چېقىش ھەرىكىتى ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا

كېڭەيدى، ھەر كۈنى كەچتە دېگۈدەك ئوت يالقۇنى ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى غوجايىنلىرىنىڭ قورۇق ئوت ـ چۆپلىرى، ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە ئېغىل ـ قوتانلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.

دان ئايرىش ماشىنىلىرىنى بۇزۇپ ـ چېقىش ھەرىكىتى مەزگىلىدە، كىشىلەر كاپىتان سۋىڭنىڭ نامىدا بىر پارچە خەت تارقىتىپ، «بۇ يىل بىز ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە دان ئايرىش ماشىنىلىرىنى بۇزۇپ ـ چاقىمىز، كېلەر يىلى باستىپرلار بىلەن ئېلىشىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى سىياسىيونلارغا ھۇجۇم باشلايمىز» دېدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ توپىلىڭى تارىختا «سۋىڭ قوزغىلىڭى» دەپمۇ ئاتالدى. قوزغىلاڭچىلار يەنە ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، ئۆشرەنى تۆۋەنلىتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سۋىڭ قوزغىلىڭى خۇددى قارا بورانغا ئوخشاش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ غوجايىنلىرى ۋە روھانىيلارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى دەھشەتلىك باستۇردى، قوزغىلاڭچىلاردىن توققۇز كىشى دارغا ئېسىلدى، 475 كىشى سۈرگۈن قىلىندى، ئوخشاش ساندىكى كىشى ھەرخىل جازاغا تارتىلدى.

يېزىلاردىكى پرولېتارلارنىڭ ئاشكارا كۈرەش ئارقىلىق بۇرژۇئازىيەنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرۇشى، ئەمگەكچى ئامما ئىچىدىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ قىسمىنىڭمۇ ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

## 4. بۇرژۇئاز رادىكاللار ھەرىكىتى

سانائەت ئىنقىلابى نەتىجىسىدە، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئەمما، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ھوقۇقسىز ئورۇندا بولۇپ، 18 ـ ئەسىردىكى سايلام

تۈزۈمى بويىچە ئۇلار سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىنغانىدى. شۇڭا، ئۇلار 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەرىكىتى ــ رادىكاللار ھەرىكىتىنى قوزغىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەنگلىيە رادىكاللار ھەرىكىتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈندى: 1 ـ باسقۇچى 60 ــ 80 ـ يىللاردا، 2 ـ باسقۇچى 90 ـ يىللاردا ئېلىپ بېرىلدى.

رادىكاللار ھەرىكىتىنىڭ 1 ـ باسقۇچى 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى ۋېلكېس ۋەقەسىدىن باشلاندى. شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى Ⅲ ئۆزىنىڭ «ئاتاقتىكى پادىشاھ»لىق ئورنىغا قايىل بولماي، تورىي پارتىيەسىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، قولىدىن كەتكەن ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇ تورىي پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ تۆۋەن پالاتادا ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئۇلارنى كابىنېت تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. تورىي پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتىنىڭ رەھبىرى لورد بوئوت كۆپ قىسىم تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنى پارا بېرىپ سېتىۋېلىپ ئۆزىگە مايىل قىلدى. بۇ، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ۋەكىللىك ئەربابى ــ تۆۋەن پالاتا ئەزاسى ۋېلكېسنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1762 ـ يىلى ئۇ «شىمالىي بىرىتانىيەلىكلەر» گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، جورجى Ⅲ نىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىنى قاتتىق سۆكتى. جورجى Ⅲ ئۇنى قولغا ئېلىشقا پەرمان چۈشۈردى، تۆۋەن پالاتامۇ پادىشاھنىڭ رايىغا بېقىپ ئۇنى قوغلاپ چىقاردى. 1768 ـ يىلى، ئۇ يەنە كىشىلەر تەرىپىدىن تۆۋەن پالاتا ئەزالىقىغا سايلاندى، تۆۋەن پالاتا بولسا ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن شەھەرلەردە كىشىلەر ۋېلكېسنى قوللاپ نامايىش قىلدى. 1771 ـ يىلى تۆۋەن پالاتا ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ۋېلكېس ۋەقەسى رادىكاللار ھەرىكىتىنىڭ پىلتىسى بولدى. بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغانلار سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بولۇپ،

ئۇلار جورجى III كە ھۇجۇم قىلىپلا قالماي، چىرىك پارلامېنت سايلام تۈزۈمىگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ، سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە سايلام ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار يەنە تۈرلۈك سىياسىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، نۇرغۇن ئاممىۋى يىغىنلارنى ئېچىپ، تەشۋىق - تەرغىب پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. رادىكاللارنىڭ ۋەكىلى خورن توكېر 1769 - يىلى «ھوقۇق قانۇن لايىھەسىنى قوغداش جەمئىيىتى» قۇرۇپ، باراۋەر ۋەكىللىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى، پارلامېنتنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. 1776 - يىلى جون كارتۋرايت (كەشپىياتچى، سانائەتچى ئېدموند كارتۋرايتنىڭ ئىنىسى) بىر قەدەر ئەتراپلىق بولغان ئىسلاھات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «تاللاش» ناملىق كىتابچىنى يېزىپ چىقىپ، ئومۇميۈزلۈك سايلام ھوقۇقى(ئەرلەرنىڭ)نى يۈرگۈزۈش، پارلامېنتنى يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ سايلاش، بېلەت تاشلاشنى مەخپىي ئېلىپ بېرىش، باراۋەر ۋەكىللىك ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. كىشىلەرنى ئىسلاھاتقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەنە «ئاساسىي قانۇن جەمئىيىتى»نى قۇردى.

بۇ تەشكىلاتلارنىڭ تەشۋىق - تەرغىباتى ئاستىدا ئىشچىلار، بولۇپمۇ لوندون ئىشچىلىرى بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتناشتى.

ئەمما، 1 - باسقۇچتىكى ھەرىكەت 80 - يىللاردا پەسىيىپ قالدى. سەۋەبى، 1786 - يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىگە يول قويدى. شۇ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن فىرانسىيە ھۆكۈمىتى سودا ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، ئەركىن سودا پىرىنسىپىنى، يەنى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ بىر - بىرىنىڭ تاۋارلىرىنى ئەركىن ئىمپورت قىلىشىنى بېكىتتى. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەرزان، سەرخىل ئەنگلىيە تاۋارلىرى فىرانسىيە تاۋارلىرىنى بېسىپ چۈشكەن بولغاچقا، بۇ سودا ئەھدىنامىسى ئەنگلىيەگە پايدىلىق

ئىدى. سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەلىپى قانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتقا قايتا كۆڭۈل بۆلگۈسى كەلمىدى.

رادىكاللار ھەرىكىتىنىڭ 2 - باسقۇچى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە باشلاندى. فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق قايتىدىن جانلىنىپ، تۇشمۇتۇشتىن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئىسلاھات تەلىپىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ فىرانسىيە خەلق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنى ئەنگلىيە خەلق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئەنسىرىتىپ قويغاچقا، ئۇلار ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقىپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپى تەرەپكە ئۆتۈۋالدى ھەمدە دېموكراتىك ھەرىكەتنى باستۇرۇشنى ۋە ياكوبىنىزمغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچىل ئىتتىپاق سېپىگە قوشۇلدى. بۇ ئىتتىپاق بارلىق مۈلۈكدار سىنىپلار — چوڭ پومېشچىكلار، چوڭ سودىگەرلەر، كاتتا پۇلدارلار، دۇكاندارلار ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن زاۋۇت خوجايىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە رادىكاللار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سىنىپى (مۇستەقىل قول سانائەتچىلەر)نىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ، رادىكاللار ھەرىكىتىنى تېخىمۇ دېموكراتىك تۈسكە كىرگۈزدى، ئۇلار ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنىلا ئەمەس، يەنە پىكىر، مەتبۇئات، يىغىلىش، ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنىمۇ تەلەپ قىلدى. 1792 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلغان «لوندون ئالاقە جەمئىيىتى» بۇ ھەرىكەتنىڭ يادروسى بولدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى شوتلاندىيەلىك موزدوز توماس خاردى بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن دۇكان خىزمەتچىلىرى، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر ئىدى. 1794 - يىلى بۇ

جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى 80 مىڭدىن ئېشىپ، لوندوندىن باشقا مانچېستېر، رېتىس، شېرفىيېلد، كوۋنتزى، نېۋكاستىل قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى. «ئالاقە جەمئىيىتى» 1792 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئېلان قىلغان «ئاشكارا خىتابنامە»دە تۆۋەندىكى نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، يەنى ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش، پارلامېنتنى يىلدا بىر قېتىم سايلاش، پاك ـ دىيانەتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش، قانۇننى ئاددىيلاشتۇرۇش، ھەربىيلەرنى قىسقارتىپ خەلقنىڭ باج سېلىقىنى يېنىكلىتىش، چېتلىۋېلىنغان يەرلەرنى خەلققە قايتۇرۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جەمئىيەت مۇھىم نۇقتىنى سىياسىي مەسىلىلەرگە قويۇپ، پەقەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەكىللىرى پارلامېنتقا قاتناشسىلا، ئاندىن خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى يېنىكلىتىپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. جەمئىيەت خۇسۇسىي مۈلۈككە قارىتا: «جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ پەرقى ۋە ئەمگەكچانلىقنىڭ پەرقى ئېرىشكەن مۈلۈكتە ئىپادىلىنىشى كېرەك، بۇ مۈلۈك قانۇننىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن مۇقەددەس دەخلى ـ تەرۇزسىز بولىدۇ» دېگەن قاراشتا بولدى.

بۇ جەمئىيەت يەنە ئاممىۋى يىغىنلارنى ئېچىش، خىتابنامە ئېلان قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەشۋىق ـ تەرغىبات خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، يەنە فىرانسىيە مىللىي قۇرۇلتىيىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى راۋاجلىنىپ ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىلىقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئەنگلىيە خەلقى قىزغىنلىق بىلەن فىرانسىيە ئىنقىلابىغا ئىنتىلدى، فىرانسىيەگە چوقۇنۇش ۋە فىرانسىيەنى دوراش بىر مەھەل مودا بولدى، كىشىلەر بىر ـ بىرىنى «گىراژدان»، يىغىنلارنى «مىللىي قۇرۇلتاي» دەپ ئاتاشتى. 1793 ـ يىلى ئېدىنبورگدا «مىللىي قۇرۇلتاي» ئېچىلدى، ئېنگلاند، شوتلاندىيە ۋە ئىرېلاندىيەدىكى ئالاقە

جەمئىيەتلىرى ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. ئەگەر رادىكاللار ھەرىكىتىنىڭ 1 ـ باسقۇچى لوندون بىلەنلا چەكلەنگەن دېيىلسە، 2 ـ باسقۇچى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيدى.

ئەمما، داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەت 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى، نۇرغۇن رەھبەرلەر قولغا ئېلىندى. 2 ـ باسقۇچلۇق ھەرىكەتنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ھۆكۈمران سىنىپلار قاتارىغا ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەت بارلىق مۇلۇكدار سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئىككىنچىدىن، ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە يىغىن ئېچىش، مۇراجىئەتنامە چىقىرىش قاتارلىق تىنچلىق ۋاسىتىلىرىگىلا ئىنتىلدى.

## 5. ئەنگلىيەنىڭ كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى

سانائەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئىدىيەۋى سەپتە سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى ئادام، سىمىت ۋە داۋىد رىكاردو مەيدانغا كەلدى.

ئادام سىمىت (1723 — 1790) شوتلاندىيەدىكى بىر باي تاموژنا خادىمىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1748 ـ يىلى ئېدىنبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئىستىلىستىكا ۋە ئەدەبىيات دەرسى بەرگەن. 1764ـ يىلى مەخسۇس سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا باشلاپ، 1776 ـ يىلى دەۋر بۆلگۈچ مەشھۇر ئەسەر «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيەسى»[①]نى ئېلان قىلغان.

ئادام سىمىتنىڭ بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتى دەل ئەنگلىيەنىڭ

① ئەسەرنىڭ ئەسلىي تولۇق نامى «مىللىي بايلىقنىڭ خاراكتېرى ۋە سەۋەبى ھەققىدە تەتقىقات».

ئىشخانا قول سانائىتىدىن يىرىك ماشىنىلاشقان سانائەتكە ئۆتۈۋاتقان دەۋرى ئىدى. ئۇ بۇ ئەسىردە ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيەسىگە ئاساس سېلىپ، ھەرقانداق پايلىقنىڭ مەنبەسى ئەمگەك، دۆلەتنى بېيىتىشنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئىش تەقسىماتى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرەلەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە تاۋارنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى پەرقلەندۈردى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيەسىنىڭ ئىلمىي تەركىبىمۇ، چاكىنا تەركىبىمۇ بار ئىدى. ئۇ، تاۋارنىڭ قىممىتى مۇشۇ تاۋارنى ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنغان ئەمگەك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ توغرا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بەزىدە تاۋارنىڭ قىممىتى ئۇنى سېتىۋالالايدىغان ئەمگەك، يەنى ئىش ھەققى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئىككى خىل قىممەت نەزەرىيەسىدىن ئىككى خىل پايدا ئۇقۇمى كېلىپ چىقاتتى. بىر تەرەپتىن، ئۇ پايدىنى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، «ئەمگەكچىنىڭ خام ماتېرىياللارغا قوشقان قىممىتىنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈش كېرەك، بىر قىسمى ئەمگەكچىنىڭ ئىش ھەققى، يەنە بىر قىسمى خوجايىنىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان پايدىسى» دېدى. ئۇ ئېيتقان پايدا دەل قوشۇمچە قىممەت بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ پايدىنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيەنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇردى.

سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ ۋەكىلى سۇپىتىدە ئادام سىمىت سودا ئەلاچىلىقى نەزەرىيەسى ۋە سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، تاموژنا بېجى، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلىق شىركەتلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەم كارخانىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس

قىلىپ، ئەركىن رىقابەتنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس مىزان دەپ قاراپ، دۆلەتنىڭ سودا ـ سانائەت پائالىيەتلىرىگە، كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئارىلىشىۋالماسلىقنى تەلەپ قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ھەرقانداق تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشىغا قارشى تۇردى. ئۇ يەنە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى ئۈچ سىنىپقا، يەنى قولىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يوق، پەقەت ئىش ھەققىگە تايىنىپ جان باقىدىغان ئىشچىلار، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە ھەم پايدىغا ئېرىشەلەيدىغان كاپىتالىستلار، يېرى بار ھەم ئىجارە ھەققىگە ئېرىشەلەيدىغان پومېشچىكلارغا بۆلدى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەرگە بۆلۈنۈشى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت، كاپىتالىزم تۈزۈمى تەبىئىي تەرتىپكە ماس كېلىدىغان مەڭگۈلۈك ئىقتىسادىي تۈزۈم دېگەننى كۈچەپ كۆككە كۆتۈردى.

ئادام سىمىت ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى ئۇچۇن جامائەت پىكرى تەييارلاپ، ئەنگلىيە كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. رىكاردو بۇ سىستېمىنىڭ ئىلمىي تەركىبىنى تېخىمۇ بېيىتتى.

داۋىد رىكاردو (1772 ـ 1823) لوندون بىرژىسىدىكى بىر دەللالنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىلگىرى دادىسى بىلەن ھايانكەشلىك قىلىپ بېيىغان، كېيىن بىرژىدىن چىقىپ كېتىپ، مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئادام سىمىتنىڭ ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيەسىنى قوللىغان ھەم راۋاجلاندۇرغان، 1817 ـ يىلى «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى ۋە باج پىرىنسىپى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلغان.

رىكاردو ئەمگەكنى سېتىۋېلىشنى قىممەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىشتەك خاتا قاراشنى تەنقىدلەپ، تاۋارنىڭ قىممىتى ئەمگەك مىقدارى، يەنى ئەمگەك ۋاقتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارىدى. يەنە «تاۋارغا سەرپ قىلىنغان ئەمگەك مىقدارى تاۋارنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئەمگەك مىقدارى ئاشسا،

www.uyghurkitap.com

تاۋارنىڭ قىممىتىمۇ ئاشىدۇ. ئەمگەك مىقدارى ئازايسا، تاۋارنىڭ قىممىتىمۇ تۆۋەنلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئەمگەك — ئىش ھەققى، پايدا ۋە يەر ئىجارىسىنىڭ مەنبەسى، پەقەت ئەمگەك ۋاقتى ئۆزگەرمىسىلا، ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارنىڭ قىممىتى ئىش ھەققىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ، ئىش ھەققى ئۆسسە، پايدا ماس ھالدا ئازىيىدۇ، ئىش ھەققى كېمەيسە، پايدىمۇ ماس ھالدا ئاشىدۇ، دەپ جەزملەشتۈردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. ئەمما، ئۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى مېتافىزىكىلىق قاراش بىلەن تەھلىل قىلىپ، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى «مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تۈزۈم» دەپ قارىدى. يەنە ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەڭگۈلۈك تەبىئىي ھادىسە، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئىش ھەققىنىڭ مەلۇم چېكى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىق ئۆستۈرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ كەسكىن ئېيتتى.

1819 - يىلى رىكاردو پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىپ، «ئاشلىق نىزامى»نى قاتتىق سۆكۈپ، ئەركىن سودا تۈزۈمىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مۇھىم باياناتچىسىغا ئايلاندى.

ئۈچىنچى باب

# 17 ــ 18 ـ ئەسىرلەردىكى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر

## 1 ـ بۆلۈم تىپىك فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت ــ فىرانسىيە

### 1. لۇئى XIV ۋە فىرانسىيە مۇستەبىت تۈزۈمى

ئوتتۇرا ئەسىردە، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئوخشاش فىرانسىيەمۇ فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرغان بولۇپ، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ئۆز ئالدىغا دائىرە ئىگىلەپ، پادىشاھ بىلەن قارشىلىشىپ تۇراتتى. ئەمما، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن، پادىشاھ قورال كۈچىگە تايىنىپ يەرلىك كۈچلەرنى تەدرىجىي بويسۇندۇردى، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى كۈچىيىپ، ھوقۇق مەركەزلەشكەن مۇستەبىتلىك تۈزۈم ئاستا ـ ئاستا شەكىللەندى. ئىلگىرى دەۋران سۈرگەن يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پايتەختكە كۆچۈپ كېلىپ، ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىگە ئايلىنىپ، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

لۇئى XIV ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1661 ـ 1715) فىرانسىيە مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» بولدى. شۇ چاغدا، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چېكىگە يەتكەن بولۇپ، قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. پادىشاھ لۇئى XIV نىڭ «دۆلەت دېگەن مەن»

دېگەن سۆزى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

لۇئى XIV نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، ھەربىي بىيۇروكرات دۆلەت ئاپپاراتى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. ئۇ ھەربىي جەھەتتە ئىككى چوڭ ئىسلاھات ئېلىپ باردى. بىرى، مەركەز ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ھەربىي قوشۇنلارنى بىۋاستە يۆتكەش ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى، چەت ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ھەربىي قوشۇننى چەت ئەللەرگە خالىغانچە يۆتكىيەلەيدىغان، دۆلەت ئىچىدە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندىمۇ قوشۇننى بىر ئۆلكىدىن يەنە بىر ئۆلكىگە يۆتكىيەلەيدىغان بولدى. يەنە بىرى، ئۇ ئۆز دۆلىتىدىن ئەسكەر ئېلىشنى چەت ئەللىكلەرنى ئەسكەرلىككە يالLاشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خەلق ئارىسىدىكى باتۇر ئەزىمەتلەرنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش كۈچىنى ئاجىزلاتقىلى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنى باستۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولاتتى.

لۇئى XIV بىيۇروكرات ئاپپاراتلارنى كۈچەيتىپ، مەركەزدىن يەرلىككە قاتمۇقات بىيۇروكرات سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە خەلقنى ئېزىدىغان كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇردى. مەركەزدە مۇھىم تۇتىدىغان ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ كاتىپلىق رولىنى ئوينىدى. بەش - ئالتە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرلىرى ئىچكى ئىشلار ۋە تاشقى ئىشلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، پادىشاھ ئالدىدا جاۋابكار بولدى. دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرلىرى ئىچىدە مالىيە باش نازارەتچىسىنىڭ ئورنى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى، چۈنكى مالىيە مەسىلىسى مۇستەبىت تۈزۈمدىكى دۆلەتتە مەركىزىي مەسىلە ھېسابلىناتتى. يەرلىكتە پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىدىغان ئۆلكە باشلىقلىرى بار ئىدى. يەرلىك ئەمەلدارلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، پادىشاھ ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە مالىيە ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ، يەرلىك مالىيەنى

نازارەت قىلىپلا قالماي، يەنە ساقچى، ئەدلىيە، مەمۇرىيەت ۋە ھەربىي ئىشلارنىمۇ نازارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئۆلكە باشلىقىدىن چوڭ ئىدى. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلىرىنى پادىشاھ بىۋاسىتە تەيىنلەيتتى، ئۇلار مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلاتتى.

كاتولىك دىنى فىرانسىيەنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ، دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. كاتولىك دىنى جەمئىيىتى دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مۇستەبىت پادىشاھنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى مەنىۋى قورالى بولۇپ، دىنىي خۇراپاتلىق ئارقىلىق خەلقنى بىخۇد قىلىپ، خەلقنى ئېزىلىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشقا سۈكۈت قىلىشقا ئۈندەيتتى.

فىرانسىيەدە ئەنگلىيەگە ئوخشاش پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان پارلامېنت يوق بولۇپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى سوت مەھكىمىسى چەكلەيتتى، سوت مەھكىمىسىنىڭ يەنە ئەمىر - پەرمانلارنى تەھقىقلەش، تىزىملاش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش فۇنكسىيەسىمۇ بار بولۇپ، لۇئى X IV تەختكە چىققاندىن كېيىن بۇ فۇنكسىيەلەر بىكار قىلىندى.

زور بىيۇروكرات ئاپپارات ۋە دائىملىق ھەربىي قوشۇننىڭ خىراجىتىنى تەييارلاش، ئوردىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى قامداش، زور تۆركۈمدىكى ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنى بېقىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ باش ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى. مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، باج - سېلىقنى ئاشۇرۇش زۆرۈر ئىدى. ئەمما، فىرانسىيەدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنىڭ باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىش ئىمتىيازى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەبىت ھۆكۈمەت فېئودال پومېشچىكلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ دېھقانلارنىڭ باج يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشنى خالىمايتتى. بۇ

خىل ئەھۋالدا پەقەت سانائەت، سودا تارماقلىرىدىن ئېلىنىدىغان باجنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت بىرلا يول قالغانىدى. بۇ باجنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، يېڭى باج مەنبەسى پەيدا قىلىش، سانائەت، سودا ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، لۇئى XIV كولبونى مالىيە باش نازارەتچىلىكىگە تەيىنلەپ، سودا ئەلاچىلىقى① سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. كولبو فىرانسىيە سانائىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە يۆلەپ، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى: چەت ئەللىك ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ كارخانىلارغا ياردەم بەردى، دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم چازىلارنى بىكار قىلىپ، قاتناش ــ تىرانسپورتنى راۋانلاشتۇرۇپ، تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى تېزلەتتى، مونوپول سودا شىركەتلىرىنى قۇرۇپ تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇردى. ئېكسپورتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كولبو يەنە دېڭىز فىلوتى ۋە سودا كېمە ئەترىتىنى تەشكىللىدى. ئۇ يەنە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى پائال يۈرگۈزدى: ھىندىستاندا سودا بازىسى قۇرۇپ، شىمالىي ئامېرىكىدا لوئىسئاناننى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، فىرانسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى بار بولسىلا، فىرانسىيە تاۋارلىرىنى چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ رىقابىتى بولمىغان ئەھۋالدا ئۇ يەرلەرگە توشۇپ ئاپىرىپ ساتقىلى بولاتتى.

ئەمما، كولبونىڭ سودا ئەلاچىلىقى سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمى زور بولمىدى، ئۇ مالىيە باش نازارەتچىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (1662 ــ 1683)، فىرانسىيە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئانچە يۇكسەلمىدى. سەۋەبى،

① سودا ئەلاچىلىقى 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئىقتىسادىي ئىدىيە بولۇپ، بۇ قاراشتىكىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى دۆلەتنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ، شۇڭا سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېكسپورتنى ئىلھاملاندۇرۇپ، زور مىقداردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئۆز دۆلىتىگە ئېقىپ كىرىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولدى، فىرانسىيەدە كەڭ كۆلەملىك يەر چىتلاش ھەرىكىتى يۈز بەرمىگەچكە، يېرىدىن ئايرىلغان دېھقانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىككىنچىدىن، دۆلەت ئىچىدىكى بازار كىچىك، ئېھتىياج تۆۋەن بولدى، فىرانسىيە دېھقانلىرى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئاسارىتىدە ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرگەچكە سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىز ئىدى. ئۈچىنچىدىن، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ سودا ـ سانائەتچىلەردىن ئالىدىغان بېجى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، بۇ كارخانىچىلارنىڭ كاپىتال جۇغلىشىغا تەسىر يەتكۈزدى.

## 2. لۇئى XIV نىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى

لۇئى XIV دەۋرىدە، فىرانسىيە قۇدرەتلىك ھەربىي دۆلەت بولۇپ، كۈچلۈك دائىمىي ئارمىيەسى بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا خەلقئارا ۋەزىيەتمۇ فىرانسىيەگە پايدىلىق بولدى: گېرمانىيە چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كېتىپ، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنەلمىدى. ئىتالىيە چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى، ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى، ئەنگلىيە گوللاندىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدى، شۇنداقلا 1660 ـ يىلى پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن يەنە فىرانسىيە مۇستەبىت پادىشاھلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. لۇئى XIV دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياۋروپاغا زومىگەرلىك قىلىپ، ياۋروپا ئىمپېرىيەسى قۇرۇش كويىغا چۈشتى.

لۇئى XIV ئالدى بىلەن خابىسبورگ خانىدانلىقىنىڭ زېمىنىغا كۆز تىكتى. شۇ دەۋردە ئىسپانىيە پادىشاھى، ئاۋستىرىيە كىنەزى، (قوشۇمچە مۇقەددەس رىم پادىشاھى) خابىسبورگ خانىدانلىقىغا قارايتتى. ئىسپانىيە ۋە ئاۋستىرىيەنىڭ زېمىنى

www.uyghurkitap.com

كەڭ ئىدى. ئىسپانىيەدىكى خابىسبورگ خانىدانلىقى ئىسپانىيەدىن باشقا، شىمالدا جەنۇبىي نىدىرلاند (يەنى كېيىنكى چاغلاردىكى بېلگىيە)، شەرقتە فىرانىش — كومتېتىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئىتالىيەدىكى بەزى كىچىك دۆلەتلىرىمۇ ئىسپانىيەگە قارايتتى. ئاۋسترىيەدىكى خابىسبورگ خانىدانلىقى ئاۋسترىيەنىڭ ئۆزىدىن باشقا، بوھېمىيە پادىشاھلىقى (يەنى ھازىرقى چېخ) ۋە ۋېنگىرىيەنىمۇ ئىگىلىگەنىدى. فىرانسىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قوشنىسى — گېرمانىيەدىكى رېين دەرياسى ۋادىسىمۇ شەكلى جەھەتتىن مۇقەددەس رىم پادىشاھىغا قارايتتى. دېمەك، فىرانسىيە پۈتۈنلەي دېگۈدەك خابىسبورگ خانىدانلىقى زېمىنىنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالغانىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياۋروپاغا غوجا بولۇش كويىدا يۈرگەن لۇئى XIV ئالدى بىلەن خابىسبورگ خانىدانلىقىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدى.

لۇئى XIV قوزغىغان تۇنجى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى 1667 ـ يىلىدىن 1668 ـ يىلىغىچە بولغان «مىراس تالىشىش ئۇرۇشى» بولدى. 1665 ـ يىلى ئىسپانىيە پادىشاھى فىلىپ ئۆلدى، لۇئى XIV نىڭ ئايالى فىلىپنىڭ قىزى بولغاچقا، لۇئى XIV ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىي نىدىرلاند رايونىنى قىز مىراسى سۈپىتىدە فىرانسىيەگە بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما ئىسپانىيە ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى، لۇئى XIV قورال كۈچى ئىشلىتىشنى قارار قىلىپ، 1667 ـ يىلى ئىسپانىيەگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. گوللاندىيە فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي نىدىرلاند رايونىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى، شۇنداقلا ئەنگلىيە ۋە شۋېتسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىمۇ ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن فىرانسىيە ئارمىيەسى ناھايىتى تېزلا فىرانىش ـ كومتېتىنى ۋە

فرونتىيىر (ئىسپانىيە زېمىنى)نىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەمما، فىرانسىيە دىپلوماتىيە جەھەتتە يېتىم قالغاچقا، 1668 ـ يىلى ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئاشىن سۇلھى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، فىرانسىيە پەقەت فرونتىيىرنىڭ بىر قىسمىغىلا ئىگە بولالىدى، بۇنىڭ بىلەن لۇئى XIV ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىقنى گوللاندىيەنىڭ ئەنگلىيە بىلەن شىۋېتسىيەنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرگەنلىكىدىن كۆردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە گوللاندىيەنىڭ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىي نېدىرلاندنى بېسىۋېلىش پىلانىغا مەڭگۈ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغاپ گوللاندىيەنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭدا يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى، يەنى فىرانسىيە بىلەن گوللاندىيە ئارىسىدا سودا رىقابىتى بولۇپ، ئەگەر فىرانسىيە دېڭىز سودىسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكچى بولىدىكەن، چوقۇم گوللاندىيەنى مەغلۇپ قىلىشى زۆرۈر ئىدى.

فىرانسىيە گوللاندىيەگە قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، بىر قاتار دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، گوللاندىيەنى يېتىم قالدۇرماقچى بولدى. ئالدى بىلەن ئەنگلىيە پادىشاھى چارلېس II بىلەن مەخپىي «دوۋېر كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، ئەنگلىيەنى ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ چىقىپ، فىرانسىيەنىڭ گوللاندىيەگە قارشى ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا ئۈندىدى. يەنە، شىۋېتسىيەگە پارا بېرىپ، ئۇنى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقتىن چېكىندۇرۇشكە ئۇرۇندى.

1672 ـ يىلى، فىرانسىيە ئارمىيەسى جەنۇبىي نېدىرلاند رايونى ئارقىلىق گوللاندىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، گوللاندىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئەمما، گوللاندىيەلىكلەر ھۆكۈمدار ۋىلىيامنىڭ رەھبەرلىكىدە قارشىلىق كۆرسىتىپ، دېڭىز توسمىسىنى ئېچىۋېتىپ، كەڭ يەرلەرنى سۇغا

پاستۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گوللاندىيە ئارمىيەسى فىرانسىيە ـ ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي گېرمانىيەدىكى براندېنبۇرگ كىنەزلىكى، ئاۋستىرىيە كىنەزلىكى، ئىسپانىيە ۋە گېرمانىيەگە قارايدىغان باشقا دۆلەتلەر گوللاندىيە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئەمما، فىرانسىيە ئارمىيەسى كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىپ، براندېنبورگ ۋە ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. كېيىن ئەنگلىيە پارلامېنتى چارلېس II نى گوللاندىيە باشچىلىقىدىكى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىدى، شۇنىڭ بىلەن لۇئى XIV ئۇرۇش توختىتىشنى قارار قىلدى. 1679 ـ يىلى «نېيمېگېن سۈلھى شەرتنامىسى» تۈزۈلۈپ، ئىسپانىيە فرانېش — كومتېتى ۋە فرونتىيېردىكى بەزى قەلئەلەرنى فىرانسىيەگە ئۆتۈنۈپ بەردى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاياغلىشىشى بىلەنلا، لۇئى XIV فىرانسىيەدىكى قانۇنشۇناسلاردىن تەشكىللەنگەن «قوشۇۋېلىش كېڭىشى»نى قۇردى. بۇ قانۇنشۇناسلار ھەر خىل ياھانە ـ سەۋەبلەرنى توقۇپ چىقىپ، فىرانسىيە پادشاھى گېرمانىيەنىڭ 20 نەچچە شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ جاكارلىدى. شۇ چاغدا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ فىرانسىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇشقا قۇربى يەتمىدى. ئەنگلىيە پادشاھى لۇئى XIV نىڭ ياردەم پۇلىنى ئېلىپ تۇرغاچقا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادشاھىمۇ تۈركىيەنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. 1681 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى ستراسبورگنى تۇيۇقسىز ئىشغال قىلىۋالغاندا، پۈتۈن ياۋروپانىڭ بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىدى.

فىرانسىيەنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز زورايغانلىقتىن، پۈتۈن ياۋروپا ئەنسىزلىكتە قالدى. گوللاندىيە ھۆكۈمرانى ۋىلىيام «نېيمېگېن سۈلھى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، دەرھال

دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، فىرانسىيەگە قارشى مۇقەددەس «ئاۋگىسبورگ ئىتتىپاقى» نى تەشكىللىدى، بۇ ئىتتىپاققا ئاۋستىرىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە، ساۋويە ۋە شىۋېتسىيە قاتناشتى. 1688 ـ يىلى، لۇئى XIV ئالدىن مۇشت كۆتۈرۈپ، قوشۇن ئەۋەتىپ رېين ـ باللارد رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى. ئۇ ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ ياردىمىگە تايانماقچى بولغانىدى. ئەمما، 1688 ـ يىلى ئەنگلىيەدە يۈز بەرگەن ئىنقىلاب لۇئى XIV نىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گوللاندىيە ھۆكۈمرانى ۋىلىيامنى ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئېلىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي ئەنگلىيەمۇ فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا كىردى. فىرانسىيە يەنە يېتىم قېلىپ، داۋاملىق ئۇرۇش قىلىۋېرىشكە ماجالى قالماي، سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1697 ـ يىلى «رىسۋىك سۈلھ شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، لۇئى XIV رېين ـباللارد رايونىدىن ۋاز كەچتى.

ئىسپانىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى لۇئى XIV ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئاخىرقى قېتىملىق ئۇرۇش بولدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىلا لۇئى XIV نىڭ ئىسپانىيەنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى بار ئىدى. 1700 ـ يىلى ئىسپانىيە پادىشاھى چارلېس II ئۆلدى، ئۇنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، لۇئى XIV نەۋرىسى فىلىپنى تەخت ۋارىسى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەم بۇنىڭغا فىلىپنىڭ پادىشاھ چارلېس II نىڭ يېقىن تۇغقىنى (لۇئى XIV نىڭ ئايالى چارلېس II نىڭ ھەدىسى ئىدى) ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ چاغلاردا ئىسپانىيەنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن فىلىپ ھېچقانچە كۈچىمەيلا تەختكە چىقىۋالدى. شۇ چاغدىكى ئاۋستىرىيە كىنەزى، قوشۇمچە مۇقەددەس رىم پادىشاھى لېئوپولد I ئۆز ئايالىنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھىنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى كىنەز چارلېسنى تەخت ۋارىسى قىلىشنى

(ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى جوزېف ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى ئىدى) تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ھەم فىرانسىيەدىن ئىبارەت بۇ سودا رەقىبىنى كۆزدىن يوقىتىشنىمۇ مەقسەت قىلىپ، 1701 ـ يىلى ئاۋسترىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ فىرانسىيەگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئارقىدىن، گوللاندىيە، پىرۇسىيە، پورتۇگالىيەمۇ بۇ ئىتتىپاققا ئەزا بولۇپ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئىسپانىيەنىڭ تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىشتىن كېلىپ چىققان بۇ بىر مەيدان ئۇرۇش 1713 ـ يىلىغىچە سوزۇلدى. دەسلەپتە فىرانسىيە ئارمىيەسى تېز ئىلگىرىلەپ، نېدىرلاند، ئىتالىيە، ئىسپانىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ بەزى جايلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئەمما، ئۇلار يەككە ـ يېگانە بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە ئەنگلىيەلىك مەشھۇر قوماندان مارل پورو قوماندانلىق قىلغاچقا، ناھايىتى تېزلا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1704 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى گېرمانىيە زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىسپانىيەگە قاراشلىق جەبىلتارىق رايونىنى ئىشغال قىلدى. 1706 ـ يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى ئىتالىيەدىن چېكىنىپ چىقتى. 1709 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيەسى فىرانسىيە ئارمىيەسىنى نېدىرلانددىن قوغلاپ چىقاردى. دېڭىز ئۇرۇشلىرىدىمۇ فىرانسىيە ئارمىيەسى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش فىرانسىيە زېمىنىغا يۆتكەلدى. ئەمما، دەل مۇشۇ پەيتتە، ياۋروپا ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى: 1709 ـ يىلى رۇسىيە ئارمىيەسى شىۋېتسىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلدى. ئەنگلىيە رۇسىيەنىڭ قۇدرەت تېپىپ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، 1710 ـ يىلىدىن باشلاپ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشتا پاسسىپ ئورۇنغا ئۆتتۈۋالدى ھەمدە 1711 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ فىرانسىيە بىلەن سۆھبەت

ئۆتكـۈزدى. 1711 ـ يىلـى 4 ـ ئـايدا مۇقـەددەس رىـم پادىشـاھـى جوزېف ئۆلدى (1705 ـ يىلى تەختكە چىققان)، ئۇنىڭ پەرزەنتـى بولمىغاچقا، كىنەز چارلېس تەختـكە چىقـىپ، چارلېـس VI دەپ ئاتالدى. ئەگەر بۇ ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش ئارمىـيە فىـرانسىيەنـى مـەغلۇپ قىلـسا، مۇقـەددەس رىـم پادىشـاھـى مۇقـەررەر ھـالـدا ئىسپانىيە پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلاتتى ـ دە، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقى يەنە بۇزۇلاتتى. شۇڭا، ئەنگلىيـە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇردى. بۇنىـڭ بىلـەن فىرانسىيە ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇپ قالدى.

1713 ـ يىلى ئۇترېختا سۈلھى يىغىن ئېچىلىپ، فىرانسىيـە، ئەنگلىيە، گوللاندىيە، پرۇسسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر سۈلھى كېلىشىمى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە لۇئـى XIV نىڭ نەۋرىسى فىلىپنىڭ ئىسپانىيە پادىشـاھى بولۇشـى ئېتىـراپ قىلىندى، ئەمما ئۇنىڭ لۇئى XIV ئۆلگەندىن كېيىن فىرانسىيە پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسـلىق قىـلىشـغا رۇخسەت قـىلىنـدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، فىرانسىيەنىڭ ئىسپانىيەنى يۇتۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. ئاۋسترىيە 1714 ـ يىلىغـا كەلگەنـدىلا ئاندىـن فىـرانسىيـە بىلەن سـۈلھى كېـلىشـىمى ئىمـزالىدى. كېـلىشـىم بويىچە ئاۋسترىيە ئىسپانىيەگە قاراشلىق جەنۇبىـي نىدىرلانـد ۋە ئىـسپانىـيەنىڭ ئىـتالىـيەدىكى بېقىنـدى زېمىنـى ـــ ناپلېـس، ساردىنىـيە، مىلان، تـوسكانانـىڭ بىر قـىسىم زېـمىنىـغا ئىگـە بولدى.

لۇئى XIV قوزغىغان ئۇزاق يىللىـق ئۇرۇش فىـرانسىيەگـە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. خەلق قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى، كىشىلەر ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ جېنىنى سېلىـپ بەردى، باج ـ سېلىق بارغانسېرى ئېغىـرلاشتى. ئـۇرۇش مالىيـە كىرىزىسىنى پەيدا قىلدى. 1700 ـ يىلىدىن 1706 ـ يىلىغىچـە دۆلەتنىڭ كىرىمى 350 مىليون لىفىر، چىقىمى 1 مىليـارد 100 مىليون لىفىر بولدى. ئىسپانىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش

ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا، مالىيە قىزىل رەقىمى 2 مىليارد 500 مىليون لىفىرغا يېتىپ، دۆلەتنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 32 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلدى.

## 3. دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە دېھقانلار ھەرىكىتى

فىرانسىيەدە قۇللۇق تۈزۈم ئاللىقاچان يوقالغان بولۇپ، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئەركىن دېھقانلارغا ئايلانغانىدى، پەقەت شەرق ۋە شىمالدىكى بەزى جايلاردا ئاز ساندىكى يانچىلار ساقلىنىپ قالغانىدى. دېھقانلارنىڭ باشقا جايلارغا كۆچۈش، مال ـ مۈلۈك توختامى تۈزۈش ھوقۇقى بار ئىدى. ئەمما، بۇ خىل جىسمانىي ئەركىنلىكنىڭ كەينىگە جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋەت يوشۇرۇنغان بولۇپ، يەرلەر ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارغا مەنسۇپ بولغاچقا، دېھقانلار ئۇلارنىڭ يېرىنى ئېرىپ تېرىكچىلىك قىلماقچى بولسا فېئوداللىق يەر ئىجارىسى تۆلىشى، يەنە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى.

فىرانسىيەنىڭ ئەركىن دېھقانلىرى قانۇنىي جەھەتتىن يىللىق سېلىق تاپشۇرىدىغان دېھقانلار ۋە ئىجارىكەش دېھقانلارغا بۆلۈنەتتى. ئىجارىكەش دېھقانلار ئىجارە توختامىدا بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە يەر ئىجارە ئالاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر يىل، بىرنەچچە يىل، ئۆمۈرۋايەت، ھەتتا نەچچە ئەۋلاد يەر ئىجارە ئالىدىغانلار بولاتتى. ئەمما، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، پومېشچىكلار يەرلىرىنى پەقەت قىسقا مۇددەت ئىجارىگە بېرىشنى خالايدىغان بولدى. يىللىق سېلىق تاپشۇرىدىغان دېھقانلارنىڭ يېرى ئۆزىگە تەۋە بولۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالاتتى، پەقەت ئۇلار فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلسىلا، پومېشچىكلارنىڭ ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىشقا ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇلار يەرلىرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرسىمۇ،

سېتىۋەتسىمۇ بولاتتى. ئەمما، بۇ يەرلەرنى كىم سېتىۋېلىشىدىن قەتئىيىنەزەر پومېشچىكلارغا فېئودالىلىق يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئىككى خىل دېھقانلار فېئوداللىق يەر ئىجارىسىنى ماددىي بۇيۇم ياكى پۇل ئارقىلىق تۆلەيتتى. 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، فېئوداللىق يەر ئىجارىسىنى پۇل ئارقىلىق تۆلەش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. دېھقانلار بۆلۈنۈشكە باشلاپ، باي دېھقانلار، نامرات دېھقانلار مەيدانغا كەلدى. ئەمما، ئۇلار ئوخشاشلا پومېشچىكلارنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچرايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلار يەنە دىنىي جەمئىيەت، دۆلەت ۋە جازانىخورلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرايتتى. دىنىي جەمئىيەتكە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ ئۆشرە قاتارىدا تۆلەيتتى، دۆلەتكە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك باج تۆلەيتتى، پۇل زۆرۈر بولۇپ قالغاندا باي دېھقانلار ياكى شەھەرلىكلەردىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

فرانسىيە دېھقانلىرى مۇشۇنداق قاتمۇقات ئېزىلىش نەتىجىسىدە ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بىر ھەربىي ئىنژېنېرنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، %60 كىشى قەلەندەردەك تۇرمۇش كەچۈرگەن ياكى قەلەندەردىن قېلىشمىغان، قالغان %40 كىشىنىڭ ئۇچتىن بىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار ئۆتكەن، قەھەتچىلىك يىللىرى دېھقانلار ئاچلىقتا قالغان ياكى ئاچلىقتىن ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان. 1662 ـ يىلى قەھەتچىلىك يۈز بەرگەندە، نۇرغۇن يېزىلاردىكى دېھقانلار ئۆلۈپ كەتكەن، بەزىلەر ئاچلىقتىن جەسەت يېيىشكە مەجبۇر بولغان.

لۇئى XIV نىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى خەلقنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ تۇرمۇشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. ۋېنېتسىيەنىڭ فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇنۇلارنى خاتىرىلىگەن: «ۋېرسال سارىيىنىڭ زالىدا نەچچە مىڭ تال شام

يېنىپ تۇرىدۇ. شام نۇرى تامدىكى ئەينەكلەرنى، خېنىملار بىلەن رىتسارلارنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. ساراي كۈندۈزدەك يورۇق، ئادەم ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، سېھىرلىك ئوردىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئاجايىپ تەنتەنىلىك كەيپىيات بۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرىدۇ. بۆكىگە پەي قىستۇرۇۋالغان ئاقسۆڭەكلەر، چاچلىرى بېزەككە تولغان ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ ھەشەمىتىنى كۆرگەن ئادەم ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالىدۇ.»

ئەمما، خەلق تەقدىرگە تىز پۈكمىدى. ھەر قېتىم قەھەتچىلىك بولغاندا شەھەر ـ يېزىلاردىكى خەلقلەر ئاشلىق ھايانكەشلىرىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇردى. بەزىدە غەزەپكە كېلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئەزگۈچىلەرگە جاۋاب قايتۇردى. لۇئى XIV دەۋرىدە، فىرانسىيەدە دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى چوڭراق بولغىنى ئىسپانىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن «كامزال» (كۆينەكچانلار دېگەن مەنىدە) قوزغىلىڭى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ 1702 ـ يىلى لانگودوك ئۆلكىسىنىڭ سايۋېن تاغلىق رايونىدا كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار ئېدىرلىق، ئورمانلىقلاردىن پايدىلىنىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلدى. ئۇلار 2000 دىن ئېشىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، بىر تەرەپتىن كەنت ـ مەھەللىلەرنى كۆيدۈرۈپ ياۋۇزلارچە قىرغىنچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، 1705 ـ يىلىغا كەلگەندە قوزغىلاڭچىلارنى تولۇق يوقاتتى.

## 4. لۇئى XV دەۋرىدىكى فىرانسىيە ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى

1715 ـ يىلى لۇئى XIV ئۆلۈپ، تەختكە ئۇنىڭ ئەۋرىسى

لۇئى XV ۋارىسلىق قىلدى، شۇ چاغدا ئۇ تېخى بەش ياشتا ئىدى.

لۇئى XV قۇرامىغا يېتىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاماقەتلىكى ئاشكارىلاندى. ئۇ كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى يېقىن ۋەزىرلىرى بىلەن ئامراق خوتۇنىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭ خوتۇنى پېمبادۇل خېنىم ۋەزىرلەر ۋە سەركەردىلەرنى تەيىنلەشتە پۇتۇنلەي ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلدى، ھەتتا تاشقى سىياسەت ۋە مالىيە ھوقۇقىنىمۇ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇ ئۆز بېشىمچى، ئىسراپخور بولۇپ، ھەشەمەتلىك ساراي سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلىدى، بۇنىڭدىن سىياسىينىڭ قانچىلىك چىرىكلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار قانچە چىرىكلەشسە، خەلقنى شۇنچە ياۋۇزلۇق بىلەن باستۇرىدۇ. شۇ دەۋردە فىرانسىيەدىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. بىرەر ۋەزىر «تۇتۇش بۇيرۇقى» چىقىرىپلا ھەرقانداق ئادەمنى قولغا ئالالايتتى ھەمدە مۇددەتسىز قاماۋېتەلەيتتى. داڭلىق پەيلاسوپ ۋولتېر بىر ئاقسۆڭەك بىلەن تاكاللىشىپ قالغاچقا، تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلانغانىدى. ھۆكۈمەت نەشر بۇيۇملىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كۆپ ساندىكى سىياسىي ئەسەرلەرنى چەكلىدى، ھەتتا كۆيدۈردى، ساقچىلار ۋە ئايغاقچىلار ھەممە يەرنى قاپلاپ، خەلقنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇردى. تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيناپ سوراق قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۆلۈم جازاسىنى سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش، پارچىلاپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىجرا قىلدى.

ئەمما، قەبىھ ۋاستىلەر خەلقنى قورقۇتالمىدى. لۇئى XV تەختتە ئولتۇرغان 60 يىل خەلق ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان يىللار بولدى، دېھقانلار قوزغىلىڭى، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش

ھەرىكىتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىسيانى بارغانسېرى كۆپەيدى. 1749 — 1750 - يىلى پارىژدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق تەرەققىي قىلىپ، خەلق بىلەن ھەربىي قوشۇن ئارىسىدىكى قانلىق كوچا ئۇرۇشىغا ئايلاندى. بۇلار فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ لىغشىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

بۇ مەزگىلدە، فىرانسىيە چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولدى، بۇمۇ فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بولدى. لۇئى XIV دەۋرىدە فىرانسىيە تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي نىشانى خابىسبورگ خاندانلىقى زېمىنىنىڭ قورشاۋنى بۇزۇپ تاشلاش بولغان بولسا، 18 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەنگلىيە بىلەن دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش فىرانسىيە تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولدى. ئەمما، بۇ كۈرەش فىرانسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. يەتتە يىللىق ئۇرۇش (1757 — 1763)تىن كېيىن، فىرانسىيە ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ۋە ھىندىستاندىكى كەڭ مۇستەملىكىسىنى ئەنگلىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، ئەنگلىيە دېڭىزدىكى زومىگەرگە ئايلاندى، فىرانسىيە كۆچلۈك سودا دۆلەتلىك ئورنىدىن ۋە مۇستەملىكىچى دۆلەتلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، فىرانسىيەدە ھەممە يەرنى زۇلمەت قاپلىدى، فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكى — پادىشاھنىڭ ھاماقەتلىكى، ئوردىدىكىلەرنىڭ شەرمەندىلىكى، ئاقسۆڭەك روھانىيلارنىڭ ئىشرەتپەرەسلىكى، پومېشچىكلارنىڭ شەپقەتسىز زۇلمى، شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ نامراتلىقى ۋە ئازاب - ئوقۇبىتى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇ، ئىلغار ئەربابلارنىڭ كۈچلۈك تەنقىدىگە ئۇچرىدى ھەم بۇ تەنقىد كۈچلۈك ئىدىيەۋى ھەرىكەت — ئاقارتىش ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈردى.

ئاقارتىش ھەرىكىتىدە ۋولتېر، مونتېسكيۇ، روسسو، دىدېرو، ھولباخ، ھېلۋېتىئوس، مىللىيېر، مورېللىي، مابلى قاتارلىق

ۋەكىللىك شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا ئوخشاش فىرانسىيە ئاسمىنىدا چاقناپ، فىرانسىيە خەلقىگە ئۈمىد بەخش ئەتتى.

ۋولتېر (1694 ــ 1778)نىڭ ئەسلىي ئىسمى فىرانسوۋا مارى ئاروئې بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا تالانتىنى نامايان قىلىشقا باشلىغان، ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، تەنقىدىي ماقالىلىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق فىرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەتلىكلىكى ۋە چىرىكلىكىنى رەھىمسىز قامچىلىغان.

ئۇ ئالدى بىلەن كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە دادىللىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كاتولىك دىنى ئەقىدىلىرىدىكى چاكىنىلىق ۋە روھانىيلارنىڭ ۋەزلىرىدىكى دوگمىچىلىقنى مەسخىرە قىلدى. ئۇ روھانىيلارنى بىر توپ «تەلۋىلەر، ئالدامچىلار» دەپ ئەيىبلەپ، دىنىي بىر خىل ئالدامچىلىق، كاتولىك دىنىنى «بىر توپ پەسكەش ھىيلىگەرلەر ئويدۇرۇپ چىققان ئەڭ چاكىنا ئالدامچىلىق تورى» دەپ قارىدى. «ئىنجىل»دىكى ھەر خىل خۇراپىي قىسسەلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى نادانلىق، بۇ نادانلىقنى دىنى جەمئىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى توسالغۇ، نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە تەلۋىلىكنى يوقاتقاندىلا، ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشقا، ئىلغارلىقنى يۈكسەلدۈرۈشكە چاقىردى.

ئۇ گەرچە كاتولىك دىنىغا قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما دىنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلاتتى، چۈنكى ئۇ دىن ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ، بۇ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاشقا پايدىلىق، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ يەنە «ئەگەر تەڭرى بولمىسا، بىرنى ياساپ چىقىش كېرەك» دېگەن

مەشھۇر سۆزىمۇ بار ئىدى.

ئۇ شۇ چاغدىكى فىرانسىيە جەمئىيىتىنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن، تەبىئىي ھوقۇق تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ مۇنداق قارىدى: تەبىئەت ئىنسانلارغا ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بەخش ئەتكەن، «ئەركىن بولۇش، ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن باراۋەر ئۆتۈش — ھەقىقىي تۇرمۇش، تەبىئىي تۇرمۇش. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئەركىنلىك يانچىلىق تۈزۈم بولمىغان، ھەرقانداق زوراۋان ھۆكۈمرانلىق بولمىغان ھالەتتىكى ئىدىيەۋى ئەركىنلىك، مەتبۇئات ئەركىنلىكى، ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئىدى. ئۇ يەنە ئەركىنلىك بىلەن قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئەركىنلىك پەقەت قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان جايلاردىلا بولىدۇ». ئەمما، ئۇ تەشەببۇس قىلغان باراۋەرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باراۋەرلىك بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى ئىدى. ئۇ مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دېدى: «بالايىئاپەتكە تولغان بۇ دۇنيادا، جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرنى بايلار سىنىپى بىلەن نامراتلار سىنىپىغا بۆلمەي مۇمكىن ئەمەس». ئۇ ئۆزىنىڭ «پەلسەپە لۇغىتى» ناملىق ئەسىرىدە «باراۋەرلىك» دېگەن سۆزگە مۇنداق ئىزاھات بەردى: «جەمئىيەتكە كىرەكلىك، ھېچ نەرسىسى يوق سانسىزلىغان كىشىلەر بولمىسا ئىنسانلار ياشىيالمايدۇ، ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق.»

ئۇ پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، «ئىلغار دىكتاتۇرا تۈزۈمى»نى قوللاپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلغاندا پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى ئورناتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ «ئىلغار» پادىشاھنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىپ، روھانىيلارنىڭ ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە

قىلىپ، روھانىيلارغا مائاش بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، دۆلەت ئىچىدىكى تاموژنا بېجىنى بىكار قىلىپ، قانۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇ يەنە قانۇننى ئىسلاھ قىلىپ، جىنايەت بىلەن جازانى بىر ـ بىرىگە لايىقلاشتۇرۇشنى، جىنايى جازانى بەك رەھىمسىز قىلىۋەتمەسلىكنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇننى تۈزىتىپ، دەلىل ـ ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىش، ئاقلىغۇچى تەسىس قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى، قىيناپ سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى بىكار قىلىشنى، ئەدلىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، سوتچىلىقنى پۇلغا سېتىۋېلىشنى بىكار قىلىشنى، ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئەمما، ئۇ خەلق ئاممىسىغا ناھايىتى بىر تەرەپلىمە قارايتتى. ئۇ سىياسىي ھوقۇق ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ، بايلارنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئەسەرلىرىدە مۇنداق يازغانىدى: «بۇ جەمئىيەتتە يەر ـ زېمىنىمۇ، ئولتۇرغۇدەك ئۆيىمۇ يوق كىشىلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى بولۇشى كېرەكمىكەن؟ ئەگەر ئاددىي پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىغا يول قويۇلسا، ھەممە گۇمران بولىدۇ». بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىدىن قورقۇش پىسخىكىسى بار بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى.

ئەمما، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ۋولتېر ئۆچمەس نەتىجە ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمىگە تايىنىپ، فرانسىيەنىڭ كونا تۈزۈمىنىڭ بارلىق نۇقسانلىرىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ بەردى ۋە مەسخىرە قىلدى، ئەخمىقانىلىك ۋە نادانلىققا جەڭ ئېلان قىلدى، بۇ، شۇ دەۋردە كىشىلەرنى غەپلەتتىن ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى.

چارلېس لۇئى مونتېسكيو (1689 ـ 1755) ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، پورتدو ئۆلكىسى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ «پارس مەكتۇپلىرى»، «قانۇن روھى»، «رىملىقلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى»، «قانۇن روھىنى قوغداش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، فىرانسىيەگە ساياھەتكە كەلگەن ئىككى پارسنىڭ تىلى ئارقىلىق فىرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى، ئۆرپ ـ ئادىتى، كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنىڭ نادان ئەخمەقلىقىنى مەسخىرە قىلدى، ئوردىدىكىلەرنىڭ ئىسراپخورلۇقى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇتتەھەملىكى ۋە مۇستەبىت سىياسىينىڭ چىرىك ـ زۇلمەتلىكلىكىنى ئەيىبلىدى.

«قانۇن روھى» ئۇ 27 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ يېزىپ چىققان مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسەردە بايان قىلغان سىياسىي ئىدىيەسى بۇرژۇئا سىياسىي تەلىماتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇ ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى دەلىللەپ، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ قانۇنى شۇ دۆلەتنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقادى، بولۇپمۇ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل سىياسىي تۈزۈم ھېسابلىنىدۇ. سىياسىي تۈزۈم قانۇن روھى ۋە چىقىرىلغان قانۇنلارنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ، ھەتتا جۇغراپىيەلىك ئامىلنىڭ رولىنى يوققا چىقىرىۋېتەلەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى. روشەنكى، ئۇ سىياسىي تۈزۈمنىڭ رولىنى كۆپتۈرۈۋەتكەن، سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماددىي شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ بايانى گەرچە ئىلمىي بولمىسىمۇ، ئەمما كاتولىك دىنىنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا چوڭ ئىلگىرىلەش ئىدى.

ئۇ سىياسىي تۈزۈمنىڭ رولىغا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن سىياسىي تۈزۈم تەتقىقاتىغا نۇرغۇن زېھنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ: ھاكىمىيەت پۈتۈن خەلققە مەنسۇپ بولىدىغان تۈزۈلمە دېموكراتىك تۈزۈلمە، ھاكىمىيەت ئاز ساندىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان تۈزۈلمە ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈلمىسى، سىياسىي ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان كىشىلەرنىڭ سانى قانچە ئاز بولسا، ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈلمىسى شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ، ئەلا ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈلمىسى دېموكراتىك تۈزۈلمىگە يېقىنلىشىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە، بىر كىشى قانۇنغا ئاساسەن ھەم ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلسا، بۇ پادىشاھلىق تۈزۈلمە بولىدۇ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى پادىشاھلىق تۈزۈلمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بەلگىسى، ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھلىق تۈزۈلمىدىكى «كېلىشتۈرگۈچى كۈچ» ھېسابلىنىدۇ، يۇقىرىقى ئۈچ خىل تۈزۈلمە ئەڭ مۇۋاپىق تۈزۈلمە، زوراۋان پادىشاھ تۈزۈلمىسى تولىمۇ نامۇۋاپىق بولۇپ، بۇ تۈزۈلمە قورقۇتۇشقا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ تۈزۈلمىدە پادىشاھ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇپ، باشقىلارنى يوقىنىڭ ئورنىدا كۆرىدۇ، ھەرقانداق قانۇننى كېرەك قىلمايدۇ، ئۆز ئىرادىسىنى قانۇن دەپ قارايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆتكۈر تىللار بىلەن زوراۋان ھۆكۈمەتنى فىرانسىيە جەمئىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئادىمىيلىكنى دەپسەندە قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ زوراۋان پادىشاھ تۈزۈلمىسىنى ئەيىبلىشى، ئەمەلىيەتتە، شۇ چاغدىكى فىرانسىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنى ئەيىبلىگىنى ئىدى.

ئۇ زوراۋان پادىشاھ تۈزۈلمىسىنى سۆكۈپلا قالماي، بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنىمۇ كۆرسەتتى. ئۇ: ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى بۆلۈپ يۈرگۈزگەندىلا خەلقنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، زوراۋان ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى

ئالغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

ئۇ ئۈچ ھوقۇق، يەنى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىيەت ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئايرىم ـ ئايرىم يۈرگۈزۈش، بۇ ئۈچ ھوقۇقنىڭ، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ ئاپپاراتقا تەۋە بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ ئۈچ ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلمەسلىكى كېرەك، ھەتتا بۇ ئۈچ ھوقۇقنىڭ خالىغان ئىككىسىمۇ بىر ئاپپاراتقا تەۋە بولماسلىقى لازىم. ئەگەر قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىيەت ھوقۇقى بىر ئاپپاراتقا تەۋە بولسا، قانۇن ئىلان قىلغان ئاپپارات ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قانۇن ئىجرا قىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى كەسكىن ئىجرا قىلمايدۇ ـ دە، قانۇن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، دۆلەتتە زوراۋان ھۆكۈمەت پەيدا بولىدۇ، مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ نۇقسانلىرى دەل مۇشۇ يەردە. ئەگەر ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىيەت ھوقۇقى بىرلا ئاپپاراتقا تەۋە بولسا، ئوخشاشلا مۇستەبىت تۈزۈم شەكىللىنىدۇ. ئۇ چاغدا سوتچىلار ھەم قانۇن ئىجرا قىلغۇچى، ھەم قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلغۇچى بولۇپ قالغاچقا، ئەزگۈچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوخشاشلا، ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بىر ئاپپاراتقا تەۋە بولسا، سوتچىلار ھۆكۈم ئىلان قىلغاندا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى كەسكىن ئىجرا قىلمايدۇ، چۈنكى قانۇننى ئۇلار ئۆزلىرى چىقارغان بولغاچقا، مەزمۇنىنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئۇ پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتتە، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى خەلق ۋەكىللىرى ئاپپاراتىغا تەۋە بولۇش، مەمۇرىيەت ئاپپاراتىنىڭ باشلىقلىقىنى پادىشاھ ئۈستىگە ئېلىش، ئەدلىيە ھوقۇقى زاسېداتېللار سوتىغا مەنسۇپ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەمۇرىيەت ھوقۇقى بىرلا ئادەمگە تاپشۇرۇلسا، ئىش بېجىرىش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولاتتى. ئۇ گەرچە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ خەلق

ۋەكىللىرى ئاپپاراتىغا تەۋە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ خەلق ۋەكىللىرى ئاپپاراتىغا چۈشەك سېلىشنى، يەنى خەلق ۋەكىللىرى ئاپپاراتىنى تۆۋەن پالاتا قىلىشنى، ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىللەنگەن ئاپپاراتنى يۇقىرى پالاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم ـ ئايرىم يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۈچ ھوقۇقنىڭ ئۆزئارا چېتىشلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى، جۈملىدىن ئۇ قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى ماقۇللىغان قانۇننى پادىشاھ تەستىقلىشى، قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتىمۇ مالىيە ۋە ھەربىي ئىشلار قاتارلىق بەزى مەمۇرىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى كېرەك، بۇنداق ئەھۋالدا، گەرچە بۇ ئۈچ ھوقۇق مەلۇم دەرىجىدە بىر ـ بىرىگە دەخلى قىلىسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇلارنى ماسلاشتۇرۇپ يۈرگۈزگىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش پىرىنسىپىنىڭ تىغ ئۇچى پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارىتىلغانىدى، چۈنكى بۇ تۈزۈمدە پادىشاھ قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى يالغۇز ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئەگەر ئۈچ ھوقۇق ئايرىم يۈرگۈزۈلسە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى زور چەكلىمىگە ئۇچرايتتى. شۇڭا، ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش تەلىماتى شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، ئۇ يېقىنقى زامان بۇرژۇئا دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

ژان ياك روسسو (1712 ــ 1778) شىۋىتسارىيەدىكى جەنۋەدە سائەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا شاگىرت ئىشچى، چاكار، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى، كاتىپ، سەرگەردان مۇزىكانت بولغان. نامرات سەرگەردانلىق تۇرمۇش ۋە ئاۋام خەلق بىلەن كۆپ ئۇچرىشىش ئۇنى خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. غوجايىنلارنىڭ قامچىسى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھاقارەتلىرى،

ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى ئۇنىڭدا فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارىتا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان. شۇڭا، ئۇ فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى جەڭچىگە ۋە ئۇلۇغ دېموكراتىزمچى بايراقدارغا ئايلانغان.

ئۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماي، يەنە مەشھۇر ئەدىب ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، قەلبىنى ھاياجانغا سالاتتى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى فىرانسىيەدىكى ئىلغار ئېقىمدىكىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتتى، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىكى ياكوبىنچىلارمۇ ئۇنىڭ ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرىكەت قىلدى.

ئۇنىڭ «ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى»، «ئېمىل»، «ئىجتىمائىي توختام توغرىسىدا» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيەسىنى چوڭقۇر بايان قىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي توختام توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنىڭ بېشىدا: «ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن ئىدى، ئەمما ھازىر ئۇنىڭغا كىشەن سېلىنغان» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغان بولۇپ، بۇ، يەتكۈچە ئېزىلگەن ھەم ئەركىنلىككە تەشنا بولغان فىرانسىيە خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى. ئۇ: ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن ــ باراۋەر بولىدۇ، بۇ تۇغما تەبىئىي ھوقۇق، ئەمما ھازىر كەڭ خەلق ئاقسۆڭەكلەر، روھانىيلارنىڭ قۇل قىلىشىغا، پادىشاھنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراۋاتىدۇ دەپ كۆرسىتىپ، خەلقنى ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا، ئادەمخور كونا تۈزۈمگە ئوت ئېچىشقا چاقىردى. ئۇ خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنى قاتتىق قامچىلاپ، كەسكىن ھالدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەڭ ئالىي ھوقۇق بىر ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالسا زادىلا مۇۋاپىق بولمايدۇ، پادىشاھ خەلقنى نامرات، ئاجىز ھالەتتە

قالدۇرۇپ، ئۆزىگە مەڭگۈ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان قىلىپ مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلقنى نادان، ئاجىز، نامرات، ئەخمەق ھالەتتە قالدۇرىدۇ. پادىشاھ ئەسلىدىن دۆت ـ قابىلىيەتسىز ئەمەس، ئەمما پادىشاھلىق ئورۇن ئۇنىڭ ھاماقەت ھەم زوراۋان بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ پادىشاھنى ئىلاھ، خەلقنى ھايۋان دەپ قارايدىغان سەپسەتىلەرگە كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەزگۈچىلەر زوراۋانلىققا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئەمما ئەڭ كۈچلۈكلەرمۇ ئۆزىنى مەڭگۈلۈك ھۆكۈمران دېيەلمەيدۇ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان قۇللار ھامان بىر كۈنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. خەلق زورلۇق كۈچ ئارقىلىق زوراۋان پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدۇ.

ئۇ خەلق ھوقۇقى ئىدىيەسىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ، بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، بارلىق ھوقۇقنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. خەلقنىڭ ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، ئۇ خەلقنى قۇل قىلىشقا، ئېزىشكە ئىشلىتىلگەندە، خەلق قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە، زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ئۆز ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلارنى يوقىتىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئىنقىلاب قىلىش ئىدىيەسىنى مانا مۇشۇنداق يوللۇق شەرھلىدى.

ئۇ بايلارنىڭ نامراتلارنى ئېزىشى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىدەك تەڭسىزلىك ھادىسىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، بايلار قولىدىكى زور پۇل ـ بايلىق بىلەن كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولۇۋالىدۇ، ئەمما نامراتلار ئۆز قولى بىلەن ياساۋالغان كەپىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، ئەجەبا، جەمئىيەتتىكى بارلىق مەنپەئەتكە بايلارلا ئېرىشەمدىكەن؟ باج تاپشۇرماسلىق ئىمتىيازى بىلەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن شۇلارلا بەھرىمەن بولامدىكەن؟ دەپ كۆرسەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇنداق تەڭسىزلىك ھادىسىلىرىنى تەنقىد قىلىپلا قالماي، بۇ تەڭسىزلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئىنچىكە شەرھلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە «تەبىئىي ھالەت»تە تۇرغان، بۇنداق «تەبىئىي ھالەت»تە كىشىلەر ئەركىن، باراۋەر بولۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇ چاغدا شەخسىي مۈلۈك، دۆلەت، ھۆكۈمەت دېگەنلەر بولمىغان، ئالىيجاناب ئەخلاق، دوستلۇق، مېھرىبانلىق كىشىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغان، بۇ دەۋر ئىنسانىيەتنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» بولغان. ئەمما، كىشىلەردە تۇغما ئالغا ئىنتىلىش ئىقتىدارى بولغاچقا، ئۇلار ئەمگەك قوراللىرىنى ئىجاد قىلىشقا باشلىغان. ئەمگەك قوراللىرى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن يەنە مېتال قوراللارنى ياسىغان ھەم دېھقانچىلىق ئۇسۇللىرىنى يېڭىلىغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەخلاق بۇزۇلۇپ، ئادەت - قائىدىلەر سۇسلاشقان. بۇنىڭ بىلەن بەزى يامان كىشىلەر ئومۇمنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكنى پەيدا قىلغان. بۇ، تەڭسىزلىكنىڭ 1 - باسقۇچى. خۇسۇسىي مۈلۈك پەيدا بولۇشى بىلەنلا، باي - كەمبەغەللىك پەرقى كېلىپ چىققان. باي - كەمبەغەللىك توپلاڭ ۋە ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇرۇش بايلارغا پايدىسىز بولغاچقا، ئۇلار ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ نامراتلارنى ئالداپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، نامراتلار بىلەن بىرلىشىپ «ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت»نى شەكىللەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن باي ئاھالىلەر ۋە نامرات ئاھالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت بەرپا بولغان. دۆلەت قۇرۇلغاندا، كىشىلەر بايلارغا ئالدىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ «تەبىئىي ھالەت»تىكى ئەركىنلىكىدىن ۋاز كېچىپ، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان. ئەمما، ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلىمەي، خەلقنى ئېزىشكە باشلىغان. دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى تەڭسىزلىكنىڭ 2 - باسقۇچى. ئاخىرىدا

زوراۋان ھۆكۈمەت پەيدا بولغان، بۇ چاغدا تەڭسىزلىك ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىكىمۇ ئەۋجگە چىققان، مانا بۇ تەڭسىزلىكنىڭ 3 ـ باسقۇچى. ۋاھالەنكى، بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، «تەبىئىي ھالەت»تىكى «ئالتۇن دەۋر»گە قايتىش كېرەكمۇ؟ ئەمما، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدىكى چىقىش يولى زوراۋان ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش.

ئۇ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتە بىۋاسىتە دېموكراتىيەنى يولگا قويۇش تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق قارىدى: قانۇن چىقىرىشتا، ھەربىر پۇقرا قانۇننى تۇزۇش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە بېكىتىشكە بىۋاسىتە قاتنىشىشى كېرەك، خەلق ۋەكىللىرىلا قانۇن چىقارسا، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، شۇڭا خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن چىقىرىشى مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇ يەنە پارلامېنتلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئەنگلىيەنىڭ پارلامېنتلىق تۈزۈمىنى سۆكۈپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەنگلىيە پارلامېنتى ئاۋامنىڭ ئىرادىسىنى ئىگىلىۋالغان، بۇنداق تۈزۈمدە خەلق پەقەت پارلامېنت ئەزالىرىنى سايلىغان چاغدا ئەركىن بولالايدۇ، پارلامېنت ئەزالىرىنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇ بۇ تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۆلەت ھوقۇقىغا بولغان قارىشىنى ئىپادىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: دېموكراتىك تۈزۈمدە ھەربىر پۇقرا قانۇن چىقىرىشقا قاتنىشىدۇ، شۇڭا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى بارلىق خەلقنىڭ ئومۇمىي ئىرادىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولىدۇ، بۇ ھوقۇق خەلق مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماي قوغدىيالىغاچقا، بۇ ھوقۇقنى ئاجىزلاتماي كۈچەيتىش، پارچىلىماسلىق كېرەك. ئۇ دەل مۇشۇ خىل قاراشتا بولغاچقا، مونتېسكيونىڭ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىم يۈرگۈزۈش تەلىماتىغا قارشى تۇراتتى.

ئۇ: دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتە مەمۇرلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى

خەلقنىڭ ئىرادىسى ئورنىغا قويۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دائىملىق نازارەت تۈزۈمى ئورنىتىش كېرەك، يەنى بەلگىلىنەك مۇددەت ئىچىدە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىگە قارار چىقىرىش لازىم: بىرىنچى، ھاكىمىيەت شەكلىنى ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ ئىككىنچى، ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى يەنىلا ھاكىمىيەت بېشىدىكى كىشىنىڭ قولىدا قالدۇرۇش كېرەكمۇ ـ يوق؟ بۇنداق قىلغاندا، مەمۇرلار ھەرقاچان ھوقۇقىدىن ئېلىنىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرغاچقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىشلەيدۇ، ئۆز ئىختىيارىچە خەلقنى ئېزىشكە پېتىنالمايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇنداق تەھلىل قىلدى: «مەمۇرىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەر خەلقنىڭ خوجايىنى ئەمەس، ئەگەر خەلق خالىسا ئۇلارنى تەيىنلەيدۇ، خالىمىسا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن پەقەت خەلقنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش مەسىلىسىلا بار، دۆلەت ئۇلارنى مەلۇم ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنىلا ئادا قىلىدۇ، ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىدىغان ھېچقانداق ھوقۇقى يوق.»

ئۇنىڭ تەلپۈنىدىغىنى كىچىك دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئىدى. چۈنكى، پەقەت كىچىك جۇمھۇرىيەتتىلا بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇن چىقىرىشقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى بىۋاسىتە نازارەت قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ كىچىك دۆلەتكە قىزىقىشى ئۇنىڭ بۇرۇن ياشىغان مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شىۋېيتسارىيىدە بۇنداق كىچىك دۆلەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ئۇ تېخى ياۋروپا قىتئەسىنى نۇرغۇن ئۇششاق جۇمھۇرىيەتلەرگە بۆلۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.

ئۇ ئۆزى لايىھەلەپ چىققان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى تولىمۇ ماختايتتى. ئۇ مۇنداق قارايتتى: دېموكراتىك تۈزۈم

شارائىتىدا، كىشىلەر گەرچە «تەبىئىي ھالەت»تىكىدەك ئۇنداق ئازادە ، ئىختىيارىي بولالمىسىمۇ ھەمدە دۆلەت نوپۇزىغا چوقۇم بويسۇنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئەركىن بولىدۇ. چۈنكى، ھەممە كىشى قانۇن چىقىرىشقا قاتنىشىدۇ، ھەربىر كىشىنىڭ قانۇنغا بويسۇنغىنى ئۆزىگە بويسۇنغىنىغا باراۋەر بولىدۇ، دېموكراتىك ھاكىمىيەتكە بويسۇنغان كىشىنىڭ بەختى ۋە ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. گەرچە، كىشىلەر «تەبىئىي ھالەت»تىكى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالسىمۇ، ئەمما دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتە ئېرىشكىنى «تەبىئىي ھالەت»تىكىدىن كۆپ بولىدۇ. دېموكراتىك تۈزۈم شارائىتىدا «كىشىلەر ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيەسىنى ئىلغارلاشتۇرۇپ، روھىنى يۈكسەلدۈرۈپ»، «كالۋا، كالامپاي مەخلۇق»تىن «ئەقىل ئىدراكلىق ئادەم»گە ئايلىنىدۇ.

ئۇ يەنە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھات پىلانىنى لايىھەلەپ چىقتى. ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈك ھەرقانداق جەمئىيەتتە كەم بولسا بولمايدۇ دەپ قارىغاچقا، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە قارشى تۇرمايتتى، پەقەت باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ ھەددىدىن زىيادە چوڭىيىپ كېتىشىگە قارشى تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىكى جەمئىيەتتە، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشقا يەتكۈدەك مال ـ مۈلكى بولسىلا كۇپايە ئىدى، «بايلىقىدىن باشقا كىشىلەرنى سېتىۋالالايدىغان، نامراتلىقىدىن ئۆزىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدىغان» ھادىسە ھەرگىز يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ بايلىقنىڭ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مىراس بېجى ۋە ئاشما باج ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئومۇمەن روسسونى بۇرژۇئا دېموكراتىزمچى مۇتەپەككۇر دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتىدا ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ چەكلىمىلىكى ناھايىتى روشەن بولسىمۇ، ئەمما

ئۇ فېئوداللىق جەمئىيەتكە جەڭ ئېلان قىلىپ، فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ نۇقسانلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەتكۈچە ئېزىلگەن خەلققە كۈرەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغ تەرىپى ھېسابلىنىدۇ.

روسسو بىلەن دەۋرداش دېگۇدەك ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار — دىدرو (1713 — 1784)، ھولباخ (1723 — 1789)، ھېلۋېتىئوس (1715 — 1771) قاتارلىقلار ھەمكارلىشىپ ئېنسىكلوپېدىيە تۈزگەچكە، ئېنسىكلوپېدىيەچىلەر دەپ ئاتالدى. ئېنسىكلوپېدىيەچىلەرنىڭ ھەممىسى جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمچىلار بولۇپ، ئۇلار ماتېرىيالىزمنى ئىدىيەۋى قورال قىلىپ، فېئودال مۇستەبىت تۈزۈم، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ۋە دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن كۈرەش قىلدى.

18 - ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىزمى تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەنىدى. شۇ دەۋردە، ماتېماتىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلىپ، مۇتەپەككۇرلارغا دۇنيانىڭ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلمىغانلىقىنى، بەلكى ئالەمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ماددىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى، ماددىنىڭ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىغا باقماي، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيەسىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەنىدى.

ئېنسىكلوپېدىيەچىلەر دىنىي مەقسەتلىك ئالدامچىلىق، دەپ قارايتتى. ھولباخ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «مېنىڭچە، پادىشاھنىڭ قەدىر - قىممىتىنى كۆتۈرۈپ، پۇقرالارنى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن دىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان». ئەمما، ئۇلار دىنىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلار دىن كىشىلەرنىڭ ئەخمەق، نادانلىقىدىن پەيدا بولغان، بىلىمنى

ئومۇملاشتۇرۇپ ئەقىلنى ئاچقاندىلا دىنىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

فىرانسىيە ئېنسىكلوپېدىيەچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ماتېرىيالىزم مېخانىك ماتېرىيالىزم بولۇپ، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەنمىگەنىدى. ئۇلار گەرچە ماددىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، ئەمما ماددىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پەقەت سان جەھەتتىكى ئۆزگىرىش دەپ قاراپ، سان ئۆزگىرىشىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىش جەريانى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەنىدى. يەنە ئالەمنى ماددىدىن تەركىب تاپقان ماشىنا دەپ قاراپ، تاسادىپىيلىقنى، ئىنسانلار ئىرادىسىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، تەقدىرچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى.

فىرانسىيە ماتېرىيالىزمچىلىرىنىڭ يەنە بىر چوڭ نۇقسانى شۇكى، ئۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرگەندە، ماتېرىيالىزمچى، ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرگەندە بولسا ئىدېئالىزمچىلارغا ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن، ھولباخ پادىشاھنىڭ كەيپىياتى ۋە مىجەزى ئۇرۇش ھەم ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى، دەپ قارىدى. ئەمما، ئۇلار يەنە ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، بەزى ئالاھىدە قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، ئۇلار ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشتە ئىشتى ئالدى بىلەن مائارىپتىن باشلاش كېرەك، دەپ قارىدى.

ئېنسىكلوپېدىيەچىلەر سىياسىي تەشەببۇس جەھەتتە مۆتىدىل بولۇپ، كۆپ ساندىكىلەر ئۆمىدىنى «دانا پادىشاھ»قا باغلىدى. گەرچە ھولباخ بىلەن ھېلۋېتىئوس خەلقنىڭ زوراۋان پادىشاھقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما خەلق ئىنقىلابىدىن قورققاچقا، «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولى بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تىنچ يول

بىلەن جەمئىيەتنى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى.

قىسقىسى، ئېنسىكلوپېدىيەچىلەر كىشىلەرنى نادانلىقتىن ئويغىنىپ، ئىلىمگە دالالەت قىلىشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان رول ئوينىدى.

ئاقارتىش ھەرىكىتىدە يەنە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مېللىيېر (1664 — 1729)، موربېللىي، مابلى (1709 — 1785) قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا كەلدى. بۇ بىرقانچە مۇتەپەككۇرنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇلار فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمگە، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭ تەقسىماتچى خىيالىي كوممۇنىزمچىلار ئىدى.

ئومۇملاشتۇرغاندا، فىرانسىيە ئاقارتىش مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تۆھپىسىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇلار ئەقلىيچىلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان ئىدىيەۋى قاتماللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. دىنىي خۇراپاتلىق، چىرىك مۇستەبىت تۈزۈم، ئەكسىيەتچىل تەبىقە تۈزۈمى، بارلىق نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلدى. ئۇلار ئەقلىيچىلىكنى قورال قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان شەكىللىنىپ قالغان «چەكلەنگەن رايون»غا بۆسۈپ كىرىپ، كىشىلەرنىڭ بوغۇلغان ئىدىيەسىنى ئازاد قىلىپ، كىشىلەرنى مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا يېتەكلەپ، كىشىلەر ئالدىدا گۈزەل كېلەچەكنى نامايان قىلدى. ئىككىنچى، ئۇلار كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى تەكىتلەپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مۇقەددەس، دەخلى - تەرۇزسىز بولىدىغانلىقىنى، ھەربىر ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى بولىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز بەختىنى ئىزدەش

ھوقۇقى بارلىقىنى جاكارلاپ، ھەربىر كىشىنىڭ بىلىملىك، ئەركىن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغان بولۇشىنى، مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا ئۇن ـ تىنسىز قۇل بولىۋەرمەسلىكنى ئەسكەرتتى. ئۈچىنچى، بىر قىسىم ئىلغار مۇتەپەككۇرلار ماتېرىيالىزمنى تەشۋىق قىلىپ، تەبىئەتتىن ھالقىغان ئاتالمىش ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىلاھچىلىققا جەڭ ئېلان قىلدى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەردىكى دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيەسىنى تازىلىدى. تۆتىنچى، روسسو قاتارلىق ئاز ساندىكى مۇتەپەككۇرلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، ئىنقىلاب قىلىش ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلق ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغاندا قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئەزگۈچىلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ھوقۇقلۇق، دەپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فىرانسىيە خەلقى قوزغىغان بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ مۇھىم نەزەرىيەۋى ئاساسى بولۇپ قالدى.

18 ـ ئەسىردىكى ئاقارتىش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ئۈچۈن ئىدىيەۋى تەييارلىق بولدى. ئاقارتىش ئىدىيەسى بۈيۈك ئىنقىلابتا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم بىلەن كۈرەش قىلىشىدىكى ئىدىيەۋى قورال بولدى.

## 2 ـ بۆلۈم 17 — 18 ـ ئەسىرلەردىكى گېرمانىيە

### 1. گېرمانىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمە ھالىتى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىقى

يېقىنقى زاماندىن تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگۈچە، سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمە ھالەت ۋە ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى قالاقلىق گېرمانىيەنىڭ ئىككى چوڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى.

11 ـ ئەسىردىن كېيىن، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى بارغانسېرى كىچىكلەپ، 1500 ـ يىلىغا كەلگەندە پەقەت گېرمانىيەنىڭ زېمىنىلا قالدى. 15 ـ ئەسىردە ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ھوقۇق مەركەزلەشكەن بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەندە، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسى يەنىلا بۆلۈنمە، تارقاق ھالەتتە ئىدى. مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى پەقەت قۇرۇق نامىلا بار دۆلەت رەھبىرى بولۇپ، ئىمپېرىيە تەۋەلىكىدىكى فېئودال كىنەزلەر ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل دۆلەت تۈسىنى ئالغانىدى. پادىشاھ ۋەكىللىكىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇقى يوق بولۇپ، كىنەزلىكلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتى. پادىشاھ سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بولۇپ، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن پادىشاھ سايلىغۇچى كىنەزلەر ئىچىدىن سايلىنىپ چىقىلاتتى. ئەڭ دەسلەپتە جەمئىي سەككىز پادىشاھ سايلىغۇچى كىنەز بولۇپ، 1692 ـ يىلىدىن باشلاپ توققۇزىنچى كىنەز — خاننوۋېر كىنەزى پەيدا بولدى. ئەمما 1273 ـ يىلىدىن تارتىپ خابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدىن پادىشاھ سايلاش ئۆزگەرمەس قائىدىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ خانىدانلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا ئاۋستىرىيەگە ئوخشاش كۈچلۈك كىنەزلىك بولۇپ، گېرمانىيە پات ـ پات تۈركىيە قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئاۋستىرىيەنىڭ كۈچى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ تۈركىيەنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنەلەيتتى.

سىياسىي جەھەتتىكى بۇ خىل بۆلۈنمە ھالەت 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دىنىي ئۇرۇش سەۋەبىدىن تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. دىنىي

ئىسلاھات جەريانىدا، ئىمپېرىيە زېمىنىدىكى نۇرغۇن كاتولىك دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىندى، فېئودال كىنەزلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ يەرلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ھەم يىغىۋالدى، بۇ ئارقىلىق قۇرۇلغان لوتېر مەزھىپى دىنىي جەمئىيىتىنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ مۇستەقىل بولۇۋالدى.

ئەمما، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھوقۇقسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغىنىغا تەن بەرمەي، مەركەز ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى ئەمما كىنەزلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ئورنىنى ساقلاشقا تىرىشتى. شۇ سەۋەبتىن، پادىشاھ بىلەن ھەرقايسى كىنەزلەر ئارىسىدا 30 يىللىغا سوزۇلغان ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇش 1618 ـ يىلى باشلىنىپ 1648 ـ يىلى ئاياغلاشتى. غەربىي ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن قورققاچقا، گېرمانىيە كىنەزلىرى تەرەپتە تۇرۇپ پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلدى. 30 يىللىق ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ۋېستفالىيە سۈلھى كېلىشىمىگە ئاساسەن، گېرمانىيە كىنەزلىرى پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە يارىشىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەنىڭ پارچىلىنىشى مۇقىملىشىپ قالدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، گېرمانىيە زېمىنىدىكى چوڭ ـ كىچىك كىنەزلىك 296 گە يېتىپ، رىتسارلار سۇيۇرغاللىق يېرى 1000دىن ئېشىپ كەتتى. پادىشاھنىڭ قولىدا پەقەت ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسى بېرىش ھوقۇقىلا قالدى. ئىمپېرىيە پارلامېنتى پادىشاھ سايلىغۇچى كىنەزلەر پالاتاسى، كىنەزلەر پالاتاسى ۋە شەھەر پالاتاسىدىن تەركىب تاپتى. پادىشاھ سايلىغۇچى كىنەزلەر پالاتاسى توققۇز ئادەمدىن، كىنەزلەر پالاتاسى 98 ئادەمدىن، شەھەر پالاتاسى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەندى. ئەمما، ئىمپېرىيە پارلامېنتى

ئىسمى بار جىسمى يوق ئورگان بولۇپ، كىنەزلىكلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھەرگىز ئارىلىشالمايتتى.

ھەرقايسى كىنەزلەر ئۆز زېمىنىدىكى قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە، ھەربىي ئىشلار، مالىيە ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالغان بولۇپ، ھوقۇق مەركەزلەشكەن مۇستەبىت تۈزۈم ئورناتقانىدى. ئۇلار بيۇروكرات ئورگانلار، ساقچىلار ۋە ھەربىي قوشۇن ئارقىلىق ئۆز زېمىنىدىكى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بەزى كىچىك كىنەزلەر مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالىرىنى ياللانما ئەسكەر قىلىپ، باشقا دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىغا ساتتى. 18 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدا، گېرمانىيە كىنەزلىرى ياللانما ئەسكەر سېتىش ئارقىلىق فىرانسىيەدىن 107 مىليون 226 مىڭ لىفىر، ئەنگلىيەدىن 46 مىليون فوند كىرىم قىلدى. بەزى كىنەزلەر قىمارخانا ئېچىپ كىرىمىنى ئاشۇردى، يەنە بەزى كىنەزلەر تۇز، ھاراق سودىسىنى مونوپول قىلىۋېلىش ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇردى. بۇ كىنەزلەر ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، زادىلا ئەپ ئۆتمىدى. بەزى كىنەزلەر ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، گېرمانىيە سىرتىدىكى دۆلەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قوشنا كىنەزلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى.

سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمە ھالەت بىلەن بىللە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە، ئوتتۇرا دېڭىز ياۋروپا قىتئەسى بىلەن شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ سودىسىدىكى ئاساسلىق يول ئىدى، گېرمانىيە بولسا ئوتتۇرا دېڭىزدىن ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بارىدىغان يول ئۈستىدە بولغاچقا، ئىقتىسادى گۈللىنىپ، ياۋروپادا 1 ـ ئورۇنغا ئۆتكەنىدى. ئەمما، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تۈركىيە شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنى



www.uyghurkitap.com

بويسۇندۇرۇپ، ياۋروپا قىتئەسى بىلەن شەرق ئەللىرىنىڭ قاتناش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا قىتئەسى بايقىلىپ، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىنى ئايلىنىپ ماڭىدىغان يېڭى قاتناش يولى ئېچىلدى. شۇڭا، دۇنيا سودىسىدىكى ئاساسلىق يول ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىن ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغا يۆتكىلىپ، گېرمانىيە دېڭىز يولىدىن يىراقتا قېلىپ، ئىقتىسادى ئۇزاق مۇددەت چېكىنىش ھالىتىدە قالدى.

كېيىنچە 30 يىللىق ئۇرۇش گېرمانىيەگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن شەھەر ـ يېزىلار ۋەيران بولۇپ خارابىلىككە ئايلاندى، بۇ، گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا گېرمانىيە ئىقتىسادىدا ئاندىن بۇرۇلۇش بولدى، رېين رايونى، براندېنبۇرگ ۋە ساكسېندا كاپىتالىستىك خاراكتېرىدىكى سانائەت مەيدانىغا كەلدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، بېرلىندىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە، كرېفېلدتىكى يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتىدە مەركەزلەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرى پەيدا بولدى، بەزى قول سانائەت ئىشخانىلىرىدا 2000 دىن 4000 غىچە ئىشچى ئىشلىدى.

ئەمما، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر گېرمانىيە يەنىلا ئەنگلىيەنىڭ كەينىدە قالدى. سەۋەبى، شۇ چاغدا گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدا مۇنداق ئىككى چوڭ توسالغۇ بار ئىدى:

بىرى، سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمىچىلىك. گېرمانىيە زېمىنىدا نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك كىنەزلىكلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئەپ ئۆتمەيتتى. ھەربىر كىنەزلىكنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇن سىستېمىسى، ئۆلچەم تۈزۈمى، پۇل بىرلىكى بار ئىدى، ئەڭ يامىنى ھەرقايسى كىنەزلىكلەرنىڭ چېگرالىرىدا تەسىس قىلىنغان تاموژنا چازىلىرى تاۋار ئوبوروتىغا زور توسالغۇ پەيدا قىلغان ئىدى. گېرمانىيەدىكى تاموژنا چازىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆپلۈكى، زېيىننىڭ چوڭلۇقىنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، پىرنادىن لېيپسىگقا بارىدىغان ئېلبى دەرياسىدا 32 چازا تەسىس قىلىنغان، خاننوۋېردىكى مىنتوندىن بىرامېنغا بارىدىغان ۋېيىسىي دەرياسىدا 21 چازا تەسىس قىلىنغانىدى. قۇرۇقلۇق يولىدىمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى. بۇلار گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كەلگەن بازار شەكىللەندۈرۈپ، سودا ـ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا زور توسقۇنلۇق قىلدى. سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىدا توسالغۇ كۆپ بولغانلىقتىن، سودا بۇرژۇئازىيەسى سانائەتكە مەبلەغنى ئاز سېلىپ، كۆپ مەبلەغنى يەرگە سېلىشقا مەجبۇر بولدى.

يەنە بىرى، يانچىلىق تۈزۈمى. ئەھلىسەلىپ قوشۇنى شەرققە يۈرۈش قىلغاندىن (11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە) باشلاپلا گېرمانىيەدە يانچىلىق تۈزۈم زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، يانچىلار تەدرىجىي ئەركىن دېھقانلارغا ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆچۈش ئەركىنلىكى، پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارە ئېلىپ تېرىش هوقۇقى بولۇپ، پومېشچىكلارغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىش يۈكىدىن قۇتۇلغانىدى، پەقەت ماددىي نەرسىلەر بىلەن يەر ئىجارىسى تۆلىسىلا بولاتتى.

ئەمما، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە گېرمانىيە دېھقانلىرى قايتىدىن يانچىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. يانچىلىق تۈزۈم يەنە تىرىلدى، بۇ ئەھۋالنى ئېنگېلس «2 ـ قېتىملىق يانچىلىق باسقۇچى» دەپ ئاتىدى. بەزى پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ يەر ئىجارىسىنى تاپشۇرالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. يەنە بەزىلىرى شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى. دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى بۇنداق تارتىۋېلىش قىلمىشى ئەنگلىيەدىكى يەر چىتلاش ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما، ئوخشىمايدىغان يېرى، بىرىنچىدىن، گېرمانىيە پومېشچىكلىرى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى تولۇق

ئىگىلىۋالماي، بىر قىسمىنى دېھقانلارغا قالدۇرۇپ قويىدى؛ ئىككىنچىدىن، گېرمانىيە پومېشچىكلىرى دېھقانلارنى قوغلىۋەتمەي، ئۇلارنى يەرگە باغلىنىپ قالىدىغان قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

17 ـ ئەسىردىكى 30 يىللىق ئۇرۇش دېھقانلارنىڭ يانچىلىشىش جەريانىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقانلارنى يانچىغا ئايلاندۇردى. گېرمانىيەنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدا ئۈچتىن بىر قىسىم تېرىلغۇ يەر قاقاسلىققا ئايلاندى. پومېشچىكلار بۇ يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇش سەۋەبىدىن نۇرغۇن دېھقانلار ۋەيران بولدى. ئۇلار ئەمگەك قوراللىرى، ئۆي هايۋانلىرى، ئوغۇت، ئۇرۇق قاتارلىق زۆرۈر لازىمەتلىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئېلىۋالدى. يەرلىرىدىن ئايرىلغان دېھقانلار يانچىلارغا ئايلىنىپ، پومېشچىكلار ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

«2 ـ قېتىملىق يانچىلىق باسقۇچى» گېرمانىيەنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى براندېنبورگ، پرۇسسىيە، پومېرانىيە، مېكلېنبورگ، سېلسىيە قاتارلىق جايلاردا ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. بۇ جايلاردا يانچىلىق تۈزۈم ئەڭ ۋەھشىي تۈس ئالدى. يانچىلار ھەر كۈنى پومېشچىكلارنىڭ يېرىگە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى، پەقەت كېچىسىلا ئۆز يېرىگە ئىشلەشكە پۇرسەت يارىتالىدى. پومېشچىكلار نازارەتچىلەرنىڭ قامچىسى ئارقىلىق ئۇلارنى نازارەت قىلدى. يانچىلارنىڭ كۆپ قىسىم ئەركىنلىكى تارتىۋېلىندى: ئۇلارنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشكە يول قويۇلمىدى، پومېشچىكنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ توي قىلىشىغا يول قويۇلمىدى، پومېشچىكلار يانچىلارنى سېتىۋېتىدىغان، ئىشلىتىشكە بېرىدىغان ياكى رەنىگە قويىدىغان، ھەتتا قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇردى. ھەربىر پومېشچىك ئۆزى يەرلىك سودىيە

www.uyghurkitap.com

ياكى ساقچى باشلىقى بولغاچقا، دېھقانلار يومپىشچىكلارنىڭ ھۆكۈمگە بويسۇنمىدىغان ئېغىر كۈنگە قالدى.

گېرمانىيەنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى جايلاردىلا ئەركىن دېھقانلار ساقلىنىپ قالدى. ئەمما، بۇ جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئېزىلىشىمۇ خېلىلا قاتتىق بولۇپ، دېھقانلار يەر ئىجارىسى ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان ماددىي بۇيۇم ياكى پۇلنىڭ مىقدارى كۆپ ئىدى، بەزىدە ئۇلار يومپىشچىكقا ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئۇنداقتا، غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقاندا، نېمە ئۈچۈن گېرمانىيەدە «2 ـ قېتىملىق يانچىلىق باسقۇچى»دەك تارىخىي چېكىنىش يۈز بېرىدۇ؟ گېرمانىيەدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئالىملار كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلىدى: بىرىنچى، 16 — 17 ـ ئەسىردە غەربىي ياۋروپادا كاپىتالىزم زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەھەر نوپۇسى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج كۆپەيدى، دۇنيا بازىرىدىكى ئاشلىقنىڭ باھاسىمۇ تېز ئۆستى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا گېرمانىيە يومپىشچىكلىرىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەلپى كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە قالاق بولغاچقا، يومپىشچىكلار كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا پەقەت كونا يانچىلىق تۈزۈمىدىن چىقىش يولى ئىزدىدى. ئىككىنچى، گېرمانىيە يومپىشچىكلىرىنىڭ ئۆز جايىدىكى كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، دېھقانلارنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالايتتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ، دېھقانلارنىڭ يومپىشچىكلارنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىشىنى قوللاشقا مادارى يەتمەيتتى.

يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى گېرمانىيە

سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا زور توسالغۇ پەيدا قىلدى، چۈنكى يانچىلىق تۈزۈمى دېھقانلارنىڭ يەرگە باغلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەمگەك كۈچى مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويۇپلا قالماي، يەنە سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازىرىنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلىمىگە ئۇچراتتى.

## 2. كۆپ مىللەتلىك ئاۋسترىيە ئىمپېرىيەسى

گېرمانىيەدىكى نۇرغۇن كىنەزلىكلەر ئىچىدە ئاۋسترىيە بىلەن پرۇسسىيە ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئىككى كىنەزلىكنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشى 17 – 18 - ئەسىردىكى گېرمانىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

گېرمانىيەدىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەر ئىچىدە ئاۋسترىيە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. چۈنكى: (1) ئۇ خابسبۇرگ جەمەتىدىن بولغان مۇقەددەس رىم پادىشاھىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى ئىدى. (2) ئۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىدى. 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خابسبۇرگ جەمەتىنىڭ قولىدا ئاۋسترىيەنىڭ ئۆز زېمىنىدىن باشقا، يەنە بۇيۇك رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تەۋەسىدىكى چېخىيە (ئاھالىسى سلاۋيانلار) ۋە ۋېنگرىيەنىڭ بىر قىسمى بار ئىدى. 1699 - يىلى ئۇلار يەنە تۈركىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن ۋېنگرىيەنىڭ قالغان قىسمىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ۋېنگرىيە (ئاھالىسى ماجارلار) خابسبۇرگ جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

ئاۋسترىيەنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە پەۋقۇلئاددە ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى: چېخىيە بىلەن ۋېنگرىيەنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرى تۈركىيەنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئاۋسترىيەدىن ياردەم سوراشقا ۋە مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھىنى

ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

چېخىيەدە مىللىي زۇلۇم بىلەن سىنىپىي زۇلۇم گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. 30 يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىلگىرى خابسبورگ خانىدانلىقىغا قارشى تۇرغان ئوتتۇرا ـ ئۇششاق چېخ ئاقسۆڭەكلىرى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلدى ياكى ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنى مۇسادىرە قىلىندى. بۇ يەر ـ زېمىنلار گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇلار يەرلىك دېھقانلارنى ئېزىدىغان پومېشچىكلارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلىرى سلاۋيانلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلىپ، نېمىس تىلىنى چېخىيەنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلدى.

ۋېنگرىيەدە يەرلىك ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار بىلەن ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىرلىشىپ خەلقنى ئەزدى. ئاۋستىرىيە ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ۋېنگرىيە خەلقىگە خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى ھەمدە نېمىسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، نېمىس تىلىنى ۋېنگرىيەنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلدى.

ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسى يەنە جەنۇبىي نېدىرلاندىيە ۋە ئىتالىيەنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

18 ـ ئەسىردە، ئىتالىيە چەت ئەل كۈچلىرى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنىپلا قالماي، يەنە زېمىنى پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. ئىتالىيەنىڭ شىمالىدىكى لومباردى، توسكانا، پالما ۋە مودېنىنا قاتارلىق جايلار ئاۋستىرىيەنىڭ، ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى سىتسىلىيە پادىشاھلىقى (جۇملىدىن ناپلېس ۋە سىتسىلىيە ئارىلى) ئىسپانىيە بوربون خانىدانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ۋاتىكانغا رىم پاپاسى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ۋېنېتسىيە بىلەن گېنويە شۇ چاغدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولۇپ، بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتكە ئاز ساندىكى ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىتالىيە يېرىم

ئارىلىدىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەقىل دۆلەت ساردىنىيە پادىشاھلىقى (زېمىنى ساۋويە، پىمونت ۋە ساردىن ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھېسابلىناتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاۋسترىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىمۇ يانچىلىق تۈزۈم كۈچەيدى. چېخىيە، سىلىسىيە، ۋېنگىرىيە، كىرودىيە ۋە تۆۋەنكى ئاۋسترىيەنىڭ بەزى جايلىرىدا يەرگە باغلىنىپ قالغان دېھقانلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى ئاساس قىلغان چوڭ پومېشچىكلار ئىگىلىكى ئەۋج ئالدى، پومېشچىكلار يانچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېزىپ، ئەمگەك ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتتى (چېخىيەدە، ھەتتا ئەمگەك ۋاقتى ھەپتىدە ئالتە كۈن بولدى). دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ رۇخسىتىسىز توي قىلالمايدىغان، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلار يەنە ئېغىر ئەسكەر بېجى (دۆلەت بېجى) ۋە ئۆشرە (دىنىي جەمئىيەت بېجى) تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسى دېھقانلارنىڭ قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 17 — 18 ـ ئەسىرلەردە، چېخىيەدە دېھقانلار ھەرىكىتى ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. ۋېنگىرىيەدە، 1677 ـ يىلىدىن 1685 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان چالكلېي رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە 1703 ـ يىلىدىن 1711 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان راكوچى رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پومېشچىكلارنىڭ رەھىمسىز ئېزىشىگە بېرىلگەن كۈچلۈك جاۋاب بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى خاراكتېرىنى ئالدى.

ئاۋسترىيەدە 17 ـ ئەسىردىلا كاپىتالىزم تۇنجى ئالغان تارقاق ئىشخانا قول سانائىتى مەيدانغا كەلگەنىدى. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇ مەركەزلەشكەن ئىشخانا قول سانائىتى باسقۇچىغا كىرىپ، كەندىر توقۇمىچىلىقى ۋە سوكنا

تۇقۇمچىلىقىدا كۆلەملەشكەن ئىشخانىلار بارلىققا كەلدى. سىلىسىيە ۋە چېخىيە ئىمپېرىيەنىڭ سانائەت مەركىزىگە ئايلاندى. ئەمما، كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى مونوپول قىلىۋالغان ھەم يانچىلىق تۈزۈم مەۋجۇت بولغاچقا، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرىدى.

بۇنىڭ بىلەن بۇ كۆپ مىللەتلىك ئىمپېرىيە مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت ھەم يىگىمدىن باش كۆتۈرگەن كاپىتالىستىك مۇناسىۋەت بىلەن كونا فېئوداللىق مۇناسىۋەت ئارىسىدىكى زىددىيەتكە تولدى.

بۇ زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىسلاھاتلار «دانا مۇستەبىتلىك» شوئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئاتالمىش «دانا مۇستەبىتلىك» شەرقىي ياۋروپادىكى قالاق دۆلەتلەر پادىشاھلىرىنىڭ سىياسىي ئويۇنى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە فرانسىيە ئاقارتىش مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئىسلاھات قىلىنغاندەك قىلىسمۇ، ماھىيەتتە پەقەت فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمگە ئانچە ـ مۇنچە تېگىپ قويۇپلا، ئۇنىڭ ئاساسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىدى، شۇڭا ئىسلاھات مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. ئاۋسترىيەدە بۇ ئىسلاھاتلار مارىيە تېرېسىيە تەختتىكى چاغدىكى باش ۋەزىر گېرتسوگ كائۇنىتېس ۋە مارىيە تېرېسىيەنىڭ ۋارىسى جوسېف II نىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

بىرىنچى، يەر ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى. بۇ ئىسلاھات دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بېسىمى ئاستىدا نائىلاج ئېلىپ بېرىلغانىدى. مارىيە تېرېسىيە 1771 ـ يىلى ۋە 1775 ـ يىلى پەرمان چۈشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ھاشارىنى ئازايتىپ، ھەر ھەپتىلىك ھاشارنى ئۈچ كۈن، ھەر كۈنلۈكنى ئون سائەت قىلىپ

بېكىتتى ھەمدە دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارغا ھەقسىز ھامالىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئازايتتى، شۇنداقلا پادىشاھ جەمەتىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. جوسېف II بولسا بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلىدى. ئۇ 1781 ـ يىلى پەرمان چۈشۈرۈپ، چېخىيە، موراۋىيە ۋە ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يانچىلارنى ئازاد قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دېھقانلار ئىختىيارىي توي قىلالايدىغان، پومېشچىكلارنىڭ قورۇقىدىن ئىختىيارىي ئايرىلالايدىغان، ئۆزلىرى خالىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولدى. ئەمما، پومېشچىكلارنىڭ قورۇقىدا قالغان دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى داۋاملىق تېرىماقچى بولسا، بۇرۇنقىغا ئوخشاش پومېشچىكلارغا ئەمگەك قىلىپ بېرىشى ۋە باشقا سېلىقلارنى تاپشۇرۇش بەلگىلەندى.

ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلىرى بۇنداق مۇھىم چارىلەرنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرنى نەزەرگە ئالغانىدى: فېئوداللىق ئالۋان ـ سېلىق زىيادە ئېغىر بولسا، دېھقانلار دۆلەت بېجىنى كۆتۈرەلمەيتتى ھەم ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە قاتنىشالمايتتى. ئەگەر دېھقانلار جىسمانىي جەھەتتە ئەركىن قىلىنسا قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ ئەركىن ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئارقىلىق يەنە دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارغا بولغان قارشىلىقىنى پەسەيتكىلى، شۇنداقلا پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارغا بولغان ئېكسپلاتاتسىيەسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولاتتى.

ئىككىنچى، جوسېف II پەرمان چۈشۈرۈپ، كاتولىك چېركاۋلىرىنى تاقاپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئۈچىنچى، جوسېف II سودا ـ سانائەتچىلەرنى مۇكاپاتلاپ، قوغداش تاموژنا بېجىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى زاۋۇتلارنى قۇردى، بۇنىڭدىن مەقسەت مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، سودا ـ سانائەت تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، تېخىمۇ كۆپ باج كىرىمىگە ئېرىشكىلى بولاتتى.

ئەمما، بۇ بىر قاتار ئىسلاھاتلار يولغا قويۇلۇپلا يېرىم توختاپ قالدى، چۈنكى جوسېف II 1790 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەر بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

## 3. پرۇسىيە پادىشاھلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ مىلىتارىزملىق سىياستى

پرۇسىيە گېرمانىيەدىكى كىنەزلىكلەر ئىچىدە زېمىنى ئەڭ چوڭ، كۈچى ئەڭ زور، ئورنى ئەڭ مۇھىم كىنەزلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 17 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە پۈتكۈل گېرمانىيە تارىخىغا ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

پرۇسىيە ئۆزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدى.

10 ـ ئەسىردە خوخېنزوللېن جەمەتى شۋېيتسارىيەنىڭ شىمالىدىكى سولۇن تېغىغا جايلاشقان بىر قەلئەگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. 12 ـ ئەسىردە بۇ جەمەتنىڭ ۋەكىللىرى نۇرنبېرگ شەھىرىنىڭ غوجىسىغا ئايلاندى. 1415 ـ يىلى بۇ جەمەتنىڭ ۋەكىلى فرېدرىخ I گە مۇقەددەس رىم پادشاھى براندېنبورگنى سۆيۈرغال قىلىپ بەردى ۋە پادىشاھ سايلىغۇچى كىنەز مەرتىۋىسىنى بەردى. براندېنبورگ گېرمانىيەنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، براندېنبورگلىقلار دائىم قوشنا سىلاۋىيانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرغاچقا مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. 16 ـ ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھاتتا، براندېنبورگ كىنەزى ليوتېر دىنى (پروتېستانت دىنى)نى قوبۇل قىلىپ، كاتولىك دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ يەر ـ زېمىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالالايدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن براندېنبورگ بىر

مۇھىم پروتېستانت دۆلىتىگە ئايلاندى. 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، براندېنبورگ كىنەزى يەنە نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، رېين دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كورېفوز، ماركو، راۋېنسبورگ قاتارلىق جايلارنى ئېلىۋالدى. 1618 ـ يىلى براندېنبورگ كىنەزى جون سىگىسموند پولشانىڭ بېقىندى دۆلىتى شەرقىي پروسسىيەنى تارتىۋېلىپ، براندېنبورگنىڭ پادىشاھ سايىلىغۇچى كىنەزىدىن براندېنبورگ — پرۇسسىيەنىڭ پادىشاھ سايىلىغۇچى كىنەزىگە ئايلاندى. ئۇ شەرقىي پرۇسسىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پولشا پادىشاھىغا ئولپان تاپشۇرۇشتىن يانمىدى. 30 يىللىق ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا (1648 ـ يىلى) پادىشاھ سايىلىغۇچى كىنەز فرېدرىخ ۋىلھېلىم پومېرانىيەنىڭ شەرقىي قىسمىنى قوشىۋالدى، شۇ يىلى نە پولشا يېڭى پادىشاھىنىڭ تەختكە ئولتۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پولشاغا بېقىنىش مۇناسىۋىتىدىن قۇتۇلدى. 1701 ـ يىلى، پادىشاھ سايىلىغۇچى كىنەز فرېدرىخ I ئىسپانىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى شەرت قىلىپ، مۇقەددەس رىم پادىشاھىدىن پرۇسسىيە پادشاھى دېگەن نامنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ براندېنبورگ ـ پرۇسسىيەنىڭ پادىشاھ سايىلىغۇچى كىنەزىدىن پرۇسسىيە پادىشاھىغا ئايلاندى. يەتتە يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا، ئاۋستىرىيەنىڭ قولىدىن سىلېسىيەنى تارتىۋالدى. 1772 ـ يىلى پولشا زېمىنى بۆلۈۋېلىنغاندا غەربىي پرۇسسىيە (گدانسك ۋە تورۇندىن باشقا)نى قولغا كىرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن، براندېنبورگ ۋە شەرقىي پرۇسسىيەنىڭ زېمىنى ئۆزئارا تۇتاشتى. بۇرۇن براندېنبورگنىڭ زېمىنى 23 مىڭ 751 كىۋادرات كىلومېتىر بولغان بولسا، 1772 ـ يىلىغا كەلگەندە 194 مىڭ 891 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

پرۇسسىيەنىڭ گۈللىنىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالدىنقى شەرت قىلدى، ئۇ 17 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئىقتىسادىي گۈللىنىش ئاساسىدىلا ئاندىن روناق تېپىپ كۈچەيدى.

www.uyghurkitap.com

پرۇسسيەنىڭ گۈللىنىشىگە مۇنداق ئىككى ئاساسلىق سەۋەب بولدى:
(1) براندېنبورگنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى. سودا دېڭىز يولىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىغا يۆتكىلىشى پۈتكۈل گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى ۋە توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، براندېنبورگنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سودا دېڭىز يولىنىڭ يۆتكىلىشى گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى بەزى رايونلارنى شىمالىي دېڭىز قىرغاقلىرىدىن سودا ئېغىزى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى، شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان بارلىق دەريالار (ئېلبې دەرياسى، ئودېر دەرياسى، رېين دەرياسى ۋە ۋېسسې دەرياسى) براندېنبورگ زېمىنىدىن ئۆتكەچكە، براندېنبورگ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالدى.
(2) خوخېنزوللېن خاندانلىقى يۈرگۈزگەن سودا ـ سانائەتنى قوغداش سىياسىتى پرۇسسيەنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇردى. مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھ سايلىغۇچى كىنەز فرېدرىخ. ۋىلھېلىم تەختتىكى چېغىدىلا (1640 ـــ 1688 ـ يىللىرى) سودا ـ سانائەتچىلەرنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈرگەنىدى. 1685 ـ يىلى فىرانسىيە ھۆكۈمىتى نانتې پەرمانىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن خوگېنو دىنى مۇرىتلىرى چەت ئەللەرگە قاچتى. فرېدرىخ ۋىلھېلىم پەرمان چۈشۈرۈپ بۇ فىرانسىيە سەرگەردانلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. 1703 ـ يىلىغا كەلگەندە، تەخمىنەن 20 مىڭ خوگېنو مۇرىتى ۋە 13 مىڭ پروتېستانت مۇرىتى براندېنبورگقا كېلىپ ماكانلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى سودىگەرلەر ۋە پىششىق ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەبلىغىنى ۋە ھۈنىرىنى بۇ جايغا ئېلىپ كەلدى. يېڭىدىن كەلگەن بۇ كۆچمەنلەر يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە پاختا توقۇمىچىلىق ئىشخانىلىرىنى قۇرۇپ، يىپەك ئىشلەش، ماھۇت، شام، شايى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن

شۇغۇللاندى. ئەمما، يانچىلىق تۈزۈمى تۇيەيلىدىن ئەركىن ئەمگەك كۈچى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، فرېدرىخ ۋىلھېلىم جىنايەتچىلەر، مەھبۇسلار، سەرگەردانلار ۋە قەلەندەرلەرنى يېڭى سانائەتنىڭ ئەمگەك كۈچى قىلىپ ئىشلەتتى. ئۇنىڭ نەۋرىسى فرېدرىخ ۋىلھېلىم I (1713 — 1740 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) بۇ سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەربىي سانائەت، بولۇپمۇ يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈردى.

پرۇسسىيەنىڭ گۈللىنىشىنى ئۇنىڭ مىلىتارىزملىق سىياستىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. فرېدرىخ ۋىلھېلىمدىن باشلاپ، پرۇسسىيە ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنى كۈچلۈك ھەربىي ماشىنىغا ئايلاندۇردى، فرېدرىخ ۋىلھېلىم دەۋرىدە پرۇسسىيە ئارمىيەسى بىر ھەسسىدەك كۆپىيىپ 85 مىڭ 640 ئادەمگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 4% ىنى ئىگىلىدى. شۇ چاغدا، پرۇسسىيە نوپۇسى پۈتۈن ياۋروپادا 13 ـ ئورۇندا تۇراتتى. ئەمما، ئەسكەر سانى 4 ـ ئورۇندا تۇردى، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلدى. پرۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى پۈتۈنلەي يونكېرلاردىن (پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەردىن) بولۇپ، ئادەتتىكى ئەسكەرلەر ياللانما ئەسكەر ۋە يانچى ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئارمىيە ئىچىدە مۇتلەق بويسۇنۇش تەلەپ قىلىناتتى. ئوفىتسېرلار ئەسكەرلەرنى قامچىلىيالايتتى، بەزى ئەسكەرلەر ئوفىتسېرلارنىڭ خورلىشىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالاتتى. ئادەتتە، ھەربىي ئىنتىزام قاتتىق بولسىمۇ، ئۇرۇش بولغاندا ئوفىتسېرلار ئەسكەرلەرنىڭ خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىشىغا يول قوياتتى.

پرۇسسىيەنىڭ مىلىتارىزمى يونكېرلار سىنىپى بىلەن زىچ باغلانغانىدى. يونكېرلار سىنىپى مىلىتارىزم سىياسىتىنى ئاكتىپ قوللايتتى. چۈنكى، بۇ سىياسەت ئۇلارغا نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com

مەنپەئەت ئېلىپ كېلەتتى. (1) مىلىتارىزم ۋە كېڭەيمىچىلىك ئۇلارغا يېڭى يەر ـ زېمىن ئېلىپ كېلەلەيتتى. (2) دۆلەت زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى كېڭەيمىدىغانلىقتىن، يونكېرلارنىڭ پەرزەنتلىرى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلدارلىق پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. (3) ئەسكەر سانىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئوفىتسېرلارنىڭ سانىمۇ ئاشۇرۇلىدىغانلىقتىن يونكېرلارنىڭ پەرزەنتلىرى تېخىمۇ كۆپ ئوفىتسېرلىق ئورنىغا ئېرىشەلەيتتى. (4) كۈچلۈك ھەربىي ئاپپارات يونكېرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋىشىدىكى تايانچ بولغان يانچىلىق تۈزۈمىنى ئۇنۇملۇك قوغدىيالايتتى.

يونكېرلار قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇ ئىقتىسادىي كۈچ يانچىلىق تۈزۈمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. گېرمانىيەدىكى «2 ـ قېتىملىق يانچىلىق باسقۇچى» پرۇسسىيەدە ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە پرۇسسىيەدە، بولۇپمۇ ئېلبې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا دېھقانلار يەنە يانچىلارغا ئايلاندى، ئۇلار يەرگە باغلىنىپ قېلىپ، پومېشچىكلارغا يەر ئىجارىسى ھېسابىدا ھاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى. پومېشچىكلار يەنە يانچىلارغا ساقچىلىق ۋە سوتچىلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. پومېشچىكلارنىڭ كۈچلىرى پرۇسسىيەنىڭ بارلىق يېزىلىرىنى قاپلىدى. يانچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق پومېشچىكلار تازا بېيىپ، ھەر يىلى نۇرغۇن ئاشلىقنى غەربىي ياۋروپادىكى ئىلغار دۆلەتلەرگە چىقاردى.

پرۇسسىيە مۇستەبىت ھۆكۈمىتى يونكېرلارنىڭ يانچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى قوغدايتتى. 1653 ـ يىلى، پادىشاھ سايلىغۇچى كىنەز فرېدرىخ ۋىلھېلىم يونكېرلار بىلەن كېلىشىمنامە تۈزۈپ، ئاقسۆڭەكلەر پارلامېنتىنىڭ قارارىنى ئېلان قىلىپ، پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنى ھاشارغا ئىشلىتىشىنى، دېھقانلارغا ساقچىلىق ۋە سوتچىلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى

مۇئەييەنلەشتۇردى. يونكېرلارمۇ كىنەزنىڭ دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىدىن «ئەسكەر بېجى» يىغىپ، دائىملىق ئارمىيە قۇرۇشقا ئىشلىتىشكە قوشۇلدى.

پرۇسسىيەنىڭ مۇستەبىت دۆلەت ئاپپاراتى يانچىلىق تۈزۈمىنى قوغداپلا قالماي، يەنە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا خەلقنى شىلىپ دېموكراتىيەنى باسىدىغان، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان قورالغا ئايلاندى.

ئەمما، پرۇسسىيەنىڭ مۇستەبىت دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. پرۇسسىيە دۆلەت ئاپپاراتى 18 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ھوقۇقنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنلىكى ۋە «مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغانلىقى» ئەمەلگە ئاشۇردى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى شەكىللەندۇرۇپ، ھەممە ئىشنى قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە بېجىردى، تېجەشلىك ۋە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ، ئوردىدىمۇ ھەر خىل چىقىملار تېجەلدى. بۇنىڭ بىلەن پرۇسسىيەنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى پۈتۈن ياۋروپادا ئۈلگە بولدى.

ئەلۋەتتە، پرۇسسىيە مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەكىلى فرېدرىخ II (1740 ـ 1786 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ تارىخىي تۆھپىسىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ كۆچمەنلەرنى دۆلەت ئىچىدىكى قالاق رايونلارغا كۆچۈپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بوز يەر ئېچىش (مەسىلەن، ئودېر دەرياسى ۋادىسىدىكى سازلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش)، قانال قېزىش، تاشيول ياساشقا چاقىرىق قىلدى. شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، ئەگەر دۆلەت رول ئوينىمىسا (راسخوت ئاجرىتىش، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش، پىلانلاش ۋە تەشكىللەش دېگەندەك) بۇ قۇرۇلۇشلارنى پۈتتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە پرۇسسىيەنىڭ ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا

تۆرتكىلىك رول ئوينىدى. مەسىلەن، پىرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنى قايتا قۇرۇپ، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاقارتىش مۇتەپەككۇرلىرىنى قايتىدىن ئىشقا قويدى. ئۇ يەنە فىرانسىيەنىڭ مەشھۇر ئاقارتىش مۇتەپەككۇرى ۋولتېر بىلەن دوست ئىدى. ئۇ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى.

ۋاھالەنكى، بۇلار پرۇسسىيە مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىدى، مۇستەبىتلىككە مىلىتارىزم قوشۇلۇپ، ئاتالمىش پرۇسسىيە روھىنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل روھ يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە مۇتلەق بويسۇنۇش، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرگە خالىغانچە يولسىزلىق قىلىش، مىللەتچىلىك، كېڭەيمىچىلىك ۋە ئۇرۇشخومارلىق، زومىگەرلىكتە ئىپادىلەندى. بۇ خىل روھنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسچىلىرى يونكېرلار ئىدى.

## 3 ــ بۆلۈم فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمدىكى رۇسىيە

### 1. پېتىر I نىڭ ئىسلاھاتى ۋە رۇسىيەنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى

17 ــ 18 ــ ئەسىرلەردە، رۇسىيە گەرچە قالاق فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمدىكى دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما بىر قاتار تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئارقىلىق ئۆز زېمىنىنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ، دۆلەت كۈچىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇپ، خەلقئارادا سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئورۇنغا ئۆتتى.

يېقىنقى زامانىنىڭ دەسلىپىدە، رۇسىيە كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. جەنۇب تەرەپتە، تۈركىيە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقى ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىنى بېسىۋېلىپ، رۇسىيەنىڭ قارا دېڭىزغا بارىدىغان يولىنى قامال

قىلىۋالغانىدى. غەربىي شىمال تەرەپتە، شىۋېتسىيە بالتىق دېڭىز قىرغاقلىرىنى كونترول قىلىۋېلىپ، روسىيەنىڭ بالتىق دېڭىزىغا بارىدىغان يولىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. غەربىي جەنۇب تەرەپتە، چوڭ دۆلەت پولشا روسىيە بىلەن قوشنا ئىدى.

شۇ چاغدا روسىيەدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە چوڭ سودىگەرلەر بۇ خىل ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، مۇنداق ئىككى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى: بىرى، شىۋېتسىيەنىڭ قولىدىن بالتىق دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى تارتىۋېلىپ، بالتىق دېڭىزىغا بارىدىغان يولنى ئېچىش؛ يەنە بىرى، تۈركىيەنىڭ قولىدىن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى تارتىۋېلىپ، قارا دېڭىزغا ۋە ئوتتۇرا دېڭىزغا بارىدىغان يولنى ئېچىش. بۇ ئىككى نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زېمىن كېڭەيتىش نەپسىنى قاندۇرغىلى، چوڭ سودىگەرلەرنىڭ تاشقى سودا تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولاتتى. بۇ ئىككى نىشان 18 ـ ئەسىردە ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تۇنجى كىشى پېتىر I (1682 – 1725 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) بولدى، ئۇنىڭ مەقسىتى دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى قولغا كەلتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ياۋروپاغا غوجا بولۇش ئىدى.

پېتىر I 1695 ـ يىلىلا تەخىرسىزلىك بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ تۈركىيەگە ھۇجۇم قىلغان، كېيىنكى يىلى يەنە ئەسكەر چىقارغان، نەتىجىدە پەقەت ئازوفنىلا ئىشغال قىلىپ، دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى تارتىۋېلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى.

1700 ـ يىلى، پېتىر I ئەسكەر توپلاپ شىۋېتسىيەگە ئۇرۇش قوزغىدى، بۇ ئۇرۇش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 21 يىل داۋاملاشتى. ئۇ تارىختا «شىمال ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى. ئۇرۇشتا شىۋېتسىيە مەغلۇپ بولدى، روسىيە شىۋېتسىيەدىن بالتىق

دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيەنىڭ بىرىنچى نىشانى ئەمەلگە ئاشتى.

ۋاھالەنكى، پېتىر I تەختتىكى ۋاقتىدا قارا دېڭىز قىرغىقىنى تارتىۋېلىش نىشانى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ ۋەزىپە يېكاتېرىنا II (1762 — 1796 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە ئورۇندالدى. 1768 - يىلىدىن 1774 - يىلىغىچە ۋە 1787 - يىلىدىن 1791 - يىلىغىچە رۇسىيە تۈركىيەگە قارشى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىر قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كەڭ زېمىننى تارتىۋېلىپ، قارا دېڭىزدا ئەركىن قاتناش ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى.

ھالبۇكى، يېكاتېرىنا II بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، پولشانى بۆلۈۋېلىشنى ئاكتىپ پىلانلىدى. پولشا جەمئىي ئۈچ قېتىم بۆلۈۋېلىندى: 1 - قېتىملىق بۆلۈشۈش 1772 - يىلى يۈز بەردى، بۇ قېتىم رۇسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە پولشا زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، رۇسىيە سىدۋېنا دەرياسى، درۇت دەرياسى ۋە دېنېپىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى بېلارۇسىيە ۋە لاتۋىيەنىڭ بىر قىسمىنى؛ پرۇسسىيە ۋالمېيرا، پومېر ئۆلكىسى (گىدانىسىك شەھىرىدىن باشقا)، خېلمىنو ئۆلكىسى (تورون شەھىرىدىن باشقا)، مارلبوك ئۆلكىسى قاتارلىق بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى رايونلارنى ۋە چوڭ پولشانىڭ بىر قىسىم يېرى ھەم كۇياۋىسك رايونىنى؛ ئاۋستىرىيە ۋىسلا دەرياسى ۋە سان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ھەم كالىسسىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. 2 - قېتىملىق بۆلۈشۈش 1793 - يىلى يۈز بەردى، بۇ قېتىم رۇسىيە بىلەن پرۇسسىيە پولشا زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، رۇسىيە بېلارۇسىيەنىڭ بىر قىسمىنى، لىتۋانىڭ بىر قىسمىنى ۋە دېنېپىر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۇكرائىنانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى؛ پرۇسسىيە گىدانىسىك ۋە تورون شەھىرىنى، چوڭ پولشانىڭ بىرقانچە ئۆلكىسىنى ھەمدە مازوۋشىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى. 3 - قېتىملىق



www.uyghurkitap.com

بۆلۈشۈش 1795 ـ يىلى يۈز بەردى، بۇ قېتىم رۇسىيە لىتۋا، كۇرلان، بېلارۇسىيەنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ۋولىنىنىڭ غەربىي قىسمىنى؛ ئاۋستىرىيە كراكوۋ، لۇبلىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك پولشانىڭ بارلىق يېرىنى ھەم مازوۋشىنىڭ بىر قىسمىنى؛ پرۇسىيە غەربىي پولشانىڭ قالغان قىسمىنى، ۋارشاۋانى، مازوۋشىنىڭ قالغان قىسمىنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن پولشانىڭ پۈتۈن زېمىنى بۆلۈۋېلىنىپ پولشا دۆلىتى يوقالدى.

شىۋېتسىيە، تۈركىيەگە قارشى قىلىنغان بىر قاتار ئۇرۇش ۋە پولشانى بۆلۈۋېلىش ئارقىلىق، رۇسىيە شەرقىي شىمالىي ياۋروپادىكى ئاجىز دۆلەتتىن شەرقىي ياۋروپانىڭ زومىگەرى بولۇۋالدى.

رۇسىيەنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىپ كۈچلۈك ھەربىي دۆلەتكە ئايلىنىشى پېتىر I نىڭ ئىسلاھاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتى رۇسىيەنىڭ كۈچىنى خېلىلا زورايتقانلىقتىن، رۇسىيە خەلقئارالىق كۆرەشتە بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى.

پېتىر I نىڭ ئىسلاھاتى مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلدى:

بىرىنچى، ئۇ چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھوقۇقىنى كۈچەيتتى. 17 ـ ئەسىردە رۇسىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى تېخى شەكىللەنمىگەن، يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى زور بولۇپ، ھەتتا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنىمۇ ئاقسۆڭەكلەر كونترول قىلاتتى. ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىللەنگەن دۇمانىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چار پادىشاھنىڭ ھوقۇقى زور چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئارمىيەنىمۇ ئاقسۆڭەكلەر كونترول قىلىۋالغان بولۇپ، چار پادىشاھنىڭ ئارمىيەگە قوماندانلىق

www.uyghurkitap.com

قىلىشقا كۈچى يەتمەيتتى. پېتر I بۇنداق ئەھۋالنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇستەبىت تۈزۈمنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى ئورگىنى — دۇمانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنى قۇردى. بۇ مەھكىمە ھەم قانۇن چىقىرىش ئورگىنى، ھەم مەمۇرىيەتنى نازارەت قىلىش ئورگىنى بولدى. يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۆلۈنمە كۈچلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى سەككىز ئۆلكىگە بۆلۈپ، ئۆلكە باشلىقلىرىنى ئۆزى تەيىنلەپ ئەۋەتتى. يەنە دىنىي جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، رۇسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدىغان ھالغا كەلتۈردى ھەم پراۋوسلاۋىيە دىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەنىۋى قورالىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئارمىيەنىمۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىن ئۆز قولىغا ئالدى. ھوقۇقنىڭ كۈچىيىشى ئۇنىڭ سىرتقا خاتىرجەم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ئىككىنچى، ئۇ ھەربىي ئىسلاھات ئېلىپ باردى. پېتر I دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى قولغا كەلتۈرۈش، ياۋروپانىڭ زومىگەرلىكىنى تالىشىشتا دېڭىز ئارمىيەسى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، 1697 - يىلى شەخسەن ئۆزى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، كېمىسازلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەندى ھەم زور بىر تۈركۈم تېخنىكلارنى رۇسىيەگە تەكلىپ قىلدى. 1698 - يىلى دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن دېڭىز فىلوتى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى كېڭەيتىپ، ئوفىتسېرلار مەكتىپى قۇرۇپ، يېڭىچە ھەربىي ئوفىتسېرلارغا يېتىشتۈردى، ئارمىيە ئىچىدىكى فېئودال

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، ھەربىي قورال - ياراغ زاۋۇتلىرىنى قۇردى. بۇ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشلار نەتىجىسىدە، رۇسىيەنىڭ ھەربىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى.

ئۈچىنچى، ئۇ سانائەتنى راۋاجلاندۇردى. پېتىر I 1695 - يىلى تۈركىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سانائەتتىكى قالاقلىقنىڭ رۇسىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى سانائەت ئىشخانىلىرىنى قۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى. يانچىلىق تۈزۈم شارائىتىدا ئەركىن ئەمگەك كۈچى كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەلەندەرلەرنى زاۋۇتلارغا قوبۇل قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئۇ قوللانغان ئەڭ مۇھىم تەدبىر يەنىلا 1721 - يىلى سودىگەرلەرنىڭ يانچىلارنى سېتىۋېلىپ قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا ئىشچى قىلىپ ئىشلىتىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈش بولدى. بۇنداق يانچىلار جىسمانىي جەھەتتە يەنىلا ئەركىنسىز بولۇپ، ئىشخانا خوجايىنلىرىغا تەۋە ئىدى. ئۇ يەنە پومېشچىكلارنى قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى قۇرۇپ، ئۆز قورۇقىدىكى يانچىلارنى ئىشلىتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇ سىياسەتلەر ئاستىدا، پېتىر I دەۋرىدە رۇسىيەدە قول سانائەت ئىشخانىلىرى تېز راۋاجلىنىپ، سوكنا، كاناپ، خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىرقانچە ھەسسە ئېشىپ، چويۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ ئېشىپ، پولات تاۋلاش، كېمىسازلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق قاتارلىق يېڭى سانائەت تارماقلىرى مەيدانغا كەلدى. پېتىر I دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، رۇسىيەدە تەخمىنەن 240 قول سانائەت ئىشخانىسى بارلىققا كەلدى. سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا غايەت زور رول

ئوينىدى.

18 ـ ئەسىردە رۇسىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈشكە شۇ چاغدىكى خەلقئارا مۇھىتىنىڭ رۇسىيەگە پايدىلىق بولۇشىمۇ بىر سەۋەب بولدى.

بىرىنچى، شۇ چاغدا شىۋېتسىيەدىكى سىياسىي كۈرەش ناھايىتى ئۆتكۈرلىشىپ، پادىشاھ بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ئەۋجگە چىقتى. شىۋېتسىيە دېھقانلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىلا ئەركىن بولغان بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ يېرىدە ياكى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردە ئىشلەيتتى. ئەمما، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى 100 يىل ئىچىدە، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، دېھقانلار ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ئاستىدا قالدى. 1655 ـ يىلىدىن كېيىن، پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. 1673 ـ يىلىدىن 1680 ـ يىلىغىچە، يەنە يەرلەرنى دۆلەتكە مەنسۇپ قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ سىياسەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ، پادىشاھ بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدىكى ئۆتكۈر كۈرەشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ كۈرەش شىۋېتسىيەنىڭ رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىكى كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتتى.

ئىككىنچى، پولشا گەرچە شەرقىي ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىقى بار ئىدى: چوڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى جايلارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈۋالغان، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پادىشاھ سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالغان، ھەر قېتىمقى سايلام

ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا تالاش - تارتىش پەيدا قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقى مۇداخىلىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ پولشانى بۆلۈشۈۋېلىشىنى تېزلەتتى.

ئۈچىنچى، تۈركىيە گەرچە زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما 18 - ئەسىردە ئاجىزلىشىشقا باشلىدى، سىياسىيسىنىڭ زۇلمەتلىكلىكى، ئارمىيەسىنىڭ چىرىكلىشىشى، تۈركىيەنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تۆتىنچى، غەربىي ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى رۇسىيەگە پايدىلىق بولدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە بار كۈچى بىلەن ئېلىشىپ، رۇسىيەنىڭ شەرق تەرەپتىكى ھەرىكىتىگە ئارىلىشىشقا چولىسى تەگمىدى. 1789 - يىلى فىرانسىيە ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى فېئودال دۆلەتلەر كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ فىرانسىيە ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغانلىقتىن، رۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى چەكلەشكە مادارى يەتمىدى.

## 2. يانچىلىق تۈزۈم ۋە رۇسىيەنىڭ قالاق ئىقتىسادى

18 - ئەسىردە، رۇسىيە گەرچە ئاجىز دۆلەتتىن شەرقىي ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما يانچىلىق تۈزۈم مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى يەنىلا ناھايىتى قالاق ئىدى.

يانچىلىق تۈزۈم شارائىتىدا، دېھقانلار پومېشچىكلارغا ئېغىر ھاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپلا قالماي، يەنە كۆپ قىسىم جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ يېرىگە ئىشلەيدىغان دېھقانلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى يەرگە ئىشلەيدىغان دېھقانلار دەپ بۆلۈنەتتى. ئالدىنقىسى پومېشچىكلارنىڭ قورۇقىدا ئىشلىسە، كېيىنكىسى

دۆلەت ئېلىكىدىكى يەردە ئىشلەيتتى. 17 ـ ئەسىردە، پادىشاھ ھەممىشە دۆلەت ئېلىكىدىكى يەرلەرنى ۋە شۇ يەردە ئىشلەيدىغان دېھقانلارنى ئاقسۆڭەكلەرگە ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتتى. 1645 ـ 1699 ـ يىللىرى، ئاقسۆڭەكلەرگە ھەدىيە قىلىنغان دېھقانلارنىڭ سانى 55 مىڭ ئائىلىگە يەتتى. شۇڭا، پومېشچىكلارنىڭ يېرىگە ئىشلەيدىغان دېھقانلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشتى. پومېشچىكلارنىڭ يېرىگە ئىشلەيدىغان دېھقانلارنىڭ كۈنى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، پومېشچىكلار دائىم دېھقانلارنىڭ يېرىنى قوشۇۋالاتتى ھەم ئۇلارنى ئېغىر ھاشارغا ئىشلەشكە مەجبۇرلايتتى، دېھقانلار يەنە ئۇلارغا نۇرغۇن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

رۇسىيە دېھقانلىرىنىڭ جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى باشقا دۆلەتلەردىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بىراق، بۇ خىل مۇناسىۋەت مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنىدى.

16 ـ ئەسىردىن بۇرۇن، رۇسىيە دېھقانلىرىنىڭ كۆچۈش ئەركىنلىكى بار بولۇپ، پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشى ئېغىرلاشقاندا، ئۇلار باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتەتتى ياكى باشقا پومېشچىكلارنىڭ يېرىگە ئىشلەيتتى، بۇ خىل ئەھۋاللار قانۇنلۇق ھېسابلىناتتى. 1497 ـ يىلى ۋە 1550 ـ يىلىدىكى قانۇندا: دېھقانلارنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم كۆچۈش ھوقۇقى بولىدۇ، ھەر يىلى يۇرىيېۋ كۈنى (رۇس كالېندارى بويىچە 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر ھەپتە ئىچىدە كۆچۈپ كەتسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى تۈگىگەندە كۆچۈپ كەتسە بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. پومېشچىكلار بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، دېھقانلارغا ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنى چەكلەيتتى. پومېشچىكلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەت

دېھقانلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنى چەكلەش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، پومېشچىكلارغا قەرزدار بولۇپ قالغان دېھقانلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىگە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىدى. دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمى پومېشچىكلاردىن قەرز ئېلىپ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋالىدىغان بولغاچقا، ھەممىسى دېگۈدەك قەرزدار ئىدى. 1580 ـ يىلى، ھۆكۈمەت پومېشچىكلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە قانۇن چىقىرىپ، 1581 ـ يىلىدىن 1586 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە دېھقانلارنىڭ يۇرىيېۋ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۆچۈپ كېتىشىنى مەنئى قىلدى. كېيىن يەنە 1590 ـ يىلدىن 1595 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە دېھقانلارنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنى مەنئى قىلدى. ئاخىرىدا، كۆچۈپ كېتىشنى مەنئى قىلىش مەڭگۈلۈك پەرمانغا ئايلاندى. 1597 ـ يىلى يەنە قاچقۇن يانچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش پەرمانى ئېلان قىلىنىپ، بارلىق پومېشچىكلارنىڭ بەش يىل ئىچىدە باشقا جايلاردىن ئۆز يېرىگە كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلارنى ئەسلىي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى بەلگىلەندى. ئەمما، بەش يىل ئىلگىرى قېچىپ كەلگەن يانچىلار بۇ دائىرىگە كىرگۈزۈلمىدى. 1607 ـ يىلىدىكى بەلگىلىمىدە قاچقۇن دېھقانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش سۈرۈكى 15 يىل قىلىپ بېكىتىلدى. 1649 ـ يىلىدىكى قانۇندا، دېھقانلار شەرتسىز ھالدا يەرگە باغلىنىپ ئىشلىشى كېرەك، قاچقۇن يانچىلار قانچە ئۇزاق قاچقۇن بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ئەسلىي ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. يانچىلارنىڭ ئۆزى، بارلىق مال ـ مۈلكى، ئەمگىكى ۋە بارلىق ئائىلە ئەزالىرىغا قارىتا پومېشچىكلارنىڭ تولۇق بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنداق قىلىپ، يانچىلارنىڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي ئورنى ۋە جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە قانۇنىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇلدى.

پېتىر I نىڭ ئىسلاھاتى دەۋرىدە، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى

www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ياماناشتى. پېتېر I دېھقانلارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلاردىن نوپۇس بېجى يىغدى. بۇ، پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارغا بولغان ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. پومېشچىكلار ئۆزىنىڭ يانچىلىرىدىن ۋاقتى - قەرەلىدە نوپۇس بېجى يىغىشقا مەسئۇل بولدى. پېتېر I دەۋرىدە يەنە يانچىلارنى ئېلىپ - سېتىش ئىشلىرى ئەۋج ئالدى. مەسىلەن، پەقەت ئون رۇبلىغىلا بىر ئايال يانچىنى سېتىۋالغىلى بولاتتى.

18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، روسىيە دېھقانلىرىنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسلەشتى. 1765 - يىلى يېكاتېرىنا II پومېشچىكلارغا «ئەدەپسىزلىك» قىلغان دېھقانلارنى ئېغىر ئەمگەككە سېلىش ھوقۇقىنى بەردى، ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىنى مەنئى قىلدى. يەنە پومېشچىكلارنىڭ يانچىلارنى جازالاش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىشىغا يول قويدى. بۇنىڭ بىلەن، پومېشچىكلار يانچىلارنى تېخىمۇ ئىختىيارىي جازالايدىغان، خورلايدىغان بولدى. مەسىلەن، ئايال خوجايىن شالتىكوۋانىڭ ئۆز قولى بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرگەن يانچىسى 140 قا يەتتى.

پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىشى دېھقانلارنىڭ ئىزچىل قارشىلىق كۆرسىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى 1670 - يىلىدىكى رازىن قوزغىلىڭى ۋە 18 - ئەسىردىكى پۇگاچېۋ قوزغىلىڭى (1773 - يىلى) بولدى. پۇگاچېۋ قوزغىلىڭى روسىيە تارىخىدىكى تۇنجى تەشكىللىك دېھقانلار قوزغىلىڭى بولۇپ، ئۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاممىۋى خاراكتېرلىك قوراللىق كۈرەش بولدى. بۇ كۈرەشكە دېھقانلاردىن باشقا، قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ئىشچىلارمۇ قاتناشتى. ئەمما، بۇ ئىككى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى

ئاقىۋەتتە مەغلۇپ بولدى.

يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، رۇسىيە ئىگىلىكىنىڭ قالاقلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولۇپ، ئۇ رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى.

17 ـ ئەسىردە، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقاندا، رۇسىيە كاپىتالىزمى تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغانىدى. رۇسىيەنىڭ ئىچكى سودىسى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، پۈتۈن رۇسىيەدە بىر تۇتاش بازار شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما سانائەت يەنىلا ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك باسقۇچىدا توختاپ قالغانىدى. گەرچە ئاز ساندىكى چوڭ سانائەت ئىشخانىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يانچىلار ئەمگىكىدىن پايدىلىنىدىغان بولغاچقا، كاپىتالىستىك خاراكتېردىن تېخى يىراق ئىدى.

پەقەت 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا رۇسىيە سانائىتىدە گۈللىنىش بارلىققا كەلدى، بۇ پېتىر I نىڭ ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. جۈملىدىن ئىسلاھاتتىن بۇرۇن، قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىن 21ىلا (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكىسى تۆت، خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 17) بولغان بولسا، ئىسلاھات دەۋرىدە 205 كە يەتتى.

يېكاتېرىنا دەۋرىدە، رۇسىيە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ سانى تېخىمۇ ئاشتى. 1776 ـ يىلى قول سانائەت ئىشخانىلىرى 478 گە يەتتى.

رۇسىيە قول سانائەت ئىشخانىلىرى گەرچە كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشخانىلاردا ئىشلەيدىغانلار ئىچىدە يانچى ئىشچىلارنىڭ سانى كۆپ، ئەركىن ئىشچىلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. بۇنىڭدىن ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قول سانائەت ئىشخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ،

بازاردىكى تاۋارلارنىڭ كۆپ قىسمىنى دېھقان ھۈنەرۋەنلەر ياكى شەھەرلەردىكى ئۈششاق ھۈنەرۋەنلەر تەمىنلەيتتى. شۇڭا، ئۈششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، رۇسىيە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خېلىلا كەينىدە قالدى، ھەتتا گېرمانىيەنىڭمۇ كەينىدە قالدى.

## 4 ـ بۆلۈم 17 ـــ 18 ـ ئەسىرلەردىكى دېڭىز زومىگەرلىكىنى تالىشىش كۈرىشى

16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە ئىدى.

زومىگەرلىك تالىشىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى دۆلەت بىر ـ بىرى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلدى، نەتىجىدە ئىسپانىيە يېڭىپ چىقىپ، 1580 ـ يىلى پورتۇگالىيەنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. پورتۇگالىيە گەرچە 1640 ـ يىلى مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ قېتىمقى قوشۇلۇشتىن كېيىن ئورنى تېز تۆۋەنلەپ، دېڭىز سودىسى خارابلاشتى، چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن مۇستەملىكە رايونلىرىنى كېيىن باش كۆتۈرگەن گوللاندىيە تارتىۋالدى. پورتۇگالىيە بۇرۇنقى ئۈستۈنلۈكنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى برازىلىيە، ئافرىقىدىكى ئانگولا ۋە موزامبىك، ھىندىستاندىكى گوئا ۋە دىۋو ئارىلى، جۇڭگودىكى ئاۋمېن، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە ئوكيانىيەدىكى بەزى ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەملىكىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى.

پورتۇگالىيەنىڭ خارابلىشىشىغا سانائەت ئاساسىنىڭ پۇختا بولماسلىقى، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدىغۇدەك قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىنىڭ بولماسلىقى سەۋەب بولدى.

ئەمما، ئىسپانىيەنىڭ ياخشى كۈنلىرىمۇ ئۇزاققا بارمىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى نېدىرلاندىيە ئىنقىلابى ئىسپانىيەنى گوللاندىيەدەك باي زېمىندىن ئايرىۋەتتى، بۇ ئۇنىڭ زومىگەرلىكىگە ئېغىر زەربە بولدى. 1588 ـ يىلى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئىسپانىيەنىڭ «تەڭداشسىز فىلوتى»نى تارمار قىلىپ، ئىسپانىيەنىڭ دېڭىزدىكى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى 30 يىللىق ئۇرۇشتا، ئىسپانىيە يەنە 300 ھەربىي كېمىسىدىن ئايرىلدى، بۇ، ئىسپانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. 1655 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشىدا، ئىسپانىيە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى مۇھىم ئارال — يامايكىدىن ئايرىلىپ قالدى. 1658 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ياۋروپانىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى مۇھىم سودا پورتى — دونكېركنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئىسپانىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى (1701 — 1713 ـ يىللار) دىن كېيىن ئۈتربېچ سۈلھ شەرتنامىسىگە ئاساسەن، ئىسپانىيە ياۋروپادىكى زېمىنى — جەنۇبىي نېدىرلاندىنى ۋە ئىتالىيەدىكى زېمىنلىرىنى ئاۋسترىيەگە بۆلۈپ بېرىشكە، مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى قۇل سودىسى ھوقۇقىنى ئەنگلىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسپانىيە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى يوقاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ يەنە ئامېرىكا قىتئەسىدە مېكسىكا، يېڭى گرانادا، پېرۇ، بوينولىس ـ ئايرېس، چىلى، كاراكاس، گۋاتېمالا، فلورىدا، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا كۇبا، پورتورىكو، سانتو دومىنىگونىڭ شەرقىي قىسمى، ئاسىيادا فىلىپپىن ۋە مىرونېيىنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق كەڭ مۇستەملىكىسى بار ئىدى.

ئىسپانىيەنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى تۈزۈمى ھەددىدىن

www.uyghurkitap.com

زىيادە قاتتىق بولغاچقا، مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ سانى ئاشمىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇ مۇستەملىكە رايونلىرىدىن بۇلاپ كەلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىدىكى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ قىلىپ سالمىدى، بۇ بايلىقلارنى چوڭ ئاقسۆڭەكلەر بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى سىياسىتى دۆلەت ئىچىدىكى سودا ـ سانائەتنى ۋەيران قىلدى. ئەسلىدە، ئىسپانىيەنىڭ سودا ـ سانائىتى 16 ـ ئەسىردىلا خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. ئەمما، ھۆكۈمەتنىڭ سودا ـ سانائەت بېجى ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا، نۇرغۇن سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى تاقىلىپ قالدى. ئەڭ ئېغىرى شۇكى، 1609 ـ يىلى ھۆكۈمەت ماۋرلارنى سۈرگۈن قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئىسپانىيەنىڭ سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ماۋرلار ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسپانىيەنىڭ سودا ـ سانائەت ساھەسى ۋەيران بولدى. دۆلەت ئىچىدىكى سودا ـ سانائەتنىڭ خارابلىشىشى ئىسپانىيەنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ، چەتئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسپانىيە دۇنيا زومىگەرلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، گوللاندىيە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەملىكىچى دۆلەتكە ئايلاندى.

گوللاندىيە ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەۋى ئورنى ۋە چەكلىك تەبىئىي بايلىقىغا تايىنىپ، خېلى بۇرۇنلا دېڭىزغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلاپ، 16 ـ ئەسىردىلا دېڭىزچىلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغانىدى. 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، گوللاندىيە سودىگەرلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ سودىسىنى دېگۈدەك مونوپول قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ زور كېمە ئەترىتى بولۇپ، پەقەت بېلىق تۇتىدىغان ۋە بېلىق توشۇيدىغان كېمىسىلا 6400 گە يېتەتتى. بالتىق دېڭىزىدىكى بارلىق سودا، ھىندىستان بىلەن

بولغان سودا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرى بىلەن بولغان سودىنىڭ ھەممىسى گوللاندىيەلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرى بىلەن بولغان سودىسىنىمۇ ئىگىلىۋالغانىدى.

گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پورتۇگالىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان سەيلون، ھىندىستاندىكى مالاربا دېڭىز قىرغىقى، كوروماندې دېڭىز قىرغىقى ۋە مالاككادىن باشقا، يەنە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يېڭى نىدېرلاند (1664 ـ يىلى ئەنگلىيە تارتىۋېلىپ، ئىسمىنى نيۇيوركقا ئۆزگەرتكەن)، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى گۇئىئانا، ئافرىقا قىتئەسىدىكى دېڭىز تۇمشۇقى، شەرقتىكى ياۋا، سۇماترا، بىرونېينىڭ بىر قىسمى، مولۇككا تاقىم ئاراللىرى ۋە سېلېبېس ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.

ئەمما، 17 ـ ئەسىردە گوللاندىيە دۇنيا سودىسىدا ۋە مۇستەملىكىچىلىكتە دەۋران سۈرۈۋاتقاندا، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە گوللاندىيە بىلەن زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالاشتى.

17 ـ ئەسىردە، فىرانسىيە ئامېرىكا قىتئەسىدە كانادا ۋە لۇئىسىئانادىن ئىبارەت ئىككى مۇستەملىكىنى قۇردى ھەم ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇشقا باشلاپ، ھىندىستاندا پوندىكېررى، چاندىناگا قاتارلىق سودا پونكىتلىرىنى قۇردى. يەنە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا ماتىنىكو ۋە گۋادېلوۇپ ئاراللىرىنى ئىگىلىۋالدى. ئافرىقىدا ماداغاسقارغا تاجاۋۇز قىلىپ، گورې ۋە سېنىگال دەرياسى ئېغىزىنى بېسىۋالدى.

ئەنگلىيەمۇ 17 ـ ئەسىردە مۇستەملىكىچىلىكنى باشلاپ، شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدا مۇستەملىكە رايونلىرىنى قۇردى. 1688 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇستەملىكىسىنى ئونغا يەتكۈزدى. يەنە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، 1688 ـ يىلىغا كەلگۈچە ھىندىستاندا ئۈچ مۇھىم بازىنى، يەنى كالكۇتتا، سان جورجى (مادراستا) ۋە بومبايىنى

ئىگىلىدى. يەنە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا يامايكا، باربادوس ۋە باھامانى، ئافرىقىدا گامبىيە ۋە گانانى بېسىۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە، فىرانسىيە سودىگەرلىرى دېڭىز سودىسىغىمۇ ئاكتىپ قاتناشتى.

ئالدى بىلەن، ئەنگلىيە گوللاندىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيە بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا گوللاندىيەگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، گوللاندىيەنى ئۆزى ئېلان قىلغان «دېڭىز قاتنىشى نىزامى»نى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى. گوللاندىيە ئۆزىنىڭ دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى يوقىتىپلا قالماي، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىسى (يېڭى نېدىرلاند)نىمۇ قولدىن بېرىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، گوللاندىيە قايتا باش كۆتۈرەلمىدى ھەم خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە ئەنگلىيەگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

گوللاندىيەنىڭ ئەنگلىيەگە ئۇتتۇرۇپ قويۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، گوللاندىيە پەقەت سودا دۆلىتى بولۇپ، سانائەت ئاساسى يوق ئىدى، ئەمما ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، سانائەت كاپىتالىزمى خېلىلا راۋاجلانغان دۆلەت ئىدى.

گوللاندىيەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ زومىگەرلىك تالىشىشىدا پەقەت فىرانسىيەدىن ئىبارەت كۈچلۈك رەقىبىلا قالدى. شۇڭا، 1689 ـ يىلى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىشى بىلەنلا، ئەنگلىيە فىرانسىيە بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان زومىگەرلىكنى تالىشىش كۈرىشىنى باشلىدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، فىرانسىيەگە قارشى دۆلەتلەرنى يېنىغا تارتىپ ھەم ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، فىرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلدى، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، فىرانسىيەنىڭ چەت

ئەللەردىكى مۇستەملىكىلىرىنى تارتىۋالدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ زومىگەرلىك تالىشىش كۈرىشىدە، جەمئىي تۆت قېتىملىق مۇھىم ئۇرۇش، يەنى 1689 ــ 1697 ـ يىللىرىدىكى سان ئاۋگىبورگ ئىتتىپاقى ئۇرۇشى، 1702 ــ 1713 ـ يىللىرىدىكى ئىسپانىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى، 1740 ــ 1748ـ يىللىرىدىكى ئاۋستىرىيە تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە 1756 ــ 1763 ـ يىللىرىدىكى يەتتە يىللىق ئۇرۇش بولدى. بۇ بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇش، بولۇپمۇ يەتتە يىللىق ئۇرۇشتا، فىرانسىيە ئېغىر زىيان تارتتى، جۈملىدىن فىرانسىيەنىڭ ھىندىستان دېڭىز بويلىرىدا سودا ئۆلتىلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ھىندىستاندا قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا يول قويۇلمىدى، بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ئۈمىدى يوققا چىقتى. شىمالىي ئامېرىكىدا نېۋفوندلاند قىرغىقىدىكى ئىككى ئارال، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا بىرقانچە ئارال، جەنۇبىي ئامېرىكىدا گۋىئانالا فىرانسىيەنىڭ قولىدا قالدى. ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ قولىدىن سانت لاۋرېنس دەرياسى ۋادىسىنى ۋە مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ھەم گرېنادا ئارىلى (غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدا)نى تارتىۋالدى. يەنە ئىسپانىيەنىڭ قولىدىن فلورىدانى تارتىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، يەتتە يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە بىر سەكرەپلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەملىكىچى دۆلەتكە، ئۈچ ئەسىرلىك دېڭىز زومىگەرلىكىنى تالىشىشتىكى ئاخىرقى غالىبىيەتچىگە ئايلاندى.

ئۇزاق مۇددەتلىك زومىگەرلىك تالىشىش كۈرىشىدە، ئەنگلىيەنىڭ فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلالىشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، فىرانسىيە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان فېئودالىزم دۆلىتى، ئەنگلىيە بولسا گۈللىنىۋاتقان كاپىتالىزم دۆلىتى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە

رايونلىرىنىڭ پەرقىمۇ فىرانسىيەنىڭ ئۇلۇغ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل ئىدى. فىرانسىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدا نوپۇس ئاز بولۇپ، پەقەت ئاز ساندىكى سودا پونكىتلىرى ۋە ئاز ساندىكى ھەربىي قوشۇن بار ئىدى. ئەمما، ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدا 2 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە بولۇپ، ئىگىلىك گۈللەنگەنىدى. بۇ مۇستەملىكە رايونلىرى ئۇرۇشتا ئەنگلىيەنى زۇرۇر ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى بىلەن تەمىنلىدى.

تۆتىنچى باب

# شىمالىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

## 1 ـ بۆلۈم مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

### 1. ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى

ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇ ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدا 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇپ چىققان 13 مۇستەملىكىسى ئىدى①. مۇستەملىكىلەردىكى ئاق تەنلىكلەر ياۋروپادىن، ئاساسلىقى ئەنگلىيەدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمگەكچى خەلق ئىدى. نېگىرلار قۇل سالاھىيىتىدە ئافرىقىدىن ئېلىپ كېلىنگەنىدى. شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەسلىي ئاھالىسى بولغان ئىندىيانلار مۇستەملىكىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدا ياكى غەربتىكى قاقاس جايلارغا قوغلىۋېتىلدى، ياكى قىرغىن قىلىندى. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئاق تەنلىكلەر تارتىۋالدى. ئىندىيانلار ئاق تەنلىكلەرگە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بۇ خەلق ئاق تەنلىكلەرگە تەڭ كېلەلمەيتتى، ئۇنىڭ

① شىمالدا ماسساچۇسېتس، رودئېيلاند، يېڭى خامپشىر، كوننېكتىكوت؛ ئوتتۇرا قىسىمدا پېنسىلۋانىيە، نيۇيورك، يېڭى جېرسىي، دراۋا؛ جەنۇبتا ۋېرگىنىيە، مارىلاند، جەنۇبىي كارولىنا، شىمالىي كارولىنا، جورجىيە.

ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىناقسىزلىقمۇ ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىۋەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەردە كاپىتالىستىك تۈزۈمدىن باشقا يەنە كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىدىكى يېرىم فېئودالىق ئىجارىكەشلىك تۈزۈمى ۋە قۇللۇق تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. يېرىم فېئودالىق ئىجارىكەشلىك تۈزۈمى ئەنگلىيەدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، چوڭ يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى بىلەن زىچ باغلانغانىدى. مەسىلەن، نيۇيورك مۇستەملىكە رايونىدا فېئودال پومېشچىكلار تۇتاش كەتكەن كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، 2 مىليون 500 مىڭ ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يەر بىرقانچە چوڭ پومېشچىكنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پومېشچىك جونسون ئۆزى يالغۇز 50 مىڭ ئىنگلىز موسى يەرنى ئىگىلىۋالغانىدى. بۇ پومېشچىكلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى مۇستەملىكە رايونى قۇرۇلغاندا ئەنگلىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا بەزى مۇستەملىكە رايونلىرىدا يەنە ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بار ئىدى. چوڭ پومېشچىكلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئىجارىكەش دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. نيۇيورك مۇستەملىكە رايونىدا، ئىجارىكەش دېھقانلار ئاھالىنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىنى ئىگىلەيتتى. چوڭ پومېشچىكلار دائىم ئىجارە ھەققىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈپ، ئىجارىكەش دېھقانلارنى ئېزەتتى. پومېشچىكلارنىڭ ئىجارىكەش دېھقانلارنى ئېزىشى ماھىيەتتە يېرىم فېئودالىق خاراكتېرنى ئالغانىدى.

چوڭ پومېشچىكلارنى قوغداش ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدا چوڭ ئوغۇل مىراسخور بولۇش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. جەنۇب ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى بەزى مۇستەملىكە

رايونلىرىدا مىراسخور تاللاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ تۈزۈمگە ئاساسەن، پەقەت مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلا يەر ـ مۈلۈكنىڭ مىراسخورى بولالايتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاش ئىدى. بۇ تۈزۈملەر فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قالدۇقى ھېسابلىناتتى.

ئەمما، بۇ خىل يېرىم فېئوداللىق ئىجارىكەشلىك تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلالماي، پەقەت ئوتتۇرا قىسمىدىكى بەزى مۇستەملىكە رايونلاردىلا ساقلىنىپ قالدى. چۈنكى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە رايونلاردا ئېچىلمىغان بوز يەرلەر كۆپ بولۇپ، گەرچە مۇستەملىكە ئورگانلىرى خالىغانچە يەر ئىگىلەشنى مەنئى قىلىسىمۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ يەرگە ئېرىشىشى يەنىلا ئاسانراق ئىدى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى مۇستەملىكە رايونلاردا ئۇششاق دېھقانلارنىڭ يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى خېلىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، دېھقانلار ئۆز يېرىدە ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئەمما، ئۇلار يەنىلا چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرايتتى، چۈنكى ئۇلاردىكى ئېشىنچا مەھسۇلات چوڭ سودىگەرلەرنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ بازارغا كىرگەچكە، سودىگەرلەر مەھسۇلاتلارنى ئەرزان باھادا ئېلىپ قىممەت باھادا ساتاتتى.

مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى كاپىتالىزىمدىن ئىلگىرىكى ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتى ئىچىدە ئەڭ ئەشەددىي بولغىنى قۇللۇق تۈزۈم ئىدى. ئۇنى مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى پومېشچىكلار بىلەن كاپىتالىستلار ئورناتقانىدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەر قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن نېگىرلار قۇللۇق تۈزۈمىگە بۆلۈنەتتى.

13 مۇستەملىكىنىڭ ھەممىسىدە ئاق تەنلىك توختاملىق قۇللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇنداق تۆت خىل مەنبەسى بار ئىدى: بىرىنچى، مۇستەملىكە رايونىدا باشقىلارغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ

قەرزنى قايتۇرالمىغانلار (ئۇلارنى سوت توختاملىق قۇل بولۇشقا هۆكۈم قىلغان)؛ ئىككىنچى شىمالىي ئامېرىكىغا كېلىشتە يول خىراجىتىنى تۆلىيەلمىگەن ئەنگلىيەلىك نامراتلار (ئۇلار يول خىراجىتىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن توختاملىق قۇل بولغان)؛ ئۈچىنچى، ئالدانغان قەلەندەرلەر ۋە ئۆسمۈرلەر؛ تۆتىنچى، ئەنگلىيەلىك جىنايەتچىلەر. بۇ ئاق تەنلىك توختاملىق قۇللار توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە غوجايىنغا ئىشلەپ بېرەتتى، ئادەتتە ئۇلارنىڭ بەش يىلدىن يەتتە يىلغىچە توختاملىشىشى زۆرۈر بولۇپ، توختام مۇددىتى توشقاندا هۆرلۈككە ئېرىشەتتى.

كۆپى ئەڭ تەس بولغىنى يەنىلا نېگىر قۇللار ئىدى. ئۇلارنى ياۋروپا، ئامېرىكىلىق قۇل سودىگەرلىرى ئافرىقىدىن ئېلىپ كەلگەنىدى.

13 مۇستەملىكىنىڭ هەممىسىدە نېگىر قۇللار بولسىمۇ، ئەمما نېگىرلار قۇللۇق تۈزۈمى بەكرەك ئومۇملاشقىنى پەقەت جەنۇبتىكى بىرقانچە رايون ئىدى. جەنۇبتىكى قۇلدارلار چوڭ ئېكىنزارلىقلارنى باشقۇراتتى، توپ ـ توپ نېگىر قۇللار ئۇلار ئۈچۈن تاماكا، شال قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى.

جەنۇبتىكى ئېكىنزارلىقلاردا نېگىر قۇللار قۇلدارلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئېزىشى ئاستىدا هايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىدا دائىم قامچا ئويناپ تۇراتتى. قۇلدارلار قۇللارنى خالىغانچە خورلايتتى، ئۇلارغا هەر خىل تەن جازاسى بېرەتتى، هەتتا قۇللارنى ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ هېچقانداق جازاغا تارتىلمايتتى، چۈنكى، قانۇن قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى. قۇللار قۇلدارلارنىڭ مۈلكى بولۇپ، قۇللارغا هەرقانداق شەكىلدىكى ئىش هەققى بېرىلمەيتتى، قۇللار قۇلدارلار بەرگەن ئاز مىقداردىكى ناچار يېمەكلىكلەر بىلەن جېنىنى ساقلايتتى.

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، نېگىرلار قۇللۇق تۈزۈمى تەدرىجىي هالدا ئاق تەنلىكلەر قۇللۇق تۈزۈمىگە قاراپ ئۆزگىرىشكە

باشلىدى.

مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم مۇرەككەپ سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە سىنىپىي زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سىنىپىي كۈرەش مۇستەملىكە دەۋرىدە ئۈزۈلمىدى: ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ چوڭ پومېشچىكلارغا قارشى كۈرىشى، ئۆششاق دېھقانلارنىڭ سودىگەرلەرگە قارشى كۈرىشى، ئىشچىلارنىڭ خوجايىنلارغا قارشى كۈرىشى، قۇللارنىڭ قۇلدارلارغا قارشى كۈرىشى ھەممىلا جايدا قانات يايدى. ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قارشىلىق كۈرىشى دائىم قوراللىق قوزغىلاڭغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. نېگىر قۇللارنىڭ بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەقەلىرىنىڭ پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرۇشى، قۇلدارلارنى ساراسىمىگە سالدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قوزغىلاڭچىلاردىن ئۆچ ئېلىشىمۇ ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى. نيۇيورك مۇستەملىكە رايونىنىڭ ۋالىيسى 1712 ـ يىلىدىكى نيۇيورك قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ باستۇرۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى، بىرقانچىسى دارغا ئېسىلدى. بىرى ھارۋا بىلەن پارچىلاپ ئۆلتۈرۈلدى، بىرى شەھەردە زەنجىر بىلەن ئېسىپ قويۇلدى. بۇنداق جازالاش ئۇلار ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاق بولىدۇ.»

ئەمما، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر سىياسىي جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە پارلامېنت دېموكراتىيەسىدىن بەھرىمەن بولدى.

شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى قوش ياقلىمىلىقتا ئىكەن ئىدى: بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سىياسىي ئاپپاراتى بار ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇستەملىكىلەردىكى ئاھالىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارلامېنت بار ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق

قىلىدىغان ئاپپاراتىمۇ ئىككىگە بۆلۈنەتتى: بىرى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان مۇستەملىكە رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنى؛ يەنە بىرى، ئەنگلىيە مۇستەملىكە رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن باش ۋالىي ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى (بۇ پەقەت پادىشاھ جەمەتى مۇستەملىكىسى بىلەنلا چەكلىنەتتى) ئىدى.

شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 مۇستەملىكە ئىچىدە، سەككىز پادىشاھ جەمەتى مۇستەملىكىسى، ئۈچ ئاقسۆڭەكلەر مۇستەملىكىسى، ئىككى ئاپتونومىيە مۇستەملىكىسى بار ئىدى. پادىشاھ جەمەتى مۇستەملىكىسىنىڭ باش ۋالىيسىنى پادىشاھ تەيىنلەيتتى؛ ئاقسۆڭەكلەر مۇستەملىكىسىنىڭ باش ۋالىيسىنى ئاقسۆڭەك ئۆزى ئەۋەتەتتى، ئەمما ئۇ ئەنگلىيە قانۇنىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايتتى؛ ئاپتونومىيە مۇستەملىكىسىنىڭ باش ۋالىيسىنى مۇستەملىكىدىكى خەلق ئۆزى سايلاپ چىقاتتى، ئەمما سايلانغان باش ۋالىي ئەنگلىيە پادىشاھى بەرگەن ئىجازەتنامىگە ئاساسەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

باش ۋالىي كېڭەش يىغىنىغا تايىنىپ مۇستەملىكە رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ مۇستەملىكە رايونىدىكى مەمۇرىي باشلىق بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پارلامېنت ماقۇللىغان قانۇنلارنى ئىجرا قىلاتتى، يەنە پارلامېنت ماقۇللىغان قانۇنلارنى ئىنكار قىلىش، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

مۇستەملىكىلەردىكى پارلامېنت تەدرىجىي شەكىللەنگەنىدى، ئۇ ئادەتتە يۇقىرى، تۆۋەن ئىككى پالاتاغا بۆلۈنەتتى، ھوقۇقى ئېنىق بەلگىلەنمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكىلەردىكى پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسى ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ تۆۋەن پالاتاسىغا ئوخشاش بولۇپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا، بولۇپمۇ باج يىغىش، ئەسكەر ئېلىش ۋە قەغەز پۇل تارقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. پادىشاھ جەمەتى مۇستەملىكىسىدە پارلامېنت بىلەن

باش ۋالىينىڭ زىددىيىتى تۆۋەن پالاتا ھوقۇقىنى بارغانسېرى چوڭايتىۋەتكەنىدى. تۆۋەن پالاتا ئاخىرىدا باش ۋالىينىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشىنى نازارەت قىلىش، بەزى ئەمەلدارلار (مەسىلەن، باج ياكى مالىيە ئەمەلدارى)نى تەيىنلەش قاتارلىق بىر قاتار ھوقۇقلارغا ئېرىشكەنىدى. يۇقىرى پالاتا ئادەتتە كېڭەش بېغىنىنىڭ رولىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ئادەتتە، قانۇن لايىھەسى پارلامېنتنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن پالاتالىرى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئاندىن باش ۋالىينىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلاتتى.

ئايرىم ئاقسۆڭەكلەر مۇستەملىكىسى ۋە ئاپتونومىيە مۇستەملىكىسىدە پارلامېنتنىڭ ھوقۇقى باش ۋالىينىڭ ھوقۇقىدىن ئۈستۈن بولۇپ، باش ۋالىي پارلامېنتنىڭ تولۇق كونتروللۇقى ئاستىدا تۇراتتى.

پادىشاھ جەمەتى مۇستەملىكىسىدە يۇقىرى پالاتا (كېڭەش بېغىنى) ئەزالىرىنى باش ۋالىي كۆرسىتەتتى، ئەنگلىيە پادىشاھى تەيىنلەيتتى. تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلەتتى، بۇ، ئۇچلا خىلدىكى مۇستەملىكىلەردە ئوخشاش ئىدى. كۆپ ساندىكى مۇستەملىكىلەردە زېمىندارلار ياكى بايلارنىڭلا سايلام ھوقۇقى بولۇپ، مالايلار ياكى ياللانما ئىشچىلارنىڭ سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان، قۇللارنىڭ ئەلۋەتتە سايلام ھوقۇقى يوق ئىدى. مەسىلەن، ۋىرگىنىيە مۇستەملىكە رايونىدا، سايلىغۇچىلارنىڭ چوقۇم 100 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان بوز يېرى ياكى 25 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان ئۆزلەشتۈرۈلگەن يېرى بولۇشى كېرەك ئىدى. جورجىيە مۇستەملىكە رايونىدا 50 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يېرى ياكى مۇشۇ يەرنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كېلىدىغان مال ـ مۈلكى بارلارلا سايلامغا قاتنىشالايتتى. ئەمما، يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز مۇستەملىكە رايونلىرىدا ئادەتتە ئەمگەكچىلەر خېلى ئاسانلا يەرگە ئېرىشەلەيتتى، مەسىلەن، رودئېيلاند مۇستەملىكە رايونىدا ھەممە كىشى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلىپ بىرەر پارچە يەر ئالالايتتى، شۇڭا

سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى ئۇنچە ئاز ئەمەس بولۇپ، ئادەتتىكى ئەركىن دېھقانلارمۇ سايلام ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.
ئەمما، ھەرقايسى مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى پارلامېنتلار ئادەتتە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ قولىدا، يەنى ئاز ساندىكى بايلار ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى.

## 2. ئامېرىكا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى، جېففېرسون ۋە فرانكلىن

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ئوبيېكتى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بازىرى ۋە ئەرزان باھالىق خام ئەشيا مەنبەسى قىلىشنى مەقسەت قىلدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى: 1600 ـ يىلى «بېكىتىلگەن تاۋارلار قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى تاماكا، شېكەر، پاختا قاتارلىق تاۋارلارنى پەقەت ئەنگلىيەگىلا توشۇشقا بولىدۇ، ئەگەر باشقا جايغا توشۇشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئەنگلىيەگە ئەكېلىپ ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن باشقا جايغا يۆتكەشكە بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇ قانۇننى ئېلان قىلىشتىكى مەقسەت، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنى ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى قىلىپ، ئەنگلىيە سانائەت كاپىتالىستلىرىنىڭ ئەرزان خام ئەشيا سېتىۋېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. 1663 ـ يىلى يەنە «ئاساسلىق تاۋارلار قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ياۋروپادىن شىمالىي ئامېرىكىغا توشۇلىدىغان بارلىق تاۋارلار (ئاز ساندىكىلەردىن باشقا)نى پەقەت ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى باج ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن توشۇشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى بازىرىنى قوغداپ، باشقا

ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تاۋارلىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە يـاردەم بېرىش ئىدى. بۇ قانۇن مۇستەملىكىلەرنى ئەنگلىيەنىڭ مونوپول تاۋار بازىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى. شـۇنىڭدىـن كېيىن، ئەنگلىيـە يەنە مۇسـتەملىـكە رايونلىـرىدا تامـوژنا بېجـى ئېلىشنى يولغا قويۇپ، مـۇستەملـىكىگـە كىرگەن بـاشقا ياۋروپـا دۆلەتلىرىنىڭ تاۋارلىرىدىن ئىمپورت بېجى ئالدى.

17 ـ ئـەسىرنـىـڭ ئاخىـرى ۋە 18 ـ ئـەسىرنـىـڭ بېشـىـدا، ئەنگلىيە سانائەت كاپىتالىستلىرى مۇستەملىكە رايونلىـرىدىكى سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىشلەپچىقىـرىلغان تاۋارلارنىڭ ئـەنگلىـيەنىڭ تـاۋارلىرى بىـلەن رىقابـەتلەشـكـۈدەك بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، بۇنىڭ بىـلەن ئەنگـلىيە هـۆكۈمىتى مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى سانائەتكە چەك قويۇش سىياسىتىنـى يۈرگۈزدى. 1669 ـ يىلى مۇستەملىكىلەر ئارا قوي يۇڭى ۋە يۇڭ توقـۇلـمىلارنـى يـۆتكەشـنـى چەكلـەپ، ئـەنگلـىيە قـوي يـۇڭـى مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇستەملىكە رايونىدىكى بازىرىـنى قوغدىـدى. كـېيىنـكى يىلـى يەنە ئەنـگلىيـە قوي يۇڭى مـەھسۇلاتلىـرىنىـڭ ئېكسپورت بېجىنى بىكار قىلىپ، مۇستەملىـكە رايونلىـرىدىكى قوي يـۇڭى مەھسـۇلاتلىـرى بـىلەن بـولـغان رىقـابـەت كۈچىـنـى ئاشۇردى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى بوستون، نېۋپورت ۋە نيۇيورك قاتارلىق شەھەرلەر باش كىيىم ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەركەزگـە ئايلانغانلىقتىن، 1732ـيىلى يەنە «باش كىيىم ئىشلەپچـىقىرىـش نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، مـۇستەملـىكىلـەر ئارا باش كـىيىمنـى يۆتـكەشنى مـەنئى قىـلدى ھەم باش كـىيىم كـارخانـىلـىرىنـىـڭ ئىككىدىن ئارتۇق شاگىرت قوبۇل قىلىشىنى چەكلىدى. 1750 ـ يىلـى يـەنە «تۆمـۈر ئـىشلـەپچىقــىرىش نىـزامـى»نى ماقـۇلـلاپ، مۇستەملـىكە رايونـلىرىنـىڭ تۆمۈرلـىرى ئەنگـلىيەگـە تۇشۇلسـا ئىمپـورت بېجى كـەچۈرۈم قىلـىنىـدىغانلـىقى، مۇسـتـەملـىكـە رايـونـلىـرىـدا تـۆمـۈر مـىخ ۋە تـۆمـۈر تـاخـتـا يـاسـاش مـەنئـى قىلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەمما، 1763 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بۇ سىياسەتلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلالمىدى. نەتىجىدە، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەنگلىيە قانۇنلىرىغا پىسەنت قىلماي، چەكلەنگەن تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىۋەردى ھەمدە ھەدەپ ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ھېچقانچە توسالغۇغا ئۇچرىمىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى خېلى گۈللەندى. گەرچە دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى پۈتكۈل سانائەت ساھەسىدە يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. بەزى سودىگەرلەر ھۈنەرۋەنلەرگە قوي يۇڭى، پاختا، كەندىر قاتارلىق خام ماتېرىياللارنى بېرىپ، توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقارغۇزۇپ ھەق بەردى، بۇنىڭ بىلەن بۇنداق ھۈنەرۋەنلەر سودىگەرلەرنىڭ ئىش ھەققى ئالىدىغان ئەمگەكچىلىرىگە ئايلاندى. بۇنداق تارقاق قول سانائەت ئىشخانىلىرى شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە رايونلىرىدا بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەمما، يەنە ياغاچ زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى، تۆمۈر زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى قاتارلىق بىرقەدەر كۆلەملەشكەن قول سانائەت ئىشخانىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. يېڭى ئېنگلاند مۇستەملىكە رايونىدىكى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى سانائەتتە قوللىنىلغان تېخنىكىلار ياۋروپادىكى ئىلغار سەۋىيەگە يەتتى. تۆمۈر بۇيۇملار جەنۇبتىكى مۇستەملىكىلەرگە توشۇلۇپلا قالماي، بەلكى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا توشۇلدى. چويۇن ۋە تۆمۈر چىۋىقنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 1745 ـ يىلى 2000 توننا بولغان بولسا، 1771ـيىلىغا كەلگەندە 7500 توننىدىن ئېشىپ كەتتى. سانائەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغىنى ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى كېمىسازلىق بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان

كېمىلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان بولغاچقا، ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ ئۆزىمۇ بۇ كېمىلەرنى تۈركۈملەپ سېتىۋالدى. 1775- يىلى ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز سودىسىدا ئىشلەتكەن كېمىلىرىنىڭ 30% ى شىمالىي ئامېرىكىدىن سېتىۋېلىندى. ھەرقايسى مۇستەملىكە رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ئىشلىتىلگەن كېمىلەرنىڭ 75% ى شىمالىي ئامېرىكىدا ياسالغان كېمىلەر بولدى. يېڭى ئېنگلاند كېمىسازلىق مەركىزى بولۇپ، 1772 - يىلى بۇ جايدا ياسالغان كېمىلەر پۈتۈن مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى كېمىلەرنىڭ 68% نى ئىگىلىدى. يېڭى ئېنگلاندنىڭ بېلىقچىلىقىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلدى. سودىگەرلەر كېمىچىلەرنى ياللاپ بېلىق تۇتۇشنى كۆلەملەشتۈردى، بېلىقچىلىق كېمىلىرى بەزىدە جەنۇبىي ئامېرىكا، ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ باردى. 18- ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا يېڭى ئېنگلاندنىڭ بېلىقچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 255 مىڭ دوللارغا يەتتى. مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى سودىگەرلەر كەڭ كۆلەمدە ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ھارپىسىدا سىرتقا مال چىقىرىشتىن قىلغان كىرىمىنى 20 مىليون دوللارغا يەتكۈزدى. 1775- يىلى شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى مال تىرانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كېمىلەر 2000 غا، كېمىچىلەر 33 مىڭغا يەتتى.

ۋاھالەنكى، پۈتكۈل ئىگىلىكتە دېھقانچىلىق يەنىلا زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى، تاشقى سودا يەنىلا پاسسىپ ھالەتتە ئىدى. ئەمما، مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئەنگلىيەنىڭ سودا - سانائەتكە تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە سودىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە بىكىنمە ھالەتتە تۇرغان ھەرقايسى

www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكە رايونلىرى ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بارغانسېرى كۈچەيدى. تاشيوللارنىڭ ياسىلىشى ۋە پوچتا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بۇ مۇناسىۋەتكە تۈرتكە بولدى. 13 مۇستەملىكە رايونىدا بىر تۇتاش بازار شەكىللەندى. بۇ بازارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى مۇستەملىكە رايونلىرى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ كۈچىيىپ ئورتاق مەدەنىيەت شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا بىر خىل ئورتاق مەنپەئەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. شۇڭا، 18- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدا يېڭى بىر مىللەت — ئامېرىكا مىللىتى شەكىللەندى.

ئامېرىكا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي ئاڭمۇ كۈچەيدى. بۇ، مەشھۇر مۇتەپەككۇر توماس جېففېرسون ۋە بېنجامىن فىرانكلىننىڭ ئىدىيەسىدە ئەكس ئەتتى.

جېففېرسون (1743 — 1826) ۋېرگىنىيەدىكى بىر چوڭ قۇلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىككىدىنلا يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسى ئالغان، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ ياۋروپانىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان، چوڭ بولغاندىن كېيىن مۇستەملىكە رايونىدىكى يېتۈك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرغا ئايلانغان.

جېففېرسون پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېتىقادىدا تەبىئىي ئىلاھىيەتچى ئىدى① ئۇ دىنىي ئېتىقاد پۈتۈنلەي كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىشى دەپ قارىغاچقا، دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقادقا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلدى، ئەخلاق ساھەسىدىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تۇغما ئەخلاق قارىشى بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېڭىدىكى يامانلىقنى ناچار

① تەبىئىي ئىلاھىيەتچىلىك خىرىستىيان دىنى خۇراپاتلىقىغا قارشى شەكىللەنگەن بىر خىل يوشۇرۇن ئاتېئىزىم. ئۇ ئالەمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى گەرچە تەڭرىگە باغلاپ چۈشەندۈرسىمۇ، ئەمما ئالەم ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، تەڭرى بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ دەپ قارايدۇ. تەبىئىي ئىلاھىيەتچىلەر ئاتېئىزمچىلارغا يېقىنلىشىدۇ.

ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراپ، تەربىيە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەسلىدىلا بار بولغان «ئاق كۆڭۈللۈك»نى قوزغىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ يەنىلا ئىدېئالىزم ئىدىيەسىدىن خالىي بولالمىغانىدى.

ئۇ سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە فىرانسىيە ئاقارتىش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە «خەلق هوقۇقى»نى تەرغىب قىلىپ، هۆكۈمەتنىڭ بارلىق هوقۇقىنى خەلق بەرگەن، شۇڭا هۆكۈمەت زوراۋانلىق قىلىپ، خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىسا، خەلق قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىپ بۇ هۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، يېڭىدىن هۆكۈمەت قۇرۇشقا هوقۇقلۇق، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى شىمالىي ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك هۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۈرۈشىدىكى كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندى. ئۇ: كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر، بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىي هوقۇقى، هەرقانداق هۆكۈمەت بۇ هوقۇقنى تارتىۋالماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا دەخلى ــ تەرۇز قىلماسلىقى كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ ئاددىي خەلققە چەكسىز ئىشىنىپ، هەرقانداق مەسىلىنى خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە تايىنىپ هەل قىلىش كېرەك، چۈنكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ پىكرى هامان توغرا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇ بارلىق ئەنئەنىۋى كۈچلەرگە نەپرەتلىنىپ هەم ئەنئەنىلەرنىڭ ئاسارىتىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قانۇن بېكىتىپ بېرىش هوقۇقى يوق، كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنقىلار بېكىتكەن قانۇننى قوبۇل قىلىش مەجبۇرىيىتىمۇ يوق، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ هەر 19 يىلنى بىر دەۋر قىلىپ، هەر 20 يىلدا بىر قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاهىدە تەكىتلەپ، «ئەركىنلىك كۆچىتىنى

‹ۋەتەنپەرۋەرلەر›، شۇنداقلا ‹زوراۋانلار›نىڭ قېنى بىلەن سۇغىرىپ تۇرۇش زۆرۈر» دەپ كۆرسەتتى. 1787- يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ مادىسونغا يازغان خېتىدە «تەبىئەت دۇنياسىدا گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر كەم بولسا بولمىغانغا ئوخشاش، سىياسىي دۇنيادىمۇ قوزغىلاڭ كەم بولسا بولمايدۇ» دەپ يازدى.

ئۇ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي هوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان جىنايى قىلمىش دەپ قاراپ، بۇ يەرگىنچلىك تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە ئىندىيانلارنىڭ تەقدىرىگە هېسداشلىق قىلىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىندىيانلارنى «قورشاپ يوقىتىش» قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە جېففېرسون بۇرژۇئا دېموكراتىزمچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

جېففېرسونغا ئوخشاش شۆھرەتكە ئىگە بولغان يەنە بىر داڭلىق مۇتەپەككۇر، سىياسىيون بېنجامىن فرانكلىن (1706 — 1790) بوستونىدىكى بىر نامرات سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆسمۈر چېغىدا باسمىخانىدا شاگىرت ئىشچى بولغان، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي داڭلىق ئالىم ۋە سىياسىيون بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تەبىئىي پەنلەردىن تارتىپ سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ ئېلېكتىر ئىلمىنى بىرىنچى تەتقىق قىلىپ چاقماق قايتۇرغۇچنى كەشىپ قىلغان. ئۇ پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتا پەقەت قىزىقىشنىلا چىقىش قىلماستىن، بەلكى ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىپ، خەلققە بەخت يارىتىشنى مەقسەت قىلغان.

فرانكلىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيەسىنى سىستېمىلىق جارى قىلدۇرمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە

نۇتۇقلىرىدىن ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئىچىدىن چىققان، كىچىككىدىنلا نامراتلىق بىلەن كۈرەش قىلغان بولغاچقا، ئەمگەكنى مەدھىيەلەپ، قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كىشىلەرنى مەنسىتمەيتتى. ئۇ مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى: جەمئىيەتتىكى نامراتلىق نېمىدىن كېلىپ چىقىدۇ؟ بۇ ئەمگەكچان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى ئەمگەك مېۋىسىنى پارازىت، ھورۇن كىشىلەرگە بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ گەرچە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بۇ بىر جۈملە سۆزى ئارقىلىق ئەزگۈچى سىنىپلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانىدى.

ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى قەدىرلەپ، سودا ـ سانائەتكە قارشى تۇراتتى. ئۇ شىمالىي ئامېرىكىدەك مۇشۇنداق مۇنبەت زېمىندا يېزا ئىگىلىكى خەلقنىڭ تىنچ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىكى ئەڭ ياخشى ئىگىلىك شەكلى دەپ قارايتتى. 1765 ـ يىلى ئۇ مۇنداق يازغانىدى: بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا پەقەت ئۈچلا يول بار: بىرىنچىسى، قەدىمكى رىم ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش ئۇرۇش قىلىشقا تايىنىپ قوشنا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە تالان ـ تاراج قىلىش، بۇ، بۇلاڭچىلىق قىلمىشى؛ ئىككىنچىسى، سودىغا تايىنىش، ئەمما بۇ ئالدامچىلىق؛ ئۈچىنچىسى، دېھقانچىلىققا تايىنىش، بۇ كىشىلەرنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىكى بىردىنبىر توغرا يول. ئەمما، كېيىن ئۇ پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، سودىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى ھەم ئادام سىمىتنىڭ سودا ـ سانائەتنى ئەركىن قويۇۋېتىش تەشەببۇسىنى قۇۋۋەتلىدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى سودا ـ سانائەتكە چەك قويغانلىقىنى ياقتۇرمىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئەمما، باشقا بۇرژۇئاز ئالىملارغا ئوخشىمايدىغىنى ئۇ «كىشىلەرنى بەختكە

ئېرىشتۇرۇش سىياسىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى» دەپ قاراپ، ئىشچىلارنى شىلىدىغان ئىش ھەققى تۈزۈمگە قارشى تۇردى.

ئۇ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە ئىرقىي كەمسىتىشكە قاتتىق نەپرەتلىنىپ، نېگىرلار، ئىندىيانلارنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئىندىيانلارنى كەمسىتىش پوزىتسىيەسىگە رەددىيە بەرگەندە، ئىندىيان مەدەنىيىتىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئىندىيانلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردا مۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم (ئىندىيانلار ئىپتىدائىي كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە ياشايتتى) بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ئەسكەرتتى.

ئۇ سىياسىي تەشەببۇس جەھەتتە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بىلەن بىر پالاتالىق پارلامېنت تۈزۈمىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئۇ مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ مەنپەئەتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىگە قارشى تۇردى. ئەمما، ئەنگلىيە بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلىشنى خالىماي، قانلىق ئىنقىلاب قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن تاقەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇ مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن پوزىتسىيەسىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قەتئىي قوللىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا ئاتىدى.

فرانكلىننىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا بۇرژۇئا دېموكراتىزمچى ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 3. مۇستەملىكىلەر بىلەن ئەنگلىيەنىڭ زىددىيىتىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى

18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى تۇيۇقسىزلا كۈچەيتتى. سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇزاققا سوزۇلغان ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى 1763 ـ يىلى ئاياغلىشىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكە رايونلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا ۋاقىت ئاجراتتى. ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقى كۈچىيىپ، ئەنگلىيەگە تەھدىت پەيدا قىلدى.

1763 ـ يىلى ئەنگلىيە شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش تەدبىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇرغۇن ھەربىي كېمە ئەۋەتىپ شىمالىي ئامېرىكا دېڭىز قىرغاقلىرىنى چارلىدى، بۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ تاشقى سودىسى زور تەسىرگە ئۇچراپ، ئىشسىز قالغان كېمىچىلەر ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئىلگىرى ناھايىتى ئاۋات بولغان شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى پورتلار چۆلدەرەپ قالدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يەنە شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى چەكلىدى. بۇ تەدبىر ئەنگلىيە يۇڭ ـ تېرە سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن قوللىنىلغانىدى. ئەنگلىيە يۇڭ ـ تېرە سودىگەرلىرى غەرب تەرەپتىكى ئېچىلمىغان زېمىنلاردا يەرلىك ئىندىيانلار بىلەن زور نەپ بېرىدىغان يۇڭ ـ تېرە سودىسى قىلاتتى. ئۇلار ئىندىيانلارنىڭ قولىدىن قىممەتلىك يۇڭ ـ تېرىلەرنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ياۋروپاغا ئاپىرىپ قىممەت باھادا ساتاتتى. شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرنىڭ غەربكە

كۆچۈشى ئىندىيانلارنى قوغلاش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلىپ، ئەنگلىيە يۇڭ - تېرە سودىگەرلىرىنىڭ بۇنداق زور نەپ بېرىدىغان سودىسىغا تەسىر يەتكۈزەتتى. مانا بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاھالىلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى. بۇ كۆچۈشنى چەكلەش پەرمانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆپ قىسمى تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ غەربكە بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. جەنۇبتىكى قۇلدارلارمۇ غەربكە بېرىپ قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئېكىنزارلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايتتى. يەر ھايانكەشلىرىمۇ غەربكە بېرىپ يەر ھايانكەشلىكى قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇ ئۈمىدلىرى يوققا چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى بارلىق ئاھالىلەر دېگۈدەك ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولدى.

ئەمما، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، 1765 - يىلىدىن كېيىن مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىدىغان بىر قاتار باج سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزدى. ئەنگلىيەنىڭ فرانسىيەگە قارشى ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىشى جەريانىدا ھەربىي خىراجەت كۆپىيىپ، دۆلەت قەرزگە بوغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەملىكە رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن خىراجەت كېتەتتى. مانا بۇ باجنى ئاشۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنىڭ سەۋەبى ئىدى.

1765 - يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «تامغا بېجى قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، مۇستەملىكە رايونىدىكى بارلىق سودا توختاملىرى، ئېلان، كالېندار، گېزىت - ژۇرنال، گۇۋاھنامىلەرگە تامغا بېسىشنى ھەم باج ئېلىشنى بېكىتتى. تامغا بېجىنىڭ سوممىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىر ئالىي

مەكتەپ دىپلومى ئۈچۈنلا ئىككى فوندستېرلىڭ باج تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تامغا بېجىدىن ھەر يىلى 60 مىڭ فوندستېرلىڭ كىرىم قىلىشنى مۆلچەرلىدى.

مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلققە نىسبەتەن، تامغا بېجى ئېلىش يېڭى بىر خىل شىلىۋېلىش سىياسىتى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مۇستەملىكە رايونىدىن پەقەت تاموژنا بېجىلا ئالاتتى، قالغان جايلارنى يەرلىك ھۆكۈمەت يىغاتتى، ئەمدى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تاموژنا بېجىدىن باشقا باجلارنىمۇ ئېلىشقا باشلىدى. مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلق شۇنداق ئويلايتتىكى، بىرىنچىدىن، ئەگەر مۇشۇ يوچۇق بىرلا ئېچىلسا، كەلگۈسىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تېخىمۇ كۆپ باج تۈرلىرىنى تەسىس قىلاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ماركا بېجىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مۇستەملىكە رايونىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەھدىت پەيدا قىلاتتى؛ ئۈچىنچىدىن، مۇستەملىكە رايونىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان پارلامېنتلا مۇستەملىكىلەردىن باج ئېلىشنى بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق بولۇپ، ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ مۇستەملىكە رايونىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا تامغا بېجى ئېلىشنى قارار قىلىشى، مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلقنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق ئىدى. شۇڭا، ئىككى يىلدىن بۇيان خەلقنىڭ كۆڭلىدە يىغىلىپ قالغان غەزەپ تامغا بېجى سەۋەبىدىن بىراقلا پارتلىدى. سودىگەرلەر، ئېكىنزارلىق غوجايىنلىرى، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا قوزغىلىپ كەتتى. ئۇلار ھەممىلا جايدا يىغىن ئېچىپ، نامايىش قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ باج سىياسىتىگە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى.

1765 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نيۇيوركتا توققۇز مۇستەملىكە رايونىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە «مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى خىتابنامە» ماقۇللاندى. بۇ خىتابنامىدە،

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە رايونلىرىدىن باج ئېلىش ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىپ، خەلقنىڭ ياكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ خەلقتىن باج ئېلىشقا بولمايدۇ، بۇ بىر ئەقەللىي پرىنسىپ، ئەنگلىيە پارلامېنتىدا شىمالىي ئامېرىكا خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى يوق، شۇڭا ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ باج ئېلىش قارارىنى چىقىرىشى مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ كۆرسىتىلدى. ۋىرگىنىيە پارلامېنتىدا ۋەكىل پاترىك ھېنرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى قاتتىق سۆكۈپ، «كايسارغا بورۇتاس بار»، ① چارلېس I غا كرومۋېل بار،» دېدى. ئۇ يەنە «ئەنگلىيە پادىشاھى چوشكۈنلىشىپ زوراۋان پادىشاھقا ئايلاندى، ئەمدى ئۇ پۇقرالىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى» دەپ خىتاب قىلدى.

مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلق ئېغىزىدىلا ئېتىراز بىلدۈرۈپ قالماي، يەنە تەشكىللىنىپ ئەمەلىي ھەرىكەت قوللاندى. 1765 ـ يىلى تامغا بېجىغا قارشى كۈرەشتە ئاممىۋى تەشكىلات ـــ «ئەركىنلىك ئوغلانلىرى» تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلاتقا ھۈنەرۋەنلەر، ئىشچىلار، دېھقانلار، كېمىچىلەر، بېلىقچىلار ۋە نامراتلار قاتناشتى، ئادۋوكات ۋە مۇخبىرلار رەھبەرلىك قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرى مۇخبىر سامۇئىل ئادامس بولۇپ، ئۇ 1743 ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئۆتكۈر نۇتۇقلارنى سۆزلەپ ھۆكۈمران سىنىپلارنى قاتتىق سۆككەنىدى. ئۇ ئەمگەكچى خەلققە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە كۆڭۈل بۆلەتتى، ھۈنەرۋەنلەر بىلەن دېھقانلارنى «ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر تەبىقە» دېگەنىدى. ئۇ تامغا بېجىغا قارشى كۈرەشتە توختىماي ماقالە يېزىپ، كىتابچىلارنى تارقىتىپ، ئاممىنى كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، سودىگەر سىياسەتۋازلار ئارىسىدا ھەرىكەت قىلىپلا قالماي، يەنە

---

① بورۇتاس قەدىمكى رىم ئىمپېراتورى كايسارنى ئۆلتۈرگەن ئادەم، كرومۋېل ئەنگلىيە پادىشاھى چارلېس I نى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ئادەم.

پېرىستان، زاۋۇتلارغا بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۇ تارىخ، پەلسەپە، سىياسىي بىلىمدە توشقان بولۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىك خىزمىتىگە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ ماقالىلىرىدىكى ئۆتكۈر سۆز ـ جۈملىلەر دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە خۇددى خەنجەردەك سانجىلاتتى. ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ باش ۋالىيسى پولىنېر: «ئۆلگۈر ئادامىسنىڭ ھەربىر سۆزى خۇددى يىلاننىڭ زەھىرىدەك ئاچچىق» دېگەنىدى.

«ئەركىنلىك ئوغلانلىرى» ئادامىس قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەممە يەردە ئۇتتۇق سۆزلەش، ماقالە يېزىش، نامايىش قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تامغا بېجىنى يىغىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار بوستون، نيۇپورتېر ۋە نيۇيورك قاتارلىق شەھەرلەردە تامغا بېجى يىغىش ئورگانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، باج ئەمەلدارلىرىنى قوغلىۋەتتى. 1765 ـ يىلى، ئەنگلىيەنىڭ ھەربىي قوشۇن ۋە ھەربىي كېمە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان «ئەركىنلىك ئوغلانلىرى» ئۇلارغا قوراللىق تاقابىل تۇرۇش قارارىغا كېلىپ، ھەربىي تەشكىلات قۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشكە مەخپىي تەييارلىق قىلدى. 1766 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، كوننېكتىكوتتىكى «ئەركىنلىك ئوغلانلىرى»دىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قوراللاندى. ماسساچۇستېس ۋە يېڭى خامپشىردا 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قوراللاندى. ئەمما، مۇستەملىكە رايونىدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر خەلق ھەرىكىتىدىن قورقۇپ، پاسسىپ كۈرەش قىلىش ئۇسۇلى — ئەنگلىيە مېلىنى چەكلەشنى تاللىدى.

ھەممىلا يەرگە يامرىغان خەلق ھەرىكىتى ئالدىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى قاتتىق چۆچۈپ، 1766 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تامغا بېجىنى بىكار قىلدى. ئەمما، 1767 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى يەنە ئاتالمىش «توۋنسېند قانۇنى»نى ماقۇللاپ، مۇستەملىكە رايونىغا كىرگەن ئەينەك، قەغەز، قوغۇشۇن، چاي

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق تاۋارلاردىن ئىمپورت بېجى ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم بىلەن مۇستەملىكىلەردىكى ئەمەلدارلار ۋە ئارمىيەنىڭ تەمىناتىنى قامدىماقچى بولدى. مۇستەملىكىلەردىكى خەلق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، يەنە 1768 - يىلى بوستونغا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەن خەلق ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقتى. نيۇيورتېر ئەتراپىدا ئەنگلىيەنىڭ بىر تاموژنا چارلىغۇچى كېمىسىنى كىشىلەر كۆيدۈرۈۋەتتى. فىلادېلفىيە شەھىرىدە ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى باج ئوغرىلىغان بىر سودىگەرنىڭ مېلىنى مۇسادىرە قىلىۋاتقاندا، كىشىلەر ئەنگلىيە ئەمەلدارىنى دۇمبالاپ ماللارنى قايتۇرۇۋالدى. نيۇيوركتا كىشىلەر ئەتكەسچىلەرنى پاش قىلغان ئۈچ ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، يۈزىگە قارا سۈركەپ، بېشىغا پەي قاداپ، كوچىدا سازايى قىلدى.

بوستون خەلق كۈرىشىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئاھالىلەر شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە قوشۇنىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، جۈملىدىن ئۇلارغا گازارما قىلىدىغانغا ئۆي بېرىشنى رەت قىلدى ھەم ئۇلار بىلەن پات - پات توقۇنۇشۇپ قالدى. 1770 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بوستونلۇقلار بىلەن ئەنگلىيە قوشۇنى توقۇنۇشۇپ قېلىپ قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقتى. ئەنگلىيە قوشۇنى بەش ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بىرقانچە ئادەمنى يارىلاندۇردى. ئۆلگەنلەر ئارىسىدا ئاتاكېس ئىسىملىك بىر قاچقۇن نېگىر قۇلمۇ بار ئىدى. ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ زوراۋانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئامما ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ تەنتەنىلىك دەپنە مۇراسىمى ۋە ھەيۋەتلىك نامايىش ئۆتكۈزدى.

بوستوندىكى قانلىق ۋەقەدىن كېيىن، ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەتلەر خۇددى ئوتقا ماي چاچقاندەك ئۇلغايدى، ئامما ھەممىلا جايدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ زوراۋانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. يېڭى ئېنگلاندىكى خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق ئەنگلىيە قوشۇنىنى قوغلاپ

چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئامما نىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ئاستىدا، ئەنگلىيە قوشۇنى بوستوندىن چېكىنىپ چىقتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، 1770 ـ يىلى «توۋنسىند قانۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئەمما ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلەردىن باج ئېلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن چاي ئىمپورت بېجى (ھەربىر قاداق چاينىڭ ئىمپورت بېجى 3 پېنىس)نى ساقلاپ قالدى.

ۋاھالەنكى، مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويۇشى بىلەنلا ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئەكسىچە كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ساموئىل ئادامسنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1773 ـ يىلى ماسساچۇستېس قاتارلىق ئالتە مۇستەملىكىدە «ئالاقە كومىتېتى» قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇردى. بۇ كومىتېت چىقارغان كۆرسەتمە ۋە بۇيرۇقلار دەرھال ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندى.

مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى خەلق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چاي بېجىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا ئىنتايىن غەزەپلەندى ھەم 1770 ـ يىلدىن باشلاپ چاي ئىچمەسلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. بوستون سودىگەرلىرى گوللاندىيەدىن زور تۈركۈمدە چاي ئەتكەس قىلىپ كەلگەچكە، ئەنگلىيەنىڭ چاي بېجى قانۇنىنىڭ ئۈنۈمى زور بولمىدى.

بۇ چاغدا، ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي ھىندىستان شىركىتى ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغانىدى. شىركەتنىڭ بېسىلىپ قالغان چېيىنى سېتىپ چىقىرىپ، شىركەتنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1773 ـ يىلى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شىركەتنىڭ

چايلىرىنى بىۋاسىتە شىمالىي ئامېرىكىغا يۆتكەپ، ئىمپورت بېجى ئالماي، توپ سېتىش سودىگەرلىرىنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزمەي پارچە سېتىش سودىگەرلىرىگە سېتىشقا يول قويىدى. بۇنداق قىلغاندا شىركەتنىڭ چىقىمىنىڭ باھاسى ئەتكەس چاي باھاسىدىن 50% ئەرزان بولاتتى.

ئەمما، ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەتتە خەلق ئەركىنلىكىنىڭ ئەرزان چاي ئىچىشتىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئامما شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ چاي بېسىلغان كېمىسىنى پورتقا يولاتماسلىقنى قارار قىلدى. لېكىن، بوستونغا يېتىپ كەلگەن چاي كېمىسى ئاممىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. 1773 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىدە بوستوندىكى ئاممىۋى تەشكىلات — بوستون چاي گۇرۇھى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ كېمىگە چىقىپ، زور مىقداردىكى چاينى دېڭىزغا تۆكۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن شىركەت 15 مىڭ فوندستېرلىڭ زىيان تارتتى.

چاي تۆكۈۋېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى قاتتىق غەزەپلەندى. 1774 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر قاتار قانۇنلارنى ئېلان قىلدى. ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، بوستون پورتىنى قامال قىلىپ، بارلىق تاشقى سودىنى مەنئى قىلىش؛ ئىككىنچى، شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە رايونىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال گايزېرنى ماسساچۇستېس رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش (بوستون پورتى ماسساچۇستېس رايونىدا ئىدى) ھەمدە قوشۇن يۆتكەپ بوستوندىكى ئاممىۋى ھەرىكەتنى باستۇرۇش.

بوستون قامال قىلىنغاندىن كېيىن، ھەممىلا جاي چۆلدەرەپ كارخانىلار كەينى ـ كەينىدىن تاقالدى. كېمىلەرمۇ يوقىلىپ، تۆرغۇن ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، كېمىچىلەر ۋە بېلىقچىلار ئىشسىز قېلىپ كوچىلاردا لاغايلاپ يۈردى. ئەمما، خەلق



www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيەنىڭ ھەيۋىسىگە تىز پۈكمىدى، بىرەر ئىشچىمۇ ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ گازارما ياساش ئىشىغا قاتناشمىدى، بىرەر دېھقانمۇ ئەنگلىيە قوشۇنىغا ئاشلىق سېتىپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا جايلاردىكى خەلق خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بوستون خەلقىنىڭ كۈرىشىنى قوللىدى. يىراق ۋېرگىنىيە، جەنۇبىي كارولىنا رايونىدىكى ئاھالىلەر ئۇزۇن يول بېسىپ، بوستوندىكى خەلققە بۇغداي، ئۇن ۋە گۆش يەتكۈزۈپ بېرىپ، بوستوندىكى ئىشسىز قالغان كىشىلەرگە ياردەم بەردى.

## 2 ـ بۆلۈم مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ جەريانى

### 1. قوراللىق توقۇنۇشنىڭ باشلىنىشىدىن «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نىڭ ئېلان قىلىنىشىغىچە

ئەنگلىيەنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1774 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ماسساچۇستېس قانۇن چىقىرىش كېڭىشى 13 مۇستەملىكە رايونىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىش تەكلىپىنى ماقۇللىدى. بۇ تەكلىپكە ھەرقايسى رايونلار ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى، شۇ يىلى ۋەكىللەر يىغىنى فىلادېلفىيە شەھىرىدە ئېچىلدى ھەمدە تارىختا تۇنجى نۆۋەتلىك چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى دەپ ئاتالدى، 13 مۇستەملىكە رايونىنىڭ ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى (جورجىيە رايونىنىڭ ۋەكىلى باش ۋالىينىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن قاتنىشالمىدى). يىغىندا بۇرژۇئاز قۇلدارلاردىن تەركىب تاپقان مۆتىدىللەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئەنگلىيە ئەزگۈچىلىرىگە سۈلھى خاراكتېرىدىكى ئۇسۇل قوللىنىشنى، يەنى ئەنگلىيەگە مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، مۇستەملىكە رايونلىرىغا يۈرگۈزۈلگەن يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ

قىلىشنى ھەمدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ مۇستەملىكە رايونىغا كىرىشىنى چەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، مۇراجىئەتنامىدە ئەنگلىيەگە داۋاملىق سادىق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

چوڭ قۇرۇقلۇق كېڭىشى ئەنگلىيە بىلەن يارىشىشنى ۋە ئەنگلىيەنىڭ يول قويۇشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندا، مۇستەملىكە رايونىدىكى كەڭ خەلق ھەدەپ جەڭگە تەييارلاندى. ماساچۇستىستىكى خەلق تېخىمۇ ئاكتىپ بولدى. «ئەركىنلىك ئوغلانلىرى»نىڭ پائالىيىتى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار ئامما ئارىسىدا توختىماي تەشۋىقات، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىللىنىپ قىزغىنلىق بىلەن ھەربىي مەشىققە كىرىشتى. قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلار باشقا جايلاردىن تۈركۈملەپ يۆتكەپ كېلىندى، ئاشلىقمۇ يېتەرلىك تەييارلاندى.

ماساچۇستىس خەلقىنىڭ قىزغىن ئۇرۇش تەييارلىقى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. باش ۋالىي گېنېرال گايزېر بوستوندىن ئانچە يىراق بولمىغان كونكورد دېگەن جايدا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلىرىنىڭ يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 1775 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 800 ئەسكەرنى بۇ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى تارتىۋېلىشقا ئەۋەتتى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە، زەرگەر لېرۋېل بىلەن ئىشچى داۋس بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئاتلىنىپ شۇ جايدىكى خەلققە خەۋەر يەتكۈزدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، ئەتراپتىكى دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىشچىلار قوراللىنىپ، قورال ـ ياراغلارنى بۇلاشقا كەلگەن ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا تەييارلاندى. 1775ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، لېكسىنگتون دېگەن جايدا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى تۇتۇشتى. خەلق ئەسكەرلىرى تاملارنىڭ كەينىدىن، ئۆگزىلەردىن ئەنگلىيە

ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلدى، ئەنگلىيە ئارمىيەسى پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ، 300 گە يېقىن ئەسكىرى ئۆلدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى، قالغانلىرى بوستونغا قاراپ قاچتى. خەلق ئەسكەرلىرىدىن پەقەت 99 ئادەملا چىقىم بولدى.

لېكسىنگتوندىكى غەلىبە مۇستەملىكە رايوندىكى خەلقنى ھاياجانغا سالدى. ئۈچ كۈن ئىچىدە، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسىدىن قانائەتلىنىپ قالماي بوستوننى قاتتىق قورشىۋالدى.

لېكسىنگتوندىكى مىلتىق ئاۋازى ھەممە يەرگە ياڭراپ، خەلق ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى بارلىق مۇستەملىكە رايونىغا يامرىدى، ئامما ھەممىلا جايدا بەس ـ بەس بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىستىھكاملىرىغا، قورال ـ ياراغ زاۋۇتلىرىغا، ئىسكىلاتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ھەممىلا جايدا خەلق ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. جەڭ خەۋىرى نيۇيوركقا يېتىپ كەلگەندە دۇكاندارلار، تېخنىكلار ۋە ئىشچىلار دەرھال قوزغىلىپ، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتلىرىنى ئىگىلەپ، بۇ جايدىكى قورال ـ ياراغلار بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇردى. ئاندىن پۈتۈن شەھەرنى ئىشغال قىلدى. نيۇيورك شەھىرى شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ يېڭى ۋەزىيەتكە قارىتا چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى 1775 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يەنە يىغىن ئاچتى. يىغىندا مۆتىدىللەر يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇلار شۇ تاپتا قوراللانغان ئامما ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئىنقىلابىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئامما چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشىنىڭ قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ھەمدە خەلقنىڭ ئۆزلۈكىدىن قوزغالغان ھەربىي ھەرىكىتىنى قوللىشىنى بىردەك تەلەپ قىلدى. ئەمما، چوڭ قۇرۇلتاي

www.uyghurkitap.com

كېڭەشى ئامىنىڭ بۇ تەلىپىگە ئانچە پەرۋا قىلمىدى. پەقەت خەلقنىڭ قورallىق كۈرىشى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىلا، ئاندىن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى مەجبۇرىي دېگۈدەك ئۈستىگە ئالدى. 1775 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كېڭەش جورجى، ۋاشىنگتوننى بوستوننى قورشىۋالغان خەلق ئەسكەرلىرىگە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمما، چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى بۇنداق ھەربىي ھەرىكەتنى پەقەت ئەنگلىيەنى يول قويۇشقا مەجبۇرلاش ۋاستىسى دەپلا قارايتتى، يەنى ئەگەر ئەنگلىيە يول قويۇپ مۇستەملىكە رايونلىرىغا بولغان سىياسىتىنى بوشاشتۇرسىلا ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى خالايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنى تۆۋەندىكى ئىشلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى: 1775 ـ يىلى 7 ـ ئايدا چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى ئەنگلىيە پادىشاھىغا سۇنغان مۇراجىئەتنامىسىدە يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان بۇرژۇئاز قولدارلاردىن كېلىپ چىققان ئوفىتسېرلار «ۋەتەندىكىلەر بىلەن يارىشىپ قېلىش ھەربىر ئامېرىكىلىقنىڭ سەمىمىي ئۈمىدى» دېيىشتى. ۋاشىنگتوننىڭ ئۆزىمۇ دېلىغۇللۇقتا قېلىپ، ئەسىرگە چۈشكەن ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرىغا ئىززەت ـ ئىھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەملىكە رايونىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشى ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. پەقەت 1776 ـ يىلى ئۇرۇش تېخىمۇ كېڭەيگەندە مۇستەقىللىق سادالىرى ئاندىن ئامما ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدا تومسون پايىننىڭ ماقالىسى غايەت زور رول ئوينىدى. پايىن ئەسلىدە ئەنگلىيەلىك بىر نامرات ئەمگەكچى بولۇپ، 1774 ـ يىلى شىمالىي ئامېرىكىغا كەلگەنىدى. دەسلەپتە، ئۇ مۇستەملىكە رايونىدىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئەنگلىيە بىلەن بولغان ماجىرانى

تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «مەن ئۇرۇش يۈز بېرىش ئېھتىمالىنىمۇ، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنىمۇ ئويلىمىغانىدىم». ئەمما، كېيىن ئۇ شىمالىي ئامېرىكا خەلقى ئېزىلىشتىن قۇتۇلۇپ مەڭگۈ ئەركىن بولۇشنى ئويلىسا، چوقۇم ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى، 1776- يىلى 1 - ئايدا ئۇ «ساۋات» ناملىق بىر كىتابچىنى نەشر قىلدۇرۇپ، مۇستەقىللىق تەلىپىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بۇ كىتابچىنىڭ بېشىدىلا مەقسەتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ۋارىسلىق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قاتتىق قامچىلاپ، ئامېرىكا قىتئەسى خەلقىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ، ھەرقانداق مۇنازىرىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، پەقەت قورallıق كۈرەشلا مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، ھازىرقى مەسىلە بىر شەھەر، بىر ئۆلكە، بىر دۆلەتكە ئەمەس بەلكى پۈتۈن چوڭ قۇرۇقلۇققا مۇناسىۋەتلىك، ئۇ بىر ئەۋلادقا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئەۋلادقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئەنگلىيەنىڭ بېقىندىسى بولۇش ئىدىيەسىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن زىيىنىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلىرىنى قوغدىشى پۈتۈنلەي ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان، ھەرگىزمۇ شىمالىي ئامېرىكا خەلقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلمىغان، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇستەقىل بولۇشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ، مۇستەقىللىق شىمالىي ئامېرىكا خەلقىگە ئەركىنلىك ئېلىپ كېلىپلا قالماي، بەلكى ئىقتىسادنى گۈللەندۈرىدۇ، ئەكسىچە داۋاملىق ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولىۋەرگەندە، بۇنىڭ

نۇرغۇن زېمىننى باركى ئازراقمۇ پايدىسى يوق، دەپ يازدى. ئاخىرىدا، ئۇ تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئامېرىكىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى: «ئاھ! ئىنسانىيەتنى سۆيىدىغان كىشىلەر! سىلەر زوراۋان ھۆكۈمەتكىلا ئەمەس، زوراۋان پادىشاھقىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلدىڭلار! قوزغىلىڭلار! ئەزگۈچىلەر كونا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى چەيلەپ بولدى، ئەركىنلىك دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە. ئاسىيا ۋە ئافرىقىلىقلار ئەركىنلىكنى ئۆز زېمىنىدىن قوغلىۋەتتى، ياۋروپالىقلار ئەركىنلىكنى ناتونۇش نەرسە دەپ قاراۋاتىدۇ، ئەنگلىيەلىكلەر ئەركىنلىكنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ! ئاھ! بىز بۇ سەرگەرداننى قوبۇل قىلايلى! ئۇنىڭغا بالدۇرراق بىر پاناھ جاي ھازىرلايلى!»

«ساۋات» ناملىق كىتابچە نەشردىن چىقىشى بىلەنلا كىشىلەر تالىشىپ سېتىۋېلىپ، ئىككى ئاي ئىچىدىلا 120 مىڭ پارچە تارقالدى. ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەردىن تارتىپ ئارقا سەپتىكى ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممىيلەن دېگۈدەك بۇ كىتابچىنى ئوقۇپ چىقتى، ئوقۇغان ھەربىر ئادەم ھاياجانلانماي قالمىدى. پايىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇستەقىللىق خەلقنىڭ ئورتاق تەلىپىگە ئايلاندى.

1776 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىمالىي كارولىنا پارلامېنتى چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشىگە قاتناشقان ۋەكىللىرىنى مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بۇيرۇدى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى ھەرقايسى مۇستەملىكە رايونلىرىدا مۇستەقىل ئىشتات ھۆكۈمىتى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋىرگىنىيە قاتارلىق رايونلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ۋىرگىنىيە پارلامېنتى ئالدى بىلەن 16 ماددىلىق «ھوقۇق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋىرگىنىيەنىڭ ۋەكىلى رىچارد ھېنرى لي چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشىدە دەرھال

مۇستەقىللىق جاكارلاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى بۇ تەكلىپنى ماقۇللاپ، توماس جېففېرسون، جون ئادامس، بېنجامىن فرانكلىن قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر كومىتېت قۇرۇپ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى يېزىپ چىقىشنى بېكىتتى. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ماقۇللىنىپ پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىندى.

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى بۇرژۇئاز دېموكرات توماس جېففېرسون ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقتى. خىتابنامىگە جېففېرسوننىڭ ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلۈپلا قالماي، ئۇنىڭدا شىمالىي ئامېرىكىدىكى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. خىتابنامە ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپتى، 1 ـ قىسىمدا خەلق ھوقۇقى ئىدىيەسى بايان قىلىنىپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىنقىلاب قىلىشى ۋە مۇستەقىللىق جاكارلىشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلىنىپ، «بىز ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان مۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى بارلىق كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر ئىكەنلىكىگە، ئالەمنى ياراتقان تەڭرىنىڭ ئۇلارغا ھاياتلىق، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەش قاتارلىق تارتىۋالغىلى بولمايدىغان ھوقۇقلارنى بەرگەنلىكىگە ئىشىنىمىز؛ بۇ ھوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر ھاكىمىيەت قۇرغان، ھاكىمىيەتنىڭ ھوقۇقى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىدۇ. مۇبادا ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت بۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن، خەلقنىڭ بۇ ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ ياكى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش ھوقۇقى بار. يېڭى ھۆكۈمەت خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بەختىنى قوغداش پىرىنسىپى ئاساسىدا قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ ھوقۇقى مۇشۇ پىرىنسىپقا ماس ھالدا بېكىتىلىشى كېرەك...» دېيىلدى. ھەممىگە مەلۇمكى، 17 ـ ئەسىردە ئەنگلىيە مۇتەپەككۇرى جون لوك خۇسۇسىي مۈلۈك

ھوقۇقىنى تەبىئىي ھوقۇق قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى، ۋېرگىنىيەنىڭ «ھوقۇق خىتابنامىسى»دىمۇ خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقى تىلغا ئېلىنغانىدى، روشەنكى، ئۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. ئەمما، جېففېرسون بەختكە ئىنتىلىش ھوقۇقىنى خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، بۇ خىتابنامىنى قويۇق دېموكراتىك تۈسكە ئىگە قىلدى. «خىتابنامە»نىڭ 2 ـ قىسمىدا ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرگە قاراتقان ھەرخىل زوراۋان سىياسەتلىرى مىسال ئارقىلىق بايان قىلىنىپ، «بۇ بىرلەشكەن مۇستەملىكىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن قوشما ئىشتات دۆلىتى بولۇپ قۇرۇلىدۇ، بۇ دۆلەت ئەمدى ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن بولغان بارلىق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ؛ بىرىتانىيە پادىشاھلىقى بىلەن بولغان بارلىق سىياسىي ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي توختىتىدۇ» دېيىلدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، جېففېرسون خىتابنامىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا، قۇللۇق تۈزۈم ۋە قۇل سودىسىنى ئەيىبلەپ، قۇللۇق تۈزۈم «ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىگە قىلىنغان شەپقەتسىز زۇلۇم»، بۇ تۈزۈم نېگىرلارنىڭ «ھاياتلىق ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقىغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمما، چوڭ قۇرۇقلۇق كېڭشىدىكى قۇلدار ۋەكىللەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن بۇ مەزمۇنلار خىتابنامىدىن چىقىرىپ تاشلاندى. شۈبھىسىزكى، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» بىر ئۇلۇغ تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم دۆلەت نامى بىلەن خەلق ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەس، دەخلى ـ تەرۇزسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىتابنامە فىرانسىيەنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دىن 13 يىل بۇرۇن ئېلان قىلىنغاچقا، ماركس ئۇنى «تۇنجى كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» دەپ ئاتىدى.

www.uyghurkitap.com

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى شىمالىي ئامېرىكا خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بەردى، كىشىلەر تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن جەڭگاھقا ئاتلىنىپ، مۇستەقىل بولۇش تىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

## 2. ساراتوگادىكى چوڭ غەلىبە

مۇستەقىللىق ئۇرۇشى باشلانغاندا، ئەنگلىيە ئەڭ كۈچلۈك كاپىتالىستىك سانائەت دۆلىتى بولۇپ، پۇختا ئىقتىسادىي ئاساسقا، مول بايلىق مەنبەسىگە، ئەڭ قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيەسىگە ۋە قورال ـ ياراغلىرى سەرخىل قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ كەڭ مۇستەملىكىلىرى ئۈنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىلەن تەمىن ئېتەلەيتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ سودا ـ سانائىتى ئەنگلىيەنىڭكىدىن قالاق بولۇپ، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيتتى. شىمالىي ئامېرىكا خەلقى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا مۇشۇنداق زور پەرق بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى بىلەن كۈرەش قىلدى.

ۋاشىنگتون باش قوماندانلىقىدا تەيىنلەنگەندە جەڭگىۋارلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان شىمالىي ئامېرىكا خەلق ئەسكەرلىرى بوستوننى قاتتىق قورشىۋالغانىدى. قورشاۋدا قالغان ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، 1776ـ يىلى 3 ـ ئايدا شەھەرنى تاشلاپ چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە 200 دىن ئارتۇق زەمبىرەك، نەچچە مىڭ مىلتىق، نۇرغۇن ھەربىي ئەشيالارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

1715 ـ يىلى كۈزدە ئامېرىكا قوشۇنى بوستونغا قورشاپ

هۇجۇم قىلىش بىلەن بىللە، كاناداغا يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىملىق يۈرۈشنىڭ مەقسىتى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ كۈيبېكنى بازا قىلىپ، خۇدسون دەرياسى ۋادىسىنى[1] ئىشغال قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە كانادادىكى فىرانسىيەلىكلەرنى ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈش ئىدى. 1775 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئامېرىكا قوشۇنى ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى مونتگومېرى باشچىلىقىدا چامپىرلايىن كۆلىدىن ئۆتۈپ كاناداغا كىرىپ، 11 ـ ئايدا مونترېئالنى ئىشغال قىلدى. يەنە بىر تارمىقىغا ئارنولد باشچىلىق قىلدى، 12 ـ ئايدا ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ، كۈيبېكقا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا مونتگومېرى قۇربان بولدى. ئارنولد ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇردى. شۇ ئارىدا ئەنگلىيە فىلوتى كېلىپ قالغانلىقى ھەمدە ئامېرىكا قوشۇنى ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، كۈيبېك ئۇرۇشىدا ئامېرىكا قوشۇنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، 5000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى ئۆلدى. 1776 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا قوشۇنى كانادادىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى. بۇ قېتىملىق يۈرۈش گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئەنگلىيە كانادادا زور قوشۇن تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ باشقا جەڭ مەيدانلىرىدىكى ئەسكىرىي كۈچى ماس ھالدا ئاجىزلىدى.

1776 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى نيۇيورك ئەتراپىدىكى ستاردېن ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. ۋاشىنگتون قوشۇنى بوستوندىن نيۇيورك ئەتراپىغا يۆتكەپ ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلدى، نەتىجىدە ئامېرىكا قوشۇنى

---

① مۇبادا ئەنگلىيە ئارمىيەسى خۇدسون دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىۋالسا، ئامېرىكا زېمىنى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئامېرىكا قوشۇنىغا پايدىسىز ۋەزىيەت شەكىللىنەتتى.



www.uyghurkitap.com

مەغلۇپ بولۇپ، 9 ـ ئايدا نيۇيورك ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ۋاشىنگتون قوشۇنىنى دراۋا دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا ــ پېنسىلۋانىيە تەۋەسىگە چېكىندۈردى. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ۋاشىنگتون تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ دراۋا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تېررېنگتوندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى. ئامېرىكا قوشۇنى غەلىبىدىن پايدىلىنىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ 1777 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پىرىنىستون تەۋەسىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى يەنە تارمار قىلىپ، بۇرلىڭتونغا چېكىندۈردى.

1777 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەنگلىيە باش ئىشتابى بىر ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزدى، يەنى نيۇيورك بىلەن كانادانى تايانچ بازا قىلىپ، خۇدسون دەرياسى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا، جەنۇب قىسمىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشنى پىلانلىدى. بۇ پىلانغا ئاساسەن، ئەنگلىيە ئۈچ تارماق قوشۇن چىقىرىپ، ئاخىرىدا ئوباگنېدا ئۇچراشتۇرۇشنى، يەنى 1 ـ تارماق قوشۇن گېنېرال بۇرگاۋيىننىڭ باشچىلىقىدا كانادادىن چىقىپ، چامپېرلايىن كۆلىدىن ئۆتۈشنى؛ 2 ـ تارماق قوشۇن پودپولكوۋنىك باردى سان رېيگىلنىڭ باشچىلىقىدا كانادادىن چىقىپ ئاندالۇس كۆلى ۋە موۋاك دەرياسىدىن ئۆتۈشنى؛ 3 ـ تارماق قوشۇن گېنېرال كلىنتوننىڭ باشچىلىقىدا نيۇيوركتىن چىقىپ خودسون دەرياسىغا بېرىشنى بېكىتتى. بۇ پىلاننىڭ ئېغىر ئىستراتېگىيەلىك يېتەرسىزلىكى بار ئىدى: بىرىنچىدىن، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈۋەتسە، ئامېرىكا قوشۇنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىۋېتەلەيتتى؛ ئىككىنچىدىن ئىككى قوشۇن كانادادىن يولغا چىقىپ نىشانغا بېرىپ بولغۇچە، ترانسپورت ۋە تەمىنات جەھەتتە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، ئەسكەرلەر ھېرىپ

www.uyghurkitap.com

ھالىدىن كېتىپ، ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ پورسەتتىن پايدىلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پىلان ئىجرا قىلىنىش جەريانىدىمۇ ئۆزئارا ماسلىشىش ياخشى بولمىدى. ۋاقىت جەھەتتە، بۇرگاۋيىننىڭ قوشۇنى بۇرۇنلا يولغا چىقىۋېلىپ، قالغان ئىككى قوشۇن بىلەن ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلمىدى. كلىنتوننىڭ قوشۇنى نيۇيوركتىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيە باش ئىشتابىدىكى مارشال خاۋيېدىن ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، خاۋيې بۇ تەلەپنى رەت قىلدى.

1777 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇرگاۋيىننىڭ قوشۇنى كانادادىن يولغا چىقىپ، 7 ـ ئايدا تىكوندېروكانى ئىشغال قىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ئەمما، خودسون دەرياسىغا 20 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايغا كەلگەندە ئەتراپتىكى ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئىلگىرىلىيەلمەي تورۇپ قالدى. نەتىجىدە، ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئاندىن ئېدۋارد قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا قوشۇنىڭ تەمىناتىدا مەسىلە چىقىپ، ئەسكەرلەر ئەتراپتىكى دېھقانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، دېھقانلار ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېرى جون ستاكنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ رەسۋاسىنى چىقاردى.

سان رېيگلىنىڭ قوشۇنى كېچىككىپرەك يولغا چىقىپ، موۋاك دەرياسى ئەتراپىغا كەلگەندە ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قېلىپ نائىلاج كاناداغا قايتىپ كەتتى.

بۇرگاۋيىننىڭ قوشۇنى ئېدۋارد قەلئەسىدە تەمىنات يېتىشمىگەنلىكتىن ھېچ ئىش قىلالماي تۇرغان، سان رېيگلىنىڭ قوشۇنى موۋاك دەرياسى بويىدا توختىماي ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان چاغدا كلىنتون ئاندىن قوشۇن تارتىپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئوباگېنغا 60 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايغا يېتىپ كەلگۈچە بۇرگاۋيىننىڭ قوشۇنى ساراتوگاغا چېكىنىپ بولدى.

ئەنگلىيە قوشۇنى ساراتوگاغا كېلىپ گازارما قۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، يېڭى ئېنگلاندتىكى دېھقانلار بەس ـ بەستە قوراللىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ساراتوگاغا يىغىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى. قوراللىق دېھقانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى سانىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە يەتتى. ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالغان ئەنگلىيە قوشۇنى ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالماي، 1777 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تىز پۈكۈپ تەسلىم بولدى. تەسلىم بولغان 5000 ئەسكەر قولىغا قايتا قورال ئالماسلىققا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئەنگلىيەگە قايتۇرۇۋېتىلدى.

ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ ساراتوگادىكى غەلىبىسى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ خودسون دەرياسى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىش پىلانىنى يوققا چىقاردى. مۇبادا ئەنگلىيە ئارمىيەسى بۇ رايوننى كونترول قىلالمىسا ئامېرىكىنى بويسۇندۇرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ قېتىمقى چوڭ غەلىبە فىرانسىيەنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى. قىسقىسى، بۇ چوڭ غەلىبە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇشىدىكى زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇشىدا بىر قاتار ئامىللار زور رول ئوينىدى. بىرىنچىدىن، بۇ ئۇرۇش ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەققانىي ئۇرۇش بولغاچقا، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە نېگىرلار بۇ ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ مۇشۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئۆلۈمدىن قورقۇپ قالمىدى. گەرچە قورال ـ ياراغلىرى دۈشمەنىنىڭكىدىن ناچار بولسىمۇ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تەييار تۇردى. ئوزۇق ـ تۈلۈكى يېتىشمىگەچكە دائىم ئاچ قورساق جەڭ قىلدى، قاچاقلار

www.uyghurkitap.com

ياكى قورقۇپ ئارقىغا چېكىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلدى. ۋاشىنگتوننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ۋالىيىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ بەدىنىنى ياپالىغۇدەك كىيىمى، ھەتتا ئايىغىمۇ يوق بولۇپ، ئۇلار قەھرىتان سوغۇقتا قار كېچىپ يۈرۈش قىلغان، ئەمما بۇنىڭدىن ھەرگىز ۋايسىمىغان. ئامېرىكا خەلق ئەسكەرلىرى دۈشمەننى يوقىتىشتا ئىجادچانلىق بىلەن جەڭ قىلدى. 1775 - يىلى بوستونغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە، ئوق - دورا كەمچىل بولغاچقا، ئۆگزىلەردىكى قوغۇشۇن تاختايلار، دېرىزىلەرنىڭ قوغۇشۇن تۇتقۇچلىرىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ ئوق - دورا ياسىدى.

ئىككىنچىدىن، خەلق ئەسكەرلىرى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش جەريانىدا يېڭى بىر خىل ئۇرۇش تاكتىكىسى — تارقاق جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى ئىجاد قىلدى. ئۇلار تارقاقلىشىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا دۈشمەنگە زەربە بەردى. ئەكسىچە، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئەنئەنىۋى سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنى قوللانغاچقا، ھەرىكىتى ئاستا بولۇپ ھەممىلا جايدا زەربە يېدى. بۇ خىل يېڭى تاكتىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

ئۈچىنچىدىن، ۋاشىنگتوننىڭ شەخسىي رولىمۇ ناھايىتى زور بولدى. شۇ چاغدا ئۇ ئامېرىكىدىكى چوڭ بايلارنىڭ بىرى، چوڭ قۇلدار ئىدى. ئۇ ئىلگىرى غەربىي قىسىمدا يەر ئۆلچىگۈچى خادىم بولغان، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە تالىشىش ئۇرۇشىدا مۇستەملىكە رايونىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنى ئۈچۈن كۆپ تۆھپە كۆرسەتكەن ھەمدە مول ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى توپلىغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىگەن بۇ قوشۇننىڭ چېچىلاڭغۇ، تۇراقسىز، ئىنتىزامسىز بولۇشتەك يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقاپ، ئۇلارنى

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتىنى بىر يىل قىلدى ھەمدە ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتتى. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن قوشۇن ئۇرۇش جەريانىدا خەلق قوراللىق كۈچلىرى بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ ئۆز رولىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى. ۋاشىنگتوننىڭ قوماندانلىق قىلىشتا ئىنتايىن تەمكىن، سالماق بولدى. بۇ، ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

## 3. ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمى، مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى

ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا ئامېرىكىدىكى ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەللەرنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار فىرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە گوللاندىيەنىڭ دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەملىكە زېمىنلارنى تالىشىش كۈرىشىدە ئەنگلىيەگە ئۆتتۈرۈپ قويۇپ چوڭ زىيان تارتقانلىقىنى، شۇڭا پۇرسەت تېپىپ تارتقۇزۇپ قويغان مۇستەملىكە زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كويىدا يۈرگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تېزلىتىش ئارزۇسىدا بولدى.

1776 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، چوڭ قورۇقلۇق كېڭىشى سىللارىس دېئاننى فىرانسىيەنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن فىرانسىيەگە ئەۋەتتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، يەنى مۇستەقىللىق جاكارلانغاندىن كېيىن، يەنە داڭلىق ئالىم فىرانكلىن ۋە مەشھۇر مۇتەپەككۇر جېففېرسوننى دېئانغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىشنى

قارار قىلدى. ئەمما، جېففېرسون بارالماي قېلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى شۇ چاغدا لوندوندا تۇرۇۋاتقان ئارتۇر لى ئۇستىگە ئالدى. چوڭ قۇرۇقلۇق كېڭىشى ئۇلارنى فىرانسىيەگە بېرىپ، فىرانسىيەنىڭ ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئامېرىكا بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

1776 ـ يىلى 12 ـ ئايدا فىرانكلىن پارىژغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاجايىپ دىپلوماتىيە تالانتىغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەنگلىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەندە، فىرانسىيە ئوفىتسېرلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك سادا قوزغىدى، چۈنكى فىرانسىيە ئوفىتسېرلىرى يەتتە يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما، فىرانكلىنىنىڭ تىرىشچانلىقى ئانچە زور ئۈنۈم بەرمىدى، چۈنكى شۇ چاغدا ئامېرىكا قوشۇنى دەسلەپتىكى جەڭلەردە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاچقا، فىرانسىيەنى ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشقا، ئامېرىكا بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈشكە پېتىنالمىدى. شۇ چاغدا، فىرانسىيە ئىككى بىسلىق دىپلوماتىيە سىياسىتى قوللاندى: بىر تەرەپتىن، مەخپىي ھالدا راسخوت ۋە قورال ـ ياراغ بېرىپ ئامېرىكىنى قوللىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيەگە ئۆزىنىڭ بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، فىرانسىيە ئامېرىكىغا خېلىلا كۆپ ياردەم بەردى. 1776 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە دىئان فىرانسىيە ھۆكۈمىتىدىن 20 مىڭ كىشىلىك كىيىم ـ كېچەك، 30 مىڭ كىشىلىك قورال ـ ياراغ ۋە نۇرغۇن ئوق ـ دورا ھەل قىلدى. فىرانسىيە يەنە باشقا جەھەتلەردىمۇ ئامېرىكىنى قوللىدى. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئەتكەس مال كېمىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلدى، ئامېرىكىغا ھەربىي كېمە ياساپ بەردى.



www.uyghurkitap.com

1777 ـ يىلى ساراتوگادىكى چوڭ غەلىبە فىرانسىيەنىڭ پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى. 1778 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فىرانسىيە ئاخىر ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ۋە سودا ـ دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەربىي ياردەم بېرىش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەنگلىيە بىلەن يارىشىشقا بولمايدۇ، دەپ كېلىشتى.

1778 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى فىرانسىيە فىلوتى بىلەن ئەنگلىيە فىلوتى ياۋروپا دېڭىز بويىدا تۇتۇشۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە، ئەنگلىيە بىر ـ بىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا جەڭگە ئاتلاندى. 1779 ـ يىلى ئىسپانىيە فىرانسىيەنىڭ نەسىھەتى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتى، گوللاندىيەمۇ 1780 ـ يىلى ئۇرۇشقا قاتناشتى.

فىرانسىيە ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرىنى خالىغانچە ئاختۇرۇپ، پىرۇسسىيەنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن پىرۇسسىيە رۇسسىيەنى كۈشكۈرتۈپ 1780ـ يىلى قوراللىق بىتەرەپ ئىتتىپاق تەشكىللەپ، ئەنگلىيەنىڭ بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىنى توسۇدى. ئۇزاق ئۆتمەي دانىيە، شىۋېتسىيە ۋە ئاۋستىرىيەمۇ بۇ ئىتتىپاققا ئەزا بولدى.

شۇنداق قىلىپ، 1780 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئۇرۇشى خەلقئارا ئۇرۇشقا ئايلاندى. بۇ ئۇرۇش فىرانسىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيەگە نىسبەتەن سودا، مۇستەملىكە زومىگەرلىكنى تالىشىش ئۇرۇشى، ئەنگلىيەگە نىسبەتەن ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇرۇش، پەقەت ئامېرىكىغا نىسبەتەن ھەققانىي ئازادلىق ئۇرۇشى ئىدى. ئۇرۇشتا ئەنگلىيە پۈتۈنلەي يېتىم قالدى.

فىرانسىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن

كېيىن، ئۇرۇش ئۇتى شىمالىي ئامېرىكىدىن غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى، شەرقىي ھىندىستان ۋە ياۋروپاغا تۇتاشتى. فىرانسىيە ھىندىستانغا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارماقچى بولدى. ئىسپانىيە جەبىلتارىققا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. فىرانسىيە يەنە شىمالىي ئامېرىكا ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا نۇرغۇن ئەسكەر ۋە كېمە ئەۋەتتى، ئىسپانىيە ئارمىيەسىمۇ شىمالىي ئامېرىكىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى ھەممىلا جايدا فىرانسىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيە دېڭىز ئارمىيەلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دېڭىزدىكى ئۈستۈنلۈكنى يوقاتتى. بۇ، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەشتە خېلى زور رول ئوينىدى.

ئامېرىكا رەھبەرلىرى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، ياۋروپادىكى ئىلغار زاتلار ۋە كەڭ خەلقنىمۇ چاقىرىقنامە چىقاردى. بەزىدە شەخسىي خەت ـ چەكلەر ئارقىلىق، بەزىدە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى، ھەتتا ھۆكۈمەت نامىدىن ياۋروپا خەلقىگە مۇراجىئەتنامە چىقاردى. مەسىلەن، چوڭ قۇرۇقلۇق كېڭىشى ئىرېلاندىيە خەلقىگە مۇشۇنداق مۇراجىئەتنامە ئەۋەتتى. نەتىجىدە، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ياۋروپادىكى ئىلغار كىشىلەر بەس ـ بەستە پىدائىي بولۇپ، ئامېرىكىغا بېرىپ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشتى. بۇ پىدائىيلار ئىچىدە فىرانسىيەلىك ماركىز راففاكت، ماركىز روئاللى ۋە كېيىن خىيالىي سوتسىيالىزمچى بولغان سانسىمون پولشالىق گىراف پىلاسكى ۋە كېسۇسكو قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ چاغدا، راففالت 19 ياشتا بولۇپ، ئۇ ئۆزى پۇل چىقىرىپ بىر كېمە سېتىۋېلىپ، كېمىگە ھەربىي تەمىنات بۇيۇملىرىنى لىق بېسىپ، ئون نەچچە ئوفىتسېرنى ئېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئوكيان ئاتلاپ شىمالىي ئامېرىكىغا باردى. ئۇ



www.uyghurkitap.com

ۋاشىنگتوننىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ، گېنېرال مايور بولۇپ، جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن تۆھپە كۆرسەتتى. ئەمما، ئىش ھەققى ئېلىشنى رەت قىلىپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ قايىللىقى ۋە مىننەتدارلىقىغا سازاۋەر بولدى. ماركىز روئاللىمۇ ياش ئاقسۆڭەك بولۇپ، شىمالىي ئامېرىكىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىدىن ۋاز كېچىپ، بارلىق مال ـ مۈلكىنى سېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ پۇلىغا ئاتلىق ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇردى. پىلاسكىي پولشالىق ئىنقىلابچى بولۇپ، ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندا پارىژدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ دېئان ۋە فىرانكلىننىڭ تەسىرىدە شىمالىي ئامېرىكىغا كېلىپ ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىپ، بىر قېتىملىق جەڭدە بەختكە قارشى قۇربان بولدى. كېسۇسكو كىچىك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىنقىلابچى بولۇپ، ساراتوگا جېڭىدە زور خىزمەت كۆرسەتتى.

ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى بەزى كەسپىي ھەربىيلەرمۇ ئامېرىكا قوشۇنىدا خىزمەت قىلدى. مەسىلەن، پرۇسسىيە ئوفىتسېرى بارون ستۇيېن ۋاشىنگتونغا ياردەملىشىپ ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇردى ھەمدە 1779 ـ يىلى ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ «ھەربىي ئىنتىزام نىزامى»نى يېزىپ چىقتى.

خەلقئارا ياردەملەر ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى بارغانسېرى ئامېرىكىغا پايدىلىق تەرەپكە بۇرىدى. فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيەنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ئەنگلىيەنى كۆپ قىسىم فىلوتىنى شىمالىي ئامېرىكىدىن ئوتتۇرا دېڭىز، ئافرىقا، ھىندىستان ۋە كارىپ دېڭىزىغا يۆتكەشكە مەجبۇر قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكا دېڭىز بويلىرىنى قامال قىلىشنى ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماي، شىمالىي ئامېرىكا دېڭىز بويلىرىغا ئەسكەر يۆتكىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

1777 ـ يىلىدىن كېيىن، ئەنگلىيە ئارمىيەسى خودسون دەرياسى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىش پىلانىدىن پۈتۈنلەي ۋاز

كېچىپ ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىدى. 1778 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە ئارمىيەسى جورجىيەگە بېسىپ كىرىپ، ساۋاننانى ئىشغال قىلدى. بۇ جايدىكى بازىسىنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن، شىمالغا يۈرۈپ جەنۇبىي كارولىناغا بېسىپ كىرىپ، چارلىستوننى قورشىۋالدى. 1780 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چارلىستوننى ئىشغال قىلىپ، داۋاملىق شىمالغا يۈرۈپ، 8 ـ ئايدا كامودىن ئەتراپىدا ئامېرىكا قوشۇنىنى تارمار قىلدى.

ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا كەينى ـ كەينىدىن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئۇرۇشىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. تىز پۈكمەس ئامېرىكا خەلقى كارولىنانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سازلىقلارغا ۋە تاغ ئارىسىغا چېكىنىپ، شۇ جايلارنى بازا قىلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. ئۇلاردىن 20 دىن 100 گىچە ئادەم بىر كىچىك ئەترەت بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن دەرھال بازىغا قايتىپ كېلەتتى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ئادەتلىنەلمەي ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈرەتتى، ھەتتا پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ماررىۋوننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ پىتىراپ قېچىشاتتى. پارتىزانلار ئەترىتى بىرقەدەر چوڭ كۆلەمدىكى ئۇرۇشلارنىمۇ قىلدى. 1780 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارتىزانلار كىڭ تېغىدىكى ئۇرۇشتا گېنېرال فېرگوسون باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنىنى تارمار قىلدى. 1780 ـ يىلى گېنېرال گېرىن جەنۇبىي قىسىمدىكى ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن پارتىزانلارنى ماسلاشتۇرۇپ جەڭ قىلدى.

ئەنگلىيە ئارمىيەسى كارولىنادا كەينى ـ كەينىدىن زەربىگە

ئۇچراۋاتقاندا، كورنىۋاللىس باشچىلىقىدىكى يەنە بىر ئەنگلىيە قوشۇنى 1781 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋىرگىنىيەگە بېسىپ كىردى ۋە ھەممىلا يەرنى دەپسەندە قىلدى. 1781 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، كورنىۋاللىسنىڭ قوشۇنى يورك بازىرىنى ئىېلىپ، ئىستىھكاملىرىنى مۇستەھكەملەشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، ۋاشىنگتون شىمالدىن قوشۇن تارتىپ يېتىپ كېلىپ، يورك بازىرى ئەتراپىدا راففالىتنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنى قورشىۋالدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە قوشۇنى ئەنگلىيە فىلوتى بىلەن ئالاقىلەشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما فىرانسىيە ئەۋەتكەن ئىككى كۆچلۈك فىلوت ئۇلارنىڭ بۇ خىيالىنى يوققا چىقاردى. قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قىلىپ سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن 7000 كىشىلىك ئەنگلىيە قوشۇنى 1781 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېنېرال كورنىۋاللىسنىڭ باشچىلىقىدا ئامېرىكا قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. كورنىۋاللىس قوشۇنىنىڭ تەسلىم بولۇشى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا بىتچىت بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

1783 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە پارىژدا سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئاپپالاچ تاغ تىزمىسىنىڭ غەربى، مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنىنى ئامېرىكىغا بۆلۈپ بەردى.

## 4. ئامېرىكا خەلقىنىڭ سىياسىي دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرى

مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا خەلقى ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلىپلا قالماي، دۆلەت ئىچىدە سىياسىي دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ

جاپالىق كۈرەش قىلدى.

بۇ كۈرەشكە دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق دۇكاندارلار ۋە بۇرژۇئاز دېموكراتلار قاتناشتى، كۈرەشنىڭ ئاساسىي كۈچى دېھقانلار بولدى، كۈرەشكە بۇرژۇئاز دېموكراتلار رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ دېموكراتىزمچىلار دەپ ئاتالدى.

دېموكراتىزمچىلارنىڭ كۈرەش نىشانى ئالدى بىلەن ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىشتىكى مال - مۈلۈك ئۆلچىمىنى بىكار قىلىش، ئاندىن ۋەكىللىك ھوقۇقىنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارلامېنتتىكى ۋەكىللەر سانى بىلەن سايلام رايوندىكى نوپۇس سانىنى ئوڭ تاناسىپ قىلىش، ئۇنىڭدىن قالسا بىر پالاتالىق پارلامېنت قۇرۇش ۋە ئۇنى خەلق بىۋاسىتە سايلاپ چىقىش بولدى. چۈنكى، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇپ، خەلق سايلاپ چىققان پارلامېنتقا مەمۇرىي ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھوقۇق بېرىش؛ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىپ، ھوقۇقنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەرقايسى ئىشتاتلارغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، ئامېرىكا خەلقى ئىلگىرىكى تەجرىبىلەردىن ھەرقانداق ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنى ئېزىش قورالى ئىكەنلىكىنى، «ھۆكۈمرانلىقى قانچە ئاجىز بولغان ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچە ياخشى ھۆكۈمەت بولىدىغانلىقىنى» تونۇپ يەتكەنىدى.

خەلقنىڭ سىياسىي دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغىنى مۇتەئەسسىپ ئېقىمدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار چوڭ بۇرژۇئازىيە (چوڭ سودىگەرلەر)، چوڭ قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار ئەزگۈچى سىنىپلار مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقتىن قورقاتتى ۋە خەلققە ئۆچمەنلىك قىلاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسى ۋە



www.uyghurkitap.com

تەشەببۇسىنى بەلگىلىگەنىدى. ئۇلار قۇدرەتلىك دۆلەت ئاپپاراتى قۇرۇش ئارقىلىق بۇرژۇئازلارنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، يەرلىكنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىش ئارقىلىق، بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار خەلقنىڭ سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا، خەلقنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشىغا قارشى تۇردى. ئۇلار يۇقىرى پالاتانىڭ ھوقۇقى ئارقىلىق تۆۋەن پالاتانىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئىككى پالاتالىق پارلامېنت قۇرۇشنى، ۋەكىل سانىنى بېكىتىشتە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە پايدىلىق ئۇسۇل قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى.

خەلقنىڭ سىياسىي دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ئالدى بىلەن دېموكراتىك تۈستىكى ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى بېكىتىشتە ئىپادىلەندى.

1776 - يىلىدىن 1780 - يىلىغىچە، كۆپ ساندىكى ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنلىرىنى ئېچىپ ئاساسىي قانۇنىنى بېكىتتى. پەقەت كونىېكتىكوت بىلەن رودېئىللاند ئىشتاتىلا يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزمەي، مۇستەملىكە دەۋرىدىكى سىياسەتنى ئىشتات ئاساسىي قانۇن قىلىپ بېكىتتى، 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەنى 1818 - يىلى ۋە 1842 - يىلى ئاندىن يېڭى ئاساسىي قانۇننى بېكىتتى. ئىشتات يېڭى ئاساسىي قانۇننى بېكىتىش جەريانىدا، دېموكراتىزمچىلار بىلەن مۇتەئەسسىپلەر ئارىسىدا ئىنتايىن ئۆتكۈر كۈرەشلەر بولدى، ھەتتا جورجىيە ئىشتاتىدا بىر مەھەل ئىككى قانۇن چىقىرىش ئورگىنى، ئىككى مەمۇرىي ئورگان قارشىلىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىدا، غەربىي قىسمىدىكى دېھقانلار بىلەن شەرقىي قىسمىدىكى چوڭ سودىگەرلەر ئارىسىدىكى كۈرەش 1776 - يىلىلا ئەۋجگە چىقتى، نەتىجىدە غەربىي قىسمىدىكى

دېھقانلار بىلەن شەرقىي قىسىمدىكى ئىشچىلار ۋەكىللىرى ئىشتات پارلامېنتىدا كۆپ سانني ئىگىلىگەنلىكتىن، ئىشتات پارلامېنتى ئىشچى ـ دېھقانلار ۋەكىللىرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا بىرقەدەر دېموكراتىك تۈستىكى ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى تۈزدى: بىر پالاتالىق ئىشتات پارلامېنتى تەشكىللەپ، سايلام ھوقۇقىنى كېڭەيتتى، دېموكراتىك سايلام رايونى تۈزۈمىنى — ھەرقايسى سايلام رايونىدىن سايلاپ چىقىلغان پارلامېنت ئەزالىرى سانى بىلەن ھەرقايسى سايلام رايونىدىكى نوپۇس سانى ئوڭ تاناسىپ بولۇشىنى بەلگىلىدى، يەنە تەپتىش كومىتېتى قۇرۇپ، ئىشتات ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلدى. شۇڭا، بۇ ئاساسىي قانۇن كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قوللىشىغا سازاۋەر بولدى. مۇتەئەسسىپلەردىن جامىس ۋىلسون بۇ ئىشتات ئاساسىي قانۇنىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، 1779 ـ يىلى خەلقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەمما، مۇتەئەسسىپلەر مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، 1789 ـ يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، كېيىنكى يىلى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كېڭىشى تەشكىللەپ، يېڭىدىن ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ، سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ئۆلچىمىنى، يەنى سايلانغۇچىلارنىڭ چوقۇم باج تاپشۇرىدىغانلار (مۈلۈكدارلار) بولۇشىنى، بولۇپمۇ ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلكى تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى بېكىتتى.

ماساچۇستېس ئىشتاتىدىمۇ كۈرەش ناھايىتى كەسكىن بولدى. دەسلەپتە دېموكراتىزمچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دېموكراتىك ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەمما، چوڭ سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇتەئەسسىپلەر ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، دېموكراتىك ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى بىكار قىلىپ، 1780 ـ يىلى باشقا بىر ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قانۇندا ئىككى پالاتالىق پارلامېنت قۇرۇش، سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ 60 فوندستېرلىڭ

قىممىتىدىكى مال ـ مۈلكى بولۇش، تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ 100 فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى مۇقىم مۈلكى ياكى 200 فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى باشقا مۈلكى بولۇش، يۇقىرى پالاتا ئەزالىرىنىڭ 300 فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى مۇقىم مۈلكى بولۇش بەلگىلەندى. شۇڭا، موررىزون: «1780 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن ئادۋوكاتلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈپ، مال ـ مۈلۈكلەرنى دېموكراتىيە قاراقچىلىرىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىدىن ساقلاش» دەپ كۆرسەتتى.

ۋېرگىنىيە ئىشتاتىدا، پوتكول مۇستەقىللىق ئورۇشى مەزگىلىدە ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش مەسىلىسىدە شەرقىي قىسىمدىكى ئېكىنزار غوجايىنلىرى بىلەن غەربىي قىسىمدىكى دېھقانلار ئارىسىدا ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش بولدى. ئەمما، ئاخىرىدا مۇتەئەسسىپلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دېموكراتىيەدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقتى، يەنى ئىككى پالاتىلىق پارلامېنت تەشكىللەش، سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ئۆلچىمىنى مۇستەملىكە دەۋرىدىكىگە ئوخشاش قىلىپ بېكىتىش، ھەربىر ۋىلايەت نوپۇسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت ئىككىلا تۆۋەن پالاتا ئەزاسى سايلاپ چىقىشنى بەلگىلىدى. بۇ، غەربىي قىسىمدىكى دېھقانلار كۆپ ۋىلايەتلەرگە پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، غەربىي قىسىمدا نوپۇس كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ، شەرقىي قىسىمدىكى ئېكىنزار غوجايىنلىرىنى، يەنى قۇلدارلارنى تۆۋەن پالاتادا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈردى.

جەنۇبىي كارولىنا ئىشتاتىدا، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئېكىنزار قۇلدارلىرى بىلەن شەھەرلەردىكى سودىگەرلەر بىر تەرەپ، ئىچكىرى جايلاردىكى دېھقانلار بىلەن ھۈنەرۋەنلەر يەنە بىر تەرەپ بولۇپ بىر ـ بىرى بىلەن توختىماي كۈرەش قىلدى،

www.uyghurkitap.com

ھەتتا بىر مەھەل «باراۋەرچىلەر»نىڭ «باي»، ئاقسۆڭەكلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئېھتىمالى كۆرۈلدى. كېيىن مۇتەئەسسىپلەر زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئاندىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ھېچقانداق دېموكراتىك تۈسى بولمىغان ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى بېكىتتى: يەنى، سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن 50 ئىنگلىز موسى يېرى بولۇش، ئىشتات پارلامېنتى ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن 2000 فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى مال ـ مۈلكى بولۇش، ئىشتات باشلىقى بولۇش ئۈچۈن 10 مىڭ فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى مال ـ مۈلكى بولۇش بەلگىلەندى.

نيۇيورك ئىشتاتىدا، 1776 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۈچى دېموكراتىزمچىلارنىڭ كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ، تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن قويۇق مۇتەئەسسىپ تۈسنى ئالدى. بۇ قانۇندا، بىرىنچىدىن، ئىككى پالاتالىق پارلامېنت قۇرۇش، يۇقىرى پالاتانىڭ ھوقۇقى تۆۋەن پالاتانىڭ ھوقۇقىدىن چوڭ بولۇش؛ ئىككىنچىدىن، ئىشتاتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىدىن چوڭ بولۇش، مەسىلەن، ئىشتات باشلىقى قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى چىقارغان قانۇنلارنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش؛ ئۈچىنچىدىن، سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ 20 فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى يېرى ياكى 40 فوندستېرلىڭغا ئىجارىگە بېرەلەيدىغان ئۆيى بولۇش ھەمدە باج تاپشۇرغان بولۇش بەلگىلەندى.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشتاتلاردا خەلق كۈرىشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. يېڭىدىن بېكىتىلگەن ئىشتات ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىككى پالاتالىق پارلامېنت قۇرۇش ۋە سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىشتىكى مال ـ مۈلۈك ئۆلچىمى بېكىتىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىندى. ئەمما، خەلقنىڭ بېسىمى، دېموكراتىزمچىلارنىڭ چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، ھەممە ئىشتاتلارنىڭ

ئاساسىي قانۇنىنىڭ باش قىسمىغا دېگۈدەك «ھوقۇق خىتابنامىسى» ياكى «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» كىرگۈزۈلۈپ، خەلق بەھرىمەن بولىدىغان ئەركىنلىكلەر — مەتبۇئات ئەركىنلىكى، سايلام ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، يىغىلىش ئەركىنلىكى، مۇراجىئەت ئەركىنلىكى، شۇنداقلا خۇسۇسىي تۇرالغۇ دەخلى - تەرۇزسىز بولۇش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش، خالىغانچە ئادەم تۇتماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلار ئېنىق كۆرسىتىلدى. يېڭى خامپىشىر ۋە ماسساچۇستېس ئىشتاتلىرىنىڭ پارلامېنتىدا سايلىغۇچىلارنىڭ قانۇن چىقارغۇچىلارنى نازارەت قىلىشى ئۈچۈن ئاۋام ۋەكىلى ئورنى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ باش قىسمىدىكى «ھوقۇق خىتابنامىسى» ياكى «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى»دىكى مەزمۇنلار كېيىن 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. ئومۇمەن، ئامېرىكا خەلقى ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنى چىقىرىش كۈرىشىدە مەغلۇپ بولۇپ، چوڭ بۇرژۇئازلار ۋە چوڭ قۇلدارلار ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى.

ئەمما، ئامېرىكا خەلقى دۆلەت ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش كۈرىشىدە غەلىبە قىلدى.

دۆلەت ئاساسىي قانۇنىنى بېكىتىشتە، دېموكراتىزمچىلار بىلەن مۇتەئەسسىپلەر ئارىسىدا تېخىمۇ جىددىي كۈرەش بولۇپ، ئاساسىي نۇقتا ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش مەسىلىسى بولدى. 1776 - يىلى چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى ئاساسىي قانۇنىنى يېزىپ چىقىش كومىتېتىنى تەشكىللىدى. بۇ كومىتېتتا مۇتەئەسسىپلەرنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، يېزىپ چىقىلغان ئاساسىي قانۇن لايىھەسىدە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كۆز قارىشى گەۋدىلەندى. ئەمما، دېموكراتىزمچىلار چوڭ قۇرۇلتاي

كېڭەشنىنى كونترول قىلىپ، بۇ ئاساسىي قانۇن لايىھەسىگە قارشى تۇرۇپ، زور ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدى. نەتىجىدە، 1777 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چوڭ قۇرۇلتاي كېڭەشى ئاخىرقى ھېسابتا ماقۇللىغان ئاساسىي قانۇندا، ئاساسەن دېموكراتىزمچىلارنىڭ تەشەببۇسى گەۋدىلەندى. بۇ ئاساسىي قانۇن «قوشما ئىشتاتلار نىزامى» دەپ ئاتالدى. ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ بۇ قانۇننى تەستىقلىشىغا ئۈچ يىل ۋاقىت كەتتى، 1781 ـ يىلى ئاخىرقى ئىشتات تەستىقلاپ بولغاندىن كېيىن بۇ قانۇن ئاندىن رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى. قوشما ئىشتاتلار نىزامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت تەشكىلى تۈۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى:

بىرىنچى، ھەرقايسى ئىشتاتلار ناھايىتى چوڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. ئاساسىي قانۇن ھەرقايسى ئىشتاتلارغا باج ئېلىش، ئەسكەر قوبۇل قىلىش، قەرز پۇل تارقىتىش، ئىمپورت ـ ئېكسپورت بېجىنى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىنى بەردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت دۆلەتتە بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە ھەرقايسى ئىشتاتلاردىن ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، خىراجەت زۆرۈر بولغاندا ھەرقايسى ئىشتاتلاردىن لازىملىق خىراجەتنى ئېلىپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا راسخوت قىلىپ ئىشلىتىدىغان بولدى. ئەمما، ھەرقايسى ئىشتاتلار مەركىزىي ھۆكۈمەتكە خىراجەت بېرىشنى رەت قىلىسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ئىككىنچى، ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان بىر پالاتالىق قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتى بولىدىغان، ھەربىر ئىشتات ئىككىدىن يەتتىگىچە ۋەكىل ئەۋەتىدىغان، ئەمما ھەربىر ۋەكىل ئاۋاز بەرگەندە پەقەت بىرلا ئاۋاز بېرىدىغان، دۆلەتكە زۇڭتۇڭ قويۇلماي، پەقەت پارلامېنت قارىمىقىدا 13 ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان بىر كومىتېت قۇرۇلۇپ، ھەربىر ئىشتات بىردىن ھەيئەت تەيىنلەيدىغان، پارلامېنت يېپىق ھالەتتە تۇرغاندا، بۇ كومىتېت



www.uyghurkitap.com

دائىمىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. دۆلەتكە زوڭتوڭ قويماسلىق ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەنگلىيە پادىشاھىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە يىرگىنىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ھەرقانداق دۆلەت باشلىقى ئەنگلىيە پادىشاھىغا ئوخشاش ئەزگۈچىلەرنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ئۈچىنچى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن ئاجىزلاپ، قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتى پەقەت ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە سۈلھى قىلىش، چەت ئەللەرگە دىپلوماتىيە خادىملىرىنى ئەۋەتىش، ھەرقايسى ئىشتاتلار ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىش ھەمدە پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغىلا ئىگە بولدى. ئۇ ئىشتاتلار ئارىسىدىكى سودىنى ۋە تاشقى سودىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقسىز بولۇپ، پەقەت ھەرقايسى ئىشتاتلار قوشۇلغاندىلا ئاندىن چەت ئەللەر بىلەن سودا كېلىشىملىرىنى تۈزەلەيتتى، ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ كۆچمەنگە تايىنىپ دۆلەتنىڭ تەرتىپىنى قوغدايتتى، ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتى، مۇبادا مەلۇم ئىشتاتتا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىسىمۇ، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

ئومۇمەن قارىغاندا، قوشما ئىشتاتلار نىزامى بويىچە، ئامېرىكا خۇددى 13 مۇستەقىل دۆلەتتىن تەركىب تاپقان چېچىلاڭغۇ ئىتتىپاققا ئوخشايتتى.

قوشما ئىشتاتلار نىزامى دېموكراتىزمچىلارنىڭ چىڭ تۇرۇشى نەتىجىسىدە مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى، ئەمما بۇ ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ پوزىتسىيەسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي تۈزۈم ئوخشىمىغانلىقتىن، جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇلدارلار بىلەن شىمالىي قىسىمدىكى بۇرژۇئازىيلارنىڭ پايدا - زىيىنىمۇ بىردەك ئەمەس ئىدى. جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇلدارلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىپ،

ئۆزلىرىگە پايدىسىز سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئىككىنچىدىن، كىچىك ئىشتاتلاردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار چوڭ ئىشتاتلارنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقاتتى.

ئومۇمەن، ئامېرىكا خەلقى ۋە دېموكراتىزمچىلارنىڭ ئىدىيەسى گەۋدىلەنگەن قوشما ئىشتاتلار نىزامىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئىنتايىن روشەن ئىدى. چۈنكى، بۇ ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن قۇرۇلغان ئامېرىكا دۆلىتىنى بىر دۆلەت دېگىلى بولمايتتى، بەلكى نەچچە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان جۇغراپىيەلىك زېمىن دېيىشكە بولاتتى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تولىمۇ پايدىسىز بولۇپ، دېموكراتىزمچىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ساددىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى، شۇنداقتىمۇ قوشما ئىشتاتلار نىزامى يۈرگۈزۈلگەن سەككىز يىل خۇددى بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ (مەسىلەن، فىكس) ئېيتقىنىدەك ئۇنچىۋالا ئېغىر «كرىزىس كۆرۈلگەن دەۋر» بولمىدى. ئەكسىچە، بېئارد ئېيتقاندەك، بۇ دەۋردە بۇ يېڭى دۆلەت پۇختا قەدەملەر بىلەن ئالغا باستى ۋە گۈللەندى. بىرىنچىدىن، تاشقى سودا راۋاجلاندى، ئەنگلىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار 1784 — 1788 - يىللىرى ئىزچىل ئاشتى، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى، ھەتتا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن قىلىنغان سودىدىمۇ ئېشىش كۆرۈلدى. 1789 - يىلغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ سودىسى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى سەۋىيەگە يەتتى. ئىككىنچىدىن، سانائەت كارخانىلىرى كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىپ، يۇڭ توقۇلما فابرىكىسى، قەغەز زاۋۇتى، پۇروخ زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، 1787 - يىلى فرانكلىن: «دۆلەت مۇشۇنداق گۈللەنگەنلىكى ئۈچۈن، تەڭرىگە دۇئا قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن

تارىخشۇناس ھېنرى داۋسۇن نورغۇن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئاتالمىش «كىرىزىس كۆرۈلگەن دەۋر»نىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان قاراش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## 5. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كۆرەشلىرى

ئەنگلىيەگە قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا خەلقى سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. بۇ كۆرەشكە دېھقانلار ۋە نېگىر قۇللار قاتناشتى، بۇرژۇئاز دېموكراتلار بۇ كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلدى، كۆرەش تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بىرىنچى، چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە فېئودالىزم قالدۇقلىرىغا ئوت ئېچىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىندى.

يېرىم فېئوداللىق چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش ئامېرىكا خەلقىنىڭ ساداقەتمەنلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن زىچ باغلاندى. ئامېرىكا خەلق ئەسكەرلىرى ئۇرۇش مەيدانىدا ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىۋاتقاندا، خەلق ئاممىسىمۇ ئىچكى قىسىمدىكى دۈشمەنلەر بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى، بۇ ئىچكى قىسىمدىكى دۈشمەنلەر ساداقەتمەنلەر ياكى تورىي پارتىيەسىدىكىلەر ئىدى.

ساداقەتمەنلەر مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى بىيۇروكراتلار، ئوفىتسېرلار، سوتچىلار ۋە ئەنگلىيە بىلەن ئالاقىسى بار چوڭ پومېشچىكلار بولۇپ، ئۇلار ھەممىلا جايدا خەلق بىلەن

دۈشمەنلىشىپ، ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشقا ئىچكى جەھەتتىن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بولغاچقا خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئامما ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ ساداقەتمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلدى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە ساداقەتمەنلەرنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى ئۆزلىرى جازالىدى. جىنايىتى يېنىكلەرنى يۈزىگە قارا سۈركەپ، بېشىغا پەي قىستۇرۇپ سازايى قىلدى، جىنايىتى ئېغىرلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

ساداقەتمەنلەرنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئادەم چوڭ پومېشچىكلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش يەنە بىر خىل جازالاش ئۇسۇلى بولدى. بۇ ئۇسۇلنى تومسون پاين ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يەنە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ بىۋاستە ئېزىشىگە ئۇچرىغان ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ تەلىپى ئىدى. بۇرژۇئازلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە دېھقانلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوللىدى. نەتىجىدە، 1778 ـ يىلى ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنى ــــ چوڭ قۇرۇلتاي كېڭىشى ھەرقايسى ئىشتاتلاردا ساداقەتمەنلەرنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپكە ئاساسەن ھەرقايسى ئىشتاتلار دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. مەسىلەن، مايىن ئىشتاتىدا، ۋىليام پوبلېرنىڭ دېڭىز بويىدىكى 33 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يېرى، نيۇيورك ئىشتاتىدا فىلىپىنىڭ 300 كىۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يېرى، بىنئېنىنىڭ 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى يېرى مۇسادىرە قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ئىشتاتلار ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى سۈيۈرغاللىق يەرلىرىنىمۇ مۇسادىرە قىلدى. مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەڭ دېموكراتىك ئۇسۇل ــــ بۇ يەرلەرنى شۇ يەردە ئەمگەك قىلغان

ئىجارىكەش دېھقانلارغا ھەقسىز تەقسىملەپ بېرىش ئىدى. ئەمما، بۇرژۇئازلار ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشقا راسخوت تولپلاش مەقسىتىدە يەرلەرنى باھا تالاشتۇرۇپ ساتتى.

لېكىن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن، بىرقانچە ئىشتاتنىڭ پارلامېنتى مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئەرزان باھادا ساتتى. مەسىلەن، نيۇيورك ئىشتاتىدا سېتىلىدىغان يەرلەرنىڭ بىرلىك كۆلىمى 500 ئىنگلىز موسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلەندى؛ شىمالىي كارولىنا ئىشتاتىدا سېتىلىدىغان يەرلەرنىڭ بىرلىك كۆلىمى 100 ئىنگلىز موسى قىلىنىپ ئەرزان باھادا سېتىلدى. بۇ خىل ئۇسۇل ئەمگەكچى خەلققە پايدىلىق بولدى. جەنۇبىي قىسىمدىكى ئىشتاتلار ۋە نيۇيورك ئىشتاتىدا بىر قىسىم يەرلەر ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئىشتاتلار ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقىنى شۇ يەرلەردە ئەمگەك قىلغان دېھقانلارغا بەردى. شۇڭا، بىر بۆلۈك يەرلەر دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مەسىلەن، روككېر مورىسنىڭ يېرى 250 دېھقانغا سېتىپ بېرىلدى. دې رانسىنىڭ يېرى 275 پارچە قىلىنىپ دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلدى. نيۇيورك ئىشتاتىدىكى داچىس رايونىدا ئەسلىدىكى پومېشچىكنىڭ قورۇقىدا ئىشلەيدىغان ئىجارىكەش دېھقانلارمۇ يەر ئىگىسى بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر يېرىم فېئوداللىق چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلدى. ئەمما، باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش جەريانىدا كۆپ ساندىكى يەرلەر يەنىلا چوڭ سودىگەرلەر بىلەن يەر ھاياتكەشلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بەزى ئىشتاتلاردا، چوڭ سودىگەرلەر ئەسكەرلەرگە بېرىلگەن يەر بېلەتى (بۇ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان

ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بەرگەن بىلەت بولۇپ، ئەسكەرلەر بۇ بىلەتكە ئاساسەن يەر ئالالايتتى)نى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، ئاندىن بۇنىڭغا يەر ئالدى. يەنە بەزى ئىشتاتلاردا چوڭ سودىگەرلەر قول ئاستىدىكى چاكارلار ۋە نازارەتچىلەرنىڭ نامىدا نۇرغۇن يەر ئېلىۋالدى. نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ ساندىكى ساداقەتمەنلەرنىڭ يەرلىرى باي سودىگەر، پومېشچىك ۋە يەر ھايانكەشلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇرژۇئازلار بۇ يەرلەرنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق دېھقانلارنى داۋاملىق ئەزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئاممىسى ساداقەتمەنلەر سېپىگە قوشۇلمىغان بەزى پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى سۇرۇشتۇرمىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ پومېشچىكلار ئۆز يەرلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلاپ قېلىپ، يېرىم فېئوداللىق ئىجارە تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈۋەردى. پەقەت 1850 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئىجارىكەش دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ زەربىسىدە، فېئوداللىق يەر ئىجارىسى ئاندىن تەدرىجىي يوقالدى. شۇڭا، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە يېرىم فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىگە زەربە بېرىش ئۆزۈل ـ كېسىل بولماي، قىسمەن يېرىم فېئوداللىق ئىجارە تۈزۈمى يەنىلا بىمالال ساقلىنىپ قالدى.

يېرىم فېئوداللىق چوڭ يەر مۇلۇكچىلىكىگە قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېموكراتىزمچىلار يەنە فېئودالىزمنىڭ باشقا قالدۇقلىرىغىمۇ ھۇجۇم قوزغىدى.

جېففېرسون ۋېرگىنىيەدە چوڭ ئوغۇل مىراسخور بولۇش تۈزۈمىگە ۋە مىراسخورلارغا چەك قويۇش قانۇنىغا قارشى كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. 1776 ـ يىلى ئۇ بىر قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى، پارلامېنت بۇ قانۇن لايىھەسىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، مىراسخورلارغا چەك قويۇش قانۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەرگە مىراسخورلۇق قىلىدىغانلارغا شەرت قويۇلماي، سالاھىيىتى تۆۋەن كىشىلەرمۇ

ئاتمىسىدىن قالغان يەرلەرنىڭ مىراسخورى بولالايدىغان بولدى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن، ۋېرگىنىيەدە ئاز دېگەندىمۇ يەرلەرنىڭ يېرىمى، ھەتتا تۆتتىن ئۈچ قىسمى مىراسخورلارغا چەك قويۇش قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلدى. ئون يىل ئىچىدە قالغان ئىشتاتلاردىمۇ مىراسخورلارغا چەك قويۇش قانۇنى بىكار قىلىندى. چوڭ ئوغۇل مىراسخور بولۇش تۈزۈمىمۇ 70 — 90 - يىللاردا نۇرغۇن ئىشتاتلاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مىراسخورلارغا چەك قويۇش قانۇنى بىلەن چوڭ ئوغۇل مىراسخور بولۇش تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى چوڭ يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىگە بېرىلگەن ئېغىر زەربە بولدى.

ئىككىنچى، نېگىرلار قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىندى.

مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرىشى نېگىر قۇللارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈردى، ئۇلارمۇ ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى، ئۇلارنىڭ كۈرەش قىلىش ئۇسۇلى كۆپ خىل بولدى: بىرىنچى، مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، نېگىر قۇللار ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىسا ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. 1776 - يىلى 1 - ئايدا، ۋاشىنگتون نېگىرلارنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا قوشۇنىدا نېگىرلار ئەترىتى ۋە نېگىرلار، ئاق تەنلىكلەر ئارىلاشما ئەترىتى مەيدانغا كەلدى. نېگىر ئەسكەرلەر جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكتىن نۇرغۇنلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. ئۇرۇشقا قاتناشقان نېگىر قۇللار ئاساسەن ھۆرلۈككە ئېرىشتى. ئىككىنچى، توپ - توپ بولۇپ قاچتى. 1778 - يىلى ئىچىدىلا، ۋېرگىنىيە ئىشتاتىدا 30 مىڭدىن ئارتۇق نېگىر قۇل قېچىپ كەتتى. جەنۇبىي كارولىنا

ئىشتاتىدا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندا 110 مىڭ قول بولۇپ، ئۇلارنىڭ 25 مىڭى قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تۇتۇپ كېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۈچىنچى، مۇراجىئەتنامە سۇنۇش. تىپىك مۇراجىئەتنامە سۇنۇش ھەرىكىتى 1779 - يىلى يۈز بەردى. يېڭى خامپىشىر ئىشتاتىدا بىر توپ نېگىرلار ئىشتات پارلامېنتىغا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، تەڭرىنىڭ نەزەرىدە نېگىرلار بىلەن ئاق تەنلىكلەر تامامەن باراۋەر، شۇڭا نېگىرلارمۇ ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش جىسمانىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇش كېرەك، دېدى. كوننېكتىكوت ئىشتاتىدىمۇ بىر توپ نېگىرلار ئىشتات پارلامېنتىغا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، بىز غوجايىنىمىز بىلەن ئوخشاش ئىقتىدارغا ئىگە، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ئوخشاش، شۇڭا بىز نېگىرلارنىڭ قول ھالىتىدە تۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي قانۇنىغا ئۇيغۇن ئەمەس، دېدى. تۆتىنچى، قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1774 - يىلى بوستوندىكى نېگىر قۇللار كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇردى. 1775- يىلى جەنۇبىي كارولىنا ئىشتاتىدىكى پىت، پوۋفوت، كراۋىن قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە قۇللار قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

نېگىرلارلا ئەمەس، ئاق تەنلىك دېموكراتىزمچىلارمۇ قۇللۇق تۈزۈمنى يوقىتىش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلدى. پايىن، فرانكلىن ۋە جېففېرسونلار قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى بىكار قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. فرانكلىن قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، «ئەركىن ئەمگەك، ئىش ھەققى تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇللارنىڭ ئەمگىكى بىر ئىسراپچىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇللۇق تۈزۈم سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى، يەنە نېگىرلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ئاق تەنلىكلەردىن تۆۋەن دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە بەردى. جېففېرسوننىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى تېخىمۇ قەتئىي بولدى. ئۇ 1769 - يىلىلا ۋىرگىنىيە پارلامېنتىغا شۇ رايوندىكى قۇللارغا ھۆرلۈك

بىرىش تەكلىپىنى سۇندى. كېيىن ئۆزى يازغان «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەيىبلىدى. 1779 ـ يىلى يەنە ۋىرگىنىيە پارلامېنتىغا قۇللارنى تەدرىجىي ئازاد قىلىش قانۇن لايىھەسىنى رەسمىي سۇندى.

ئەمما، جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇلدارلارنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدە، جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇللارغا قانۇن چىقىرىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھۆرلۈك بېرىش خۇسۇسىدىكى تىرىشچانلىقلار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. جەنۇبتىكى ھەرقايسى ئىشتاتلار قۇللۇق تۈزۈمنى ساقلاپ قالدى ھەمدە 1787 ـ يىلىدىكى قوشما ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇنىدا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەلۋەتتە، بۇ قانۇننى بېكىتكۈچىلەر ساختىپەزلىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇندا «قۇل» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۈزۈمنى ئاستىرتىن ئېتىراپ قىلدى. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇننىڭ 1 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا، قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتى ئاۋام پالاتاسىدىكى ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ۋەكىل سانى ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى ئەركىن ئاھالىلەرنىڭ نوپۇسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، ئەركىن ئاھالىلەردىن «باشقا كىشىلەر»نىڭ بەشى ئۈچ قىلىپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «باشقا كىشىلەر» قۇللارنى كۆرسىتەتتى.

ئەمما، قۇللۇق تۈزۈم شىمالدىكى ھەرقايسى ئىشتاتلاردا بىكار قىلىندى. 1774 ـ يىلى رودېئىسلاند پارلامېنتى ئىشتات تەۋەسىگە كىرگەن ھەرقانداق قۇلنى ئەركىن ئادەم دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 1781 ـ يىلى ماساچۇستېس ئىشتاتىمۇ قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شىمالدىكى باشقا ئىشتاتلارمۇ مۇشۇ مەزگىلدە قۇللارغا ھۆرلۈك بەردى.

ئۇنداقتا، 13 ئىشتاتنىڭ غەربىدىكى رايونلاردىكى قۇللۇق تۈزۈمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ 1787 ـ يىلى ئېلان

قىلىنغان «غەربىي شىمال قانۇنى»دا ئوخشىمىغانلىق شىمالىدىكى غەربىي رايونلار ئەركىن رايون دەپ جاكارلاندى، شۇنىڭ بىلەن قۇللۇق تۈزۈم غەربىي شىمالدىمۇ بىكار قىلىندى.

ئەمما، ئوتتۇرا، شىمال ۋە غەربىي شىمال رايونلىرىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى بۇرژۇئازىيەنىڭ رەھىمدىللىكىدىن بولمىغانىدى، بەلكى، بۇ جايلاردىكى تەبىئىي مۇھىت قۇللۇق تۈزۈمگە ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلاردا قۇللۇق تۈزۈم ئۆزلۈكىدىن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

ئۈچىنچى، غەربىي قىسمىدىكى يەر مەسىلىسىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىندى.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى پەقەت 13لا مۇستەملىكە رايونى بولۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى ئاپپالاچ تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى 1763 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى چەكلەنگەن رايون قىلىپ بېكىتكەنىدى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ۋېرگىنىيە ئىشتاتى بىر قوراللىق ئەترەت تەشكىللەپ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىدى، باشقا ئىشتاتلارمۇ يەر ئىگىلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ئەمما مارىلاند ئىشتاتى باشچىلىقىدىكى بىر قانچە ئىشتات بۇنىڭغا قارشى تۇردى. مارىلاند ئىشتاتى غەربىي قىسمىدىكى يەرلەرنى چوڭ قورۇقلۇق كېڭىشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى باشقا ئىشتاتلارنىڭ ئارىلاشماسلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. كېيىن مارىلاند ئىشتاتى قوشما ئىشتاتلار نىزامىنى تەستىقلىمايمىز دەپ بېسىم ئىشلەتكەنلىكتىن، 1781 ـــ يىلىغا بارغاندا ھەرقايسى ئىشتاتلار غەربىي قىسمىدىن يەر ئىگىلەش تەلىپىدىن ۋاز كەچتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قىسمىدىكى زېمىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارايدىغان زېمىن بولدى.

غەربىي قىسمىدىكى يەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئامېرىكا خەلقى ناھايىتى روشەن پوزىتسىيە تۇتۇپ، يەرلەرنى دېموكراتىك

ئۇسۇلدا بىر ياقلىق قىلىشنى، يەنى ئەمگەكچىلەرگە ھەقسىز تەقسىملەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان مۇتەئەسسىپلەر خەلقنىڭ تەلىپىگە پىسەنت قىلماي يەرلەرنى تالاشتۇرۇپ ساتتى. قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتى 1785 ـ يىلى ماقۇللىغان يەر پەرمانىدا غەربىي قىسىمدىكى يەرلەر تالاشتۇرۇپ سېتىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، غەربىي قىسىمدىكى يەرلەرنى قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ، ئەڭ تۆۋەن سېتىلىش كۆلىمى 640 ئىنگلىز موسى، باھاسى 640 ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ، سېتىۋالغۇچىلار پۇلىنى بىر ئاي ئىچىدە تۆلەپ بولۇشى، يەرنى يەنە پارچىلاپ ساتماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. بۇ پەرمان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ تەشەببۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەڭ دېھقانلارنى يەر سېتىۋېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ يەر سېتىۋېلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئەمما، 1796 ـ يىلى يېڭى يەر پەرمانى ئېلان قىلىنغۇچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1785 ـ يىلىدىكى يەر پەرمانى بويىچە بىرەر پارچىمۇ يەر ساتمىدى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە، چوڭ قۇرۇقلۇق كېڭىشى ھەربىي ئەسكەرگە يەر بېرىشنى تارقىتىپ بەرگەنىدى. يەر بېلىتى ئالغان ئەسكەرلەر ئۇرۇشتىن كېيىن غەربىي قىسىمغا بېرىپ، ئىگىلىسە بولاتتى. ئەمما، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى نامرات ئەمگەكچىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى بۇ يەر بېلىتىنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى. نەتىجىدە پۇرسەتپەرەس سودىگەرلەر ئەرزان سېتىۋالغان بۇ يەر بېلەتلىرىگە غەربىي قىسىمدىن نۇرغۇن يەر ئېلىۋالدى. ئەسكەرلەردىن غەربىي قىسىمغا بېرىپ يەر ئالغانلار يوقنىڭ ئورنىدىلا بولدى.

شۇنىڭ بىلەن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، يەنى دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، غەربىي قىسىمدىكى يەر مەسىلىسى دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىنمىدى.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكا خەلقى يەر مەسىلىسىنى

ئۆزلىرى ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، يەنى ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ غەربىي قىسىمغا بېرىپ قانۇنسىز ھالدا «يەر ئىگىلىدى». ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن غەربىي قىسىمغا ـ ئوخىئو، كېنتوككي، تېننېسسى ئىشتاتىغا بېرىپ يەر ئىگىلىگەنلەر 221 مىڭ كىشىگە يەتتى.

«يەر ئىگىلەش» ئامېرىكا خەلقىنىڭ غەربىي قىسىمدىكى يەر مەسىلىسىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى ئىدى. ئۇلار يەر ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى قوغلىۋېتىشكە كەلگەن ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلدى. 1784 ـ يىلى ئەتىيازدا پېنسىلۋانىيە پارلامېنتى قوشۇن ئەۋەتىپ «يەر ئىگىلىگەن»لەرنى قوغلىدى، نەتىجىدە 500 نەپەرچە «يەر ئىگىلىگۈچى» قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئۆي ـ جايلىرىغا ئوت قويۇۋېتىلدى.

## 3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى سىنىپىي كۈرەش

### 1. شايس قوزغىلىڭى

مۇستەقىللىق ئۇرۇشى چوڭ بۇرژۇئازىيەگە بېيىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، ھەددىدىن ئاشقان مەككار سودىگەرلەر ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قىيىنچىلىقتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ۋاستىلىك تالىماي بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، چوڭ قۇرۇقلۇق كېڭىشى قەغەز پۇلنى پىلانسىز تارقىتىۋەرگەنلىكتىن قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشتى. 1780 ـ يىلى بىر دوللارنىڭ قىممىتى 1776 ـ يىلىدىكىنىڭ 1/40 ىگە توغرا كەلدى. قەغەز پۇلنىڭ كۇرسىنىڭ چۈشۈشى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتتى، ئەمما چوڭ سودىگەرلەرگە بىسىمدارلىق قىلىپ بېيىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى. نۇرغۇن مەككار سودىگەرلەر مالنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق زور پايدىغا ئېرىشتى. نۇرغۇن سودىگەرلەر ھەربىي ئەشيا تەمىنلەش جەھەتتىلا ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك پايدا ئالدى، بوستوندىكى ئوتىس ئاندرېۋس شىركىتى يەتتە ئاي ئىچىدە ھۆكۈمەتكە 200 مىڭ فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى گەزمالنى سېتىپ، 100% تىن 200% كىچە پايدا ئالدى. يەنە بىر قاپ ئۇننى بەش ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋېلىپ، ھەربىي قوشۇنغا 30 ئامېرىكا دوللىرىغا ساتتى. يەنە نۇرغۇن سودىگەرلەر خەلق مەنپەئەتىگە پىسەنت قىلماي، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى بىلەن سودا قىلىپ زور پايدا ئالدى.

بۇرژۇئازىيەنىڭ ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ بېيىشى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇرۇش سەۋەبىدىن تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىشى روشەن سېلىشتۇرما بولدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ ۋەيرانچىلىقى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئەسكەرلەر ھەربىيلىكتىن بوشىنىپ يۇرتىغا قايتىپ، ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنىڭ باھاسى چۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازىيىپ كەتتى. سان - ساناقسىز دېھقانلار قەرزگە بوغۇلدى. 1786 - يىلى ئېغىر قەرز سەۋەبىدىن كۆپ قىسىم دېھقانلار ۋەيران بولۇش گىرداپىغا بېرىپ قالدى، نۇرغۇن دېھقانلار قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغاچقا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ ئىشلار دېھقانلارنى كۈرەش يولىغا باشلىدى. 1786 - يىلى شايس قوزغىلىڭى پارتلىدى.

قوزغىلاڭ ماساچۇستېس ئىشتاتىدا دانىيېل شايس ۋە لۇك دايگىنىڭ باشچىلىقىدا پارتلىدى. شايس مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان كونا ئەسكەر ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، نامراتلىقىدىن،

ھەتتا رافايېتتى سوۋغا قىلغان قىلىچنىمۇ سېتىۋېتىپ پۇلغا ئاشلىق سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. دايىگىمۇ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئەسكەر، ئۇستا ناتىق ئىدى. 1786 ـ يىلى كۈزدە بۇ ئىككىيلەن كونكورد دېگەن جايدا بىر تۈركۈم قوراللىق دېھقانلارنى يىغىپ، بوستونغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. ھۆكۈمەت دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇردى. بىر قېتىملىق جەڭدە شايىسنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ماسساچۇستېس ئىشتاتىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما، بۇ ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىق ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھەركىتى قايتىدىن جانلىنىپ، كۆلىمى بارغانسېرى زورىيىپ، ئادىمى 15 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بارغانسېرى زورىيىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى قاتتىق چۆچۈتتى، ئۇلار بارلىق ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى توپلاپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇلار ئانناپولىستا جىددىي يىغىن ئېچىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش چارىسىنى مەسلىھەتلەشتى. سودىگەرلەر، بانكىرلار، ئېكىنزار غوجايىنلىرى ۋە سانائەتچىلەر قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا راسخوت تەييارلاش ئۈچۈن بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلدى. يىغىن ھەرقايسى ئىشتاتلاردىن ياللانما قوشۇن يۆتكەپ كېلىشنى قارار قىلدى. 1787 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شايىسنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى سىپرىنگفىيىلدىدا قورال ـ ياراغ زاۋۇتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ياردەمچى قوشۇن يۆتكەشكە ۋاقىت چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن شايىس بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر غەلىبىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا قاراپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيدىكەن، دەپ ئويلاپ ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندە، ھۆكۈمەت سۆھبەتنى دەرھال توختىتىپ،

ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، قوزغىلاڭچى قوشۇن ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئەسلىدە ھۆكۈمەت بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلاشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ھۆكۈمەت ئارمىيەسىدىكى ئەسكەرلەر بۇنداق قىلىشنى رەت قىلدى، چۈنكى ئۇلار قوزغىلاڭچىلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئاخىرىدا، شايىس قاتارلىق كىشىلەر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار قايتىدىن قوشۇن توپلاپ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇن زور تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئۇلارغا ئەگەشتى، شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەيۋەتلىك قوزغىلاڭ مانا مۇشۇنداق مەغلۇپ بولدى.

بۇ قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار ئىدى: بىرىنچى، شەھەرلەردىكى ھۈنەرۋەنلەر بىلەن يېزىلاردىكى دېھقانلار ئارىسىدا ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلمىدى. مەسىلەن، بوستوندىكى ئىشچىلار شايىس قوزغىلىڭىغا قارشى تۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى توپىلاڭچىلار دەپ ئەيىبلىدى، ھەتتا ئىشتات باشلىقىنى ئۇلارنى قاتتىق جازالاشقا ئۈندىدى. ئىككىنچىدىن، دۈشمەننىڭ كۈچى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. چوڭ بۇرژۇئازىيە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار ئالدىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىۋالدى. ئۇلار 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ ھۆكۈمەتنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشىنى قوللىدى. سىۋان ۋە خىنگگېنسونغا ئوخشاش بەزى بايلار، ھەتتا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا شەخسەن ئۆزلىرى قاتناشتى.

ھۆكۈمرانلار سىنىپى قوزغىلاڭنى ئاخىر باستۇردى، ئەمما ئۇلار خەلق ھەرىكىتىدىن ئۇزاققىچە خۇدۇكسىرەپ يۈردى. ئۇلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىپ كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق خەلق ھەرىكىتىنى چەكلەش ۋە باستۇرۇشنى

ئۈمىد قىلدى. شۇڭا، ئۇلار قوشما ئىشتاتلار نىزامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قايتىدىن يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى.

## 2. 1787 ـ يىلدىكى قوشما ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇنى

ئامېرىكا چوڭ بۇرژۇئازىيەسى ئەسلىدىنلا قوشما ئىشتاتلار نىزامىدىن رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەت ئاپپاراتىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپنى مۇنداق بىرقانچە گۇرۇھ ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، چوڭ قەرزدارلار... چوڭ قۇرۇقلۇق كېڭىشى كۆپ مىقداردا زايوم تارقاتقان بولۇپ، بۇ زايوملارنى ئاساسەن چوڭ بۇرژۇئازلار سېتىۋالغانىدى. زايوم سېتىۋالغانلار ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن پۇلنى قايتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، شۇ چاغدىكى قوشما ئىشتاتلار نىزامى بويىچە، قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا باج ئېلىش ھوقۇقى يوق بولۇپ، بۇ ھوقۇق ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ قولىدا ئىدى، بۇنىڭ بىلەن زايوملارنى قايتۇرۇش چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، زايوم سېتىۋالغانلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى، بولۇپمۇ باج ئېلىش ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى.

ئىككىنچى، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە تاۋارلىرى ئامېرىكا بازارلىرىغا خۇددى كەلكۈندەك ئېقىپ كىرىپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە راۋاجلانغان ئامېرىكا سانائەت كارخانىلىرىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. بۇنى قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتىنىڭ قوغداش تاموژنا بېجى ئېلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇڭا، كارخانا خوجايىنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان كارخانىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى.

ئۈچىنچى، چېچىلاڭغۇ دۆلەت تەشكىلىمۇ ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بەكلا زىيان يەتكۈزدى. ئىچكى

سودىدا هەرقايسى ئىشتاتلار ئۆزلىرى پۇل تارقاتقاچقا، پۇل بىرلىككە كەلمىدى، تېخى ساختا پۇل پەيدا بولدى. بۇلار هەرقايسى ئىشتاتلار ئارىسىدىكى سودىغا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا هەرقايسى ئىشتاتلار ئۆز ئالدىغا تاموژنا بېجى تەسىس قىلىپ، قوشنا ئىشتاتلاردىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلاردىنمۇ تاموژنا بېجى ئالدى، بۇ، ئىشتاتلار ئارىسىدىكى سودىغا توسقۇنلۇق قىلدى. تاشقى سودىدا، قوشما ئىشتاتلار پارلامېنتى چەت ئەللەر بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالاش هوقۇقى بولمىغاچقا، سودىگەرلەرنىڭ چەت ئەللەردىكى مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئامالسىز قالدى، هەتتا سودىغا ئەڭ ماهىر يېڭى ئېنگىلاند سودىگەرلىرىمۇ ئەنگلىيە پورتلىرىدا كەمسىتىشكە، هاقارەتكە ئۇچرىدى. شۇڭا، سودىگەرلەرمۇ مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ هوقۇقىنى كۈچەيتىدىغان يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

تۆتىنچى، ئامېرىكىدىكى قەرز ئىگىلىرىمۇ (كۆپىنچە بۇرژۇئازلار) ئامېرىكا دۆلەت تەشكىلىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. شۇ چاغدا بەزى ئىشتاتلار كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل تارقاتقانلىقتىن، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كېتىپ، قەرز ئىگىلىرى نۇرغۇن زىيان تارتقانىدى، ئەمما مەركىزىي هۆكۈمەت هەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى چەكلىيەلمەيتتى.

بەشىنچى، قولىدا يەر بىلىتى بار ئوفىتسېرلار بىلەن هايانكەش سودىگەرلەر غەربىي قىسىمغا بېرىپ يەر ئىگىلىگەندە دائىم ئەتراپتىكى ئىندىيانلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردى، شۇڭا ئۇلارمۇ بىر كۈچلۈك مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئالتىنچى، ئۇرۇش مەزگىلىدە هەرقايسى ئىشتاتلار چىقارغان ئىشتات ئاساسىي قانۇنىنىڭ كۆپىنچىسىگە دېگۈدەك «هوقۇق قانۇن لايىهەسى» كىرگۈزۈلۈپ، خەلقنىڭ ئاساسىي هوقۇقى

كاپالەتلەندۇرۇلگەن، بولۇپمۇ پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ دېموكراتىيە تۈسى تېخىمۇ قويۇق بولغانىدى. بۇ، ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى، شۇڭا ئۇلار مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن ئىشتاتلاردىكى خەلق قولغا كەلتۈرگەن دېموكراتىك ھوقۇقلارنى چەكلىگىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

ئەمما، 1786 — 1787 - يىللىدىكى شايىس قوزغىلىڭىغىچە ھەممىلا ھۆكۈمران گۇرۇھلار مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىپ كەتمىگەنىدى. شۇ چاغدا جەنۇبتىكى ئېكىنزار غوجايىنلىرى ئەنگلىيەنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا موھتاج بولۇپ، ئەركىن سودىنى قوللاپ، سودىنى قوغداش سىياسىتىگە قارشى تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار قۇدرەتلىك مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىمالدىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. كىچىك ئىشتاتلاردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارمۇ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى قوللاپ كەتمەيتتى.

ئەمما، شايىس قوزغىلىڭى ئۇچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك بارلىق ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇلار قوشما ئىشتاتلار تىزىمىغا ئاساسەن قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ بەكمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ۋە ئەزگۈچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى، پەقەت كۈچلۈك مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدىغانلىقىنى بىردەك ھېس قىلدى. شۇڭا، جەنۇبتىكى ئېكىنزار غوجايىنلىرى ۋە كىچىك ئىشتاتلاردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار بۇرۇنقى ئەندىشىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، قوشما ئىشتاتلار تىزىمىنى بىكار قىلىپ، يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىشنى قوللىدى.

1787 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يەنى شايىس

قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا فىلادېلفىيە شەھىرىدە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىلىپ 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشتى. يىغىنغا 55 ئادەم قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 40 نەپەر زايوم ئىگىسى، 14 نەپەر يەر سودىگىرى، 24 نەپەر قەرز ئىگىسى، 15 نەپەر قۇلدار، 11 نەپەر سودا ـ سانائەتچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خامىلتون باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپلەر بولۇپ، دېموكراتىزمچىلاردىن فىرانكلىن بىلەن رودېر مارتىن ئىككىسىلا بار ئىدى.

يىغىندا بەزى ئۇششاق مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما چوڭ مەسىلىلەردە كۆپىنچەيلەننىڭ پىكرى بىردەك بولدى: بىرىنچى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە پوزىتسىيە بىردەك بولدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر زايومنى قايتۇرۇشقا كۈچى يېتىدىغان، خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكنى ئۈنۈملۈك قوغدىيالايدىغان، نۆۋەتتىكى جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداپ خەلق قوزغىلاڭلىرىنى چەكلىيەلەيدىغان ۋە باستۇرالايدىغان، باجنى ھەمدە ئىچكى ـ تاشقى سودىنى تەڭشىيەلەيدىغان قۇدرەتلىك مەركىزىي ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك، دەپ قارىدى. ئىككىنچى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر خەلققە، دېموكراتىيەگە قارشى تۇرۇشتا بىردەك پوزىتسىيەدە بولۇپ، دېموكراتىيە بىر خىل خەتەرلىك نەرسە، ئۇنى ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق چوقۇم چەكلەش كېرەك، دەپ قارىدى. ۋەكىل جېررى، ھەتتا دۆلەت دۇچار بولغان بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى «چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيە»دىن كەلگەن، دېدى. ۋەكىل لانداۋمۇ: ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ مەنبەسى «دەل دېموكراتىيە» دېدى. بەزى ۋەكىللەر سۆزلىرىدە خەلققە بولغان ئۆچمەنلىكىنى روشەن ئىپادىلىدى. ۋەكىل خامىلتون: «ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئاز سانلىق كىشىلەر توپى ۋە كۆپ سانلىق كىشىلەر توپى بولىدۇ. ئاز سانلىقلار بايلار ۋە

مەشھۇر ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلار، كۆپ سانلىقلار كەڭ خەلق، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ» دېدى. ئاز ساندىكى ۋەكىللەر، ھەتتا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ۋەكىل دىككىنسون: «ھوقۇقى چەكلىك پادىشاھلىق ھۆكۈمەت دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەزەلدىن ھېچقانداق جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئوخشاش پايدىلىق بولغان ئەمەس» دېدى. بۇلار نەزەرىنى ۋاشىنگتونغا تىكىپ، ئۇنى ئامېرىكا پادىشاھى قىلىپ سايلىماقچى بولدى. ئەمما، ۋاشىنگتون بۇنى رەت قىلىپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەت قۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى، ئۇ ئەنگلىيە پادىشاھلىقىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇزاق ۋاقىت رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈمگە چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ يىراقنى كۆرەر بولۇپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئومۇمەن ۋاشىنگتوننىڭ پادىشاھلىق تەختىنى رەت قىلىشى ئۇنىڭ ئۇلۇغ سىياسىيونغا خاس سالاپىتىنى ئىپادىلەپ بەردى.

بىرقانچە ئايلىق مۇھاكىمە نەتىجىسىدە، يېڭى بىر ئاساسىي قانۇن — قوشما ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇنى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

بىرىنچى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى (مەركىزىي ھۆكۈمەت)نىڭ ھوقۇقى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە باج ئېلىش، ئەسكەر ئېلىش، پۇل تارقىتىش، ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بېكىتىش، سودا ـ سانائەت سىياسىتىنى بەلگىلەش، ھەربىي ئىشلار، تاشقى ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش، پوچتا، تاشقى سودىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى

بېرىلدى، يەنە دۆلەت پارلامېنتى زايوم قايتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەندى. ئەمما، بۇ قانۇن يەنىلا ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئاساسىي قانۇن ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى ئىشتاتلار يەنىلا خېلى زور مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، بۇ قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى ئىشتاتلار ھۆكۈمەتلىرىگە قالدۇرۇلغانىدى. مەسىلەن، زاۋۇت ۋە ئىشچىلارغا ئائىت قانۇنلارنى تۈزۈش، شىركەتلەرگە ئىجازەتنامە تارقىتىش، دىنىي تەشكىلاتلارنى نازارەت قىلىش، سەھىيە، بىخەتەرلىك ۋە پاراۋانلىق تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش قاتارلىقلار يەنىلا ھەرقايسى ئىشتاتلار ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە بولدى.

ئىككىنچى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، زۇڭتۇڭ دۆلەت باشلىقى بولىدۇ، ئۇنى خەلق ۋاستىلىك سايلاپ چىقىدۇ، يەنى ھەرقايسى ئىشتاتلار پارلامېنتى نامزات كۆرسىتىپ، نامزاتلار ئىچىدىن زۇڭتۇڭ سايلاپ چىقىلىدۇ. زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۆت يىل بولىدۇ، ئۇ قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا، يەنى مەمۇرىي ھوقۇققا، قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئارمىيەنىڭ ئەڭ ئالىي باش قوماندانى بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆز ئالدىغا ھوقۇق يۈرگۈزسە بولىدۇ، زۇڭتۇڭ ۋە زۇڭتۇڭ تەيىنلىگەن ئىچكى كابىنېت مىنىستىرى (دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى) پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولمايدۇ، پارلامېنتنىڭ ئىشەنمەسلىكى بىلەن زۇڭتۇڭ ۋە ئىچكى كابىنېتتىكىلەر ئىستېپا بەرمەيدۇ، زۇڭتۇڭنىڭ پارلامېنت ماقۇللىغان قانۇنلارنى ئىنكار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، پەقەت پارلامېنتتىكى ئىككى پالاتادىكىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قايتىدىن ماقۇللىسىلا زۇڭتۇڭنىڭ ئىنكار قىلىش قارارى ئاندىن كۈچىدىن قالىدۇ. زۇڭتۇڭنىڭ خەلقئارا شەرتنامە ئىمزالاش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەمما، ئىمزالانغان شەرتنامە كېڭەش پالاتاسىدىكىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ ماقۇللۇقىدىن

ئۆتۈشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. روشەنكى، بۇ ئاساسىي قانۇندا زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقى خېلىلا كۈچەيتىلگەن بولۇپ، ئۇ مەمۇرىي، ھەربىي ھوقۇقنى ۋە بىر قىسىم قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئىگىلىگەنىدى. شۇڭا، جېففېرسوننىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇق تۈزۈمىنى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ «يېڭى نۇسخىسى» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشتە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك باستۇرۇش ۋە ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئاساسىي قانۇندا يەنە زۇڭتۇڭ ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، قوشۇن ئەۋەتىپ ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى توپىلاڭنى باستۇرسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ئۈچىنچى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، پارلامېنت كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسىدىن تەركىب تاپىدۇ، كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنى ھەرقايسى ئىشتاتلار سايلاپ چىقىدۇ، ھەربىر ئىشتات ئىككىدىن ئەزا ئەۋەتىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئالتە يىل بولىدۇ، ھەر ئىككى يىلدا ئۈچتىن بىر قىسىم كېڭەش پالاتا ئەزاسى قايتا سايلىنىدۇ. ئاۋام پالاتا ئەزالىرىنى خەلق بىۋاستە سايلاپ چىقىدۇ، ھەربىر ئىشتاتنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزالىرىنىڭ سانى شۇ ئىشتاتتىكى نوپۇس سانى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ، چىقىرىلغان قانۇنلار ئىككى پالاتا ماقۇللىسا ھەم زۇڭتۇڭ تەستىقلىسا كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئەمما بارلىق باج قانۇنلىرىنى ئاۋام پالاتاسى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پارلامېنتنىڭ خەلقتىن بىۋاستە باج ئېلىش، تاموژنا بېجى ئېلىش ۋە دۆلەت ئىچىدە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار بېجى ئېلىش ھوقۇقى بولىدۇ (بۇ زايوم سېتىۋالغانلارغا ناھايىتى پايدىلىق ئىدى)، ئىچكى ـ تاشقى سودىنى تەڭشەش ھوقۇقى بولىدۇ (بۇ ئىشتاتلار ئارىسىدىكى تاموژنا بېجىنى بىكار قىلىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك بازار شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى)، يەنە چەكسىز ئەسكەر قوبۇل قىلىش ھوقۇقى، شۇنداقلا

جىددىي پەيتلەردە ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ (بۇنداقتا، ھەرقانداق جايدىكى خەلق قوزغىلىڭنى باستۇرغىلى بولاتتى) دەپ بەلگىلەندى.

تۆتىنچى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، ئاۋام پالاتا ئەزالىرى سايلىنىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلماي، بۇ ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇلدى، ئەمەلىيەتتە، ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە بار ئىدى. ئەمما، يېڭى ئاساسىي قانۇندا ھەرقانداق قوشما ئىشتات ئەمەلدارلىرىغا مال ـ مۈلۈك ئۆلچىمى قويۇلمىدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدا ۋەكىل پىنسكېنى زۇڭتۇڭنىڭ مال ـ مۈلۈك ئۆلچىمى ئەڭ ئاز بولغاندا 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، قوشما ئىشتات سودىيەلىرى، ئاۋام پالاتا ئەزالىرى، كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك ئۆلچىمى ئەڭ ئاز بولغاندا 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا فىرانكلىننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، فىرانكلىن «ئاددىي خەلقنى كەمسىتىدىغان» ھەرقانداق خاھىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇنىڭ بىلەن قوشما ئىشتات ئەمەلدارلىرىغا مال ـ مۈلۈك ئۆلچىمى قويۇش ئىشقا ئاشمىدى.

بەشىنچى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، ئالىي سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىش، سودىيەنى زۇڭتۇڭ ئۆزى تەيىنلەش ھەم كېڭەش پالاتاسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش، ئۇ ئۆمۈرۋايەت ۋەزىپە ئۆتەش بەلگىلەندى. ئالىي سوت مەھكىمىسى بارلىق قانۇنلار ۋە شەرتنامىلەرگە ئىزاھات بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولۇپ، مەلۇم قانۇن ئاساسىي قانۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، بۇ قانۇننىڭ

---

① ئەمەلىيەتتە، قوشما ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇنىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بۇنداق ھوقۇقتا ئىگە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان، پەقەت 1803 ـ يىلى (شۇ ۋاقىتتا مارشال ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سودىيەسى ئىدى)دىن كېيىن، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئاندىن بۇ ھوقۇقنى قولغا ئالغان.

كۆچىدىن قالغانلىقىنى جاكارلىيالايتتى[1]. بۇنىڭ بىلەن ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمىران سىنىپلارغا پايدىسىز بارلىق قانۇنلارنى بىكار قىلىپ، ئامېرىكا تارىخىدا تولىمۇ ئەكسىيەتچىل رول ئوينىدى.

ئالتىنچى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش پرىنسىپى باشتىن - ئاياغ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇننى بېكىتكەن مۇتەئەسسىپلەر ھۆكۈمەت ئورگىنىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى. ئۇلار ھۆكۈمەت ئورگىنىدا پەقەت ئاۋام پالاتا ئەزالىرىنىلا ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى خەلق بىۋاستە سايلاپ چىقىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاۋام پالاتاغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايتتى. شۇڭا، ئاۋام پالاتىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش ئۈچۈن چوقۇم كېڭەش پالاتاسى تەسىس قىلىش كېرەك، بۇنداق بولغاندا، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان تەسىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنى ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى قانۇن چىقىرىش كېڭىشى سايلاپ چىقىقاچقا، ئۇلار خەلق ئاممىسىدىن يىراق تۇراتتى. مادىسون كېڭەش پالاتاسىنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەتنى قىلچە يوشۇرماي، «كېڭەش پالاتاسىنى تەسىس قىلىش مال - مۈلكنى قوغداپ ئاۋامدىن مۇداپىئەلىنىش، ئاز ساندىكى بايلارنى قوغداپ كۆپ ساندىكى پۇقراغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈندۇر» دېدى. ئەمما، مۇتەئەسسىپلەر يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، خەلقنىڭ پارلامېنتقا تەسىر كۆرسىتىشىدىن قورقۇپ، زۇڭتۇڭنىڭ پارلامېنتنى چەكلەش ھوقۇقى بارلىقىنى، يەنى زۇڭتۇڭنىڭ پارلامېنت چىقارغان قانۇنلارنى ئىنكار قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى بېكىتتى. ئۇلار يەنە پارلامېنت ۋە زۇڭتۇڭدىنمۇ خاتىرجەم بولالماي، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشىدىن قورقۇپ، پارلامېنت ۋە زۇڭتۇڭنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش ئۈچۈن

ئالىي سوت مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى.

ئەمما، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش پىرىنسىپىنىڭ ئىجابىي تەرىپى بار ئىدى. بۇ پىرىنسىپ بويىچە، قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ھەرقانداق بىر ئورگاننىڭ ھاكىممۇتلەق بولۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، زۇڭتۇڭ پارلامېنتنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلىيەلەيتتى، ئالىي سوت مەھكىمىسى پارلامېنت بىلەن زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىيەلەيتتى، ئەكسىچە، پارلامېنتمۇ زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىيەلەيتتى. كېڭەش پالاتاسى، ھەتتا زۇڭتۇڭنى ئەيىبلەش ۋە سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. زۇڭتۇڭ ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيەسىنى بېكىتىش ھوقۇقىمۇ سودىيەلەرنى چەكلەش رولىنى ئوينايتتى. ئۈچ ئورگاننىڭ بۇنداق بىر ـ بىرىنى چەكلەپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى، مۇستەبىتلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىيەسىگە مەلۇم دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلاتتى. ئامېرىكا دۆلىتى قۇرۇلغان 200 نەچچە يىل جەريانىدا ئەزەلدىن ھېچقانداق ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي داۋالغۇشنىڭ يۈز بەرمەسلىكى دەل ئاساسىي قانۇندا ئىزچىللاشقان ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش پىرىنسىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

يەتتىنچى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېيىلمىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ قانۇن چوڭ بۇرژۇئازلار بىلەن ئېكىسپلاتاتور غوجايىنلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

ئەمما، بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ ئىلغار تەرىپىمۇ بار ئىدى: بىرىنچىدىن، ئۇ ئامېرىكىنى بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە ئايلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىككىنچىدىن، ئۇ

www.uyghurkitap.com

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى، بۇ تۈزۈم پادىشاھلىق تۈزۈمگە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئىلغار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيادا پادىشاھلىق تۈزۈم دەۋر سۈرۈۋاتقان ئامېرىكىدىلا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇنىنى بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت، ئىنسانىيەتكە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلار ئاساسىي قانۇنى دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى يازما ئاساسىي قانۇن بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن چىقىرىشىدىكى مۇھىم ئۆرنەك بولۇپ قالدى.

بۇ يېڭى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ دېموكراتىزمچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇلار بۇ قانۇن خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى بوغىدۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بەك چوڭ ھوقۇق بېرىۋەتتى، «ھۆكۈمرانلىقى ئاجىز ھۆكۈمەت ئەڭ ياخشى ھۆكۈمەت» دېگەن پىرىنسىپقا خىلاپلىق قىلدى، دەپ قارىدى. جورجى مازون: يېڭى ئاساسىي قانۇن بىر كېرەكسىز نەرسە، بۇ قانۇنغا ئاساسەن زۇڭتۇڭ «بىر سەكرەپلا ئامېرىكا پادىشاھى بولۇۋالىدۇ» دېدى.

گەرچە خەلق ئاممىسى قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ھەرقايسى ئىشتاتلار يەنىلا ئۇنى تەستىقلىدى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەر سەۋەب بولدى: بىرىنچىدىن، ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلىدىغان مۇتەئەسسىپلەر زور كۈچ بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خامىلتون قاتارلىق كىشىلەر يازغان بىر يۈرۈش ماقالىلەر نيۇيوركتا چىقىدىغان بىر گېزىتتە ئۇلاپ بېسىلدى، كېيىن بۇ ماقالىلەر «قوشما ئىشتاتچىلار» دېگەن نامدا كىتابچە قىلىپ بېسىلدى، بۇ

ماقالىلەرنىڭ تەشۋىقات رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. يەنە كېلىپ ئامما ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە ۋاشىنگتون بىلەن جېففېرسونمۇ يېڭى ئاساسىي قانۇننى قوۋۋەتلىدى، بۇمۇ ئامما ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئىككىنچىدىن، ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلىدىغانلار ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ ئاساسىي قانۇننى تەستىقلايدىغان ۋەكىللىرىگە پارا بېرىش، قورقۇتۇش ۋاستىلىرىنى قوللاندى، بۇنىڭ رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۈچىنچىدىن، ماسساچۇستېس ئىشتاتىدىكى مۇتەئەسسىپلەر ئاساسىي قانۇنغا قارشى تۇرغان دېموكراتىزمچىلارغا يول قويۇپ، خەلقنىڭ بىر قاتار دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇن تەستىقلانسىلا ئۇنىڭغا قوشۇمچە ماددىلارنى قوشۇشقا، يەنى «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى»نى تۈزۈتۈش لايىھەسى سۈپىتىدە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈشكە ۋەدە بەردى. ماسساچۇستېس ئىشتاتى، مارىلاند ئىشتاتى ۋە ۋېرگىنىيە ئىشتاتىدا ئاساسىي قانۇن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ يول قويۇشى بىلەن تەستىقلاندى.

ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن، پارلامېنت 1790 ـ يىلى ئون ماددىلىق تۈزىتىش لايىھەسىنى ماقۇللىدى، بۇ لايىھەدە پىكىر ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى، يىغىلىش ئەركىنلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە زاسېداتېللىق تۈزۈمى قاتارلىقلار بەلگىلەندى.

*　　*　　*

شىمالىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بىر ئۇلۇغ تارىخىي ۋەقە. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئۇ بىر قېتىملىق مىللىي

① لېنىن: «ئامېرىكا ئىشچىلىرىغا خەت»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 586 ـ بەت.

ئازادلىق ئۇرۇشى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇرۇش ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئامېرىكا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچتى. شۇڭا، لېنىن «ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى مەدەنىي تارىخى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ، ھەقىقىي ئازادلىق ئېلىپ كەلگەن ئىنقىلابىي ئۇرۇشتىن باشلانغان»① دەپ كۆرسەتتى.

بۇ ئىنقىلابقا مۇستەملىكە رايونىدىكى بۇرژۇئازىيە بىلەن قۇلدارلار رەھبەرلىك قىلدى، ئەمما ئىنقىلابنىڭ جەڭگىۋار كۈچى ئاددىي ئەمگەكچى خەلق — دېھقانلار، ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە نېگىرلار بولدى. خەلق ئاممىسى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشقانلىقتىن، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇ ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى زور بولدى. بىرىنچىدىن، مۇستەقىللىق قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن شىمالىي ئامېرىكا خەلقى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن داغدام يول ئاچتى. ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا خەلقى بىر جۇمھۇرىيەتنى بەرپا قىلىپلا قالماي، بەلكى يېڭى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنى بىر قاتار دېموكراتىك ھوقۇقلارنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە، يېرىم فېئوداللىق ئىجارە تۈزۈمى ۋە چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مەلۇم دەرىجىدە پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسىمدىكى ئىشتاتلاردىكى قۇللۇق تۈزۈم يوقىتىلىپ، غەربىي شىمال قىسىمدىكى قۇللۇق تۈزۈم چەكلىنىپ، فېئودالىزمنىڭ قالدۇقى — چوڭ ئوغۇل مىراسخور بولۇش تۈزۈمى ۋە مىراسخورلارغا چەك قويۇش قانۇنى بىكار قىلىندى.

ئەمما، بۇ دېموكراتىزم نەتىجىلىرى ئامېرىكا خەلقىنىڭ تەلىپىدىن يىراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشقا دېموكراتىك ئىسلاھاتلار

خۇسۇسىدىكى بىر قاتار تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلەندى. بۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلەندى: بىرىنچى، ئىنقىلاب ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، نامراتلارنىڭ سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار مۈلۈكدارلار سىنىپى بىلەنلا چەكلەندى. ئىككىنچى، جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇللۇق تۈزۈم ساقلىنىپ قېلىپ، نېگىر قۇللار داۋاملىق ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. ئۈچىنچى، يېرىم فېئوداللىق ئىجارە تۈزۈمى ۋە چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى گەرچە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسمى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. تۆتىنچى، غەربىي قىسىمدىكى يەر مەسىلىسى دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىنمىدى.

بۇ دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ئورۇنلانمىغانلىقتىن، بۇ قېتىملىق ئىنقىلاب ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىدى، بۇ ئىنقىلاب بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئەمەس، پەقەتلا بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى.

بۇ ئىنقىلابنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىسى شۇكى، جەنۇبىي قىسىمدىكى قۇللۇق تۈزۈم ساقلىنىپ قالدى، يەنە كېلىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تېخىمۇ كېڭىيىشكە يۈزلەندى. بۇ، 2 ـ قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى — ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇ قېتىملىق ئىنقىلاب گەرچە ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئامېرىكا تارىخىدا شانلىق ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى قالدۇردى. خەلقنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى جەريانىدا ئەنگلىيە قوشۇنى بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلىشى ھەم دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئازادلىق ۋە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىدا مەڭگۈلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى

بۇرژۇئازلار بىلەن يېڭى ئاقسۆڭەكلەر ئىتتىپاق تۈزگەن، دىنىي تونىغا ئورالغان، بۇرژۇئازلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سۈلھىلىشىشى بىلەن ئاياغلاشقان ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا ئوخشىمايدىغىنى، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدا بۇرژۇئازلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئىتتىپاق تۈزۈپ، بۇرژۇئازلار دىنىي تونىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كۈرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئاقسۆڭەكلەرنى يوقىتىپ، تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

## 1 ـ بۆلۈم ئىنقىلابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشى

### 1. ئىنقىلابتىن ئىلگىرى فىرانسىيە جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى

ئىنقىلابتىن بۇرۇن فىرانسىيە يەنىلا بىر فېئوداللىق يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئىدى. ئەمما، 18 ـ ئەسىردە فىرانسىيە فېئوداللىق جەمئىيىتىدە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەت خېلىلا تەرەققىي قىلدى. كاپىتالىستىك خاراكتېرنى ئالغان قول سانائەت

ئىشخانىلىرى تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى. مۇشۇ ئاساستا، بىرقانچە سانائەت تارماقلىرىدا ماشىنا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بەزى فىرانسىيەلىكلەر، ھەتتا ئۆزلىرى ماشىنا كەشىپ قىلدى.

سانائەتنىڭ تەرەققىياتى سودىنى گۈللەندۈردى. تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 1716 ـ يىلى 214 مىليون 900 مىڭ لىفىر بولغان بولسا، 1788 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليارد 153 مىليون 500 مىڭ لىفىرغا يەتتى. سودا راۋاجلانغانلىقتىن فىرانسىيە شۇ چاغدا پۈتۈن ياۋروپادىكى پۇلنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولدى. سودىنىڭ راۋاجلىنىشى فىرانسىيە پايتەختى پارىژنى 550 مىڭ ئاھالىسى بار چوڭ شەھەرگە ئايلاندۇردى.

ئەمما، كونسېرى راۋاجلىنىۋاتقان كاپىتالىستىك مۇناسىۋەت كونا فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئۈستىقۇرۇلمىسىنىڭ ئېغىر توسالغۇسىغا ئۇچرىدى.

سانائەتتە فېئوداللىق كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ تۈزۈم بويىچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرىدىكى ھۈنەرۋەنلەر ۋە شاگىرتلارنىڭ سانىغا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە مەلۇم چەك قويۇلاتتى. بۇ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرىنىڭ قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا كېڭىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەبىت ھۆكۈمەت كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ ھۈنەرۋەنلەردىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۇ تۈزۈمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، مەسىلەن، ھۈنەرۋەنلەر بىلەن شاگىرتلار دەرىجىسى ئۆسكەندە ھۆكۈمەتكە باج تۆلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لۇئى XIV دەۋرىدە ئېلان قىلىنغان سانائەت نىزامى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدى. نازارەتچى ئامەلدارلار بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مەھسۇلاتلارنى لاياقەتسىز دەپ مۇسادىرە قىلاتتى، كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى ياكى جەرىمانە قوياتتى. بۇلارمۇ سانائەت تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشى، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. يەنە فېئوداللىق بۆلۈنمىچىلىكنىڭ

قالدۇقى سۇپىتىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تاۋار بېجى ئالىدىغان نۇرغۇن چارىلار ساقلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئوخشاش بولمىغان قانۇنلار ۋە ئەدلىيە سىستېمىسى ساقلاندى، ئۆلچەم بىرلىكلىرىمۇ ھەر خىل بولدى. جايلارنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشىمۇ قالايمىقان بولدى. فىرانسىيە ئۆز زېمىنىنى خېلى بۇرۇنلا نۇرغۇن ئۆلكىلەرگە بۆلگەن بولۇپ، كېيىن پۈتۈن مەملىكەتنى يەنە ئەدلىيە رايونى، ھەربىي رايون ۋە باش ۋالىي باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا ئايرىدى. بۇنىڭ بىلەن رايونلارنىڭ ئايرىلىشى بىلەن ئۆلكىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى گىرەلىشىپ كەتتى. بۇلارمۇ كاپىتالىستىك سودا ــ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولدى.

ۋاھالەنكى، يېڭىدىن گۈللەنگەن كاپىتالىستىك ئىگىلىككە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ توسالغۇ يېزا ئىگىلىكىدىكى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىدى. فېئودال پومېشچىكلار دېھقانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېزىپ، دائىم ئاچ ــ يالىڭاچ قالدۇرغانلىقتىن، بۇ، دېھقانلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، فىرانسىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازىرىنى ناھايىتى تارايتىۋەتكەنىدى. شۇڭا، يەر مەسىلىسى فىرانسىيە كاپىتالىستىك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچ ھېسابلىناتتى.

ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن كاپىتالىزم بىلەن كونا فېئوداللىق مۇناسىۋەت ئارىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ئاساسىدا، سىنىپىي زىددىيەتمۇ بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى.

ئىنقىلابتىن بۇرۇن فىرانسىيەدە يەنىلا مۇستەھكەم فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمى ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاھالىلەر ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، روھانىيلار 1 ــ تەبىقە، ئاقسۆڭەكلەر 2 ــ تەبىقە، بۇرژۇئازلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار، پرولېتارلارنىڭ تەكتى بولغان يوقسۇللار ۋە دېھقانلار 3 ــ تەبىقە ئىدى. 1 ــ، 2 ــ تەبىقە ئالاھىدە ئىمتىيازلىق تەبىقە بولۇپ،

فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى ھېسابلىناتتى. 3 ـ تەبىقە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ بولۇپ، ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇراتتى.

1 ـ تەبىقىگە كىرىدىغان روھانىيلار كاتولىك دىنى روھانىيلىرى ئىدى. فىرانسىيەدە كاتولىك دىنى دۆلەت دىنى، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى دۆلەت دىنىي جەمئىيىتى ھېسابلىناتتى. كاتولىك دىنى روھانىيلىرى مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ مەنىۋى قورالى، فېئوداللىزمنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى ئىدى. ئۇلار دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى پادىشاھنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقىغا رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇشقا، ئۆزلىرىنىڭ ئېزىلگۈچىلىك ئورنىغا شۈكرى قىلىشقا ئۈندەيتتى. روھانىيلار نادانلىقنى تەرغىب قىلىپ، ئىلىم ـ پەننى بېسىپ بىلىمنى بوغاتتى، «بىدئەتچىلىك» ئىدىيەسى بار ھەرقانداق ئادەمدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. ۋولتېر غەزەپلەنگەن ھالدا: «بۇلار كىشىلەرنىڭ ھەممە نەرسىسىنى تارتىۋالدى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن بىرەر نۇقسان تېپىپ چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەنىدى.

كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ئۆز ـ ئۆزىدىن چوڭ فېئودال ئىدى. كاتولىك دىنى روھانىيلىرى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 200 دىن بىرىنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ئىگىلىۋالغان يەر پۈتۈن مەملىكەت يېرىنىڭ ئوندىن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. دىنىي جەمئىيەتمۇ ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش دېھقانلاردىن يەر ئىجارىسى ئالغاندىن باشقا يەنە ئۆشرە ئالاتتى، ئۆزلىرى بولسا باجدىن خالاس ئىدى. لېكىن، يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك روھانىيلارنىڭ پەرقى چوڭ ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاقسۆڭەكلەردىن كېلىپ چىققان 143 ئېپىسكوپ بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار ئوردىدا تۇرۇپ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى، تۆۋەن دەرىجىلىك روھانىيلار بولسا يېزىلاردا باستېر، ئورۇنباسار باستېر بولاتتى، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى

ئاددىي پۇقرالاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەمىلىيەتتە تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلاردىن نارازى بولۇپ، 3 ـ تەبىقىدىكىلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى.

2 ـ تەبىقىگە كىرىدىغان ئاقسۆڭەكلەر «قىلىچلىق ئاقسۆڭەكلەر» ۋە «پەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر» دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنەتتى. «قىلىچلىق ئاقسۆڭەكلەر»ئىچىدە چوڭ ئاقسۆڭەكلەردىن 4000ى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، ۋېرسالدا تۇرۇپ، يىللىق مائاشىغا تايىنىپ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار ئۆز ئىمتىيازىغا تايىنىپ ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي قوشۇندىكى مۇھىم ئەمەللەرنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق پەيتۇنلاردا ئولتۇراتتى، ھەتتا مالاي ـ دېدەكلىرىنىمۇ ئېسىل كىيىندۇرەتتى. ئۇلار كۈنبويى ئوۋ ئوۋلاش، زىياپەت ئۆتكۈزۈش، تىياتىر كۆرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى.

«قىلىچلىق ئاقسۆڭەكلەر» ئىچىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك ئاقسۆڭەكلەر يىل بويى يېزىلاردا تۇرۇپ، دېھقانلارنى شىلىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى چوڭ ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ئۇنداق ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ئاچ كۆز، ياۋۇز بولۇپ، دېھقانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېزەتتى.

«پەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەر» ئاساسەن بۇرژۇئازلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار بۇ مەرتىۋىنى سېتىۋالاتتى. فرانسىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سودىيەلىكىنى مۇشۇ ئاقسۆڭەكلەر ئىگىلىگەن بولۇپ، مەرتىۋىسى بالىلىرىغا مىراس قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئورغۇنلىرى دەۋا قىلغىلى كەلگەنلەردىن پارا ئېلىپ، پۇلىغا زېمىن سېتىۋالاتتى. پارىژ سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيەسىنىڭ كىرىمى چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كىرىمى بىلەن تەڭلىشەتتى. ئۇلار ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىش ھوقۇقى بولمىغاچقا بۇنىڭدىن نارازى ئىدى. پادىشاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى پارىژ ئالىي سوت مەھكىمىسى رويخەتكە ئالغاندىن

كېيىن ئاندىن كۆچكە ئىگە بولىدىغان بولغاچقا، پارىژدىكى سودىيەلەر دائىم رويخەتكە ئېلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پادىشاھ ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشاتتى①.

3 ـ تەبىقىگە كىرىدىغان بۇرژۇئازىلار زور مالىيە كۈچىگە ۋە بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولغاچقا، 3 ـ تەبىقىدىكى رەھبىرىي سىنىپ بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنى ناھايىتى تۆۋەن، مال ـ مۈلكى دائىم پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ماددىي مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. چوڭ ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھنىڭ ھىمايىسىدە ھەر خىل ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمان بولۇپ، دۆلەتنىڭ زور مىقداردىكى پۇل ـ مېلىنى بۇزۇپ ـ چاچاتتى، دۆلەت بۇ ئېغىر مالىيە يۈكىنى 3 ـ تەبىقىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويغانىدى. بۇلار بۇرژۇئازىلارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇراتتى.

بۇرژۇئازىلارمۇ چوڭ بۇرژۇئازىلار ۋە ئوتتۇرا، كىچىك بۇرژۇئازىلارغا بۆلۈنەتتى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى.

چوڭ بۇرژۇئازىلار باج ھۆددىگەرلىرى، قورال ـ ياراغ سودىگەرلىرى، دۆلەت ئالاھىدە ئىجازەت بەرگەن شىركەتلەرنىڭ مۇھىم پايچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار مۇستەبىت ھۆكۈمەت بىلەن ئىرماش ـ چىرماش مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئەلۋەتتە قارشى تۇراتتى. ئەمما، مەسئۇلىيەتسىز بىيۇروكرات تۈزۈمىنىڭ زىيىنى ۋە مۇستەبىت پادىشاھنىڭ زالىملىقى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە پايدىسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ھەرۋاقىت مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ يۇتۇۋېلىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ

① لۇئى XV تەختتە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سوت مەھكىمىسى بۇ ھوقۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

ئۈستىگە بەزى باج ھۆددىگەرلىرى خېلىلا كۆپ كاپىتالنى سانائەت كارخانىلىرىغا مەبلەغ قىلىپ سالغان بولۇپ، قول سانائەت ئىشخانىلىرى ھەر ۋاقىت كونا تۈزۈمنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئەلۋەتتە كونا تۈزۈمدىن نارازى ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بۇرژۇئازلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەسىنى بەلگىلىگەنىدى. ئۇلار ئىنقىلابقا قارشى تۇراتتى، پەقەت ئىسلاھات ئارقىلىق مۇستەبىت پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ۋە كونا تۈزۈمنىڭ بەزى نۇقسانلىرىنى تۈزىتىشنىلا ئۈمىد قىلاتتى.

ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى، ئوتتۇرا ھال سودىگەرلەر ۋە دېڭىز ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چوڭ بۇرژۇئازلارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئۇلار كونا تۈزۈم بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى. ئۇلار كونا تۈزۈمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى، ھەتتا فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

ئۇششاق بۇرژۇئازلار شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇششاق سودىگەرلەر، كىچىك دۇكان خوجايىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئەمگەككە قاتنىشاتتى ھەم مۇستەقىل تىجارەت قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار چوڭ كاپىتالىستلار بىلەنمۇ، پرولېتارلار بىلەنمۇ كېلىشەلمەيتتى. ئەمما، ئۇلار تەبىقە تۈزۈمى ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل باج - سېلىقلىرىدىن بەكلا قىينالغاچقا، روھانىي ئاقسۆڭەكلەر ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە تېخىمۇ ئۆچ ئىدى.

ئۇششاق بۇرژۇئازلاردىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغىنى پرولېتارلارنىڭ تەكتى بولغان يوقسۇللار، يەنى قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدىكى

ھۈنەرۋەنلەر ۋە شەھەرلەردىكى نامراتلار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ئىشچىلار ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدىكى ھۈنەرۋەنلەر 600 مىڭ كىشىگە يېتەتتى، ئۇلار كاپىتالىستلار ۋە غوجايىنلارنىڭ ئېزىشى تۈپەيلىدىن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. نامراتلار پارىژ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە زور بىر ئىجتىمائىي قاتلامنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلار ئۇششاق ئېلىپ ـ ساتارلار، سەرگەردان سازەندىلەر، مەدىكارلار، ئىشسىزلار، قەلەندەرلەر بولۇپ، چوڭ شەھەرلەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ئىنتايىن ناچار تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇ كەلگۈسى پرولېتارلار گەرچە بايلارغا ئۆچمەنلىك قىلىسمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنىنى بۇرژۇئازىيە ئەمەس بەلكى پادىشاھ ھاكىمىيىتى ۋە تەبىقە تۈزۈمى دەپ تونۇيتتى. چۈنكى، ئۇلار نامراتلىقتىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەمەلدارلار ۋە نازارەتچىلەرنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقىدىن، سىياسىي ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىدىن قىينىلاتتى.

دېھقانلار 3 ـ تەبىقە ئىچىدىكى سانى ئەڭ كۆپ گۇرۇھ ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا يەر يوق بولۇپ، يەرلەر پادىشاھقا، روھانىيلارغا ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە تەۋە ئىدى. ئۇلار ئېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەر ئىگىلىرىگە يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشى، ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنى تاپشۇرۇشى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىنىي جەمئىيەتكە ئۆشرە، پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە تاپاۋەت بېجى (بارلىق كىرىمدىن ئېلىنىدىغان باج)، جان بېجى ۋە يەر بېجى (يىگىرمىدىن بىر ئۈلۈش ئېلىنىدىغان باج) تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

دېھقانلار مانا مۇشۇنداق قاتمۇقات شىلىنىۋېلىش نەتىجىسىدە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتى. بەزىدە بىر يىللىق مەھسۇلاتى يەر ئىجارىسىگە ئاران يېتەتتى. ناۋادا قەھەتچىلىك بولۇپ قالسا، تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ سىرتلارغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ــ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە،

www.uyghurkitap.com

پومېشچىكلار دېھقانلارغا بولغان ئېكسپلاتاتسىيەنى كۈچەيتتى، بۇ دەۋر تارىختا «فېئودال ئەكسىيەتچىلىك دەۋرى» دەپ ئاتالدى. بۇ دەۋردە پومېشچىكلار يەر ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، بەلكى يېزىلاردىكى ھېچكىمگە تەۋە بولمىغان جامائەت يەرلىرىنى، يەنى ئورمانلىق، كۆل، ئوتلاقلارنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى قىلىۋالدى. 1770 ـ يىلدىن 1789 ـ يىلغىچە، نۇرغۇن ئۆلكىلەردىكى پومېشچىكلار جامائەت يەرلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانلارنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋەتتى.

ئىنقىلاب ھارپىسىدا، دېھقانلار باي دېھقانلار ۋە نامرات دېھقانلارغا بۆلۈنۈشكە باشلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا پومېشچىكلارنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچرايتتى.

قىسقىسى، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشتى. گەرچە 3 ـ تەبىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇرژۇئازلار بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەت مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق زىددىيەت يەنىلا 3 ـ تەبىقە بىلەن ئىمتىيازلىق تەبىقە ئارىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، بۇ زىددىيەتنى كېلىشتۈرگىلى بولمايتتى، بۇنى پەقەت ئىنقىلاب ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

## 2. فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ كرىزىسى

1774 ـ يىلى لۇئى XVI تەختكە چىقتى. ئۇ ئۇچىغا چىققان ھاماقەت پادىشاھ بولۇپ، كۈنبويى ئويۇن ـ تاماشا، بەزمە ـ زىياپەت ۋە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن بەند بولۇپ، ھۆكۈمەت يىغىنلىرىدا مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھاماقەتلىكىدىن دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى خانىش مارىي ئانتونېتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەلىكىسى بولۇپ، شاللاق، ئويۇن ـ تاماشىغا

ھېرىسمەن، شۇنداقلا ھوقۇق ئويۇنىتىشقا، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىدى.

لۇئى XVI نىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، فىرانسىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى ئېغىر كرىزىسكە پېتىپ قالدى. بۇ كرىزىس تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلەندى: مەركەزدىكى ئالتە ۋەزىر ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە پۇتلىكاشاڭ بولدى؛ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەددىدىن زىيادە كېلەڭسىزلىشىپ، بىكارچى ئەمەلدار كۆپ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى؛ يەرلىك ھاكىمىيەت قالايمىقانلىشىپ، ئورگانلار تۆپە ـ تۆپلەپ قۇرۇلدى. ئەڭ يامىنى مالىيە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. لۇئى XVI تەختتە ئولتۇرغان 15 يىل ئىچىدە، دۆلەتنىڭ قەرزى ئۈچ ھەسسە ئېشىپ، 1789 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب ھارپىسىدا، 4 مىليارد 500 مىليون لىفىرغا يەتتى. مالىيە كرىزىسىنى ئاساسلىقى مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ غايەت زور چىقىمى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. مۇستەبىت ھۆكۈمەت گەرچە خەلقنى ياۋۇزلۇق بىلەن شىلىپ، ئەسكەرلىك بېجى، جان بېجى، يەر بېجى① قاتارلىق بىۋاسىتە باجلارنى ۋە تۇز بېجى، ھاراق بېجى، چازا بېجى قاتارلىق ۋاسىتىلىك باجلارنى② ئالغان بولسىمۇ، ئەمما چىقىم كىرىمدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى. ئوردىدا پادىشاھ بىلەن خانىش كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ بەتخەجلىك قىلىپ، دۆلەت غەزىنىسىدىكى پۇل ـ بايلىقنى بۇزۇپ ـ چاچاتتى، پادىشاھنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە بەرگەن ئىنئاملىرىمۇ چىقىمنىڭ خېلى كۆپ نىسبىتىنى ئىگىلەيتتى. مەسىلەن، پادىشاھ گېرتسوگ بىگنېتىنىڭ قىزى توي قىلغاندا 100 مىڭ لىفىر ئىنئام قىلدى، ياك خانىمنىڭ

---

① ئەسكەرلىك بېجى شىمالدا ھەربىر ئائىلىنىڭ بارلىق كىرىمىگە ئاساسەن، جەنۇبتا مۇقىم مۈلۈك (يەر)كە ئاساسەن ئېلىنىدى. جان بېجى 1701 ـ يىلىدىن باشلاپ، يەر بېجى 1749 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلىنىدى.

② ۋاسىتىلىك باجنى باج ھۆددىگەرلىرى (چوڭ سودىگەلەر) مەسئۇل بولۇپ يىغاتتى. ئۇلار ئوتتۇرىدىن كۆپ پايدا ئالاتتى.

www.uyghurkitap.com

قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن بىراقلا 4 مىليارد لىۋىر بەردى. بيۇروكرات ھەربىي، ساقچى ئورگانلىرىنىڭ چىقىمى ئۈچۈنمۇ ھەر يىلى نۇرغۇن راسخوت كېتەتتى. شىمالىي ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغىمۇ كۆپ پۇل چىقىم قىلىنىپتۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، فىرانسىيە بۇ ئۇرۇشقا 2 مىليارد لىۋىر چىقىم قىلغان. مالىيە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر سەۋەب شۇ ئىدىكى، 1 ـ، 2 ـ تەبىقىدىكىلەرنىڭ باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقى بولۇپ، بۇ، دۆلەتنىڭ كىرىمىنى ئازايتمۇەتتى.

مۇستەبىتلىك كرىزىسىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى خەلق ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بولدى. خەلق رېئال ھالەتتىن بارغانسېرى نارازى بولۇپ، پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتى بىلەن تەبىقە تۈزۈمى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن دەپ قارىدى. يېزىلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى، شەھەرلەردە «ئاچ قالغانلار توپىلىڭى» ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب پارتلايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

مۇستەبىت ھۆكۈمەت بۇ كرىزىسقا قارىتا تەدبىر قوللانماي تۇرالمايتتى. قۇرۇقدىلىپ قالغان غەزىنىنى تولدۇرۇش، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن لۇئى XVI 1774 — 1787 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توگېر، نېككېر، كاررېن قاتارلىق كىشىلەرنى مالىيە باش نازارەتچىلىككە تەيىنلەپ، بىرقانچە قېتىم ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئىسلاھاتنىڭ مەزمۇنى روھانىيلار ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن باج ئېلىش، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بەزى ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سودا ـ سانائەتكە قارىتىلغان بەزى چەكلىمىنى بىكار قىلىش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش بولدى. ئەمما، بۇ ئىسلاھاتلار ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى، مالىيە باش نازارەتچىلىرىمۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

1787 ـ يىلى، پادىشاھ خانىشنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن تۇللۇزنىڭ ئارخىئېپىسكوپى لومونى دى بىرىئاننى مالىيە باش

نازارەتچىلىككە تەيىنلىدى. بىر ئاز ئىسلاھاتقا قارشى بولسىمۇ، مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، نائىلاج ئىسلاھات يولىغا ماڭدى. ئۇ روھانىيلار ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن يەر بېجى ئېلىش، يەنە تامغا بېجى ئېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئەمما، ئۇ يەر بېجى ۋە تامغا بېجى ئېلىش پەرمانىنى پارىژ ئالىي سوت مەھكىمىسىگە رويخەتكە ئالدۇرۇشقا يوللىغاندا رەت قىلىشقا ئۇچرىدى، پارىژ ئالىي سوت مەھكىمىسى بۇ پەرماننى رەت قىلىش بىلەن بىللە، يەنە (ئۈچ تەبىقە يىغىنى ئېچىپ، باج مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۈچ تەبىقە يىغىنى ئۈچ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنى بولۇپ، بۇ يىغىن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئېچىلىپ باقمىغانىدى). پارىژ سوت مەھكىمىسى بۇنىڭدا 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنى كۆپرەك باج يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپ، مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىغانىدى. ھۆكۈمەت بۇ تەلەپنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سودىيەلەرنى تېررووۋاغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى. بۇ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. سوت مەھكىمىلىرى ئەسلىدە ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ نارازىلىقى بۇرژۇئازىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى، چۈنكى بۇرژۇئازىيە بىلەن خەلق ئاممىسى سوت مەھكىمىسىنى مۇستەبىت پادىشاھقا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ۋە خەلقنى قوغدىغۇچى دەپ تونۇدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق بەس ـ بەس بىلەن مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، سۈرگۈن قىلىنغان سودىيەلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەت ئاخىرى يول قويۇپ، 1787 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سودىيەلەرنى قايتۇرۇپ كەلدى. ھۆكۈمەت يەر بېجى بىلەن تامغا بېجىنى بىكار قىلىشقا قوشۇلدى، سوت مەھكىمىسى ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ يەر بېجى تۆلىشىگە قوشۇلدى.

ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي ھۆكۈمەت بىلەن سوت مەھكىمىسى

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا يەنە كۈرەش باشلاندى. 1788 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، پارىژ ئالىي سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمەتنىڭ «مەخپىي قولغا ئېلىش يارلىقى»نى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 5 ـ ئايدا باياناتنامە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانۇننىڭ ھىمايىچىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويماقچى بولدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئىككى سودىيەنى قولغا ئالدى. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن تەشكىللەنگەن «تولۇق ئىقتىدارلىق سوت مەھكىمىسى» قۇرىدىغانلىقىنى، بۇرۇنقى سوت مەھكىمىسىنىڭ پەرمانلارنى رويخەتكە ئېلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى، «تولۇق ئىقتىدارلىق سوت مەھكىمىسى» نىڭ بۇ ھوقۇقنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، سودىيەلەر ھەممىلا جايدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، پادىشاھقا نارازى بولۇۋاتقان بۇرژۇئازىيە ۋە خەلق ئاممىسىنى بۇ ھەرىكەتكە سۆرەپ كىردى. دوفىنې ئۆلكىسىدە 3 ـ تەبىقىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتى ئالاھىدە روشەن بولدى. 1788 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۇ يەردىكى ئاھالىلەر بىلەن ھۆكۈمەت قوشۇنى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى، ئاھالىلەر ئۆيلەرنىڭ كاھىشلىرىنى قومۇرۇپ ئەسكەرلەرگە ئېتىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتتى. ئاممىنىڭ ھەرىكىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ھۆكۈمەت «تولۇق ئىقتىدارلىق سوت مەھكىمىسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پادىشاھ بىرىئاننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا نېككېرنى تەيىنلىدى.

نېككېر ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈچ تەبىقە يىغىنى ئېچىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقىنى

ئالغاندىن كېيىن، 1789 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۈچ تەبىقە يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، 3 ـ تەبىقە ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغالدى، ئۇلار بۇ يىغىننىڭ ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي (1788 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)، پارىژ ئالىي سوت مەھكىمىسى «ئۈچ تەبىقە يىغىنى 1614 ـ يىلىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئېچىلىدۇ» دېگەن قارارنى ئېلان قىلدى. بۇ، يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئۈچ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ سانى ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ ھەمدە ئۇلار تەبىقىنى بىرلىك قىلىپ ئاۋاز بېرىدۇ دېگەنلىك ئىدى. بۇ قارار 3 ـ تەبىقىگە پايدىسىز بولغاچقا، بۇرژۇئازلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئىلگىرىكى يىللاردىكى مۇستەبىت پادىشاھقا قارشى كۈرەشتە، بۇرژۇئازلار سوت مەھكىمىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ئەگەشكەنىدى، سوت مەھكىمىسى بۇ قارارنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازلار سوت مەھكىمىسى بىلەن چەك ـ چېگرانى ئايرىدى. بۇ قارارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئازلار «ۋەتەنپەرۋەرلەر پارتىيەسى»نى تەشكىللەپ، 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى ھەمدە ئاۋاز بەرگەندە تەبىقىنى بىرلىك قىلماستىن، ئادەمنى بىرلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئاقسۆڭەكلەر تىز پۈكتى. 1788 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى قارارنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى جاكارلاپ، 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇشقا قوشۇلدى، بۇنىڭغا پادىشاھمۇ ماقۇل بولدى. ئەمما، ئاۋاز بەرگەندە تەبىقىنى بىرلىك قىلىش ياكى ئادەمنى بىرلىك قىلىش مەسىلىسى بېكىتىلمىدى.

1789 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۈچ تەبىقە يىغىنى ۋەكىللىرى سايلىمى باشلاندى. بۇرژۇئازلار ئاكتىپلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، كىتابچە، چاقىرىقنامە ۋە ماقالىلەرنى مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقاتتى.

شۇ چاغدا فرانسىيە خەلقى ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدا تۇرۇۋاتاتتى. 1786 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە سودا كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ ئىمپورت بېجى تۆۋەنلىتىلدى. نەتىجىدە، ئەنگلىيە تاۋارلىرى فرانسىيە بازارلىرىنى ئىگىلەپ، فرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسى تېزلەتتى: نۇرغۇن كارخانىلار تارقىلىپ، ئىشسىزلىق مەسىلىسى ئېغىرلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1788 ـ يىلى تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، شۇ يىلى قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالدى. شۇڭا، كەڭ خەلق ئاممىسى سىياسىي جەھەتتە ئىنتايىن ئاكتىپ بولۇپ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۈچ تەبىقە يىغىنىغا زور ئۈمىد باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئارزۇ قىلدى، ئۇلار سايلامغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەلەپنامىلەرنى يېزىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئۈچ تەبىقە يىغىنىغا يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بۇنداق تەلەپنامىدىن جەمئىي 60 مىڭ پارچە يېزىلدى.

سايلام ئەدلىيە رايونىنى بىرلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈلدى. روھانىيلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئەدلىيە رايونى مەركەزلىرىدە سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ تەبىقە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاپ چىقتى. 3 ـ تەبىقىدىكىلەرنىڭ سايلامغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە چەك قويۇلۇپ، 25 ياشقا توشقان ھەمدە يىلىغا بەش لىۋىر باج تۆلىيەلەيدىغان، ئەمگەكچى ياللىيالايدىغان كىشىلەرنىڭلا سايلامغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنى سايلاش تەرتىپىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولدى. شەھەرلەردە سايلام ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈندى، يەنى ئاھالىلەر ھەر 100 ئادەم ئىچىدىن ئىككى ۋەكىل سايلاپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ۋەكىللەر شەھەرلىك سايلامغا قاتناشتى، بۇنىڭدىن سايلانغان ۋەكىللەر ئەدلىيە رايونىدىكى سايلامغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭدا سايلانغانلار ئاندىن ئۈچ تەبىقە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل

بولدى. يېزىلاردىكى سايلام ئىككى باسقۇچقا بۆلۈندى، يەنى ئاھالىلەر دېنىي رايون بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈپ، ھەر 100 ئائىلىدىن بىر ۋەكىل سايلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار شەھەر ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئەدلىيە رايونىدىكى سايلامغا قاتناشتى. 3 ـ تەبىقىنىڭ بۇ خىل سايلام ئۇسۇلى بۇرژۇئازىيەگە پايدىلىق بولۇپ، ئۇلار ئەدلىيە رايونىدىكى سايلامنى كونترول قىلالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرىراق بولغاچقا، تەسىرلىك نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، سايلىغۇچىلارنى ئازدۇرالايتتى.

سايلام نەتىجىسىدە روھانىيلار ۋەكىللىرى ئىچىدە يېزا باستىرلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، 300 ۋەكىل ئىچىدە 200 دىن كۆپرەكى شۇلار بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلار بۇرژۇئا ئەركىنلىك ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغانلار ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى ئىچىدە يېزا ئاقسۆڭەكلىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى، يەنە كېلىپ چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە ئەركىنلىكنى ياقلىغۇچىلار 90 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئەرباب لافايېتمۇ بار ئىدى.

3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرى ئىچىدە سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى ئادۋوكاتلار، ئۇنىڭدىن قالسا سودىگەرلەر، بانكىرلار، سانائەتچىلەر، ئالىملار (مەسىلەن، ئاسترونوم باي، يازغۇچى فۇلىنېي) بولدى. بۇ ۋەكىللەر ئىچىدە تەبىقە تۇزۇمىگە قارشى تۇرىدىغان گىراف مىرابىئاۋ، پوپ سىئاي قاتارلىق ئەربابلارمۇ بار بولۇپ، بىرەرمۇ ئەمگەكچى يوق ئىدى.

## 3. ئۈچ تەبىقە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىدىن باستىلىي تۈرمىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغىچە

1787 ـــ 1789 ـ يىللىرى، فىرانسىيەدە ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئاساسەن شەكىللەندى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، مۇستەبىت پادىشاھ ھۆكۈمىتى بىلەن سوت مەھكىمىسى ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈر كۈرەشنىڭ يۈز بېرىشى، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمگەكچى خەلق فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئېزىشى ۋە بېسىمى ئاستىدا، ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى.

مۇشۇنداق ئىنقىلابىي ۋەزىيەتتە ئۈچ تەبىقە يىغىنى 1789 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋېرسالدا ئېچىلدى، يىغىنغا جەمئىي 1139 ۋەكىل قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1 ـ تەبىقىدىكىلەر 291 ئادەم، 2 ـ تەبىقىدىكىلەر 270 ئادەم، 3 ـ تەبىقىدىكىلەر 578 ئادەم ئىدى. مۇھەررىر ۋەزىر ئۆز سۆزىدە يىغىندا پەقەت باج مەسىلىسى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقنى چەكلەش قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچلا مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، كۆپچىلىكتىن باشقا جەھەتلەردىكى مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئومۇمەن مۇستەبىت ھۆكۈمەت يىغىن باشلىنىش بىلەنلا ئاساسىي مۇقامىنى بېكىتىپ قويدى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. روھانىيلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى ئۈچ تەبىقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆز ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرى بولسا ئۈچ تەبىقىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئورتاق تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ۋاھالەنكى، 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇرژۇئازلار بولغاچقا، ئۇلار دىلىغۇل بولۇپ تەۋرىنىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىش بىر ئايدىن ئارتۇقراق سوزۇلۇپ كەتتى. كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرى

ئاندىن قەتئىي نىيەتكە كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇلار ۋەكىل روبېسپېرنىڭ تەكلىپى بىلەن 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ بارلىق ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار باشقا ئىككى تەبىقە ۋەكىللىرىگە تەكلىپنامە تارقىتىپ، ئۇلارنى سالاھىيىتىنى تەكشۈرتۈشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئەگەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرتمىسە ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن قالدىغانلىقىنى ئېيتتى. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى رەسمىي باشلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈچ نەپەر تۆۋەن دەرىجىلىك روھانىي 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن قالغان روھانىيلارمۇ ئىككىلىنىپ قالدى. كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە يەنە 16 نەپەر باستىر 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 3 ـ تەبىقە ۋەكىللىرى پارىژدىكى ئاممىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن يەنىمۇ بىرقەدەر ئىلگىرىلەپ ھەرىكەت قىلدى، يەنى ئۇلار 90 ئاۋازغا قارشى 490 ئاۋاز بىلەن ئۆزلىرىنى مىللىي كېڭەش دەپ جاكارلىدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەملىكەتتىكى ئالىي ۋەكىللىك ئورگىنى دەپ جاكارلىغىنى ئىدى. مىللىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەڭ ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنى سالاھىيىتىدە باج ئېلىش قانۇنسىزلىق، دۆلەت قەرزلەرنى قايتۇرۇشقا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك (ھەقدارلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستلار ئىدى)، پادىشاھنىڭ مىللىي كېڭەشنىڭ قارارىنى ئىنكار قىلىش ھوقۇقى يوق دېگەنلەرنى ئېلان قىلدى. مىللىي كېڭەشنىڭ بۇ باتۇرانە ھەرىكىتى غايەت زور تەسىر قوزغىدى: 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى روھانىيلار تەبىقىسى يىغىنىدىن كۆپ ئاۋاز بىلەن قارار ماقۇللاپ مىللىي كېڭەشكە قاتناشتى. پەقەت ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىلا جاھىللىق قىلىپ مىللىي كېڭەشكە قاتناشمىدى.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچتە پادىشاھ شاھزادە، چوڭ

www.uyghurkitap.com

ئاقسۆڭەكلەر، ئارخېئېپىسكوپلار، سودىيەلەرنىڭ قوللىشى بىلەن پەرمان چۈشۈرۈپ، مىللىي كېڭەش يىغىن ئاچمىدىغان زالىنى پېچەتلەپ، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مىللىي كېڭەشنى باسماقچى بولدى. ئەتىسى سەھەردە مىللىي كېڭەش ۋەكىللىرى يىغىن زالىغا كەلگەندە، دەرۋازىنىڭ پېچەتلەنگەنلىكىنى، قوراللىق كىشىلەرنىڭ ئەتراپقا تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاممىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئۇستى يېپىق توپ مەيدانىغا كېلىپ، فىرانسىيە ئاساسىي قانۇنى تۈزۈلمىگۈچە ھەرگىز تارقىلىپ كەتمەيمىز، دەپ تەنتەنىلىك قەسەم بەردى. ئەتراپتىكى ئامما «مىللىي كېڭەش ياشىسۇن !» دەپ توۋلاشتى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پادىشاھ: «مىللىي كېڭەش قانۇنسىز، ئۇنىڭ بارلىق قارارلىرى ئىناۋەتسىز دەپ جاكارلاپ، ئۈچ تەبىقە ۋەكىللىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم يىغىن ئېچىشقا بۇيرۇدى. مۇراسىم ۋەزىرى دى براي مىللىي كېڭەش ۋەكىللىرىگە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى ئېيتقاندا، ۋەكىل مىرابو كەسكىنلىك بىلەن «غوجايىنىڭغا ئېيتىپ قوي ! بىز خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن بۇ يەرگە كەلدۇق، پەقەت نەيزىلا بىزنى ھەيدىۋېتەلەيدۇ» دېدى. مىللىي كېڭەش يەنە ئۆزى ماقۇللىغان قارارلاردا چىڭ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قارار ماقۇللىدى. يەنە پادىشاھنىڭ «مەخپىي قولغا ئېلىش يارلىقى»دىن پايدىلىنىپ مىللىي كېڭەش ۋەكىللىرىنى قولغا ئېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىرابونىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، «مىللىي كېڭەش ۋەكىللىرى جىسمانىي جەھەتتىن دەخلىسىز» دېگەن قارارنى ماقۇللىدى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 56 نەپەر ئاقسۆڭەك مىللىي كېڭەشكە قاتناشتى، 27 ـ كۈنى 1 ـ، 2 ـ تەبىقىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرى مىللىي كېڭەشكە قاتناشتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاھىل ۋەكىللەرنىڭ مىللىي كېڭەشكە قاتنىشىشى مىللىي كېڭەشنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مىللىي كېڭەش نامىنى ئاساسىي قانۇن

تۇزۇش يىغىنىغا ئۆزگەرتتى. شۇ چاغدا مىللىي كېڭەشتىكى چوڭ بۇرژۇئازلار ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇن چىقىرىلسىلا ھاكىمىيەتنى ئاسان قولغا ئالالايمىز، دەپ ئويلىدى. مىرابومۇ «بۇ قېتىمقى بۈيۈك ئىنقىلابتا زوراۋانلىق ۋە كۆز يېشى بولمايدۇ» دەپ قارىدى.

ئەمما، پادىشاھ باشچىلىقىدىكى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر ھاكىمىيەتنى ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرمەيتتى. ئۇلار ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى قورال كۈچى بىلەن تارقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى. شۇ چاغدا، پارىژدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن 3 ــ تەبىقە ۋەكىللىرىگە ھېسداشلىق قىلغاچقا، ھۆكۈمەت باشقا ئۆلكىلەردىن قوشۇن يۆتكەپ كەلمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە 6 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنىلا پادىشاھ قوشۇن يۆتكەش يارلىقى چۈشۈرگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي 30 مىڭ كىشىلىك شۋېيتسارىيە، گېرمانىيە ياللانما قوشۇنى پارىژغا كىردى. 7ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى پادىشاھ نېككېرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئەكسىيەتچى بارون دى بوللاردويىسنى مالىيە باش نازارەتچىلىكىگە، قىرى مارشال دى بىروينى قوشۇن قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. بارون بوللاردويىس ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بىلەنلا «ئەگەر پارىژنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىش زۆرۈر بولسا، بىز قىلچە ئىككىلەنمەي ئولتۇرمايمىز» دەپ جار سالدى. بۇ، پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىشقا تەييارلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى قورال كۈچى بىلەن تارقىتىۋېتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

مۇشۇ جىددىي پەيتتە، پارىژ خەلقى قوزغىلىپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. 7 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى نېككېرنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر پارىژغا تارقالغاندا، ئاممىنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. كومىلدېرموران ئىسىملىك بىر يىگىت كوچىدا كىشىلەرگە: «گىرازدانلار، ئەمدى ساقلاپ تۇرغىلى بولمايدۇ، نېككېر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، بۇ بىر سىگنال،

www.uyghurkitap.com

ۋەتەنپەرۋەرلەرنى قىرغىن قىلىدىغان سان. باسورومىل ۋەقەسى[①] يۈز بېرىدىغان بولدى ! بۈگۈن ئاخشام شىۋېيتسارىيە ۋە گېرمانىيە ئەسكەرلىرى گازارمىسىدىن چىقىپ ھەممەيلەننى قىرىپ تاشلايدۇ، بىزگە قولىمىزغا قورال ئېلىشتىن باشقا يول قالمىدى !» دەپ خىتاب قىلدى. كىشىلەر چۇقان سېلىپ ئۇنى قوللىدى. ئارقىدىن ھەيۋەتلىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى، نامايىشچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ چوڭ كوچىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىككى ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم يارىلاندى. ئامما غەزەپكە كېلىپ، تۇشمۇتۇشتىن «قولىمىزغا قورال ئالايلى !» دەپ توۋلاپ، ھەر تەرەپتىن قولىغا چىققۇدەك قورال ئىزدىدى، ھەتتا قورال ـ ياراغ دۇكىنىنى بۇلىدى، تۆمۈرچىلەر مىلتىق ياساشقا كىرىشتى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە، شەھەردىكى چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى تەڭلا جاراڭلاپ، ھۈنەرۋەنلەر، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، سودىگەرلەر، ئاياللار ۋە قېرىلار بىراقلا كوچىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇلار قوللىرىغا پىچاق، تاپانچا، پالتا، تاش قاتارلىق ھەر خىل قوراللارنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ يالانما قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا ھەربىي قوشۇن قەدەممۇقەدەم چېكىنىدى، بىر قىسىم ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

پارىژ ئاممىسى ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي دوختۇرخانىغا بۆسۈپ كىرىپ، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى ئىگىلەپ، 28 مىڭ تال مىلتىق ۋە بىرقانچە زەمبىرەكنى قولغا چۈشۈردى. يەنە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 50 مىڭ تال نەيزىلىك مىلتىقنى ياساپ چىقتى. قوزغىلاڭچىلار قوراللانغاندىن كېيىن كېچىچە پارىژنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلدى. پەقەت باستىللى تۈرمىسىلا ئىشغال قىلىنمىدى. بۇ تۈرمىگە نۇرغۇن

① سان باسورومىل ۋەقەسى 1572 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى فىرانسىيە پادىشاھى چارلېس IX نىڭ پروتېستانتلارنى قىرغىن قىلىش ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ.

بىگۇناھ كىشى قامالغان بولۇپ، ئۇ مۇستەبىت زوراۋان ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى ھېسابلىناتتى، شۇنداقلا ئۇ پارىژ شەھىرىدىكى بىر مۇھىم قورغان بولۇپ، ئىچىدىكى ئەسكەرلەر زەمبىرەكلىرىنى سان ئانتون رايونىغا توغرىلاپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرمە ئىچىدە قورال - ياراغ ئىسكىلاتىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، باستىللې تۈرمىسىنى ئىشغال قىلىش پارىژ خەلقىنىڭ باش نىشانى بولۇپ قالدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دىن باشلاپ «باستىللىيغا بارايلى! باستىللىيغا بارايلى!» دېگەن شوئارلار پۈتۈن پارىژ شەھىرىنى قاپلىدى. ھەرقايسى رايونلاردىكى ئامما مىلتىق، نەيزە، قىلىچلارنى كۆتۈرۈپ تۈرمە تەرەپكە ئاقتى. تۈرمىنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر ئارانلا 120 ئادەم بولسىمۇ، ئەمما تۈرمىنىڭ تېمى 30 چى ئېگىزلىكتە، ئۈستىدە سەككىز زەمبىرەك مۇنارى، ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ ياسالغان 25 چى كەڭلىكتىكى خەندەك بولۇپ، ئاسان ئىشغال قىلغىلى بولمايتتى. ئەمما، باتۇر قوزغىلاڭچىلار قورغانغا قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەننىڭ توپ ئۇقىدا 100دىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولدى. تۆت سائەتتىن ئارتۇق شىددەتلىك جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە، قورغان ئاخىرى ئىشغال قىلىندى. قوزغىلاڭچىلار قورغاننى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى درونېينى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

باستىللې تۈرمىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى پارىژ خەلقى قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غەلىبە بولدى. خەلقنىڭ بۇ غەلىبىسى ئالدىدا، پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ قوشۇننى پارىژدىن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى تارقىتىۋېتىش سۇيىقەستى بەربات بولدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى پارىژ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. پارىژ خەلقىنىڭ بۇ كۈندىكى باتۇرانە ھەرىكىتى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلغار زاتلارنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولدى.

www.uyghurkitap.com

# 2 ـ بۆلۈم پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى — ئىنقىلابنىڭ تۇنجى باسقۇچى

## 1. «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»

پارىژ ئەمگەكچى خەلقى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى قۇتقۇزۇۋالدى، پادىشاھ تىز پۈكۈپ، بۇ يىغىننىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىغا ئايلاندى. يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، روھانىيلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر، چوڭ بۇرژۇئازلار ۋە لىبېرال ئاقسۆڭەكلەر، يەنە بۇرژۇئاز دېموكراتىزمچىلار بار ئىدى. ئەمما، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلەر چوڭ بۇرژۇئازلار بىلەن لىبېرال ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، ئۇلار پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى فېيۇئىللان كۇلۇبىنىڭ ئەزالىرى بولغاچقا «فېيۇئىللانچىلار» دەپ ئاتالدى. ئۇلار يىغىندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەچكە، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى گۇرۇھ بولۇپ قالدى.

چوڭ بۇرژۇئازلارمۇ پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنى ئىگىلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پارىژ خەلقى كوچىلاردا قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى ئەمەلدارلارنى قوغلىۋېتىپ، پارىژنى ئاپتونوم شەھەر قىلدى ھەمدە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن «دائىمىي كومىتېت» قۇردى. بۇ كومىتېت

بۇرژۇئازىيە مىللىي ئارمىيەسىنى تەشكىللەشتى، ھەر بىر رايوندىن 800 ئەسكەر قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ۋەكىلى بېيىپئا دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، لافايېت مىللىي ئارمىيەنىڭ قوماندانلىقىغا سايلاندى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىللىي ئارمىيەگە قاتنىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى ئېسىل كىيىنىش، قورالنىمۇ ئۆزى تەييارلاش ھەققىدە ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ، پەقەت بۇرژۇئازلارنىڭلا مىللىي ئارمىيەگە قاتنىشىش سالاھىيىتى بار دېگەنلىك ئىدى. مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى بۆكىگە ئۈچ رەڭلىك (قىزىل، كۆك، ئاق) كاكار تاقىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ رەڭلىك بايراق ئىنقىلابنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

باشقا ئۆلكىلەردىمۇ چوڭ بۇرژۇئازلار ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، ئۇلار كونا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ئاپتونوم ئورگانلارنى قۇردى ھەمدە بۇرژۇئازىيە مىللىي ئارمىيەسىنى قۇرۇپ چىقتى.

ئىنقىلابنىڭ يالقۇنى ئىچىدە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋالغان چوڭ بۇرژۇئازلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى لافايېتنىڭ تەكلىپى بىلەن «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى يېزىپ چىقىپ، 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى رەسمىي ئېلان قىلدى.

«كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ پىروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا 18 ـ ئەسىردىكى ئاقارتىش مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى ۋە تەشەببۇسلىرى شەرھلىنىپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دە ئالدى بىلەن «كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن، باراۋەر بولىدۇ»، «ھەرقانداق سىياسىي

ھاكىمىيەت كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە، مال - مۈلۈككە، بىخەتەرلىككە ئېرىشىش ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت تەبىئىي ۋە دەخلىسىز ھوقۇقىنى قوغدىشى كېرەك» دەپ جاكارلاندى. بۇ شوئار ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم ۋە تەبىقە تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاشكارا تەڭسىزلىك، ئاشكارا زۇلۇمغا قارىتىلغانىدى، ئەلۋەتتە، بۇرژۇئازىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، بۇ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. چۈنكى، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم خەلقنىڭ ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تارتىۋالغانىدى. شۇڭا، «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابقا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

«كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دە يەنە بۇرژۇئازىيەنىڭ قانۇنچىلىق پىرىنسىپى جاكارلاندى. خىتابنامىنىڭ 6 - ماددىسىدا: «قانۇن ئاۋامنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ بىۋاسىتە ياكى ئۆز ۋەكىللىرى ئارقىلىق قانۇن تۈزۈشكە قاتنىشىش ھوقۇقى بار، قانۇن مەيلى ھىمايە قىلىنىدىغانلار بولسۇن ياكى جازالىنىدىغانلار بولسۇن ھەممە كىشىگە ئوخشاش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ سۆزلەرمۇ قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدا، قانۇن پادىشاھنىڭ شەخسىي ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، خەلقنى ئېزىش قورالى ئىدى.

«كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دە يەنە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى پادىشاھلىق ھوقۇق ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەمەلدارلىق ئىمتىيازىغا قارىتا، «ھوقۇق خەلقتە بولۇش» پىرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «بارلىق پۇقرالار ئۆز ئىقتىدارىغا ئاساسەن باراۋەر ھالدا بارلىق ئەمەل - ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، بۇنىڭدا پەزىلەت ۋە ئىقتىدار پەرقىدىن باشقا پەرقلەرنىڭ بولۇشىغا

يول قويۇلمايدۇ» دەپ جاكارلاندى. ئەڭ مۇھىمى، خىتابنامىدە «ئۈچ هوقۇقنى ئايرىۋېتىش» پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، مونتېسكيۇ ئوتتۇرىغا قويغان بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى بولۇپ، تىغ ئۇچى مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارىتىلغاندى.

خىتابنامىدە يەنە «ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك هوقۇقلىرىنىڭ بىرى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش، ئەسەر يېزىش، نەشىر قىلىش ئەركىنلىكى بار» دەپ جاكارلاندى. بۇ سۆزلەرمۇ فېئوداللىق مۇستەبىتلىككە قارشى مەنىگە ئىگە بولۇپ، فېئودالىلىق مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا خەلقنىڭ بۇ ئەركىنلىكىمۇ تارتىۋېلىنغاندى.

ئومۇمەن، «كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى» شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئىلغار ئىنقىلابىي ھۆججەت ھېسابلىناتتى. ئەمما، بىز ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى، «كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى»دە «ھەممە ئادەم باراۋەر» دەپ جاكارلىنىش بىلەن بىللە، خۇسۇسىي مۈلۈك «مۇقەددەس، دەخلى ـ تەرۇزسىز» دەپ جاكارلانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرژۇئازىيە كۆككە كۆتۈرگەن «كىشىلىك هوقۇق»نىڭ پۈتۈنلەي كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى، ئېكسپىلاتاتسىيەنى قوغدايدىغان هوقۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 2. دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسى ھەققىدىكى قانۇنى

ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى نەچچە ئون يىل ئىچىدە، فىرانسىيەدە دېھقانلار ھەرىكىتى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى. 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى باستىللىي تۈرمىسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، فىرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سىگنال

بەردى. دېھقانلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان غەزەپ ـ نەپرىتى بىراقلا پارتلىدى، بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا دېھقانلار قوزغى ـ لىڭى نۇرغۇن ئۆلكىلەرنى قاپلىدى، ئاقسۆڭەكلەر قورقىنىدىن ئالاقزەدىلىككە چۈشۈپ، قورۇقلىرىنى تاشلاپ شەھەرلەرگە پاكى چەت ئەللەرگە قاچتى.

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى پارىژ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىدى، جۇملىدىن پارىژ خەلقى مۇستەبىت تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلىغان بولسا، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى دېھقانلار فېئوداللىق تۈزۈمنى بىتچىت قىلدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭى نىشانىنى پومېشچىكلارغىلا ئەمەس، يەنە ھايانكەش سودىگەرلەر، باج ھۆددىگەرلىرى، قارا نىيەت سودىيەلەر ۋە بارلىق پارازىتلارغىمۇ قاراتتى. ئالساس ئۆلكىسىدە دېھقانلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆيلىرى ۋە موناستىرلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، يەھۇدىي سودىگەرلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالساستىكى يەھۇدىي سودىگەرلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ باسېلغا قاچتى.

ھەممە يەرگە يامرىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئەمدىلا قولىغا ئالغان بۇرژۇئازىيەنى ساراسىمىگە سالدى. بەزى شەھەرلەردىكى دائىمىي كومىتېتلار مىللىي ئارمىيەنى ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كاماداتبورگ ئەتراپىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇلۇپ، 20 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، 60 ئادەم قولغا ئېلىندى. يەنە كروگىي ئەتراپىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارمۇ قاتتىق باستۇرۇلۇپ، 100 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، 170 ئادەم قولغا ئېلىندى. ماركان شەھىرىدىكى دائىمىي كومىتېت سوت مەھكىمىسىگە ئايلىنىپ، 20 نەپەر قوزغىلاڭچىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بەزىدە بىرقانچە شەھەردىكى مىللىي ئارمىيە بىرلىشىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇردى.

ئەمما، دېھقانلار ھەرىكىتى ئىزچىل تەرەققىي قىلدى. 1789-يىلى 8 - ئاينىڭ بېشىدا، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەممە جايغا يامراپ كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى تەدبىر قوللىنىشنى قارار قىلدى. 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچىلەپ مەجلىس ئېچىپ، دېھقانلار مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى، مەجلىستە كەيپىيات ناھايىتى جىددىي بولدى. دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى يالغاندىن يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاقسۆڭەك ۋىكونت نوئايى دېھقانلارنى قورال تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى، يەنى بىرىنچى، ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ باجدىن باج كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش، ھەممە كىشى كىرىمگە قاراپ باج تۆلەش؛ ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ فېئوداللىق يەر ئىجارىسىنى بىكار قىلىش، جامائەت تەشكىلاتلىرى (شەھەر، يېزا ھۆكۈمەتى) بۇنىڭ بەدىلىگە پومېشچىكلارغا پۇل تۆلەش؛ ئۈچىنچى، فېئوداللىق ھاشار ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى بەدەلسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىن ئاقسۆڭەك گېرتسوگ ئېرگىيان (فىرانسىيەدىكى ئەڭ چوڭ پومېشچىكنىڭ بىرى) سۆز قىلىپ، ۋىكونت نوئاينىڭ تەكلىپىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، «خەلق نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى ئۆزلىرىگە سېلىنغان بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، گەرچە جىنايەت ھېسابلىنىدىغان زوراۋانلىق قىلمىشىنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ» دېدى. برىتانى ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىلى لوككوسا دى كرونكال ئۆز سۆزىدە، ھەتتا فېئوداللىق توختاملارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئارقىدىن نۇرغۇن روھانىيلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆشرە يىغىش ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقى، ئوۋ ئوۋلاش ھوقۇقى، دەريادىن ئۆتۈش بېجى ئېلىش ھوقۇقى قاتارلىق كونا ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى

بىلدۈرۈشتى. بۇ مەجلىستە ئۇلار ۋاز كەچكەن ئىمتىياز 150 خىلدىن ئاشتى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى فېئودالىق ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار پەرمانلارنى رەسمىي يازما شەكىلدە ماقۇللىدى. ئەمما، بۇ پەرمانلار ئەمەلىيەتتە بىر ئالدامچىلىق بولۇپ، دېھقانلارغا ماھىيەتلىك نەپ ئېلىپ كېلەلمەيتتى: بىرىنچى، ئۆشرە بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بەدىلىگە پۇل تۆلەش كېرەك ئىدى، شۇنىڭغىچە ئۇنى داۋاملىق تاپشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى؛ ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ فېئودالىق مەجبۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيەت بولغان فېئودالىق يەر ئىجارىسىنىڭ بەدىلىگە پۇل تۆلەش كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا كېتىدىغان پۇل بىر يىللىق يەر ئىجارىسىنىڭ 30 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلەتتى. يەنە كېلىپ بۇنىڭدا ناھايىتى ئېغىر شەرتلەر، مەسىلەن، بىر جايدىكى دېھقانلار فېئودالىق يەر ئىجارىسىنىڭ بەدىلىگە پۇل تۆلىگەندە پۇلنى بىرلىكتە تۆلەيدۇ، پۇلنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن فېئودالىق يەر ئىجارىسى ئاندىن بىكار قىلىنىدۇ، ئەگەر يەر ئىگىسى قارشى چىقسا بىكار قىلىنمايدۇ، دېگەندەك شەرتلەر قويۇلغانىدى. بۇ بەلگىلىمىلەر بويىچە، فېئودالىق مەجبۇرىيەتلەردىن پۇل تۆلەپ خالاس بولۇش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى دېھقانلارنىڭ بۇنىڭدىن رازى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يەنە جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزغانلارنى پاش قىلىش قانۇنىنى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقىپ، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى دائىمىي كومىتېتلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى، ھەرقانداق يىغىلىشنى دەرھال تارقىتىۋېتىش لازىملىقىنى

www.uyghurkitap.com

بەلگىلىدى.

ئەمما، بۇ قانۇنمۇ دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇيالمىدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ تەدبىرلىرىگە نارازى بولغان دېھقانلار كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. نۇرغۇن جايلاردىكى دېھقانلار فېئوداللىق يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ قارشىلىقنى ئۆچ يىلغىچە داۋاملاشتۇردى. مىللىي ئارمىيە دېھقانلار ھەرىكىتىنى ئىزچىل باستۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا تىنچىتالمىدى.

## 3. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنىدىكى ھەرىكەت ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ دېموكراتىيەگە قارشى تەدبىرلىرى

1789 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنىدىكى ھەرىكەت فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدا خېلىلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ھەرىكەت پارىژ خەلقىنىڭ نارازىلىقى تۈپەيلىدىن يۈز بەردى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە بىر قاتار پەرمانلارنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھ بۇنى تەستىقلاشنى رەت قىلىپ، «مەن روھانىيلار تەبىقىسى ۋە ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ئىمتىيازىنى تارتىۋېلىشقا مەڭگۈ قوشۇلمايمەن، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىنى تارتىۋالىدىغان پەرمانلارنى ھەرگىز تەستىقلىمايمەن» دېدى ھەمدە «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»غا ئىمزا قويۇشقا ئۇنىمىدى. بۇنىڭدىن پارىژ خەلقى ئىنتايىن نارازى بولدى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇن تۈزۈشكە كىرىشتى. 7 ـ، 8 ـ ئايلاردىكى خەلق ھەرىكىتىدىن كېيىن، چوڭ بۇرژۇئازىيە مۇستەبىت پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەردىنمۇ بەكرەك خەلقنىڭ كۈچىدىن قورقتى. ئۇلار پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى

www.uyghurkitap.com

توسۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ئاساسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى مۇئۇنىي قاتارلىقلار ئەنگلىيەنىڭ ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ، ئەزالىرىنى پادىشاھ تەيىنلەيدىغان يۇقىرى پالاتا تەشكىللەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى زورايتىشتىن دېرەك بېرەتتى. بارناف قاتارلىقلارنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن يۇقىرى پالاتا تەشكىللەش ھەققىدىكى تەكلىپ رەت قىلىندى. بارناف قاتارلىقلار دەسلەپتە پادىشاھنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقى بولۇشىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن يول قويۇپ، پادىشاھنىڭ بەزى قانۇن ــ بەلگىلىمىلەرنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇش ھوقۇقى (مۇتلەق ئىنكار قىلىش ھوقۇقى ئەمەس) بولۇشىغا قوشۇلدى. 9 ــ ئاينىڭ 11 ــ كۈنى، پادىشاھنىڭ قانۇن ــ بەلگىلىمىلەرنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇش ھوقۇقى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى ھەمدە پادىشاھنىڭ قانۇن ــ بەلگىلىمىلەرنى تۆت يىل توختىتىپ قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ پادىشاھقا قوللانغان سۇلھى پوزىتسىيەسى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئىقتىسادىي سەۋەبلەرمۇ خەلقنىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولدى. ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەر توپ ــ توپ بولۇپ چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يالغان چاچ ياسىغۇچىلار، موزدۇزلار ۋە تىككۈچىلەر ئىشسىز قېلىپ، جان بېقىشتا قىينالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بولكىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، 9 ــ ئايغا كەلگەندە پارىژ ئاھالىلىرى بولكا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. خەلق ئاممىسى ۋېرسالغا بېرىپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى.

10 ــ ئاينىڭ 5 ــ، 6 ــ كۈنىدىكى ھەرىكەتكە ئوردىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى. پادىشاھ بىلەن

ئاقسۆڭەكلەر يېڭىلگەندىن كېيىن مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ـــ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەخپىي پىلانلىدى. خانىشنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن پادىشاھ باشقا جايلاردىن پايتەخت ئەتراپىغا قوشۇن يۆتكەپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرماقچى بولدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر بۆلۈك ياللانما قوشۇن فرونتېيردىن ۋېرسالغا كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پادىشاھ مۇھاپىزەتچى قوشۇنى ۋېرسال سارىيىدا فرونتېيىر قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېرلىرىغا زىياپەت بەردى. پادىشاھ بىلەن خانىشمۇ بۇ زىياپەتكە قاتناشتى. زىياپەتتە ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار بولۇشىغا يەپ ـ ئىچىپ مەستلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان، بەزىلىرى ئىنقىلابنىڭ سىمۋولى بولغان ئۈچ رەڭلىك كاكارنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ ـ چەيلىدى ھەمدە پادىشاھقا بەخت تىلەپ ناخشا ئېيتتى. 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، «پارىژ خەۋەرلىرى»، «خەلق دوستى» قاتارلىق ئىنقىلابىي گېزىتلەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سۇيىقەستىنى پاش قىلدى. خەلقنىڭ داھىيسى مارات پارىژدىكى خەلقنى قوراللىنىشقا، زەمبىرەكلەرنى ۋېرسالغا يۆتكەپ ئاپىرىشقا چاقىردى. شۇ چاغدا پارىژ خەلقى ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتتە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇپ، ۋېرسالدىكى ئەكسىيەتچى قوشۇننىڭ يەپ ـ ئىچىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالماي قالدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارىژدا ئىسيان باشلاندى. دەسلەپتە، ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر توپ ئاياللار شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بۆسۈپ كىرىپ بولكا تەلەپ قىلدى، كېيىن ۋېرسالغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ سانى بىردەمدىلا 5 ـ 6 مىڭغا يەتتى، بۇ ئاياللارغا 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى قەھرىمان مايىيا باشچىلىق قىلدى، ئارقىدىن 20 مىڭچە ئەرمۇ ۋېرسالغا

قاراپ يولغا چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەي مىللىي ئارمىيەمۇ تويلىنىپ «ۋېرسالغا بارايلى !» دەپ تووۋلاشتى ھەم باش قوماندان لافايېتتىنىڭمۇ بىللە بېرىشىنى، ئەگەر ئۇنىمىسا دارغا ئاسىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەيۋەتلىك خەلق قوشۇنى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋېرسالغا يېتىپ باردى. سەپ تارتىپ جەڭگە تەييار تۇرغان فرونتېير قوشۇنى ئامما ئوق چىقارمايلا قالماستىن، بەلكى دوستانە پوزىتسىيەدە بولدى. ئاياللار دەرھال ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا ئەۋەتىپ، مال باھاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن تۇرمۇشىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۈچ رەڭلىك كاكارىنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىنى شىكايەت قىلدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ ۋەكىلى روبېسپىر ئاممىنىڭ ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەلق قوشۇنىنىڭ ھەيۋەتلىك ھالىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ماقۇللىغان ھەر خىل پەرمانلارنى ۋە «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولدى.

ئەمما، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەتىگەندە، پارىژ ئاھالىلىرى پادىشاھ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى. مۇھاپىزەتچى قوشۇن ئوق چىقىرىپ بىر ئادەمنى يارىلاندۇرغاندىن كېيىن، ئامما تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، مۇھاپىزەتچى قوشۇن بىلەن ئېلىشىپ، بىرقانچە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ، مىلتىقنىڭ نەيزىسىگە قاداپ قويدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ بىلەن خانىش ئامالسىز بالكونغا چىقىپ ئامما بىلەن كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئامما: «پادىشاھ پارىژغا قايتسۇن !» دەپ چۇقان كۆتۈردى. پادىشاھ ئاممىنىڭ كۈچىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ نائىلاج ماقۇل بولدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىكىلەر پادىشاھ بىلەن بىللە پارىژغا قايتىشنى قارار قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com

چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئاما پادىشاھ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىكىلەر بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، كەچ سائەت 10 دا پارىژغا يېتىپ كەلدى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنىدىكى ھەرىكەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بىلەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى پارىژ خەلقىنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىغا ئۆتتى، پادىشاھنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى تارقىتىۋېتىش سۇيىقەستىمۇ بەربات بولدى. قىسقىسى، بۇ ھەرىكەت ئوردىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي پىلانىنى بىتچىت قىلىپ ئىنقىلاب نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدى.

ئەمما، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىكى چوڭ بۇرژۇئازلاردىن بولغان پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرى بۇ ھەرىكەتتىن قورقۇپ كەتتى ۋە ئاممىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا قىلغان ياردىمىدىن مىننەتدار بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاممىنى ئەشەددىي دۈشمەن دەپ قارىدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلقنىڭ داھىيسى ماراتنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن مارات يوشۇرۇن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش پەرمانى ماقۇللىنىپ، ئاممىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشى چەكلەندى.

پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرى كونتروللۇقىدىكى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئاممىنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن، 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا سايلام ھوقۇقىغا چەك قويۇش ھەققىدىكى قانۇننى چىقاردى. بۇ قانۇنغا ئاساسەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەرلەر ئاكتىپ پۇقرا ۋە پاسسىپ پۇقرالارغا بۆلۈنۈپ، ئاكتىپ پۇقرالارلا سايلامغا ۋە مىللىي ئارمىيەگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايتتى، ئومۇمەن 25 ياشقا توشقان، مەلۇم جايدا ئولتۇراقلاشقىنىغا بىر يىل بولغان، ھەر يىلى شۇ جايدىكىلەرنىڭ

ئۈچ كۈنلۈك ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلىدىغان پۇلنى بىۋاسىتە باج قىلىپ تۆلىگەن ھەممە خۇسۇسىيلارغا ياللانمىغانلارلا ئاكتىپ پۇقرا، بۇ ئۆلچەمگە توشمىغانلار بىردەك پاسسىپ پۇقرا ھېسابلىناتتى. 1791 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 26 مىليون نوپۇس ئىچىدە ئاكتىپ پۇقرالار ئارانلا 4 مىليون 298 مىڭ بولۇپ، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەردىن بۇنداق سالاھىيىتى يوقلار تەخمىنەن 3 مىليون ئادەم بولغان، قانۇندا يەنە، ئاكتىپ پۇقرالار ھەر 100 ئادەم ئىچىدىن بىر ئادەمنى نامزات قىلىپ كۆرسىتىدۇ، يىلدا ئون كۈنلۈك ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلىدىغان پۇلنى بىۋاسىتە باج قىلىپ تۆلىگەنلەر ئاندىن بۇ نامزاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئومۇمەن ئېپىسكوپ، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئەمەلدارلار مۇشۇ نامزاتلار ئىچىدىن سايلىنىدۇ، يىلدا 54 لىفىر بىۋاسىتە باج تۆلىگەن ھەممە مەلۇم يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرلا پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1791 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا يىلدا 54 لىفىر بىۋاسىتە باج تۆلىگەنلەرلا پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما نامزاتلارنىڭ سالاھىيەت ئۆلچىمى يۇقىرىلىتىلىپ، يىلدا 100 ~ 400 كۈنلۈك ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلىدىغان پۇلنى بىۋاسىتە باج قىلىپ تۆلىگەنلەر ئاندىن نامزاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىكى روبېسپېر ۋە پوپ گىرېگگول قاتارلىق دېموكراتىزمچىلار بۇ قانۇنغا قارشى چىققان بولسىمۇ، ئەمما نارازىلىقى ئىناۋەتسىز قىلىنىۋېتىلدى. مارات باي ئاقسۆڭەكلەرنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى. دېموران: «بۇ بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا، ھەتتا روسسونىڭمۇ سايلىنىش سالاھىيىتى

بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

چوڭ بۇرژۇئازىيە كونتروللۇقىدىكى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى خەلققە ئۆچمەنلىك قىلىش پوزىتسىيەسىنى 1791 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ماقۇللىغان لې . ساپېلىئېر قانۇنىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىدى. بۇ قانۇندا ئىشچىلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشى، ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇشى، ئىش تاشلىشى مەنئى قىلىندى ھەمدە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا 1000 لىۋىر جەرىمانە قويۇلۇپ، ئۈچ ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ قانۇننى ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوللىدى.

چوڭ بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش بىلەنلا خەلقنى دۈشمەن ئورنىدا كۆردى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا فىرانسىيەنىڭ كونا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، بىر قاتار يېڭى تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىش ئىدى.

## 4. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ فىرانسىيەنى ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى، 1791 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇن

فىرانسىيەنىڭ كونا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى 1789 - 1791 - يىللىرى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. جۈملىدىن، 1790 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پەرمان چىقىرىپ، ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە شاھزادە، گېرتسوگ، ماركىز، گىراف قاتارلىق مەرتىۋىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تەبىقە تۈزۈمىنى بىكار قىلدى.

1789 - يىلى 12 - ئايدىن 1790 - يىلى 1 - ئايغىچە يەنە پەرمان چىقىرىپ، بۇرۇنقى مەمۇرىي رايون، ئەدلىيە رايونى ۋە باج رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش دېگۈدەك كېلىدىغان 83 ئۆلكىگە بۆلدى،

ئۆلكىنىڭ تۆۋىنىدە ئوبلاست، ناھىيە ۋە كوممۇنا تەسىس قىلدى. بۇ فېئوداللىق بۆلۈنمىچىلىكنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىچكىرى جايلاردىكى چازىلارنى ۋە يەرلىك باج ـ سېلىقلارنى بىكار قىلدى، بۇ، سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى توسالغۇلارنى تازىلىدى.

1791 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنە پەرمان چىقىرىپ، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭ ئىمتىيازىنى بىكار قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنە ھۆكۈمەتنىڭ سانائەتكە ئائىت نىزاملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇ يىلى يەنە قوغداش تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يولغا قويدى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى يەنە ئەدلىيە جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش» پرىنسىپىنى يولغا قويدى. ئەمما، سودىيەلەر ئاكتىپ يۇقىرىلار ئىچىدىن سايلىنىپ چىققاچقا، بۇرژۇئازىيە ئەدلىيە ھوقۇقىنى مونوپول قىلىۋالدى، يەنە زاسېداتېللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سودىيەلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. باش ئەدلىيە مەھكىمىسى ئالىي ئەدلىيە ئورگىنى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي كېسىم ئورنى بولدى. «ئالىي سوت مەھكىمىسى» ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەھقىقلەيدىغان ئورگان بولدى. بۇ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرگەچكە، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى پادىشاھ ئەدلىيە ھوقۇقىنى مونوپول قىلىۋالدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى.

تېخىمۇ مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرى ــ كاتولىك دىنى جەمئىيىتى ھەققىدە قانۇن چىقىرىش بولدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋاستىلىك باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىۋاستە باج (يەر بېجى، كىرىم بېجى ۋە سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى)نى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىققانلىقتىن باج يىغىشتا زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن مالىيەدە

قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. مالىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى كاتولىك دىنى جەمئىيىتىگە ئوت ئاچتى، چۈنكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ قولىدا نۇرغۇن يەر (پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرنىڭ ئوندىن بىرى) بولۇپ، تەخمىنەن 3 مىليارد لىفىرغا يارايتتى. 1789 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى پەرمان ماقۇللاپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، دۆلەت دىنىي جەمئىيەتكە خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشنى جاكارلىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش بولۇپ، بۇ دىنىي جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلغانلىق ئەمەس ئىدى.

1790ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى يەنە پەرمان ئېلان قىلىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى ئۈششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تالاشتۇرۇپ سېتىشنى، پۇل تۆلەش مۇددىتىنى 12 يىل قىلىشنى بېكىتتى. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، بۇرژۇئازلارنى يەر سېتىۋېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش؛ ئۈچىنچىدىن، دېھقانلارنى دىنىي جەمئىيەتنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يومىيشچىكلارغا قارشى كۈرىشىنى پەسەيتىش مەقسەت قىلىنغانىدى.

ئەمما، 1790 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى يەرگە پۇل تۆلەش مۇددىتىنى 12 يىلدىن تۆت يىلغا، يەرلەرنى ئۈششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ سېتىشنى چوڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ سېتىشقا ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇرژۇئازلار سېتىۋالدى، پەقەت ئاز بىر قىسىم يەرلەرلا دېھقانلارنىڭ قولىغا تەگدى. بۇ سەۋەبتىن دېھقانلار ھەرىكىتى يەنىلا پەسەيمىدى. 1791 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 500 مىليون لىفىرغا يەتتى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى

www.uyghurkitap.com

تالاشتۇرۇپ سېتىش بىلەن بىللە بىر خىل ئالاھىدە زايوم — «فوندلۇق ئاكسىيە» تارقىتىپ، كىشىلەرنى سېتىۋېلىشقا چاقىردى، بۇنى سېتىۋالغانلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ يېرىگە ئېرىشىش هوقۇقىغا ئىگە بولاتتى. بۇ، دۆلەتكە قەرز بېرىپ تۇرۇش هېسابىغا يەرگە ئېرىشىش دېگەنلىك ئىدى. ئەمما، «فوندلۇق ئاكسىيە» ئۇزاق ئۆتمەي پۇل ئورنىدا بازاردا ئوبوروت قىلىنىشقا باشلاپ، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان يەنە بىر خىل پۇلغا ئايلاندى. كېيىن، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى مالىيە قىزىل رەقىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، فوندلۇق ئاكسىيەنى زىيادە كۆپ تارقىتىۋەتكەنلىكتىن، فوندلۇق ئاكسىيەنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇشى يامانلاشتى.

دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، دىنىي جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش — ئەقىلگە مۇۋاپىق تەدبىر ئىدى. 1790 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى پەرمان ئېلان قىلىپ، موناستىر ۋە باشقا ئورۇنلارنى تاقاپ، موناخلارنىڭ موناخلىقىنى تاشلىشىنى بەلگىلىدى. 1790 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ماقۇللانغان «روھانىيلار قانۇنى» ۋە 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ماقۇللانغان دىنىي جەمئىيەت ئىسلاھاتىغا دائىر قانۇنلاردا: ئىلگىرى دىنىي جەمئىيەت باشقۇرغان ئۈلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن دېگەندەك بارلىق ئىشلار دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ؛ فىرانسىيە كاتولىك دىنى جەمئىيىتى رىم پاپاسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ؛ ئېپىسكوپ، باستىرلار رىم پاپاسى تەرىپىدىن تەيىنلەنمەي، بەلكى سايلاپ چىقىلىدۇ؛ روھانىيلار ئاساسىي قانۇنغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم بېرىدۇ، دۆلەت ئۇلارغا مائاش بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

شۇ چاغدا ئادەتتىكى روھانىيلار «روھانىيلار قانۇنى»نى قوبۇل

قىلىشنى خالايتتى، ئەمما ئۇلار بۇ قانۇن رىم پاپاسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك، دەپ قارىدى. رىم پاپاسى 1791 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىككى پارچە مەخپىي مەكتۇپ يوللاپ «روھانىيلار قانۇنى»نى ئەيىبلىدى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلار، ھەتتا ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك روھانىيلارمۇ قەسەم بېرىشنى رەت قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي لاگېرغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قالاق دېھقانلار ئارىسىدىكى تەسىرى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن نۇرغۇن دېھقانلار ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭلارغا قاتناشتى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ فىرانسىيەنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە باسقان ئەڭ مۇھىم قەدىمى ــ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش بولدى، ئاساسىي قانۇن 1791 ـ يىلى 9ـ ئايدا ئېلان قىلىندى.

بۇ ئاساسىي قانۇندا «بارلىق ھاكىمىيەتنى خەلق بارلىققا كەلتۈرىدۇ» دەپ جاكارلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، خەلقنىڭ سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىدى. ئۇنىڭدا پادىشاھلىق تۈزۈم ساقلاپ قېلىنىپ، شۇنداقلا پادىشاھ ھوقۇقىغا چەك قويۇلۇپ، چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاساسىي قانۇندا، دۆلەتنىڭ سىياسىي تەشكىلى ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپى ئاساسىدا بېكىتىلىپ، مەمۇرىي ھوقۇق پادىشاھقا، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە، ئەدلىيە ھوقۇقى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە تەۋە بولىدۇ، مەمۇرىي باشلىق بولغان پادىشاھ ھەرقايسى مىنىستىرلىقلارنىڭ ۋەزىرلىرىنى تەيىنلەشكە ھوقۇقلۇق، ئەمما يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى، قوشۇنلۇق، دېڭىز ئارمىيەسىنى ۋە روھانىيلارنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئەمەس، ئۇ مەركەزدىكى مەمۇرىي ئىشلارنى ھەرقايسى مىنىستىرلىقلارنىڭ ۋەزىرلىرىگە

ھاۋالە قىلىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق مەمۇرىي تەدبىرلىرى ۋەزىرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولمىسا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئۇ قانۇن چىقىرىش كېڭەشنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا ياكى يارىشىشقا ھوقۇقلۇق بولمايدۇ. ئۇنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى ماقۇللىغان قانۇنلارنى تۆت يىل توختىتىپ قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ، ئەمما بۇ ھوقۇقنى مالىيە قانۇنىغا قوللىنىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭ دۆلەت غەزنىسىگە خالىغانچە چېقىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئوردىغا مۇقىم راسخوت ئاجرىتىلىپ، ھەر قېتىم يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا، قانۇن چىقىرىش كېڭەشى راسخوت سانىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. بۇ قېتىملىق راسخوت سانى 250 مىليون لىفىر بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ئاساسىي قانۇندا يەنە قانۇن چىقىرىش كېڭەشى بىر پالاتالىق ئورگان بولىدۇ، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدۇ. ئۇ يىغىن ئورنى ۋە ۋاقتىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، پادىشاھنىڭ بۇ ئورگاننى تارقىتىۋېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ. كېڭەش ھەرقايسى ۋەزىرلەرنى نازارەت قىلىشقا، ئۇلاردىن ھەر يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات ئېلىشقا، ئۇلارنى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ، يەنە دىپلوماتىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئومۇمەن، بۇ ئاساسىي قانۇن پادىشاھلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا قاتتىق چەكلىمە قويۇپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى ئورناتتى.

بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ ئەڭ روشەن يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»دا تىلغا ئېلىنغان خەلقنىڭ بىر قاتار ھوقۇقلىرى ئېنىق بەلگىلەنمىدى، شۇنداقلا مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى قۇللۇق تۈزۈم ساقلاپ قېلىندى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ ئاساسىي قانۇن بىر ئىلغار بۇرژۇئا

ئاساسىي قانۇنى ئىدى. چۈنكى، ئۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەردە فېئودالىق مۇستەبىت تۈزۈم ساقلىنىۋاتقان شارائىتتا فىرانسىيەدە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

## 5. 3 ـ تەبىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ۋە دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى

1789 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاب پارتلاشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە 3 ـ تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى ئىدى، فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى كۈرەش بۇرژۇئازىيە بىلەن ئەمگەكچى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرغانىدى، خەلق ئاممىسى بۇرژۇئازىيەنىڭ پادىشاھقا ۋە ئىمتىيازلىق تەبىقىگە قارشى كۈرىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغانىدى. ئەمما، بۇرژۇئازىيە تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ساتقىنلىق قىلدى، 1789 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ــ 11 ـ كۈنلىرى قانۇن ماقۇللاپ، دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى فېئودالىق مەجبۇرىيەتلەرنى ساقلاپ قالدى. بۇ كەڭ دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇنداقلا 3 ـ تەبىقىنىڭ ــ چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن دېھقانلارنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1789 ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنىدىكى ۋەقەدىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە پۇقرالارنى ئاكتىپ پۇقرا ۋە پاسسىپ پۇقرالارغا بۆلىدىغان لې ساپېلىيېر قانۇنىنى تۈزدى، بۇمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن شەھەر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن 1790 ــ 1791 ـ يىللىرى خەلق ئارىسىدا چوڭ بۇرژۇئازىيەگە قارشى تۇرىدىغان مۇستەقىل دېموكراتىك ھەرىكەت شەكىللەندى. بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بۇرژۇئاز دېموكراتلار بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى، ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى روبېسپېر، مارات ۋە دانتون ئىدى.

ماكسىمىلىئان روبېسپېر (1758 ـــ 1794) 1780 ـ يىلى سوپوئان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە روسسونىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. 1782 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ ئادۋوكاتلىق قىلىپ، بوزەك قىلىنغان ئەمگەكچى خەلققە ئاقلىغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىغان. ئۇ 1789 ـ يىلى ئۈچ تەبىقە يىغىنىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدا ئىزچىل خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. ئۇ 1789 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ماقۇللانغان ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش پەرمانى، پۇقرالارنى ئاكتىپ پۇقرا ۋە پاسسىپ پۇقراغا ئايرىش قانۇنىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، «مۇبادا بىر قىسىم كىشىلەر چوڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىنىغۇچى بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ خىل سىياسىي تۈزۈم ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ... بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، سىلەر فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زۇلۇمىدىن ئەمدىلا ئازاد بولغان خەلقنى باي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىزىشىگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر» دەپ كۆرسەتتى ھەمدە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى ئورنىتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن پىكىرلىرىدە خەلققە بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە بايلارغا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ بايلارنىڭ شەخسىيەتچى، شۆھرەتپەرەس، تەكەببۇر كېلىدىغانلىقىنى، دائىم ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ ئىجتىمائىي مەنپەئەتكە زىيان سالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

پائۇل، مارات (1743 ـــ 1793) مەشھۇر ئالىم ۋە سىياسىي مۇتەپەككۇر بولۇپ، بۇرۇنلا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە نەتىجە قازىنىپ داڭ چىقارغان. 1774 ـ يىلى «قۇللۇق تۈزۈم ئاسارىتى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ئاساسىي قانۇنىنى قاتتىق قامچىلاپ، ئەنگلىيە خەلقىنى قوزغىلىپ پادىشاھلىق تۈزۈم ۋە چىرىك پارلامېنت تۈزۈمىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان. ئۇ

بۈيۈك ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن ئالىملارغا خاس تىنچ تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئىنقىلاب قاينىمىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلدى. ئۇ «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، خىتابنامىنىڭ بايلارنىڭ نامراتلارغا تەسەللى بېرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ خەلقنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «ئىنقىلابنى ئورۇنلاشقا قۇربى يېتىدىغانلار پەقەت جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ھەم دېھقانلار، يەنى بايلار مۇتتەھەملەر دەپ تىللايدىغان تۆۋەن قاتلامدىكى نامراتلاردۇر» دەپ كۆرسەتتى.

گېئورگى ياك دامى لتون (1759 — 1794) ئەسلىدە ئادۋوكات بولۇپ، پادىشاھلىق تۈزۈم ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى سۆكۈپ، دېموكراتىك سىياسىينى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ جامائەت پىكرىنى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشقا يېتەكلەشتە كۈچلۈك تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىدى. ئۇنىڭ غەيرەت ـ شىجائەتكە تولغان نۇتۇقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى.

دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق تايانچ بازىسى ياكوبىن كۇلۇبى بىلەن گېردىلىر كۇلۇبى ئىدى.

ياكوبىن كۇلۇبى 1789 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنىدىكى ھەرىكەتتىن كېيىن پەيدا بولدى. دەسلەپتە، بۇ كۇلۇبتىكىلەرنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ، ئىچىدە ئەركىنلىكنى ياقلايدىغان بۇرژۇئاز ئاقسۆڭەكلەر، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى بۇرژۇئازلار، بۇرژۇئاز دېموكراتىزمچىلار ۋە ئەمگەكچى خەلق بار ئىدى. 1791 — 1792 ـ يىللىرى ئەركىنلىكنى ياقلايدىغان بۇرژۇئاز ئاقسۆڭەكلەر بىلەن سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى بۇرژۇئازلار بۇ كۇلۇبتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۇ دېموكراتىزمچىلار بىلەن ئەمگەكچى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان تەشكىلاتقا ئايلاندى. روبېسپېر ياكوبىن كۇلۇبىنىڭ مەشھۇر

رەھبىرى بولۇپ قالدى.

گىردىلىر كۇلۇبىنى مارات قاتارلىقلار 1790 ـ يىلى يازدا قۇرۇپ چىقتى. بۇ كۇلۇب دەسلەپتىلا بىر دېموكراتىك تەشكىلات بولۇپ، پارىژ خەلقىنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئەزالىق بەدىلى تۆۋەن بولغاچقا، نامراتلار بىلەن پاسسىپ پۇقرالار كۆپ قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ كۇلۇب تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ بازىسى بولۇپ قالدى.

دېموكراتىك ھەرىكەت دەسلەپتە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنىڭ دېموكراتىك بولمىغان تەدبىرلىرىگە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا قانات يايدى. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. جۇمھۇرىيەت ئىدىيەسىنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئادۋوكات فىرانسوۋا روبېل بولۇپ، ئۇ 1790 ـ يىلى كۈزدە «خەلق ۋەكىللىرى» گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، «بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيەسىدىن ۋە ئاساسىي قانۇندىن ‹پادىشاھ› دېگەن ئىسىمنى چىقىرىپ تاشلايلى» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇمھۇرىيەت ئىدىيەسى بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئەمما، جۇمھۇرىيەت ئىدىيەسى 1791 ـ يىلى «پادىشاھنىڭ قېچىش ۋەقەسى»دىن كېيىنلا ئاندىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

1789 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىنقىلابنىڭ پارتلىشى بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پادىشاھنىڭ ئىنىسى گىراف ئادوۋا قاتارلىق چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ئىتالىيەدىكى تورىنغا قاچتى. 7 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دېھقانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن يەنە بەزى ئاقسۆڭەكلەر چەت ئەلگە قاچتى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ ، 6 ـ كۈنىدىكى ھەرىكەت يەنە بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچىلەر ـــ



www.uyghurkitap.com

ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلارنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىغا سەۋەب بولدى. 1790 ـ يىلى ئاقسۆڭەك مەرتىۋىسى ۋە تەبىقە تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر چەت ئەلگە قاچتى. 1791 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە، گېرمانىيەدىكى كوبلېنىز قاچقۇنلارنىڭ لاگېرىغا ئايلاندى، گىراف ئادوۋامو ئىتالىيەدىن بۇ يەرگە كەلدى. بۇ يەردىكى قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەر ئىنقىلابقا قارشى سۇيىقەست پىلانلاشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ تۇنجى سۇيىقەستى پادىشاھنىڭ پارىژدىن قېچىپ چىقىشىنى پىلانلاش بولدى.

ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، لۇئى X VI ئەكسىيەتچىلەرگە خاس ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلدى: ئۇ شىددەتلىك ئىنقىلاب دولقۇنى ئالدىدا جېنىنىڭ بارىچە تىركىشىپ باقتى، ئۇنۇمى بولمىغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن تىز پۈككەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچىل سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللاندى. 1789 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خەلقنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نى تەستىقلىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ كۈنى ئاخشىملا قېچىشقا ئۇرۇنۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. باستىلىيې تۈرمىسى ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئۇ ئىنقىلابىي ۋەتەنگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كەينىدىنلا قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەرگە يوشۇرۇنچە خەت يېزىپ «ماڭا ئىشىنىڭلار، ھەممە ئىشقا ئامال قىلغىلى بولىدۇ» دەپ ئۇلارنى ئىلھاملاندۇردى. 1791 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇ ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىگە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوللىغانلىقىنى، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمما دەرھاللا چەت ئەلگە يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر پادىشاھلىرىغا ئۆزىنىڭ بۇ باياناتىغا ئىشەنمەسلىكنى ئۇقتۇردى ھەمدە ئىسپانىيە ئوردىسىغا

مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى.

ئۇ قېچىش نىيىتىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى. 1791 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇ چەت ئەلدىكى قاچقۇن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن خانىشنى ئېلىپ، ئوغرىلىقچە پارىژدىن ئايرىلىپ كوبلىنزغا بېرىپ، ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى پادىشاھلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، فىرانسىيە ئىنقىلابىنى ئورتاق باستۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ ئولتۇرغان پەيتون سان مونور ئەتراپىغا كەلگەندە، پوچتىخانا باشلىقى دروئاي ئۇنى تونۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دروئاي كېچىچە قوغلاپ، فالېن دېگەن جايغا كەلگەندە يېتىشىۋېلىپ، پەيتوننى توسۇۋالدى. پادىشاھ قاتارلىقلار ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىدا پارىژغا قايتتى.

پادىشاھنىڭ قاچقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى ھەرىكەتلەر قوزغالدى. پارىژدا، ھاراق سودىگىرى سانتېل 2000 نامرات ئەمگەكچىنى قوراللاندۇرۇپ جەڭگە تەييارلاندى. كىشىلەر ھەممىلا جايدا پادىشاھنىڭ رەسىمىنى يىرتىپ تاشلىدى. ۋىۋىسكىلاردىكى ۋە كوچىلاردىكى «پادىشاھلىق» دېگەن خەتلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. نۇرغۇن جايلاردىكى ئامما مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، پادىشاھنى جازالاشنى ۋە ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئەمما، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىكى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى پادىشاھنى ئاقلاپ، پادىشاھ ئالداپ كېتىلگەن دەپ ئۇنىڭ جىنايىتىنى ياپماقچى بولدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پادىشاھنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە قارار ماقۇللىدى. بۇ قارار پارىژ ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. گېردىلىر كۇلۇبى بىر مۇراجىئەتنامە يېزىپ چىقىپ، ئاممىنى خائىن پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ

قىلماسلىققا چاقىردى. ياكوبىن كۇلۇبىمۇ بۇ چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، 10 مىڭغا يېقىن پارىژ ئاھالىسى ھەربىي مەشىق مەيدانىغا توپلىنىشىپ نامايىش قىلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى بىلەن پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەت نامايىشچىلارنى باستۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. مىللىي ئارمىيە لافايېتنىڭ قوماندانلىقىدا نامايىشچىلارغا ئوق چىقىرىپ، 50 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى.

ھەربىي مەشىق مەيدانىدىكى قىرغىنچىلىق چوڭ بۇرژۇئازلاردىن بولغان پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرىنىڭ پادىشاھ تەرەپتە تۇرۇپ ئاممىنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ بارىچە پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىشى، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى، ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئەربابنىڭ بىر جۈملە سۆزى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇ ئەرباب 1791 ـ يىلى 6 ـ ئايدا فالېن ۋەقەسى يۈز بېرىپ 20 كۈن ئۆتمەيلا، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدا: «بىز بۇ ئىنقىلابنى ئاخىرلاشتۇرايلى»، چۈنكى «ئەركىنلىككە يەنە بىر قەدەم يول قويساق پادىشاھ ھوقۇقىدىن ئايرىلىمىز، باراۋەرلىككە يەنە بىر قەدەم يول قويساق مال ـ مۈلكىمىزدىن ئايرىلىمىز» دېدى.

چوڭ بۇرژۇئازلاردىن بولغان پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەربىي مەشىق مەيدانىدىكى قىرغىنچىلىق چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن بۇرژۇئاز دېموكراتىزمچىلىرى باشچىلىقىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئايرىپ، 1792 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلابقا تۈرتكە بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## 6. سىرتقا قارشى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى

1791 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى تارقىلىپ كەتتى، 2 - كۈنى (10- ئاينىڭ 1 - كۈنى) ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن سايلاپ چىقىلغان قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئىشقا چۈشتى، بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە رەسمىي ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتكە ئايلاندى.

قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى ئاكتىپ پۇقرالار سايلاپ چىققان بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەزالار بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئىدى، كونا تۈزۈمنى قوللايدىغان ئاقسۆڭەك ياكى روھانىيلار ۋەكىللىرى يوق دېگۈدەك ئىدى. كېڭەش ئىشقا چۈشۈشى بىلەنلا ئوخشاش بولمىغان ئۈچ سىياسىي مەزھەپكە بۆلۈندى. بىرىنچىسى، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى بولۇپ، 246 ۋەكىلدىن تەركىب تاپقانىدى؛ ئىككىنچىسى، مۆتىدىللەر بولۇپ، 345 ۋەكىلدىن تەركىب تاپقانىدى؛ ئۈچىنچىسى، سولچىللار بولۇپ، 136 ۋەكىلدىن تەركىب تاپقانىدى. ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى ئەركىن ئاقسۆڭەكلەر، چوڭ پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلار ئاساسىي قانۇننى ھىمايە قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇراتتى. مۆتىدىللەرنىڭ پوزىتسىيەسى باشقا ئىككى مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، مۇستەقىل پىكرى يوق ئىدى. سولچىللار ئىچكى جەھەتتىن يەنە ئىككى مەزھەپكە — گىروندىچىلار ۋە ياكوبىنچىلارغا بۆلۈنگەنىدى. گىروندىچىلار گىروندى ئۆلكىسىدىكى سودا - سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئاساسلىق ۋەكىللىرى بىرىسسو، ۋېنىئو قاتارلىقلار ئىدى. گىروندىچىلار پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىغا

قارىغاندا سەل ئىلغار بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ ھازىرقى نەتىجىلىرىدىن قانائەتلىنىپ قالماي، فرانسىيەنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى، ھەتتا بەزىلەر خەلقنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش كۆرىشىنى قوللايتتى. ئەمما، ئۇلار خەلقنىڭ تەلىپىگە ئېتىبارسىز قاراپ، پەقەت بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل بۆلگەچكە، خەلقتىن قورقاتتى. ياكوبىنچىلار بۇرژۇئاز دېموكراتىزمچىلار بولۇپ، ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، دېموكراتىيەنى يولغا قويۇشنى ۋە فېئوداليزمغا قارشى كۆرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار كۈچلۈك ئىنقىلابىي جاسارەتكە، ئۆتكۈر سىياسىي نەزەرگە ئىگە بولۇپ، دۈشمەنلەر بىلەن كۆرەش قىلىشتا خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

قانۇن چىقىرىش كېڭىشىدە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى سان جەھەتتە سولچىللاردىن كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆتىدىللەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالغاچقا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، شۇڭا ئۇلار ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئەمما، كەڭ خەلق ئاممىسى ياكوبىنچىلارنى قوللىغاچقا، ياكوبىنچىلارنىڭ كۈچى زور ئىدى. گىروندىچىلارمۇ باشقا ئۆلكىلەردىكى سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنى ئارقا تىرەك قىلاتتى.

قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ئۈچ چوڭ مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بىرىنچى، مال باھاسى ئۆرلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلاشتى. ھۆكۈمەت «فوندلۇق ئاكسىيە»نى كۆپلەپ تارقاتقانلىقتىن، پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى تېز ئۆرلەپ كەتتى، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئاشلىق باھاسى ئىنتايىن ئۆرلەپ كەتتى. ھايانكەش سودىگەرلەر بېسىمدارلىق قىلىپ، مال باھاسىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. بۇ، ئەڭ نامرات قاتلام بولغان ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، نامراتلار ۋە نامرات دېھقانلارنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 1792 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارىژدا

نامراتلار توپىلاڭ كۆتۈردى، ئۇلار يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرى ياكى ئامبارلىرىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى چېقىپ، خوجايىنلىرى يېمەك - ئىچمەكلەرنى بۇرۇنقى باھادا سېتىپ بېرىشكە قىستىدى. ئامما يەنە قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە مۇراجىئەتنامە يوللاپ، يېمەك - ئىچمەك باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ھايانكەش سودىگەرلەرنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىدى، مۇراجىئەتنامىسىغىمۇ پىسەنت قىلمىدى.

ئىككىنچى، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۈنسېرى ئەدەپ كەتتى، قەسەم قىلىشنى رەت قىلغان روھانىيلار ۋە ئىنقىلابقا قارشى ئاقسۆڭەكلەر مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن جايلاردا مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. ئۇلار 1791 - يىلى 8 - ئايدا ۋاندى ئۆلكىسىدە توپىلاڭ كۆتۈردى، 1792 - يىلى 2 - ئايدا لوزېر دېگەن جايدا مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. 1791 - يىلى 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قارشى ئاقسۆڭەكلەر ياۋېرنوندىكى توپىلاڭدا شەھەر باشلىقىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. چەت ئەلدىكى قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى. 1791 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلار 20 مىڭغا يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كوبلىنزدىكىلەر قوراللىنىپ، فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىنقىلابنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى.

بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا، قانۇن چىقىرىش كېڭىشىدىكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى پىسەنت قىلماسلىق پوزىتسىيەسى تۇتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتى ئىدى. گىروندىچىلاردىن بولغان كېڭەش ئەزالىرى بولسا ئىنقىلابنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەڭ كەسكىن چارىلەرنى قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بىرىسسو قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەرنى قولغا ئېلىش تەكلىپىنى بېرىپ، ئورۇنسىز يول قويۇش سىياسىتىگە قارشى تۇردى. ئىنئاسنال:

«بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق مۇرەسسە ئۇسۇلى ئەسقاتمايدۇ، ئېيتىپ بېقىڭلار، ئىلگىرى كەلگەن قورساقلىق قىلساق نەتىجىسى قانداق بولدى؟ سىلەر قانچە كەڭچىلىك قىلساڭلار، دۈشمەن شۇنچە ئەسەبىيلىشىدۇ. ئۇلارنى ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويساق، ئۇلار ئاندىن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى توختىتىدۇ» دېدى. گىروندىچىلارنىڭ تەلىپى ئاستىدا، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئىككى مۇھىم قارارنى ماقۇللىدى. 1791 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى قاراردا: چېگرا سىرتىغا تويلىشىۋالغان فىرانسىيەلىكلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش غەرىزى بار دەپ قارىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار 1792 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تارقىلىپ كەتمىسە، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، سىرتتىن ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە تاپاۋىتى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى قاراردا: قارشىلىق قىلىۋاتقان روھانىيلار چوقۇم قەسەم قىلىشى كېرەك، بولمىسا مائاشى توختىتىلىپ، قانۇنسىز مالىمان چىقارغۇچىلار دەپ قارىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار قەسەم قىلىشنى يەنە رەت قىلسا قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ، ناۋادا ئۇلار تۇرۇۋاتقان رايوندا دىنىي توپىلاڭ يۈز بەرسە، ئۇلار ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار مالىمانچىلىققا قاتنىشىپ، قارشىلىشىش مەزمۇنىدىكى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارسا قولغا ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئەمما، پادىشاھ بۇ ئىككى قارارنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى بولسا پادىشاھنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللىدى.

ئۈچىنچى، چەت ئەللەرنىڭ قوراللىق ئارىلىشىش تەھدىتى كۈچەيدى. فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى قوشنا دۆلەتلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. فىرانسىيەدىكى ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ زەربىسىدە، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى بېلگىيە خەلقى مىللىي

ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوزغىدى. گېرمانىيەنىڭ غەربىدە دېھقانلارنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۆرىشى پارتلىدى. ئەنگلىيەدە بۇرژۇئازىيە رادىكاللىرى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دېموكراتىزمچىلىرى ۋە ئىشچىلار فرانسىيە ئىنقىلابىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپ ھېسداشلىق قىلدى ھەمدە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى مەزمۇن قىلغان رادىكاللار ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بۇ ئەھۋاللار ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. ئۇلار فرانسىيەدىكى ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنى قوتقۇزالايمىز دېگەن قاراشقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە فرانسىيە سەرگەردان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردە قاتراپ يۈرۈپ، پادىشاھلارنى فرانسىيە ئىنقىلابىغا قوراللىق ئارىلىشىشقا كۈشكۈرتتى. فرانسىيە پادىشاھىمۇ بارلىق ئۈمىدىنى چەت ئەللەرنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىغا باغلاپ، ھەرقايسى دۆلەت پادىشاھلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئۇ پىرۇسسىيە پادىشاھى فرېدرىخ ۋىلھېلىم II گە يازغان خېتىدە: «مەن ئاۋستىرىيە پادىشاھى، رۇسىيە ئايال پادىشاھى، ئىسپانىيە پادىشاھى ۋە شىۋېتسىيە پادىشاھىغا يازغان خېتىمدە ئېيتتىمكى، زورلۇق كۈچىنى ئارقا تىرەك قىلغان ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر كېڭىشىنى قۇرۇش فرانسىيە توپىلاڭچىلىرىنى چەكلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، شۇنداق قىلغاندىلا بىز ئۈمىد قىلغان تەرتىپ ئەسلىگە كېلىدۇ ھەمدە فرانسىيەگە زىيان سالغان توپىلاڭنىڭ پۈتۈن ياۋروپا دۆلەتلىرىگە يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دېدى.

1791 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، پرۇسسىيە پادىشاھى بىلەن ئاۋستىرىيە پادىشاھى پىرىنىز (ساكسوندا) دا بىر قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت پادىشاھلىرىنى ئورتاق ھالدا «ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر» قوللىنىپ،

فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ «ھۆكۈمرانلىق ئورنى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىردى ھەمدە قوشۇن چىقىرىپ «جىنايەتچىلەر»نى جازالاپ «ئادالەت»نى ياقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چەت ئەللەرنىڭ ئارىلىشىش تەھدىتىگە قارىتا، قانۇن چىقىرىش كېڭىشىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەر ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتتى. پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ بىر قىسمى رېئال ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنى خالىغاچقا، ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرىتىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا قارشى تۇرۇپ سۈلھى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بىر قىسمى پادىشاھ بىلەن بىردەك پوزىتسىيەدە بولۇپ ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلىدى، ئۇلارنىڭ ئويىچە، ئەگەر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىيەلەيتتى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابنىمۇ باستۇرۇۋېتەلەيتتى؛ ئەگەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولسا، ئىنقىلاب ئوتىنى چەت ئەل مۇداخىلىچىلىرى ئۆچۈرۈۋېتەتتى ــ دە، پادىشاھنىڭ بۇرۇنقى ھوقۇقى ۋە ئورنى ئەسلىگە كېلەتتى. گىروندىچىلارمۇ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ كۆرەش نىشانىنى بۇراش مەقسىتىدە ئۇرۇش قىلىشقا قوشۇلدى، ئۇلار يەنە ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىش، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۈچۈن چەت ئەل بازارلىرىنى ئېچىش ۋە مۇستەملىكە رايونلىرىنى كېڭەيتىش ئۈمىدىدە بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار چىرايلىق سۆز ــ ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى چۈشەندۈردى. ئۇلار ئەركىنلىك مۇستەبىتلىكتىن قۇتۇلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئۇرۇش قىلىش كېرەك، فىرانسىيە ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئارقىلىق پۈتۈن ياۋروپانى ئازاد قىلىشى لازىم، دېيىشتى. گىروندىچىلاردىن بىرىسىنىڭ: «ئۇلارغا بەگلىكلىرى ھۇجۇم قىلىشقىمۇ ئويلىنىش كېتەمدۇ؟ شان ــ شەرەپ، ئىناۋەت، ئىنقىلابنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى ئەلنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر

ئۇرۇن ئالغۇزۇش ئۈچۈن، مۇشۇنداق قىلماي بولمايدۇ» دېدى. ئەمما، ياكوبىنچىلار گىروندىچىلارنىڭ تەشەببۇسىغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى روبېسپېر (ئۇ قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ ئەزاسى ئەمەس ئىدى) ياكوبىن كۇلۇبىدا ئۆز مەيدانىنى ئوچۇق شەرھلەپ: فىرانسىيە خەلقىنىڭ قوزغىلىپ چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى كۈرەش قىلىشى ئەلۋەتتە زۆرۈر، ئەمما چەت ئەل كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنى تازىلاش كېرەك، چۈنكى دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەنلەر چەت ئەل كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە كوبلېنىزدىكىلەر بىلەن ئوردىدىكىلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىنى مىسالغا ئالدى. ئۇ: چەت ئەلدىكى ئاشۇ ئاقسۆڭەكلەرنى يوقىتىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى باستۇرۇش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ گىروندىچىلارنىڭ ئىنقىلابنى چەت ئەللەرگە كېڭەيتىش خىيالىنى مەسخىرە قىلىپ: «قوراللىق دىن تارقاتقۇچىلارنى ھېچكىم قارشى ئالمايدۇ» دېدى. ئۇ يەنە چەت ئەللىكلەرنى قورال كۈچىگە تايىنىپ فىرانسىيەنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئىنتايىن بىمەنە خىيال ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ «ئىنقىلابنى چەت ئەللەرگە كېڭەيتىش»كە قارشى تۇرۇپ، فىرانسىيەنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى كەمچىل، ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۆڭەك، قوشۇن تېخى مۇكەممەل ئەمەس، مىللىي ئارمىيەدە خىل قورال ـ ياراغلار يوق، بۇ ھالەتتە ئۇرۇشتا يېڭىپ چىققىلى بولمايدۇ، يېڭىپ چىققان تەقدىردىمۇ ئىنقىلابقا ھېچقانداق پايدىسى يوق، چۈنكى قارانىيەت قوماندانلار ئەركىنلىكنى، ئىنقىلاب مېۋىسىنى يوققا چىقىرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى ھەم ھەربىي مۇستەبىتلىكنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىسقىسى، ئۇ گىروندىچىلارنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى تۇرۇپ، بۇ تەشەببۇس خەتەرلىك، ئۇ ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارىدى.

ئەمما، گىروندىچىلارنىڭ ئىنقىلاب شوئارى ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ھېيلىگەر لۇئى XVI گىروندىچىلارنىڭ تەشەببۇسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ئۇرۇش قىلىشقا قوشۇلدى. ئۇ پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى كابىنېتىنى تارقىتىۋېتىپ، گىروندىچىلارنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزى بۇرۇنلا تىل بىرىكتۈرۈۋالغان چەت ئەل كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈشنى پىلانلىدى.

1792- يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، گىروندىچىلار ئىچكى كابىنېتى پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. گەرچە فىرانسىيە ئالدى بىلەن ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسىمۇ، فىرانسىيەگە نىسبەتەن بۇ ئۇرۇش ھەققانىي ئۇرۇش ھېسابلىناتتى، چۈنكى فىرانسىيە خەلقى ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى فىرانسىيە قوشۇنى ئاۋستىرىيەگە ھۇجۇم قوزغىدى. شۇ چاغدا، ئاۋستىرىيەنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى يېتەرسىز ئىدى، پرۇسسىيە قوشۇنى بولسا يەنە ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاندىن ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا قوشۇلۇپ جەڭ قىلماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فىرانسىيە ئەسكەرلىرى ئاۋستىرىيە ئەسكەرلىرىدىن كۆپ بولۇپ، 100 مىڭ كىشىلىك فىرانسىيە قوشۇنىغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ 35 مىڭ ئەسكىرى بېلگىيەدە، 6000 ئەسكىرى بېلىسكودا ئىدى. فىرانسىيە قوشۇنىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەربىي ساپاسى ناھايىتى تۆۋەن پىدائىيلار بولسىمۇ، مۇبادا ئوفىتسېرلار ياخشى قوماندانلىق قىلسىلا، فىرانسىيە قوشۇنى ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرالايتتى. ئەمما، فىرانسىيە قوشۇنىدىكى ئوفىتسېرلار قوماندانلىقتا ناباب بولغانلىقى ھەم ئىنقىلابقا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئاستا ھەرىكەت قىلدى، تەييارلىق پۈتمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ ھۇجۇم ۋاقتىنى كېچىكتۈردى. باش قوماندان لافايېتنىڭ ھەرىكىتى

تېخىمۇ پاسسىپ بولدى. ئەڭ مۇھىمى، پادىشاھ بىلەن خانىش ئەسلىدىنلا ۋەتەن ساتقۇچلار بولغاچقا، خانىش ھەتتا فىرانسىيەنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا ئېيتىپ بەردى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، فىرانسىيە قوشۇنى ئاۋستىرىيە قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، نەتىجىدە ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ، نۇرغۇن ئوفىتسېرلار ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ جاۋابكارلىقى گىروندىچىلاردا بولمىسىمۇ، ئەمما پادىشاھ گىروندىچىلار ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلالمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، گىروندىچىلار ئىچكى كابىنېتتىنى تارقىتىۋېتىپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پرۇسسىيە قوشۇنىمۇ ھەربىي ھەرىكىتىنى باشلىدى، ئاۋستىرىيە قوشۇنى فىرانسىيە زېمىنىغا قىستاپ كەلدى. 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پرۇسسىيە — ئاۋستىرىيە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ قوماندانى برونىرۇك كوبلېنزدىن ھۇجۇم باشلىغاندا، ئاۋستىرىيە پادىشاھى ۋە پرۇسسىيە پادىشاھى نامىدا بىر باياناتنى ئېلان قىلدى، بۇ باياناتنى فىرانسىيەلىك بىر ئەكسىيەتچى قاچقۇن ئاقسۆڭەك يازغانىدى. باياناتتا ئالدى بىلەن فىرانسىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە تۆھمەت چاپلىنىپ، ئۇ فىرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىپ، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ھاقارەت كەلتۈردى دېيىلدى، ئاندىن ھەيۋە قىلىش تەلەپپۇزىدا «فىرانسىيەدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، پادىشاھلىق تەختكە ۋە دىنىي جەمئىيەتكە ھۇجۇم قىلىشنى چەكلەپ، قايتىدىن قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇپ، پادىشاھنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز»، «ئەگەر پادىشاھ، خانىش ۋە پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر ئازراقلا دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرايدىكەن، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى، نام ـ ئابرۇيى ۋە ئەركىنلىكى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەيدىكەن ... پارىژنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمىز»

دېيىلدى. چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ بۇ ھەيۋىسى فىرانسىيە خەلقىنى قورقۇتالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى.

دۆلەت مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا، خەلق قوزغىلىپ كۈرەشكە ئاتلاندى. پارىژ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 20 مىڭ پىدائىي قوبۇل قىلىپ پارىژنى قوغداشنى قارار قىلدى. روبېسپېر، مارات ۋە دانتون قاتارلىقلار ئاكتىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، فىرانسىيە خەلقىنى ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى. ئاممىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە ياكوبىنچىلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «ۋەتىنىمىز خەتەر ئىچىدە» دېگەن قارارنى ماقۇللاپ، قورال تۇتالايدىغان بارلىق ئەرلەرنىڭ ئەسكەرلىككە قاتنىشىشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى. بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا پارىژدىكى ئەسكەرلىككە قاتناشقان پىدائىيلارنىڭ سانى 15 مىڭغا يەتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەپ پارىژغا ئاتلاندى. مارسېل خەلقىدىن تەشكىللەنگەن 516 كىشىلىك پىدائىيلار قوشۇنى 27 كۈن پىيادە يول يۈرۈپ پارىژغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار يول بويى «رېيىن مارشى»نى ئېيتىپ ئىلگىرىلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ناخشىنى ستراسبورگدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئوفىتسېرى رۇرى دى رىللې 1792 ـ يىلى ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ ناخشا مارسېلغا تارقالغاندىن كېيىن كەڭ ئومۇملاشقانىكەن. مارسېل پىدائىيلار قوشۇنى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىسىنى پارىژغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ناخشا «مارسېل مارشى» دېگەن نامدا دۇنياغا تونۇلدى.

## 7 . 1792 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى ئىنقىلاب

ئالدىنقى سەپتىكى ئوڭۇشسىزلىق، ئوردىدىكىلەرنىڭ دۈشمەن

بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار غەزەپ ـ نەپرىتىنى پادىشاھ ۋە ئوردىغا مەركەزلەشتۈردى. 1792 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پارىژ ۋە باشقا ئۆلكىلەردە پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى ھەرىكەت قوزغالدى. كىشىلەر چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى ئۇرۇش ھەم ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. مارسېل، دىشو، ئانگې قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكىلەر مۇراجىئەتنامە يوللاپ، پادىشاھنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھەرىكەتكە يەنىلا ياكوبىنچىلارنىڭ رەھبىرى روبىسپىير باشچىلىق قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۇ پادىشاھنى بىكار قىلىپ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بارلىق پۇقرالار (پاسسىپ پۇقرالارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سايلاپ چىققان مىللىي قۇرۇلتاينى دەسسىتىشتىن ئىبارەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى، ئۇ پۇقرالارنى ئاكتىپ پۇقرا ۋە پاسسىپ پۇقراغا ئايرىش دېموكراتىيە پرىنسىپىغا خىلاپ، شۇڭا ئاكتىپ پۇقرالار سايلاپ چىققان قانۇن چىقىرىش كېڭىشى قانۇنلۇق ئەمەس، پەقەت ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق سايلام چىقىلغان مىللىي قۇرۇلتايلا ھەقىقىي دېموكراتىك ۋەكىللەر ئورگىنى بولالايدۇ ھەمدە ئىنقىلابنىڭ يېڭى باسقۇچىدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇ مارات بىلەن بىللە پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، پاسسىپ پۇقرالارنى رايون يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيەگە قاتنىشىشىغا يول قويدى ۋە ئۇلارغا نەيزە تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئامما ۋە مارسېلدىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى ئورتاق پىلانلىدى. روبىسپىيرنىڭ تۈرتكىسى

بىلەن بىر مەخپىي قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مەخپىي قوماندانلىق ئىشتابى ئەتىسى كېچىدە قوزغىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ھەرقايسى مەسئۇل كىشىلەرگە كونكرېت خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يېرىم كېچىدە سىگنال ئاۋازى ياڭرىدى، پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار دەرھال توپلىنىپ، ئالدى بىلەن پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنى ئىشغال قىلىپ، كونا ھۆكۈمەت خادىملىرىنى قوغلىۋېتىپ، يېڭى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت — پارىژ كوممۇناسىنى قۇردى. پارىژ كوممۇناسى 288 نەپەر ۋەكىل (پارىژدىكى 48 رايوننىڭ ھەر بىرىدىن ئالتە نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى)دىن تەشكىللەندى، بۇ ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى پاسسىپ پۇقرالار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پارىژ كوممۇناسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىدا ئىدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھەردە، 20 مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭچى قوشۇن (مارسېل پىدائىيلار قوشۇنىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) پارىژ كوممۇناسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پادىشاھنىڭ تۇرالغۇسى — تۇئىلېرىيە سارىيىغا قاراپ يول ئالدى، سارايىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيەنىڭ كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرى ۋە توپچىلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت شىۋېيتسارىيە ياللانما ئەسكەرلىرى بىلەن ساراي خىزمەتچىلىرىلا قارشىلىق كۆرسىتىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئوق چىقاردى، قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا زەمبىرەك ئېتىپ، سارايىنى ئاخىرى ئىشغال قىلدى. سارايىنى تالىشىش ئۇرۇشىدا ياللانما ئەسكەرلەردىن 600 ئادەم، قوزغىلاڭچىلاردىن 500 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى. لۇئى XVI ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئالدىراپ - تېنەپ سارايدىن قېچىپ چىقىپ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە بېرىپ پاناھلاندى. پارىژ كوممۇناسىنىڭ ھەيئەتلىرى قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى، ئۇلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا، قانۇن چىقىرىش

كېڭەشى 1791 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، پادىشاھنى تەختتىن چۈشۈرۈش، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى بولغا قويۇش ھەمدە پات ئارىدا ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈپ مىللىي قۇرۇلتاي تەشكىللەشنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. دەسلەپتە، قانۇن چىقىرىش كېڭەشى پادىشاھنى لىيۇكسىمبۇرگ سارىيىدا ئېلىپ قالماقچى بولغانىدى، ئەمما پارىژ كوممۇناسى ئۇنى قولغا ئېلىشتا چىڭ تۇردى ھەمدە ئۇنى دانپىربۇرگ سارىيىغا نەزەربەند قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى ئىنقىلاب مانا مۇشۇنداق غەلىبە قىلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، شۇنداقلا پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى كابىنېتىمۇ غۇلاپ چۈشتى. قانۇن چىقىرىش كېڭەشى يېڭى مەمۇرىي ئورگان ـــ مەمۇرىي كومىتېتنى قۇردى، ھەيئەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گىروندىچىلار بولدى.

شۇ چاغدا پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىدىن بولغان گېنېرال لافايېت جاھىللىق بىلەن تىركەشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممەيلەننى بىزار قىلغاچقا، ئۇمىدىنى ئۈزۈپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.

ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى، ئەمما فىرانسىيە خەلقى كۈچلۈك تاشقى دۈشمەننىڭ تەھدىتى ئاستىدا تۇراتتى. شۇ چاغدا 100 مىڭ كىشىلىك پرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە قوشۇنى ۋە قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەر تەشكىللىگەن 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن فىرانسىيە زېمىنىغا كىرىپ بولغانىدى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى رومۇۋي قەلئەسىنىڭ قوماندانى ئۆزۈش قىلمايلا تەسلىم بولدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، قانۇن چىقىرىش كېڭەشى ۋە مەمۇرىي كومىتېت ئۆز نوپۇزى ۋە رەھبەرلىك رولىنى يوقىتىپ قويدى، فىرانسىيە خەلقىنىڭ تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپە پارىژ كوممۇناسىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. پارىژ كوممۇناسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بارلىق

خەلق قوراللاندى، بۇ ئۇرۇش ئىسمى جىسمىغا لايىق ئومۇمىي خەلق ئۇرۇشىغا ئايلاندى. پارىژ خەلقى ئىستىھكاملارنى ياساپ، زەمبىرەكلەرنى تەخلەپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە، پارىژدىكى 60 مىڭ كىشى قوراللىنىپ ئالدىنقى سەپكە يول ئالدى. شۇ چاغدا دانتون جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن: «سىگنال چېلىندى، ئەمما بۇ ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئەمەس، ۋەتىنىمىز دۈشمەنلەرگە بەرگەن تەھدىت سىگنالى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز دېيدىكەنمىز، يەنىمۇ باتۇر بولۇشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا فىرانسىيەنى قۇتقۇزۇپ قالالايمىز !» دەپ خىتاب قىلدى. ئىنقىلابىي قوشۇن گەرچە كۆپ مەشىق قىلمىغان، قورال ـ ياراغلىرى ناچار بولسىمۇ، جاسارىتى ئۈستۈن، ئۇرۇش تاكتىكىسى جانلىق ئىدى. 1792 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ ۋالمى ئېگىزلىكىدە كەسكىن جەڭ قىلدى. فىرانسىيە ئەسكەرلىرى «مارسېل مارشى»نى ئېيتىپ، «مىللەت ياشىسۇن !» دەپ شوئار توۋلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىركىشىپ، دۈشمەننىڭ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. دۈشمەن قوشۇنى تەۋرىنىپ قېلىپ چېكىندى، ئارقىدىنلا پىتىراپ قاچتى. بۇ غەلىبە ئىنقىلابىي فىرانسىيەنىڭ چەت ئەل مۇداخىلىچى قوشۇنى ئۈستىدىن قىلغان تۇنجى غەلىبىسى ئىدى. بۇ، فىرانسىيەدىكى ئىنقىلابىي خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بەردى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىككى ئايغا بارمايلا دۈشمەن قوشۇنىنى فىرانسىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى، ئىنقىلابىي فىرانسىيە قۇتقۇزۇۋېلىندى.

پارىژ كوممۇناسى خەلقنى ئۇرۇشقا تەشكىللەش بىلەن بىللە دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىنقىلابقا قارشى گېزىتلەرنى توختىتىپ، نۇرغۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ۋە گۇمانىدارلارنى قولغا ئالدى. پارىژ

كوممۇناسىنىڭ بىۋاسىتە بىسىم ئىشلىتىشى بىلەن قانۇن چىقىرىش كېڭىشى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پەۋقۇلئاددە سوت مەھكىمىسى قۇرۇپ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى سوتلاشنى قارار قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، پارىژ كوممۇناسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قانۇن چىقىرىش كېڭىشى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قەسەم قىلىشنى رەت قىلغان روھانىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3000 ئەتراپىدىكى گۇماندارنى قولغا ئالدى. 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ۋېردون قولدىن كېتىپ دۈشمەن قوشۇنى پارىژغا يېقىنلاپ كەلگەندە، پارىژدا «تۈرمىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار چەت ئەل قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەك تارقالدى، پارىژ ئاھالىسى بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان پىدائىيلار تۈرمىگە بۆسۈپ كىرىپ، بەش كۈن ئىچىدىلا تەخمىنەن 1100 دىن 1400 گىچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

پارىژ كوممۇناسى يەنە قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى بىر قاتار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى بىر قانۇن ماقۇللاپ، قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىرىنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، نامرات دېھقانلارنىڭ پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ (15 يىل) تۆلەش ئارقىلىق سېتىۋېلىشىغا يول قويدى، دېھقانلارنىڭ فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆلەيدىغان پۇل سوممىسىنى تۆۋەنلەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قانۇنىي ئاساسى يوق بارلىق فېئوداللىق ھوقۇقنى بىكار قىلدى.

پارىژ كوممۇناسىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى گەرچە دېھقانلارنىڭ بىر قىسىم تەلىپىنى قاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما گىروندىچىلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گىروندىچىلار قانۇن چىقىرىش كېڭىشىدىن پارىژ كوممۇناسىنى تارقىتىۋېتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىشقا ئاشمىدى.

# 3 ـ بۆلۈم گىروندىچىلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى — ئىنقىلابنىڭ 2 ـ باسقۇچى

## 1. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقنى جاكارلاش ۋە لۇئى XVI نى سوتلاش

1792 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مىللىي قۇرۇلتاي سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يەنى ۋالمىدىكى چوڭ غەلىبىنىڭ 2 ـ كۈنى قۇرۇلتاي ئېچىلدى. شۇ كۈنى ياكوبىنچىلاردىن كوللوۋگدېبا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گلازېر بۇ تەكلىپنى قوللاپ: «ئوردا جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغان جاي، چىرىكلىكنىڭ مەنبەسى، زوراۋانلىقنىڭ ئۇۋىسى، پادىشاھنىڭ تارىخى پۇقرالارنىڭ دەپسەندە قىلىنىش تارىخى، بۇ پادىشاھلار خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ خەلقنى دەپسەندە قىلىدىغانلار» دېدى. ئۇنىڭ نۇتقى قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولدى، مىللىي قۇرۇلتاي ئالقىش سادالىرى ئىچىدە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى. 2 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، 1792 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەت كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ تارىختا فىرانسىيە 1 ـ جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالدى.

مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى 700 دىن كۆپرەك كىشىدىن تەركىب تاپتى، سايلام كەڭ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ۋە ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ ۋەكىللەر ئىچىدىن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قوللايدىغان بىرمۇ كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى. گەرچە پاسسىپ پۇقرالارمۇ سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاۋاز بېرىشكە ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى، نامرات خەلق قوللىرىدىكى ئىشلارنى تاشلاپ،

ئۆزلىرى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىشنى — ئاۋاز بېرىشنى خالىمىدى. سايلام جەريانىدا بۇرژۇئازىيە ھەممىلا جايدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇڭا، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەكىللىرى بۇرژۇئازلار ۋە ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى بولۇپ، پەقەت ئىككىلا ئىشچى ۋەكىل بولۇپ سايلاندى. مىللىي قۇرۇلتايمۇ ئۈچ مەزھەپكە بۆلۈندى. بىرىنچى، گىروندىچىلار 165 ۋەكىللىك ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇلار سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرەتتى. مال ـ مۈلۈكنىڭ دەخلى ـ تەرۇزسىزلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇرژۇئازىيەگە كاشىلا قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ناچار نەرسە، شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قانچە ئاز ئارىلاشقان ھۆكۈمەت شۇنچە ياخشى ھۆكۈمەت دەپ قاراپ، ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى تەكىتلەيتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىنقىلابنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشىگە قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ داھىيسى بىرىسسو «بۇ ئىنقىلابنى ئەمدى توختىتىش كېرەك، بولمىسا ھەممىنى ئاغدۇرۇۋېتىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ» دېدى. ئىككىنچى، ياكوبىنچىلار تەخمىنەن 80 نەچچە ۋەكىللىك ئورۇننى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە روبېسپېر، مارات، سان گوست، دانتون، كوللوۋوگ دېبا قاتارلىقلار بار ئىدى. مارات 1792 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنى سۆكۈپ، بۇ نامراتلارنىڭ خارلىنىشىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، بايلارنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ بىر ۋاخلىق تامىقىغا كەتكەن خىراجەت بىلەن 10 مىڭ ئائىلىنى باققىلى بولىدۇ، دېدى. روبېسپېرمۇ مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، «قانۇن تۈزگۈچى بولغان ھەرقايسىڭلار چىقارغان قانۇن مۆتىدىل ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىنتايىن تەڭسىز بولۇش مەسىلىسىنى چەكلىيەلمىسە، سىلەر ئەركىنلىككە ھېچقانداق تۆھپە قوشمىغان بولىسىلەر» دەپ، مۈلۈك ھوقۇقىغا چەكلىمە قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى بۇرژۇئا دېموكراتىيەسىنى يولغا قويۇپ،

«باراۋەرلىك ئاساسىدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇش» ئىدى. ياكوبىنچىلار سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەر ھەم رېئالىزمچى بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ــ سىرتىدىكى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن كەڭ خەلققە تايىنىش زۆرۈرلۈكىنى، خەلقنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھەمدە خەلقنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇچىنچى، سازلىقچىلار 500 ۋەكىللىك ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇلار مۆتىدىللەر بولۇپ، مۇقىم سىياسىي قارىشى يوق ئىدى، ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە گىروندىچىلارغا ئەگەشتى.

بۇ ئۈچ مەزھەپ ئىچىدە ياكوبىنچىلارنى پارىژ ۋە باشقا ئۆلكىلەردىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق قوللايتتى، 1792 ــ يىلى 8 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنىدىكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىمۇ ياكوبىنچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلگەنىدى. ئەمما، ھاكىمىيەتنى گىروندىچىلار چاڭگىلىغا كىرگۈزۇۋالدى، مىللىي قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلىغاندا، سايلانغانلارنىڭ ھەممىسىلا گىروندىچىلار بولدى. بۇنىڭدا، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى غەلىبىسى گىروندىچىلار چىڭ تۇرغان ئۇرۇش سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرغاندەك بىلىنگەنىدى.

دەسلەپتە، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ياكوبىنچىلار گىروندىچىلار بىلەن ھەمكارلىششنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچىل پادىشاھلارنىڭ قوراللىق ئارىلىششىغا قارشى كۈرەشتە، ئىنقىلابنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ئەمما، گىروندىچىلار ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششنى خالىماي، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ ياقىدىغان روبېسپېر بىلەن ماراتنى مىللىي قۇرۇلتايدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، مىللىي قۇرۇلتاينى ئۆزلىرى كونترول قىلماقچى بولدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلار روبېسپېر بىلەن ماراتقا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئىككىيلەنگە ھەر خىل تۆھمەتلەرنى چاپلىدى. ئۇلار ماراتنى 9 ــ ئايدىكى قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى

دەپ، ئۇنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە روبېسپىيېرنى مۇستەبىت بولۇش قارا نىيىتى بار دەپ قارىلىدى. روبېسپىيېر گىروندىچىلارنىڭ ئىپلاس مەقسىتىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، «سىلەر پەقەت بايلار ئۈچۈنلا جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىسىلەر» دېدى. ئۇلارنىڭ روبېسپىيېرغا قىلغان ھۇجۇمى ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياكوبىنچىلارنىڭ پارىژ كوممۇناسىدىكى كۈچىنى يوقاتماقچى بولدى. ئىجرائىيە كومىتېتى 1792 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارىژ كوممۇناسىنى ئۆزگەرتىپ سايلىماقچى بولغاندا، گىروندىچىلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارىژ كوممۇناسىدىكى دېموكراتىزمچىلار بىلەن ياكوبىنچىلارنى سىقىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. ئەمما، 12 ـ ئايدىكى دەسلەپكى سايلام نەتىجىسىدە، رادىكال دېموكراتىزمچىلار سايلاندى، يەنى شومېت بىلەن ئابېل پارىژ كوممۇناسىنىڭ باش تەپتىش ۋە مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى. بۇنىڭ بىلەن گىروندىچىلارنىڭ سۇيىقەستى يەنە مەغلۇپ بولدى.

گىروندىچىلار يەنە مىللىي قۇرۇلتايدىكى ياكوبىنچىلارغا قورال كۈچى ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولدى. 1792 ـ يىلى 10ـ ئايدا، گىروندىچىلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن بىرقانچە ئۆلكە ئەۋەتكەن 16 مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى پارىژغا كىردى. ئۇلارنىڭ باھانىسى مىللىي قۇرۇلتاينى قوغداش، «تەرتىپنى بۇزغۇچىلار» ۋە «ھۆكۈمەتسىزلەر»دىن مۇداپىئەلىنىش ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى پارىژ كوچىلىرىدا نامايىش قىلىپ، «ئالىمىز مارات، روبېسپىيېر، دانتوننىڭ كاللىسىنى ھەم بوش قويمايمىز ئۇلارنى قوللىغانلارنى» دەپ ناخشا ئېيتتى. ئەمما، مارات قاتارلىقلار مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ گازارمىسىغا بېرىپ، ئۇلارغا ئىنقىلاب پىرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قاتتىق تەسىرلەندى. نەتىجىدە، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ياكوبىنچىلارنىڭ دوستىغا ئايلاندى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇلار «83 ئۆلكە دوستلۇق ئۇيۇشمىسى»نى

قۇردى، بۇ ياكوبىنچىلارنى ھىمايە قىلىدىغان ھەربىي تەشكىلات ئىدى. گىروندىچىلارنىڭ سۇيىقەستى يەنە تارمار بولدى.

1792 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە، پادىشاھنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كەسكىن كۈرەش بولدى. ئەسلىدە، مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ مەسىلە كۆنتەرتىپكە قويۇلۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما پۈتۈن نىيىتى بىلەن پادىشاھنى قۇتقۇزماقچى بولغان گىروندىچىلار ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بۇ ئىشنى كەينىگە سۈردى. 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قانۇن ـ تۈزۈم كومىتېتى بۇيرۇق بويىچە لۇئى X VI نى سوتلاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ماخسۇس كومىتېتقا ۋاكالىتەن بىر پارچە دوكلات تەييارلاپ، دوكلاتىدا «1791 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن پادىشاھنى سوتلاشقا بولمايدۇ» دېگەن قاراشقا رەددىيە بېرىپ، پادىشاھ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى، شۇڭا ئاساسىي قانۇن ئۇنى قوغدىمايدۇ، ئۇنى سوتلاش پۈتۈنلەي قانۇنلۇق، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مىللىي قۇرۇلتايغا مەخسۇس ئۈچ خادىم تەيىنلەپ پادىشاھنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى توپلاش ۋە شىكايەتنامە يېزىش تەكلىپىنى بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي بۇ دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرە جەريانىدا بەزىلەر پادىشاھنى سوتلاشقا قارشى تۇرۇپ، بۇنداق قىلىش قانۇنسىزلىق، دەپ قارىدى. ياكوبىنچىلاردىن سان گوست بۇ قاراشقا كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ: قانۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، پادىشاھ سوتلانمايدۇ، ئەمما بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىمىز بىر ئاددىي دېلو بولماستىن، بەلكى بىر سىياسىي ۋەقە. چۈنكى، پادىشاھ خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلدى، ئۇ خەلقنىڭ دۈشمىنى، ئۇنىڭغا پەقەت ئۇرۇش قانۇنىلا ماس كېلىدۇ، دېدى. ئەمما، گىروندىچىلار ھەر خىل نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ ماخسۇس كومىتېتنىڭ دوكلاتىنى ئاۋازغا قويۇشنى كەينىگە سۈردى.

1792 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى لۇئى XVI نىڭ يېڭى جىنايى پاكىتلىرى بايقالدى. ئۇنىڭ تۇئىلېرىيە سارىيىنىڭ تېمىغا يوشۇرۇپ قويغان تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار ئۇنىڭ قاچقۇنلار بىلەن زىچ ئالاقە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ خىل ئەھۋالدا، گىروندىچىلارنىڭ پادىشاھنى سوتلاشنى داۋاملىق توسۇشى مۇمكىن بولماي قالدى. 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي 12 كىشىلىك كومىتېت قۇرۇپ، تۆمۈر ساندۇق ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلەشكە مەسئۇل قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پارىژدىكى 48 رايوننىڭ ۋەكىللىرى مىللىي قۇرۇلتايغا كېلىپ پادىشاھنى دەرھال سوتلاشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى روبېسپىېر «لۇئى چوقۇم ئۆلۈشى، جۇمھۇرىيەت چوقۇم ياشىشى كېرەك» دەپ پادىشاھنى سوتلاشتا چىڭ تۇردى.

بۇ خىل ۋەزىيەتتە، گىروندىچىلار ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. ھىيلە ـ مىكرى كۆپ فۇرزو: مىللىي قۇرۇلتايدىكى بەزىلەر پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن نام بىلەن قايتىدىن مونارخىيەلىك تۈزۈمنى — مۇستەبىتلىكنى ئورنىتىشقا ئىنتىزار بولۇۋاتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇ، روبېسپىېرنى «مۇستەبىت بولماقچى» دېگىنى ئىدى. گىروندىچىلار بۇ نەيرىڭى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پادىشاھ مەسىلىسىگە قاراتقان دىققىتىنى بۇرىماقچى بولدى.

بۇنىڭدىن سىرت، گىروندىچىلار يەنە باشقا بىر قاتار تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، پادىشاھنى سوتلاشنى كەينىگە تارتىشقا ئۇرۇندى. ئۇزاققا سوزۇلغان كەسكىن مۇنازىرىلەردىن كېيىن، مىللىي قۇرۇلتاي 1793 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىمزالىق بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن پادىشاھنىڭ جىنايىتى بار ـ يوقلۇقىنى، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ـ قىلماسلىقنى بېكىتىشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە، مىللىي قۇرۇلتايدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەندىن

باشقا، قالغانلار بىر دەك پادىشاھنىڭ جىنايىتى بار دەپ، ئۇنى شەرتسىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن لۇئى XVI گە دەرھال ئۆلۈم جازاسى بېرىش قارارى ماقۇللاندى. روبېسپېر ئۆزىنىڭ قوللاپ ئاۋاز بەرگەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن خەلققە زىيانكەشلىك قىلىپ، زوراۋانلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىدىغان ئۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئېتىراپ قىلمايمەن» دېدى.

1793 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، لۇئى XVI نىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغان كۈن ئىدى. بۇ كۈنى يامغۇر ياغدى، يوللاردا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى. مەھبۇس ھارۋىسى سەھەر سائەت 8 دە دانپىربۇرگدىن يولغا چىقىپ سائەت 10 دا جازا مەيدانى قىلىنغان ئىنقىلاب مەيدانى (ھازىرقى نامى كونكوردې مەيدانى)غا يېتىپ كەلدى. 10 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، لۇئى XVI نىڭ كاللىسى كېسىلدى. ئامما «خەلق ياشىسۇن !» دەپ شوئار توۋلاشتى.

## 2. زاك لۇل ۋە سەۋدايىلار

گىروندىچىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىياسىتى، بولۇپمۇ پادىشاھنى قانات ئاستىغا ئېلىشى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

گىروندىچىلار ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللەرگە قاراتقان ئۇرۇشى دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويدى. 1792 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دۆلەت خەزىنىسىدە ئارانلا 39 مىليون لىفىر قالدى. ئەمما، ئۇرۇش چىقىمى 228 مىليون لىفىرغا يەتتى. مالىيە مەسىلىسىدە، گىروندىچىلار ھۆكۈمىتى ئەسلىدە مۇلۇكدار سىنىپلارنى ئۇرۇش چىقىمىنى بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلاردىن يېڭى باج ئېلىش سىياسىتىنى قوللانسا توغرا بولاتتى. ئەمما، ئۇلار مۇلۇكدار سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە

چىقىلىشنى خالىماي، «فوندلۇق ئاكسىيە»نى كۆپلەپ تارقاتتى. 1792 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە دىنىي جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى كاپالەت قىلىپ تارقىتىلغان «فوندلۇق ئاكسىيە» 2 مىليارد 589 مىليون لىفىرغا يەتتى، بۇنىڭدىن قايتۇرۇپ كېلىنگىنى ئاران 617 مىليون لىفىر بولدى. شۇڭلاشقا شۇ چاغدا ئوبوروت قىلىنىۋاتقان «فوندلۇق ئاكسىيە» 1 مىليارد 972 مىليون لىفىر بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مىللىي قۇرۇلتاي «فوندلۇق ئاكسىيە»نى كۆپەيتىپ تارقىتىشنى قارار قىلىپ، ئوبوروت سوممىسىنى 2 مىليارد 400 مىليون لىفىرغا يەتكۈزۈشنى بېكىتتى ھەمدە كېيىن داۋاملىق كۆپەيتىپ تارقاتماقچى بولدى. ياكوبىنچىلاردىن مارات، سان گوست قاتارلىقلار مالىيە مەسىلىسىنى باشقا ئۇسۇلدا، مەسىلەن، «فوندلۇق ئاكسىيە»نى تارقىتىشنى توختىتىپ، زايومنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، ماددىي بۇيۇم بىلەن يەر بېجىنى تاپشۇرۇشقا يول قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، گىروندىچىلار ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىگە پىسەنت قىلمىدى.

«فوندلۇق ئاكسىيە»نىڭ كۆپلەپ تارقىتىلىشى ئۇنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. 1793 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «فوندلۇق ئاكسىيە»نىڭ قىممىتى 60% ــ 65% چۈشۈپ كەتتى، 2 ـ ئايدا 50% چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى، بولۇپمۇ ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەككار سودىگەرلەر بېسىمدارلىق قىلىپ، بازاردا ئاشلىقنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ۋە سېتىۋېلىشنىڭ قىيىن بولۇشى، ئالدى بىلەن ئىشچىلار، قول سانائەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. شۇ چاغدا ئىش ھەققى ئالىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تاپاۋىتى پېرىژلاردا 20 سۇ، پارىژدا 40 سۇ ئىدى، ئەمما بەزى جايلاردا بىر

قاداق بولىدىغانلىقى باھاسى سەككىز سوغا چىقتى. شۇ چاغدا فىرانسىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىنىۋاتقان، ئاشلىق قىس بولمىسىمۇ، ئەمما بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش قىيىنلىشىپ كەتتى. بۇنى پومېشچىكلار ۋە دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ئاشلىقنى كۆنسېرى پاخاللىشىۋاتقان «فوندلۇق ئاكسىيە»گە ئالماشتۇرۇشنى خالىمىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. چوڭ شەھەرلەردە بولكا سېتىۋېلىش تەسلىشىپ كەتتى. 1992 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، روئونې شەھىرىدە ئاران ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك ئۇن قىلىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ھەربىي ئاشلىق ئامبىرىدىكى ئاشلىقنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا قارىتا، گىروندىچىلار ھۆكۈمىتى قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردى، چۈنكى ئۇلار ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئارىلاشسا مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى يېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى.

ئاچارچىلىق خەلق ئاممىسىنى كۈرەش يولىغا باشلىدى. 1792 - يىلى كۈز كىرگەندىن كېيىن، پارىژ قاتارلىق شەھەرلەردە ۋە يېزىلاردا غەلىيان كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئورلېئاندا توققۇز دۇكان بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. 10 - ئايغا كەلگەندە، غەلىيان ۋېرسال، خېسدىن، رانپور قاتارلىق جايلارغا، 11 - ئايدا باشقا ئۆلكىلەرگە كېڭەيدى. نۇرغۇن جايلاردىكى ئامما مال باھاسىغا چەك قويۇشنى تەلەپ قىلدى. 12 - ئاينىڭ بېشىدا، 12 مىڭ ئادەم توپلىنىپ تووۋرغا قاراپ ئاتلىنىپ، باھاغا چەك قويۇشنى تەلەپ قىلدى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن تارقىلىپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مىللىي قۇرۇلتاي ئوۋۇر - ئېئې - دوۋا ئۆلكىسىگە ئەۋەتكەن ئۈچ ۋەكىلنى 6000 نەپەر قوراللىق ئادەم ئورىۋېلىپ، ئەگەر ئۇلار مال باھاسىغا چەك قويۇشنى تەستىقلىمايدىكەن،

ئۇلارنى دەرياغا تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ياكى دارغا ئاسىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

گىروندىچىلار ئاممىنىڭ مال باھاسىغا چەك قويۇش تەلىپىنى ئاڭلىماسقا سالدى ھەمدە قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى.

ياكوبىنچىلار گەرچە مال باھاسىغا چەك قويۇش ھەرىكىتىنى قاتتىق باستۇرۇشقا قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما مال باھاسىغا چەك قويۇشنى قوللىمايتتى. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پارىژ كوممۇناسىدىكى ھەرقايسى رايون ۋەكىللىرى مال باھاسىغا چەك قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ياكوبىنچىلار پىكىر بايان قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئامما گىروندىچىلار ھۆكۈمىتىدىنلا ئەمەس، ياكوبىنچىلاردىنمۇ ئىنتايىن نارازى بولدى.

بۇ چاغدا، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان گۇرۇھ — سەۋدايىلار مەيدانغا كەلدى. سەۋدايىلارنىڭ رەھبىرى ژاك لۇل بىر پىيادە ئەسكەرلەر لېيتېنانتىنىڭ ئوغلى بولۇپ، دىنىي مەكتەپتە فىزىكا ۋە پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى، دىنىي رايوندا باستىر بولغانىدى. ئۇ 1791 - يىلى 1 - ئايدا پارىژغا كېلىپ، نامرات قول سانائەتچىلەر، خىزمەتچىلەر ۋە مەدىكارلار بىلەن ئۇچرىشىپ، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ دەرد - ئەلەمىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ ئازغىنا كىرىمىنى (شۇ چاغدا ئۇ پارىژدىكى بىر دىنىي جەمئىيەتتە مۇۋەققەت باستىر ئىدى) ئەڭ نامرات مۇرىتلارغا بۆلۈپ بېرەتتى. ئەمما، خەير - ساخاۋەتنىڭ نامراتلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى ئەمەسلىكىنى، تېخىمۇ رېئال ۋاستىلەر ئارقىلىق نامراتلىقنى تۈگىتىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، سىياسىي ھەرىكەتكە باتۇرلۇق بىلەن ئاتلاندى. 1792 - يىلى باھاردا، ئۇ دىنىي جەمئىيەتتە نۇتۇق سۆزلەپ جازانىخورلار بىلەن بايلارنى رەھىمسىز قامچىلاپ، ھايانكەش سودىگەرلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى، ئاشلىق سودىسىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ پارىژدىكى نامرات خەلقنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈر نۇتۇق سۆزلەپ، مىللىي قۇرۇلتايغا قىلچە ئىككىلەنمەي ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي قۇرۇلتاينى مۇستەبىت دەپ سۆكتى ھەمدە مىللىي قۇرۇلتايدىن بىسمىدارلىقنى تۈگىتىپ مال باھاسىغا چەك قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋاللىي زاك لۇلنىڭ دوستى بولۇپ، بۇرژۇئاز ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ھەمدە خېلىلا يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى ئالغانىدى، ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ نامراتلار ئۈچۈن سۆزلىدى. 1792 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۇ بىسمىدارلارنى جازالاش ھەققىدە قانۇن چىقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مىللىي قۇرۇلتاي بىناسىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ھەرىكەتچان مۇنبەر ياساپ، ئاممىغا تەشۋىقات ئېلىپ باردى، شۇنداقلا مىللىي قۇرۇلتايغا ھۇجۇم قىلىپ، گىروندىچىلار ۋە ياكوبىنچىلارنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى مۇشتۇمزور ھاكىمىيەت شەكىللەندۇرۇپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتتى، دېدى.

سەۋدايىلارنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كېڭەيدى، پارىژ، لىئون ۋە ئورلىئاندا ئۇلارنىڭ پائالىيىتى تېخىمۇ جانلاندى. لىئوندىكى سەۋدايىلار مىللىي قۇرۇلتايدىن پەۋقۇلئاددە سوت قۇرۇپ بىسمىدارلارنى جازالاشنى، شەخسلەرنىڭ ئاشلىق سودىسى قىلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاشلىق سودىسىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، بارلىق كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسىغا چەك قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

سەۋدايىلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلمايتتى، پەقەت باراۋەرلىك ئاساسىدىكى جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى، ھەممە كىشىنىڭ ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدىغان مال ـ مۈلكى بولۇشىنى، بۇ ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيەنى تۈگىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيەسى بۇرژۇئا

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق دەۋردە ئىشقا ئاشمايدىغان خام خىيال ئىدى. تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتىپ تارىخىي ۋەزىپىسىگە زىت ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمى ھېسابلىناتتى. سەۋدايىلارنىڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ ئىدى.

سەۋدايىلار ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەلىپىگە قارىتا، ياكوبىنچىلار ئەسلىدە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتقانىدى، چۈنكى ئۇلار مال باھاسىغا چەك قويۇش ئىقتىسادىي ئەركىنلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ گىروندىچىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلار ئالدى بىلەن نامراتلارنىڭ دەردىگە ھېسداشلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇلار دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەنلەرگە قارشى كۆرەشتە خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا خەلقنىڭ ماددىي تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇنىڭدا دېموكراتىزمچى روبېسپېرنىڭ پوزىتسىيەسىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلابتا پارىژ ئاممىسى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتى، پارىژ كوممۇناسىدا ئاددىي پۇقرالار بىلەن بىللە ئىشلىدى، بۇ جەرياندا ئۇ ئاممىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى، خەلقنىڭ قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي كۈچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىغا تايىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن، ياكوبىنچىلار 1793 ـ يىلى باھارغا كەلگەندە سەۋدايىلارغا بولغان قارشىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، گىروندىچىلارغا بىرلىكتە قارشى تۇردى. 1793 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، روبېسپېر ئوتتۇرىغا قويغان «ئاشلىقنىڭ ئەڭ

يۇقىرى باھاسىنى بېكىتىش لايىھەسى» گىروندىچىلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي مىللىي قۇرۇلتايدا ماقۇللاندى. ئەمما، گىروندىچىلار بۇ لايىھەنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلدى.

## 3. 1793 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى ئىنقىلاب ۋە گىروندىچىلارنىڭ تەختتىن چۈشۈشى

1792 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋالمىدىكى چوڭ غەلىبىدىن كېيىن، فىرانسىيە قوشۇنى دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى تارمار قىلدى. مونتېسكىيو قوماندانلىقىدىكى فىرانسىيە قوشۇنى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچىدە ساۋويەگە كىردى. ئانسېلىم قوماندانلىقىدىكى فىرانسىيە قوشۇنى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جەڭ قىلمايلا نىسنى ئىشغال قىلدى. گۇستىن قوماندانلىقىدىكى فىرانسىيە قوشۇنى گېرمانىيە زېمىنىغا كىرىپ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مايىنتز بىلەن فىرانكفورتنى ئىشغال قىلدى. شىمال تەرەپتە، دۇماۋرىيىر قوماندانلىقىدىكى فىرانسىيە قوشۇنى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بېلگىيە تەۋەسىدىكى ئاۋستىرىيە قوشۇنىغا ھەل قىلغۇچ زەربە بەردى، بۇ تارىختا ژېماپىتىكى زور غەلىبە دەپ ئاتالدى. بۇ غەلىبە ۋالمىدىكى غەلىبىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى، چۈنكى ئاۋستىرىيە قوشۇنى بۇ قېتىملىق زەربىدىن كېيىن بىر ئايغا بارمايلا بېلگىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

گېرمانىيەنىڭ غەربى، ئىتالىيەنىڭ شىمالى ۋە بېلگىيەدىكى ئاھالىلەر فىرانسىيە قوشۇنىنى ئازاد قىلغۇچى قوشۇن قاتارىدا كۆرۈپ قىزغىن قارشى ئالدى. فىرانسىيە قوشۇنى بۇ جايلارغا بارغاندا، يەرلىك ئاھالىلەر ئۆلارنى مول نازۇنېمەتلەر بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى. مونتېسكىيو 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فىرانسىيە مىللىي قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا، «قوشۇنىمىز زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، شەھەر ۋە

يېزىلاردىكى خەلق بىزنى قارشى ئېلىۋاتىدۇ، ئۈچ خىل رەڭلىك بايراق ھەممە يەرگە قادىلىۋاتىدۇ» دېدى. مايىنتىردا، شۇ يەردىكى دېموكراتىزمچىلار ئالىم جورجى فوستېرنىڭ باشچىلىقىدا «خەلق دوستلۇقى كوممۇناسى» نى قۇردى، ساۋويە ئاھالىلىرى، ھەتتا ساۋويەنى فىرانسىيەگە قوشۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئەمما، ژېماب جېڭىدىن كېيىن گىروندىچىلار ھۆكۈمىتى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى خىل سەۋەبى بار ئىدى: بىرىنچى، گىروندىچىلار فىرانسىيە ئۈچۈن ياۋروپادىكى بازارلارنى كېڭەيتىشنى ئارزۇ قىلاتتى؛ ئىككىنچى، گىروندىچىلار دۆلەت ئىچىدە «مۆتەدىل ئىجتىمائىي سىياسەت» يۈرگۈزۈپ خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغانلىقتىن، ئۇرۇش توختاپ قالسا ئەسكەرلەرنىڭ دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ، يېڭى مۇقىمسىزلىق ئامىلى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. گىروندىچىلاردىن بولغان كوللاۋئىنىڭ سۆزى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ 1792 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گوستىنغا يازغان خېتىدە: «بىز ئۇرۇش ھالىتىنى ساقلىشىمىز كېرەك، ئەسكەرلەر قايتىپ كەلسە پۈتۈن دۆلەتنى قالايمىقان قىلىپ بىزنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ» دېگەنىدى. روللانمۇ مۇشۇنداق قارىشىنى ئىپادىلەپ: «بىز تۇمەنلىگەن ئەسكەرلەرنىڭ توختىماي يۈرۈش قىلىپ ئۆزلىرى يېتىپ بارالىغۇدەك جايلارغا بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك، بولمىسا ئۇلار ۋەتەنگە قايتىپلا بىزنىڭ جېنىمىزنى ئالىدۇ» دېگەنىدى. قىسقىسى، گىروندىچىلار ھۆكۈمىتى ھەربىي قوشۇننىڭ غەلىبىسىگە تايىنىپلا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەگەر ھەربىي قوشۇن غەلىبە قىلالمىسىلا ئۇلارمۇ غۇلاپ چۈشەتتى.

ھەربىي ھەرىكەتكە قارىتا، ياكوبىنچىلارنىڭ باشقىچە قارىشى بار ئىدى. روبېسپىېر «ھەربىي ھەرىكەتنىڭ مۇۋاپىق چېكى بولۇشى كېرەك»لىكىنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېنىق ھەم كونكرېت لايىھە ئارقىلىق گىروندىچىلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە قارشى تۇرمىدى. شۇ چاغدا ئۇلار

پادىشاھنى سوتلاش ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، سىرتقا قارىتا ئۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلەلمىدى.

گىروندىچىلار ئىنقىلاب شوئارى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك غەرىزىنى يوشۇردى. مىللىي قۇرۇلتاي 1792-يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ھەم 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىككى قارار ماقۇللىدى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى قارارىدا: «مىللىي قۇرۇلتاي فىرانسىيە پۇقرالىرىنىڭ نامىدا شۇنى جاكارلايدۇكى، ئەركىنلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان خەلق بىردەك دوستلۇققا ۋە ياردەمگە ئېرىشىدۇ» دېيىلدى. 12 - ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى قارارىدا: «ئارمىيەمىز كىرگەنلىكى دۆلەتتىكى بارلىق ئىمتىيازلىقلار ياكى زوراۋانلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھېسابلىنىدۇ» دېيىلدى. بۇ قارارىدا فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىرىدىن ئىشغال قىلىنغان جايلاردا دەرھال ئۆزگىرىشنى بىكار قىلىش، فېئوداللىق ھوقۇق - ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلەپ قىلىندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، گىروندىچىلار ھۆكۈمىتى ئىنقىلاب ئارقىلىق ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى ئازاد قىلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەل مۇشۇ ياڭراق شوئار فىرانسىيە قوشۇنىنى ياۋروپا خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۈردى. بۇ فرانسىيە قوشۇنىنىڭ قىسقا مەزگىل ئىچىدە زور ھەربىي غەلىبىگە ئېرىشەلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ھەربىي جەھەتتە غايەت زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياۋروپادىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. ئۇلار فىرانسىيە ئىنقىلابىنى قورقۇنچلۇق بالايىئاپەت دەپ قاراپ، ئۇنى باستۇرۇشقا ئالدىرىدى. رۇسىيە ئايال پادىشاھى يېكاتېرىنا II فىرانسىيە ئىنقىلابچى خەلقىنى قاتتىق قارغاپ: «بىز ئەخلاق - پەزىلەتلىك پادىشاھ (لۇئى XVI نى دېمەكچى)نىڭ ياۋايىلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، فىرانسىيە پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى بارلىق

www.uygurkitap.com

پادىشاھلىق تۈزۈمگە خەۋپ كەلتۈرىدۇ. مەن بۇنىڭغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قارشى تۇرىمەن» دېدى. 1793 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لۇئى XVI نىڭ كاللىسى كېسىلگەندىن كېيىن، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر پادىشاھلىرى تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشتى ۋە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ فىرانسىيە ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدى. 1793 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق» قۇرۇلۇپ، ياۋروپا دۆلەتلىرى بىرلىشىپ فىرانسىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇپ، فىرانسىيەنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ياۋروپانىڭ فېئوداللىق تەرتىپىنى قوغدىماقچى بولدى. بۇ ئىتتىپاقتا پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيەدىن باشقا يەنە ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، ساردىنىيە، ناپلىس ۋە ئەنگلىيە قاتناشتى. ئەنگلىيە بۇ ئىتتىپاق ئىچىدىكى بىردىنبىر بۇرژۇئازىيە دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىتتىپاققا قاتنىشىشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچى، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ياۋروپادىكى فېئودال دۆلەتلەرنىڭ فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، تۇپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، فىرانسىيەنىڭ چەت ئەللەردىكى سودىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، فىرانسىيەنىڭ چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىلىرىنى يۇتۇۋالماقچى ۋە فىرانسىيەنىڭ دېڭىز زومىگەرى بولۇش نىيىتىگە زەربە بەرمەكچى بولدى. ئىككىنچى، فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ فىرانسىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتتى. ئۇلار ئەنگلىيە خەلقىنىڭ فىرانسىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىدىن ئەندىشە قىلدى.① ئۈچىنچى، فىرانسىيە قوشۇنى

---

① ئەنگلىيە رادىكاللىرى فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ، فىرانسىيەگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، مىللىي قۇرۇلتايغا تەبرىكنامە سۇندى. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى گلازىر رەھمەت خېتىدە: «شۈبھىسىزكى، پات ئارىدا فىرانسىيە خەلقىمۇ بۈيۈك بىرىتانىيە مىللىي قۇرۇلتىيىغا تەبرىكنامە ئەۋەتىدۇ» دېدى.

بىلگىيەنى ئىگىلەپ، ئەنگلىيە زېمىنىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى. رۇسىيەنىڭ بۇ ئىتتىپاققا قاتناشماسلىقى فىرانسىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىشىشنى خالىمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ فىرانسىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ شەرق تەرەپكە قاراشقا چولىسى تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پولشا زېمىنىنى بۆلۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلەشنى ئويلىغانلىقىدىن ئىدى. رۇسىيە گەرچە بۇ ئىتتىپاققا قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ياۋروپادىكى فېئودال دۆلەتلەرنى فىرانسىيە ئىنقىلابىغا ئارىلىششقا قۇترىتىشتا ئىنتايىن زور رول ئوينىدى، بولۇپمۇ پرۇسسىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنى قاتتىق دەيدەيگە سالدى.

فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ياۋروپادىكى فېئودال دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، فىرانسىيە قوشۇنىنى قەدەممۇقەدەم چېكىندۈردى. 1793 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا فىرانسىيە قوشۇنى بىلگىيەدىن چېكىندى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى فىرانسىيە قوشۇنىمۇ چېكىندى. 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا، فىرانسىيە قوشۇنى ئىگىلىگەن مايىنتزمۇ قورشاۋدا قالدى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىش خەۋپىگە يەنە دۇچ كەلدى. فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ بۇنچىلىك تېز مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشىگە مۇنداق بىرقانچە ئامىل سەۋەب بولغانىدى: بىرىنچىدىن، گىروندىچىلاردىن بولغان گېنېرال دۇماۋرىيېرنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ئاستىدا، ھەربىي ئەشيا ھۆددىگەرلىرى نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ، نۇرغۇن پىدائىيلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ ئۆيىگە كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1792 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى فىرانسىيە

www.uyghurkitap.com

قوشۇنىدا تەخمىنەن 400 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى، كېيىنكى يىلى
2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئاران 228 مىڭ ئەسكەر
قالدى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئەسكەر سانى
دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەسكەر سانىدىن كۆپ ئازىيىپ كەتتى.
ئىككىنچىدىن، ئىلگىرى فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ دۈشمەن
قوشۇنىنى ئاسانلا يېڭىپ قوشنا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى ئىشغال
قىلالىشى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوللىشىدىن بولغانىدى. ئەمما،
فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ھەممە يەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ۋە
ئاھالىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇرلىشى، يەرلىك
ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقىنى، ھەتتا قارشىلىق كۆرسىتىشىنى
قوزغىدى. بۇ، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ خېلىلا چوڭ ئاجىزلىقى
بولۇپ قالدى. ئۈچىنچىدىن، ھۆكۈمەت بىلەن ھەربىي قوماندانلار
ئارىسىدا زىددىيەت ـ ئىختىلاپلار كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
فىرانسىيە قوشۇنى مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن پىدائىيلار قوشۇنىغا
ئايرىلغان بولۇپ، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ تەمىناتى مۇنتىزىم
قوشۇنغا قارىغاندا ياخشى بولغاچقا، بۇ ئۇلارنىڭ ئىناقسىزلىقىنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئالدىنقى سەپ جىددىي ۋەزىيەتتە تۇرغاندا، فىرانسىيەدە
ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پارتلىدى، بۇ توپىلاڭنى ئاغدۇرۇلغان
فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە كاتولىك دىنى روھانىيلىرى
قوزغىغانىدى، ئۇلار فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ
ھۆجۇمىغا ماسلىشىپ، ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى.
1793 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاندى ئۆلكىسىدە كۆلىمى
زور بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. تۇرغۇن
دېھقانلار كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن
توپىلاڭغا قاتناشتى. دېھقانلارنىڭ بۇ توپىلاڭغا قاتنىشىشىدا
مۇنداق سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچى، ئىنقىلاب پارتلىغاندىن
كېيىن، مەيلى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەرەپدارلىرى

بولسۇن ياكى گىروندىچىلار بولسۇن دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلمىدى، دېھقانلار بۇرژۇئا ھوكۇمىتىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، نارازىلىقى چېكىگە يەتتى. ئىككىنچى، فىرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئاسانلا ئالدىنىپ كەتتى.

قىسقىسى، شۇ چاغدا فىرانسىيە ئىنقىلابى ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تەڭ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، باستۇرۇۋېتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەنلەر قەددەممۇقەددەم قىستاپ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، ياكوبىنچىلار ناھايىتى زور ئاكتىپچانلىق كۆرسەتتى. 1793 - يىلى 3- ئاينىڭ 10 - كۈنى، دانتوننىڭ تەكلىپى ۋە تۈرتكىسى بىلەن پەۋقۇلئاددە سوت قۇرۇلۇپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار سوراققا تارتىلدى. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي ياكوبىنچىلارنىڭ بېسىمى بىلەن ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئورنىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى قۇرۇپ، بۇ كومىتېتنى ئورۇنغا رەھبەرلىك قىلىشقا بەلگىلىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ كۆپ ساندىكى ھەيئەتلىرى گىروندىچىلار بولسىمۇ، ئەمما ياكوبىنچى دانتون بۇ كومىتېتنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. مىللىي قۇرۇلتاي ياكوبىنچىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 13 ۋەكىلنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 11 پولكقا ئەۋەتىپ، بۇ پولكلارنىڭ تەمىناتىنى ۋە ئورۇش قىلىشىنى نازارەت قىلدى. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ياكوبىنچىلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مىللىي قۇرۇلتاي ھەربىيلەرنىڭ مائاشى ئۈچۈن بايلاردىن 1 مىليارد لىڭ قەرز ئېلىش قارارىنى ماقۇللىدى.

ياكوبىنچىلارنىڭ ئەكسىچە، گىروندىچىلار ئۇرۇش ۋە

مۇداپىئە خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلماي، پۈتۈن كۈچىنى خەلق ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا قاراتتى. گىروندىچىلارنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان گېنېرال دۇماۋرىيىر 1793 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىپ ئاۋسترىيە قوشۇنىغا تەسلىم بولدى ھەمدە چەت ئەل قوشۇنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ پارىژغا ھۇجۇم قىلىپ، ياكوبىنچىلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھەرىكىتىنى باستۇرۇشنى پىلانلىدى.

پارىژدا، گىروندىچىلار خەلق ھەرىكىتىگە ھۇجۇم قوزغىدى. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتايدىكى گىروندىچىلار بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ماراتنى قولغا ئېلىپ، سوتقا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەمما، پارىژ كوممۇناسى، پارىژدىكى نۇرغۇن رايونلار ۋە باشقا ئۆلكىلەردىكى ياكوبىنچىلار قوزغىلىپ ماراتقا مەدەت بەردى. ئاممىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سوت ماراتنى قويۇپ بەردى. مارات قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئامما ئۇنىڭغا گۈل تاج تاقاپ، ئۇنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ مىللىي قۇرۇلتايغا ئەكىلىپ قويدى.

گىروندىچىلار پارىژ كوممۇناسىنىڭ تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ مۇھىم قورغىنى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، پارىژ كوممۇناسىغا زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گىروندىچىلاردىن باررېنىڭ تەكلىپى بىلەن مىللىي قۇرۇلتاي 12 ھەيئەت تەشكىللەپ، پارىژ كوممۇناسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەكشۈردى. بۇ 12 ھەيئەتنىڭ ھەممىسى گىروندىچى بولۇپ، ئۇلار 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پارىژ كوممۇناسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى ئابېلنى قولغا ئالدى.

باشقا ئۆلكىلەردە، گىروندىچىلار ئەسەبىيلىشىپ خەلق بىلەن دۈشمەنلەشتى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابچى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بىرلىشىپ، لىيئوندا سىياسىي ئۆزگىرىش

قوزغاپ، نەچچە يۈز ياكوبىنچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تولۇن، مارسېل قاتارلىق جايلاردىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تاشقى دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىۋاتقان مۈشۈنداق پەيتتە، گىرونډىچىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىق ئىدى.

مۈشۈنداق ئەھۋالدا، فىرانسىيە خەلقىنىڭ گىرونډىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاقەت قىلغۇدەك يېرى قالمىدى، ئىنقىلابنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن گىرونډىچىلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش زۆرۈر ئىدى. 1793 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سەۋدايىلار گىرونډىچىلارنى مىللىي قۇرۇلتايدىن قوغلاپ چىقىرىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ياكوبىنچىلار ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقىغا چېقىلىشنى خالىمىغانىدى. ئەمدىلىكتە گىرونډىچىلارنىڭ جىنايىتى ۋە زىيىنى تولۇق ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇلار قورallıق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق گىرونډىچىلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قارار قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە روبېسپېر ياكوبىن كۇلۇبىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش چاقىرىقى چىقىرىپ، «خەلق ئېزىلىشكە ئۇچراپ، ئۆزىدىن باشقا ھىمايىچى تاپالمىغاندا، ئۇلارنى قوزغىلىشقا رىغبەتلەندۈرمىگەن ئادەم — قورقۇنچاق ئادەم، بارلىق قانۇنلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، مۇستەبىتلىك چېكىگە يەتكەن، ۋىجدان ۋە غۇرۇر دەپسەندە قىلىنغاندا، خەلق ئىسيان كۆتۈرۈشى كېرەك، ئەمدى بۇ پەيت يېتىپ كەلدى» دېدى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ماراتمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوشۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پارىژدىكى 33 رايوننىڭ ۋەكىللىرى ئېپىسكوپ سارىيىغا يىغىلىپ، مەخپىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كومىتېتىنى (توققۇز ئادەمدىن تەركىب تاپقان) سايلاپ چىقتى. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كومىتېتى ئەتىسى سەھەردە قوڭغۇراق ئاۋازىنى بەلگە قىلىپ ھەرىكەت باشلاشنى قارار قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سەھەردە قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭرىغاندىن كېيىنلا ياكوبىنچىلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى 33 رايوننىڭ ۋەكىللىرى پارىژ كوممۇناسىغا كەلدى. ئەمما، كۈندۈزى ھېچ ئىش بولمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە پارىژ خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى مىللىي قۇرۇلتاي زالىغا كىرىپ، مىللىي قۇرۇلتايغا 12 نەپەر ھەيئەتنى قولغا ئېلىش، 22 نەپەر گىروندىچى ۋەكىلنى سوتلاش، گۇماندارلارنى قولغا ئېلىش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكىلەرنى تازىلاپ، سايلام ھوقۇقىنى نامراتلارغىلا بېرىش، بايلاردىن باج ئېلىش، ھەربىر قاداق بولكىنىڭ باھاسىنى ئۈچ سۇ قىلىپ بېكىتىش، ياشانغانلارغا، مېيىپلارغا ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىش، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئاقسۆڭەكلەردىن كېلىپ چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى قويدى. ئەمما، مىللىي قۇرۇلتاي پەقەت 12 ھەيئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقىلا قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈندىكى ھەرىكەت ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ۋاللېي پارىژ كوممۇناسىدىكى شومىت بىلەن دوبسوننى قورقۇنچاقلار دەپ تەنقىد قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «لېئوندىكى گىروندىچىلار 800 دىن ئارتۇق ياكوبىنچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن پارىژ ئاممىسى (80 مىڭ ئادەم) دەرھال قوراللىنىپ زەمبىرەكلەرنى يۆتكەپ، مىللىي قۇرۇلتاي زالىنى قورشىۋالدى. ئۇلار 22 نەپەر گىروندىچى ۋەكىلنى ۋە 12 ھەيئەتنى دەرھال قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. مىللىي قۇرۇلتاي ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، قوراللانغان ئامما توپ ئېتىشقا تەييارلاندى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي قۇرۇلتاي 29 نەپەر گىروندىچىنى (ئۇلارنىڭ ئىچىدە 12 ھەيئەتنىڭ 10 نەپىرى بار ئىدى) قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي قۇرۇلتاي

ياكوبىنچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، گىروندىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشتى.

## 4 ـ بۆلۈم ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى ــ ئىنقىلابنىڭ 3 ـ باسقۇچى

### 1. ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنىڭ يەر قانۇنى ۋە 1793 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن

1793 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ياكوبىنچىلار ئەمەلىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندا، فىرانسىيە ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ھەر تەرەپتىن قىستاپ كەلدى ھەم فىرانسىيە زېمىنىغا كىردى. شەرقىي شىمالدا پىرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە بىرلەشمە قوشۇنى فىرانسىيە چېگراسىدىن ئۆتتى، شىمالدا ئەنگلىيە قوشۇنى دونكىرك پورتىنى قورشىۋالدى، غەربىي جەنۇبتا ئىسپانىيە قوشۇنى پىرىنېئوس تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ فىرانسىيە زېمىنىغا قەدەم باستى، شەرقىي جەنۇبتا ساردىنىيە قوشۇنى فىرانسىيەگە يېقىنلاپ كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ بارلىق پورتلىرىنى قامال قىلىپ، فىرانسىيەگە ئاشلىق توشۇيدىغان بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، فىرانسىيەلىكلەرنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچى بولدى. 1793 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، فىرانسىيە قوشۇنىدا ئارانلا 397 مىڭ ئەسكەر قالدى، ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـ تۈلۈكى كەمچىل بولۇپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇشقا ماغدۇرى يەتمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ ناھايىتى ئەشەددىيلەشتى. پارىژدىن كېچىپ كەتكەن گىروندىچىلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھپەرەسلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ قوزغىدى. يەنە تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىپ، ھەممىلا يەردە ياكوبىنچىلارنى ئۆلتۈردى. ئۇلار ماراتقا بەكلا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقتىن، 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئايال قاتىل شارلۇتتىي كودىينى ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋاندى ئۆلكىسىدىن تېز سۈرئەتتە باشقا ئۆلكىلەرگە يامراپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 83 ئۆلكە ئىچىدە مىللىي قۇرۇلتايغا سادىق ئۆلكىدىن ئارانلا 23 ى قالدى. ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ئەنگلىيەنىڭ ياردىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چەت ئەل جاسۇسلىرى بىلەن بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار ھەممىلا جايدا تىمىسقىلاپ يۈرەتتى.

بۇ چاغدا فىرانسىيە ئىنقىلابى ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىدە يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئەمما، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ياكوبىنچىلار دۈشمەندىن قورقۇپ قالمىدى، دۈشمەنگە تىز پۈكمىدى، شۇنداقلا بۇ ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت ئالدىدا ئالاقزەدە بولۇپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ قەتئىي ھالدا ھەممىگە تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇردى: بىر تەرەپتىن بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ تاشقى دۈشمەنلەرگە زەربە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇردى.

ياكوبىنچىلار يەر مەسىلىسىنىڭ ئىنقىلابتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، فىرانسىيە نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى، پەقەت مۇشۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنسىلا، ئاندىن كەڭ دېھقانلارنى ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار فىرانسىيە خەلقىنىڭ 1791 ـ يىلىدىكى

ئاساسىي قانۇنغا نارازى ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى دېموكراتىك يوسۇندا ھەل قىلىشقا كىرىشتى[①] ھەمدە دېموكراتىك يېڭى ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى.

1793 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يەنى ياكوبىنچىلار تەختكە چىقىپ ئەتىسىلا، مىللىي قۇرۇلتاي يەر ھەققىدىكى تۇنجى پەرماننى ئېلان قىلىپ، قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەر، پادىشاھ جەمەتى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان يەرلىرى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلىدۇ، يەر پۇلىنى ئون يىلغا بۆلۈپ تۆلەشكە بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يەنە پەرمان ئېلان قىلىپ، يېرى يوق پۇقرالار يەر سېتىۋالسا مەلۇم دەرىجىدە ئېتىبار قىلىنىدۇ، ئۇلار قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان يېرىدىن 500 لىۋىر قىممىتىدىكى يەرنى سېتىۋالسا ھەم يەر پۇلىنى 20 يىلغا بۆلۈپ تۆلىسە بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆسۈم ئېلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلىدى. نەتىجىدە، فىرانسىيەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، بولۇپمۇ شەرقىي رايونلاردا كۆپلىگەن دېھقانلار يەر سېتىۋالدى.

1793 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلان قىلىنغان يەر پەرمانىدا: يېقىنقى 200 يىل ئىچىدە پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەر يېزا جامائەسىدىن تارتىۋالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك يېزا جامائەسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئەگەر يېزا جامائەسىدىكى ئۈچتىن بىرقىسىم ئاھالە يەرلەرنى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلسا، نوپۇس بويىچە تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ، يەر تەقسىم قىلىنغاندا جىنسى،

① ياكوبىنچىلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىشتىكى مەقسىتى، دېھقانلارنىڭ گىروندىچىلارغا ئالدىنىپ ھەرقايسى ئۆلكىلەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

يېشى ۋە شۇ جايدا بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر شۇ جامائەدە تۇرغىنىغا بىر يىل بولغان بولسا، بىر ئۈلۈش يەر تەقسىملەپ بېرىلىدۇ، تەقسىم قىلىنغان يەرلەر ئون يىل ئىچىدە قەرزنى قايتۇرالمىغانلىق سەۋەبىدىن مۇسادىرە قىلىنىۋېلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ۋاندى قاتارلىق ئۆلكىلەردە دېھقانلار ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئالدىنىپ ئىنقىلابقا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتقاچقا، ئۇلارغا يەر تەقسىملەپ بېرىلمىدى، يەرلەر يەنىلا پومېشچىكلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قالدى. ئەمما، فىرانسىيەنىڭ شىمالى، جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى دېھقانلار 1795 ـ يىلى يېزا جامائەسىنىڭ يەرلىرىگە ئېرىشىپ، نەچچە يۈز مىڭ دېھقان يەر ئىگىلىرىگە ئايلاندى.

1793 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي ئېلان قىلغان يەر پەرمانىدا: بارلىق فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەر شەرتسىز بىكار قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ پەرماننى روبېسپېر قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا مىللىي قۇرۇلتايدىكى ۋەكىللەر ھەم دېھقانچىلىق، سودا، فېئودالىق ھوقۇق كومىتېتىدىكى ھەيئەتلەر ئۇزاق ۋاقىت مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بېكىتكەنىدى. بۇ پەرمان بويىچە، ئىلگىرى يەر ئىگىلىرى دېھقانلاردىن ئالىدىغان بارلىق يەر ئىجارىسىنى، دېھقانلارغا سالىدىغان بارلىق ئالۋان ـ سېلىقنى مەيلى دائىملىق ياكى ۋاقىتلىق بولسۇن شەرتسىز بىكار قىلىش، فېئوداللىق ھوقۇققا ئالاقىدار بارلىق ھۆججەت ـ توختاملارنى ئۈچ ئاي ئىچىدە تولۇق كۆيدۈرۈۋېتىش، بۇ ھۆججەت ـ توختاملارنى يوشۇرۇپ ساقلىغۇچىلارغا بەش يىللىق ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىش بەلگىلەندى.

پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرى ۋە گىروندىچىلار ھەل قىلالمىغان فىرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ يەر مەسىلىسىنى ياكوبىنچىلار ئاخىرى ھەل قىلدى. بۇ يەر سىياسىتى مۇنداق روللارنى ئوينىدى: بىرىنچى، دېھقانلارنى

فېئوداللىق ئېزىلىشتىن ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقىنىڭ مەنبەسىنى يوقاتتى، بۇ، فىرانسىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىچكى بازىرىنى كېڭەيتىشكە، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولدى. ئىككىنچى، شۇنىڭدىن باشلاپ فىرانسىيە دېھقانلىرى ئۆز تەقدىرىنى بۇرژۇئازىيە بىلەن زىچ باغلىدى. بۇ دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى بىرلەشمە ئارمىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولدى.

ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1793 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەنە يېڭى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى. بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىنى روبېسپىر شەخسەن ئۆزى بېكىتتى. ئۇ 1793 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مىللىي قۇرۇلتايدا تۇتۇق سۆزلىگەندە، ئاساسىي قانۇننىڭ تۈپ پىرىنسىپى ھەققىدە توختىلىپ: خەلقنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، پەقەت دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتلا ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت شەكلى بولالايدۇ، دېدى.

روبېسپىر ئەسلىي ئۆزى يازغان ئاساسىي قانۇن لايىھەسىگە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا چەك قويۇش ھەققىدىكى بىر قاتار مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەندى، بۇ ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى مال ـ مۈلۈك باراۋەرلىكى پىرىنسىپىنى ياقلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئەمما، ئۇ ئاساسىي قانۇن تېكىستىنى ئاخىرقى قېتىم بېكىتكەندە بۇ مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلىدى. بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ بىر تاكتىكىسى بولۇشى، جۈملىدىن ئۇ بۇنىڭدا بۇرژۇئازىيەنىڭ ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىگە بولغان قارشىلىقىنى قوزغاپ قويۇشنى خالىمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئاساسىي قانۇننىڭ باش قىسمىغا «كىشىلىك ھوقۇق

خىتابنامىسى» كىرگۈزۈلدى. بۇ خىتابنامىدە 1789 - يىلىدىكى خىتابنامىگە قارىغاندا چوڭ ئىلگىرىلەش بولغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدىلا «جەمئىيەتنىڭ نىشانى ئورتاق بەختكە ئېرىشىش» دەپ جاكارلىنىپ، خەلقنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى، قۇتقۇزۇلۇش ھوقۇقى، تەربىيىلىنىش ھوقۇقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش پرىنسىپى، ھەربىر كىشىنىڭ باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، بىخەتەرلىك ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى تەشەببۇس قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ مەتبۇئات ئەركىنلىكى، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىملىقى تەكىتلەندى. يەنە ئەركىنلىكنىڭ باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا خالىغانچە دەخلى - تەرۇز قىلىش ئەمەسلىكى، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ «ئۆزى خالىمىغان ئىشنى باشقىلارغا تاڭماسلىق» پرىنسىپى بويىچە بولۇشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلدى. يەنە «ھوقۇق خەلققە تەۋە بولۇش» پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «بارلىق پۇقرالارنىڭ ئاممىۋى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشتا ئوخشاش سالاھىيىتى بار»لىقى تەشەببۇس قىلىندى. ئەڭ ئاخىرىدا، مۇبادا ھۆكۈمەت خەلقنى ئەزسە ياكى خەلقنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلسا، خەلق ئېزىلىشكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق، دەپ جاكارلاندى.

ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى كونكرېت بېكىتىلىپ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئەڭ ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بولىدۇ، ئۇ يىلدا بىر قېتىم بىۋاسىتە سايلاپ چىقىلىدۇ، 21 ياشقا توشقان بارلىق ئەرلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى بولىدۇ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چىقارغان بارلىق قانۇنلار ئاساسىي قاتلام قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ مەمۇرىي ھوقۇق ئىجرائىيە كېڭىشىگە تەۋە بولىدۇ، ئۇ 24 كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ، بۇنىڭدا ھەربىر ئۆلكە ئومۇمىي سايلام

ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بىردىن نامزات سايلاپ چىقىدۇ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشى بۇ نامزاتلار ئىچىدىن ئىجرائىيە كېڭىشىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىدۇ، ئەزالارنىڭ يېرىمى يىلدا بىر قېتىم قايتا سايلىنىدۇ، ئىجرائىيە كېڭىشى بارلىق مەمۇرىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدۇ، ئۆز ئەزالىرىدىن باشقا جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەيدۇ؛ ئاساسىي قانۇن پۇقرالارنىڭ باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، بىخەتەرلىك، دىنىي ئېتىقاد، مەتبۇئات ئەركىنلىكى، مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش، ئاممىۋى ياردەمگە ئېرىشىش، مۇراجىئەتنامە سۇنۇش، ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇش ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ۋاپادارلىق كۆرسىتىشنى گۈزەل ئەخلاق دەپ قارايدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1793 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئەڭ دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن ھېسابلىناتتى. ئەمما، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكنى قوغدىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيەگە خاس چەكلىمىلىكىمۇ روشەن بولدى.

ھالبۇكى، بۇ ئاساسىي قانۇن ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى، بۇنى ئەلۋەتتە ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت بەلگىلىگەنىدى. شۇ چاغدا فىرانسىيە ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا، ئەگەر دېموكراتىيە كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلسا، دۈشمەنگە پايدىلىق بولۇپ، ئىنقىلابقا زىيان ئېلىپ كېلەتتى. ئىنقىلابنىڭ دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم مۇستەھكەم ئىرادە، كۈچلۈك ھەم مەركەزلەشكەن باشقۇرۇش، ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىر بولمىسا بولمايتتى. قىسقىسى، چوقۇم ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش كېرەك ئىدى.

### 2. ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرا، ئىنقىلابىي تېررورلۇق

ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1793 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرا تۈزۈلمىسى تەدرىجىي ئورنىتىلدى. 7 - ئايدا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلىشكە باشلىدى. ئالىي قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇق مىللىي قۇرۇلتايغا تەۋە بولۇپ، قۇرۇلتاي چىقارغان قانۇنلارنى قۇرۇلتايغا قاراشلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى ئىجرا قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى 1793 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي بۇ كومىتېتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، دانتون گىروندىچىلار بىلەن سۈلھى قىلىشقا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. روبېسپېرنىڭ سەپدىشى سان جوست ۋە گوددون ھەيئەتلىككە سايلاندى. 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، روبېسپېرنىڭ ئۆزىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىغا قاتنىشىپ، بۇ كومىتېتقا رەھبەرلىك قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى مىللىي قۇرۇلتايغا تەۋە ئورگان بولۇپ، مىللىي قۇرۇلتاي ئالدىدا جاۋابكار بولاتتى، ھەربىي، دىپلوماتىيە ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، كىشىلەرنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ خاس ۋەكىللىرى ئىجرا قىلاتتى. بۇ خاس ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى، بەزىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ مەركەزنىڭ بۇيرۇق، كۆرسەتمىلىرىنى يەتكۈزۈپ، مەركەزنىڭ يەرلىككە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە خەلقنى چەت ئەل كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا تەشكىللەش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا جەمئىيەت ئامانلىقى كومىتېتى بولۇپ، بۇ كومىتېت ساقچىلىق

خىزمىتىگە، ئىچكى قىسىمدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە تىرەكلىرىدىن پارىژ كوممۇناسى ۋە پارىژدىكى ھەرقايسى رايون كومىتېتلىرىدىن باشقا، يەنە ئىنقىلابىي كومىتېت، ياكوبىن كۇلۇبى، ھەرقايسى جايلاردىكى كوممۇنالار ۋە خەلق ئۇيۇشمىلىرى بار ئىدى. ئىنقىلابىي كومىتېت ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋە سىياسىي كۈرەشكە قاتنىشىشىدىكى تەشكىلىي شەكىل ئىدى. ئۇلارنى ھەرقايسى جايلاردىكى كوممۇنالار سايلاپ چىققان بولۇپ، مەخسۇس ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇراتتى. ئۇلار ئىنقىلابىي دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش جەريانىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ياكوبىن كۇلۇبىنىڭ 3000دىن ئارتۇق ياچېيكىسى بولۇپ، ھەرقايسى جايلارغا تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ قاتتىق نىزامى بار بولۇپ، دائىم ئۆز قوشۇنىنى تازىلاپ، گۇمانلىقلار ۋە پۇرسەتپەرەسلەرنى شاللاپ چىقىراتتى. كۇلۇب ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولۇپ، گېنېرال، مىنىستىر، خاس ۋەكىل دەپ ئايرىلمايتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى كوممۇنالارنى ئۇششاق تىجارەتچىلەر، قول سانائەتچىلەر، دېھقانلار ۋە دېموكراتىك زىيالىيلار كونترول قىلىپ تۇراتتى. خەلق ئۇيۇشمىلىرى ئاممىنىڭ سىياسىي تەربىيە ئېلىش مەركىزى بولۇپ، بۇ يەردە بارلىق چوڭ سىياسىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىناتتى.

مۇشۇ ئورگان ــ تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمىدە، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بۇيرۇق ــ پەرمانلىرى مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ دەرھال ئىجرا قىلىندى. شۇڭا، فىرانسىيەدىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى دەۋرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى.

ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىي تېررورلۇق بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى، بۇ شۇ

چاغدىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى ئىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا فىرانسىيە ئىنقىلابى ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئىنقىلاب دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي تېررورلۇق يۈرگۈزمەي بولمايتتى. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. پارىژ ئاممىسىنىڭ باياناتچىسى بېجون ۋاللىن 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ھۆكۈمەتكە گۇمانلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. مىللىي قۇرۇلتاي 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «گۇماندارلارنى جازالاش نىزامى»نى ماقۇللاپ، ئىنقىلابىي تېررورلۇقنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان خانىش مارى ئانتونى چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ كاللىسى ئېلىندى (10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى). 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى ئىنقىلابتا قولغا ئېلىنغان 21 نەپەر گىروندىچىمۇ 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جازا مەيدانىغا ئاپىرىلىپ ئېتىپ تاشلاندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىسسو، ۋېينىئو ۋە بىر مەزگىل داڭ چىقارغان روللان خانىممۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئېرى ئايالىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ۋاھالەنكى، ياكوبىنچىلار ئىنقىلابىي تېررورلۇقنى كېڭەيتىۋېتىپ، نۇرغۇن ئادەمنى قىرغىن قىلدى. «گۇماندارلارنى جازالاش نىزامى»غا ئاساسەن، «گۇماندارلار» قاتارىغا پادىشاھپەرەسلەر ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارلا ئەمەس، يەنە «قىزغىن بولمىغان قورقۇنچاقلار»مۇ كىرىپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە «پەقەت سايلام مەجبۇرىيىتىنىلا ئادا قىلمىغان، باشقا خاتالىقى يوق خەلقمۇ بار ئىدى». بۇنىڭ بىلەن زەربە بېرىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى. ئەڭ ئېغىر بولغىنى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتتى. رونسون، دىبا ۋە فورش قاتارلىق كىشىلەر لىئوندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى باستۇرغاندا ئاق ـ قارىنى ئايرىماي نۇرغۇن ئادەمنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار

كاللا كېسىش سۇرئىتى بەك ئاستا بولۇپ قالدى دەپ قاراپ، گۇمانلارنى زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتتى ۋە مىلتىق بىلەن ئاتتى. كاررىي بىر قېتىم سوراق قىلمايلا ئىككى تۇركۇم ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، 1 ـ تۇركۇمدە ئۆلتۈرۈلگەن 24 ئادەم ئىچىدە 13 ـ 14 ياشلىق تۆت بالىمۇ بار ئىدى.

ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنىمۇ تېررورلۇق ۋاسىتىسىگە تايىنىپ يۈرگۈزدى: مەككار سودىگەرلەر، ھايانكەش سودىگەرلەر ۋە بېسىمدارلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن زەربە بەردى. بۇ كەسكىن تەدبىرلەرمۇ خەلق ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا يۈرگۈزۈلدى.

شۇ چاغدا فىرانسىيە خەلقى قاتتىق قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان بولۇپ، مال باھاسى توختىماي ئۆرلەپ، ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ھەرىكىتى ئەدەپ كەتكەنىدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى مال باھاسىغا چەك قويۇش پەرمانى قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، ھايانكەش سودىگەرلەر بۇ پەرمانغا پىسەنت قىلماي، مال باھاسىنى بۇرۇنقىدەك خالىغانچە ئۆستۈرۈپ، مالنى سېتىپ چىقارماي بېسىۋېلىپ، بازاردا ئاشلىقنى قىسلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

1793 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، زاك لۇل مىللىي قۇرۇلتايغا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، مەككار سودىگەرلەرنى «شەخسىيەتچى ئالدامچىلار» دەپ ئەيىبلىدى ۋە «بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى قىلچە تەپ تارتماي ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرسە، ئەركىنلىك قۇرۇق خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ بايلار ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا ئالسا، باراۋەرلىكمۇ قۇرۇق خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، برىتاگنىي ۋە نومانديې ئۆلكىسىدىكى توپىلاڭ تۈپەيلىدىن پارىژغا يەتكۈزۈلىدىغان ئاشلىق ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، پارىژدا ئاشلىق ئىنتايىن قىسلىشىپ كەتتى. بازاردا پات ـ پات مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، ۋەزىيەت

بەكلا يامانلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي قۇرۇلتاي 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاشلىق بىسىمدارلىقىنى چەكلەش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، ئومۇمەن مال يوشۇرغانلار بىر ھەپتە ئىچىدە يوشۇرغان ماللىرىنىڭ سانىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشى كېرەك، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتىپ، راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، مالنىڭ سېتىپ چىقىرىلىشىنى نازارەت قىلىدۇ، ئۆز مېلىنى مەلۇم قىلمىغان ياكى يالغان مەلۇم قىلغان سودىگەرلەر تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، مېلى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئۇلارنى پاش قىلغۇچىلارغا مۇسادىرە قىلىنغان مالنىڭ ئۈچتىن بىرى مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1793 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، قورغاقچىلىق تۈپەيلىدىن سۇ ئازىيىپ سۇ تۈگمەنلىرى ئىشتىن توختاپ قالغانلىقتىن، ئاشلىق قىسچىلىقى كېلىپ چىقتى. پارىژ كوممۇناسىدىكى ئابېل دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئاشلىق بىسىمدارلىرى بىلەن مەككار سودىگەرلەرگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ چاغدا ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن توختىماي توپىلاڭ خەۋەرلىرى كېلىۋاتاتتى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ تولۇننى بېسىۋالغانلىق (8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر خۇددى ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك پارىژ خەلقىنىڭ غەزەپ ئوتىنى ئۇلغايتىۋەتتى. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارىژدىكى قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىكى ئىشچىلار، بىناكارلىق ئىشچىلىرى، تاشچىلار ۋە مىسكەرلەر شومېت، ئابېل قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە نامايىش ئۆتكۈزدى، نامايىشچىلار «زوراۋانلارغا جەڭ ئېلان قىلايلى!» «ئاقسۆڭەكلەرگە جەڭ ئېلان قىلايلى!» «بىسىمدارلارغا جەڭ ئېلان قىلايلى!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، مال باھاسىغا ئومۇميۈزلۈك چەك قويۇشنى، مەككار سودىگەرلەرگە تېررورلۇق سىياسىتى

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

يۈرگۈزۈشنى، «ئىنقىلابىي قوشۇن» تەشكىللەپ يېزىلاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار يەنە «ئەسكەرلەر جادونى بىللە ئېلىپ مېڭىشى كېرەك» دەپ تۇۋلاشتى.

بۇ نامايىشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولدى. شۇ كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي ئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىللەش پەرمانىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 7000 كىشىلىك ئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىللىنىپ، يېزىلارغا بېرىپ پومېشچىك، باي دېھقانلاردىن ئاشلىق يىغىشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلدى، ئۇلارغا ئاشلىق ئاختۇرۇش، ئاشلىق يوشۇرغانلارنى قولغا ئېلىش ھوقۇقى بېرىلدى. مىللىي قۇرۇلتاي يەنە 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مال باھاسىغا ئومۇميۈزلۈك چەك قويۇش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، بارلىق تاۋارلارنىڭ، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسىنى بېكىتتى. بۇنىڭدا، تاۋار باھاسىنى پەقەت 1790 ـ يىلىدىكى سېتىلىش باھاسى ئاساسىدا 33% ئۆستۈرۈش ھەم بۇنىڭغا تۇشۇش ھەققى بىلەن پايدىسىنى قوشۇش، ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىنىڭ ھەر ئىككىسىنى جازالاپ، ئۇلارغا تاۋارنىڭ سېتىلغان باھاسىنىڭ ئىككى ھەسسىسى بويىچە جەرىمانە قويۇش، جازالانغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى گۇماندارلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ سوتقا يوللاش، قىلمىشى ئېغىرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش بەلگىلەندى. مىللىي قۇرۇلتاي يەنە ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 1790 ـ يىلىدىكى ئىش ھەققىدىن 50% ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىدى.

10 ـ ئايدا، مىللىي قۇرۇلتاي يەنە ئاشلىق ۋە تەمىنلەش كومىتېتىنى قۇردى. بۇ كومىتېت ئىقتىسادىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ، ئاشلىق تارقىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. پارىژ كوممۇناسىدىكى شومېتنىڭ رەھبەرلىكىدە پارىژدىكى ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىغا

www.uyghurkitap.com

ئۆتتى، مەخسۇس خادىملار يوشۇرۇلغان ئاشلىقلارنى ئاختۇرۇپ تاپتى، پارىژدا نورمىلىق بولكا تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەربىر كىشىگە بولكا بېلىتى تارقىتىپ بېرىلىپ، كىشىلەر بولكا بېلىتىگە ئاساسەن بولكا سېتىۋالدى. باشقا شەھەرلەرمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللاندى.

بۇ تەدبىر ئارمىيە ۋە خەلقنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش، ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا زور رول ئوينىدى.

ئەمما، مەككار سودىگەرلەر ۋە بېسىمدارلار بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، يەنە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلدى. پارىژدا ئۆيمۇئۆي ئاشلىق ئاختۇرۇلغاندا، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئازغىنا ئاشلىقمۇ مۇسادىرە قىلىندى. ماررا رايونىدىكى تەكشۈرگۈچى دوكروگ يەتتە جان بار بىر ئۆينى ئاختۇرغاندا 36 دانە توخۇ تۇخۇمىنى مۇسادىرە قىلىپ، بۇ تۇخۇملارنى 36 ئادەمگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ئىنقىلابىي قوشۇنىنى تىزگىنلىگەن ئابېل تەرەپدارلىرى ھايانكەش سودىگەرلەر ۋە بېسىمدارلارنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، قانۇنغا ياۋاشلىق بىلەن رىئايە قىلىدىغان سودىگەرلەرنىمۇ باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ھەتتا كوچىلاردىكى ئۇششاق يايمىچىلارنىمۇ بوش قويمىدى. ئابېل «دوسان ئاتا گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە «مەن چوڭ سودىگەرلەرنى كەچۈرەلمىگەنگە ئوخشاش، سەۋزە ساتىدىغان كۆكتاتچىلارنىمۇ كەچۈرەلمەيمەن... مەن كىچىك دۇكانلارنىڭ چوڭ دۇكانلارغا ئوخشاشلا ئەسكىلىكىنى سەزدىم» دېدى. ئومۇمەن، زەربە بېرىش نىشانى ئاددىي پۇقرالارغىچە كېڭەيتىۋېتىلدى. 1794- يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئابېل ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ جادولارنى ئېلىپ يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق «يېزا ئاھالىلىرى»نىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. فورش ئاشلىق يىغىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلغاندا، ئاشلىق يىغىش پەرمانىغا

بويسۇنمىغان دېھقانلارنىڭ بويىنىغا «خەلقنى ئاچ قويغۇچى، دۆلەت ئاسىيسى» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاينى ئېسىپ خالايىق ئالدىدا سازايى قىلىشنى، ئەگەر يەنە بويسۇنمىسا ئۇلارنى جاھان تىنچلانغۇچە قاماشنى، شۇنداقلا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك روزىغاردىن باشقا بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا «بۇ يەردە ھەممىلا ئادەم باي ئاتىلىشنى نومۇسلۇق ئىش دەپ بىلىدىغان بولدى» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى تەڭ تەقسىماتچىلىقنى ئەدىتىپلا قالماي، ئۇنى ناھايىتى بىمەنە ھالەتكە يەتكۈزدى. ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بۇ تەدبىرلەر ئامىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىماي قالمىدى.

ئەمما، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ۋە مەككار سودىگەرلەرگە قارشى يۈرگۈزگەن تېررورلۇق سىياسىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ سىياسەت سىياسىي تېررورلۇق بىلەن ئىقتىسادىي تېررورلۇقنى بىرلەشتۈرۈپ قۇدرەتلىك كۈچ پەيدا قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپلا قالماي، يەنە مەككار سودىگەرلەرنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

### 3. ئۇرۇشقا تەشكىللەش

دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ياكوبىنچىلار پەۋقۇلئاددە ئىنقىلابىي جاسارەتكە تايىنىپ تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلىدى:

بىرىنچى، ئادەم كۈچى تەشكىللىدى. 1793 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىپ، «ھازىردىن باشلاپ بارلىق دۈشمەنلەرنى

جۇمھۇرىيەت زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر»، ھەربىر فىرانسىيە پۇقراسى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى كېرەك، «ياشلار ئۇرۇشقا بېرىشى، توي قىلغان ئەرلەر قورال ـ ياراغ ياسىشى ۋە ئاشلىق توشۇشى، ئاياللار چېدىر ياسىشى، كىيىم ـ كېچەك تىكىشى ۋە دوختۇرخانىدا مۇلازىمەت قىلىشى، ئۆسمۈرلەر كونا رەختلەردىن بېنت تەييارلىشى، ياشانغانلار ئەسكەرلەرگە مەدەت بېرىشى لازىم» دەپ جاكارلىدى. بۇ پەرمان پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە 420 مىڭ ئەسكەر توپلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى فىرانسىيە قوشۇنىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن پىدائىيلار قوشۇنىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەمىناتىنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى زىددىيەت پەسىيىپ جەڭگىۋارلىقى ئاشتى. ئوفىتسېرلار ئالماشتۇرۇلۇپ، ئاقسۆڭەكلەردىن كېلىپ چىققان ياكى ئەسكەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئوفىتسېرلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئەسكەرلەردىن ۋە ئوتتۇرا ـ تۆۋەن قاتلامدىن چىققان ئوفىتسېرلاردىن كوماندىرلار تاللاندى. مەسىلەن، لارسېل ئوس 1792 ـ يىلى بىر ئاددىي ئەسكەر بولۇپ، 1793 ـ يىلى كوماندىرلىققا ئۆستۈرۈلدى. پىزگورومۇ ئەسلىدە بىر ئاددىي ئەسكەر بولۇپ، 1793ـ يىلى گېنېرال بولدى. قوشۇن ئىچىدە يەنە كەمچىلىكلەرنى ئاشكارا تەنقىدلەش يولغا قويۇلدى. بۇ تەدبىرلەر نەتىجىسىدە، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇردى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى. تۇمەنلىگەن ئاياللار ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە كېچە ـ كۈندۈزلەپ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغ تىكتى. نۇرغۇن ئالىملار ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز

قوشۇپ، يارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھەربىي قورال ـ ياراغ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىشتىكى نۇرغۇن قىيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئالىملار ۋە ئىشچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن فىرانسىيە نۇرغۇن قورال ـ ياراغ زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ مىلتىق ـ زەمبىرەك، ئوق ـ دورىلارنى ياساپ چىقتى. بىر يىل ئىچىدىلا 13 مىڭ زەمبىرەك ياسالدى، ياسالغان مىلتىقنىڭ سانى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغىمۇ ئەھمىيەت بەردى. چۈنكى، ئۇلار ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ھەربىي جەھەتتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ياكوبىنچىلار ئالىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، يېزا ئىگىلىك ئالىملىرى نۇرغۇن يېڭى زىرائەتلەرنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىپ، فىرانسىيەنىڭ دېھقانچىلىق تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى: ئالدىنقى سەپتىن غەلىبە خەۋەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى؛ 1793 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مارسېلدىكى توپىلاڭ، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋاندى ئۆلكىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تىنچىتىلدى. 10ـ ئاينىڭ بېشىدا، گىروندىچىلارنىڭ جەنۇبتىكى قورغىنى ــ لىئونمۇ ھۆكۈمەت ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا قالغان ئۆلكىلەردىكى توپىلاڭلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن تىنچىتىلدى. كۆپ ساندىكى ئۆلكىلەردە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ھوقۇقى ئەسلىگە كەلدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلار گەرچە تولۇق تازىلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالماي يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتتى.

فىرانسىيە قوشۇنى فىرانسىيەگە قارشى بىرلەشمە قوشۇن بىلەن بولغان جەڭدە كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلدى. 1793 - يىلى 10 - ئايدا، فىرانسىيە قوشۇنى دونكىرك ئەتراپىدا ۋە ۋاتتىگنىيىس دېگەن جايدا (فىرانسىيە - بېلگىيە چېگراسىدا) ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە قوشۇنى ئىشغالىيىتىدىكى تولۇنغا ھۇجۇم قىلدى، 12- ئاينىڭ 18- كۈنى ئەنگلىيە قوشۇنى تولۇننى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئىسپانىيە ۋە ئىتالىيە قوشۇنىمۇ كەينى - كەينىدىن چېكىندۈرۈلدى. 1793 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، فىرانسىيە زېمىنىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي چېكىنىپ، ئۇرۇش دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىغا يۆتكەلدى. 1794 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى فلېۋرۇس ئەتراپىدا بولغان كەسكىن جەڭدە، فىرانسىيە قوشۇنى گېنېرال جوردانىنىڭ قوماندانلىقىدا فىرانسىيەگە قارشى بىرلەشمە قوشۇنغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ جەڭدە فىرانسىيە قوشۇنى تۇنجى قېتىم ھاۋا شارى ئىشلىتىپ دۈشمەن قوشۇنىنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. فلېۋرۇستىكى غەلىبە فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ بېلگىيە، گوللاندىيەگە ۋە رېين ئۆلكىسىگە بېرىش يولىنى ئاچتى.

فىرانسىيەنىڭ يالغۇز ئۆزىگە تايىنىپ ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىنى چېكىندۈرەلىشىدىكى سەۋەبنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ياكوبىنچىلاردىن بولغان ئىنقىلابچىلارنىڭ فىرانسىيە ئىنقىلابىنى قوغداش ئىرادىسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئېنىق نىشان، قەتئىي پوزىتسىيەسىنى ساقلىدى، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە يېرىم يولدا توختاپ قالمىدى، تەۋرەنمىدى.

ئىككىنچى، بۇ ئىنقىلابچىلار خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، خەلققە تايىنىپ، خەلقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرالىدى.

ئۈچىنچى، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ تەركىبىمۇ ئۆزگىرىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل بولدى. بۇ قوشۇندىكىلەر ئاساسەن فېئوداللىق زۇلۇمدىن ئەمدىلا ئازاد بولغان دېھقانلار بولغاچقا، پەقەت ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلۇقىنىڭ مەنبەسى بولدى.

تۆتىنچى، جانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىشمۇ فىرانسىيەنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب بولدى. فىرانسىيە قوشۇنى ئەسكەرلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش بىلەن توپلاشنى جانلىق بىرلەشتۈردى. بۇ تاكتىكا ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا قوللىنىلغان نوقۇل ھالدا ئەسكەرلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش تاكتىكىسىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلغار ئىدى. فىرانسىيە قوشۇنى بۇ خىل ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ياۋروپا بىرلەشمە قوشۇنىغا كۈچلۈك زەربە بەردى. شۇ چاغدىكى فىرانسىيەگە قارشى بىرلەشمە قوشۇن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان يانچىلار ۋە ياللانما ئەسكەرلەردىن تەشكىللەنگەچكە، جاسارىتى ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوماندانلار كونا قائىدىگە ئېسىلىۋېلىپ قەدىمىي ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغاچقا، قوشۇنىنىڭ جانلىقلىقى كەمچىل بولدى.

## 4. ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش

ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىزچىل ئۆتكۈر زىددىيەت ساقلىنىپ كەلدى. دەسلەپتە، بۇ زىددىيەت ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھى بىلەن سەۋدايىلار ئارىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلەندى بۇ زىددىيەت 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن باشلاندى. زىددىيەتنىڭ تۇگۇنى شۇ ئىدىكى، ياكوبىنچىلار ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى بۇرژۇئا

دېموكراتىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دەپ قارىدى؛ سەۋدايىلار بولسا ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى سىياسىي دېموكراتىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي باراۋەرلىكنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش، دەپ قارىدى. مىللىي قۇرۇلتاي ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىغاندا، سەۋدايىلار ئاساسىي قانۇننى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭدا خەلققە ۋەدە قىلىنغان بەخت ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولماپتۇ، «ئاساسىي قانۇننىڭ ھېچقانداق ماددىسىدا بېسىمدارلارنى ئەيىبلەش ھەققىدىكى مەزمۇنلار يوق، مۇبادا بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرسە، بۇنى قانداقمۇ ئەركىنلىك دېگىلى بولسۇن؟ مۇبادا بايلار ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا ئالسا، بۇنى قانداقمۇ باراۋەرلىك دېگىلى بولسۇن؟ مۇشۇنداق بولسا، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، جۇمھۇرىيەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالمامدۇ؟» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ياكوبىنچىلار رەھبەرلىرى سەۋدايىلارغا زەربە بېرىشنى قارار قىلىپلا قالماي، بەلكى سۇيىقەستلىك نەيرەڭلەرنىمۇ ئىشلەتتى. ئۇلار سەۋدايىلارنىڭ تەلىپىنى (مەسىلەن، مال باھاسىغا چەك قويۇش ۋە ھايانكەش سودىگەرلەرگە زەربە بېرىش) قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنى باستۇردى. 1793 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى زاك لۇلغا جىنايەت ئارتىپ (ئۇنىڭغا ئەنگلىيەنىڭ جاسۇسى ۋە ئوغرى دەپ تۆھمەت چاپلاپ) ئۇنى قولغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سەۋدايىلارنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولدى. 1794 ـ يىلى 2 ـ ئايدا زاك لۇل تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا سەۋدايىلار يوقىتىلدى.

سەۋدايىلار مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تارىخىي رولىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇلار 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى ئىنقىلابنىڭ جەڭگىۋار كۈچى بولدى.

www.ulughkitap.com

ئىككىنچىدىن، ئۇلار ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە پايدىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىر قوللىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

1793 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، سەۋدايىلار باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەر ئاساسەن ئىناق ئۆتتى، سەۋەبى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلقنىڭ تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەرنىڭ دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇش ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى.

ئەمما، 1793 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، بولۇپمۇ 1794 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەنلەر ئاساسەن يوقىتىلىپ، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەنلەر چېكىندۇرۈلگەندىن كېيىن، ئىنقىلابىي لاگېرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش كېڭەيدى: ئىنقىلابىي لاگېر ئىچىدە روبېسپېر باشچىلىقىدىكى ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىغا قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىپ كەتتى.

بىرىنچى، ئوڭچىلار (ياكى دانتونچىلار). ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى پەقەت تەقسىمات جەھەتتىلا بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىگە، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە چېقىلمىدى. شۇڭا، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىزلىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت گەرچە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان بىر قاتار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن ھىيلىگەر سودىگەرلەر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ چەكلىمىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئوخشاشلا ھايانكەشلىك قىلىپ تازا بېيىدى. سودىگەرلەر،

سانائەتچىلەر ۋە باي دېھقانلار تاۋارلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ قاراڭغۇ بازاردا يۇقىرى باھادا ساتتى، ھەتتا دۆلەت مۈلكىنى ئەرزان سېتىۋېلىپ قىممەت سېتىپ، قىس تاۋارلار ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. سودىگەرلەر يەنە ھەربىي لازىمەتلىكلەر سودىسىدىنمۇ زور پايدا ئالدى.

ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر - بىرىدىن چوڭ بايلارغا ئايلاندى. ئىنقىلابتىن پايدىلىنىپ بېيىغان بۇ كىشىلەر بارا - بارا بىر مەزھەپنى شەكىللەندۈردى، ئۇلار دانتونچىلار دەپ ئاتالدى. ئۇلار ياكوبىنچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوڭچىلار بولۇپ، ئۆزۈشتىن پايدىلىنىپ بېيىغان بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار «مۆتىدىل ھەم كەڭچىل» سىياسەت يۈرگۈزۈشنى، ئىنقىلابىي دىكتاتۇرىنى بوشاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئىنقىلابىي تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، «جاننى قەدىرلەش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە مال باھاسىغا چەك قويۇشقا، ھايانكەش سودىگەرلەرنى جازالاشقا قارشى تۇردى. دانتون ئۆزىمۇ ئەسلىدىن ئاچ كۆز ئادەم بولۇپ، 1789 - يىلى ھېچنېمىسى يوق نامرات ئىدى، ئىنقىلابتىن كېيىن چوڭ بايغا ئايلاندى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ جارچىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچى، سولچىلار. گەرچە ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى مال باھاسىغا چەك قويۇش سىياسىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيەسىگە كاپالەتلىك قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۇنۇمى كۆزلىگەن مەقسەتتىن خېلىلا يىراق بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ھېچقانچە ياخشىلانمىدى. بىر تەرەپتىن، مال باھاسىغا چەك قويۇش سىياسىتىگە سودىگەرلەر بۇزغۇنچىلىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى چەك قويۇلغانلىقى

تۆپەيلىدىن ئۈسمىدى. شۇڭا، تۆۋەن قاتلامدىكى ئامما
هۆكۈمەتنىڭ تەدبىر قوللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى
ياخشىلاشنى داۋاملىق تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا
قويغۇچىلار سولچىلار دەپ ئاتالدى. 1793 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا
سولچىلار ئىچىدە بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، ئۇلار شومىتچىلار ۋە
ئابىلچىلارغا بۆلۈندى. بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى،
شومىتچىلار ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىنى قوللايتتى،
ئابىلچىلار بولسا ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىغا قارشى
تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، ئەڭ
مۇھىم سەۋەب يەنىلا شۇ ئىدىكى، شومىتچىلار تۆۋەن قاتلام
خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ
ئۆزىگە خاس جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پىروگراممىسى بار ئىدى.
ئابىلچىلار بولسا ھېچقانداق پىرىنسىپى يوق بىر توپ سىياسىي
قارا نىيەتچىلەر بولۇپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش
ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايتتى. شومىتچىلار غوجايىنلاردىن
قېلىپ قالغان قول سانائەت ئىشخانىلىرىنى دۆلەت
ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ يۇقىرى باھاغا چەك قويۇش
پەرمانىغا بويسۇنمىغان سودىگەرلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى
تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، شۇ چاغدا ئۇلار تۇنجى بولۇپ بۇ
ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى ــــ كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ
قېئودالىلىق ئېكسپلاتاتسىيەسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى
بولغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇلار پارىژ كوممۇناسىنى تايانچ
بازا قىلدى، پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئەمگەكچىلەر
ئۇلارغا ئەگەشتى.

ئابىلچىلارنىڭ ئېنىق ئىجتىمائىي غايىسى يوق بولۇپ، ئۇلار
سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش، خەلقنىڭ ھىمايىسىنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەزىدە سەۋدايىلارنىڭ شوئارىدىن پايدىلانسا،
بەزىدە ئىنتايىن سولچى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلماقچى بولدى. مەسىلەن، ئۇلار

چېكىدىن ئاشقان تېررورلۇق سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلدى ھەم مۇشۇنداق سىياسەتنى يۈرگۈزدى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، دىنىي جەھەتتە تەۋەككۈلچىلىك يولىغا مېڭىپ، دىنىي ئېتىقادنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىنقىلاب ئۈزۈل ــ كېسىل بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلار مىللىي قۇرۇلتاينى «ئەقىل ــ ئىدراككا ئىشىنىشنى كاتولىك دىنىغا ئىشىنىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. شۇڭا، نۇرغۇن جايلاردىكى چېركاۋلار تاقالدى ياكى ئۆزگەرتىلدى. فورش دىنغا قارشى بۇ ھەرىكەتتە ئىنتايىن ئاكتىپلىق كۆرسەتتى. ئۇ ھەرقايسى چېركاۋلاردىكى مۇقەددەس بۇيۇملارنى يىغىپ پارىژغا ئېلىپ كەلدى. قەبرىلەرنى دىندىن خالىي قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، ھەربىر قەبرىنىڭ ئالدىغا بىردىن خاتىرە تېشى ئورنىتىش، ئۈستىگە «ئۆلۈم مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ دېمەكتۇر» دېگەن خەتلەرنى يېزىشنى بەلگىلىدى. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇل كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە زادىلا ياقمىدى. فىرانسىيە ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار كاتولىك دىنىنىڭ سادىق مۇرىتلىرى بولغاچقا، دىنغا قارشى ھەرىكەت ئۇلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابقا قارشى روھانىيلارغا ئالدىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قاتنىشىشمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئابېلچىلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى تەۋەككۈلچىلىك قىلمىشىنىڭ ئىنقىلابقا زىيانلىق ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن ئىدى.

1794 ــ يىلى باھاردىن باشلاپ بۇ گۇرۇھلار ئارىسىدا كەسكىن كۈرەش باشلاندى: دانتونچىلار ئابېلچىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان تېررورچىلىقىنى ئەيىبلىدى، ئابېلچىلار بولسا دانتونچىلارنىڭ زىيادە كەڭچىلىككە قارشى تۇردى. بۇلار يەنە ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىغا ھۇجۇم قىلدى، دانتونچىلار

روبېسپېرچىلار يۈرگۈزگەن مەككار سودىگەرلەرگە زەربە بېرىش سىياسىتىگە قارشى تۇردى، ئابېلچىلار بولسا ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىنى تېررورلۇق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە قەتئىي بولمىدى، دەپ ئەيىبلىدى. 1794 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئابېلچىلار پارىژدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلىدى، ئەمما پارىژ كوممۇناسى ۋە ھەرقايسى رايونلاردىكى كومىتېتلار ئۇلارنى قوللىمىدى. ئابېل شومىتىنىڭ ئۆزىنى قوللىشىنى ئۈتۈنگەن بولسىمۇ، شومىت ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ئۇنى ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئابېل، رونسونلار قولغا ئېلىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كاللىسى ئېلىندى. ھۆكۈمەت ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ ئابېلچىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان تېررورلۇق يۈرگۈزۈش قورالى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى.

ئابېلچىلارنىڭ پارىژ خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلىكىدە يەنە بىر سەۋەبمۇ بار بولۇپ، شۇ يىلى 2 ـ ئايدا مىللى قۇرۇلتاي خەلققە پايدىلىق بولغان شاماللىق ئاي پەرمانىنى ئېلان قىلغانىدى. بۇ پارمانىنى روبېسپېرنىڭ سەپدىشى سان جوست ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: قولغا ئېلىنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلكى نامراتلارغا ھەقسىز تەقسىملەپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. گەرچە بۇ پەرمان ھۆكۈمەتتىكى بۇرژۇئازلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ پارىژدىكى تۆۋەن قاتلام خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈردى.

ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ بۇ پەرمانىنى چىقىرىشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيەسىنىڭ بىر دەك بولغانلىقىدىن ئىدى، چۈنكى روبېسپېر قاتارلىقلار روسسونىڭ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، نامراتلارغا مەلۇم دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ بۇ پەرمانىنى چىقىرىشى ئابىلچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتىكى بىر خىل تاكتىكا بولۇپ، ئۇلار پارىژ ئاممىسىنى ئابىلچىلاردىن تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى.

ئابىلچىلارنى باستۇرغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت شومىتنى قولغا ئېلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈنىڭغا «مىللىي قۇرۇلتاي بىلەن قارشىلاشتى» دېگەن يوقىلاڭ بەتنامىنى ئارتىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، پارىژ كوممۇناسىمۇ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، روبېسپىير ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى كوممۇنادىكى شومىتچىلارنىڭ ئورنىغا قويدى.

ئابىلچىلار بىلەن شومىتچىلار باستۇرۇلغاندىن كېيىن، دانتونچىلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ روبېسپىيرچىلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشتىن بۇرۇن قولغا ئېلىندى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆلتۈرۈلدى.

روبېسپىيرنىڭ بۇ ئۈچ مەزھەپنى باستۇرۇشى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى: بىرىنچى، دانتونچىلارنى باستۇرۇش بۇرژۇئازىيەنىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىرادىسىنى چىڭىتتى. ئىككىنچى، ئابىلچىلارنى باستۇرۇش پارىژدىكى بىر قىسىم ئەمگەكچى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. چۈنكى، ئابىلچىلار بىر ئوچۇم قارا نىيەتلەر بولسىمۇ، ئەمما نامرات خەلق ئىچىدە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئابىلچىلار ئىنقىلابنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۈچىنچى، شومىتچىلارنى باستۇرۇش پارىژ ئەمگەكچى خەلقى ئارىسىدا تېخىمۇ كۆپ نارازىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى، چۈنكى شومىتچىلار تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئومۇمەن، شومىتچىلار بىلەن ئابىلچىلارنى يوقىتىش،

ياكوبىنچىلار بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، ياكوبىنچىلار ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى زور دەرىجىدە تارايتىۋەتتى.

سەۋدايىلار بىلەن شومىتچىلار ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى دەۋرىدىكى ئاۋام ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلار ئاساسەن ئىشچىلار، قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر، دۇكاندارلار، بىرقىسىم سەنئەتكارلار، مۇزىكانتلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىگە بەزى ئىش ـ ئەمەلسىز كىشلەرمۇ ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما سانى ھامان ئاز ئىدى.

ئاۋام ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا تۆۋەندىكىلەر سەۋەب بولدى: بىرىنچى، ئۇلارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، تەلىپى ھەر خىل بولۇپ، ئىچكى قىسىمدا ئىناقسىزلىق كۆرۈلدى. ئىككىنچى، يۇقىرىلار ئىچىدىكى ئاكتىپلار ئەسكەر ياكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاۋام ھەرىكىتى ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. ئۈچىنچى، شۇ چاغدا كاپىتالىزم يۈكسىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئوبيېكتىپ تارىخىي ۋەزىپە فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى، ئەمگەكچى خەلقنى كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيەدىن قۇتۇلدۇرۇش تېخى كۈنتەرتىپكە قويۇلمىغانىدى. ئاۋام ھەرىكىتى پەقەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇرژۇئازىيەنىڭ كونا فېئودال جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلىشىغا ياردەم بەردى.

## 5. تومۇز ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشى

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى ئىنقىلابىي تېررورلۇق، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە

دىنىي مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيادە سولچىللىق خاتالىقى ئۆتكۈزدى. بۇ خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بىرىنچى، ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئاز ساندىكى سىياسىي قارا نىيەتچىلەر، مەسىلەن، ئابىلچىلار ئارىلىشىۋالدى. ئۇلار ئىنتايىن ھوقۇقپەرەس بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن سولچىل قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ چوڭ مۇقاملارغا توۋلىدى، نۇرغۇن ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئىشلارنى قىلدى. ئىككىنچى، ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى مەزگىلىدە ھوقۇقنىڭ زىيادە مەركەزلىشىپ كېتىشى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇ چاغدىكى مىللىي قۇرۇلتاي پۈتۈن ياۋروپا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمەت بولۇپ، قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى. بۇنداق دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش شۇ چاغدىكى جىددىي ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ھەم ئىچكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭلارنى تىنچىتىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، ھوقۇقنى بۇنداق زىيادە مەركەزلەشتۈرۈش دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىك قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقتىن پاسسىپ رولمۇ ئوينىدى. زىيادە سولچىللىق ۋە ھەددىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. بۇنداق تۈزۈلمە شارائىتىدا، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا ئىنكاس قىلىنىشى ئىنتايىن تەس بولۇپ، سىياسەتتىكى خاتالىق ۋە نۇقسانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش پۇرسەتلىرى بولمايتتى.

ئەمما، ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ فرانسىيە تارىخىدىكى ئۇلۇغ تۆھپە ـ نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ.

بىرىنچىدىن، ئۇ ئىنقىلابنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچكى-تاشقى ھۇجۇمىدىن قۇتقۇزۇۋالدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ فىرانسىيەدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، فىرانسىيە خەلقىگە بىر قاتار ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە بېغىشلىدى.

ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى فىرانسىيە ئىنقىلابى تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما 1794 - يىلى باھاردىن كېيىن، ياكوبىنچىلار رەھبەرلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى دىكتاتۇرىنىڭ ھالاكىتىگە يول ھازىرلىدى.

بىرىنچى، شومىتچىلار بىلەن ئابېلچىلارنى باستۇرۇش نەتىجىسىدە، ياكوبىنچىلار بىلەن فىرانسىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دەز كەتكەنىدى. بۇ ئىككى مەزھەپنى باستۇرغاندىن كېيىن، ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى قوللانغان بىر قاتار تەدبىرلەر ئۇلار بىلەن پارىژ خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن ھايانكەشلەرنى تىزگىنلەش پەرمانىنى بوشاشتۇردى، ئىلگىرى ھايانكەش سودىگەرلەرگە ئۆلۈم جازاسىلا بېرىلەتتى، ئەمدى ئۆلۈم جازاسى بىكار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ھايانكەشلىك قايتىدىن ئەۋج ئالدى. ئۇنىڭدىن قالسا تاۋارلارنىڭ باھا چېكىنى قويۇۋەتتى، پارىژ ۋە باشقا شەھەرلەردىكى بارلىق تاۋارلارنىڭ باھاسى بىردەك ئۆستى، ئەمما ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆسمىدى، ھەتتا 1794 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پارىژ كوممۇناسى ئېلان قىلغان يېڭى پەرماندا، پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى، بۇنىڭدىن ئەمگەكچى خەلق ئىنتايىن نارازى بولدى. ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى يەنە دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان سىياسەتلەرنىمۇ يۈرگۈزدى، يەنى پەرمان ئېلان قىلىپ دېھقانلارنىڭ ئالغان ھوسۇلىنىڭ مىقدارىنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى خالىغان چاغدا ئېلىپ ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

دېھقانلارمۇ نارازى بولدى. نەتىجىدە ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتى ئاممىۋى ئاساسنى تولۇق يوقىتىپ، يېتىم قالدى.

ئىككىنچى، 1793 ـ يىلى كۈز، قىش پەسلىدە ئىنقىلاب ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە تۇرغاندا، ياكوبىنچىلارنىڭ دۈشمەنگە قاراتقان دىكتاتۇرىنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلابىي تېررورلۇقنى يولغا قويۇشى ئىنتايىن زۆرۈر بولغانىدى، بۇ تېررورلۇق ماھىيەتتە ئۆزۈشىنىڭ ۋاستىسى ئىدى. ئەمما، 1794 ـ يىلى باھاردا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىتى ئاياغلىشىپ، ئىنقىلابقا بولغان خەۋپ تۈگىگەن بولسىمۇ، ياكوبىنچىلار رەھبەرلىرى تېررورلۇق سىياسىتىنى بىكار قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇ تېررورلۇق ئوخشاش بولمىغان سىياسىي پىكىردىكىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئەمگەكچى خەلقىمۇ قوللىنىلدى. تېررورلۇق ئىنقىلابنى قوغداشقا ئەمەس، بەلكى ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاشقا خىزمەت قىلدى. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك، روبېسپېرغا نىسبەتەن «تېررورلۇق ئۆزىنى قوغدايدىغان ۋاستە بولۇپ، بىر خىل بىمەنە نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.»[①] تېررورلۇق ئاخىر راۋاجلىنىپ چېكىگە يەتتى، 1794 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىنقىلابىي سوتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پەرمانى ماقۇللاندى. بۇ پەرمانغا ئاساسەن، سوت تەرتىپى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، دەسلەپكى سوراق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دەلىل ـ ئىسپاتلار تولۇق بولمىغاندا، «پەرەز قىلىنغان دەلىل ـ ئىسپاتلار»غا تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىلسا بولىدىغان بولدى. بۇ پەرمانغا يەنە: خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن ھەرقانداق ئادەم جىنايەتچى، زوراۋانلىق ياكى سۇيىقەست بىلەن ئەركىنلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ دۈشمىنى بولىدۇ، بۇنداق سۇيىقەستچىلەرنى ئاقلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ،

① ئېنگېلس: «كارل كاۋسكىغا خەت»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 37 ـ توم 146 ـ بەت.

دەپ بەلگىلەندى. بۇ پەرمان بويىچە جىنايەتچىلەر ئۆلۈم جازاسىلا ھۆكۈم قىلىنىدىغان بولدى. بۇ پەرماننى روبېسپېرنىڭ دوستى گوددون ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق روبېسپېرچىلارغا قارشى تۇرىدىغان بارلىق كىشىلەرنى تازىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغانىدى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن تومۇز ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىگىچە بولغان بىر يېرىم ئاي ئىچىدىلا 2285 ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىندى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەپتىسىگە 326 ئادەم، كۈنىگە 50 گە يېقىن ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارغا ئادەتتە «جۇمھۇرىيەتنىڭ دۈشمىنى»، «ئەركىنلىكنىڭ دۈشمىنى»، «ۋەتەننىڭ دۈشمىنى» دېگەن ناملار بىلەن جىنايەت ئارتىلغانىدى. ھەرقانداق ئادەم پەقەت مۇشۇ «قالپاق»نى كىيىپ قالسىلا كاللىسىدىن ئايرىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ جان قايغۇسىدا قالدى، پۈتۈن مەملىكەتنى تېررورلۇق قاپلىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەھۋاللارنى روبېسپېرنىڭ ھاكىممۇتلەقلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەقلىكىنى ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ تۈزۈلمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

قىسقىسى، ياكوبىنچىلار بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھاكىممۇتلەقلىك ۋە تېررورلۇقنى كېڭەيتىۋېتىپ قېلىپ، ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قەستىدە يۈرگەن سىياسىي گۇرۇھقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فرانسىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تېررورلۇق ۋاستىسىگە تايىنىپ بۇرژۇئازىيەنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى جازالىشىغا نارازى بولۇپ كەلگەن، ئەمما 1793 ـ يىلىغىچە ئۇلارنىڭ نارازىلىقى ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قارارىغا كەلگۈدەك دەرىجىدە كۈچەيمىگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ باسقۇچتا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمى يەنىلا مۇستەھكەم، ئىناق بولۇپ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولغاچقا، ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا بۇرژۇئازىيە بۇ ھۆكۈمەتكە تولىمۇ موھتاج بولۇپ، ئەگەر بۇ ھۆكۈمەت ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرمىسا، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قايتا تىرىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى، بۇنى بۇرژۇئازىيە ئەلۋەتتە خالىمايتتى. ئەمما، 1794 - يىلى باھاردىن كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى: ياكوبىنچىلار رەھبەرلىك گۇرۇھى خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئەمدى ئۇلارنى ئاغدۇرۇش ئاسانغا چۈشەتتى. فىرانسىيە قوشۇنى كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قايتا تىرىلىش تەھدىتىنى يوقاتتى. بۇرژۇئازىيە ياكوبىنچىلارغا ئەمدى موھتاج بولمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1789 - يىلىدىن كېيىن سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ كۆپ ئۆزگىرىشى ئۇلارنى زېرىكتۈردى، ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى ئاستىدىكى ئۆزگىرىشچان سىياسىي ۋەزىيەت ئۇلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئۇلار ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇرژۇئازىيە سىنىپى 1794 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياكوبىنچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋەكىللىرى سازلىقچىلار ۋە دانتونچىلارنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، باستۇرۇلغان ۋە ئاغدۇرۇلغان گىروندىچىلار ھەم ئاپېلچىلارنىڭ قالدۇقلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. بۇلار 1794 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 - ئاينىڭ بېشىغىچە ياكوبىنچىلار ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىنى تەشكىللىدى. بۇ گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۇدەك تارقالغان بولۇپ، مىللىي قۇرۇلتاي، جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى كومىتېتىدىمۇ شۇلار بار ئىدى. روبېسپىر

قاتارلىقلارمۇ بۇلارنى سەل سەزدى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىدىكى كۆپ سانلىق ھەيئەتلەر سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئالاقە ئورناتتى، جەمئىيەت ئامانلىقى كومىتېتىدا ئۇلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايدى. روبېسپىير 7 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى، ئەمما ئۇ مىللىي قۇرۇلتاي، ياكوبىن كۇلۇبىدا يەنىلا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى.

1794 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (تومۇز ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى) روبېسپىير مىللىي قۇرۇلتايدا بۇ دۈشمەن كۈچلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى كومىتېتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، «جۇمھۇرىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى»نى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ئەق مەيداندا بىرەيلەن ئۇنىڭدىن جازالىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەي قالدى. بۇ ئىش نۇرغۇن ۋەكىللەرنى گۇمانلاندۇرۇپ قويدى. سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى ئالدىن قول سېلىشنى قارار قىلدى. شۇ كۈنى ئۇلار كېچىچە يىغىن ئېچىپ ئەتىسى روبېسپىير قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ ۋەزىپە تەقسىملىدى.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بارلىق ۋەكىللەر مىللىي قۇرۇلتايغا قاتناشتى. شۇ كۈنى دىمىق ئىسسىق بولۇپ، كۆپچىلىك بورانلىق يامغۇرنىڭ شەپىسىنى ھېس قىلدى. چۈش سائەت 12 دە سان جۇست مۇنبەرگە چىقىپ «دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستى»نى ئەيىبلەپ سۆز قىلماقچى بولغاندا، سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان بىجون ۋاللېن ئۇنى توسۇۋالدى. ئارقىدىن بىجون ۋاللېن باشچىلىقىدىكى

سۇيىقەستچىلەر روبېسپېرنى ئاشكارا ئەيىبلەپ، ئۇنى مۇستەبىت دېدى. روبېسپېر بىرقانچە قېتىم مۇنبەرگە چىقىپ سۆز قىلماقچى بولغان بولسىمۇ توسۇۋېلىندى. بۇ چاغدا جەمئىيەت ئامانلىقى كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى روسېتتى تۇيۇقسىزلا روبېسپېرنى قولغا ئېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يىغىندىكى بارلىق سۇيىقەستچىلەر بۇ تەكلىپنى ئالقىشلىدى. مىللىي قۇرۇلتاي روبېسپېر، گوددون ۋە سان جوستنى قولغا ئېلىش قارارىنى ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر نەق مەيداندا قولغا ئېلىندى.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پارىژ كوممۇناسى پارىژ خەلقىنى قوزغىلىپ ياكوبىنچىلار رەھبەرلىرىنى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى. پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى كومىتېتلار قورallıق خادىملار ۋە توپچىلارنى ئەۋەتىپ روبېسپېر قاتارلىقلارنى نەزەربەند قىلىنغان جايدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، كوممۇناغا ئېلىپ كەلدى. روبېسپېر قاتارلىقلار يىغىن ئېچىپ دەرھال قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى، ئەمما پارىژ ئاممىسى ئۇلارغا ئاۋاز قوشمىدى. سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھى بۇرژۇئازلارنىڭ قوراللىق قوشۇنىنى توپلاپ پارىژ كوممۇناسىغا ھۇجۇم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن روبېسپېر قاتارلىقلار قايتىدىن قولغا ئېلىندى. 2 ـ كۈنى، بۇ بىرقانچە كىشىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. پارىژ ئاممىسى بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشتە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇ ئىدىكى، بۇ بىرقانچە ئايدىن بۇيان ئۇلار روبېسپېرغا نارازى بولۇپ كەلگەنىدى، بولۇپمۇ 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش پەرمانى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نارازىلىقى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى.

ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە. 1789 ـ يىلى بۈيۈك ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، فىرانسىيە ئىزچىل سىياسىي داۋالغۇش، ئۇرۇش

قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە قالدى، كونا تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلاش جەريانىدا، بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ئەمما، 1794 ـ يىلى كىرگەندىن كېيىن كونا تۈزۈمنى يوقىتىش ۋەزىپىسى ئورۇنلانغان، يېڭى كاپىتالىستىك تۈزۈم ئورنىتىش ۋەزىپىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلغان بولسىمۇ، توختىماي داۋالغۇۋاتقان ۋەزىيەت كاپىتالىزمنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولدى، شۇڭا فىرانسىيەنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بۇنداق ۋەزىيەتنى ئاياغلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پەقەت ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن بۇنداق ۋەزىيەتنى ئاياغلاشتۇرغىلى بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك بولۇپ قالدى.

* * *

فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى بىر قېتىملىق ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولدى. فېئودال كۈچلەرنىڭ جاھىللارچە قارشىلىقى ۋە ئۆلارنىڭ ئەنگلىيە قاتارلىق فېئودال پادىشاھلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى، خەلق ئاممىسىنىڭ قايتا ـ قايتا كۆرەشكە ئاتلىنىشى — بۇرژۇئا ئىنقىلابى تارىخىدىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىنى پەيدا قىلدى.

فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى بولۇپ، بۇ ئىنقىلابقا خەلق ئاممىسى ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈردى، ئىنقىلابىي پەرمانلارنىڭ چىقىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قاتار دېموكراتىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنقىلابتا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىشى بىلەن ئىنقىلاب

داۋاملىق راۋاجلاندى ھەمدە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، گىروندىچىلار ھۆكۈمرانلىقى ۋە ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئۈچ باسقۇچ ئىچىدە، ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى ئىنقىلابنى ئەڭ ئۇزۇل ـ كېسىللىككە ئىگە قىلدى. بۇ باسقۇچتا ياكوبىنچىلار چەت ئەل كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭلارنى تىنچىتىپ، ئىنقىلابنى قوغداپ قالدى، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يېزىلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىپلا قالماي، دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا ھەل قىلدى ھەمدە دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە «ئاۋام ئۇسۇلى»نى قوللاندى. شۇڭا، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ھەر جەھەتتە 17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن ھالقىپ كەتتى.

فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ مۇشۇنداق چوڭقۇر ۋە ئۇزۇل ـ كېسىل بولۇشى، ئەلۋەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، ئەمما ئۇ يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئەھۋال بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى: بىرىنچىدىن، ئىنقىلاب ھارپىسىدا كاپىتالىزم بىلەن فېئودالىزم ئارىسىدىكى زىددىيەت ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىكى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. 3 ـ تەبىقە بىلەن ئىمتىيازلىق تەبىقىلەر ئارىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلەشتى، فىرانسىيە ئەمگەكچى خەلقى، بولۇپمۇ دېھقانلار فېئوداللارنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ناھايىتى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتتى. زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا، قارشىلىق شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئىنقىلاب باشلانغاندىن كېيىن، فىرانسىيەدىكى ئېزىلگەن شەھەر ـ يېزا ئەمگەكچى خەلقى زور ئاكتىپلىق بىلەن ئىنقىلابقا ئاتلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بولۇشىنى مۇقەررەرلەشتۈردى. ئىككىنچىدىن، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان

فرانسىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئەنگلىيە، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا قارىغاندا پىششىق يېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق مەزگىل ئاقارتىش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنى تىكلىگەنىدى. ئۇچىنچىدىن، ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن فرانسىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىنقىلابى دۇچ كەلگەن دۈشمەندىنمۇ كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلدى، ئاقسۆڭەك روھانىيلار (ئەنگلىيەگە ئوخشىمايدىغىنى فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىن يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بۆلۈنۈپ چىقمىغان) فرانسىيەگە قارشى ياۋروپا بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، فرانسىيە ئىنقىلابىغا قارشى تۇردى. شۇڭا، فرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى خەلق بىلەن بىرلەشتى. بۇرژۇئازىيە خەلق بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىكەن، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي تەلىپىنى قاندۇرۇشى، بىرقەدەر چوڭقۇر بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئەلۋەتتە، فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە، پەقەتلا يېڭى ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى كونا ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئەمما، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىنقىلاب فرانسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا داغدام يول ئېچىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ياۋروپادىكى فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئۇلىنى كۈچلۈك تەۋرىتىپ، ياۋروپادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پۈتكۈل 19 ـ ئەسىر فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئۆتتى. شۇڭا، ماركس فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنى «پۈتۈن ياۋروپا دائىرىسىدىكى ئىنقىلاب»، «شۇ چاغدىكى پۈتۈن دۇنيانىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى»① دېدى.

---

① ماركس: «بۇرژۇئازىيە ۋە ئەكسىلئىنقىلاب»، «ماركس ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم 318 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالتىنچى باب

# 1794 ـ يىلىدىن 1815 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى فرانسىيە ۋە ياۋروپا، ۋېنا يىغىنى ھەم مۇقەددەس ئىتتىپاق

1789 ـ يىلىدىن 1794 ـ يىلىغىچە يۈز بەرگەن فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى خۇددى شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندەك فىرانسىيەنىڭ قەدىمكى فېئودالىلىق تۈزۈمىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. تومۇز ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشى ئىنقىلاب زەرىبىسىدە پەيدا بولغان داۋالغۇش مەزگىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىدى ۋە كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. ئەمما تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى بىلەن نازارەتچى ھۆكۈمەت مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ بىر قەدەملا تاشلىيالىدى، پەقەت ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندىلا، بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى ئاندىن ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ، كاپىتالىزم تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندى، شۇنداقلا پەقەت ناپولېئون قوزغىغان ئۇرۇش ئارقىلىق، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى پۈتۈن ياۋروپاغا كېڭىيىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇرۇقى چېچىلدى.

## 1 ـ بۆلۇم  تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ۋە نازارەتچى هۆكۈمەتنىڭ هۆكۈمرانلىقى

### 1. تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى هۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى فىرانسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرى

تومۇز ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ تەختكە چىققان سىياسىي گۇرۇھ تومۇزئاي تەرەپدارلىرى دەپ ئاتالدى. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلاندى.

ياكوبىنچىلار دىكتاتورلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى چېكىدىن ئاشقان تېررورلۇق سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەھىمىلىك كەيپىيات تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشىغا باهانە بولدى. تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ رەهبەرلىرىدىن بىرى بولغان تالليېن سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مىللىي قۇرۇلتايدا نۇتۇق سۆزلەپ: «هەممەيلەن ئۆزىنى خەۋپ ئىچىدە هېس قىلىدىغان هۆكۈمرانلىقنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكمۇ ياكى هەققانىي هۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ؟ ئىنقىلابىي هۆكۈمەت ئىنقىلابنى تاماملىغان هۆكۈمەت بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئىنقىلابتا دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن هۆكۈمەت بولۇشى كېرەكمۇ؟ ... ئەگەر هۆكۈمەتنىڭ قورال كۈچى بىلەن مەسىلىنى هەل قىلىشنى تەلەپ قىلساق، پاراكەندىچىلىك داۋاملىشىدۇ، ئۇ چاغدا بىز فىرانسىيەنى بىر جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز، خەلقنى پاراكەندە قىلىش بەدىلىگە ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز ... هەر قەدەمدە بىردىن قىلتاق قويۇلسا، هەربىر جايغا بىردىن ساقچى قويۇلسا، هەربىر ئائىلىدىن خائىن چىقسا، قاتىللار سوت

مەھكىمىسىنى قاپلاپ كەتسە، ئاۋام خەلق ھەر خىل مەھكىمىلەرنىڭ قىيىن ـ قىستىقىغا ئۇچرىسا، پۈتكۈل جەمئىيەت زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىنغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى سىنىپقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر تېررورلۇقنى كېڭەيتسە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ تېررورلۇقنىڭ زىيىنىنى تارتىدۇ، مانا بۇ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق، بۇنداق ۋاستە نورمال، ئەركىن، ئىنسانىي بولغان ھۆكۈمەتكە ماس كېلەمدۇ؟» دېدى.

تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى سىياسىي سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، تېررورلۇق سىياسىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ ياكوبىنچىلار تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان جىنايەت گۇماندارلىرىنى قويۇپ بەردى، دەسلەپكى بەش كۈن ئىچىدىلا 478 ئادەم قويۇپ بېرىلدى (ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان نۇرغۇن ئەكسىيەتچى جىنايەتچىلەرمۇ بار ئىدى)، 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەنە جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش پەرمانى چۈشۈرۈلدى؛ 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى توپىلاڭچىنى بىر ئاي ئىچىدە توختىتىشقا ماقۇل بولغان ۋاندى ۋە شۇئۇن ئۆلكىسىدىكى توپىلاڭچىلار كەچۈرۈم قىلىندى.

ئەمما، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى فىرانسىيە چوڭ بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان گۇرۇھ بولغانلىقتىن، ئۇلار سىياسىي سەھنىگە چىقىپلا ياكوبىنچىلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن زەربە بەردى ھەمدە فىرانسىيە خەلقىنىڭ ياكوبىنچىلار دەۋرىدە قولغا كەلتۈرگەن دېموكراتىيە نەتىجىلىرىنى يوققا چىقاردى. ئۇلار ياكوبىن كۇلۇبىنى ۋەيران قىلىپ، بارلىق ئىنقىلابىي كۇلۇبلارنى پېچەتلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى مەنئى قىلىپ، ھايات قالغان ياكوبىنچى ئەمەلدارلار ۋە ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈردى ھەم قولغا ئالدى، 1793 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى

ئەمەلدىن قالدۇردى. يەنە ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىلىقى دەۋردە ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە قويۇلغان تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىپ، مال باھاسىغا چەك قويۇش پەرمانىنى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى پادىشاھپەرەسلەرگىمۇ رەھىم قىلماي، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىنى قەتئىي باستۇردى، بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە يۈز بەرگەن مالىيە مۇناسىۋىتىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى قانۇن ئارقىلىق قوغدىدى. 1795 - يىلى 1- ئاينىڭ 8 - كۈنى، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى مىللىي قۇرۇلتايدا قارار ماقۇللاپ، لۇئى XVI نىڭ كاللىسى ئېلىنغان 1 - ئاينىڭ 21 - كۈننى دۆلەت بايراملىرىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى. روشەنكى، ئۇلار بۇرژۇئازىيەنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىنى قوغدىدى.

كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىلىقى مەزگىلىدە رادىكاللارنىڭ بىر تەرەپلىمە تەشەببۇسى سەۋەبىدىن، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا سەل قارىلىپ، توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمما، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئەھۋالدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. تېبوداۋكلىس ئىسىملىك بىر كىشى مىللىي قۇرۇلتايغا مائارىپ ھەققىدىكى بىر پارچە دوكلاتنى يوللاپ، ياكوبىنچىلار مەزگىلىدىكى رادىكاللارنىڭ كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىپ: «ئۇلار (رادىكاللارنى دېمەكچى) ئىلىم - مەرىپەتنى ئەركىنلىكنىڭ دۈشمىنى، ئىلىم - پەننى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسىيسى، دەپ قارايدۇ؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇن داۋاملاشقان

بولسا، كۇتۇپخانىلار كۆيدۈرۈلگەن، بارلىق ئالىملار ئۆلتۈرۈلگەن، پۈتۈن دۇنيا زۇلمەت ئىچىدە بولاتتى. خۇددى نامراتلىق باياشاتلىقنىڭ دۈشمىنى بولغانغا نادانلىق مائارىپنىڭ دۈشمىنى ئوخشاش»، دېدى. تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەزى پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى، مەسىلەن، دۆلەتلىك كۇتۇپخانا قۇردى، پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈردى، تۈرمىگە قامالغان ئالىملارنى قويۇپ بەردى، ئاممىۋى قۇرۇلۇش مەركىزى مەكتىپىنى قۇردى (كېيىن ئۇ ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى)، يەنە ھۈنەر ـ سەنئەت مەكتىپى قۇردى، دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا تىلشۇناسلىق لېكسىيە سىنىپلىرىنى تەسىس قىلدى، تېببىي مەكتەپ، ئاسترونومىيە ئىدارىسى قۇرۇپ، دائىملىق تەتقىقات ئورگانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ئىشلار تاماملىنىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن فىرانسىيە ئىنستىتۇتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىدا گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

ئەمما، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سىنىپىي كۈرەش خېلىلا كەسكىن بولدى. تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ھۆكۈمىتى مال باھاسىغا چەك قويۇش ۋە ھايانكەشلەرنى جازالاش تەدبىرلىرىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن، مال باھاسى (بولۇپمۇ ئاشلىق باھاسى) ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، پارىژ شەھىرى ئەتراپىدىكى ئىشچىلار يەنە ئاچارچىلىقتا قالدى. 1795ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، پارىژ ئەمگەكچى خەلقى ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار يېمەكلىك تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە 1793 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما، بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭچىلاردىن رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئالدى، ئاق



www.uyghurkitap.com

تېررورلۇق بىر مەھەل پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ھۆكۈمەتنى خەلق ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇپلا قالماي، يەنە پادىشاھپەرەسلەرنىڭ توپىلاڭلىرىغىمۇ تاقابىل تۇردى. 1795 ـ يىلى يازدا بىرقانچە مىڭ پادىشاھپەرەس سەرگەردان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھىمايىسىدە، فىرانسىيەنىڭ كىبىران يېرىم ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈردى. تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ مىللىي قۇرۇلتىيى قۇرۇقلۇق ئارمىيەنى ئەۋەتىپ، بۇ يېرىم ئارالنى قامال قىلىپ توپىلاڭنى باستۇردى.

## 2. نازارەتچى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى، بابېئوت قوزغىلىڭى

پادىشاھپەرەسلەرنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى يېڭىدىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. بۇ يېڭى ئاساسىي قانۇن قۇرۇلتايدا 1795 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مىللىي ئۇيۇشمىدا ماقۇللاندى. بۇ پۈتۈنلەي بۇرژۇئازىيەگە پايدىلىق ئاساسىي قانۇن ئىدى. بۇ ئاساسىي قانۇندا: فىرانسىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىيەت ھوقۇقىنى ئايرىپ يۈرگۈزۈش تۈزۈمىنى قوللىنىدۇ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى قانۇن چىقىرىش پالاتاسىنىڭ قولىدا بولىدۇ، قانۇن چىقىرىش پالاتاسى تۆۋەن پالاتا (500 كىشىلىك كېڭەش) بىلەن يۇقىرى پالاتا (سېنات)غا بۆلۈنىدۇ، تۆۋەن پالاتا قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يۇقىرى پالاتا بۇ قانۇن لايىھەسىگە قاراپ چىقىدۇ ھەم تەستىقلايدۇ. مەمۇرىيەت ھوقۇقى نازارەتچى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەت بەش ئادەمدىن تەشكىللىنىدۇ، بۇلار مۇنداق سايلاپ چىقىلىدۇ: تۆۋەن پالاتا 50 نامزات كۆرسىتىدۇ، يۇقىرى پالاتا بۇ 50 نامزات ئىچىدىن بەش ئادەمنى تاللايدۇ، بۇ بەش

ئادەمنىڭ ئىچىدە ھەر يىلى بىر ئادەم قايتا سايلاپ چىقىلىدۇ، بۇ بەش ئادەمنىڭ ھەربىرى ئۈچ ئايدىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. نازارەتچى ھۆكۈمەت قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ياكى يارىتىش ھوقۇقى بولىدۇ. نازارەتچى ھۆكۈمەت دۆلەت ئىشلىرى خادىمىنى تەيىنلەيدۇ، دۆلەت ئىشلىرى خادىمى قانۇن ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە نازارەتچى ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. قانۇن چىقىرىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئىككى قېتىملىق سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدۇ، سايلام ھوقۇقىنىڭ چەكلىمىسى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، شۇ جايدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرغان، جان سانى بېجى ياكى يەر بېجى تاپشۇرغانلارنىڭلا سايلام ھوقۇقى بولىدۇ. يىللىق كىرىمى 150 ــ 200 كۈنلۈك ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلىدىغان كىشىلەرنىڭلا قايتا سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. روشەنكى، بۇ خىل سايلام تۈزۈمىدە پەقەت بۇرژۇئازلارلا قانۇن چىقىرىش ھەيئىتىگە ئەزا بولالايتتى. ئاساسىي قانۇندا يەنە: قانۇن چىقىرىش پالاتاسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئەزالىرى ئىلگىرى تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى كونتروللۇقىدىكى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. نازارەتچى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغان بەش ئادەمنىڭ ھەممىسى يەر ۋە ئاشلىق سودىسى قاتارلىق ھايانكەشلىك سودىسىدا تازا بېيىغانلاردىن ئىدى. مىللىي قۇرۇلتاي 1795 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تارقىتىۋېتىلدى، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن سايلاپ چىقىلغان قانۇن چىقىرىش پالاتاسى خىزمەتكە كىرىشتى. 11 ـ ئايدا، بارراس باشچىلىقىدىكى نازارەتچى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى يۈرگۈزگەن ئىلگىرىكىنى ئۆزۈل ـ كېسىل قوغۇۋېتىش سىياسىتى نازارەتچى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى: فرانسىيەنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ، زاۋۇت، سودا كارخانىلىرىنى

قوزغۇش قىزغىنلىقى يارلىققا كەلدى. كاپىتالىستىك ئىگىلىك توسالغۇسىز ھالدا ئالدىغا قاراپ راۋاجلاندى.

ئەمما، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەمگەكچى خەلققە نامراتلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى. مال باھاسى ئۆزلۈكسىز ئۆرلەپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپ تاپقىنى قورسىقىنى بېقىشقىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىشىشى ئۇلارنى كۈرەش قىلىش يولىغا باشلاپ كىردى. نەتىجىدە بابېئوت رەھبەرلىكىدىكى باراۋەرچىلەر ھەرىكىتى قانات يايدى.

گراككوس بابېئوت (1760 — 1797) نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولۇپ، ئەدەبىيات، شېئىر، ئىلىم ـ پەن تارىخ ۋە پەلسەپىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، نامراتلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوللايدىغان مۇتەپەككۇرغا ئايلانغان. ئەمما، دەسلەپتە ئۇ بىر خىيالپەرەست ئىدى، پەلسەپىنىڭ «بەخت» ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. كېيىن ئۇ بۇ خام خىياللاردىن قۇتۇلۇپ، 1789 ـ يىلىدىكى بۈيۈك ئىنقىلابقا قاتناشتى ھەمدە يەرلەرنى باراۋەر تەقسىم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ياكوبىنچىلار سەۋدايىلارنى باستۇرغاندا، ئۇ ياكوبىنچىلاردىن نەپرەتلىنىپ، تومۇز ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قارشى ئالدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مۆلچەرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ خەلقنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ «مەتبۇئات ئەركىنلىكى گېزىتى»نى چىقىرىپ ماقالە يېزىپ، تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى سۆككەنلىكى ئۈچۈن، 1795 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ، يېرىم يىلدىن كۆپرەك مەھبۇسلۇق تۇرمۇشىنى

www.uyghurkitap.com

باشتىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىدىيەسى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي كېسەللىكنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋالغان ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلەن قولىدا ھېچنېمىسى يوق ياكى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغان كۆپ ساندىكى كىشىلەردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇنداق ئادالەتسىزلىكنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ ئىجتىمائىي كېسەلنى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، كوممۇنىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىش، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: پۈتۈن مەملىكەتتە چوڭ بىر كوممۇنا قۇرۇپ، ھەربىر فىرانسىيەلىك كوممۇناغا ئەزا بولۇش، ئەگەر بايلار ئۆز مال ـ مۈلكىدىن ۋاز كېچىپ كوممۇنا ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشنى خالىسا، ئۇلارنى كوممۇنا ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش، كوممۇنا ئىگىلىكىنى پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق باشقۇرۇش، ياشانغانلار ۋە ئاغرىق ـ سىلاقلاردىن باشقىلار بىردەك ئەمگەككە قاتنىشىش، جەمئىيەت ھەربىر كىشىنى تەڭ مىقداردىكى تۇرالغۇ ئۆي، كىيىم ـ كېچەك، ئىسسىنىش ئۇسكۇنىلىرى، يېمەكلىك ۋە داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، كۆپچىلىك باراۋەر تەربىيەلىنىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش، قىسقىسى، پۈتۈن كوممۇنادا باراۋەر ئىستېمال قىلىشنى قاتتىق يولغا قويىدى، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى ئاممىۋى ئىسكىلاتتا ساقلاپ، تەڭ تەقسىملەپ بېرىش، كوممۇنادا پۇل ئىشلىتىشنى، يەنى تاۋار ئىگىلىكىنى بىكار قىلىش. ئومۇمەن، بۇ لايىھەنىڭ ئالاھىدىلىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، تەڭ تەقسىماتچىلىق ئەكسىيەتچىل، زىيانلىق خام خىيال بولۇپ، ھەرقانداق دەۋرگە ماس كەلمەيدۇ.

ئۇ بۇ لايىھەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زوراۋانلىق بىلەن

ئىنقىلاب قوزغاپ، قوراللىق كۆرەشكە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ «فىرانسىيە ئىنقىلابى يەنە بىر قېتىملىق تېخىمۇ زور ئىنقىلابنىڭ شەپىسى» دېگەنگە ئىشىنەتتى. بابېئوت زوراۋانلىقى ئىنقىلابنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپلا قالماي، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن ئاۋام خەلققە «ئالاھىدە ھوقۇق» بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى، يەنى نامراتلار دىكتاتورىسى ئارقىلىق ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە كىرىشتى. 1795 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەخپىي تەشكىلات باراۋەرچىلەر ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەپ، پارىژدىكى ھەربىر رايونغا بىردىن خادىم ئەۋەتىپ، ئىشچىلار ئارىسىدا ئىنقىلاب تەشۋىقاتى ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. بابېئوت گېزىت، كىتابچە، تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللاندى. ئۇزاق ئۆتمەي، باراۋەرچىلەر ئۇيۇشمىسى پارىژنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھالقىپ باشقا ئۆلكىلەرگىمۇ كېڭەيدى. 1796 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، بابېئوت قوراللىق قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان جاسۇس گرىزېل ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلىپ چېقىپ قويدى. نازارەتچى ھۆكۈمەت 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بابېئوت قاتارلىق رەھبەرلەرنى قولغا ئالدى. 1797 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇلارنى سوتلىدى، بابېئوت سوت مەيدانىدا ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ئالىي سوت بابېئوت بىلەن ئۇنىڭ سەپدىشى دالتايغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن خەنجەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋالماقچى بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ ئىككىيلەن قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

بابېئوت باراۋەرچىلەر ھەرىكىتى گەرچە، مەغلۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغىلى

بولسىمۇ، ئەمما بابېئوتنىڭ ئىدىيەسى كوممۇنىزم تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ تۆھپىسى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، ئۇ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، يەنە ئېخى بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى بولغان زوراۋانلىق بىلەن ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى ئۇ نەزەرىيە بىلەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرەلىدى، شۇڭا ئۇ ئوتۇپىيەچە كوممۇنىزمچىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئىككىنچى، بابېئوت سىنىپىي كۈرەش چۈشەنچىسىنى تۇرغۇزۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن پۇقرالار، بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، بايلىقنى ئەمگەكچى خەلق يارىتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۈچىنچى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوتۇپىيەچىلەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ شۇ دەۋردىكى چوڭ سانائەتلىشىش ۋە ماشىنىلىشىشنىڭ ئىلغار تەرىپىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى، ئەمما ئۇ مەسىلە دەل سانائەت ۋە ماشىنىنىڭ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدا، دەپ قارىدى. ئۇ ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە «ئالىي مەمۇرىي ئورگانلار ماشىنا ۋە ئادەمنىڭ ئەمگىكىنى يېنىكلىتىدىغان باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق مىللىي كوممۇنانىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى لازىم.» تۆتىنچى، بابېئوت ئىنقىلابىي دىكتاتۇرا چۈشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، مۇبادا ئىنقىلاب غەلىبە قىلسا، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمگەكچى خەلقنىڭ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلدى.

## 3 . 2 ـ قېتىملىق فرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق، تۇمانلىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشى

1794 ـ يىلى تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا

چىققاندىن كېيىن، فىرانسىيە يەنىلا ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇردى. بۇ چاغدا ئۇرۇش فىرانسىيە چېگراسى سىرتىغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى يەنىلا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. چۈنكى، فىرانسىيەگە نىسبەتەن بۇ قېتىملىق ئۇرۇش مۇداپىئە خاراكتېرىدىن تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئۆزگەرگەنىدى. 1795 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پرۇسسىيە سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاپ، فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. 1796 ـ يىلى نازارەتچى ھۆكۈمەت ناپولېئوننى شىمالىي ئىتالىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 1796 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا ناپولېئوننىڭ قوشۇنى ئالپېس تېغىدىن ئۆتۈپ، ساردىنىيەگە يۈرۈش قىلدى. فىرانسىيە قوشۇنى ئوغۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، ساردىنىيە قوشۇنىنى ناھايىتى تېزلا تارمار قىلىپ، ئۇلارنى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقىشقا ھەم ساۋۇيە بىلەن نىسلاند رايونىنى فىرانسىيەگە بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئارقىدىن فىرانسىيە قوشۇنى شىمالىي ئىتالىيەدىكى ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، مىلاننى بېسىۋېلىپ، ماندوئار قەلئەسىنى تارتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىمالىي ئىتالىيە فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتتى. فىرانسىيە قوشۇنى ماندوئار قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاۋستىرىيە زېمىنىغا بېسىپ كىردى، 1797 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاۋستىرىيەنى يارىشىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، ئاۋستىرىيە فىرانسىيەنىڭ شىمالىي ئىتالىيەدىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 1793 ـ يىلى تەشكىللەنگەن 1 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق پارچىلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەقەت ئەنگلىيەلا فىرانسىيەگە قارشى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش ھالىتىدە تۇردى. 1798 ـ يىلى باھاردا، ناپولېئوننىڭ تەكلىپى بىلەن نازارەتچى ھۆكۈمەت ئۇنى مىسىر (شۇ چاغدا مىسىر

تۈركىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدە ئىدى)غا يۈرۈش قىلىشقا ئۈۋەتىپ، ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىغا تەھدىت سالماقچى بولدى. 1798 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ناپولېئوننىڭ قوشۇنى مىسىردا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، مىسىرنى ناھايىتى تېزلا بېسىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي فىرانسىيە قوشۇنى سۈرىيەگە يۈرۈش قىلدى، ئەمما سۈرىيەنى بويسۇندۇرۇش پىلانى مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ناپولېئون 1799ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەنە مىسىرغا قايتىپ كەتتى.

فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ياۋروپا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى غەلىبىسى ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى، رۇسىيە چار پادشاھى باشچىلىقىدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرى 1798 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى، بۇ ئىتتىپاققا رۇسىيەدىن باشقا يەنە، ئەنگلىيە ئاۋستىرىيە، ئىسپانىيە، ناپلېس ۋە تۈركىيە قاتناشتى. چار پادشاھ بۇ ئىتتىپاقتا يېتەكچىلىك رول ئويناپ، فىرانسىيە قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشتا ئاۋانگارت بولدى. 1799 ـ يىلى باھاردا، چار پادىشاھنىڭ قوشۇنى شىمالىي ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىپ، فىرانسىيە قوشۇنىنى شىمالىي ئىتالىيەدىن ناھايىتى تېزلا قوغلاپ چىقاردى.

شىمالىي فىرونتتا، 1799 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە قوشۇنى گوللاندىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، فىرانسىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى؛ شەرقىي فىرونتتا ئاۋستىرىيە قوشۇنى فىرانسىيە چېگراسىغا قىستاپ كەلدى.

فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشى نازارەتچى ھۆكۈمەتنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، نازارەتچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ھەربىي تەمىنات ئەشيالىرىغا ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە خىيانەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى زور تەسىرگە ئۇچرىدى.

2 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇلارنىڭ فىرانسىيە چېگراسىغا قىستاپ كېلىشى، فىرانسىيەدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قايتا تىرىلىش خەۋپىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، بۇ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ مەقسىتى ئاغدۇرۇلغان خانىدانلىقنى قايتىدىن تىكلەپ، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. چارپادىشاھ پاۋېل I نىڭ كورساكوفقا يازغان خېتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ خېتىدە: «ئىتتىپاق تۈزۈشتىن مەقسەت، فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى تاجاۋۇزچىلىقىغا خاتىمە بېرىپ، فىرانسىيە بوربون خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن» دەپ يازغانىدى.

فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ قوشۇنى فىرانسىيە چېگراسىغا قىستاپ كەلگەندە، فىرانسىيە دۆلەت ئىچىدە خەلق ھەرىكىتى بىلەن پادىشاھپەرەسلەرنىڭ توپىلىڭى توشمۇ تۇشتىن يۈز بەردى. 1795 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پادىشاھپەرەسلەر زەمبىرەك بىلەن قوراللىنىپ، مىللىي قۇرۇلتاي بىناسىنى ئىشغال قىلماقچى بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى باراس شۇ چاغدا بىكار يۈرگەن ناپولېئوننى توپىلاڭنى باستۇرۇشقا مەسئۇل قىلىپ تاللىدى. 2 ـ كۈنى پادىشاھپەرەسلەرنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلدى. 1797ـ يىلى باھاردا، قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى سايلانغاندا، ئەزالارنىڭ كۆپ قىسمىنى پادىشاھپەرەسلەر ئىگىلىدى. ئۇلار قانۇن چىقىرىش ھەيئىتىدە پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈشنى پىلانلىدى. بۇنىڭ بىلەن نازارەتچى ھۆكۈمەت ئىتالىيە جەڭ مەيدانىدىن بىر قىسىم قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى بىناسىنى ئىشغال قىلىپ، پادىشاھپەرەسلەرنى قولغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى، پادىشاھپەرەسلەر ئىچىدىن 160 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ،

قالغانلىرى يىراقلارغا سۈرگۈن قىلىندى. ئەمما كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى ئەزالىرى سايلىمىدا، 160 نەپەر ياكوبىنچى ئەزالىققا سايلاندى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا يەنە بىر تەھدىت كۈچ پەيدا بولدى. شۇڭا، نازارەتچى ھۆكۈمەت جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ۋە «ياكوبىنچىلارنىڭ سۇيىقەستى»دىن ساقلىنىش باھانىسى بىلەن يېڭىدىن سايلانغان 106 نەپەر ياكوبىنچىنى ئەزالىقتىن قوغلاپ چىقاردى. 1799 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئالدىنقى سەپتىكى فىرانسىيە قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەندە، دېموكراتىك ھەرىكەتلەر پارىژدا يەنە جانلاندى. باشقا ئۆلكىلەردە پادىشاھپەرەسلەر ھەممىلا جايدا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقتىن، ۋاندى ئۆلكىسىدە يەنە توپىلاڭ پارتلىدى.

1799 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىچكى ـ تاشقى خەۋپلەر فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلدى، ئۇلار بىر كۈچلۈك ھۆكۈمەت قۇرۇپ، خەتەرلىك جىددىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج بولدى. ئۇلار نازارەتچى ھۆكۈمەت چىرىك ۋە ھەربىي، سىياسىي جەھەتتە ئىقتىدارسىز بولغاچقا، فىرانسىيەنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا رەھبەرلىك قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ، دەپ قارىدى. شۇ چاغدا فىرانسىيەنىڭ ۋەزىيىتىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلار فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان 200 مالىيە زومىگىرى (بۇ مالىيە گورۇھلىرى تومۇز ئاي تەرەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ۋە نازارەتچى ھۆكۈمەت دەۋرىدە شەكىللەنگەنىدى). ئۇلار خەلق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن قورقاتتى، ئىنقىلابنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئىقتىسادىي ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئوخشاشلا گۇمران قىلىنغان فېئوداللىق كۈچلەرنىڭ قايتا تىرىلىپ، ئۆزلىرى بۇيۇك ئىنقىلاب

ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتى. ئەمما، ئۇلار نازارەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ خىل غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ مالىيە زومىگەرلىرى يەنە فىرانسىيەنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا غالىب كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇنداق بولغاندا چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ فىرانسىيەدە فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈشىگە ياردەملىشىشىدىن ساقلانغىلى ھەمدە فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلىگىلى، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ چەت ئەل بازارلىرىنى ئېچىش ۋە مۇستەملىكە زېمىنىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق بولاتتى. ئەمما، 1799 ـ يىلىدىكى فىرانسىيەنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى مەغلۇبىيىتى نازارەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پادىشاھپەرەسلەر ياكى ياكوبىنچىلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا پات ـ پات سايلىنىپ قېلىشى ئۇلارغا ئاشكارا، قانۇنلۇق پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

شۇڭا، مالىيە زومىگەرلىرى نازارەتچى ھۆكۈمەتنى تاشلىۋېتىپ، بىر ئىقتىدارلىق ھەربىي مۇستەبىتنى ھىمايە قىلىپ ناچار ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش قارارىغا كەلدى، بۇ ۋەزىيەت يارىتىلسا فىرانسىيە دۆلەت ئىچىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ھەمدە چەت ئەل دۆلەتلىرىگە فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسەتكىلى بولاتتى. ئۇلار بۇنىڭغا «ئىتالىيە جەڭ مەيدانىدىكى غالىب سەركەردە ۋە چوڭ قورۇقلۇقنى تىنچىتقۇچى» ناپولېئوننى (مىنىڭ سۆزى) ئەڭ ياخشى نامزات، دەپ قارىدى. چۈنكى شۇ چاغدا فىرانسىيەدە ناپولېئوندىن ئىقتىدارلىق ھەربىي رەھبەر، خەلق ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتا ئۇنىڭدىن ئۇستا نەيرەڭۋاز يوق

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ناپولېئوندا فېئوداللىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرمەكچى بولغانلارنى يوقىتىپ، فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنى مەغلۇپ قىلىپ، فىرانسىيە ئۈچۈن چەت ئەل بازارلىرىنى ئاچالايدىغان، فىرانسىيەنىڭ دۇنيادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلەيدىغان ئىقتىدار بارلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

ناپولېئون بوناپارت (1821 — 1769) ئوتتۇرا دېڭىزدىكى كورسكا ئارىلىدا تۇغۇلغان، ئاتا - بوۋىسى ئىتالىيەلىك ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، كورسكا ئارىلى فىرانسىيە ئىشغالىيىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن، فىرانسىيە پادىشاھى ئۇنىڭ دادىسىنى فىرانسىيە ئاقسۆڭىكى، دەپ ئېتىراپ قىلغان. 1779 - يىلى ناپولېئون دادىسىغا ئەگىشىپ پارىژغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك سالاھىيىتىگە تايىنىپ ھەربىي مەكتەپكە ھەقسىز ئوقۇشقا كىردى، كېيىن پارىژ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇدى. فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، 1793- يىلى 12 - ئايدىكى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن تۇرۇن پورتىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتناشتى. نازارەتچى ھۆكۈمەت مەزگىلىدە، بارراسنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. ناپولېئون كەم ئۇچرايدىغان تالانتلىق ھەربىي ئالىم ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ھوقۇققا بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە شەخسىيەتچىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئىتالىيە جەڭ مەيدانىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتى پەيدا بولدى. 1799 - يىلى ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى مالىيە زومىگەرلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئۆزىگە باغلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئۆزى يالغۇز مىسىردىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. پارىژغا كېلىپلا مالىيە زومىگەرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەم ئۇلارنىڭ مالىيە ياردىمىگە تايىنىپ (بانكىر كورو 500 مىڭ فرانك ياردەم

قىلغان)، 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش (تۇمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش) قوزغاپ، نازارەتچى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

بۇ قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى خەلقنىڭ رايى ۋە ھەربىي قوشۇننىڭ پوزىتسىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىرىنچىدىن، ئەمگەكچى خەلق تومۇز ئاي تەرەپدارلىرى ۋە نازارەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىنتايىن نارازى بولغاچقا، بىرەر كۈچنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا تۇمانلىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىگە ئانچە قارشى تۇرۇپ كەتمىدى. ئىككىنچىدىن، نازارەتچى ھۆكۈمەت ھەربىي تەمىنات ئەشيالىرىغا خىيانەت قىلىپ، ھەربىي قوشۇننىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغاچقا، بۇ قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى ھەربىي قوشۇنمۇ قوللىغانىدى.

سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ھاكىمىيەت ھوقۇقى ناپولېئون باشچىلىقىدىكى ئۈچ ھۆكۈمدارنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئەمەلىيەتتە ناپولېئون چوڭ ھوقۇقنى يالغۇز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. 1804 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ناپولېئون پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، ناپولېئون I دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە 1 ـ جۇمھۇرىيەتتى دەۋرى ئاخىرلىشىپ، فىرانسىيە 1 ـ ئىمپېرىيەسى (يەنە ناپولېئون ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ) دەۋرى باشلاندى.

## 2 ـ بۆلۈم ناپولېئوننىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىكى

ناپولېئون تەختكە چىقىپلا، ئۆزىنىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىك

ئورنىنى تىكلەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ ھەربىي مۇستەبىتلىكى ماھىيەتتە بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنىڭ بىر شەكلى ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت قارىماققا بارلىق سىنىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان، ھېچقايسى تەرەپكە ئېغىپ كەتمەيدىغان ھاكىمىيەتتەك، ناپولېئونمۇ ھەممە سىنىپقا ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ فىرانسىيەدىكى چوڭ سەرراپلار، سانائەتچىلەر، باي دېھقانلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

## 1. ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي ئۆتۈقلىرى

تۇمانلىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرى (ئۆزگە پايدىلىق نەتىجىلەر)نى ساقلاپ قېلىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان تىنچ ۋەزىيەت يارىتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. ناپولېئون تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاساسەن بۇرژۇئازىيەنىڭ مۇشۇ ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆردى. بۇنداق ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، ئۇ ئەكسىيەتچى توپىلاڭنى قەتئىيلىك بىلەن باستۇردى. تۇمانلىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشى ھارپىسىدا، ۋاندى ئۆلكىسىدە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پارتلىدى. توپىلاڭچىلار تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئاشكارا ھالدا «جۇمھۇرىيەت يوقالسۇن» دەپ شوئارنى توۋلىدى ھەمدە بوربون خاندانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ناپولېئون تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا زور قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇ توپىلاڭچىلارنى پارچىلاپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر قىسىم جاھىل توپىلاڭچىلارنى يېتىم قالدۇردى، قورال تاشلىغان توپىلاڭچىلارنى كەچۈرۈم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 1800 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە، ۋاندى ئۆلكىسىدىكى توپىلاڭ ئاساسەن تىنچىتىلدى.

ئەمما، ئەكسىلئىنقىلابچىلار يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. پەقەت 1804 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ساقچىلار پاش قىلغان ناپولېئوننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى 30 دىن ئېشىپ كەتتى. 1804 ـ يىلى پادىشاھپەرەسلەر كەڭ كۆلەملىك قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى. جىنىدىن تويغان 100 نەپەر پادىشاھپەرەس ئەنگلىيەدىن فىرانسىيەگە يوشۇرۇنچە كىرىپ، ناپولېئوننىڭ مالمېزون ئوردىسىغا بارىدىغان يولدا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى بىتچىت قىلىنىپ، سەككىز نەپەر سۇيىقەستچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

شۇ چاغدا فىرانسىيە چېگراسىغا جايلاشقان بوربون خان جەمەتىدىن بولغان گېرتسوگ ئىنگژاننىڭ ئۆيى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ قوماندانلىق ئورنى بولۇپ قالغانىدى، بۇ ئورۇن بايقالغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىنگژاننى قولغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىلدى، بۇ دۆلەت ئىچىدىكى پادىشاھپەرەسلەرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بولدى.

بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بۇرژۇئاز مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناپولېئون نۇرغۇن زېھنىنى سەرپ قىلىپ «ناپولېئون قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقتى. 1804 ـ يىلى ناپولېئون ھۆكۈمىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنى ئېلان قىلدى، بۇ قانۇن 1807 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىندى ھەمدە رەسمىي ھالدا «ناپولېئون قانۇنى» دەپ نام بېرىلدى. بۇ قانۇن فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى ۋە فىرانسىيە ئاقارتىش ئىدىيەسى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇندا 2281 ماددا بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى

مۇنداق: بىرىنچى، كاپىتالىستىك مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ دەخلى - تەرۇزسىزلىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، شەخسلەرنىڭ ئۆز مۈلكىگە بولغان ھوقۇقىنىڭ مۇتلەقلىقى ئورنىتىلدى. بۇ بەلگىلىمىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىدا مەلۇم رولى بار ئىدى. ئىككىنچى، فېئوداللىق تەبىقە ۋە ئىمتىياز تۈزۈمى جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئىنكار قىلىنىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۈچىنچى، بۇرژۇئا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، فېئودال كۈچلەرنىڭ قايتۇرما ھېساب ئېلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق بەلگىلەندى. تۆتىنچى، بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە شەكىللەنگەن كىچىك كۆلەمدىكى يەرلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە دېھقانلىرى ئۆزلىرىگە تەۋە يەرلەردىن يۈرەكلىك پايدىلىنالايدىغان بولدى. شۇڭا، كېيىن فىرانسىيە دېھقانلىرى ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. بەشىنچى، قانۇن ئەركىن سودا - سېتىق ۋە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا كاپالەتلىك قىلدى. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، قانۇن ئەمگەك كۈچىنى تاۋار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئەركىن سودىلىشىشقا يول قويىدى، بۇنىڭ بىلەن كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. ياللىغۇچىنىڭ ياللانغۇچىغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيەسىنى قوغداش ئۈچۈن، قانۇندا ياللانغۇچىنىڭ ياللىغۇچىغا بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى بەلگىلەندى.

«ناپولېئون قانۇنى» گەرچە بىرقانچە قېتىم تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما فىرانسىيەدە تاكى بۈگۈنگىچە ئىشلىتىلمەكتە ھەممە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر يېڭى قانۇن چىقىرىشتا

پايدىلىنىدىغان ئاساس بولۇپ قالدى.

ناپولېئون بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، كۆرگەزمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ھۆكۈمەت مال زاكاز قىلىش، كەشپىياتچىلارنى مۇكاپاتلاش، كارخانىلارنى زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلار. ناپولېئون تەسىس قىلغان كەشپىيات مۇكاپاتىنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى زور بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى كەشپىياتلار بارلىققا كەلدى. 1807 ـ يىلى بىرەيلەن كىچىك تىپتىكى پار ماشىنىسىنى، 1810 ـ يىلى يەنە بىرەيلەن چىگە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى. ناپولېئون يەنە ھۈنەر ـ سەنئەت مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇردى. ئۇ يەنە ھۆكۈمەت نامىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشنى كېڭەيتتى. ئۇ قانال قېزىش بىلەن تاشيول ياساشنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى كېڭەيتىشكە ياردىمى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، پەرمان چۈشۈرۈپ بىرقانچە قانال قازدۇردى ۋە تاشيول ياساتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ تاشيول ياساتقۇزۇشتا ھەربىي ترانسپورتقا پايدىلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتقانىدى. بۇلاردىن باشقا، ئۇ تاموژنا بېجى سىياسىتىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى تىزگىنلىدى. 1801 ـ يىلى ئۇ «مىللىي سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەمئىيىتى»قۇرۇپ، سانائەت ساھەسىگە نازارەت قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتتى. 1800 ـ يىلى ئاساسلىق ۋەزىپىسى سودا ـ سانائەت ساھەسىنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە قەغەز پۇل تارقىتىدىغان فىرانسىيە بانكىسىنى قۇردى.

بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى خېلى كۆرۈنەرلىك بولدى: ناپولېئون دەۋرىدە فىرانسىيە سانائەت كاپىتالىزمى خېلى چوڭ تەرەققىياتقا

ئېرىشتى. ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ دەۋردىكى فىرانسىيەنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائەت مەھسۇلاتى ئۈچ ھەسسە، چويۇن مەھسۇلات مىقدارى بىر ھەسسە ئاشتى، 1813 ـ يىلىغا كەلگەندە پاختا يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرىدا 1 مىليون ئورچۇق ئايلىنىدىغان، 10 مىليون كىلوگىرام يىپ ئېگىرىلىدىغان بولدى. ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېڭى سانائەت تارمىقى ھېسابلىنىدىغان شېكەرچىلىك سانائىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1811 ـ يىلى لىئون ۋە ئابىدىكى زاۋۇتلار تۇنجى بولۇپ قىزىلچىدىن شېكەرنى ئايرىپ چىقتى. 1813 ـ يىلى 334 زاۋۇت 1 مىليون 160 مىڭ كىلوگىرام شېكەر ئىشلەپچىقىرىپ، سودا سوممىسىنى 1799 ـ يىلىدىكى 553 مىليون فىرانكتىن 1810 ـ يىلىدىكى 705 مىليون فىرانكقا يەتكۈزدى.

ناپولېئون ھۆكۈمىتىنىڭ قوغدىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن، فىرانسىيە سانائىتىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1790 ـ يىلى پۈتۈن فىرانسىيەدە ئاران 900 دانە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى بولغان بولسا، ئەمما 1805 ـ يىلىغا كەلگەندە 12 مىڭ 500 دانىگە يەتتى.

سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ناپولېئون ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەربىي كۈچىنى مۇستەھكەملەپ، فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا زەربە بېرىش كۈرىشىنى كۈچلۈك ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

ئومۇمەن، ناپولېئون فىرانسىيە كاپىتالىزمىغا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. شۇڭا 1815 ـ يىلى ناپولېئون ئىمپېرىيەسى گۇمران بولۇپ، فېئودال خاندانلىق تىرىلگەن مەزگىلدە، فىرانسىيە كاپىتالىزمى ئوخشاشلا تەرەققىي قىلدى. مانا بۇ ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم سىياسىي ئۆتۈقى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككى ياقلىملىقى

ناپولېئون ھاكىمىيىتى ماھىيەت جەھەتتىن بۇرژۇئا ھاكىمىيىتى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم ۋە فېئودال كۈچلەر بىلەن مۇرەسسە قىلغان تەرىپىمۇ بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ناپولېئوننىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانى ئىنقىلابنىڭ يېڭى تەرتىپى بىلەن ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى كونا تەرتىپنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈش جەريانىدىن ئىبارەت بولدى.

بىرىنچىدىن، ناپولېئون پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1804 ـ يىلى ئۇ خەلقئالەمنىڭ قارشى تۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئاندىن كونا زاماندىكى ئوردا تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇلازىم، ئوردا ئەمەلدارى، مۇراسىم ئەمەلدارى، كېنىزەك ۋە باشقا ئوردا خادىملىرىنى ئىشلەتتى. يەنە ئىمپېراتور، گېرتسوگ، ئىمپېرىيە مارشالى قاتارلىق ناملارنى يېڭىدىن تەسىس قىلدى. 1810 ـ يىلى ئۇ ئاۋسترىيە ئىمپېراتورىنىڭ قىزى (مەلىكىسى) بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئوردا پۈتۈنلەي كونا فېئوداللىق دەۋرىدىكى تۈزۈلمە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1811 ـ يىلى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش، سالامغا كىرىش قاتارلىق چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە بوربون خانىدانلىقى دەۋرىدىكى كونا قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆرنەك قىلىپ، 800 بەتتىن ئارتۇق كېلىدىغان ئوردا قائىدە ـ يوسۇنلىرى توپلىمىنى تۈزۈپ چىقتى. ناپولېئوننىڭ ئوردا خىراجىتى بولۇپلا قالماي، يەنە خان جەمەتى يەر مۈلكى، شەخسىي سانائەت كارخانىلىرى، يەنە تېخى بېقىندى دۆلەتلەردىكى ئۆزىگە قالدۇرغان يەرلەرنىڭ كىرىمىنى يىغىشقا مەخسۇس خادىم بەلگىلىگەنىدى (شۇ چاغلاردا بۇ يەرلەردىن تەخمىنەن 2 مىليارد فىرانك كىرىم قىلاتتى).

ناپولېئوننىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاسانلا ئەسلىگە كەلتۈرەلىشىدە شۇ چاغدىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىدى، يەنى ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرلىقىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرى فىرانسىيە پۇقرالىرىنىڭ ئىدىيەسىدە تەسىر پەيدا قىلغانىدى؛ ئەكسىلئىنقىلابىي تېررورلۇق ۋە يېڭى ئۇرۇشنىڭ تەھدىتى ئەنسىزلىك كەيپىياتى پەيدا قىلدى؛ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ ئادەت كۈچى مەلۇم رول ئوينىدى.

ئىككىنچىدىن. ناپالېئون، تەبىقە تۈزۈمى بىلەن ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1802 ـ يىلى ناپولېئون ئاتالمىش «شەرەپلىك قوشۇن»نى قۇرۇپ چىقتى. قارىماققا بۇ قوشۇندىكىلەر ئوخشاش بولمىغان تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ھەمدە تۆھپىسىگە ئاساسەن ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن تەبىقە تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. چۈنكى «شەرەپلىك قوشۇن»دىكى ھەربىر ئەترەتكە «دۆلەت سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن يەر» بولۇپ، ھەر يىللىق يەر ئىجارىسى تەبىقە بويىچە قوشۇن ئەزالىرىغا تەقسىملەپ بېرىلەتتى. 1804 ـ يىلىدىن كېيىن، شەرەپلىك قوشۇندىكىلەر ئۇنۋانى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قالىدىغان ئىمپېرىيە ئاقسۆڭەكلىرىگە ئايلىنىپ، رەسمىي ئۇنۋانى بېرىلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ناپولېئوننىڭ قول ئاستىدىكى مارشال، قوماندانلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مۈلكىي ئەمەلدارلارغا مەرتىۋە بېرىلىدىغان بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا گېرتسوگ ۋە شاھزادە ھەرقايسى ۋەزىرلىكلەردە ۋەزىر، سېنات ئەزالىرى، باش ئېپىسكوپلارغا گىراف، ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ شەھەر باشلىقلىرىغا بارون مەرتىۋىسى بېرىلدى. تۇمانلىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىدە تۆھپە كۆرسەتكەن تۇرغۇن كىشىلەرگە شەرەپ ئوردېنى بېرىلىپ، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ھەتتا 1789 ـ يىلى فېئودالىزمغا قارشى مەشھۇر ئەسەر «3 ـ

تەبىقە دېگەن نېمە؟» ناملىق كىتابچىنىڭ ئاپتورى خىيېسقىمو 1808 ـ يىلى گىراف مەرتىۋىسى بېرىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئاقسۆڭەكلەر چوڭ ئوغۇل مىراسخور بولۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. مەسىلەن، مارسېل شەھىرىنىڭ باشلىقى ئانتوئىن ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ئىچىدىن مارسېل شەھىرىنىڭ ساينىت يوسېف رايونىدىكى بىر پارچە يەر، بىر ئولتۇراق ئۆي، ئىككى تۈگمەن ۋە بىر پارچە ئوتلاقنى مىراس مۈلكى قىلىپ ئايرىدى. بۇلاردىن باشقا، چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن ئاقسۆڭەكلەرمۇ تۈركۈملەپ ۋەتەنگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىندى ھەمدە ناپولېئوننىڭ ماقۇللۇقى بىلەن مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. 1801 ـ يىلى ناپولېئون پەرمان چۈشۈرۈپ رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگەن سەرگەردان ئاقسۆڭەك، روھانىيلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى پېچەتلەش بۇيرۇقىنى بىكار قىلدى. نەزەربەند قىلىنغان بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ئوغلى 1802 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ چامبورراتتىكى يەر ـ زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى. رونا دەرياسى ئېغىزى ۋىلايىتىدىكى قايتۇرۇپ بېرىلگەن كۆچمەس مۈلۈكلەرنىڭ قىممىتى بىرقانچە مىليون فرانكقا يەتتى. ئەلۋەتتە، كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىۋەرمىدى، بەزى ئاقسۆڭەكلەر مال ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنىلا قايتۇرۇپ ئالالىدى، بەزىلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. يەر ـ زېمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىشتە، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىش ئۇسۇلىدىن باشقا، يەنە سېتىلىدىغان يەر ـ زېمىنلارغا ئائىت ئىشلار يوشۇرۇن بىر تەرەپ قىلىندى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئىمپېرىيە دەۋرىدە كونا ئاقسۆڭەكلەر مۇسادىرە قىلىش، توڭلىتىپ قويۇش، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش سەۋەبىدىن ئايرىلىپ قالغان مال ـ مۈلكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئۇچىنچىدىن، كونا ئاقسۆڭەكلەر ۋە كونا ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ناپولېئون ھاكىمىيىتىدە خىزمەتكە قويۇلغانلار كۆپ

بولدى. ناپولېئون كونا ئاقسۆڭەكلەر ۋە كونا ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئىمپېرىيە دەۋرىدە تەيىنلەنگەن ئۆلكە باشلىقلىرى ئىچىدە 171 نەپىرى بۇرژۇئاز، 110 نەپىرى كونا ئاقسۆڭەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا ئاقسۆڭەكلەردىن كېلىپ چىققان ئۆلكە باشلىقلىرىنىڭ سانى نىسبىتى ئىمپېرىيە زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆسۈپ باردى. ناپولېئون بۇ كونا دەۋر ئەمەلدارلىرىغا بەك ئىشىنەتتى، ئۇلارنى ئاسان ئىتائەت قىلدۇرغىلى ۋە گەپكە كىرگۈزگىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. بىر قېتىم ئۇ: «پەقەت مۇشۇ كىشىلەرلا ئادەمنى كۈتۈشنى بىلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىقتىدارسىز ھەم تەجرىبىسىز بولسىمۇ، ئەمما ناپولېئوننىڭ كۆڭلىگە ياققاچقا، بۇ كىشىلەرنىڭ قولى ھەممە يەرگە يېتىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

تۆتىنچىدىن، ناپولېئون ئىمپېرىيە زېمىنىنى بۆلۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ياۋروپادىكى بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇ بىر قاتار يېقىندىكى دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ دۆلەتلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىدى. 1806- يىلى ئىنىسى يوسېفنى ناپلېس پادىشاھلىقىغا (1808 - يىلى يوسېف ئىسپانىيە پادىشاھى بولدى)، 1808- يىلى سىڭلىسىنىڭ ئېرى مارشال مىيورانى ناپلېس پادىشاھلىقىغا، 1805 - يىلى ئىنىسى لوئىنى گوللاندىيە پادىشاھلىقىغا، 1807 - يىلى كەنجى ئىنىسى گىللومنى ۋېستفالىيە پادىشاھلىقىغا تەيىنلىدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناپولېئون ھەم بۇيۇك ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ھەم فېئوداللىق تۈزۈمنى تىرىلدۈردى، ئۇنىڭ بۇرژۇئاز ھاكىمىيىتىگە فېئودالىزمنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. مانا بۇ ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى ھېسابلىنىدۇ. فېئوداللىق

تۈزۈمنى تىرىلدۈرگەن تەرىپى، ئەمەلىيەتتە پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈشكە ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت.

## 3. ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ خەلققە قارشى خاراكتېرى

ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىككى ياقلىمىلىقى بولۇپلا قالماي، يەنە خەلققە قارشى كۈچلۈك خاراكتېرگىمۇ ئىگە: ئۇ فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ دېموكراتىيە مېۋىلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنى دەپسەندە قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ھەربىي ـ ساقچىلارنىڭ يۇقىرى بېسىملىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە قارشى خاراكتېرى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ناپولېئون خەلقنى باستۇرىدىغان بيۇروكرات ھەربىي، ساقچى ئاپپاراتىنى كۈچەيتتى.

فىرانسىيەنىڭ ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھەربىي بيۇروكرات ئاپپاراتى پادىشاھلىق دەۋرىدىلا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ناپولېئون دەۋرىگە كەلگەندىلا تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ھەربىي بيۇروكرات ئاپپاراتقا ئايلاندى.

1800 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى فىرانسىيەنىڭ يېڭى مەمۇرىيەت تۈزۈمى قانۇن ئارقىلىق بېكىتىلىپ، بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە قۇرۇلغان ئاپتونومىيە تۈزۈمى بىكار قىلىندى. پۈتۈن فىرانسىيە 18 ئۆلكىگە ئايرىلىپ، ئۆلكە باشلىقى بارلىق مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلىدى. ئۆلكە باشلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلكە كېڭەش پالاتا ئەمەلدارى بىلەن مىللىي كېڭەش ئەزاسىنىمۇ ناپولېئون ئۆزى تەيىنلىدى. ئۆلكە قارىمىقىدا ناھىيە، ناھىيە قارىمىقىدا بازار تەسىس قىلىنىپ، ناھىيەگە ھاكىم، بازارغا بازار باشلىقى تەيىنلەندى. ھاكىم ۋە نوپۇسى 5000 دىن ئاشىدىغان بازارلارنىڭ بازار باشلىقىنى مەركەز تەيىنلىدى،

نوپۇسى 5000 كىشىگە يەتمەيدىغان بازارلارنىڭ بازار باشلىقىنى ئۆلكە باشلىقى تەيىنلىدى، ئەمما بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان بولدى. قىسقىسى، بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار قويۇلدى.

خەلقنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناپولېئون تەشكىلىي تۈزۈلمىسى پۇختا ساقچى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ساقچىلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقالغان بولۇپ، ھەممىلا جايدا خەلقنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلاتتى. پارىژدا ساقچى باش ئىشتابى بولۇپ، ياكوبىنچىلار دىكتاتۇرىسى دەۋرىدىكى ئاكتىپ ئىشتىراكچى بوشىر باش ئىشتابىنىڭ كاتىپبېشى ئىدى.

ناپولېئون ساقچى ئىدارىسىنى يەرلىك مەمۇرىي ئورگاندىن ئايرىپ چىقىپ، مەركىزىي ئورگاننىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە ژاندارما ئەترىتى تەشكىللىدى. ساقچىلار بىلەن ژاندارمىلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. بوشىر رازۋېدچىكلار بىلەن چېقىمچىلارنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتتى، ئۇلار خەلقنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئاخباراتلارنى مەركەزگە يوللاپ تۇراتتى. يەنە مەخسۇس پۇقرالارنىڭ پوچتا خەت ـ چەكلىرىنى قاتتىق تەكشۈرىدىغان ئورگان تەسىس قىلىنغانىدى. خەلققە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناپولېئون ھەتتا «شەخسلەرنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە ئىپادىسىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى» نى تۈزۈپ چىقماقچىمۇ بولدى. ساقچىلار، ژاندارمىلارنىڭ خالىغانچە ئادەم تۇتۇش ھوقۇقى بولۇپ، سىياسىي جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپلا قالماي، شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلدى. بەزى ھوقۇقدارلار ۋە تەسىرى بارلار ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ، گۇناھسىزلارنىمۇ تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلايتتى. ھەرقايسى جايلاردا

تۈرمە قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە شەكلى ئۆزگەرگەن تۈرمە — ساراڭلار دوختۇرخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، سىياسىي جىنايەتچىلەرنى بۇ تۈرمىگە قاماپ قىيىن - قىستاققا ئالاتتى. دېسوگاس ئىسىملىك بىر شائىر 1804 - يىلى بىر پارچە قىسقا شېئىر يېزىپ ناپولېئوننى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا قامالدى. فول ئىسىملىك بىر دوختۇر 1804 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ئەركىنلىك بولمىسا ئۆلگەن تۈزۈك» دەپ شوئار توۋلىغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلاندى. ساقچى كاتىپىشى بوشىت هوقۇقى ۋە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ پاسپورت بېجىرىش ۋە قورال ئېلىپ يۈرۈش ئىجازەتنامىسى تەستىقلاش، ئىسيانكارلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن پۇلغا خىيانەت قىلىپ بېيىپ كەتتى. ئادەتتىكى ساقچى ژاندارمىلارمۇ ئالدامچىلىق، قاقتى - سوقتى قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانماي، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ناپولېئون بوشېرغا ئىشەنمىگەنلىكتىن ئايرىم بىر ساقچى ئەترىتى قۇرۇپ، ئۇنىڭ هەرىكىتىنى مەخسۇس نازارەت قىلدى.

ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ساقچى، ژاندارمىلارنىڭ يولسىزلىقلىرى ئەۋجىگە چىقتى. خالىغانچە ئادەم تۇتقانلىقتىن تۈرمىلەر توشۇپ كەتتى. 1810 - يىلى دۆلەتلىك تۈرمىدىن سەككىزى قۇرۇلۇپ (بۈيۈك ئىنقىلابتىن بۇرۇن فىرانسىيەدە باستىيل تۈرمىسىدىن ئىبارەت بىرلا دۆلەتلىك تۈرمە بار ئىدى)، 1814 - يىلىغا كەلگەندە 2500 نەپەر سىياسىي جىنايەتچى بۇ تۈرمىلەرگە قامالدى. جازالاش ئۇسۇللىرىمۇ بارغانسېرى ۋەھشىيلىشىپ، بۈيۈك ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى يۈزىگە تامغا بېسىش، بويىنغا تاقاق سېلىش، قولىنى كېسىش قاتارلىق چېكىدىن ئاشقان جازالاش ئۇسۇللىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

بىر قېتىم، ناپولېئون ئۆزىنىڭ يېقىن ۋەزىرى شاپوتارغا:

«مەن دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا ئۆزۈمدە پەيدا بولغان قورقۇنچقا تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن» دېگەن. بۇ سۆز ناپولېئون ھەربىي مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، فرانسىيە ئارمىيەسى بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى دېموكراتىك ئارمىيەدىن دائىمىي ياللانما ئارمىيەگە ئايلاندى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى ناپولېئون ئۆزى تەيىنلىدى. ئۇ يەنە ئىمپېراتور گۋاردىيە قوشۇنىنى تەشكىللىدى.

بيۇروكرات ئەمەلدارلار، ساقچىلار ۋە ئارمىيە (ناپولېئون مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۈچ ئاساسىي پىشاڭى)دىن باشقا، دىنىي جەمئىيەتمۇ ناپولېئوننىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش قورالىغا ئايلانغانىدى.

1801 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ناپولېئون رىم پاپاسى پىئۇس VII بىلەن دىن ئىشلىرى شەرتنامىسى كونكوردات (con cordat)نى ئىمزالاپ، كاتولىك دىنىنىڭ فرانسىيەدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، پوپ، ئېپىسكوپ ۋە باش ئېپىسكوپنى فرانسىيە ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدىغان، رىم پاپاسى تەستىقلايدىغان، بارلىق مىسسىيونېرلارنىڭ ئىش ھەققىنى فرانسىيە ھۆكۈمىتى بېرىدىغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، رىم پاپاسى بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە دىنىي جەمئىيەتنىڭ سېتىۋېتىلگەن يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ مۈلكىنى قانۇنغا ئۇيغۇن دەپ ھېسابلاپ، يېڭى مال ـ مۈلۈك، يەر ئىگىلىرىنى ئاۋارە قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، نوپۇس تىزىملاش ئىشلىرىنى يەنىلا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردى. ناپولېئوننىڭ كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا (ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ئاساسىي جەھەتتىن كاتولىك دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى



www.uyghurkitap.com

سەۋەبىدىن قوزغالغاچقا، كاتولىك دىنى بىلەن سولھى قىلسا، توپىلاڭنىڭ مەنبەسىنى ئاجىزلاتقىلى بولاتتى) بولماستىن، بەلكى كاتولىك دىنىنى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەشنىڭ مەنىۋى قورالى قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ناپولېئون مۇنداق دېگەن: «مەن ھاكىمىيەتنى قولۇمغا ئالسام، دىنىي ئېتىقادنى قايتىدىن يولغا قويۇپ، ئۇنى ئۆزۈم ياساتقان ئىمارەتنىڭ ئۇلىغا ئايلاندۇرىمەن، مەن ئۇنى ھەرخىل پىرىنسىپلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ تۈۋرۈكى دەپ قارايمەن.» ناپولېئون ئۆزى تەھرىرلەشكە قاتناشقان «دىنىي ئەھكاملار ھەققىدە سوئال - جاۋابلار» ناملىق كىتاب مۇرىتلارغا دىنىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇق بولۇپ، بۇ كىتابقا پادىشاھقا سادىق بولۇش ۋە بويسۇنۇش ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، بۇ كىتابتا: «پادىشاھقا ھۆرمەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش — تەڭرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش دېمەكتۇر»، «كىمكى پادىشاھ ناپولېئونغا قارشى چىقسا، شۇ كىشى تەڭرى بېكىتكەن تۈزۈمگە قارشى چىققان بولىدۇ ھەمدە ئەبەدىي ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ» دېگەن ئىبارىلەر بار ئىدى. ئېنىقكى، ناپولېئون بۇلار ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلاھىيلاشتۇرماقچى بولغان.

ناپولېئوننىڭ كاتولىك دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى يەنە بىر مەقسىتى، دىندىن پايدىلىنىپ بۇرژۇئازىيەنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ 1800 - يىلى باشقىلارغا مۇنداق دېگەن: «مال - مۈلۈك باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشسا، جەمئىيەت مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، دىن بولمىسا، مال - مۈلۈكنىڭ باراۋەرسىزلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان، ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىرسى توقلۇقتىن كېكىرىپ كەتكەن بولسا، ئاچ قالغان كىشى بۇ پەرققە چوقۇم چىدىمايدۇ، پەقەت بىرەر نوپۇزلۇق كىشى ئۇنىڭغا، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى مۇشۇنداق،

پانىي ئالەمدە چوقۇم باي ۋە نامرات بولىدۇ، ئەمما باقىي ئالەمدە باي ـ نامراتلىق پەرقى بولمايدۇ دېسىلا، ئاچ قالغان ئادەم ئاندىن قوبۇل قىلالايدۇ.»

دەرۋەقە، ھوقۇق يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن كۈچلۈك بيۇروكرات ساقچى ئاپپاراتىنىڭ قورۇلۇشى سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قىلىش، فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنى مەغلۇپ قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئەمما، بۇنىڭ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز تەرىپىمۇ بار ئىدى، چۈنكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى بارلىق يۇتلىكاشاڭ ۋە بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلاتتى، ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھەربىي بيۇروكرات ئاپپارات دەل مۇشۇنداق چۈشەپ قويۇش، چەكلەش رولىنى ئوينىدى. ئۇ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى چەكلەپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشىنى بوغۇپ، سۇبيېكتىپ ھەرىكەتچانلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى چۈشەپ قويدى. پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چەكسىز بولۇپ، پۈتۈن دۆلەت ئاپپاراتى پۈتۈنلەي بىرلا كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇناتتى. دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ مۇقىملىقى، مۇۋاپىقلىق دەرىجىسى پادىشاھتىن ئىبارەت بىرلا كىشىنىڭ كەيپىياتىغا باغلىق بولۇپ قالغانىدى. قارىماققا، بۇ بيۇروكرات ھەربىي ئاپپارات قۇدرەتلىك، ئۇنۇمى يۇقىرى، پادىشاھنىڭ بىرلا پەرمانى بىلەن ھەممە كىشى ئاۋاز قوشىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ تۈزۈم كىشىلەرنى بۇرۇقتۇم قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ قويغاچقا ھەم خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، ھەم مەدەنىي ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ناپولېئوننىڭ دۆلەت ئاپپاراتى ۋە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۈچەيتىشى بىلەن سانائەت

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى قوغداش ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. مۇبادا بۇ مەزگىلدە فرانسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىيەسى ۋە يەرلىك ئاپتونومىيەسىنى يولغا قويغان بولسا، فرانسىيە كاپىتالىزمى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولاتتى.

ئىككىنچى، ناپولېئون بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئورنىتىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىيەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇ ئىنقىلابىي پرىنسىپلارغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلاتتى، ئۇ باش سوتچى گىراف موربىلغا: «1789 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب تەلىماتى ھەرقايسى دەۋردىكى ئىسيانكارلار، قارا نىيەتلەر ۋە مۇتەپەككۇرلار پايدىلىنىدىغان مەڭگۈلۈك تەھدىت قورالى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن. ئۇ ئالدى بىلەن پارلامېنت تۈزۈمىنى بىكار قىلدى، قارىماققا پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ گەۋدىسىنى ساقلاپ قالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ 8 ـ يىلى (1800 ـ يىلى)دىكى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش 1 ـ ھۆكۈمدارغا تەۋە بولاتتى، يەنى 1 ـ ھۆكۈمدار دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئارقىلىق بارلىق قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. پۇقرالارنى قوغداش پالاتاسىنىڭ قانۇننى مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇقىلا بولۇپ، ماقۇللاش ھوقۇقى بولمايتتى، قانۇن چىقىرىش پالاتاسىنىڭ ماقۇللاش ھوقۇقىلا بولۇپ، مۇھاكىمە قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. سېناتنىڭ قانۇنلارنىڭ ئاساسىي قانۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى بولۇپ، ئەگەر ئاساسىي قانۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى دەپ قارىسا، بۇ قانۇننى بىكار قىلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى تارقاق ـ چۇۋالچاق بولۇپ كەتكەچكە، ناپولېئون قانۇن

چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۆزى خالىغانچە كونترول قىلىدىغان بولدى. 1807 - يىلى پۇقرالارنى قوغداش پالاتاسى تارقىتىۋېتىلدى، قانۇن چىقىرىش پالاتاسىمۇ ئاساسەن ئىشتىن توختىدى. سېنات گەرچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پۈتۈنلەي ناپولېئوننىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى تامامەن ناپولېئوننىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئۈچىنچى، ناپولېئون خەلقنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە قولغا كەلتۈرگەن ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ 8 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا، 21 ياشقا توشقان بارلىق فرانسىيەلىكلەر (چاكار - مالايلاردىن باشقا)نىڭ ھەممىسىنىڭ سايلام ھوقۇقى بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەركىزىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدىكى ھەرقايسى پالاتانىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىشىغا بولمايدۇ، پەقەت نامزاتلىققا كۆرسىتىشكىلا بولىدۇ، يەنى پەقەت «داڭلىق شەخس» بولۇشقىلا بولىدۇ. سېنات مۇشۇ «داڭلىق شەخس»لەر ئىچىدىن دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ۋە پۇقرالارنى قوغداش پالاتاسىنى ۋە قانۇن چىقىرىش پالاتاسىنى سايلاپ چىقىدۇ. سېنات ئەزالىرى ناپولېئون تەيىنلىگەن ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش خەلقنىڭ ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى ناپولېئوننىڭ مۇستەبىتلىكىنى ياپىدىغان ئەۋرەت لاتىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

تۆتىنچى، ناپولېئون يەنە خەلقنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. مەتبۇئات ئەركىنلىكى نازارەتچى ھۆكۈمەت دەۋرىدىلا يوقىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، ناپولېئون دەۋرىدە پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىلدى. 1800 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17- كۈنى 73 گېزىتخانىنىڭ 30 ى تاقالدى، قالغان قەرەللىك گېزىت -

ژۇرنال، كىتاب، كىتابچە قاتارلىق مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى ساقچىلارغا مەسئۇل ۋەزىر بىلەن ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆلكە باشلىقلىرى كونترول قىلدى. پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي چەكلەندى. ناپولېئون زىيالىيلاردىن قاتتىق مۇداپىئەلەندى، ئۇلارنىڭ ئەسەر ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدە ئازراقلا ئەركىنلىك تۈسىنى ئالغان مەزمۇنلار بولسا، بۇ زىيالىيلارنى دەرھال كۆزدىن يوقاتتى. ناپولېئون «مەتبۇئات بۇيۇملىرى ھۆكۈمەتكە ئەمەس، جامائەت پىكرىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ» دەپ قاراپ، مەتبۇئات بۇيۇملىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. 1807 ـ يىلى شاتوبۇرىئان ئىسىملىك بىر كىشى يازغان چەكلەنگەن مەزمۇنغا چېتىلىدىغان بىر پارچە ماقالىنى باسقان «خەۋەرچىلەر گېزىتى» تاقىۋېتىلدى. 1808 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ناپولېئون ھەربىر ئۆلكىدە پەقەت بىرلا گېزىت بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈرگەندىن كېيىن، 100 دىن ئارتۇق گېزىت چىقىرىلىشتىن توختىدى.

ئىشچىلارمۇ رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش ۋە ئىش تاشلاش ھوقۇقى تارتىۋېلىندى. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان ۋە ئىش تاشلىغانلارغا بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە قاماق جازاسى (تەشكىللىگۈچىلەرگە ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە) بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1803 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىشچىلارنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بۇ گۇۋاھنامىگە ئىشچىلارغا بولغان باھا سۆزى يېزىلدى. گۇۋاھنامىسى يوقلارنىڭ ھەممىسى سەرگەردانلار دەپ قارالدى. قانۇندا سەرگەردانلار بىلەن قەلەندەرلەر تۈرمە تۈسىنى ئالغان ھۈنەر ئۆگىنىش ئورنىغا قامىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

www.uyghurkitap.com

# 3 ـ بۆلۈم ناپولېئوننىڭ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشى

## 1. ناپولېئون قوشۇنىنىڭ ياۋروپادا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشى

ناپولېئون ھاكىمىيىتى سىرتقا قارىتا باشتىن ـ ئاخىر ئۇرۇش قىلدى. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ناپولېئوننىڭ سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشنى ياۋروپادىكى فېئودال پادىشاھلارنىڭ فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا ئارىلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ناپولېئون تەختكە چىقىشى بىلەنلا 2 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق قوراللىق ئارىلىشىپ، فىرانسىيەدە يەنە بىر قېتىم فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تىرىلىش خەۋپىنى پەيدا قىلدى. شۇڭا، ناپولېئوننىڭ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشى ئەڭ دەسلەپتە فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىنى قوغداش، فېئودالىزمنىڭ تىرىلىشىگە قارشى تۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغانىدى. ئەمما شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ناپولېئوننىڭ ھەربىي ھەرىكىتى فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك، تالان ـ تاراج قىلىش ۋە فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلەش تەلىپىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ناپولېئون ئۇرۇشى باشلىنىشى بىلەنلا ئىنتايىن مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قالدى.

ناپولېئوننىڭ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشى ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ــ 1800 ـ يىلى باھاردا باشلاندى.

ناپولېئون ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئالپېس تېغىدىن ئۆتۈپ ئىتالىيەگە كىردى. 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مارېنگو ئەتراپىدا ئاۋسترىيە قوشۇنى بىلەن بىر كۈن قانلىق جەڭ قىلدى، ناپولېئون قوشۇنى ئەسكەر سانى ئۆزىدىن كۆپ دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار قىلدى. نەتىجىدە ئاۋسترىيە قوشۇنى ئالدىراپ ـ تېنەپ شىمالىي ئىتالىيەدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. فىرانسىيە قوشۇنى قوغلاپ زەربە بېرىپ ئاۋسترىيە چېگراسى ئىچىگىچە باستۇرۇپ كىردى. 1801 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاۋسترىيە نائىلاج فىرانسىيە قوشۇنى بىلەن «لونېۋىللې سۈلھى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقتى. ئاۋسترىيەدىن ئىبارەت ئاساسلىق ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەنگلىيەمۇ فىرانسىيە بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر بولۇپ، 1802 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيە بىلەن «ئامىيېنس سۈلھى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

ئەمما، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق ۋاقىتلىقلا بولدى، 1805 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئەنگلىيە 3 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنى تەشكىللىدى. روسىيە، ئاۋسترىيە ۋە ناپلېس بۇ ئىتتىپاققا قاتناشتى. ئىسپانىيە فىرانسىيەنىڭ بېسىمى بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئىتتىپاقداشىغا ئايلاندى. بۇ قېتىم، ناپولېئون ئەنگلىيەنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق رەقىبى دەپ قاراپ، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا بەل باغلىدى. ناپولېئون فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى بۇرون پورتىغا 160 مىڭ، ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى فىرانسىيە پورتىغا 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، ئىسپانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئەنگلىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولدى. ئەمما، 1805 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى نېلسوننىڭ فىلوتى فىرانسىيە ـ ئىسپانىيە بىرلەشمە فىلوتىنى ترافالگاردىكى دېڭىزدا تارمار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن

ناپولېئوننىڭ ئەنگلىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئۇنى بويسۇندۇرۇش پىلانى كۆپۈككە ئايلاندى.

ئەمما، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەربىي ھەرىكىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. 1805 ـ يىلى فىرانسىيە قوشۇنى ئاۋستىرىيە زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋېنانى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىن 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، سەرخىل قوشۇننى ئىشقا سېلىپ ۋېناننىڭ شىمالىدىكى ئوستېرلىس دېگەن جايدا چار پادىشاھ بىلەن ئاۋستىرىيە پادىشاھى شەخسەن ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلغان رۇسىيە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ جەڭدە، رۇسىيە ـ ئاۋستىرىيە بىرلەشمە قوشۇنىدىن 35 مىڭ ئەسكەر ئۆلدى، يارىدار بولدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى، رۇسىيە گىۋاردىيە قوشۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. ئاۋستىرىيە نائىلاج يارىشىشنى تەلەپ قىلىپ، 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى فىرانسىيە بىلەن «پرېسبۇرگ سۈلھى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، فىرانسىيەگە 40 مىليون فىرانك تۆلەم تۆلەيدىغان ھەم نۇرغۇن زېمىننى فىرانسىيەگە ئايرىپ بېرىدىغان بولدى. 1806 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاۋستىرىيە پادىشاھى ناپولېئوننىڭ بېسىمى بىلەن، ئۆزىنىڭ بۈيۈك رىم ئىمپېراتورى دېگەن نامىنى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇردى. ناپولېئون ئۆزىنىڭ گېرمانىيەگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1806 ـ يىلى «رېين ئىتتىپاقى»نى قۇردى. بۇ ئىتتىپاققا گېرمانىيەنىڭ 16 دۆلىتى ئەزا بولدى، كېيىن يەنە بەش دۆلەت قوشۇلدى. ناپولېئون ئۆزىنى «رېين ئىتتىپاقى»نىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ جاكارلىدى.

1806 ـ يىلى، فىرانسىيە قوشۇنى ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ناپلېسنى يەنە بويسۇندۇردى. بۇنىڭ بىلەن 3 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق پارچىلاندى.

1806 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئەنگلىيە، رۇسىيە، پرۇسسىيە قاتناشقان 4 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق

قۇرۇلدى. 10 ـ ئايدا، يەنە ئۇرۇش پارتلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ — جېنا ۋە ئوخرىشتېت جېڭىدە، فىرانسىيە قوشۇنى پرۇسسىيە قوشۇنىنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، 22 مىڭ ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلىپ، 18 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، فىرانسىيە قوشۇنى قان تۆكمەيلا بېرلىنغا كىردى ھەم داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، 1807 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پرۇسسىيەنىڭ ئېيلىياۋ ئەتراپىدا رۇسسىيە قوشۇنى بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن 22 مىڭ ئەسكەر تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى فرىېدلاندتا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە، رۇسسىيە قوشۇنى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى فىرانسىيە، رۇسسىيە دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى فىرانسىيە، رۇسسىيە، پرۇسسىيە ئۈچ دۆلەتنى تىرىست دېگەن جايدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. «تىرىست سۈلھى شەرتنامىسى»گە ئاساسەن، رۇسسىيە فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئەنگلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە، فىرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى چەكلەشكە قوشۇلدى، ناپولېئونمۇ رۇسسىيەنىڭ شەرقىي ياۋروپا بىلەن شىمالىي ياۋروپادا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا ماقۇل بولدى. «تىرىست سۈلھى شەرتنامىسى» پرۇسسىيەگە ئېلبې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بارلىق زېمىننى ئايرىپ بېرىش (ناپولېئون بۇ جايلارنىڭ ئەتراپىدىكى گېرمانىيەنىڭ بەزى كىچىك دۆلەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «ۋېستفالىيە پادىشاھلىقى»نى قۇردى)، ئەسكەر سانىنى 40 مىڭغا قىسقارتىش، ئۇرۇش تۆلىمى ئۈچۈن 100 مىليون فىرانك تۆلەش قاتارلىق ئېغىر شەرتلەرنى مەجبۇرلىدى. پرۇسسىيە يەنە پولشادىن بۆلۈشۈۋالغاندا ئېرىشكەن زېمىننى ئايرىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ناپولېئون بۇ جايدا «ۋارشاۋا كىنەزلىكى»نى

قوروۋپ، بۇ كىنەزلىكنى فىرانسىيە كونتروللۇقىدىكى ساكسىيىن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى (ئەمەلىيەتتە بۇ كىنەزلىك يەنىلا فىرانسىيەگە تەۋە ئىدى).

ئەمما، ناپولېئون ئەنگلىيەنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى. فىرانسىيە دېڭىز ئارمىيەسى ترافالگاردىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى، ئەنگلىيەنى قورال كۈچىگە تايىنىپ بويسۇندۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، ناپولېئون ئەنگلىيەنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بويسۇندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئەنگلىيە سانائەت دۆلىتى بولغاچقا، ئەگەر ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سودىسى ئۈزۈپ تاشلانسا، بولۇپمۇ ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ ياۋروپاغا كىرىشىنى چەكلىسە، ئەنگلىيەنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىلى بولاتتى. 1806 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ناپولېئون بېرلىندا پەرمان چۈشۈرۈپ، بىرىتانىيە ئاراللىرىنى قامال قىلىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن سودا قىلىشىنى چەكلىدى ھەمدە بارلىق ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى ۋە ئەنگلىيە سودا كېمىلىرىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى، بولۇپمۇ فىرانسىيە پورتلىرىنى دېڭىزدىن قامال قىلىپ، ھەربىي كېمە ئەۋەتىپ، فىرانسىيە ۋە بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ سودا كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ناپولېئون 1807 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مىلان پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، «بارلىق سودا كېمىلىرى قانداق كېمە، قانداق مال باسقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كېمىلەر ئەنگلىيە پورتى ياكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىن ۋە ياكى ئەنگلىيە قوشۇنى ئىشغال قىلىۋالغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەم مۇشۇ رايونلارغا بارىدىغان كېمە بولسا بىردەك مۇسادىرە قىلىنىدۇ» دەپ جاكارلىدى.

ناپولېئون بۇ پەرمانى كەسكىن يۈرگۈزدى، ئۇ 20 مىڭ باجگىرنى ھەربىي قوشۇن ۋە ساقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ياۋروپا



www.uyghurkitap.com

چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى چېگرا رايونلارغا ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە تاۋار ئەتكەسچىلىكى بىلەن كۈرەش قىلىدى. ئەمما، ئەنگلىيە بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ ئۆز تاۋارلىرىنى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا توشۇدى. ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىدىن چوڭ قۇرۇقلۇققا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1807 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، فىرانسىيە قوشۇنى پورتۇگالىيەنى بېسىۋالدى، 2 ـ يىلى ئىسپانىيەگە بېسىپ كىردى.

1809 ـ يىلى ئەنگلىيە 5 ـ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنى تەشكىللىدى، بۇ ئىتتىپاققا پەقەت ئەنگلىيە بىلەن ئاۋستىرىيەلا قاتناشتى. ئەنگلىيەنىڭ فىرانسىيەگە بۇنداق ئاكتىپلىق بىلەن قارشى تۇرۇشىدا شۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى: بىرىنچى، شۇ چاغدا فىرانسىيە بىر سەكرەپلا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ زومىگەرى بولۇۋېلىپ، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇۋەتكەنىدى، بۇنىڭغا ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى چىداپ تۇرالمايتتى. ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتى — ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپانى كونترول قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئىدى ئىككىنچى، ناپولېئون ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ياۋروپا بازىرىنى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. ناپولېئوننىڭ بىرىتانىيە ئارىلىنى قامال قىلىش سىياسىتى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ سودا ساھەسىدىكى زىددىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئۈچىنچى، فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە مىسىر ۋە سۈرىيە (تۈركىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدە ئىدى) قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنى تالاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فىرانسىيە ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى سودا بازىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى.

بۇ قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈلگەندىن كېيىن، فىرانسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە يەنە ئۇرۇش قىلدى، ئەڭ

www.uyghurkitap.com

دەسلەپتە ھەر ئىككى تەرەپ يەڭگەن ۋە يېڭىلگەن بولىسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋاگرام ئۇرۇشىدا (1809 ـ يىلى 7 ـ ئاي) ناپولېئون قوشۇنى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. 1809 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە يەنە بىر قېتىم ۋېنادا سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. شەرتنامىگە ئاساسەن، ئاۋستىرىيە 85 مىليون فىرانك تۆلەم تۆلىدى، 3 مىليون 500 مىڭ نوپۇسقا ئىگە زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالدى.

1800 ـ يىلىدىن 1809 ـ يىلىغىچە بولغان ئۇرۇشقا نەزەر سالساق، ناپولېئوننىڭ قوشۇنى ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىدىكى تەڭداشسىز قوشۇنغا ئايلاندى، بىرقانچە قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق ناپولېئون قوشۇنىنىڭ زەربىسىدە كەينى ـ كەينىدىن پارچىلاندى، فىرانسىيە قوشۇنى سان جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان رۇسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تارمار قىلىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ فېئودال پادىشاھلىرىنى سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 1809 ـ يىلىغىچە گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، پولشا ۋە شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ، ناپولېئون ياۋروپانىڭ غوجىسىغا ئايلاندى.

ناپولېئون قوشۇنىنىڭ ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىدىكى غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشىدا سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. فىرانسىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاب ئارقىلىق بىرقانچە قېتىم فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمىدىكى دۆلەتتىن تەرەققىي قىلىپ، ئىلغار كاپىتالىستىك دۆلەتكە ئايلاندى، كونا فېئوداللىق ئاسارەتلەر پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولدى. بۇنىڭ بىلەن سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە ھەربىي سانائەت، پەن ـ تېخنىكا خېلىلا تەرەققىي قىلىپ، ھەربىي ئىشلاردا غالىب كېلىشكە ماددىي

ئاساس يارىتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناپولېئون قۇرۇپ چىققان هوقۇق مەركەزلەشكەن بىيۇروكرات ھەربىي دۆلەت ئاپپاراتى يۇقىرى مەمۇرىي ئۇنۇمگە ئىگە بولۇپ، بۇمۇ ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئۇرغۇن قولايلىقلار بىلەن تەمىنلىدى. ئارمىيەنىڭ تەركىبىمۇ زور رول ئوينىدى. ناپولېئوننىڭ قوشۇنى ئاساسەن دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. «ناپولېئون قانۇنى»دا، بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە شەكىللەنگەن دېھقانلارنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمى قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق مۇستەھكەملەنگەن بولغاچقا، فىرانسىيە دېھقانلىرى ئۆز تەقدىرىنىڭ ناپولېئون ھاكىمىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. ھەربىي فورما كىيگەن فىرانسىيە دېھقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلغانلىقتىن، ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇلارنىڭ ئىپادىسى قەيسەر ۋە تەشەببۇسكار بولدى. ناپولېئون قوشۇن ئىچىدە تەن جازاسى بېرىشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلدى. ئۇ يەنە ئەسكەرلەرنىڭ تۆھپىسىگە ئاساسەن تارتۇقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن، جەڭ ۋەزىپىلىرىنى كۆرۈنەرلىك ياخشى ئورۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆستۈرۈپ، ھەتتا دەرىجە ئاتلىتىپ گېنېرال ياكى مارشاللىققا ئۆستۈردى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. ناپولېئون بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئىجاد قىلىنغان ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرىكەتچان، جانلىق، تېز جەڭ قىلىشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، يەنە سەرخىل ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاش، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى يوقىتىشقا ماھىر ئىدى.

## 2. ناپولېئون ئۇرۇشىنىڭ ياۋروپاغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ

غەلىبىسى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ بوربون خانىدانلىقىنى تىرىلدۈرۈش سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلىپلا قالماي، بەلكى ياۋروپا فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى خېلىلا تەۋرىتىپ قويدى.

1796 — 1799 - يىللىرى فىرانسىيە قوشۇنى شىمالىي ئىتالىيەنى ئىشغال قىلغاندا، ئىتالىيەنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىپ قالدى: ئاقسۆڭەكلەرنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازى بىكار قىلىنىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى ئەمەلگە ئاشتى. 1800 - يىلى فىرانسىيە قوشۇنى ئىتالىيەنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، فېئوداللىق تۈزۈم تېخىمۇ ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىندى: 22 جايدىكى چازا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نۇرغۇن چېركاۋلار تاقىلىپ، چېركاۋنىڭ يەرلىرى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلدى ھەمدە «ناپولېئون قانۇنى» يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. 1809 - يىلى، فىرانسىيە رىم پاپاسى دۆلىتىنى فىرانسىيەگە قوشۇۋېلىپ، رىم پاپاسىنىڭ دىندىن خالىي ھاكىمىيىتىنى بىكار قىلىۋەتتى. بۇ ئىسلاھاتلار ئىتالىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى توسالغۇلارنى تازىلىدى.

گېرمانىيەدە ناپولېئون ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر بولدى. ئەسلىدىكى گېرمانىيە زېمىنىدا (بۈيۈك رىم ئىمپېرىيەسى زېمىنى) چوڭ - كىچىك 296 دۆلەت بولۇپ، 1801 - يىلىدىكى «لونېۋىللې سۈلھى شەرتنامىسى»دە رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى 97 كىچىك دۆلەت «يەر مەيدانى 20 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ» فىرانسىيەگە تەۋە، دەپ بەلگىلەندى. بۇ 97 دۆلەت فىرانسىيەگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەر مەۋجۇت بولمايلا قالماستىن، بۇ زېمىندىكى فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، يەنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازى بىكار قىلىندى، دىنىي جەمئىيەت ۋە سەرگەردانلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى،

كىمـئارتۇق قىلىپ سېتىلدى. بۇلار رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى رايونلاردىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا شارائىت ھازىرلىدى. ئەمما، 1801 ـ يىلىدىكى سۇلھى شەرتنامە يەنە باشقا ئۆزگىرىشلەرنىمۇ پەيدا قىلدى، بۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، ناپولېئون يەنە گېرمانىيەدىكى 112 كىچىك دۆلەتنى فىرانسىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان بىرقانچە گېرمانىيە دۆلىتىگە قوشۇۋەتتى. «لونېۋىللې سۇلھى شەرتنامىسى»گە ئاساسەن، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەرلىرى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ناپولېئون ئۇرۇشى دەۋرىدە، گېرمانىيەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى زور دەرىجىدە گۇمران قىلىنىپلا قالماي، يەنە دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشىمۇ ئازايتىلدى، بۇلار گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى.

بۇلاردىن باشقا، ناپولېئون قوشۇنى بارغانلىكى جايدا ياۋروپا دۆلەتلىرى پادىشاھلىرىنىڭ خان تاجى بىر ـ بىرلەپ يەرگە چۈشتى. ئىسپانىيە پادىشاھى فېرناندو Ⅶ 1808 ـ يىلى ناپولېئونغا ئەسىرگە چۈشتى. پورتۇگالىيەنىڭ نائىب شاھزادىسى 1807 ـ يىلى فىرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىرازىلىيەگە قېچىپ كەتتى. 1806ـ يىلى فىرانسىيە قوشۇنى ناپلېس پادىشاھلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ فېرناندو ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھىمايىسىدە سىلسىيە ئارىلىغا قېچىپ بېرىۋالدى. 1809ـ يىلى رىم پاپاسى دۆلىتىنى فىرانسىيە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، رىم پاپاسى پىئۇس Ⅶ فىرانسىيەگە يالاپ ئېلىپ كېلىندى.

قىسقىسى، ناپولېئون ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوتتۇرا ياۋروپا، غەربىي ياۋروپا ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ فېئوداللىق تەرتىپىنىڭ ئاساسىدا تەۋرىنىش پەيدا بولدى. بۇ خىل ۋەزىيەت

www.uyghurkitap.com

«فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا دەۋر تەلىپىگە ماس كېلىدىغان مۇۋاپىق مۇھىت يارىتىشقا پايدىلىق بولدى»①.

شۇڭا، ناپولېئون ئۇرۇشى ياۋروپاغا نىسبەتەن ئىجابىي رول ئوينىدى.

ئەمما، ناپولېئون ئۇرۇشىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە بارغانسېرى روشەنلەشتى. ناپولېئوننىڭ سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قىلىشتا يەتمەكچى بولغان مەقسىتى، ياۋروپانىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش، يەر ـ زېمىننى يۇتۇۋېلىش، يېڭى بازارلارنى تارتىۋېلىش ۋە فىرانسىيەنىڭ ھەربىي، سىياسىي سودا ـ سانائەت جەھەتتىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈن ئىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ، بىرىنچى، فىرانسىيە قوشۇنى ھەربىي ھەرىكەت جەريانىدا ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلدى، ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن، يېڭىلگەن دۆلەتنى تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇرلىدى ياكى مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن پۇل ـ مال ئۇندۇرۇۋالدى. 1796 ـ يىلى شىمالىي ئىتالىيە جەڭ مەيدانىدا ناپولېئوننىڭ قوشۇنى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ داڭ چىقاردى. 1804 ـ يىلى بۇ خىل «ئالاھىدە كىرىم» دۆلەت ئومۇمىي كىرىمى ھېسابلىنىدىغان 770 مىليون فىرانك ئىچىدە 123 مىليون فىرانكنى ئىگىلىدى. پرۇسسىيەنى ئىشغال قىلغان ئىككى يىل ئىچىدە، پرۇسسىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن 1 مىليارد فىرانك ئۇندۇرۇۋالدى. يەنە ۋېستفالىيە پادىشاھلىقىدىن 71 مىليون فرانك قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈكنى بۇلاپ كەتتى.

ئىككىنچى، بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرنى فىرانسىيەنىڭ

① ماركس: «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 8 ـ توم، 122 ـ بەت.

سانائەت خام ئەشيا بازىسى ۋە فىرانسىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان بازارغا ئايلاندۇرۇۋالدى. مۇشۇ مەقسەت بىلەن فىرانسىيە يېڭىلگەن دۆلەتلەرنى فىرانسىيە تاۋارلىرىنىڭ ئىمپورت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا قىستىدى. 1801 ـ يىلىدىن 1811 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە، ئىتالىيەگە كىرگەن فىرانسىيە تاۋارلىرىنىڭ مىقدارى ئالتە ھەسسە كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىتالىيەنىڭ خام يىپىكى، قوي يۇڭى پەقەت فىرانسىيەگىلا ئېكسپورت قىلىندى. فىرانسىيەنىڭ بۇ سىياسىتى ئىتالىيە سانائىتىگە ئىنتايىن پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇن سانائەت تارماقلىرىنى خارابلاشتۇرۇۋەتتى. ۋېنىتسىيەدىكى ئەينەكچىلىك ئىشخانىلىرىنىڭ سانى 36 دىن 12 گە، سوكنا توقۇش ئىشخانىلىرىنىڭ سانى 11 دىن سەككىزگە، يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشخانىلىرىنىڭ سانى ئالتىدىن تۆتكە چۈشۈپ قالدى، قالغان سانائەت تارماقلىرىمۇ ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۈچىنچى، ناپولېئون ئۇرۇش قوزغاش بىلەن ئۇرۇشنى قامداش سىياسىتى يۈرگۈزدى. ئۇ بويسۇندۇرۇلغان ھەربىر دۆلەتنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، مال ـ مۈلكىنى شۇلۇۋالغاندىن باشقا، رەھىمسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ باج ـ سېلىقلارنى كۆپەيتتى، شۇ دۆلەتتىكى ئەسكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىدى.

ناپولېئوننىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى فىرانسىيە قوشۇنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار، دۆلەتكە قەرز بەرگۈچىلەر ۋە ھەربىي ئەشيا سودىگەرلىرىنى بىراقلا بېيىتىۋەتتى. گېنېرال ۋە مارشاللار ھەربىي تالان ـ تاراج قىلىپ ۋە پارا ئېلىپ ئۆز يېنىنى تومىلىدى. ئاچ كۆزلۈكتە داڭ چىقارغان مارشال سۇرتې

ئىسپانىيەدە جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندا، ئىسپانىيە مۇزېيىدىن نۇرغۇن قىممەتلىك رەسىملەرنى بۇلاپ كەتتى.

### 3. ناپولېئون ئىمپېرىيەسىنىڭ ھالاك بولۇشى

1811 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناپولېئون ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنى 130 ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، نوپۇسى 75 مىليونغا يېتىپ، پۈتۈن ياۋروپا نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى فىرانسىيە نوپۇسىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ئىمپېرىيەنى يەنە نۇرغۇن بېقىندى دۆلەتلەر ئوراپ تۇراتتى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ئانتىۋېرپ، دانزىگ، رىم، تورىنو، شىمالىي گېرمانىيە ۋە بالقان قاتارلىق جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزغانىدى. ئەمما، بۇ ئىمپېرىيە كۆرۈنۈشتە كۈچلۈك، ئەمەلىيەتتە كۈچسىز بولۇپ، خەۋپ ھەممىلا جايدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دۆلەت سىرتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ فىرانسىيەگە قارشى مىللىي ھەرىكەتلىرى ۋە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشلىرى فىرانسىيەنىڭ دۆلەت كۈچىگە قاتتىق زەربە بەردى. ناپولېئوننىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى تەبىئىي ھالدا فىرانسىيەگە قارشى كۈرەش ۋە ناپولېئون ئىمپېرىيەسىگە قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1807 ـ يىلىدىن باشلاپلا، ياۋروپادىكى بەزى رايونلاردا فىرانسىيەگە قارشى ھەرىكەت ۋە قوزغىلاڭ پارتلىدى. فىرانسىيە قوشۇنى ئىسپانىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىشغال قىلغاندىن كېيىن (1808 ـ يىلى) ئىسپانىيە ئازادلىق ئۇرۇشى باشلاندى. بۇ ئۇرۇشتا فىرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى ئىسپانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى ــ خۇندا رەھبەرلىك قىلدى، ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىمنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىشچىلار ۋە دېھقانلاردىن تەشكىللىنىپ، ئاساسەن پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى · www.uyghurkitap.com

قوللاندى. پارتىزانلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ئاددىي - ناچار بولسىمۇ، فىرانسىيەنىڭ خىللانغان قىسىملىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلدى. ① بۇ ئۇرۇش 1814 - يىلى فىرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى ئىسپانىيەدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقارغۇچە داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار فىرانسىيەنىڭ 250 مىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تۇتۇپ تۇردى، بۇ فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، فىرانسىيە خىلمۇ خىل كىرىزىسكە پاتتى. ناپولېئون ھاكىمىيىتىنىڭ سىنىپىي ئاساسى بارغانسېرى تارىيىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىنى بىزار قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بىرىنچىدىن، ئىلگىرى ناپولېئوننى ھىمايە قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق: سىرتقا قارىتا ئۈزۈلدۈرمەي ئۇرۇش قىلىش تۈپەيلىدىن دېھقانلارنىڭ باج - سېلىقى ئېغىرلاپ، تۇرمۇشى ناچارلاشتى، ئالدىنقى سەپتە ئۆلگەن دېھقان ئەسكەرلەر سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن نۇرغۇن ئائىلىلەردە تۇل خوتۇن، يېتىم باللار پەيدا بولدى. ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېھقانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. ناپولېئوننىڭ ئەنگلىيەنى قامال قىلىش سىياسىتى ئەنگلىيەنىڭ فىرانسىيەنى قامال قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسىگە تايىنىپ، فىرانسىيەنى ئەنگلىيەگە قارشى ئىقتىسادىي جەڭدە ناچار ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. فىرانسىيەنىڭ سودا كېمىلىرى دېڭىزدا ئەركىن يۈرەلمەي، چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىلىرى

---

① ئىسپانىيەنىڭ فىرانسىيەگە قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى بۇرژۇئا ئىنقىلابى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلدى. 1812 - يىلى ئەركىنلىك ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇلۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقلىرى چىقىرىپ تاشلاندى.

بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. تاشقى سودىنىڭ كاساتلىشىشى فىرانسىيە پورتلىرىنىڭ خارابلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، يەنە تېخى فىرانسىيەدە خام ئەشيا كەمچىلىكىنى پەيدا قىلدى، نەتىجىدە 1810 ـ يىلىدىن 1811 ـ يىلىغىچە ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بېرىپ، نۇرغۇن زاۋۇتلار تاقىلىپ، كاپىتالىستلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇرۇش سەۋەبىدىن كۆپەيگەن باج ـ سېلىق بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئىشچىلار سىنىپى ئەسلىدىلا ناپولېئون ھاكىمىيىتىگە نارازى ئىدى، ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى كۆپىيىپ نارازىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. قىسقىسى، ئۇدا ئېلىپ بېرىلغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى فىرانسىيە خەلقىنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى، ھەممە يەرنى ئۇرۇشتىن ۋە ناپولېئوندىن بىزار بولۇش كەيپىياتى قاپلىدى. بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىدى.

ئىمپېرىيەنىڭ ئاجىزلىشىشى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلەندى: بىرىنچى، ساقچى بيۇروكرات ئاپپاراتىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ئىمپېرىيەنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە بۇرۇنقىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى. بيۇروكراتلار ئارىسىدا شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىدىغانلار، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تەييارتاپلارنىڭ سانى كۆپەيدى، ئىقتىدارسىزلارنىڭ مەنسەپ ـ ئەمەلى توختىماي ئۆستى؛ ئاق كۆڭۈل، قابىلىيەتلىكلەر كۆمۈلۈپ قېلىۋەردى. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى شەخسىي مۇستەبىتلىك تۈزۈم تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. ئىككىنچىدىن، ناپولېئوننىڭ قوشۇنى ئىچىدىكى نۇرغۇن ئەسكەرلەر بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەردىن تاللاپ قوبۇل قىلىنغان چەت ئەللىكلەر بولغاچقا، ئېنىقكى ئۇلار ناپولېئون ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىشنى خالىمايتتى، پۇرسەت تاپسىلا ئارقىغا قاراپ نەيزە ئۇرۇشتىن يانمايتتى.

ئىمپېرىيە دۇچ كەلگەن ئىچكى - تاشقى خەۋپلەر گىرەلىشىپ كەتكەن مۇشۇ چاغدا، ناپولېئون رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. بۇ ئۇرۇشقا چار رۇسىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەردە كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر سەۋەب بولدى. ناپولېئون فىرانسىيەنى مەركەز قىلغان دۇنيا ئىمپېرىيەسى قۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولغاچقا، ياۋروپادا تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن رۇسىيەنى بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن ئەنگلىيەنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى بولغانىدى. ناپولېئوننىڭ غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپانى كونترول قىلىۋېلىشى چارپادىشاھنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناپولېئوننىڭ فىرانسىيەگە بېيئەت قىلىندىغان «ۋارشاۋا كىنەزلىكى» (1809 - يىلى بۇ كىنەزلىكنىڭ زېمىنى كېڭەيدى)نى رۇسىيەگە تەھدىت سالدى دەپ قاراپ، فىرانسىيەدىن ھوشيار تۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فىرانسىيەنىڭ قامال قىلىش سىياسىتى رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ سودا ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، رۇسىيەنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇڭا، رۇسىيەمۇ فىرانسىيە بىلەن قوراللىق توقۇنۇشقا تەييارلاندى.

1810 - يىلىدىن باشلاپ ناپولېئون رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. 1812 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇ پىرۇسسىيەنى، 3 - ئايدا ئاۋستىرىيەنى رۇسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا كىرىشكە مەجبۇرلىدى. رۇسىيەمۇ ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆرۈپ، كوتوزوفنىڭ قوماندانلىقىدا ياخشى تەربىيەلەنگەن 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تەق بولۇپ تۇردى.

1812 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ناپولېئون ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ، نىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ، فىرانسىيە - رۇسىيە ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى

ئاچتى. رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلغان فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 611 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە فىرانسىيەلىكلەر 300 مىڭ، رېين ئىتتىپاقىدىن كەلگەن گېرمانىيەلىكلەر 180 مىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە 30 مىڭ ئاۋسترىيەلىك ۋە 20 مىڭ پرۇسسىيەلىك بار ئىدى)، پولەكلەر ۋە لاتۋىيەلىكلەر 90 مىڭ، شىۋېتسارىيەلىكلەر 9000، ئىتالىيە ئىللىرىيە، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيەلىكلەر 32 مىڭ ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەردىن مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەنلەر ئىدى.

ناپولېئون ئەسلىدە ھەربىي ھەرىكەتنى باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر قېتىملىق چوڭ جەڭ ئارقىلىق، رۇسىيە قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلىپ، رۇسىيەنى يارىشىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇرلىماقچى بولغانىدى. ئەمما، رۇسىيە قوشۇنى دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈش ئىستراتېگىيەسىنى قوللاندى، فىرانسىيە قوشۇنى رۇسىيە چېگراسىغا كىرگەندىن كېيىن رۇسىيە قوشۇنى قەدەممۇ قەدەم چېكىنىپ، فىرانسىيە قوشۇنىغا بىر قېتىملىق چوڭ جەڭ قىلىش پۇرسىتى بەرمىدى، فىرانسىيە قوشۇنى نائىلاج رۇسىيە قوشۇنى چېكىنگەن يۆنىلىشكە قاراپ ئۇلارنى قوغلىدى. فىرانسىيە قوشۇنى گەرچە سمولېنسكىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رۇسىيە قوشۇنىنىڭ چېكىنىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلالمىدى. شۇڭا، ناپولېئون بىۋاسىتە موسكۋاغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كوتوزوف رۇسىيە قوشۇنىنى بورودىنو دېگەن جايدا دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى، فىرانسىيە قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، 58 مىڭ 500 ئەسكەر ۋە 49 گېنېرالدىن ئايرىلىپ قالدى، رۇسىيە قوشۇنىدىن 38 مىڭ 500 ئەسكەر تالاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن،

كوتوزوف رۇسىيە قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن داۋاملىق چېكىنىدى ھەمدە جەڭ قىلمايلا موسكۋادىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلىپ، شەھەردىكى بارلىق ئاشلىق ۋە ھەربىي ئەشيالارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ناپولېئون قوشۇنى موسكۋاغا كىرگەندە، شەھەرنىڭ قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئەسكەر تۇرماق، ئاھالىلەرنىڭمۇ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. 2 ـ كۈنى موسكۋادا ئوت ئاپىتى (بۇ ئوتنىڭ بىر قىسمىنى رۇسىيە قوشۇنى قويغان) يۈز بەردى، شامالنىڭ تەسىرىدە ئوت ھەممە يەرگە يامراپ، بەش كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈپ، پۈتۈن شەھەردىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى خارابىلىككە ئايلاندى.

بۇ چاغدا، كوتوزوف موسكۋانىڭ سىرتىدا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ھۇجۇمغا ئۆتتى. 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناپولېئون ئالدىراپ ـ تېنەپ 110 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى باشلاپ موسكۋادىن قېچىپ چىقتى. قېچىش جەريانىدا ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان فىرانسىيە قوشۇنى يول بويى رۇسىيە پارتىزانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى فىرانسىيە قوشۇنى نىم دەرياسىدىن قايتا ئۆتكەندە ئارانلا 50 مىڭ ئادىمى قالغانىدى. قالغان 500 نەچچە مىڭ ئادەم رۇسىيە ئۇرۇش مەيدانىدا جېنىدىن ئايرىلغانىدى.

رۇسىيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى ناپولېئوننى ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى.

ناپولېئوننىڭ رۇسىيەدىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى پرۇسسىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. پرۇسسىيە خەلقى فىرانسىيەگە قايتىدىن جەڭ ئېلان قىلىپ، 1807 ـ يىلىدىكى ئار ـ نومۇسىنى يۇيۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. شائىر كېلىنېر، ئاندېرت، كومپوزىتور ۋېبول نۇرغۇن شېئىر، ناخشىلارنى يېزىپ، گېرمانىيە خەلقىنى ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا چاقىردى. مەخپىي تەشكىلات — ۋەتەنپەرۋەرلەر

ئۇيۇشمىسىمۇ ھەممە جايدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى ناپولېئونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈردى.

پرۇسسىيە پادىشاھى ئەگەر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتناشمىسا ھەم بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلمىسا، ئۆزىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، 1813- يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چار پادىشاھ بىلەن فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھەل قىلغۇچ جەڭگە تەييارلاندى. گەرچە بۇ ئىككى پادىشاھ خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس غەرىزى بار ئىدى، چارپادىشاھ ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، «ۋارشاۋا كىنەزلىكى»نى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، پرۇسسىيە پادىشاھى بولسا گېرمانىيەدىكى ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋېلىشنى كۆزلىگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەنگلىيە بىلەن شۋېتسىيەمۇ فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا قاتناشتى، 1813 - يىلى 8 - ئايدا، ئاۋستىرىيەمۇ فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن 6 - قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق قۇرۇلدى.

ناپولېئون رۇسىيەدىن پارىژغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ قايتىدىن ئىش باشلاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا فىرانسىيە ۋە بېقىندى دۆلەتلەردىن ئەسكەر، ئاشلىق، ھەربىي ئەشيا ۋە خىراجەت يىغىپ، قايتىدىن 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىدى. ئەمما بۇلار ھېچ نەرسىگە دال بولالمايتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە ئەل رايى جەھەتتە ئۈستۈنلۈكتە ئىگىلەيدىغان 1 مىليون كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە رەقىبى — 6 - قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۇراتتى.

بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشقا نىسبەتەن، گەرچە ھەرقايسى دۆلەت پادىشاھلىرى ياۋروپا ۋە دۇنيا زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىش ۋە



www.uyghurkitap.com

فىرانسىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان فېئودال خاندانلىقلارنى تىرىلدۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، يەنىلا مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەققانىي ئۇرۇش ھېسابلىناتتى.

ئۇرۇش 1813 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى باشلىنىپ، 19 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى، مانا بۇ مەشھۇر لېيپىگ جېڭى بولۇپ، دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جەڭ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇش باشلانغان كۈنى فىرانسىيە قوشۇنىدىن 15 مىڭ 500 ئەسكەر، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە قوشۇنىدىن 220 مىڭ ئەسكەر جەڭگە قاتناشتى. ئەمما 2 ـ كۈنى رۇسىيە، شۋېتسىيە قوشۇنىدىن يەنە 110 مىڭ ئەسكەر جەڭگە كىردى. 3 ـ كۈنىدىكى جەڭدە فىرانسىيە قوشۇنىدىكى ساكسون قىسمى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ناپولېئون بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قوشۇننى ئالدىراپ ـ تېنەپ چېكىندۈردى. بىرلەشمە قوشۇن قوغلاپ زەربە بېرىپ، فىرانسىيە قوشۇنىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا ناپولېئوننىڭ قالدۇق قوشۇنى رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ھالى خاراب فىرانسىيەگە قاچتى.

بۇ قېتىملىق ئەجەللىك زەربىدىن كېيىن، ناپولېئوننىڭ قوشۇنى قايتا باش كۆتۈرەلمىدى. 1814 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، بىرلەشمە قوشۇن فىرانسىيە زېمىنىغا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى. 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چاررۇسسىيە پادىشاھى ئالېكساندىر I بىلەن پرۇسسىيە پادىشاھى فرىدرىخ ۋىلھېلىم III قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن غالىبلارچە قىياپەتتە پارىژغا كىردى. گىراف پرووۋانس باشچىلىقىدىكى فىرانسىيە بوربون خاندانلىقىنىڭ جەمەتى بولغان بىر توپ سەرگەردان ئاقسۆڭەكلەرمۇ چاررۇسسىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە پارىژغا قايتىپ كەلدى. پرووۋانس پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ

لۇئى XVIII دەپ ئاتالدى. ناپولېئون تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئېلبا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى.

فىرانسىيە خەلقى گەرچە ناپولېئوندىن نارازى بولسىمۇ، ئەمما قايتا تىرىلگەن بوربون خانىدانلىقىغا تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ناپولېئون بۇلارنى ئوبدان بىلگەچكە، 1815- يىلى 2- ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېلبا ئارىلىدىن قېچىپ چىقىپ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، 3 - ئاينىڭ 1- كۈنى فىرانسىيەدە قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئۇ ئۆزىنى ئىنقىلابچى قىلىپ نىقابلاپ، بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى تەكرارلاپ، خەلققە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئەركىنلىك ئىسلاھاتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالدىنىپ بەس - بەستە ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. يەنە ناپولېئوننىڭ قول ئاستىدىكى كونا ئوفىتسېرلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ناپولېئون تەرەپكە ئۆتتى. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناپولېئون پارىژغا كەلدى. لۇئى XVIII ئالدىراپ - تېنەپ قېچىپ كەتتى. ناپولېئون قايتىدىن پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ «100 كۈنلۈك پادىشاھلىق» ھاياتىنى باشلىدى.

ناپولېئون ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن، پارىژغا كېلىپلا «ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ تولۇقلىما نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بىلەن پارلامېنت تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ناپولېئوننىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ 7 - قېتىملىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ناپولېئونغا بىرلىشىپ تاقابىل تۇرماقچى بولدى. 1815 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېلگىيە چېگراسى ئىچىدىكى ۋاتېرلودا بىر مەيدان ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. بۇ جەڭدە ناپولېئون قوشۇنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ناپولېئون 2 - قېتىم تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولۇپ، فىرانسىيە 1 -

ئىمپېرىيەسى يوقالدى. لۇئى XVIII قايتىدىن تەختكە چىقىپ خانىدانلىق دەۋرى باشلاندى.

ناپولېئون تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاتلانتىك ئوكياندىكى بىر قاقاس ئارال — سايىنت خېلىنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىندى.

# 4 ـ بۆلۈم ياۋروپانىڭ ئەكسىيەتچىلىكى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر

## 1. ۋېنا يىغىنى

ناپولېئون ئىمپېرىيەسى يوقالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى غالىب دۆلەتلەر 1814 ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن 1815ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە ۋېنادا كۆلىمى چوڭ بولغان خەلقئارا يىغىن ئۆتكۈزدى. ياۋروپادىكى بارلىق دۆلەتلەر ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى، ئەمما بۇ يىغىننى تۆت چوڭ غالىب دۆلەت — روسىيە، ئەنگلىيە، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە كونترول قىلىۋالدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مال ـ مۈلۈك ۋە يەر ـ زېمىننى بۆلۈشۈۋېلىش، «ئورتودوكسىيە» ۋېۋىسكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى كونا تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كونا فېئودال خانىدانلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش، فىرانسىيەنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنى توسۇش ئىدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدە، روسىيەنىڭ نەپسى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىپ، روسىيەنىڭ ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلەش غەرىزى كۈچلۈك ئىدى. ئاۋستىرىيە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادىكى

زومىگەرلىك ھوقۇقىنى، بولۇپمۇ گېرمانىيەدىكى ئۇستۇنلۇكىنى تىكلەشنى ئويلايتتى، ئەنگلىيە بىر تەرەپتىن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردىكى مۇستەملىكىلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. پرۇسسىيەمۇ ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ئاۋستىرىيەنىڭ گېرمانىيەگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەيتتى. شۇڭا يىغىندىكى تالاش - تارتىش ناھايىتى كەسكىن بولدى. تالاش - تارتىش پولشا بىلەن ساكسېن مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. رۇسسىيە «ۋارشاۋا كىنەزلىكى»نى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ساكسېننى پرۇسسىيەگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ پولشادىكى ئايرىلىپ قالغان زېمىنىغا تۆلەم ئورنىدا تولۇقلاپ بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ ئارقىلىق پرۇسسىيەنى ئۆز يېنىغا تارتتى. ئاۋستىرىيە رۇسسىيەنىڭ «ۋارشاۋا كىنەزلىكى»نى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇپ، پرۇسسىيە بىلەن ساكسېننى تالىشىپ، ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىۋالدى. فىرانسىيە شەرقتىكى قوشنىسى پرۇسسىيەنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە تەرەپكە ئۆتتۈۋالدى. 1815 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، فىرانسىيە مەخپىي ئىتتىپاق كېلىشىمى ئىمزالاپ، بۇ ئۈچ دۆلەت مۇبادا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، فىرانسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ھەربىرى 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىش، ئەنگلىيە قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەشنى بېكىتتى. ئىككى تەرەپنىڭ تالاش - تارتىشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئادا - جۇدا بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ناپولېئون قايتىدىن فىرانسىيەگە قايتقانلىقتىن، ھەرقايسى غالىب دۆلەتلەر فىرانسىيەگە قارشى يېڭى ئىتتىپاق بولۇپ تەشكىللىنىپ، ۋاقىتىنچە مۇرەسسە قىلدى. 1815 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئالدىراپ - تېنەپ

«ئاخىرقى قارارنامە»نى ئىمزالىدى.

«ئاخىرقى قارارنامە»نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە كونا فېئودال خاندانلىقلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، فىرانسىيە، ئىسپانىيە، ناپلېسنىڭ بوربون خاندانلىقى، پورتۇگالىيەنىڭ براگانسا خاندانلىقى، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەدىكى هەرقايسى ئۇششاق خاندانلىقلارنىڭ ئورنىنى ۋە رىم پاپاسى هاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قىسقىسى، پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا فېئودال خاندانلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش. ئىككىنچى، ياۋروپا زېمىنى ۋە چەت ئەل مۇستەملىكە زېمىنىنى ئىختىيارىي بۆلۈشۈش. بۇنىڭ بىلەن پولشا زېمىنى 4 ـ قېتىم بۆلۈشۈۋېلىندى. ناپولېئون دەۋرىدە قۇرۇلغان «ۋارشاۋا كىنەزلىكى»نىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى رۇسىيە ئىگىلىۋالدى. پوزنان ۋە گدانسىك پرۇسسىيەگە، گالىسسىيە ئاۋستىرىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن پولشاغا كىراكوف بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئازراق زېمىنلا قالدۇرۇلدى، پولشا بۇ جايدا بىر جۇمهۇرىيەت تەشكىللەپ، رۇسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پرۇسسىيەنىڭ ئورتاق «مۇھاپىزە»تىدە تۇرىدىغان بولدى. رۇسىيە فىنلاندىيە ۋە بېسسارابىيە (رومىنىيە زېمىنى)نى داۋاملىق ئىگىلەپ تۇرىدىغان، شۋېتسىيە فىنلاندىيە زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، نورۋېگىيەنى «تۆلەم» ئورنىدا قوشۇپ بېرىدىغان بولدى. رۇسىيە ساكسېن زېمىنىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىغا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بەزى بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىغا ئېرىشىپ، دۆلەت چېگراسى رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقى ۋە بالتىق دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغىچە كېڭەيدى. ئەنگلىيە يىغىن ئەهلىنى ئۆزىنىڭ مالتا (فىرانسىيە مۇستەملىكىسى) توباگو، ساينت لۇتسىيە (بۇ ئىككى جاي غەربىي هىندى تاقىم ئارىلىدا) ۋە ماۋرىجوسنى داۋاملىق ئىگىلەپ تۇرۇش، گوللاندىيەنىڭ قولىدىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى

www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكە كاپ توۋن ۋە سەيلۇن ئارىلى (سىرى لانكا)نى داۋاملىق ئىگىلەپ تۇرۇشقا ماقۇل بولۇشقا مەجبۇرلاپ، شەرققە تۇتىشىدىغان ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ئورۇنلارنى كونترول قىلىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا مۇستەملىكىچىلىكىدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلىدى.

ئۈچىنچى، گېرمانىيەدىكى 34 كىچىك دۆلەت ۋە تۆت ئەركىن شەھەر (خامبۇرگ، بولىبىيىم، لۇبېك ۋە مايىن دەرياسى ۋادىسىدىكى فىرانكفورد)دىن تەشكىللەنگەن گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى قۇرۇش، فېدېراتسىيە مەجلىسىگە ئاۋسترىيە رىياسەتچىلىك قىلىش قارار قىلىندى. «گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى» يۇتۇنلەي تارقاق سىياسىي ئىتتىپاق بولۇپ، گېرمانىيە داۋاملىق بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇردى. تۆتىنچى، فىرانسىيە زېمىنى 1790 ـ يىلىدىكى چېگرا بىلەن چەكلىنىش، شەرقىي شىمالدىكى 17 قورغان ۋە قەلئەلەرنى بىرلەشمە قوشۇن ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ئىگىلەپ تۇرۇش، قوشۇننىڭ چىقىمىنى فىرانسىيە ئۈستىگە ئېلىش بەلگىلەندى. يەنە فىرانسىيە 700 مىليون فىرانك ئۇرۇش تۆلىمى تۆلەش، ھەربىي كېمىلىرىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلدى. فىرانسىيەنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىمالدىكى بېلگىيەنى گوللاندىيەگە قوشۇپ بېرىپ، نىدېرلاندىيە پادىشاھلىقى قۇرۇش، لىيوكسۇمبۇرگ كىنەزلىكىنى نىدېرلاندىيە پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بەلگىلەندى. يەنە شۋېتسارىيە مەڭگۈلۈك بىتەرەپ دۆلەت قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇلار شۋېتسارىيەنى فىرانسىيە، ئاۋسترىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتكۈچى ئارىلىق دۆلەت دەپ قاراپ، شۋېتسارىيە چېگراسىنى كېڭەيتىپ، نۇرغۇن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك تاغلىق رايونلارنى ئۇنىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. بەشىنچى، ئىتالىيەنىڭ بۆلۈنۈش ھالىتىنى ساقلاپ

قىلىپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئاۋستىرىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى. ئاۋستىرىيە لومباردى ۋە ۋېنىتسىيەگە ئىگە بولۇۋالدى. توسكانا كىنەزلىكى ئاۋستىرىيە فىرناندو كىنەزلىكىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى، مودېنا كىنەزلىكى ئاۋستىرىيە خابسبۇرگ جەمەتىدىن بولغان تىئاست كىنەزلىكىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى، پالما كىنەزلىكى سابىق فىرانسىيە خانىشى مارى لوئىسىنىڭ مەڭگۈلۈك سۈيۈرغاللىق يېرى قىلىپ بېرىلدى. ساردىنىيە ساۋويى ۋە نىس ئۆلكىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ژېنوۋانى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

ۋېنا يىغىنى خەلقنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ هالدا، ئاغدۇرۇپ تاشلانغان فېئودال خانىدانلىقلارنى تىرىلدۈرۈپ، خەلقنى قايتىدىن ئېزىشكە باشلىدى. ناپولېئوننىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن ئازادلىققا ئېرىشكەن مىللەتلەر يەنە غالىب دۆلەتلەرنىڭ مىللىي زۇلمى ئاستىدا قالدى.

## 2. مۇقەددەس ئىتتىپاق ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ياۋروپادىكى ئىنقىلابىي هەرىكەتلەر

ۋېنا يىغىنىدا بېكىتىلگەن ئەكسىيەتچى تەرتىپنى مۇستەهكەملەش، ئىنقىلابىي هەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن، چار پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1815 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، رۇسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى پارىژدا «مۇقەددەس ئىتتىپاق» قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىتتىپاقتا، رۇسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئاساسلىق رول ئوينىدى، بولۇپمۇ رۇسىيە «ياۋروپا ژاندارمىسى»لىق رولىنى ئالدى. مۇقەددەس ئىتتىپاق بېكىتكەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ دۆلەتتىن تەشكىللەنگەن مۇقەددەس ئىتتىپاق ئەنگلىيەنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «تۆت دۆلەت

ئىتتىپاقى»غا ئۆزگەردى. تۆت دۆلەت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشىمىدە، ۋېنا يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى، يەنى ھەرقانداق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قوراللىق باستۇرۇش بېكىتىلدى. بۇ ئىتتىپاق 1818 - يىلى فىرانسىيەنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «بەش دۆلەت ئىتتىپاقى» غا ئايلاندى.

ئەمما، ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش چاقىنى توسۇپ قالالمىدى، شۇ ئەسىرنىڭ 20 — 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئىنقىلاب بورىنى ئىسپانىيە، ئىتالىيە، گىرېتسىيە، روسىيە، فىرانسىيە ۋە بېلگىيەنى قاپلاپ، ھەرقايسى دۆلەت ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىنقىلاب ئالدى بىلەن ئىسپانىيەدە پارتلىدى. ۋېنا يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بوربون خانىدانلىقى ئىسپانىيەدە تىرىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈردى، يەنى 1812 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننى بىكار قىلىپ، ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى ئىلغار ئىسلاھات چارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئېقىمغا قارشى بۇ قىلمىشلار 1820 - يىلىدىكى ئىنقىلابقا سەۋەب بولدى. ئىسپانىيە ئىنقىلابى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. 1822 - يىلى مۇقەددەس ئىتتىپاق يىغىن چاقىرىپ، ئەنگلىيەنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، فىرانسىيەنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇشىنى قارار قىلدى. 1823 - يىلى فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن، ئىسپانىيە ئىنقىلابىنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈۋېتىلدى.

ئىسپانىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن، 1820 - يىلدىن 1821 - يىلغىچە ئىتالىيەدىمۇ ئىنقىلاب يۈز بەردى. بۇ ئىنقىلاب ئالدى بىلەن جەنۇبىي ئىتالىيەدە پارتلاپ، ئارقىدىنلا پۈتۈن

ئىتالىيە يېرىم ئارىلىغا كېڭەيدى. مۇقەددەس ئىتتىپاق مايىنتىبېزنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە ئىنقىلابىمۇ مەغلۇپ بولدى.

1821 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، گىرېتسىيە خەلقى تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە قۇل قىلىنىشىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇرۇش قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كېڭەيدى. خەلق قوراللىق كۈچلىرى بىر يىل كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، گىرېتسىيەنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئازاد قىلىپ، 1822 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئاساسىي قانۇن چىقىرىپ، مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئەمما تۈركىيەنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، نۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ، گىرېتسىيەلىكلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. تۈركىيە قوشۇنى بارغانلىكى جايدا گىرېتسىيە خەلقىنى غالجىرلىق بىلەن قىرغىن قىلدى. كېئوس ئارىلىدا ئەسلىي 10 مىڭ ئاھالە بولۇپ، تۈركىيە قوشۇنىنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئارانلا ئىككى مىڭغا يەتمەيدىغان ئاھالە قالدى. 1827 ـ يىلىغا كەلگەندە گىرېتسىيە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۈچى خوراپ تۈگەي دەپ قالغان بولسىمۇ، تىز پۈكمەس، قەيسەر گىرېتسىيە خەلقى كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى ھەمدە تۈركىيە قوشۇنىغا كۈچلۈك زەربە بەردى. ئېگېي دېڭىزىدا گىرېتسىيە خەلقى ۋە جەڭچىلىرى كىچىك قولۋاقلارنى ھەيدەپ، زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان تۈركىيە دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلدى. گىرېتسىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئىلغار زاتلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ، گىرېتسىيە خەلقىنىڭ كۆرىشىنى قوللىدى. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر شائىر بايرون تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن گىرېتسىيەگە بېرىپ، گىرېتسىيە خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا

قاتنىشىپ، گىرېتسىيەنىڭ ئادالەت ئىشلىرىغا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

ئەمما، گىرېتسىيە خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمران سىنىپلىرى ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاس پەيدا قىلدى. مايتىنىز گىرېتسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاۋسترىيەدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، گىرېتسىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلدى. ئەمما چارروسىيە باشقىچە پىكىردە بولدى. روسىيەنىڭ غەرىزى تۈركىيەنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، كونستانتىنوپولنى ئىشغال قىلىپ، ئىككى دېڭىز قىرغىقىنى تىزگىنلەپ، ئۆزىنىڭ بالقاندىكى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئىدى. گىرېتسىيە ئىنقىلابى دەل تۈركىيەنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتالايتتى، روسىيەمۇ بالقانغا سىڭىپ كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى، شۇڭا روسىيە ئۆزىنى پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ كۆرسىتىپ، تۈركىيەلىكلەرنىڭ گىرېتسىيەلىكلەرنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەمۇ ئۆزلىرىنىڭ بالقاندىكى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئاۋسترىيەنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى تۇردى. نەتىجىدە، گىرېتسىيە مەسىلىسىدە، مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت كەسكىنلەشتى. 1827- يىلى 7 - ئايدا، روسىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئۈچ دۆلەت لوندوندا «گىرېتسىيەنى تىنچلاندۇرۇش ئەھدىنامىسى» ئىمزالاپ، ئۇرۇش توختىتىشنى گىرېتسىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ بېكىتتى. ئەمما تۈركىيە ئۇرۇش توختىتىشنى رەت قىلغاچقا، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئۈچ دۆلەت دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بىرلەشمە فىلوتى يولغا چىقىپ، ناۋارىنو دېڭىزىدا تۈركىيە - مىسىر فىلوتىنى تارمار قىلدى. تۈركىيە ناۋارىنو جېڭىدە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، گىرېتسىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. ئەمما،

چاررۇسىيە ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تۈركىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ 1828 ـ يىلى تۈركىيەگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشىدا، تۈركىيە ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ، 1829 ـ يىلى يارىشىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە رۇسىيە بىلەن ئادرىيانوپول شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، گرېتسىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. گرېتسىيە گەرچە مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما رۇسىيەنىڭ تەسىر كۈچى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن گرېتسىيەگە سىڭىپ كىردى.

گرېتسىيە ئىنقىلابى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك رۇسىيەدىمۇ ئۆكتەبىرچىلەر قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قوزغىلاڭنى فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم رۇسىيە ئاقسۆڭەك ئوفىتسېرلىرى قوزغىغانىدى. بۇ رۇسىيە تارىخىدىكى چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى ۋە يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى قوزغالغان تۇنجى قوزغىلاڭ بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭ ئاخىر چار پادىشاھنىڭ قانلىق باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يەتتىنچى باب

# لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى پۈتۈن لاتىن ئامېرىكىسىنى قاپلىدى. گەرچە ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق مۇستەملىكىچىلەر لاتىن ئامېرىكىسى جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا ئىقتىسادى شەكىللىنىشكە باشلىغان يەر شارى ئىقتىسادىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان، ياۋروپادا سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولغاچقا، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئىقتىسادىي مەنپەئەتى دۇنيا بازىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان سىنىپلار، ئېزىلىشكە، زۇلۇمغا ئۇچرىغان تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق ئاممىسى، مۇستەملىكە ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مىللىي زۇلۇمى ۋە ئېزىشىگە بارغانسېرى چىدىيالماي قالدى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 ئىشتات مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە، ھايتى خەلقى تۇغ كۆتۈرۈپ چىقتى (1790 ـ يىلى)، ئارقىدىن ئىسپانىيەگە قاراشلىق لاتىن ئامېرىكىسى ۋە پورتۇگالىيەگە قاراشلىق بىرازىلىيە (1810 ــ 1826 ـ يىللىرى)گە كېڭەيدى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى دۇنيا بۇرژۇئا

ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ، قاتناشقان ئادەم سانى كۆپ، داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، دۇنيا ئىنقىلابى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پەقەت مىللىي مۇستەقىللىقنىلا قولغا كەلتۈرۈپ، فېئودالىزمغا قارشى ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاب ئېلىپ بارمىدى. چوڭ يەر مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىشى، كاتولىك دىنىي كۇچلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئۇزاق مۇددەتلىك داۋالغۇشقا دۇچار قىلىپ، كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىنى، زامانىۋىلىشىشتا بىر بېقىندىلىق يولىغا كىرىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

# 1 - بۆلۈم مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى لاتىن ئامېرىكىسى

## 1. ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى

ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، پەقەت پېرۇ، مېكسىكا قاتارلىق مەدەنىيىتى خېلى تەرەققىي قىلغان رايونلارلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى ۋە سىنىپىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. ئەمگەكچان، باتۇر ئىندىيانلار ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئېچىپ پايدىلىنىپ، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

www.uyghurkitap.com

يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق «بايقالغان»دىن كېيىن، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى كەينى ـ كەينىدىن بۇ تۇپراققا قەدەم باستى. ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە لاتىن ئامېرىكىسىغا ئەڭ بۇرۇن تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. قانلىق بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنى ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىدا پورتۇگالىيە برازىلىيەنى ئىگىلىۋالغاندىن باشقا، قالغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسپانىيە ئىگىلىۋالدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە گوللاندىيەمۇ كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، كارىپ دېڭىزىدىكى بەزى ئاراللارنى ئىگىلىۋالغاندىن باشقا، يەنە كەسكىن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەلەردىن، گۋىئانا ۋە بولتىس قاتارلىق جايلارنى تارتىۋېلىپ، شۇ جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى.

شۇ چاغدا، ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە ياۋروپادىكى فېئودال مۇستەبىت دۆلەت بولۇپ، ئۇلار لاتىن ئامېرىكىسىغا ئىنتايىن ۋەھشىي، قالاق فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىلىرىدە زور مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى قۇردى. ئىسپانىيە تۆت باش ۋالىي رايونى، يەنى يېڭى ئىسپانىيە رايونى (ھازىرقى مېكسىكا، ئوتتۇرا ئامېرىكا ۋە غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى)، پېرۇ رايونى (ھازىرقى پېرۇ ۋە چىلى)، يېڭى گىرانادا رايونى (ھازىرقى كولومبىيە، پاناما، ۋېنسۇئېلا ۋە ئېكۋاتور)، لاپلاتا رايونى (ھازىرقى ئارگېنتىنا، بولىۋىيە، پاراگۋاي ۋە ئوراگۋاي)نى قۇردى. پورتۇگالىيە ئەڭ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان برازىلىيەدە 13 تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇپ، كېيىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر باش ۋالىي رايونىغا ئۆزگەرتتى. باش ۋالىي بىلەن ئارمىيە قوماندانىنى باش ھۆكۈمەت بىۋاستە تەيىنلىدى، مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى قانۇن ـ پەرمانلارنى باش

ۋالىيلار بىكىتتى. ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە بىر قاتار ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا تايىنىپ، مۇستەملىكە رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولىدا مەھكەم تۇتتى.

مۇستەملىكىچىلەر لاتىن ئامېرىكىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، يەر - زېمىنلارنى غالجىرلىق بىلەن بۇلاپ - تالاپ، مۇستەملىكە رايونلىرىدا فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى تىكلىدى. ئىسپانىيە مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھامىيلىق تۈزۈمىنى كەڭ يولغا قويدى. پادىشاھ يەر - زېمىننىلا ئەمەس، بەلكى ئىندىيانلارنى قەبىلە ياكى رايوننى بىرلىك قىلىپ، «بويسۇندۇرغۇچىلار»غا ھەدىيە قىلىپ بەردى، زور تۈركۈمدىكى ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلار ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى لاتىن ئامېرىكىسىدا «ھامىيلىق قىلغۇچى» دېگەن نام بىلەن ئىندىيانلارنىڭ كەڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ھەر خىل ئىمتىيازغا ئىگە قورۇقلارنى قۇردى. قورۇق تۈزۈمى ئىسپانىيە، پورتۇگالىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولۇپ، قورۇق ئىگىسى ئىندىيانلارنى «قوغداش» نامىدا ئۇلارنى دەھشەتلىك ئەزدى ۋە قۇل قىلدى. «قوغدالغان» ئىندىيانلار كىچىككىنە بىر پارچە يەر ئۈچۈن، يەر ئىگىسىنىڭ قورۇقىدا ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشقا ۋە يۇقىرى باھادىكى يەر ئىجارىسىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىندىيانلار ئەمەلىيەتتە يانچىلار ئىدى. 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى «ھامىيلىق» تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئىندىيانلار «ئەمگەك ئارقىلىق قەرز قايتۇرۇش تۈزۈمى»نىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. قورۇق ئىگىسى بۇ ياللانما دېھقانلارغا ئىنتايىن رەھىمسىزلىك قىلاتتى، ئىش ھەققىنى ئالدىن بېرىش ياكى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ماگىزىنىدىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۇلارنى قەرزنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولالمايدىغان قىلىپ قوياتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قەرزدار قۇل بولۇپ ئۆتەتتى.

ئېكىنزارلىق قۇللۇق تۈزۈم ئەنگلىيىنىڭ قوروق تۈزۈمىنىڭ يەنە بىر خىل ئىنگىلىش شەكلى بولۇپ، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىسى بولغان برازىلىيە، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋە ئىسپانىيە مۇستەملىكىسى بولغان جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرى قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ ھەم سۇبتىروپىك بەلباغ دېھقانچىلىق رايونىدا كەڭ يولغا قويۇلدى. ئېكىنزارلىقلاردا ئاساسەن شېكەر قومۇشى، پاختا، تاماكا، كاكائو قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلدى. ئېكىنزار غوجايىنلىرى كەڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋە شۇ يەردىكى بارلىق ئەمگەكچىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. دەسلەپتە، ئېكىنزارلىقلاردا ئىشلەيدىغانلار ئاساسەن ئىندىيانلار بولۇپ، ئۇلار ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ قۇلى ھېسابلىناتتى. غوجايىنلار ئۇلارنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالايتتى، زور تۈركۈمدىكى ئىندىيانلار ئېغىر ئەمگەك سەۋەبىدىن چارچاپ ئۆلۈپ كېتەتتى. كېيىن ئەمگەك كۈچلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقىدىن مىليونلىغان نېگىرلارنى يۆتكەپ كېلىپ، قۇللارنىڭ سانىنى تولۇقلىدى. ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1850 - يىلى قۇل سودىسى توختىتىلىشتىن بۇرۇن، برازىلىيەگە كىرگۈزۈلگەن نېگىر قۇللارنىڭ سانى 12 مىليونغا يەتكەن. غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋە برازىلىيە بىر مەھەل دۇنيا بويىچە قۇللار توپلاشقان ئەڭ چوڭ رايونغا ئايلانغانىدى. نېگىر قۇللار ئىنتايىن ۋەھشىيانە ئېزىلىشكە ئۇچراپ، بارلىق سىياسىي ھوقۇق ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكى تارتىۋېلىندى. ئۇلار ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر بولدى، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئادەتتە بىر قاۋۇل نېگىر ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن ئالتە - يەتتە يىلدىن كېيىنلا ئۆلۈپ كېتەتتى.

مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى قىممەت باھالىق مېتال كانلىرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كۈچىنىڭ بارىچە تالان - تاراج قىلىدىغان

ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ئۇلار ھەممىلا جايدا ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىنى ئىزدەپ، بايقىغان ھامان ئۇنى ئوردىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەپ جاكارلاپ، خۇسۇسىي كان ئاچقۇچىلارغا تاپشۇردى. كان ئېچىشقا ئاساسەن ئىندىيانلار بىلەن نېگىر قۇللارنى ئەمگەك كۈچى قىلىپ ئىشلەتتى. مېكسىكا، پېرۇ قاتارلىق جايلاردىكى كان رايونىدا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى «بۆلۈپ ئالۋانغا سېلىش تۈزۈمى»نى قوللاندى. (پېرۇدا «مىدا تۈزۈمى» دېيىلىدى)، بۇ خىل ئالۋان تۈزۈمىگە ئاساسەن، ھەر يىلى زور تۈركۈمدىكى ئىندىيانلارنى نۆۋەت بىلەن كان رايونىغا ھەيدەپ كېلىپ، ئەمگەككە سالدى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن مىقداردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش قېزىۋالدى. كان قېزىش ئەمگىكى ناھايىتى جاپالىق ئىدى، مۇستەملىكىچىلەر كان قازغۇچىلارغا ھايۋانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغاچقا، كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كېتەتتى، شۇڭا كان رايونىغا ھەيدەپ مېڭىلغان كىشىلەر ئۆز كەنتلىرىدىن ئايرىلغاندا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قايغۇرغان ھالدا ئالدىنئالا ئۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزەتتى. خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغلاردا مېكسىكىدىكى بەزى كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قانچە چاقىرىم ئارىلىقتا ئىندىيانلارنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق مەنزىرە شەكىللەنگەن. بىرازىلىيەدىكى مىناس گېرايىس ئالتۇن كېنىدىمۇ مۇشۇنداق مەنزىرە پەيدا بولغان. مۆلچەرلىنىشىچە، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىپ بىر ئەسىر ۋاقىت ئۆتمەيلا، قىرغىن قىلىنغان ۋە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىندىيانلارنىڭ سانى 13 مىليوندىن 15 مىليونغىچە يەتكەن. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوللىرىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر، ئىندىيانلارنىڭ دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاپپاق جەسەت سۆڭەكلىرى بەدىلىگە كەلگەنىدى. مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. يېزا ئىگىلىكىدە

ئىسپانىيە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلىرىنىڭ ئۈزۈم، زەيتۇن دەرىخى، زىغىر ئۆستۈرۈشكە يول قويماي، ئىسپانىيەنىڭ ئۈزۈم هارىقى، زەيتۇن مېيى، كاناپ رەختلىرىنى مۇستەملىكە رايونلىرىدا يۇقىرى باهادا ساتتى. ئۇلار مۇستەملىكە رايونلىرىدا بىر خىللا زىرائەت تېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پەقەت شېكەر قومۇشى، تاماكا، پاختا، كاكائو قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشقىلا يول قويۇپ، ئېكسپورتتا يۇقىرى پايدىنى كۆزلىدى. سانائەتتە مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ تۆمۈر رۇدىسى قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلىشىنى، ئىسپانىيە ئېكسپورت قىلالايدىغان مەهسۇلاتلار، مەسىلەن پاختا توقۇمىچىلىق ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق مەهسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشىنى چەكلىدى. پورتۇگالىيە برازىلىيەدە زاۋۇت قۇرۇشنى مەنئى قىلىپ، كىچىك كۆلەمدىكى ئۇستىخانىلاردا قوللارنىڭ كىيىملىرىنى تىكىشكە يول قويدى. ئۇلار مۇستەملىكە رايونلىرىدىن ئەرزان باهادا خام ئەشيا سېتىۋېلىپ، مۇستەملىكە خەلقىنى مۇستەملىكىچى دۆلەت سودىگەرلىرىنىڭ قولىدىن ياۋروپا تاۋارلىرىنى قىممەت باهادا سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئاقىۋەتتە مۇستەملىكىلەرنىڭ سانائىتى ناهايىتى قالاق هالەتتە قالدى.

مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر مۇستەملىكىلەرنىڭ سودا ئىشلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئۆز مۇستەملىكە دۆلىتىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن هەرقانداق شەكىلدە ئالاقە قىلىشىغا يول قويمىدى، هەرقايسى مۇستەملىكە جايلارنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىشىنىمۇ چەكلىدى. مۇستەملىكىلەرنىڭ سودىسىنى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ چوڭ سودىگەرلىرى مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، ئىنتايىن ئادىل بولمىغان ئالماشتۇرۇشنى يولغا قىيدى، ئۇلار سۈپىتى ناچار، باهاسى يۇقىرى هەمدە مۇستەملىكە خەلقى ئېهتىياجلىق بولمىغان تاۋارلارنى مۇستەملىكە خەلقىگە مەجبۇرلاپ سېتىپ،

ئارىدىن زور پايدا ئالدى. مۇستەملىكە خەلقى ھەر يىلى مۇستەملىكىچى دۆلەتكە ئېغىر باج، قىممەت باھالىق مېتال بۇيۇملارنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سودىنى مونوپول قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مۇستەملىكە قىلىنغان بايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلدى.

كاتولىك دىنى جەمئىيىتىمۇ مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولۇپ، ئىندىيانلارنى كونترول قىلىش، قۇل قىلىشنىڭ مەنىۋى قورالىغا ئايلاندى. چېركاۋلار ھەممە يەرنى قاپلاپ، ھەرقايسى مەزھەپتىكى مىسسىيونېرلار ئىندىيانلارنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بىخۇدلاشتۇرماقچى بولدى. دىنىي جەمئىيەت دىنىي كېسىمخانا قۇرۇپ، غەيرىي ئەقىدىدىكىلەرنى باستۇردى. مۇستەملىكىلەردىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى دىنىي جەمئىيەت قاتتىق تىزگىنلىدى. سىرتقى جايلاردىن كىرگەن مەتبۇئات بۇيۇملىرى دىنىي جەمئىيەتنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى، كاتولىك دىنىي ئەقىدىلىرىگە ماس كەلمەيدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر دىنىي كېسىمخانىنىڭ رەھىمسىز جازاسىغا ئۇچرىدى. دىنىي جەمئىيەت مۇستەملىكىلەردىكى ئەڭ چوڭ فېئودال ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى بولۇپ، مۇستەملىكىلەردىكى يەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى شۇلارغا تەۋە ئىدى، يەنە تېخى ئۆشرە بېجى يىغاتتى.

ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى نەتىجىسىدە، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى ۋە دەپسەندە قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

## (2) مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كرىزىسى

مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئۇزاق ۋاقىت بوغۇپ قويالمىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىدا كۆرۈنەرلىك ئۆسۈش بارلىققا كەلدى. بەزى شەھەرلەردە قول سانائەت ئۇستىخانىلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ، تۇرلۇك تۆمۈر جابدۇقلار، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئۆي جاھازلىرى، كۆن ـ خۇرۇم، مىلتىق دورىسى، ئەينەك قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مېكسىكىنىڭ كېرىتارو بازىرىدىلا 18 قول سانائەت ئۇستىخانىسى ۋە 300 دىن ئارتۇق كىچىك دۇكان بارلىققا كېلىپ، 1280 توقۇش ماشىنىسى ئىشقا سېلىنىپ، 900 ئىشچى ئىشلىدى. مۇستەملىكە رايونلىرى ئىشلەپچىقارغان بوياق، قومۇش شېكىرى، پاختا، ھايۋان تېرىسى ۋە كۆك تاماكا ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بازار تېپىشقا باشلىدى. پاناما ۋە بوئېنوس ئايرېس قاتارلىق جايلاردا كېمىسازلىق سانائىتى تەرەققىي قىلدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولۇۋاتقان بىرازىلىيەدىمۇ توقۇمىچىلىق، كېمىسازلىق قاتارلىق بىر قاتار قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كەلدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇستەملىكە خەلقى ئەركىن سودا شوئارىنى توۋلاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. مۇستەملىكىچى دۆلەت بەزى سودا چەكلىمىسىنى بوشىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، 1774 ـ يىلى ئىسپانىيە پەرمان چۈشۈرۈپ ھەرقايسى مۇستەملىكىلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىشىغا يول قويدى. 1778 ـ يىلى ھەرقايسى مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچى دۆلەت

بىلەن ئەركىن سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى تېخىمۇ جانلىنىپ، بوئېنوس ئايرېس، كاراكاس قاتارلىق ئىقتىسادىي مەركەزلەر بارلىققا كەلدى. سودىگەرلەرنىڭ سانىمۇ تېز كۆپەيدى، بوئېنوس ئايرېستا 1738 ـ يىلى 75 سودىگەر بولغان بولسا، 1778 ـ يىلى كۆپىيىپ 635 گە يەتتى. نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ مەبلىغى 20 ـ 30 يىل ئىچىدە 10 ھەسسە، ھەتتا 50 ھەسسە ئاشتى. سودا كاپىتالىنىڭ تەرەققىياتى مۇستەملىكىلەرنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش رولىنى ئوينىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت مىقدارىنىڭ ئېشىشى چوڭ قۇرۇقلۇق دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە كارىپ دېڭىزى ئېكىنزارلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قوزغالغان «كاكائو قىزغىنلىقى» تۈپەيلىدىن، ۋېنسۇئېلاندىكى كاراكاس ئۆلكىسىدىلا كاكائو ئېكىنزارلىقى 1444 كە يېتىپ، ھەر يىلى 8 مىليون 70 مىڭ كىلوگىرام كاكائو ئېكسپورت قىلدى. بۇنداق چوڭ ئېكىنزارلىقلار «قۇللۇق تۈزۈم ئۈستىگە قۇرۇلغان» بولۇپ، نېگىر قۇللارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما، ئېكىنزار خوجايىنلىرى بۇ ئېكىنزارلىقلارنى «جان بېقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سودا كارخانىسى قۇرۇش ئۈچۈن بەرپا قىلغان»[①].

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تېز راۋاجلانغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر كۈچىنىڭ بارچە قوغدىغان قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىپ، مۇستەملىكە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈرۈشى يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 16 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى

---

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 26 ـ توم، 2 ـ قىسىم، 265 ـــ، 340 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

300 مىڭ نوپۇس بىۋاسىتە ئىسپانىيەدىن كەلگەن ئەمەلدارلار، يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلار، چوڭ سودىگەرلەر ۋە چوڭ پومېشچىكلار ئىدى. بۇ «پېرىم ئاراللىقلار» (ئىسپانىيە ياۋروپانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پىرىنىيۇس يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان بولغاچقا، «پېرىم ئاراللىقلار» دېگەن نامى بار) مۇستەملىكىلەرنىڭ مەمۇرىيەت، ھەربىي، سوت ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار مۇستەملىكە جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانى، ئەزگۈچىلەر ھېسابلىناتتى. ئۇلاردىن قالسا، شۇ جايلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن 3 مىليون ئاق تەنلىك (كلېئولار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بار بولۇپ، ئۇلار ئىسپانىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلار مۇستەملىكىلەرنىڭ كۆپ ساندىكى زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، مۇستەملىكە جەمئىيىتىنىڭ پومېشچىكلار گورۇھى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئۇلار ھەم ئەمگەكچى خەلقنى ئېزەتتى، ھەم مۇستەملىكىچى دۆلەت بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى. ئۇلار نامدا «پېرىم ئاراللىقلار» بىلەن باراۋەر، ئوخشاشلا مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەمۇرىي ئورگان، ھەربىي ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ سىرتىغا قويۇلاتتى. ئىسپانىيە لاتىن ئامېرىكىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ۋەزىپە ئۆتىگەن 170 باش ۋالىي ئىچىدە ئاران تۆت نەپىرى يەرلىك ئاق تەنلىك ئىدى. مۇشۇنداق كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىش سەۋەبىدىن، ئۇلار بىلەن مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ مۇستەملىكە ئورگانلىرى ئارىسىدا سۈركىلىش ۋە توقۇنۇش دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا، مۇستەملىكىلەردىكى ئەڭ دەسلەپكى سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسى پەيدا بولدى، پومېشچىكلار ئارىسىدىمۇ دۇنيا

بازىرى بىلەن ئالاقىسى بار ئېكىنزار غوجايىنلىرى گۇرۇھى بۆلۈنۈپ چىقتى، ئۇلار مۇستەملىكىچى دۆلەت دائىرىلىرىنىڭ مۇستەملىكىلەردىكى سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھاكىمىيەتكە تايىنىپ يوغۇپ قويۇشىغا نارازى بولۇپ، بارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئەركىن سودا قىلىشنى ۋە مۇستەملىكىچى دۆلەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ «ئامېرىكا قىتئەسىلىك» دېگەن مىللىي ئېڭى بارغانسېرى كۈچىيىپ، مۇستەقىلچىلەر تەرەپدارلىرى بارلىققا كەلدى، كېيىن بۇلار مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىكى رەھبىرىي كۈچكە ئايلاندى. ئىسپانىيەلىكلەر ئىندىيانلارنىڭ شالغۇت ئەۋلادلىرى مىستىيۇلار دەپ ئاتالدى، ئىسپانىيەلىكلەر بىلەن نېگىرلارنىڭ شالغۇت ئەۋلادلىرى مولاتلار دەپ ئاتالدى، نېگىرلار بىلەن ئىندىيانلارنىڭ شالغۇت ئەۋلادلىرى سامباۋلار دەپ ئاتالدى. بۇ شالغۇتلارنىڭ نوپۇسى 5 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، مۇستەملىكە جەمئىيىتىنىڭ كەڭ ئەمگەكچى ئاممىسىنى، يەنى قول ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر، ئەركىن چارۋىچىلارنى تەشكىل قىلغانىدى، ئاز ساندىكىلىرى تۆۋەن قاتلامدا پوپ بولۇپ ئىشلىگەنىدى. شالغۇتلار نامدا ئەركىن ئادەم ھېسابلانسىمۇ، ئەمما قانۇنىي پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىمۇ تۇراقسىز بولۇپ، ھەر ۋاقىت ۋەيران بولۇش ئېھتىمالى بار ئىدى، ئۇلار ھەرخىل كەمسىتىشلەرگە ئۇچراپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلار مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە مۇھىم كۈچ ھېسابلىناتتى. مۇستەملىكىلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان ئىندىيانلار بىلەن نېگىرلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر بولۇپ، ئىندىيانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجارىكەش دېھقانلار ۋە قەرزدار قۇللار ئىدى، نېگىرلار ئاساسەن ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇلار مىللىي زۇلۇم، سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئىرقىي زۇلۇمغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان بولغاچقا، ئىنقىلابىيلىقى كۈچلۈك،

ئىرادىسى مۇستەھكەم ئىدى. ئىندىيانلار بىلەن نېگىر قۇللار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقىغا چىدىماي، ئۈزۈكسىز كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىندىيانلارنىڭ قوزغىلىڭى دائىم ئىنكا دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شوئارى ئاستىدا يۈز بەردى. 1742 ـ يىلى پېرۇدا نەچچە ئون مىڭ ئىندىئان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلار، پومېشچىكلار ۋە مىسسىيونېرلارنى ئۆلتۈردى ۋە قوغلاپ چىقاردى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى خۇئان سانتوس ئۆزىنى «ئىنكا ئىمپېرىيەسى» ھۆكۈمرانىنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاپ، ئىنكا دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قىلدى. 1780 ـ يىلى پېرۇدىكى ئىندىيانلار كوندور كانچوينىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىندىيانلارنى مۇستەقىل «ئىنكا ئىمپېرىيەسى» قۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى نەچچە ئون مىڭغا يېتىپ، پېرۇنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئىگىلەپ تۇردى. بۇ قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىز پۈكمەس ئىنقىلابىي روھىنى نامايان قىلدى.

بىرازىلىيەنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ئىسپانىيە مۇستەملىكىلىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئوخشىمايدىغىنى، بىرازىلىيەدىكى 3 مىليون نوپۇسنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان نېگىر قۇللار ئېكىنزار غوجايىنلىرىغا قارشى كۈرەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. 1630 ـ يىلى 20 مىڭدىن ئارتۇق نېگىر پالما ئورمانلىقىغا توپلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بامارىئوس دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، پورتۇگالىيە مۇستەملىكە ھۆكۈمىتىنىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا قارشى تۇرۇپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بىرازىلىيەدىكى كۆپلىگەن نېگىر قۇللار مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئاساسىي كۈچ بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالدى.

مۇستەملىكە جەمئىيىتىدە مىللىي زۇلۇم، سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئىرقىي كەمسىتىش مەۋجۇت بولۇپ، بۇ زىددىيەتلەر بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى، ئەمما، بۇلارنىڭ ئىچىدە، مىللىي زىددىيەت شۇ چاغدىكى مۇستەملىكە جەمئىيىتىدە ئاساسلىق زىددىيەت ئىدى. ئىندىيانلار، نېگىرلار، شالغۇتلار بىلەن يەرلىك ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورۇننى ئوخشىماسلىق، سىنىپىي، ئىرقىي زىددىيەت مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئورتاق مىللىي زۇلۇمغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئورتاق ئارزۇسى بار ئىدى. دەل مۇشۇ ئارزۇ مۇستەملىكە خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسىي دۈشمەن بولغان ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارىتىپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

18 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە ئامېرىكا، فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، مۇستەملىكىلەردە بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي زىيالىيلار بارلىققا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە شەخسلەر فىرانسىيە ياكى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەردە تەربىيە ئالغان بولۇپ، ئاقارتىش مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەلىماتى ۋە ئەسەرلىرى، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخى بىلەن تونۇش ئىدى، ئىنقىلابىي زىيالىيلار مۇشۇ كىشىلەرنى يادرو قىلىپ، مۇستەملىكىلەردە بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، مۇستەقىللىقنى

www.uyghurkitap.com

قولغا كەلتۈرۈشنىڭ جامائەت پىكرى تەييارلىقىغا كىرىشتى ھەم مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. كولومبىيەلىك نارىنو (1769 ـــ 1822) 1794 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نىڭ ئىسپان تىلىدىكى نۇسخىسىنى بېسىپ تارقاتتى. چىلى جۇمھۇرىيەت تەرەپدارى روفاس (1743 ـــ 1816) ياۋروپادىن نۇرغۇن كىتابلارنى ئېلىپ كېلىپ، چىلىدا مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ۋە «ئېنسىكلوپېدىيە»نى ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلدى. ۋېنسۇئېلالىق مىراندا (1750 ـــ 1816) ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا قاتناشقان، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان بولۇپ، كېيىن مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئىدىيەۋى تەييارلىق بىلەن تەمىنلىدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپانىڭ خەلقئارا مۇھىتىمۇ لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. 1796 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئىسپانىيە فىرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قامال قىلىشى سەۋەبىدىن، ئىسپانىيەنىڭ سودا ئىشلىرى كاساتلاشتى. 1807 ـ يىلى پورتۇگالىيە بىلەن ئىسپانىيە ناپولېئوننىڭ «چوڭ قورۇقلۇقنى قامال قىلىش سىستېمىسى»غا نائىلاج ئەزا بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا بولغان كونتروللۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسپانىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەملىكىلىرىگە قاراتقان كونتروللۇقى بوشىشىپ قالدى، بۇلار لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق بولدى.

# 2 ـ بۆلۈم هايتى ئىنقىلابى

هايتى ئەسلىدە ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئارالغا قول سوزدى، ئىسپانىيە 1697 ـ يىلىدىكى رىسۋىيك شەرتنامىسىگە ئاساسەن هايتىنى فىرانسىيەگە بۆلۈپ بەردى.

فىرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى هايتىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، باش ۋالىي ۋە كاتولىك دىنى باش ئېپىسكوپى باشچىلىقىدىكى مۇستەملىكە هۆكۈمرانلىق ئورگىنى قۇرۇپ، بىر قاتار قۇل قىلىش خاراكتېرىدىكى قانۇن ـ پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ۋەهشىيلەرچە قۇللۇق تۈزۈمنى يۈرگۈزدى. ئۇلار هايتىدا شېكەر قومۇشى، قەهۋە، نىل بوياق قاتارلىق ئىسسىق بەلباغ زىرائەتلىرى ئۆستۈرۈلىدىغان چوڭ ئېكىنزارلىقلارنى قۇردى. ئارالنىڭ يەرلىك ئاهالىسى بولغان ئىندىيانلار قىرىلىپ تۈگەي دەپ قالغاچقا، فىرانسىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئافرىقىدىن زور تۈركۈمدىكى نېگىر قۇللارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئېكىنزارلىقنىڭ ئېغىر ئەمگىكىگە سالدى. نېگىرلارنىڭ قان ـ تەرىنىڭ بەدىلىگە مۇستەملىكىچىلەر زور بايلىققا ئېرىشتى. شۇ چاغلاردا هايتى دۇنيادىكى ئەڭ باي ئىسسىق بەلباغ مۇستەملىكە رايونىغا ئايلىنىپ، غەرب بازارلىرىدىكى شېكەر ۋە قەهۋەنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشلەپچىقاردى، ئۇنىڭ ئېكسپورت سودا سوممىسى فىرانسىيە مۇستەملىكىلىرى ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغدا ئارالدىكى فىرانسىيە ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ هەشەمەتلىك سارايلىرى، ئالتۇندىن هەل بېرىلگەن ئات هارۋىسى ۋە توپ ـ توپ دېدەك ـ چاكارلىرى بولۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن.

فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، چوڭ ئېكىنزار خوجايىنلىرى، چوڭ سودىگەرلەر، ئوفىتسېرلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيلارنى قوشقاندا جەمئىي 40 مىڭ ئەتراپىدىكى ئادىمى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، پۈتۈن ھايتىنىڭ ئىقتىسادىي تومۇرىنى تىزگىنلەپ، ھايتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە دىنىي جەمئىيەتتىكى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ھايتىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى ھېسابلىناتتى. ھايتى نوپۇسىنىڭ ئوندىن توققۇزىنى ئىگىلەيدىغان نېگىر قۇللارنىڭ سانى 480 مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى تارتىۋېلىنىپ، تەقدىرى ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە قېچىپ كېتىش كۈرەشلىرى ئۈزۈلمىدى. شالغۇتلار ۋە ئەركىن نېگىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئادەم سانى 30 مىڭغا يېتىدىغان ئەركىن رەڭلىك ئىرقلارنىڭ ئاز مىقداردىكى بېرى بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىدى. ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قاتتىق چەكلىمىسى ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرايتتى، قانۇندا ئۇلارنىڭ ھەربىي قوشۇن ۋە ئاممىۋى ئورگانلاردا ۋەزىپە ئۆتىشى چەكلەنگەن بولۇپ، ياقۇت ئىشلىتىلگەن زىبۇ زىننەت تاقىشىغا، ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇشىغا، ھەتتا پارىژغا ساياھەتكە بېرىشىغا يول قويۇلمايتتى. نېگىر قۇللار، ئەركىن رەڭلىك ئىرقلار بىلەن فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئارىسىدا ساقلانغان ئۆتكۈر زىددىيەت تەرەققىي قىلىپ ھايتى ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

ھايتى ئىنقىلابى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە پارتلىدى. ھايتىدىكى ئەركىن رەڭلىك ئىرقلار 1789 ـ يىلى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئېلان قىلغان ئەركىن باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن فرانسىيە

ھۆكۈمىتىدىن ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش پۇقرالىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1790 ــ يىلى ۋىنسېنت ئوخىنىڭ رەھبەرلىكىدە رەڭلىك ئىرقلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى تايانچىسىز بولغاچقا، تېزلا باستۇرۇۋېتىلدى، ۋىنسېنت ئوخقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

1791 ــ يىلى ھايتىدىكى ئەركىن رەڭلىك ئىرقلار بۇئوكماننىڭ رەھبەرلىكىدە يەنە بىر قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا نۇرغۇن نېگىر قۇللار قاتناشقانلىقتىن، ناھايىتى تېز كېڭىيىپ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ۋە قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشكە ئايلاندى. قەلبى ئۆچمەنلىككە تولغان نېگىر قۇللار ئېكىنزارلىقلارنى كۆيدۈرۈپ، ئېكىنزار غوجايىنلىرىنى ئۆلتۈردى. شۇ چاغدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ خاتىرىلىشىچە، قوزغىلاڭ پارتلاپ ئىككى ئاي ئىچىدىلا، تەخمىنەن 2000 ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچى ئۆلتۈرۈلگەن، 180 شېكەر قومۇشى ئېكىنزارلىقى ۋە 900 قەھۋە ۋە نىل بوياق ئېكىنزارلىقى بۇزۇۋېتىلگەن. ئېكىنزار غوجايىنلىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ، سانتو دومىنگو ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى ئىسپانىيە مۇستەملىكىسىگە ياكى غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىغا قېچىپ بېرىۋالغان. مەشھۇر نېگىر رەھبەر دۇسسان رووېدول (1743 — 1803) بۇ قېتىملىق ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلدى. دۇسسان رووېدول ئەسلىدە ئېكىنزار غوجايىنىنىڭ قۇلى ۋە ھارۋىكىشى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا ئاقارتىش مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلىپ، زۇلمەتلىك مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە مۇدھىش قۇللۇق تۈزۈمگە نەپرەتلىنەتتى. ئۇ قۇللار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىش جەريانىدا تەدرىجىي تاۋلىنىپ، نېگىر قۇللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان ھەربىي

تالانتقا ئىگە رەھبەر بولۇپ يېتىشتى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا زورىيىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھايتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىنىنى ئىگىلىدى.

ئاралدىكى چوڭ ئېكىنزار غوجايىنلىرى فىرانسىيەنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا تايىنىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى، نېگىر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قورال ـ ياراغلىرى كەمچىل، جابدۇقلىرى ناچار بولسىمۇ، ئۇلار مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن جەڭ قىلغاچقا، جاسارىتى ئۈستۈن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، ئاخىرىدا فىرانسىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

بۇ چاغدا، سانتو دومىنگو ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى ئىسپانىيەلىكلەر فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاق بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھايتىنى قايتىدىن ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە، قۇللارنى ئازاد قىلىش نامى بىلەن، 1793 ـ يىلى ھايتىغا قوشۇن ئەۋەتتى، دۈسسان ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىۋېلىپ، 1794 ـ يىلى ئىسپانىيە قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئارالنىڭ شەرقىي قىسمىنىمۇ ئازاد قىلدى. قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چوڭ ئېكىنزار غوجايىنلىرى ئەنگلىيەدىن قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. فىرانسىيە بىلەن دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىۋاتقان ئەنگلىيە بۇنى ھايتىنى بېسىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، ھايتىغا 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. ئەنگلىيە قوشۇنى ھايتىدا قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، نېگىر قۇللار ۋەتەن زېمىنىنى قوغداش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. 1798 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئەنگلىيە قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، دۈسسان بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، ھايتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن نېگىر قوزغىلاڭچىلار پۈتۈن ئارالنى ئىگىلىدى.

1801 - يىلى دۇسسان رووۋېدول ھايتىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى. ئاساسىي قانۇندا: قۇللۇق تۈزۈمىنى رەسمىي بىكار قىلىش، بارلىق ئىرقلار بىردەك باراۋەر بولۇش، خۇسۇسىي مال - مۈلۈك دەخلى - تەرۆزگە ئۇچرىماسلىق، سودا ئەركىنلىكىگە يول قويۇش، ھايتىنىڭ مۇستەقىللىقىغا چەت ئەللەرنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىق قاتارلىقلار بەلگىلەندى. دۇسسان رووۋېدول ئۆمۈرلۈك باش ۋالىيلىققا سايلاندى.

1799 - يىلىدىن 1801 - يىلىغىچە دۇسسان رووۋېدول باشچىلىقىدىكى ھايتى يېڭى ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت بىرقانچە تۈرلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. بىرىنچى، قېچىپ كەتكەن ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇلارنى قوزغىلاڭچى ئوفىتسېرلار ۋە يېرى يوق نېگىرلارغا تەقسىملەپ بەردى. ئەمما، بۇ يەرلەر نوپۇس بويىچە تەقسىم قىلىنمىغاچقا، يەككە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەندىن باشقا، بىر تۈركۈم نېگىر ئېكىنزار خوجايىنلىرى مەيدانغا كەلدى. دۇسسان رووۋېدولنىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلاردىن دېسالىن بىلەن كىرىستون بىر قولدىن نەچچە يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇلى بار، بىرقانچە ئون ئېكىنزارلىقنىڭ غوجايىنىغا ئايلاندى. ئىككىنچى، قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، ئازاد بولغان قۇللار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن غوجايىنلارغا ياللىنىپ ئىشلىدى. ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى. ئۈچىنچى، سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. سودا ئەركىنلىكى تەشەببۇس قىلىنىپ، باج نىسبىتى تۆۋەنلىتىلدى. تاشيوللار ياسىلىپ، ئات ھارۋىسى ترانسپورتى راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ تەدبىرلەر ھايتىنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

ھايتى مۇستەقىللىق جاكارلىغان ۋاقىت، دەل ناپولېئون ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى. فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ھايتىنى قايتىدىن بېسىۋېلىپ، ئارالدا ئېكىنزار قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ناپولېئون ئەنگلىيە بىلەن زومىگەرلىك تالىشىش ئۈچۈن، ھايتىنى بازا قىلىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدە فىرانسىيە مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسى قۇرۇشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. ناپولېئون سىڭلىسىنىڭ ئېرى گېنېرال لىكسەيرنى 1801 ـ يىلى 54 ھەربىي كېمە ۋە 30 مىڭغا يېقىن ئەسكەر بىلەن ھايتىغا ئەۋەتتى. لىكسەير ھايتىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، كۆپ قېتىم «جازا يۈرۈشى» قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سىياسىي سۇيىقەست پىلانلىدى. 1802 ـ يىلى، ئۇ «تىنچلىق سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن دۇسسان رووۋېدولنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىگە قارىماي دۇسساننى قولغا ئېلىپ، كويزا ـ كىشەن سېلىپ، فىرانسىيەگە ئېلىپ كەلدى. نېگىر قۇللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جەڭ قىلغان بۇ جەڭچى 1803 ـ يىلى فىرانسىيە تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنىڭ ھايتىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا چوڭقۇر ئىشەنچىسى بارلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: «مېنى ئۆلتۈرگىنىڭلار سانتو دومىنگودىكى بىر تۈپ ئەركىنلىك دەرىخىنى يىقىتقىنىڭلارغا باراۋەر، ئەمما بۇ دەرەخ قايتىدىن كۆكلەپ ياشنايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى بەك چوڭقۇر.»

دۇسسان رووۋېدولنىڭ تۇتۇپ كېتىلىشى ھايتى ئىنقىلابى ئۈچۈن زور يوقىتىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما دۇشمەننىڭ رەزىل سۇيىقەستى ھايتى خەلقىنى بويسۇندۇرالمىدى، ھايتى خەلقى تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. نېگىرلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە ئىسسىق بەلباغ سېرىق

قىزىتما كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى فىرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. ھايتى فىرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلاندى. 1803 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، فىرانسىيە قوشۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ناپولېئون ھايتىنى قايتا بويسۇندۇرۇشقا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەۋەتكەن 43 مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ 35 مىڭى ئۆلۈپ تۈگىدى، لىكسەيرمۇ يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلدى. فىرانسىيە فىلوتى قېپقالغان 8000 قېرى ـ چۆرىلەر ۋە ئاجىز ـ مېيىپ ئەسكەرلىرىنى كېمىگە بېسىپ ئارالدىن ئايرىلدى، قايتىش سەپىرىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە ھالاك بولدى.

فىرانسىيە قوشۇنىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، 1803 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھايتى خەلقى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ماقۇللاپ، «سانتو دومىنىگونىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلاپ، بىز ئۆزىمىزنىڭ غۇرۇرىنى قايتۇرۇۋالدۇق، ھوقۇقىمىزنى قوغدىدۇق؛ بىز ھوقۇقىمىزنى ھەرقانداق كۈچلۈك دۆلەتكە مەڭگۈ تارتقۇزۇپ قويماسلىققا قەسەم قىلىمىز» دەپ جاكارلىدى. 1804 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تۇنجى بولۇپ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلغان دۆلەت سانتو دومىنىگو ئارىلىدا رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلاندى ھەمدە ئىندىيانلارنىڭ ئەنئەنىۋى نامى «ھايتى»نى دۆلەت نامى قىلىپ تاللىدى.

ھايتى ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىپ، لاتىن ئامېرىكىسى خەلقىنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ئىشەنچىسى ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بەردى ھەمدە كۈرەش قىلىش ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

www.uyghurkitap.com

## 3 ـ بۆلۈم ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى (1826 ـ 1810)

هايتى ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇشى پارتلاپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى.

1808 ـ يىلى فىرانسىيە قوشۇنى ئىسپانىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، پادىشاھ كارلوس IV نى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى، ناپولېئوننىڭ ئاكىسى جوسېف ئىسپانىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى.

1810 ـ يىلى فىرانسىيە قوشۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىسپانىيەنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى بېسىۋالدى، ئىسپانىيەنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. بۇ خەۋەر ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سىگنالىغا ئايلىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇنىڭ بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىسپانىيە مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى باشلاندى.

ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئاساسلىق مۇنداق ئۈچ ئۇرۇش مەيدانىغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، ۋېنسۇئېلانى مەركەز قىلغان جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى ئۇرۇش مەيدانى؛ ئىككىنچى، لاپلاتانى مەركەز قىلغان جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇش مەيدانى؛ ئۈچىنچى، مېكسىكىنى مەركەز قىلغان شىمالىي

ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا ئۇرۇش مەيدانى.

## 1. ۋېنسۇئېلانى مەركەز قىلغان جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

ۋېنسۇئېلانى مەركەز قىلغان جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمى ئىسپانىيە مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئەڭ بۇرۇن پارتلىغان، ئۇرۇش ئەڭ كەسكىن بولغان رايوندۇر.

مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى، ۋېنسۇئېلالىق مىراندا (1750 — 1816) ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، چەت ئەللەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ۋېنسۇئېلانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە ئاشۇرۇش ئارزۇسىدا بولدى. 1806 - يىلى، ئۇ ئامېرىكىدا بىر يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتى تەشكىللەپ، ۋېنسۇئېلانىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن ھۇجۇم قىلىپ قۇرۇقلۇققا چىقتى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى دۆلەت ئىچىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولدى.

1810 - يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىسپانىيەنى بېسىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ۋېنسۇئېلاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پايتەخت كاراكاستا 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار ئىسپانىيەلىك مۇستەملىكىچى ئەمەلدارلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، يېڭى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى. يېڭى ھۆكۈمەت يەرلىك ئاق تەنلىكلەردىن تەشكىللەندى، ئۇلار ئەدلىيە ئورگانلىرى، ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، سودا، باج قاتارلىق ساھەلەردە ئىسلاھات ئېلىپ باردى، يەنە قۇللارنى ئېلىپ - سېتىشنى چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈردى. 1810 - يىلى 12 - ئايدا، مىراندا ۋېنسۇئېلاغا قايتىپ كېلىپ

«ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىسى»غا رەھبەرلىك قىلىپ، مۇستەقىللىق ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىنقىلابنى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىغا باشلاپ مېڭىشقا تىرىشتى. 1811 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېڭىدىن سايلاپ چىقىلغان مىللىي پارلامېنت يىغىنى چاقىرىلدى. 7 ـ ئايدا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ماقۇللىنىپ، ۋېنسۇئېلا مۇستەقىل بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى، مىراندا باشچىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىلدى. ئەمما، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدىغان كونكرېت چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانمىدى ھەمدە ئىسپانىيە ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن تازىلىمىدى. 1812 ـ يىلى باھاردا، كاراكاس قاتارلىق جايلاردا بەختكە قارشى يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، ئەكسىيەتچى كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مالىمانچىلىق تۇغدۇردى، بۇ چاغدا كارىپ دېڭىزى قىرغىقىدىكى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇمھۇرىيەتكە ھۇجۇم قوزغىدى. جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى ئەسلىدىلا ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر ئىختىلاپ يۈز بەرگەچكە، جۇمھۇرىيەت قوشۇنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولدى، 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مىراندا ئىسپانىيە قوشۇنى بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، قورال تاشلاشقا قوشۇلدى، ۋېنسۇئېلانىڭ بىرىنچى جۇمھۇرىيىتى ئاخىر مۇشۇنداق ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى، مىراندامۇ قولغا ئېلىنىپ، كېيىن ئىسپانىيەدىكى تۈرمىدە ئۆلدى.

جۇمھۇرىيەت دەسلەپىدىلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ۋېنسۇئېلا ئىنقىلابچىلىرى كۈرەش قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى. ئۇلار تۇنجى جۇمھۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى

بولغان سىمون بولىۋار (1783 — 1830)نىڭ رەھبەرلىكىدە كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى. بولىۋار كاراكاستىكى يەرلىك ئاق تەنلىك پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا ياۋروپادا بىلىم ئېلىپ، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، 1 - جۇمھۇرىيەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بولىۋار نۇرغۇن خېيىم - خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىسپانىيەنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يېڭى گىراناداىكى كارتاگېنا شەھىرىگە بېرىپ، نەچچە يۈز كىشىلىك ئەترەت تەشكىللەپ، 1813 - يىلى قايتىدىن ۋېنسۇئېلاغا يۈرۈش قىلدى ھەمدە ۋېنسۇئېلانىڭ غەربىي قىسمىنى ئازاد قىلىپ، كاراكاسنى ئوڭۇشلۇق ئىگىلىدى. 1814 - يىلى 1 - ئايدا ۋېنسۇئېلا 2 - جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما، بولىۋار يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىنى قاناھەتلەندۈرىدىغان چارە - تەدبىرلەرنى قوللانمىدى ھەم ۋېنسۇئېلادىكى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا تىرىشمىدى. 1814 - يىلى يازدا، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئۇچرىغان ھەم يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىۋاتقان شالغۇت ئىرق — يانوس كۆچمەنلىرى تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇمھۇرىيەت قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى، جۇمھۇرىيەت قوشۇنى جەڭلەردە كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ، جۇمھۇرىيەت يەنە ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، بولىۋار نائىلاج چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.

ناپولېئون ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئىسپانىيە پادىشاھى فېرناندو Ⅶ پادىشاھلىق تەختىگە قايتا ئولتۇردى. 1815 - يىلى ئۇ جاللات دەپ نام ئالغان مورىلېي باشچىلىقىدىكى 10مىڭ كىشىلىك «جازا يۈرۈشى قىلىش ئەترىتى» نى ئامېرىكا قىتئەسىگە ئەۋەتتى. 4 - ئايدا موررىلېي ۋېنسۇئېلاغا يېتىپ بېرىپ، ئىنقىلابچىلارنى ئىنتايىن قەبىھلىك بىلەن باستۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئەمما، ئىنقىلابچىلار يەنىلا كۈرەش قىلىشتىن ۋاز كەچمىدى. ھايتىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بولىۋار ھايتى جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوركۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، قايتىدىن ئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىللەپ، 1816- يىلى 3 ـ ئايدا ۋە 11 ـ ئايدا ئىككى قېتىم ھايتىدىن قوشۇن باشلاپ ۋېنسۇئېلاغا قايتىپ كەلدى. ئاخىرقى قېتىم ئۇ بىر ۋەتەنپەرۋەر زاتنىڭ ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ زور قوشۇنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان كاراكاسقا ھۇجۇم قىلماي، باشتا ۋېنسۇئېلانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئورىنوكو دەرياسى بويىدىكى مۇداپىئەلىنىشكە ئوڭاي رايونلارنى ئىگىلەپ، مۇستەھكەم تايانچ بازا قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. بۇ قېتىم بولىۋار ئىلگىرىكى كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەتنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. مەسىلەن، 1816 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش قانۇنىنى ئېلان قىلدى، 1817 ـ يىلى ئىسپانىيە پادىشاھ ئوردىسى ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يەر ـ زېمىنىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بۇ يەر ـ زېمىنلارنى ئىنقىلابقا قاتناشقان ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى. بۇ تەدبىرلەر ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، زور تۈركۈمدىكى قۇللار، دېھقانلار، يايلاقلاردىكى چارۋىچىلار بەس ـ بەس بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قوشۇلۇپ، مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن بولىۋارنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ كۈچى تېز سۈرئەتتە زورايدى. 1818 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، بولىۋار ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان رايوندا ۋېنسۇئېلا 3 ـ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

1819 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، بولىۋار يۈرەكلىك ھالدا بىر ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاندىس تېغىدىن ئۆتۈپ كولومبىيەگە

تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئېگىز تاغدىن ئۆتۈش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى، ھەتتا نۇرغۇن ئاتلار ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇن باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. جاپالىق ھەربىي يۈرۈش ۋە نۇرغۇن جەڭلەردىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاخىر كولومبىيە رايونىنى ئازاد قىلدى.

1819 - يىلى 12 - ئايدا كولومبىيە، ۋېنېسۇئېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان «كولومبىيە جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، بولىۋار قوشۇن باشلاپ داۋاملىق جەڭ قىلدى. 1821 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇنىڭ قوشۇنى كاراكاسقا بۆسۈپ كىرىپ، مۇستەملىكىچى قوشۇن ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقاتتى. 1822 - يىلى ئېكۋاتورنىڭ پايتەختى كىتونى ئىگىلىدى. ئېكۋاتور، ۋېنېسۇئېلا، كولومبىيە ئۈچ دۆلەت بىرلىشىپ، «بۈيۈك كولومبىيە» جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، بولىۋار جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.

## 2. لاپلاتانى مەركەز قىلغان جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونلىرىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

لاپلاتا رايونى ئىقتىسادى بىرقەدەر قالاق، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى كۈچلىرىمۇ بىرقەدەر ئاجىز رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. 1810 - يىلىنىڭ بېشىدا، لاپلاتا رايونىدا يەرلىك ئاق تەنلىكلەر مەخپىي ئۇيۇشما قۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى 5 - ئايدا، فىرانسىيەنىڭ ئىسپانىيەنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بوئېنوس ئايرېستىكى يەرلىك ئاق تەنلىكلەر دەرھال نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئىسپانىيە تەيىنلىگەن باش ۋالىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەرلىك ئاق تەنلىكلەر

رەھبەرلىكىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى، قوشنا ئۆلكىلەرمۇ بۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشتى. 1811 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پاراگۋايدا يەرلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلار ئىسپانىيە تەيىنلىگەن ئۆلكە باشلىقىنى قولغا ئېلىپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇردى ھەمدە 8 ـ ئايدا مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 2 ـ يىلى ئۇرۇگۋايدىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. لاپلاتانىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى ھۆكۈمەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن يەرلىك ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى باي سودىگەرلەر، چوڭ پومېشچىكلار، چوڭ چارۋىدارلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

پېرۇنى ساقلاپ ياتقان ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى بوئېنوس ئايرېسقا ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. بوئېنوس ئايرېس ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلدى. 1816ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل «لاپلاتا بىرلەشمە ئۆلكىسى» قۇرغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. يىغىندا سودا ئەركىنلىكىگە مەدەت بېرىش، يېڭى پۇل تارقىتىش، مەجبۇرىي زايوم تارقىتىشنى چەكلەش، ئىندىيانلارغا قارىتىلغان «جان سانى بېجى» ۋە «بۆلۈپ ئالۋانغا سېلىش»نى بىكار قىلىش، نېگىر قۇل كىرگۈزۈشنى مەنئى قىلىش قاتارلىق بىرقاتار قانۇن ـ پەرمانلار ماقۇللاندى. ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەت توقۇنۇشى مەۋجۇت بولغاچقا، بىرلەشمە ئۆلكە يەنىلا بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇردى.①

لاپلاتا رايونىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى سايىنت مارتىن (1778 ـــ 1850) ئارگېنتىنالىق ئاق

① 1856 ـ يىلى «لاپلاتا بىرلەشمە ئۆلكىسى» ئارگېنتىنا فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

تەنلىك كېمە غوجايىنىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئىسپانىيەدە كەسپىي ئوفىتسېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، ئىسپانىيەدە ئوقۇغاندا لاتىن ئامېرىكىسى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە قىلغان ھەمدە مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، ئۆزىنى لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. 1812 ـ يىلى، ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى لاپلاتا رايونىغا قايتىپ كېلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. 1814 ـ يىلى بوئېنوس ئايرېس ھۆكۈمىتى ئۇنى شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، پېرۇنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى، سايىنت مارتىن مول جەڭ قىلىش تەجرىبىسى ۋە قوماندانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ پېرۇدا تۇرۇۋاتقان نەچچە 10 مىڭ كىشىلىك مۇستەملىكىچى قوشۇنىنىڭ ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان مەركىزىي قورغان ئىكەنلىكىنى، لاپلاتا بىرلەشمە ئۆلكىسىنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۈچنى توپلاپ پېرۇنى ئازاد قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ قوشۇن باشلاپ ئاندىس تېغىدىن ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن چىلىنى ئازاد قىلىپ، ئاندىن پېرۇغا دېڭىزدىن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى. بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ شىمالىي يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، 1814 ـ يىلى ئاندىس تېغى ئېتىكىدىكى كۇيو ئۆلكىسىنىڭ مېندوزا شەھىرىگە كېلىپ، ھەربىي ھۇجۇمغا ئۈچ يىل تەييارلىق قىلدى. ئۇ قوشۇننى شەخسەن ئۆزى مەشىق قىلدۇرۇپ، قۇللارنى ئازاد قىلىپ، نېگىر قۇللار ۋە شالغۇت ئىرقلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشتى. چىلىدىكى نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەرلەرمۇ بەس ـ بەستە قوشۇنغا قاتناشتى. 1817 ـ يىلى باھاردا، سايىنت مارتىن ۋە چىلى ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ۋويكىنس 5000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئېگىزلىكى 4000

www.uyghurkitap.com

مېتىردىن ئاشىدىغان ئاندىس تېغىدىن ئۆتۈپ، چىلىدىكى ئىسپانىيە قوشۇنىغا ئويلىمىغان يەردىن ھۇجۇم قوزغىدى، ئىسپانىيە قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار قىلىندى. 1818 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چىلى رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ۋويكىنىس باشچىلىقىدىكى يەرلىك ئاق تەنلىك پومېشچىكلارنىڭ بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

چىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، سايىنت مارتىن پېرۇنى ئازاد قىلىش تەييارلىق خىزمىتىگە ئاتلاندى. چىلى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇ بىر دېڭىز فىلوتى تەشكىللىدى. 1820 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇ شەخسەن ئۆزى دېڭىز فىلوتىنى باشلاپ، ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئەڭ چىڭ مۇستەملىكە قورغىنى پېرۇغا يۈرۈش قىلدى. سايىنت مارتىن قوشۇنى پېرۇدا قۇرۇقلۇققا چىققاندا، دېڭىز بويىدىكى پېرۇ خەلقى ئۆلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. تۇرغۇن ئىندىيانلار ئۆزلۈكىدىن ئىنقىلابىي قوشۇنغا ئەسكەرلىككە كىردى. يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن 1821 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، سايىنت مارتىن قوشۇنى پېرۇنىڭ پايتەختى لىمانى ئىشغال قىلدى، پېرۇ مۇستەقىللىق جاكارلاپ، سايىنت مارتىنغا جۇمھۇرىيەتنىڭ «قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بەردى. ئىسپانىيەنىڭ مالىدا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونغا قېچىپ بېرىپ، 20 مىڭ كىشىلىك مۇستەملىكىچى قوشۇن توپلاپ، مالىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالدى. بۇ بىر بۆلۈك مۇستەملىكىچى قوشۇننى تولۇق يوقىتىش ئۈچۈن، سايىنت مارتىن بولىۋار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرلەشمە ئۆلكىدىكى بارلىق قوراللىق كۈچلەرنى توپلاپ، پۈتۈن جەنۇبىي ئامېرىكىنى ئازاد قىلىشنى قارار قىلدى. 1822 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى جەنۇب ـ شىمال ئىككى چوڭ قوشۇننىڭ رەھبىرى بولىۋار بىلەن سايىنت مارتىن گۋاياكۆل

(ئېكۋاتوردا)دا مەخپىي يىغىن ئېچىپ، زور ھەربىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ساينت مارتىن لىماغا قايتىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا پېرۇ جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، پېرۇدىن ئايرىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا پېرۇنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى بولىۋار ئورۇنلىدى. بولىۋار چوڭ قورۇقلۇقتىكى بارلىق كۈچلەرنى توپلاپ، كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، پېرۇ چېگراسىدا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىككى قېتىملىق چوڭ جەڭ قىلدى. 1 ـ قېتىملىق جەڭ 1824 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خۇنىن تۈزلەڭلىكىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇپ، بۇ جەڭدە ئىككى تەرەپ يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىپ، نەيزىۋازلىق جېڭى قىلدى، كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق، ئىنقىلابچى قوشۇن مۇستەملىكىچى قوشۇننى تارمار قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاياكۇچو ئېگىزلىكىدە يەنە بىر مەيدان ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى، بولىۋارنىڭ سەپدىشى گېنېرال سوكرې باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچى قوشۇن ئىسپانىيە قوشۇننى يەنە مەغلۇپ قىلىپ، پېرۇنىڭ باش ۋالىيسى، تۆت مارشال، 10 گېنېرال ۋە بىرقانچە مىڭ ئىسپانىيە ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ماركس، ئېنگېلس بۇ قېتىمقى جەڭگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «ئىسپانىيە ئىشغالىيىتىدىكى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئاخىرقى قېتىم كاپالەتلىك قىلغان بىر قېتىملىق بىرلەشمە جەڭ» [①]دەپ كۆرسەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، سوكرې قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، پېرونى ئازاد قىلدى. 1825 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پېرۇ مۇستەقىللىق جاكارلاپ، بولىۋارنىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، يېڭى

① ماركس، ئېنگېلس: «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 14ـ توم، 172 ـ بەت.

جۇمھۇرىيەتنىڭ نامىنى بولىۋىيە دەپ ئاتىدى. 1826 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئىسپانىيەنىڭ كاللائو پورتى قورغىنىدىكى ئاخىرقى قالدۇق قوشۇنى بولىۋارغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن پېرۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى ئازاد بولدى. ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مۇستەملىكىچى كۈچلىرى ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىلىپ، 300 يىللىق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى.

## 3. مېكسىكىنى مەركەز قىلغان شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا رايونلىرىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

مېكسىكا ئىسپانىيەگە يېقىن، مۇھىم كۈمۈش كان رايونى بولغاچقا، مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق كۈچى ۋە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ھەممە دىنىي جەمئىيەتنىڭ كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. ناپولېئوننىڭ ئىسپانىيەنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋالغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېكسىكىدىكى يەرلىك ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى. ئەمما، ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق تىزگىنلىشى بىلەن پايتەختتىكى يەرلىك ئاق تەنلىكلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلالايدىغان رەھبىرىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىدى. شۇڭا، ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى باشتىلا باشقا ئۆلكىلەردىكى تۆۋەن قاتلام باستىرلىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۇششاق پومېشچىكلار قولىغا ئالدى.

1810 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئىدالگونىڭ رەھبەرلىكىدە، دولورېس دېگەن جايدا قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئىدالگو (1753 — 1811) دولورېس بازىرىنىڭ باستىرى بولۇپ، فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخى ۋە ئاقارتىش ئىدىيەسىگە ئائىت ئەسەرلەر بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى. ئادەتتە خەلق ئاممىسى

بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۇلارغا فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ «ئەركىنلىك» ۋە «ئىنسانىي ھوقۇق» ئىدىيەسىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلدى. ئۇ ئىندىيانلارغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆز دىنىي رايونىنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەچكە، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئۇ گۇۋادالا شەھىرىدىكى بىر مەخپىي تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، 1810 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىسپانىيەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مېكسىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى چاكارلىماقچى بولدى. ئەمما، بۇ مەخپىي تەشكىلات بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تەشكىلاتنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى قولغا ئېلىندى، ئىدالگو بۇ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سەھەردە، ئۇ چېركاۋ قوڭغۇرىقىنى چېلىپ، يەرلىك ئاھالىنى توپلاپ، كۆپچىلىكنى ئەركىنلىك ۋە يەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئۇ كۆپچىلىككە خىتاب قىلىپ: «سىلەر ئەركىنلىكنى خالامسىلەر؟ 300 يىل ئىلگىرى لەنىتى ئىسپانىيەلىكلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى، سىلەر بارلىق كۈچۈڭلارنى ئىشقا سېلىپ قايتۇرۇۋېلىشنى خالامسىلەر؟» دېدى. كۆپچىلىك مۇستەقىللىق ياشىسۇن!»، «ناچار ھۆكۈمەت يوقالسۇن»، «ئىسپانىيە بۇلاڭچىلىرىنى يوقىتايلى» دەپ شوئار توۋلاشتى. بۇ تارىختا مەشھۇر «دولورېس ساداسى» دېيىلدى. كېيىن، مېكسىكا خەلقى بۇ كۈننى مېكسىكا مۇستەقىللىق بايرىمى قىلىپ بېكىتتى.

ئىدالگو قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ، يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقان ئىسپانىيە قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىدالگو ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن قۇللۇق تۈزۈمىنى، ئىندىيانلارنىڭ ئولپان تاپشۇرۇشىنى بىكار قىلىش، قانۇنسىز تارتىۋالغان يەرلەرنى ئىندىيانلارغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. تۆۋەن قاتلامدىكى نۇرغۇن ئەمگەكچى ئامما

بەس ـ بەستە قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قوشۇلدى، ئۇلار پالتا، پىچاق، كالتەكلەر بىلەن قوراللىنىپ، پومېشچىكلارنىڭ قورۇقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى ھەمدە ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان چوڭ قورۇق غوجايىنلىرىنى ئۆلتۈردى. مېكسىكا ئىنقىلابى باشلىنىش بىلەنلا روشەن ھالدا مۇستەملىكىچىلىككە، فېئودالىزمغا قارشى خاراكتېرىنى ئالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن زور ئۇتۇقلارنى قازىنىپ، پۈتكۈل مېكسىكىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كېڭىيىپ، پايتەخت مېكسىكا شەھىرىگە قىستاپ كەلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئادەم سانى 80 مىڭغا يەتتى. ئەمما، ئىدالگونىڭ ھەربىي ئۇرۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، ھەربىي ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ قېلىپ، قوشۇنغا خاتا ھالدا چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، مېكسىكا شەھىرىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن بەزى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىرلىككە ئىگە مۇستەھكەم ھەربىي قوماندانلىق كوللېكتىپى بولمىغاچقا، ئىچكى جەھەتتە بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ كەتتى. 1811 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قوزغىلاڭچى قوشۇن يۆتكىلىش سەپىرىدە دۈشمەنىنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ، ئىدالگو قاتارلىق بىرقانچە ئاساسلىق رەھبەر ئەسىرگە چۈشۈپ قۇربان بولدى.

ئىدالگو قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەم سەپدىشى مورېلوس (1765 ــ 1815) ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. مورېلوس يېزا باستىرى بولۇپ، نامرات شالغۇت ئىدى. ئۇ ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىدالگونىڭ مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قورال ـ ياراغلىرى سەرخىل دۈشمەن قوشۇنى بىلەن كەڭ كۆلەمدە يۈزمۇ يۈز تۇتۇشماي، تارقاق پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى

قوللاندى، ئىككى يىللىق ئۇرۇش ئارقىلىق، قوزغىلاڭچى قوشۇن مېكسىكىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم جايلارنى كونترول قىلدى. 1813 - يىلى 9 - ئايدا، مورېلوس ئۆزى كونترول قىلىپ تۇرغان رايوندىكى زېمىندار بۇرژۇئا زىيالىيلىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك روھانىيلار قاتناشقان مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئىرقىي باراۋەرلىك، دىنىي جەمئىيەت ۋە ھەربىي قوشۇننىڭ ئىمتىيازىنى بىكار قىلىش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەر - زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش، بايلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، چوڭ يەر مۈلكىنى يوقىتىپ، كىچىك يەر مۈلۈكچىلىككە ئىلھام بېرىش، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ قەتئىي بۇرژۇئا ئىنقىلابىي پروگراممىسى ھېسابلىنىدۇ. 11 - ئايدا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ماقۇللىنىپ، مېكسىكا ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

1814 - يىلى فېرناندو Ⅶ ئىسپانىيەدە تەختكە قايتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى زور ياردەمگە ئېرىشىپ، غالجىرلارچە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى يەرلىك ئاق تەنلىك پومېشچىكلار قورققىنىدىن ئەسلىدىكى رادىكاللار ئىنقىلابىدىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى زەربىسىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن تارمار بولدى، 1815 - يىلى مورېلوس قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولغاندىن كېيىن، قالغان قوزغىلاڭچىلار تاغلىق رايونلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى.

1820 - يىلى ئىسپانىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىغاندىن

كېيىن، مېكسىكىدىكى مۇستەملىكىچىلەر ۋە مۇستەملىكە رايونىدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئىسپانىيە ئىنقىلابىنىڭ مېكسىكا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قايتىدىن ئۇلغايتىۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ چىقىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشتى. بۇ چاغدا، ئىسپانىيە قوشۇنى ئىچىدىكى ئىلگىرى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرغان پولكوۋنىك ئىدۇۋىد يامان غەرەز بىلەن ھەممىلا جايدا ھەرىكەت قىلىپ، ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇش شوئارىنى توۋلاپ، چوڭ قورۇق تۈزۈمى بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى چوڭ پومېشچىكلار، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، تۆۋەن قاتلامدىكى بىر قىسىم ئاممىمۇ ئۇنىڭ مۇستەقىللىق شوئارىغا ئالدىنىپ قالدى. 1821 ـ يىلى ئىدۇۋىد ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، مېكسىكىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

قارا نىيەت ئىدۇۋىد ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، 1822 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئاۋگوست I دەپ ئاتاپ، مېكسىكا ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. ئىدۇۋىد ئىمپېرىيەسى مېكسىكا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 10 ـ ئايغا بارمايلا ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. 1824 ـ يىلى مېكسىكىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا مېكسىكا فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەت قىلىپ بېكىتىلدى.

مېكسىكا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە، ئوتتۇرا ئامېرىكا رايونىمۇ 1821 ـ يىلى ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى ھەم مېكسىكىغا قوشۇلدى. 1823 ـ يىلى يەنە مېكسىكىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەت — ئوتتۇرا ئامېرىكا بىرلەشمە ئۆلكىسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1838 ـ يىلى بۇ بىرلەشمە ئۆلكە گۋاتېمالا، سالۋادور، نىكاراگۇئا، كوستارىكا قاتارلىق بەش ئۆلكىگە ئايرىلدى.

# 4 ـ بۆلۈم  بىرازىلىيەنىڭ مۇستەقىللىقى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پورتۇگالىيە مۇستەملىكىسى بىرازىلىيەدە، پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى قانات يايدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، بىرازىلىيەنىڭ تاۋار پۇل مۇناسىۋىتىدە مەلۇم تەرەققىياتلار بولۇپ، قول سانائەت ئىشخانىلىرى بارلىققا كەلدى. ئىقتىسادىي كۈچى كۈنسېرى زورىيىۋاتقان يەرلىك ئاق تەنلىك ئېكىنزار غوجايىنلىرى، سودىگەرلەر ۋە قول سانائەت ئىشخانىلىرى غوجايىنلىرى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى، فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋە ھايتى ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىرازىلىيە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىسىگە ئىلھام بەردى. 1789 ـ يىلى مىناس گېرايىس ئۆلكىسىدىكى چىش دوختۇرى ھەسلۇۋا ھافېيىبىي («چىش تارتقۇچى») رەھبەرلىكىدىكى ياش زىيالىيلاردىن تەشكىللەنگەن مەخپىي تەشكىلات قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلات پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، سودا ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇپ، قۇللارنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، كېيىن خائىنىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن، تەشكىلات بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ھافېيىبىي قولغا ئېلىنىپ، 1792 ـ يىلى رىئو دې ژانېيرودا ئۆلتۈرۈلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىرازىلىيەدىكى 3 مىليون 500 مىڭ نوپۇسنىڭ يېرىمىنى نېگىر قۇللار، 800 مىڭىنى ئاق

www.uyghurkitap.com

تەنلىكلەر، قالغىنى ئەركىن نېگىرلار، ئىندىيانلار ۋە ھەرخىل شالغۇت ئىرقتىكىلەر ئىگىلەيتتى. بىرازىلىيەدىكى نېگىر قۇللار ۋە ئىندىيانلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە ئىرقىي زۇلۇمغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلدى. 1806 ـ يىلى سان پاۋلودىكى نېگىر قۇللار كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى، باخىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەردى.

1807 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناپولېئون قوشۇنى پورتۇگالىيەگە بېسىپ كىردى. پورتۇگالىيە ئوردىسىدىكىلەر ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھىمايىسىدە ئالاقزەدە بولۇپ بىرازىلىيەگە قېچىپ كەلدى. خان ئوردىسىدىكىلەر بىرازىلىيەگە كەلگەندىن كېيىن، مۇستەملىكە رايونىغا بولغان بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتتى. بىرازىلىيە ۋاقىتىنچە پورتۇگالىيە پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزىگە ئايلاندى. پورتۇگالىيە خان ئوردىسىدىكىلەر بۇ مۇستەملىكە بازىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى. سىياسىي جەھەتتە، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، خان ئوردىسىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى بىۋاسىتە تىزگىنلەش سالمىقىنى كۈچەيتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، بىرازىلىيەگە قاراتقان سودا مونوپولىنى بىكار قىلىپ، پورتلارنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، بىرازىلىيەنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىشىغا يول قويدى. پادىشاھ يەنە بارلىق سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئەركىن پائالىيەت قىلىشىغا يول قويۇش پەرمانى چۈشۈرۈپ، كان قېزىشقا چەكلىمە قويۇش ۋە بىرازىلىيەنىڭ ئۆز يېرىدىكى سانائەت تەرەققىياتىنى بوغىدىغان قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى، چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ بىرازىلىيەگە كىرىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش پەرمانىنى ئېلان قىلدى، قاتناش ـ ترانسپورت ۋە پوچتا قاتارلىق ساھەلەردىمۇ بەزى ئاكتىپ تەدبىرلەرنى يولغا قويدى.

خان ئوردىسىنىڭ بۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى، ئالدى بىلەن بىرازىلىيەنىڭ سودا ـ سانائىتىنى

راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق خان جەمەتى ۋە بىللە كەلگەن ۋەزىرلەر، مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ سانائەت بويۇملىرى ۋە باشقا تاۋارلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، شۇنداقلا يەرلىك ھۆكۈمران گۇرۇھ ھېسابلىنىدىغان چوڭ قورۇق غوجايىنلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ پورتۇگالىيەنىڭ سودا جەھەتتە مۇستەملىكە رايونلىرىغا سالغان خىلمۇ خىل بويۇنتۇرۇقلىرىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى بېسىش ئۈچۈن ئىدى. خەلقئارا جەھەتتە بولسا، برازىلىيەنىڭ بازارلىرىنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىنى ۋە ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولدى. قىسقىسى، بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى پورتۇگالىيەنىڭ برازىلىيەگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، مۇستەملىكە خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىدى، ئەكسىچە خان ئوردىسىدىكىلەر برازىلىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئوردا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق مەمۇرىي ئورگانلار، ھەربىي قوشۇننىڭ زور مىقداردىكى خىراجىتى مۇستەملىكە خەلقىنىڭ باج - سېلىقىنى ئۈزۈكسىز ئېغىرلاشتۇرۇپ، خەلقنى قەددىنى رۇسلىيالماس قىلىۋەتتى. برازىلىيە پورتلىرى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە تاۋارلىرى تەدرىجىي ھالدا برازىلىيە بازارلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يەرلىك سودا - سانائەت كارخانىلىرى كەڭ كۆلەمدە ۋەيران بولدى. خان ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئەيش - ئىشرەت، خىيانەتچىلىك - چىرىكلىك ۋە ئۆز بېشىمچىلىق ئەۋج ئېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1816 - يىلى خان ئوردىسىدىكىلەر يەنە ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇگۋايغا تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتتى. بۇلار مۇستەملىكە رايونىدىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. برازىلىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى

نېگىر قۇللار ۋە باشقا ئەمگەكچى ئامما پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋە يەرلىك ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ، قارشىلىق كەيپىياتى ئەۋجىگە چىقتى.

1813 ـ يىلى، باخىيەدە كەڭ كۆلەملىك نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى يۈز بەردى. قوراللانغان 600 نەپەر نېگىر شەھەر مەركىزىدىكى قۇلدارلارنىڭ ئۆيلىرىگە ھۇجۇم قىلدى، مۇستەملىكىچىلەر ھەربىي قوشۇننى ئىشقا سالدى. نېگىرلار تاكى ھەممىسى قۇربان بولغانغا قەدەر جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. 1814 ـ يىلىدىن 1815ـ يىلىغىچە، مىناس گېرايىس ئالتۇن كان رايونىدىمۇ نېگىر قۇللار قوزغىلىڭى پارتلىدى. نۇرغۇن شەھەرلەردە ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى قاتارلىق ئۇيۇشما، تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

1817 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، پېرنامبوكو ئۆلكىسىدىكى ئاق تەنلىكلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ بىرازىلىيەنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭ ھېسابلىنىدۇ. قوزغىلاڭغا بۇ ئۆلكىدىكى بىرازىلىيەلىك ئوفىتسېرلار، سودىگەرلەر ۋە قورۇق غوجايىنلىرى باشچىلىق قىلدى. قوزغىلاڭچىلار مۇستەملىكىچى قوشۇن ئوفىتسېرلىرىنى قوغلىۋېتىپ، يەرلىك ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، بۇ ئۆلكىنىڭ مەركىزى رېسفېدا ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ۋاقىتلىق ھوندانى قۇرۇپ چىقىپ، ھوقۇق دائىرىسىنى پۈتۈن ئۆلكىگە كېڭەيتتى. ھوندا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، تەبىقە، ئىمتىياز تۈزۈمى ۋە ئالۋان ـ ياساقلارنى، سودا مونوپولى ۋە باشقا سودا ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ھوندا يەنە قوشنا ئۆلكىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىردى. ئەمما قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىلىرى خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ دەخلى ـ



www.uyghurkitap.com

تەرۆزسىزلىكنى تەكىتلەپ، بىرازىلىيە جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان قۇللۇق تۈزۈمگە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، نېگىر قۇللار ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭ مۇشۇ بىر ئۆلكە دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قېلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك قوزغىلىشنى شەكىللەندۈرەلمىدى، نەتىجىدە پورتۇگالىيە قوشۇنى ۋە چەت ئەل ياللانما قوشۇنىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن، قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

بىرازىلىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى مۇستەملىكىچىلەرگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىلا ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرازىلىيە مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە، بىر مۇستەھكەم رەھبەرلىك يادروسى شەكىللەنمىدى، كۈرەش تارقاق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلدى؛ نېگىر قۇللار، ئىندىيانلار ۋە باشقا ئەمگەكچى ئامما ئېنىق كۈرەش پىروگراممىسى تۈزۈپ چىقالمىدى؛ بىرازىلىيەلىك سودىگەرلەر، قول سانائەت ئىشخانا غوجايىنلىرى بۇ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدى.

1820 ـ يىلى، پورتۇگالىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلاپ، يىغىدىن سايلانغان پارلامېنتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 1821 ـ يىلى جوئاۋ VI پورتۇگالىيەگە قايتتى ھەمدە ئوغلى پېترونى بىرازىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قالدۇردى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا، بىرازىلىيەنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئوغلىغا، ئەگەر ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولسا، دەرھال مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىشنى تاپىلىدى. بۇنىڭ بىلەن پېترو نائىبخان بولۇپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي پورتۇگالىيە پارلامېنتى پېترونىڭ ۋەتەنگە قايتىشىنى تەلەپ قىلدى، پېترو

بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. شۇ چاغدا، بىرازىلىيەنىڭ ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش بولۇپ، مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ساداسى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ، نۇرغۇن رايونلار مۇستەقىللىق جاكارلاش ئىشىغا تۇتۇش قىلدى، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچى تەرەپدارلىرى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يېڭى ئىنقىلابنىڭ تەھدىتى ئالدىدا، بىرازىلىيەدىكى چوڭ قورۇق غوجايىنلىرى، چوڭ سودىگەرلەر ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى مۇتەئەسسىپلەر ئىنقىلابتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1822 ـ يىلى يەنىلا پېترونى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ، پورتۇگالىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 1823 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچى قوشۇنى نائىلاج بىرازىلىيەدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

بىرازىلىيەنىڭ مۇستەقىللىقى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشى ۋە كۈرەشنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشى بەدىلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۈرەشنىڭ غەلىبىسى چوڭ قورۇق غوجايىنلىرى، چوڭ قۇلدارلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى، كېيىن بىرازىلىيە خەلقى يەنە يېرىم ئەسىر قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، 1888 ـ يىلى ئاندىن قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلدى ھەمدە 1889 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت قۇردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى خاراكتېر جەھەتتىن ئالغاندا بىر قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇستەملىكىچىلىككە، شۇنداقلا فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىگە، ئېكىنزار قۇللۇق تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، كۈرەشكە قاتناشقان ئادەم سانى كۆپ، كۈرەشنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ

مۇستەملىكە رايونىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غەلىبىسى ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىكە هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى. كۇبا، پوئېرتورىكو ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئارال مۇستەملىكىلىرى هەمدە ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى هوندوراستىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى رايونلار ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، هايتى، مېكسىكا، گۋاتېمالا، سالۋادور، نىكاراگۇئا، هوندۇراس، كوستارىكا، ۋېنسۇئېلا، كولومبىيە، ئېكۋاتور، پېرۇ، چىلى، ئارگېنتىنا، پاراگۋاي، بولىۋىيە، ئۇرۇگۋاي، بىرازىلىيە قاتارلىق 17 مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىپ، پومېشچىك بۇرژۇئازلار جۇمهۇرىيىتىنى قۇردى. پەقەت بىرازىلىيەدىلا پادىشاهلىق تۈزۈم ساقلاپ قېلىندى.

لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى، هەرقايسى دۆلەتلەردىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي هوقۇقىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ، چېكىدىن ئاشقان ئەكسىيەتچى دىنىي كېسىمخانىلارنى، ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بىرازىلىيەدىن باشقا دۆلەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى مەنئى قىلدى. دېهقانلار پومېشچىكلارغا، دۆلەتكە ۋە دىنىي جەمئىيەتكە هەقسىز ئىشلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتىدىن قۇتۇلدى، مۇستەملىكە مەزگىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان هەرخىل سودا چەكلىمىلىرى بىكار قىلىنىپ، سودا ئەركىنلىكى يولغا قويۇلدى. بۇ تەدبىرلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئېكىنزار قۇللۇق تۈزۈمگە

www.uyghurkitap.com

مەلۇم دەرىجىدە زەربە بېرىپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

ئەمما، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىيالمىدى، يەنى ئەسلىدىكى مۇستەملىكە جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولغان چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە تەگمىدى. مۇتەئەسسىپ كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ئىندىيانلار، نېگىر قۇللار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان بولسىمۇ، رەھبەرلىك ھوقۇقى باشتىن ـ ئاخىر يەرلىك ئاق تەنلىكلەر، ئېكىنزار غوجايىنلىرى، ئەمەلدارلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. بۇ كىشىلەر بىر تەرەپتىن مۇستەملىكە تۈزۈمىگە قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرخىل ئاماللارنى قىلىپ چوڭ قورۇق تۈزۈمى ۋە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى. مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت يەنىلا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئەسلىدىكى مۇستەملىكە جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولغان چوڭ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. چوڭ يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بۇ دۆلەتلەردىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك ناھايىتى ئاستا بولدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ مۇستەملىكە دۆلەتكە بېقىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلالمىدى. كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تاجاۋۇزچى قارا قولىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، لاتىن ئامېرىكىسىغا سوزدى.

سەككىزىنچى باب

# 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ــ، 40 ـ يىللىرىدىكى غەربىي ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر

## 1 ـ بۆلۈم 1815 ــ 1847 ـ يىللىرىدىكى فىرانسىيە، 1830 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابى

### 1. خاندانلىقنىڭ تىرىلىش مەزگىلىدىكى فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەرەققىياتى، فىرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمى

1814 ـ يىلى، لۇئى XVIII فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ ھىمايىسىدە فىرانسىيەگە قايتىپ كېلىپ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان چاغدا، چار پادىشاھ ئالېكساندىر I نىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن بىر ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلدى، بۇ ئاساسىي قانۇن «خارتىيە» دەپ ئاتالدى. «خارتىيە» تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى: بىرىنچى، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم ئورنىتىلىدۇ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇقى پارلامېنتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، پارلامېنت ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسىدىن تەركىب تاپىدۇ، ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنى پادىشاھ بىۋاسىتە تەيىنلەيدۇ، ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەمما سايلامغا قاتناشقۇچىلارغا ناھايىتى يۇقىرى مال ـ

www.uyghurkitap.com

مۈلۈك سالاھىيەت شەرتى بېكىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن پەقەت يۇقىرى قاتلامدىكى بۇرژۇئازلار سايلامغا قاتنىشىش شەرتىنى ھازىرلىيالىدى، ئەمگەكچى خەلق، ھەتتا ئوتتۇرا ـ كىچىك بۇرژۇئازلارنىڭ سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىندى. ئىككىنچى، «ناپولېئون قانۇنى» داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۈيۈك ئىنقىلاب جەريانىدا يۈز بەرگەن مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، بۇرژۇئازىيەنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاب ئارقىلىق ئېرىشكەن كۆرەش مېۋىسى ئېتىراپ قىلىندى. ئۈچىنچى، ناپولېئون دەۋرىدىكى مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە تۈزۈمى ساقلاپ قېلىندى. قىسقىسى، ناپولېئون ئىمپېرىيەسىنىڭ بيۇروكرات ساقچى ئاپپاراتى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالدى. تۆتىنچى، بۈيۈك ئىنقىلاب ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان پۇقرالارنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپى، روھانىيلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دەرىجە ـ ئىمتىياز تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئېتىراپ قىلىندى. بەشىنچى، مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە يول قويۇلدى. روشەنكى، بوربون خاندانلىقى بۇ «خارتىيە»نى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەلەشتى. بۇنىڭ سەۋەبى، لۇئى XVIII بىلەن چار پادىشاھ 20 نەچچە يىللىق فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، مۇبادا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈپلا ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى مۇستەبىت فېئوداللىق تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرسە، فىرانسىيە خەلقى چوقۇم قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتەتتى. لۇئى XVIII مۇ پادىشاھلىق تەختتە مەزمۇت ئولتۇرالمايتتى. فىرانسىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاب كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ۋاقتىنچە ئالداپ، ئىنقىلاب بىلەن ياراشقان قىياپەتكە كىرىۋېلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. چار پادىشاھ ئالېكساندىر: ئەگەر فىرانسىيەدە «چاقماق قايتۇرغۇچ» رولىنى ئوينايدىغان بىر «خارتىيە» ئېلان قىلىنمىسا، يېڭى بىر مەيدان ئىنقىلاب، بوربون خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، دېدى. لۇئى XVIII مۇ

تەخت «ئەڭ راھەت ئورۇندۇق»، مەن ئەمدى باشقا جايلارغا «سەپەر» قىلىشنى خالىمايمەن دېدى.

«خارتىيە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، فىرانسىيە چوڭ بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى ئۇلار خەلقتىن قورقاتتى، فىرانسىيەدە يەنە ئىنقىلاب پارتلاپ داۋالغۇش يۈز بېرىشنى خالىمايتتى، تىرىلگەن خانىدانلىق بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، خاتىرجەم ھالدا خەلقنى ئېزىشنى خالايتتى. «خارتىيە» ئەمگەكچى خەلقنىڭ سايلام ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى داۋاملىق ئېزىلگۈچىلەر ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغاچقا، ئۇلار «خارتىيە»گە ئەلۋەتتە قارشى تۇراتتى. خەلق ئاممىسى لۇئى XVIII ۋەكىللىكىدىكى روھانىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ ئويى ئىسپاتلاندى. لۇئى XVIII گە ئەگىشىپ ۋەتەنگە قايتقان سەرگەردان ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلار خەلق ۋە ئىنقىلابچىلاردىن رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاھالىلەر ئارىسىدىكى مۇناپىقلارنى توپلاپ، ئىنقىلاب مەزگىلى ۋە ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى ئاكتىپلارغا ھەممىلا جايدا زىيانكەشلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈردى، پەقەت ياۋنان رايونىدىلا 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. لۇئى XVIII ھۆكۈمىتى يەنە ھەربىي سوت ۋە ئالاھىدە سوت تەشكىللەپ ئىنقىلابچىلار ۋە ناپولېئونچىلارنى سوتلىدى، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان دېلونىڭ سانى 10 مىڭغا يەتتى.

خانىدانلىق 2 ـ قېتىم تىرىلگەندىن كېيىن، فىرانسىيە زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان 150 مىڭ كىشىلىك فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي قوشۇنى (1818 ـ يىلى ئاندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى) ئاھالىلەرنى دائىم خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. فىرانسىيە خەلقى ئۆز دۆلىتىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ۋە چەت ئەل ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ قوش زۇلۇمى

ئاستىدا قالدى. ئەمما، ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان فىرانسىيە خەلقى ئىزچىل كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئەزگۈچىلەر بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى.

1821 ـ يىلى، فىرانسىيەدە «كاربونارلار»دەپ ئاتىلىدىغان مەخپىي تەشكىلات بارلىققا كەلدى، بۇ تەشكىلات ھەربىي سۇيىقەست قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بوربون خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلىدى. بۇ تەشكىلات ئاساسەن سەپتىن چىكىنگەن ئوفىتسېرلار، ئادۋوكاتلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، سودىگەرلەر ۋە ئەركىنلىكنى ياقلايدىغان سانائەتچىلەردىن تەشكىللەندى. گېنېرال رافايېت بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر پائالىيەتچى شەخس ئىدى. كاربونارلار ھەرقايسى جايلاردىكى ھەربىي قوشۇنلار ۋە ئوفىتسېرلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، 1822 ـ يىلى يېڭى يىل بايرىمىدا بىرقوۋ شەھىرىنى مەركەز قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ساقچىلارغا ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، نۇرغۇن ئادەم قولغا ئېلىندى، نەتىجىدە قوزغىلاڭ بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى، قالغان جايلاردىكى كاربونارنىڭ قوزغىلاڭلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولدى. مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى: كاربونارلار تار، يەككە سۇيىقەست قىلىش يولىنى تاللىغاچقا، ئاممىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، پىكىر ئىختىلاپى كۆپ، يولباشچىلىرى كەسكىن بولمىغاچقا، مۇرەسسە قىلىشقا تەييار تۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر قىسىم بۇرژۇئاز تارىخچىلىرى ئىدىيەۋى سەپتە تىرىلگەن خاندانلىققا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مەشھۇر تارىخچىلاردىن ئاۋگۇست تىررېل، كېزو قاتارلىق كىشىلەر نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. مەسىلەن، تىررېلنىڭ «3 ـ تەبىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى»، كېزونىڭ «فىرانسىيە



www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت تارىخى»، «ئەنگلىيە ئىنقىلابى تارىخى»قاتارلىقلار. ئۇلار تارىخنى سىنىپىي كۈرەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ شەرھلەپ، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنى 3 ـ تەبىقىنىڭ ئاقسۆڭەك ۋە روھانىيلارغا قارشى كۈرەش تارىخى، ئەنگلىيە ئىنقىلابىنى بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرەش تارىخى، دەپ قارىدى. ئۇلار فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازى ۋە فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمگە كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ گۈللىنىشى ۋە كاپىتالىستىك پارلامېنت تۈزۈمىنى مەدھىيەلىدى، شۇنداقلا بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى سىنىپىي كۈرىشىنىڭ تارىختىكى رولىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇقەررەر ھالدا فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللىدى. ئۇلارنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە ۋە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى تىرىلگەن خاندانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىنقىلابىغا جامائەت پىكرى ھازىرلاش ئۈچۈن ئىدى، ئەمما ئۇلار تەكىتلىگەن سىنىپىي كۈرەش پەقەتلا جېنىنىڭ بارىچە پەردازلىغان بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى سىنىپىي كۈرىشىلا بولۇپ، پىرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيەگە قارشى سىنىپىي كۈرىشىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى ھەم بۇنداق سىنىپىي كۈرەشنى «قانۇنسىز»، دەپ ئاتىدى.

تىرىلگەن خاندانلىق دەۋرىدە، فىرانسىيە كاپىتالىزمى ئۈزلۈكسىز تۈردە بەزى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1789 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى فىرانسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ھازىرلاپ بەردى، ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقى بۇ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ دەۋردە يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى، 1815 — 1830 ـ يىللىرىدا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئىككى ھەسسە ئاشتى. كۆمۈر، تۆمۈر

ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش ــ ترانسپورت ئىشلىرىدىمۇ تەرەققىي قىلدى. 1825 ــ يىلى، ئەنگلىيە ماشىنا ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلىش پەرمانىنى بىكار قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ماشىنىلىرى تۈركۈملەپ فىرانسىيەگە كىردى. فىرانسىيەدىكى تۇرلۇك سانائەت تارماقلىرى، بولۇپمۇ پاختا، يىپەك توقۇمىچىلىق ساھەسىدە ئىشلىتىلگەن ماشىنىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. مەسىلەن، رېين ئۆلكىسىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى ماشىنىلارنىڭ سانى 10 ھەسسە ئاشتى، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پار ماشىنىسىنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئېشىپ، 1820 ــ يىلىدىكى 65 تىن 1830 ــ يىلى 625 كە يېتىپ، 18 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان فىرانسىيە سانائەت ئىنقىلابى يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىدى. مېتاللۇرگىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى يېنىك سانائەت ساھەسىدىن ئاستا بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئېشىش كۆرۈلدى، تۆمۈر تاۋلاش مەھسۇلات مىقدارى 1825 ــ يىلى 1 مىليون 600 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىدىمۇ ياخشىلىنىش كۆرۈلۈپ، مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى، ئەمما يېزا ئىگىلىكىدە يۇمشاق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. قىسقىسى، شۇ چاغدىكى فىرانسىيە كاپىتالىزمىنىڭ سانائەتلىشىش قەدىمى ئەنگلىيەگە قارىغاندا ئاستا بولدى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچى ــ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ناچارلاشتى. ئىشچىلار ھەر كۈنى 16 سائەتتىن 18 سائەتكىچە ئىشلىسىمۇ، ئىش ھەققى تۆۋەن بولغانلىقتىن قورسىقىنى باقالمايتتى. شۇ چاغدىكى ئىشچىلار نامراتلىقنىڭ مەنبەسى كاپىتالىزم تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەچكە، بۇ دەۋردىكى فىرانسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئىستىخىيەلىك ئېلىپ بېرىلغان ماشىنىلارنى بۇزۇپ ــ چېقىشتىن ئىبارەت بولدى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەمگەكچى خەلققە جاپا ــ

مۇشەققەت ئېلىپ كەلگەچكە، بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ئارىسىدىكى بەزى ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئاقارتىش مۇتەپەككۇرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «ئەقلىي جەمئىيەت»كە بولغان تەلپۈنۈشى كۆپۈككە ئايلىنىپ، قايتىدىن «غايىۋى جەمئىيەت»نى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما، بۇ چاغدىكى فىرانسىيە كاپىتالىزم مۇناسىۋىتى تېخى پىشىپ - يېتىلمىگەنىدى، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ زىددىيىتى تېخى ئۇنچىۋالا كەسكىنلەشمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تارىخىي باسقۇچتىكى بۇرژۇئازىيە بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخى داۋاملىشىۋاتقانىدى. ئىقتىسادىي ۋە سىنىپىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر بۇ دەۋردىكى فىرانسىيە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئۇتوپىيەچە خاراكتېرلىنىشىنى بەلگىلىدى. 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا فىرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئونرى شىسمىن ۋە فۇرېيې، ئەنگلىيەلىك ئوۋېن قوشۇلۇپ، ئۈچ چوڭ خىيالىي سوتسىيالىزمچى دەپ ئاتالدى.

ئونرى شىسمىن (1760 — 1825) ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، گىرافلىق ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان، ياش ۋاقتىدا ئېنسىكلوپېدىيەچى دالېمبېردىن تەلىم ئالغان، 19 ياشقا كىرگەندە، ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئامېرىكىغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، جەڭدە تۆھپە ياراتقان. 23 ياشقا كىرگەندە ۋەتىنىگە قايتىپ، مايسىپ قورغىنىنىڭ قوماندانى بولغان، ئۇزاق ئۆتمەي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. فىرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانىدىن ۋاز كېچىپ، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن ھەمدە پۈتۈن زېھنى بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «جەنۋە مەكتۇپلىرى» (1802 - يىلى)، «سانائەت تۈزۈمى ھەققىدە»، «يېڭى خىرىستىيان دىنى»

(1823 ـــ 1825) قاتارلىقلار بار.

ئو ئۆزىنىڭ «جەنۋە مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، فىرانسىيە ئىنقىلابى بىر قېتىملىق سىنىپىي كۈرەش، «پەقەت ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاقسۆڭەكلەر، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش»، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە «ھەممە ئادەم ئەمگەك قىلىشى كېرەك» دېگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ «خاراكتېر ئەركىنلىكى» دېگەن شوئارىغا قارشى پوزىتسىيە تۇتۇپ «ھەقىقىي ئەركىنلىك مەلۇم كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغان، ئەمگەك قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىقى، بۇنداق خاھىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ ھەم قامچىلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن گۈزەل ئارزۇلاردا بولغان، ئىنسانىيەت ھامان بىر كۈنى باراۋەر، بەختلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. «ئىنسانىيەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئۆتمۈشتە ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدە» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «يېڭى خىرىستىيان دىنى» ناملىق ئەسىرىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مەقسىتى «ئەڭ كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان سىنىپنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش»، دەپ كۆرسەتكەن. قىسقىسى، ئۇنىڭ تەلىماتىدا سوتسىيالىزم تەركىبلىرى بولۇپ، «ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە كېيىنكى سوتسىيالىستلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقىي مەنىدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق دېگىلى بولمايدىغان ئىدىيە بىخ سۈردى»①. ئەمما، ئۇ ئىدېئالىزملىق

قاراش بىلەن جەمئىيەت ۋە سىنىپنى كۆزىتىپ، خاتا ھالدا ئىشچىلار بىلەن كارخانىنى ئاتالمىش «سانائەتچىلەر» سىنىپىغا تەۋە، كەلگۈسى جەمئىيەتتە مۇشۇ «سانائەتچىلەر»ھوقۇق تۇتسا، ئەمگەكچىلەرگە ئەڭ زور بەخت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. «مۇھاكىمە قىلىش، دەلىللەش، قايىل قىلىش، سانائەتچىلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىدىكى بىردىنبىر ئۇسۇل، ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئاقسۆڭەك، ھەربىي، سوتچى قاتارلىق ئىجتىمائىي كەسىپلەرنى باشقۇرغۇچىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك» دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە، «سىنىپلارنى كېلىشتۈرۈش تەلىماتى»، «سىنىپلارنى ھەمكارلاشتۇرۇش تەلىماتى»بولۇپ، سوتسىيالىزمنى سىنىپىي كۈرەشتىن ئايرىپ تاشلاپ بايان قىلىپ، سوتسىيالىزمنى قۇرۇق خىيالغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇڭا ئۇ بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. ئۇنىڭ غايىسى ئاخىرىدا قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئانۇانتون بىلەن بازال يازغان «ئونرى شىمىن تەلىماتى»ناملىق ئەسەردە، ئۇنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزم قاراشلىرى مەدھىيەلەندى. ئۇنىڭ بۇ شاگىرتلىرى ئىشچىلار ھەرىكىتى راۋاجلانغان كېيىنكى دەۋرلەردە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە پۈتلىكاشاڭ بولدى.

چارلى بورىي (1772 ـــ 1837)، سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا پىركازچىك بولغان، كېيىن سودا قىلىپ ۋەيران بولۇپ، مال ساتقۇچى، بىرژا دەللالى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلغان، سودا سارايلىرىدا ئۇزاق ئىشلىگەچكە، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئالدامچىلىق ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ۋە ئىپلاس ۋاستىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن.

① ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى»، ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 609 ـ بەت.

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «تۆت خىل ھەرىكەت قائىدىسى» (1808 ـ يىلى)، «يېڭى سانائەت دۇنياسى» (1829 ـ يىلى)، «كوممۇنا تۈزۈمى ھەققىدە» قاتارلىقلار بار. ئۇ ئۆنرى شىسمىنىغا قارىغاندا كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانچىلىقى ۋە جىنايى قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، «جىنايەت ئۆتكۈزۈش — ئىسمى جىسمىغا لايىق مەدەنىيەتلىك تۈزۈم (كاپىتالىزم تۈزۈمىنى دېمەكچى)نىڭ روھى» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىز ھالىتى تۈگىمەس رىقابەت ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىسنى قاتتىق قامچىلاپ، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى پۇل ـ بايلىق، ئاياللارنىڭ ئازاد بولۇش دەرىجىسى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، دەپ قارىغان. بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىيەسى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ ساختىلىقىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، «نامراتلاردا دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك بولمايدۇ، ئۇ پەقەت بايلارلا بەھرىلىنىدىغان نەرسە» دەپ كۆرسەتتى. ماركس ۋە ئېنگېلس كاپىتالىستىك جەمئىيەت قامچىلانغان مەزمۇنلار ئىچىدە، بورىيېنىڭ قارىشىنى ئەڭ قىممەتلىك بار مەزمۇن، دەپ قارىغان.

بورىي غايىۋى جەمئىيەت «فرانگى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىدىن تەركىب تاپىدۇ. فرانگى دېھقانچىلىق ۋە سانائەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ھەمكارلىق تەشكىلاتى بولۇپ، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئەمگەك كۈچىنى، كاپىتالىستلار كاپىتالىنى پاي قىلىپ قوشىدۇ، ھەربىر فرانگىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى، تەخمىنەن 1600 دىن 2000 ئارىلىقىدا بولۇشى كېرەك. ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي كىرىمى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە، يەنى



www.uyghurkitap.com

كاپىتالىستلار قوشقان پاي سوممىسىغا، تېخنىكلار ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگىكىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، دېگەن پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. بورېي يەنە يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇپ «فرانگېنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

بورېي خاتا ھالدا سىنىپلارنى كېلىشتۈرۈش ۋە ھەمكارلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە كاپىتالىستلارنى ئۆزىنىڭ پىلانىغا ياردەم بېرىشكە كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تاكى قېرىپ ئۆلگۈچە ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتكە بولغان گۈزەل ئارزۇسى ئاخىر بەربات بولغان.

مەيلى فرانسىيەلىك ئونرى شىسىمىن، بورېي ياكى ئەنگلىيەلىك ئوۋېن بولسۇن، ئۇلار بىردەك كاپىتالىزمنى قامچىلاپ، كەلگۈسىدە چوقۇم ئېزىش ـ ئېزىلىش مەۋجۇت بولمىغان گۈزەل جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ، دەپ قارىغان ھەمدە كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىشچىلار ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ناھايىتى ھېسداشلىق قىلغان، بۇ شۇ چاغدىكى تارىخىي باسقۇچتا ئىشچىلارنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى قوزغىتىشتا ئاكتىپ رول ئويناپ، «ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنى قوزغىتىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى». ئەمما، ئۇلار كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى بىلىپ كېتەلمىگەنىدى. پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە گۆركارى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتكارى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى، ئۇلارنىڭ سىنىپلارنى كېلىشتۈرۈش ۋە ھەمكارلاشتۇرۇش تەشەببۇسى ئۇلارنىڭ غايىسىنى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيالغا ئايلاندۇرۇپ

① ماركس، ئېنگېلس: «كومپارتىيە خىتابنامىسى». «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 305 ـ بەت.

قويغانىدى. كېيىنكى ئىشچىلار ھەرىكىتى راۋاجلانغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ تەلىماتى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ماركسىزمنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدا تارقىلىشىغا توسالغۇ بولدى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ئەكسىيەتچى گۇرۇھلارغا ئايلاندى.

## 2. 1830 ـ يىلدىكى ئىيۇل ئىنقىلابى، ئىيۇل خاندانلىقى مەزگىلىدىكى فىرانسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى

1824 ـ يىلى لۇئى XVIII ئۆلگەندىن كېيىن، گىراف دىيادوۋا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، چارلېس X دەپ ئاتالدى. سەرگەردان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۇ كاتتىبېشى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلاتتى، ھەتتا چۈشىدىمۇ بۈيۈك ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى، شۇڭا ئۇ تەختكە چىقىپلا ئىنقىلابچى ئاممىدىن تەتۈر ھېساب ئېلىشقا باشلىدى. 1825 ـ يىلى، ئۇنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن پارلامېنت بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە چەت ئەلگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن ئاقسۆڭەك روھانىيلارنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە سېتىۋېتىلگەن يەر ـ زېمىنىنى دۆلەت تۆلەپ بېرىدۇ، دەپ قانۇن چىقاردى. بۇ تۆلەمنىڭ سوممىسى 1 مىليارد فىرانك ئەتراپىدا بولدى. تۆلەمگە ئېرىشىدىغانلار ئىلگىرى ياۋروپادىكى فېئودال پادىشاھلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، فىرانسىيە خەلقى بىلەن جەڭ قىلغان ئەشەددىي سىنىپىي دۈشمەنلەر بولغاچقا، قانۇن ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. تۆلەم راسخوتىنى غەملەش ئۈچۈن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى زايومنىڭ ئۆسۈمىنى 5% دىن 3% كە تۆۋەنلەتتى. زايوم سېتىۋالغانلار ئاساسەن چوڭ بۇرژۇئازلار بولغاچقا، زايوم ئۆسۈمىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى ئۇلارنى زور زىيانغا ئۇچراتتى، شۇڭا چوڭ

بۇرژۇئازلارمۇ نارازى بولدى.

ئارقىدىن، چارلېس X يەنە پارلامېنتقا ئەقىل كۆرسىتىپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ «مۇقەددەس بۇيۇملارنى»، «ئىكونا»ۋە نەزىر ـ چىراغ بۇيۇملىرىغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلار قاتتىق جازالىنىدۇ، يەنى ئالدى بىلەن ئوڭ قولى كېسىپ تاشلىنىپ، ئارقىدىن كاللىسى ئېلىنىدۇ؛ ئالىي مەكتەپلەرنى روھانىيلار باشقۇرىدۇ، دېگەندەك بىر يۈرۈش قانۇنلارنى ئېلان قىلدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭدىكى مەقسەت كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. بۇلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

1830 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، چارلېس X ئۆز نامىدا ئالتە تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە پەرمان ئېلان قىلىپ، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى بىكار قىلىپ، سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ھەتتا بۇرژۇئازىيەنىڭ بېلەت تاشلاش ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋالدى. بۇ «خارتىيە» پىرىنسىپلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. فىرانسىيە خەلقى ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. پەۋقۇلئاددە پەرمان ئېلان قىلىنغان كۈنى پارىژدىكى ئىشچىلار، قول ھۈنەرۋەنچىلەر ئوقۇغۇچىلار، بىر قىسىم ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر ۋە ئەسكەرلەر كوچىلارغا چىقىپ، پادىشاھنىڭ ئېقىمىغا قارشى قىلمىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ نامايىش قىلدى. نامايىشچىلار بىلەن ساقچىلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى چىقارغان «مىللەت گېزىتى»مۇ تەشۋىق قىلىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئەمما، بۇرژۇئازىيە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاب كەيپىياتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇپ ئىككىلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، پارىژ خەلقى ھەرىكەتتە قەدىمىنى تېزلەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ھەرىكەت تەرەققىي قىلىپ قوزغىلاڭغا ئايلاندى، ئامما بەس ـ بەس

بىلەن قورالىنىپ، پادىشاھنىڭ ھەربىي قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىدى، 2 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆلىمى زورىيىپ، ئادەم سانى 80 مىڭغا يەتتى. قوزغىلاڭچىلار شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىنى ئىگىلەپ، ئۈچ خىل رەڭلىك ئىنقىلاب بايرىقىنى قادىدى. شۇ كۈنى بىر قىسىم پادىشاھ قوشۇنىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئامما تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. 29 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى ئامما يەنە تۇئىلېرىيە سارىيىنى ئىشغال قىلدى. شۇ چاغدا چارلېس X سىرتتا ئوۋ قىلىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتاتتى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتتى، ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى.

ئىيۇل ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتىغا قارىماي كۈرەش قىلىشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى، ئەمما شۇ چاغلاردا پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇستەھكەم تەشكىلاتى بولمىغاچقا، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى چوڭ بۇرژۇئازلار تارتىۋالدى. چوڭ سەرراپلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، ئورلېئانلىق گىراف لۇئى فىلىپنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ، «ئىيۇل خاندانلىقى»نى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە دۆلەت ھاكىمىيىتى سەرراپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئىيۇل ئىنقىلابى گەرچە چوڭ بۇرژۇئازلارنىڭ پادىشاھلىق دۆلەت قۇرۇشى بىلەن نەتىجىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىنقىلاب كونا ئاقسۆڭەكلەر، روھانىيلارنىڭ فىرانسىيەدە فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزىنى بىتچىت قىلىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ۋە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ ئەكسىيەتچى سىستېمىسىغا كۈچلۈك زەربە بەردى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئۇ يەنىلا زور ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىيۇل خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، فىرانسىيە ھاكىمىيىتىنى بانكىرلار، بىرژا غوجايىنلىرى، تۆمۈريول



www.uyghurkitap.com

غوجايىنلىرى، كۆمۈر كان، تۆمۈر رۇدىسى كان غوجايىنلىرى، ئورمان ئىگىلىرى قاتارلىق «سەرراپ ئاقسۆڭەكلەر» كونترول قىلدى. لۇئى فىلىپ ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى بولغاچقا، «ھەمىيانلىق پادىشاھ»دەپ ئاتالدى.

ئىيۇل خاندانلىقىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتى پۈتۈنلەي «سەرراپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئىچكى جەھەتتە «سەرراپ ئاقسۆڭەكلەر»سىياسىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھايانكەشلىك قىلىپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى شۇلۇۋالدى. تاشقى جەھەتتە ئاجىز ـ مادارسىزلىق يولىنى تۇتۇپ، رۇسىيە، ئەنگلىيە، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىشتىن، ئۇرۇش قوزغىلىشتىن قورقۇپ، زايوم باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىپ، «سەرراپ ئاقسۆڭەكلەر»نىڭ زايوم ھايانكەشلىكىدىن كېلىدىغان زور پايدىسىغا تەسىر يەتكۈزدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ تاشقى سىياسەتتە ئوتتۇرىغا قويغان شوئارى «شان ـ شەرەپ ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ پۇل خەجلىمەسلىك» بولدى. ئەمما، ئۇلار مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، 1847 ـ يىلى ئالجىرىيەنى بېسىۋالدى.

ئىيۇل خاندانلىقى مەزگىلىدە، كاپىتالىستىك ئىگىلىك يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى. پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدە پاختىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى 1831 ـ يىلىدىكى 28 مىليون كىلوگىرامدىن 1845 ـ يىلى 64 مىليون كىلوگىرامغا يەتتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى سودا ـ سانائەت كاپىتالىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1830 ـ يىلىدىكى 30 مىليارد فىرانكتىن 1848 ـ يىلى 45 مىليارد فىرانكقا، سانائەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان پار ماشىنىسى 1830 ـ يىلىدىكى 625 تىن 1848 ـ يىلى 4853 كە، 1847 ـ يىلى تۆمۈر يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1835 كىلومېتىرغا، قېزىلغان قانالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1830 ـ يىلىدىكى 1324 ئىنگلىز مىلىدىن 1845 ـ يىلى 2806 ئىنگلىز مىلىغا يەتتى. بانكا ساھەسىمۇ تېز سۈرئەتتە

راۋاجلىنىپ، 1830 ـ يىلىدىكى 12 باڭكىدىن 1840 ـ يىلى 278 گە، 1847 ـ يىلى 354 كە كۆپەيدى. ئىشچىلارنىڭ سانىمۇ تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى، پەقەت كۆمۈركان ئىشچىلىرىلا 1830 ـ يىلىدىكى 15 مىڭدىن 1847 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 35 مىڭغا يەتتى. بۇ مەزگىلدە، فىرانسىيەنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىكى خېلى تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما قول سانائەت ئىشخانىلىرى ۋە كىچىك تىپتىكى قول سانائەت كارخانىلىرىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. مەسىلەن، 1847 ـ يىلى پارىژدىكى 64 مىڭدىن ئارتۇق كارخانا ئىچىدە، ئوندىن ئارتۇق ئىشچى ياللىغان كارخانا ئاران 7100 دىن ئاشاتتى، ئوندىن ئاز ئىشچى ياللىغان كارخانا 35 مىڭ ئىدى، قالغان 30 مىڭ كارخانا ئائىلە قول ھۈنەرۋەنلىرى ياكى بىرلا ئىشچى ياللىغان كىچىك ئۈستىخانا ئىدى.

بۇ مەزگىلدە، تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا جەھەتتە نۇرغۇن كەشپىيات ۋە بايقاشلار بارلىققا كەلدى. تەبىئىي پەن ساھەسىدە لېۋېرلىئەي ماتېماتىكا نەزەرىيەسى ئاساسىدا، ئۇرانىنىڭ سىرتىدا يەنە يېڭى سەييارە يۇلتۇز بارلىقىنى مۆلچەرلىدى، مۇشۇ ئاساستا 1846 ـ يىلى ئۇ قىياس قىلغان ئورۇندا نېپتۇن بايقالدى. گاسپال مونرى دىففېرېنسىئال گېئومېترىيەسىنى كەشىپ قىلىپ، پېروېكسىيە گېئومېترىيەسىگە ئاساس سالدى، بۇ ماشىنىسازلىق سانائىتى ۋە بىناكارلىق خەرىتە ـ لايىھە ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈردى. تېخنىكا جەھەتتە 1834 ـ يىلى، پېللوۋ كۆپ خىل رەڭلىك گۈل بېسىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىپ، ئۈچ ـ تۆت خىل رەڭنى بىرلا ۋاقىتتا بېسىپ چىقىرىپ، بوياش ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. 30 ـ يىللاردا دوگگار بىلەن نىئەپىپوس «كۈمۈش نېگاتىپلىق سۈرەت تارتىش تېخنىكىسى»نى كەشىپ قىلدى. بۇ يېڭى كەشپىيات ۋە بايقاشلار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى



www.uyghurkitap.com

يۈكسەلدۈردى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا ئەسلىدىلا بار بولغان زىددىيەتلەر تەدرىجىي ئاشكارىلىنىپ، سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. بۇ زىددىيەتلەر ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىدا روشەن ئەكس ئېتىپ، بۇ ئېقىمنىڭ ئونورې دې. بالزاك (1799 ــ 1850) قاتارلىق ئۇخشاش ۋەكىللىرى مەيدانغا كەلدى. بالزاك ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە، ئېيۇل خانىدانلىقى مەزگىلىدىكى فىرانسىيە كاپىتالىستىك جەمئىيىتىنىڭ خىلمۇخىل رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇلغانغان روھىنى كىتابخانلارغا نامايان قىلىپ، كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە قامچىلىغان.

1829 ـ يىلى بالزاك «جوئانىستلار» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ نام چىقارغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مەشھۇر ئەسىرى «ئىنسان كومېدىيەسى»① بولۇپ، 90 نەچچە ھېكايىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئىچىدە «گورىيو بوۋاي»، «نېۋشىنگون بانكىسى»، «يېۋگېنىيې گىراندې»، «پولكوۋنىك شيابېل»، «يوشول نىلوئى»، «تاغام بونىس»، «بېي ھامىمام»، «دېھقان» قاتارلىق مەشھۇر ھېكايىلەر بار. بۇ ئەسەر ئىچىدىكى ھەربىر ھېكايىدە، بىر دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، مۇستەقىل كىتاب قىلىشقىمۇ، ئۇلاپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ، ئۇ بۇ ھېكايىلىرىدە ياراتقان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئوبراز پۈتۈن كىتابقا سىڭدۈرۈلگەن، بەزى ئوبرازلار ھەربىر ھېكايىدە قايتا نامايان قىلىنغان، بارلىق ھېكايىلەرگە تارقالغان بۇ «تىپىك ئوبرازلار»نەپىس ـ ئىنچىكە تەسۋىرلەر ئارقىلىق، شۇ دەۋرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى

① بالزاك دانتېنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئىلاھ كومېدىيەسى»گە تەقلىد قىلىپ بۇ ئەسەرنى يازغاندىن كېيىن، «ئىنسان كومېدىيەسى» دېگەن نامنى قويغان.

فرانسىيە فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ جىنايەتلىك گۈللىنىش تارىخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خارابلىشىشىدىن ئىبارەت «مەركىزىي تېما»نى ئۆز ئەسىرىگە سىڭدۇرۇپ، «فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن تارىخىنى يورۇتۇپ بەردى». ئۇ ئۆتكۈر قەلىمىگە تايىنىپ، بۇزۇقچىلىق قوتراپ كەتكەن، رەزىللىكلەر ھەممە يەرنى قاپلىغان، پۇلپەرەسلىك ئەۋج ئالغان كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەردى، ئۇ بۇ تەسۋىرلەر ئارقىلىق «ھەرقانداق بىر ھەجۋىي يازغۇچى جۇلالىنىپ تۇرغان ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان رەزىللىكلەرنى يېزىپ تۈگىتەلمەيدۇ» (بالزاك «گورىيو بوۋاي»)نى يېزىپ تۈگەتتى. ماركس ۋە ئېنگېلس بالزاكقا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن، ئېنگېلس: «ئۇ بۇرۇنقى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق زولالاردىنمۇ ئۇلۇغ رېئالىزمچى ئۇستاز»① دەپ كۆرسەتكەن.

بالزاك ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يازغۇچى بولسىمۇ، ئەمما ئاقسۆڭەكلىك ھېسسىياتى كۈچلۈك بولۇپ، بىر ئۆمۈر نامراتلىقتا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىغا كىرىشكە كۈچەپ ئۇرۇنغان. بىر مەزگىل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بەلگىسى بولغان «ئەخلاق» دېگەن سۆزنى ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسىگە قوشۇپ قوللانغان. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بۇ خىل زىددىيەتلىك ئەھۋال ئۇ ياشىغان مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەشكە تولغان دەۋرنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ سىنىپىي ئورنى ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئىنكاسى، شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ خارابلاشقان ئاقسۆڭەكلەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، تۇرمۇشى باياشاتلىققا

① ئېنگېلس: «ما.خاكنېسقا خەت (1888 ـ يىلى 4 ـ ئاي) «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 684 ـــ 683 ـ بەتلەر.

تولغان، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان چوڭ بۇرژۇئازىيەگە قاتتىق نەپرەتلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىدىن خۇشاللانغان، بۇرژۇئازىيەنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ قامچىلىغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلققە مەلۇم دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پىرولېتارىيات قوزغىغان ئىنقىلاب بورىنىدىن قورقۇپ، تەشۋىشلەنگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ پىرولېتارىياتنىڭ كۈرەش ئىزنالىرىنى، شۇ دەۋرگە خاس ئىنقىلاب ساداسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تېخىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بۇرژۇئازىيەچە ئىنسانپەرۋەرلىك، ئابستراكت ئەخلاق دائىرىسىدىلا چىقىش يولى ئىزدەپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاساسىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. بۇلار بالزاكنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ سىنىپىي چەكلىمىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3. ئىيۇل خاندانلىقى مەزگىلىدىكى فرانسىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كۈرىشى

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئەمگەكچى خەلققە تېخىمۇ زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىيۇل خاندانلىقى مەزگىلىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىدە روشەن سېلىشتۇرما بارلىققا كەلدى: بىر تەرەپتىن «سەرراپ ئاقسۆڭەكلەر» بارغانسېرى بېيىپ، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەكچى خەلق ئاچ - يالىڭاچلىق دەردىدە قىينالدى. شۇڭا، بۇ دەۋردىكى ئىشچىلارنىڭ كاپىتالىستلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرەشلىرى بۇرۇنقى ھەرقانداق دەۋردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر بولدى. بۇ كۈرەشلەر

ئىچىدە 1831 ـ يىلى ۋە 1834 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق لىيئون ئىشچىلار قوزغىلىڭى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

لىيئون فرانسىيەنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق مەركىزى بولۇپ، 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ يەردىكى يىپەك توقۇمىچى ئىشچىلارنىڭ سانى 90 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. كاپىتالىستلار ئىشچىلارنىڭ ئىلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن شورايتتى، ئەمگەك ئېغىر، ئىش ھەققى تۆۋەن بولۇپ، ئىشچىلار ھەر كۈنى 18 سائەت ئىشلىسىمۇ، بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىگە بىر قاداق بولكا كەلمەيتتى. 1831 ـ يىلى، ئىشچىلار ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىش كۈرىشىنى قوزغاپ، كاپىتالىستلار بىلەن «ئىش ھەققى كېلىشىمى» تۈزدى. ئەمما، كاپىتالىستلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي كېلىشىمنى بۇزدى. ئىشچىلار بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئىش تاشلىدى. ئىش تاشلاش كۈرىشى تەرەققىي قىلىپ قوزغىلاڭغا ئايلاندى. 23 ـ كۈنى سەھەردە، قوزغىلاڭچىلار شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىنى ئىگىلەپ پۈتۈن شەھەرنى تىزگىنلىدى. كۈرەش جەريانىدا ئىشچىلار كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان: «خىزمەت تۇرمۇشىمىزغا كاپالەتلىك قىلالمىسا، جەڭ قىلىپ ئۆلۈشكە رازى!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلىدى. بۇ شوئارلار قوزغىلاڭچى ئىشچىلارنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، ئاممىنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، كۈرەشنىڭ دەسلەپكى مېۋىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئىنقىلاب بورىنىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىيۇل خانىدانلىقى ئالدىراپ ـ تېنەپ 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن يۆتكەپ، قوزغىلاڭنى باستۇردى. ئەمما، ئىشچىلار ھايات ـ ماماتىغا قارىماي، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە بەرداشلىق بەردى. قوزغىلاڭ ئاخىر باستۇرۇۋېتىلدى.

1834 ـ يىلى، لىيئوندا 2 ـ قېتىم قوزغىلاڭ پارتلىدى. بۇ



www.uyghurkitap.com

قوزغىلاڭنى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى: ھۆكۈمەت ئىشچىلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشنى مەنئى قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسىنىڭ يولباشچىسىنى تۇتۇپ كەتتى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لىيون ئىشچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلىدى، ئىش تاشلاش ئاخىر قوزغىلاڭغا ئايلاندى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ روشەن سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، «دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، «بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىشى» دەپ جاكارلىدى. ئىشچىلار ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلدى، كۈچ سېلىشتۇرمىسى چوڭ بولغاچقا، ھۆكۈمەت قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ۋايتىز بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار شەھەر مەركىزىگە چېكىنىپ، قەتئىي تىز پۈكمەي، 13 ـ كۈنى ئاخىرقى ئىستىھكام قولدىن كەتكۈچە قارشىلىق كۆرسەتتى، جەڭگە قاتناشقان ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى باتۇرلارچە قۇربان بولدى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لىيون قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى فرانسىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. شۇ چاغدا، لىيون ئىشچىلىرىنىڭ كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىيون ئىشچىلىرى باشقا شەھەرلەردىكى ئىشچىلار بىلەن ئالاقە ئورناتمىغاچقا، ئىككى قېتىملىق ئىشچىلار قوزغىلىڭى ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ناھايىتى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ جەريانىدا، ئىشچىلار مۇستەقىل ھالدا ئۆز سىنىپىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەرىكەتتىن

بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخىي سەھنىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

لېئون ئىشچىلار قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، فىرانسىيە خەلقىنىڭ ئاممىۋى ھەرىكىتى ئىش تاشلاش، ئاشلىق، باج تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرۇش شەكلىدە ھەرقايسى جايلاردا كەڭ قانات يايدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى سوتسىيالىزم ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى جانلىنىپ، بەزى مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بلانكى قۇرغان «تۆت پەسىل ئۇيۇشمىسى»① ئەڭ مەشھۇر ھېسابلىنىدۇ. ئاۋگۇست بلانكى (1805 ــ 1881) پارلامېنت ئەزاسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىيۇل ئىنقىلابى ۋە 30 ـ يىللاردىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1837 ـ يىلى «تۆت پەسىل ئۇيۇشمىسى»نى تەشكىللىگەن. 1839 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «تۆت پەسىل ئۇيۇشمىسى» قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بلانكى قولغا ئېلىنغان، بلانكى بابېئوت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋارىسى بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە كوممۇنىزمنى ھىمايە قىلىپ، ھەرىكەت جەھەتتە ئىنقىلابقا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما، ئۇ ئىنقىلاب نەزەرىيەسىگە سەل قاراپ، بىر قاتار ئېغىر نەزەرىيەۋى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە قىلماي، كونكرېت ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلماي، نوقۇل ھالدا مەخپىي تەشكىلاتقا تايىنىپ، ئاممىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلغان سۈيىقەستلىك زوراۋانلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغاچقا، ئۇنىڭ كۆپ قېتىملىق قوزغىلىڭى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ

① «تۆت پەسىل ئۇيۇشمىسى» يەتتە ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ «ھەپتە»، «تۆت ھەپتە»، يەنى 28 ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ «ئاي»، «ئۈچ ئاي، يەنى 84 ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ «پەسىل» دەپ ئاتالغاچقا، «تۆت پەسىل ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتالغان.



www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن «پارىژ دىكتاتورا ھاكىمىيىتى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، ئۇ تەشەببۇس قىلغان «پارىژ دىكتاتورا ھاكىمىيىتى» پەقەت ئاز ساندىكى كەسپىي ئىنقىلابچىلارنىڭ ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئىشچى - دېھقانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ھېسابلانمايتتى، بۇنىڭ ماركس ئوتتۇرىغا قويغان پرولېتارىيات دىكتاتورىسى بىلەن زادىلا ئورتاقلىقى يوق ئىدى. بلانكىنىڭ ئاممىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلغان ھالدا ئاز ساندىكى كىشىلەرگە تايىنىپ مەخپىي سۇيىقەست ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيەسى «بلانكىزم»دەپ ئاتالدى.

بۇ مەزگىلدە، يەنە بىر تۈردىكى ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزم ئېقىمىدىكىلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ھۆكۈمەتسىزلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى پرودون مەيدانغا چىقتى. پىئېر جوسېف پرودون (1809 — 1865) ياش ۋاقتىلىرىدا باسمىخانا ئىشچىسى بولغان، كېيىن ئۆزى كىچىك بىر باسمىخانا ئاچقان. 1840 - يىلى «مال - مۈلۈك دېگەن نېمە؟»، 1846- يىلى «نامراتلىق پەلسەپىسى»ناملىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان.

ئۇ «مال - مۈلۈك دېگەن نېمە؟» ناملىق ئەسىرىدە، «مال - مۈلۈك ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىقتىن كېلىدۇ»دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلماي، پەقەت چوڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككىلا قارشى تۇرۇپ، ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشنى، يەنى يۇقىرى ئۆسۈملۈك كاپىتال، بانكا كاپىتالى، بىرژا ۋە نامۇۋاپىق سودىغىلا قارشى تۇرۇپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمگە قارشى پىكىردە بولمىدى. ئۇ «ئالماشتۇرۇش بانكىسى»، «ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ۋاستىچىلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەدىن ئەگىپ ئۆتۈپ،

مەھسۇلاتلارنى بىۋاستە ئالماشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە «نامراتلىق پەلسەپىسى»ناملىق ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە سىياسىي ئىقتىساد سەپسەتىسىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق شەرھلەپ، كوممۇنىزمغا ئوچۇق - ئاشكارا قارشى تۇردى. ئۇ ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىجتىمائىي بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسى، ئەركىنلىكنىڭ كاپالىتى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق ھاكىمىيەت شەكلىدىكى دۆلەتتە، شەخسلەرنى مەجبۇرلاش زىيانلىق، ئۇ «بارلىق رەزىللىكنىڭ مەنبەسى»، دەپ قارىدى. ئۇ پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىگە، ھەتتا ئىشچىلار تەشكىلاتى ۋە ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى، ئۇنىڭ بۇ خىل ھۆكۈمەتسىزلىك ئەكسىيەتچى مەسلىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئىنتايىن زىيانلىق تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ۋەيران بولغان زور تۈركۈمدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ جارچىسى بولۇپ قالدى.

ماركس 1847- يىلى ئېلان قىلغان «پەلسەپە نامراتلىقى» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرىدە، پرودوننىڭ ئىدىيەسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن «قامچىلىدى ۋە تەنقىد قىلدى».

## 2 - بۆلۈم 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەنگلىيە، ئاساسىي قانۇنچىلىق ھەرىكىتى (خارتىزم)

### 1. ئۇرۇشتىن كېيىنكى رادىكاللار ھەرىكىتى

20 نەچچە يىلغا سوزۇلغان فرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش 1815 - يىلى ئاخىرلاشتى، ئەمما تىنچلىق ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى

ئېلىپ كەلدى. ھۆكۈمەت ھەربىي ئەشيا زاكاز قىلىشنى توختاتقاچقا، نۇرغۇن ئېغىر سانائەت ۋە ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى ۋەيران بولدى، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىدە سېتىلىشىمۇ قىيىنلىشىپ ①، ئەنگلىيەنىڭ كۆپ ساندىكى زاۋۇت ـ كارخانىلىرى تاقالدى، ئىشسىزلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشتى. قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەسىدىن چېكىنگەن (300 مىڭ ئادەم)لەر ئىشسىزلارنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى.

فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، دۆلەت قەرزى 864 مىليون فوندستېرلىڭغا، ئۆسۈمى 30 مىليون فوندستېرلىڭغا يېتىپ، زايوم سېتىۋالغان چوڭ بۇرژۇئازلار تازا بېيىدى. ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ قەرز يۈكىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ زىممىسىگە يۈكلەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت تاپاۋەت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋاستىلىك باجلارنى خالىغانچە كۆپەيتتى. ۋاستىلىك باجلار ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. چوڭ پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1815 ـ يىلى پارلامېنت «داشلىق زىرائەت قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، دۆلەت ئىچى بازارلىرىدا ھەربىر كۇئارت ② بۇغدايىنىڭ باھاسى 82 شىللىڭدىن تۆۋەن بولغاندا، بۇغداي ئىمپورت قىلىشنى مەنئى قىلىشنى بەلگىلىدى، بۇ ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتتى.

مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ناچارلاشتى،

---

① ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپا دۆلەتلىرى يەنىلا نامرات ۋە قالايمىقانچىلىق ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى زور مىقداردا سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى.

② بىر كۇئارت 12.7 كىلوگىرامغا تەڭ.

پىرولېتارلار بىلەن يېرىم پىرولېتارلار ئۈمىدسىزلىنىپ پاتتى، ھەتتا ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭمۇ كۆڭلى تەسلەشتى. ئامما پات ـ پات يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پارلامېنتتا ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇشى كېرەكلىكىنى، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە پارلامېنتنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، 1816 يىلىدىن باشلاپ، ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرى باشچىلىقىدىكى كەڭ ئىشچىلار ئاممىسى قاتناشقان رادىكاللار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ قانات يايدى. ھەرىكەت نىشانى 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى رادىكاللار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى كارترايت ئوتتۇرىغا قويغان پىروگراممىدىكى تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولدى.

بۇ مەزگىلدە، سانائەت بۇرژۇئازىيەسى تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ھەرىكىتىدىن قورقۇپ، رادىكاللار ھەرىكىتىگە قاتناشمىدى، ئۇلار 18 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا شەكىللەنگەن ئەكسىيەتچى ئىتتىپاقنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىپ، خەلق ھەرىكىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى.

رادىكاللار ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىيلىرىدىن بىرى بولغان ۋىلىيام كوببېت (1763 — 1835) 1816 ـ يىلىدىن باشلاپ، تىرازى 60 مىڭ پارچىگە يېتىدىغان ئەرزان باھالىق گېزىت (ھەربىر پارچىسىنىڭ باھاسى ئىككى پېنس) «سىياسىي خاتىرىلەر گېزىتى»نى چىقاردى. ئۇ بۇ گېزىتتە، ئەنگلىيە سىياسىيسىنىڭ چىرىكلىكىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، «پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىدا، ئۇلار ھاكىمىيەتكە تايىنىپ خەلققە مەنپەئەت ـ پاراۋانلىق ئېلىپ كېلەمەيلا قالماستىن، بەلكى قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى ئۆزى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىلا بولۇۋاتىدۇ»،

دېدى. ئۇ يەنە ئەمگەكنىڭ بارلىق بايلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ خىلمۇ خىل جاپا ـ مۇشەققەتنىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «بۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسى ياكى ئاۋام پالاتاسىنى ئىسلاھ قىلىپ، بىۋاسىتە باج تاپشۇرىدىغان ھەربىر كىشىگە سايلام ھوقۇقى بېرىش ھەمدە ھەر يىلى بىر قېتىم سايلام ئۆتكۈزۈش»، دەپ كۆرسەتتى.

كوببېتتىن باشقا، سىلۋىن، ۋاتسون قاتارلىق ئامما ئارىسىدىن چىققان يولباشچىلار تەشۋىقات قىلىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. سىلۋىن گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، «زوراۋان ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى خەلق ئاممىسىنى مۇلۇكدارلارنىڭ قۇللىغا ئايلاندۇرۇش... ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىزچىل مۇشۇ مەقسەتنى كۆزلەپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى»، دەپ كۆرسەتتى. ۋاتسون «ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بايلار»نى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خەلقنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ يەنە: «ئەمگەكچىلەرگە ئالاقىدار بارلىق قانۇنلارنى ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى بېكىتىشى كېرەك»، «ئۇلار جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر تۈۋرۈكى، شۇڭا ئۇلار جەمئىيەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىدىغان بىردىنبىر ھۆكۈمران»، دەپ كۆرسەتتى. بىر قىسىم رادىكاللار چىقارغان گېزىتلەر ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقىلا ئەمەس، يەنە «ئۆز شەخسىي غەرىزى، تىجارەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى»نى كۆزلەيدىغانلارغا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان بارلىق بۇرژۇئازلارغا قارشى تۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى. يەنە ئاز ساندىكى كىشىلەر پادىشاھلىق تۈزۈمىنى يوقىتىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ تەشۋىقاتىدىن باشقا، يەنە چوڭ

ئامموۋى يىغىلىشلار، نامايىش ۋە مۇراجىئەتنامە سۇنۇش شەكىللىرىمۇ قوللىنىلدى. 1816 ـ يىلى، گىلازگودا ئىشچىلار بىلەن ھەربىي قوشۇن ئارىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. بەزى جايلاردا ئامموۋى ھەرىكەتلەر تەرەققىي قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. كونسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ئامموۋى ھەرىكەتكە قارىتا، پارلامېنت 1817 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پەرمان چىقىرىپ، ئامما ئېنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىنى مەنئى قىلدى ھەمدە «جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قوغداش قانۇنى»نى بىر يىل ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئەمما، بۇنداق يۇقىرى بېسىملىق ۋاستىلەر ئاممىنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىنى پەسەيتەلمىدى. لوندون، بىرمىڭخام قاتارلىق جايلاردا كىشىلەر بۇرۇنقىدەكلا يىغىلىش ئۆتكۈزۈۋەردى. 1819 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مانچېستېردىكى ساپېتىر مەيدانىدا 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى كىشىلەر بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، سەپكە تىزىلىپ يىغىن مەيدانىغا كىردى. يىغىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئاتاقلىق ناتىق ھېنرى خانتې نۇتقىنى ئەمدىلا باشلىشىغا، ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئاتلىق ئەسكەرلەر يىغىن مەيدانىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئاممىغا ئوق چىقاردى، نەق مەيداندا 11 ئادەم ئۆلۈپ، تۆت يۈز نەچچە ئادەم يارىلاندى. خانتې قاتارلىقلار قولغا ئېلىنىپ، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەندى. بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقەنى كىشىلەر «پېتىرلو قىرغىنچىلىقى»[①] دەپ ئاتىدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بۇ قىرغىنچىلىققا باھانە ئىزدەپ، بۇ قېتىمقى يىغىلىش توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دەپ تۇرىۋالدى، ھەتتا «تايمىس گېزىتى»مۇ بۇنىڭ

① كىشىلەر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ سان پېتىر مەيدانىدا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئاممىغا ئوق چىقارغانلىقىنى، تۆت يىل بۇرۇنقى ناپو- لېئوننىڭ ۋاتېرلو ھەل قىلغۇچ جېڭىگە ئوخشىتىپ، «پېتىرلو قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتىغان.

ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

پارلامېنت شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئالتە تۈرلۈك ئالاھىدە پەرمان چىقىرىپ، 50 نەپەردىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىنى، ھەرخىل مەشىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىش، بايراق كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىش قاتارلىقلارنى مەنئىي قىلدى. ساقچىلارغا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش، قورال ئېلىپ يۈرگەن ھەرقانداق ئادەمنى قولغا ئېلىش ھوقۇقىنى بەردى. بۇ پەرماندا يەنە: باھاسى ئالتە پېنستىن تۆۋەن بولغان گېزىت ـ ژۇرنال ياكى كىتابچىنىڭ ھەربىر نۇسخىسىدىن تۆت پېنس باج ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭدىكى مەقسەت «سىياسىي خاتىرىلەر گېزىتى»گە ئوخشاش دېموكراتىك گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئامما ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى قىرغىنچىلىق ۋە 11 ـ ئايدىكى ئالتە تۈرلۈك ئالاھىدە پەرمان باتۇر خەلقنى قورقۇتالمىدى. ئۇلار يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇردى. رادىكاللار گۇرۇھىدىكى ئاز ساندىكى سولچىلار سىسلۋۇئود باشچىلىقىدا، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، بۇ پىلانىنى ئورۇنلاشقا نەچچە ئون لوندونلۇق ئىشچى ۋە قول ھۈنەرۋەن قاتناشماقچى بولدى. ئۇلار قورال ـ ياراغلارنى لوندوندىكى كاتو كوچىسىغا يوشۇرۇن يۆتكەپ، 1820 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىچكى كابىنېت زىياپەت ئۆتكۈزگەندە، ئىچكى كابىنېت ۋەزىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان پايلاقچى ئېدۋاس ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويۇپ، نەتىجىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پىلانىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ، سىسلۋۇئود باشچىلىقىدىكى بەش ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. سىسلۋۇئود فىرانسىيە ئىنقىلابچىسى روبېسپېرغا چوقۇناتتى. ئۇ ئىنقىلاب ئارقىلىق شۇ چاغدىكى سىياسىي

www.uyghurkitap.com

تۇزۇمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېت ۋەزىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پىلانى ئۇمۇمىي ئىنقىلاب پىلانىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇ مويتوڭزىدا ناھايىتى مەردانىلىك بىلەن: «مەن بارلىق زوراۋان پادىشاھلارنىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدا ئۆلىمەن»، دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، شوتلاندىيەدىكى گىلازگو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا نۇرغۇن كۆمۈركان ئىشچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 60 مىڭ ئادەم قاتناشقان سىياسىي خاراكتېرلىك ئىش تاشلاش يۈز بەردى. شۇ چاغدا، ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئاممىسى بۇ قېتىملىق ئىش تاشلاشنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىش تاشلاش باشتىن ـ ئاخىر قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنالمىدى. پەقەت ئاز ساندىكى ئىشچىلار ھۆكۈمەت پايلاقچىلىرىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى بىلەن، پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتمەيلا قوراللىنىپ ھەرىكەت باشلاپ، بانىنمۆل دېگەن جايدا ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن بىر مەيدان جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولدى.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىر قاتار يۇقىرى بېسىملىق تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 1823 ـ يىلى پارلامېنت قانۇن ماقۇللاپ، «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئىچى بازارلىرىدا، ھەربىر كۇئارت بۇغداينىڭ باھاسى 66 شىللىڭغا ئۆسكەندە، بۇغداي ئىمپورت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. 1824 ـ يىلى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بېسىمى بىلەن، 1799 ـ يىلى ئېلان قىلغان ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشىنى مەنئى قىلىش قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنلاشتى. ئەمما، كارخانىلارنىڭ تەلىپى بىلەن پارلامېنت 1825 ـ يىلى يېڭى قانۇن چىقىرىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشىنى مەنئى قىلدى. ئەمما، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى

يەنىلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 20 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىقتىسادنىڭ تېز گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرگەچكە، بۇ دەۋردىكى سىنىپىي كۈرەش پەسىيىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى رادىكاللار ھەرىكىتىمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقالدى.

## 2. 1832 ـ يىلىدىكى پارلامېنت ئىسلاھاتى

20 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ، پارلامېنت ئىسلاھاتىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى يەنە قانات يايدى.

ئالدىنقى مەزگىلدىكى رادىكاللار ھەرىكىتىگە ئوخشىمايدىغىنى، بۇ قېتىملىق ئىسلاھات ھەرىكىتىگە سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ئاكتىپ قاتناشتى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئورنى ۋە تەلىپى جەھەتتە روشەن ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1800 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كىچىك كۆلەمدىكى زاۋۇتلارنىڭ خوجايىنلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا قوغلىشىدىغىنى كۆپرەك پايدا ئېلىشلا ئىدى، ئەمدى ئۇلار نۇرغۇن كاپىتال جۇغلاپ، كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. ئىقتىسادىي ئورنىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىمۇ بارغانسېرى يوغىناپ، دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇلار سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. 1815 ـ يىلىدىن باشلاپ «دانلىق ئاشلىق قانۇنى» ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچى بازارلىرىدىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، ئەمگەك

www.uyghurkitap.com

كۆچىنىڭ باھاسى يۇقىرىلاپ كەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپادىكى نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك دۆلەتلىرى ئەنگلىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى تىزگىنلەش چارىلىرىنى يولغا قويۇپ، «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نى بايقۇت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئېكسپورت سوممىسى جىددىي ئازىيىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن چوقۇم «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، بۇ قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن سايلام قانۇنىنى ئۆزگەرتىش ۋە پارلامېنت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ پارلامېنت ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە قاتنىشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىشى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا شەكىللەنگەن ياكوبىنچىلارغا قارشى ئەكسىيەتچى سىنىپلار ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ئىسلاھات ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، سانائەت بۇرژۇئازىيەسى 1830 ـ يىلى «بىرمىڭخام سىياسىي ئىتتىپاقى» (بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى بانكىر ئاتۋۇئود)نى قۇرۇپ، ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئىشچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇلارنى ئۈلگە قىلغان «سىياسىي ئىتتىپاق»لار كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى.

ئىشچىلار سىنىپى ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي كۈچى بولدى. 1825 ـ يىلى ئەنگلىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن سانائەت كرىزىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەرىكەتكە پائال قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى. چۈنكى بۇ كرىزىس بارلىق سانائەت تارماقلىرىغا چېتىلىپ، كەڭ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بۇ ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ

سىياسىي ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى ھەم ئىشچىلار ھەرىكىتى جەريانىدىكى رولىمۇ كۈچەيدى. بىر مەزگىللىك دەھشەتلىك كۈرەشلەردىن كېيىن، بەزى ئىلغار ئىدىيەلىك ئىشچىلار كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، شۇڭا ئۇلار ئىشچىلار ھەرىكىتى جەريانىدا، بۇرژۇئازىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى رەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ «سىياسىي ئىتتىپاقى»نى قۇردى. بۇنداق ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى شىمالدىكى سانائەت رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1830 ـ يىلى تارقىتىلىشقا باشلىغان «نامراتلار ھىماتچىسى گېزىتى» (ئوۋېلايىن ئىسىملىك كىشى چىقارغان) قاتارلىق بەزى ئىشچىلار گېزىتى ئادەتتىكى ئۇسلۇبتا يېزىلغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلدى، بۇلار بەزى ئىلغار ئىدىيەلىك ئىشچىلارنىڭ سىنىپىي ئېڭىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەزى ئىشچىلار سايلام ھوقۇقى ۋە سىياسىي دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىشچىلارنىڭ ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەلۋەتتە، شۇ چاغلاردا بۇنداق ئاڭغا ئىگە ئىشچىلارنىڭ سانى چەكلىك بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئىشچىلار يەنىلا بۇرژۇئازىيەنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدى، مەسىلەن، 1830 ـ يىلى قۇرۇلغان سانائەت بۇرژۇئازىيەسى رەھبەرلىكىدىكى «بىرمىڭخام سىياسىي ئىتتىپاقى»غا نۇرغۇن ئىشچىلار ئاممىسى ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. بۇ چاغلاردا سوتسىيالىزم كۆپ ساندىكى ئىشچىلارغا ناتونۇش ئىدى.

سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ۋە ئىشچىلار سىنىپىدىن باشقا، بۇ ھەرىكەتكە يەنە ۋىگ پارتىيەسىنىڭ سولچىلىرى قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چىرىك پارلامېنت تۈزۈمىگە ئازراق نارازىلىقى

قوزغالغان گىراي ۋە رۇسسېلمۇ بار ئىدى.

1830- يىلى فىرانسىيە ئىيۇل ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، ئەنگلىيە پارلامېنت ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشچىلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش پائالىيەتلىرى كۆپىيىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەمما تورى پارتىيەسى ھۆكۈمىتى يەنىلا ئىسلاھاتتا چاھىللىق بىلەن قارشى تۇردى. 1830 ـ يىلى كۈزدە پارلامېنت يىغىن ئېچىپ ئىسلاھات مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، باش ۋەزىر ۋېللىنگدون ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سايلام تۈزۈمى ئىنتايىن مۇكەممەل، ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېدى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئاممىۋى ھەرىكەتنى باستۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا، تورى پارتىيەسى شۇ يىللىق سايلامدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئىچكى كابىنېتى ئاغدۇرۇلدى. ئىسلاھاتقا ھېسداشلىق قىلىدىغان، پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ۋىگ پارتىيەسىنىڭ داھىيسى گىراي كابىنېت تەشكىللىدى. گىراي كابىنېت تەشكىللەپ ئۇزاق ئۆتمەي، تۆۋەن پالاتاغا بىر تۈرلۈك ئىسلاھات قانۇن لايىھەسىنى تاپشۇردى (1831 ـ يىلى 3 ـ ئايدا)، بۇ لايىھە مۇنداق ئاساسلىق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى: بىرىنچى، بارلىق «خارابلاشقان» يېزا ـ بازارلارنىڭ تۆۋەن پالاتادىكى نامزاتلىق ئورنىنى بىكار قىلىش، نوپۇسى تۆت مىڭغا يەتمەيدىغان يېزا ـ بازارلارنىڭ نامزاتلىق ئورنىنى ئىككىدىن بىرگە چۈشۈرۈش، بوش قالغان نامزاتلىق ئورنىنى نامزات سانى زىيادە ئاز ۋىلايەتلەرگە ۋە نامزات ئورنى يوق يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت شەھەرلىرىگە تەقسىملەپ بېرىش. ئىككىنچى، سايلام ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سالاھىيىتىنى تۆۋەنلىتىپ، شەھەرلەردىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ۋە يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى خوجايىنلىرىغا سايلام ھوقۇقى بېرىش.

نەتىجىدە كەڭ ئەمگەكچى خەلق سايلام هوقۇقىغا يەنىلا ئېرىشەلمىدى. قىسقىسى، بۇ قانۇن لايىھەسى خەلقنىڭ تەلىپىدىن، بولۇپمۇ كارتىرايت ئوتتۇرىغا قويغان پىروگراممىدىن ناھايىتى يىراقتا ئىدى. «نامراتلار ھىماتچىسى گېزىتى»بۇ قانۇن لايىھەسىنى «رەزىللىككە، يولسىزلىققا، ئالدامچىلىققا ۋە ھىيلە ـ مىكىرگە تولغان تەدبىر»، دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى «ئەگەر بۇ قانۇن لايىھەسى ماقۇللانسا، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، جەسەتلىرى ئىتنىڭ ئۆلۈكىدەك ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىنىۋېتىلىدۇ»، دەپ ئاگاھلاندۇردى. 1831 ـ يىلى ياغاچچى لوۋېت باشچىلىقىدا «مەملىكەتلىك ئىشچىلار بىرلەشمىسى»قۇرۇلدى. بۇ ئىتتىپاق گىرايىنىڭ ئىسلاھات قانۇن لايىھەسىگە قارىمۇقارشى بولغان ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى، ئىمزاسىز ئاۋاز بېرىش ۋە پارلامېنتنى يىلدا بىر قېتىم سايلاش قاتارلىق پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«مەملىكەتلىك ئىشچىلار بىرلەشمىسى»نىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ۋەكىلى پىرىېسمۇ مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلات ــ «مەملىكەتلىك سىياسىي بىرلەشمە»نى قۇردى. بۇ تەشكىلات ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تىزگىنلەشكە ئاسان بولۇش ئۈچۈن، ئىشچىلارنىمۇ قوبۇل قىلدى. يەنە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «سىياسىي بىرلەشمە»لەر بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ تەشكىلاتلارغا تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى كىشىلەرنى گىراي ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لايىھەسىنى قوللاشقا چاقىرىش، سەپەرۋەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما بۇ قانۇن لايىھەسى تۆۋەن پالاتادا تەستىقلانمىدى، بۇنىڭ بىلەن ۋىگ پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ قايتىدىن سايلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. كېيىنكى سايلامدا ۋىگ پارتىيەسى كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشىپ (136

www.uyghurkitap.com

ئورۇن)، قانۇن لايىھەسى ماقۇللاندى. ئەمما 1831 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، يۇقىرى پالاتا بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئىنكار قىلدى. قارشى ئاۋاز بەرگەنلەرنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكى باش ئېپىسكوپلار ۋە ئورۇنشتا بېيىغان ئاقسۆڭەكلەر ئىدى.

يۇقىرى پالاتانىڭ بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئىنكار قىلىشى بۇ قانۇن لايىھەسىگە پايدىلىق ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. بۇ قانۇن لايىھەسىگە ئىنزچىل قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىشچىلار شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى: خەلق بىلەن «كوتا، چىرىك تۈزۈم»نى قوغداۋاتقان ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۆرەشتە، بۇرژۇئازىيە ئەسلىدىكى مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش قوزغالدى، بەزى جايلاردا نامايىش توپىلاڭغا ئايلاندى. لوندوندا ئاممىا تورى پارتىيەسىنىڭ باش ئېپىسكوپلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

1831 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئىسلاھات قانۇن لايىھەسى 3 ـ قېتىم تۆۋەن پالاتانىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلدى ھەمدە 3 ـ قېتىم تەستىقلاندى. يۇقىرى پالاتا يەنىلا ئىنكار قىلىشقا تەييارلاندى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى يەنە جىددىيلەشتى، نۇرغۇن جايلاردا توپىلاڭ يۈز بەردى. «سىياسىي بىرلەشمە» بىرقانچە مىڭ ئادەمنى تەشكىللەپ ۋىگ پارتىيەسىنىڭ ئىچكى كابىنېتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بەزى نامايىشچىلار قوشۇنى يۇقىرى پالاتا ۋە ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئاقسۆڭەكلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى كەسكىن تەلەپ قىلدى. 1832 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، لوندوندىكى نامايىشچىلارنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ چاغدا «مەملىكەتلىك سىياسىي بىرلەشمە»نىڭ كاتتىبېشى پىرېس ئەپچىل سىياسىي نەيرەڭ قوللاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشچىلار ئاممىسىنى توپىلاڭ كۆتۈرمەسلىككە ئۈندىسە، يەنە بىر

تەرەپتىن قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىنقىلابنى شىپى كەلتۈرۈپ تورى پارتىيەسىنى قورقۇتۇپ، ئەگەر بۇ قانۇن لايىھەسى ماقۇللانسا، ئىنقىلابتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئوتتۇرا قاتلام سىنىپىدىكى بانكىغا ئامانەت قويغانلارنى بانكىدىكى ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئالاقزەدەلىكى پەيدا قىلىش ئارقىلىق تورى پارتىيەسىگە تەھدىت سالدى.

شۇ چاغدا ۋىگ پارتىيەسىنىڭ ئىچكى كابىنېتى پادىشاھقا بۇ قانۇن لايىھەسىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى يۇقىرى پالاتا ئەزالىقىغا تەيىنلەپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنى قوللايدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە دەۋەت قىلدى، ئەمما پادىشاھ بۇنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىچكى كابىنېت كوللېكتىپ ئىستېپا بەردى. پادىشاھ تورى پارتىيەسىدىكى ۋېللىنگتوننى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. بۇ دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈش دولقۇنىنى قوزغىدى: گېزىتلەر قارا رامكا ئىچىگە ئېلىنىپ دۆلەت ماتەم كۈنىنى ئېلان قىلدى. ھەممىلا جايدا ماتەم قوڭغۇرىقى چېلىنىپ دۆلەتكە بالايىئاپەت كەلگەندەك مەنزىرە شەكىللەندى. كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن تۆۋەن پالاتاغا مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، قانۇن لايىھەسى ماقۇللىنىشتىن ئىلگىرى تۆۋەن پالاتانىڭ خىراجەت ئاجراتماسلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. شىمالدىكى سانائەت رايونلىرىدىكى «سىياسىي بىرلەشمە»لەر لوندونغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئالدىدا، ۋېللىنگتونمۇ قورقۇپ كېتىپ كابىنېت تەشكىللەشنى رەت قىلدى ھەمدە پادىشاھنى ۋىگ پارتىيەسىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاشقا دەۋەت قىلدى. پادىشاھ ۋىگ پارتىيەسىنىڭ ئىچكى كابىنېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇقىرى پالاتاغا يېڭىدىن 50 نەپەر ئەزانى كۆپەيتىشكە ماقۇل بولۇپ، قانۇن لايىھەسىنىڭ ماقۇللىنىشىنى كاپالەتلەندۈرمەكچى بولدى، شۇنداقلا پادىشاھ

www.uyghurkitap.com

يەنە بۇ قانۇن لايىھەسىگە قارشى چىققان يۇقىرى پالاتا ئەزالىرىغا خەت يېزىپ يول قويۇشقا دەۋەت قىلدى. ۋېللىڭگتوننىڭ يۇقىرى پالاتانىڭ بۇ ئەزالىرىنى قارشى تۇرماسلىققا قايىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 1832- يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يۇقىرى پالاتا بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئاخىر ماقۇللىدى.

پارلامېنتتا كۆپ قېتىم مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق، قانۇن لايىھەسىنىڭ مەزمۇنىغا بەزى تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ماقۇللانغان قانۇن لايىھەسى بىلەن ئەسلىدىكى قانۇن لايىھەسى كۆپ پەرقلەنمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ماقۇللانغان قانۇن لايىھەسىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك بولدى:

(1) پالاتانىڭ نامزات سانى قايتىدىن تەقسىملەندى. نوپۇسى 2000 غا يەتمەيدىغان 56 شەھەر - بازارنىڭ تۆۋەن پالاتادىكى نامزات سانى تارتىۋېلىنىپ، نوپۇسى 2000 بىلەن 4000 ئارىلىقىدىكى 31 شەھەر - بازارغا بىر نامزات سانى (ئىلگىرى نامزات سانى ئىككى ئىدى) تەقسىم قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن 143 نامزات سانى بوش قالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 65 نامزات سانى چوڭراق ۋىلايەتلەرگە، سەككىز نامزات سانى شوتلاندىيەگە، بەش نامزات سانى ئىرلاندىيەگە، 65 نامزات سانى يېڭىدىن گۈللەنگەن مانچېستېر، بىرمىڭخام، شېرفېېلد، رېدىس قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن چوڭ سانائەت شەھەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

(2) سايلام ھوقۇقى ئىسلاھ قىلىندى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى يىللىق كىرىمى 10 فوندستېرلىڭدىن يۇقىرى بولغان يەر ئىگىلىرى ۋە يىللىق كىرىمى 50 فوندستېرلىڭدىن يۇقىرى بولغان ئىجارىكەشلەر بىردەك سايلىغۇچى بولدى. شەھەرلەردىكى يىلىغا 10 فوندستېرلىڭدىن يۇقىرى كىرىم قىلالايدىغان ئۆي غوجايىنلىرى ۋە ئۆي ئىجارە ئالغۇچىلار سايلاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەنگلىيەنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ سانى 247 مىڭدىن 370 مىڭغا، شەھەرلەردىكى سايلىغۇچىلارنىڭ سانى 188 مىڭدىن 286 مىڭغا كۆپەيدى. سايلىغۇچىلار بىلەن ئومۇمىي نوپۇسنىڭ نىسبىتى ئىلگىرىكى 32 : 1 دىن 1:22 گە تۆۋەنلىدى. شەھەرلەردىكى ئىشچىلار بىلەن يېزىلاردىكى دېھقانلارغا سايلام ھوقۇقى بېرىلمىدى.

(3) ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىندى. ئىلگىرى ئاۋاز بېرىش ۋاقتى 15 كۈن بولۇپ، ساختىپەزلىك، پارىخورلۇق، ھاراقكەشلىك قىلمىشلىرىغا پۇرسەت يارىتىلىپ قالغاچقا، ئاۋاز بېرىش ۋاقتى ئىككى كۈن قىلىپ بېكىتىلدى.

1832 ـ يىلىدىكى پارلامېنت ئىسلاھاتى زور چەكلىمىلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا يەنىلا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. چۈنكى بۇ ئىسلاھات سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىرىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئەمما، بۇ ئىسلاھات ئەمگەكچى خەلققە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى بەرمەي ئىشچىلار سىنىپىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئىشچىلار سىنىپى بىرقانچە يىللىق سىنىپىي كۈرەشتە بۇرژۇئازىيەگە ئەگەشكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا بۇرژۇئازىيە ئۇلارغا ساتقىنلىق قىلدى. شۇڭا، 1832 ـ يىلىدىن كېيىن، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي كۈرەشتىن رايى قايتىپ، بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۇرۇپ ئىقتىسادىي كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇلار پائال تۈردە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللەپ، خىيالىي سوتسىيالىزمچى ئوۋېننىڭ تەسىرى بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال كوپېراتىپى قۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

www.uyghurkitap.com

## 3. ئوۋېننىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمى

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئەنگلىيە كاپىتالىزمى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سانائەت ئىنقىلابى تېخى تاماملانغان، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. دەل مۇشۇ تارىخىي شارائىتتا، ئەنگلىيەدە ئوۋېننىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمى مەيدانغا كەلدى. روبېرت ئوۋېن (1771 ــ 1858) ئات ئېگىرى ياسايدىغان نامرات قول هۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 10 ياش ۋاقتىدا گەزمال دۇكىنىدا شاگىرت، 20 ياش ۋاقتىدا مانچېستېردىكى بىر زاۋۇتتا دىرېكتور، 22 ياش ۋاقتىدا شوتلاندىيەنىڭ يېڭى لانارك دېگەن يېرىدە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ دىرېكتورى ۋە پاي چېكى بولغان. ئۇ كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئۆتكۈر تىللار بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلايدىغان تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەسىلەن، كۈنلۈك ئەمگەك ۋاقتىنى ئون يېرىم سائەتكە قىسقارتتى، 10 ياشتىن تۆۋەنلەرنى بالا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلمىدى؛ ئىشچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ۋە سالامەتلىكىنى ئاسراش شارائىتلىرىنى ياخشىلىدى؛ كوپېراتىپ قۇردى، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مەكتەپ ۋە ئاممىۋى ئاشخانا ئېچىپ بەردى، ياشانغان ئىشچىلارغا كۈتۈنۈش ياردەم پۇلى بەردى.

1813 ـ يىلىدىن 1815 ـ يىلىغىچە، ئۇ «مىجەز ـ خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىنى، 1815 ـ يىلى «سانائەت تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمىنى ھەرخىل نۇقتىدىن كۆزىتىش» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى، ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە نامراتلىق ۋە ئىشسىزلىق بىلەن كۈرەش قىلىش ھەققىدىكى دوكلاتىنى، 1820 ـ يىلى «يېڭى لانارك ۋىلايىتىگە دوكلات»ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ خىيالىي

سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. 1823 ـ يىلى كوممۇنىستىك كوممۇنا قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 2 ـ يىلى ئۆزىنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئىشتاتىغا بېرىپ، 300 مىڭ فوندستېرلىڭغا يەر سېتىۋېلىپ، 900 ئادەمنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ غايىۋى كوممۇناسىنى سىناق قىلدى ھەمدە بۇ كوممۇناغا «يېڭى ئىناق كەنت»دەپ ئىسىم قويدى. ئەمما ئۇنىڭ غايىۋى پىلانى بۇ كوممۇنادا ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولدى، كوممۇنادىكى بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلارنى ئېزىدىغان باي دېھقانلارغا ئايلىنىپ قالدى. 1832ـ يىلى، ئۇ يەنە لوندوندا بىر كوپېراتىپ ۋە بىر «ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش بانكىسى» قۇرۇپ، سودىگەرلەرنىڭ ئارىدىن پايدا ئېلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بۇ بانكىغا كېلىپ باشقا ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى، بانكا «ئەمگەك بېلىتى» تارقىتىپ، ئۇنى پۇلنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، بۇ «ئەمگەك بېلىتى» ھەر سائەتلىك ئەمگەكنى بىر بىرلىك، ھەربىر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ قىممىتىنى ئالتە پېنس قىلىپ بېكىتىلگەن بېلەت ئىدى. ئەمما، ئوۋېننىڭ «ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش بانكىسى» كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى، شۇڭا 1832 ـ يىلىلا تاقىلىپ قالدى. 30 ـ يىللاردا ئوۋېننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللىدى ھەمدە 1834 ـ يىلى ھەرقايسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى»نى قۇرۇپ چىقتى، ئوۋېن بۇ بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئوۋېن ئۆز ئەسەرلىرىدە، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە قارشى تۇرغان. ئۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا

«دۇنيا بايلىق ـ مەئىشەتكە تولغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىلا جايدا نامراتلىق مەۋجۇت»، «خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بارلىق جىنايەت ـ رەزىللىكنىڭ مەنبەسى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مەۋجۇت بولىدىكەن، ئىنسانلارنىڭ بەختكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ بارلىق مىللەتلەرنى ئېزىۋاتقىنى «خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، بىمەنە نامۇۋاپىق دىنىي تۈزۈم ھەمدە مۇشۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دىن ئاساسىغا قۇرۇلغان نىكاھ مۇناسىۋىتى»دىن ئىبارەت ئۈچ خىل جىنايى قىلمىش، دەپ قارىدى. ئۇ قۇرماقچى بولغان غايىۋى جەمئىيەت خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلغان، كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان «ئەمگەكچىلەر كوپىراتىپى» بولۇپ، بۇ كوپىراتىپ ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، مائارىپ ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق تۆت تارماقتىن تەركىب تاپقان، كوپىراتىپتا يەر ۋە مال ـ مۈلۈك ئومۇمغا تەۋە بولۇپ، كۆپچىلىك ئورتاق ئەمگەك قىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا «كوپىراتىپلار ئومۇمىي بىرلەشمىسى» قۇرۇلغاندا، دۆلەت يوقىلىدۇ.

## 4. خارتىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئەنگلىيە خارتىزمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار.

ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئاساسەن تاماملىنىپ، پرولېتارىيات ئەنگلىيەدە بىر ئۇلۇغ سىنىپىي كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئەمما، سانائەت ئىنقىلابى پرولېتارىياتقا نامراتلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئاچلىق ۋە كېسەللىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىشچىلار تار ـ پاسكىنا ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، بۇلغانغان ھاۋادىن نەپەسلەندى، بۇلغانغان پاسكىنا سۇلارنى ئىچىشكە مەجبۇر بولدى، كۈن نۇرىدىن ھۇزۇرلىنالمىدى. ماشىنىلارنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى، ئەمگەك

جەريانىنىڭ جىددىيلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىنى، ئەمگەك شارائىتىنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق باھاسى ئىنچىل ئۆسۈپ تۇرغاچقا، كۆپ ساندىكى ئىشچىلار ئاچلىق ئازابىدا قىينالدى. 1832 ـ يىلىدىكى پارلامېنت ئىسلاھاتىدا ئىشچىلار سىنىپى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئىشچىلار سىياسىي سەھنىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، ئاساسىي كۈچىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغا تايىنىپ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدىماقچى بولدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايرىم ساھەلەردىكى تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئايلاندۇردى، 1834 ـ يىلى قۇرۇلغان «مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى»مۇشۇ خىل ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغا كىرىدۇ. ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 500 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى بۇ «بىرلەشمە»گە قاتناشتى، بۇ «بىرلەشمە»گە ھەممە سانائەت تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار، ھەتتا دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىمۇ كوللېكتىپ ئەزا بولدى.

«بىرلەشمە» قۇرۇلۇشى بىلەنلا، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ۋاقتىنى قىسقارتىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ كۈرەش پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ، بەزى جايلاردا ئىش تاشلاش قوراللىق توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ كۈرەش ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ھۆكۈمەت بۇ «بىرلەشمە»نىڭ ئاجىز ھالقىسى بولغان دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ تەشكىلاتىغا زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. شۇ چاغدا دورسېتتىكى تورپايدېل كەنتىدە گېئورگىي لوۋلېت

بىلەن جامىس لوۋېلېت ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىلەن «دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى دوستلۇق ئۇيۇشمىسى»نى قۇرغان. ھەمدە دەسلەپ قۇرۇلغاندا ئادەت بويىچە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، قەسەم قىلغانىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىلەن يەنە تۆت كىشىنى دەرھال قولغا ئېلىپ، قانۇنسىز قەسەمياد قىلدى دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، يەتتە يىللىق سۈرگۈن قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. بۇ ناھەق دېلو پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېتىراز بىلدۈرۈش دولقۇنىنى قوزغىدى. «بىرلەشمە» بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلدى، 250 مىڭ كىشى مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويۇپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغان دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىشچىلار ئاممىسى لوندوندا 200 مىڭ كىشى قاتناشقان كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى. ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ بېسىمى بىلەن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئەمما، ھۆكۈمرانلار سىنىپى بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلمىدى، ئۇلار باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىغا زەربە بەردى. يورك ۋىلايىتى، لانكاشىرې ۋىلايىتى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلار ۋە شوتلاندىيەدە زاۋۇت خوجايىنلىرى ئىشچىلارنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن چېكىنگەنلىكى ھەققىدە تىلخەت يېزىپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى، تىلخەت يېزىشنى رەت قىلغانلارنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. كاپىتالىستلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن «بىرلەشمە» تەشكىلات پارچىلىنىپ كەتتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى بىر يىلغىمۇ يەتمىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشى ئىشچىلار سىنىپىنى نۇرغۇن ساۋاقلارغا ئىگە قىلدى، ئۇلار ئەمدى سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، نەزىرىنى سىنىپىي كۈرەشكە ئاغدۇردى. 1834 ـ يىلىدىكى «يېڭى نامراتلار قانۇنى»نىڭ ئىجرا



www.uyghurkitap.com

قىلىنىشى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي كۈرەشكە ئاتلىنىشىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى.

ئەنگلىيە 1601 - يىلىدىن باشلاپلا «نامراتلار قانۇنى»نى يۈرگۈزدى، بۇ قانۇنغا ئاساسەن، نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ھەرقايسى دىنىي رايونلار مەسئۇل بولاتتى، ئىگە - چاقىسىز قالغان نامراتلارنى ھەرقايسى دىنىي رايونلار بىر يەرگە توپلاپ باقاتتى. قۇتقۇزۇش ھەققى بايلار تاپشۇرغان باجدىن چىقىم قىلىناتتى. 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئىش ھەققى تۆۋەن ئىشچىلارغا تولۇقلىما ھەق بېرىلگەچكە قۇتقۇزۇش خىراجىتى يېتىشمەي قالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ تەدبىرنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت، نامراتلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇلارنىڭ «قالايمىقانچىلىق چىقىرىش»ىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بۇ خىل قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى بۇ خىل ئۇسۇل ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەشكە دەخلى يەتكۈزەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قۇتقۇزۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايتتى، 1832 - يىلىدىكى ئىسلاھاتتا سانائەت بۇرژۇئازىيەسى سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشالايدىغان بولدى.① سانائەت بۇرژۇئازىيەسى سىياسىي سەھنىگە چىقىپلا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىرىدى. 1834 - يىلى پارلامېنت «نامراتلار قانۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «يېڭى نامراتلار قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ تولۇقلىما ھەققىنى بىكار قىلدى، بۇ قانۇندا يەنە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئەمگەكچىلەر لاگېرى» قۇرۇپ، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ

---

① 1832 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت سايلىمىدا، ۋىگ پارتىيەسى زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، تورى پارتىيەسى پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ۋىگ پارتىيەسى نامىنى ئەركىنلىك پارتىيەسىگە، تورى پارتىيەسى نامىنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىگە ئۆزگەرتتى.

لاگېرغا كىرىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. ئەمما يىڭىدىن قۇرۇلغان «ئەمگەكچىلەر لاگېرى» نامراتلارغا نىسبەتەن لاگېر شەكلىدىكى تۈرمە بولۇپ، بۇ يەرگە كىرگەنلەر ئەتىگەندىن ــ كەچكىچە ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويمايتتى. نازارەتچىلەرنىڭ هاقارەت ــ خورلاشلىرىغا ئۇچرايتتى. يەنە تېخى «ئەمگەكچىلەر لاگېرى»غا كىرگەنلەر بارلىق ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ، ئەر ــ ئايال، ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىدىن ئايرىۋېتىلەتتى، نازارەتچىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، كۆرۈشۈشكە بولمايتتى. شۇڭا «ئەمگەكچىلەر لاگېرى»ئىشچىلارنىڭ «باستىلىي تۈرمىسى» دەپ ئاتالدى بۇرژۇئازىيەنىڭ «ئەمگەكچىلەر لاگېرى»نى قۇرۇشتىكى مەقسىتى، نامراتلارنى «ئەمگەكچىلەر لاگېرى»غا كىرىشتىن ئەيمەندۇرۇپ، ئۇلارنى زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەشكە مەجبۇرلاپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىدى. دەرۋەقە، بۇرژۇئازىيە ئارزۇسىغا يەتتى، ھەرقايسى جايلاردىكى نامراتلار «ئەمگەكچىلەر لاگېرى»غا كىرىشنى خالىماي، بەس ــ بەس بىلەن شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ، ئىش ھەققىنىڭ قانچىلىك بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي، زاۋۇتلاردا ئىشچى بولدى. ئەمما، يەنە نۇرغۇن ئەمگەكچى ئامما قارشىلىق كۆرسەتتى. كېنت، ساففولك، بېدفورد قاتارلىق جايلاردا «يېڭى نامراتلار قانۇنى»غا قارشى خەلق توپىلىڭى پارتلىدى. كۈرەش جەريانىدا بەزىلەر كۆپچىلىكنى «ئوت ۋە شەمشەر»گە تايىنىپ، خان ئوردىسىنى ۋەيران قىلىش ۋە بايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى.

«يېڭى نامراتلار قانۇنى»غا قارشى كۈرەش جەريانىدا، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى بىر قېتىملىق چوڭقۇر سىياسىي تەربىيەگە ئىگە بولدى، ئۇلار ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى ھالقىلىق مەسىلە يەنىلا سايلام ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى، سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. 1836 ــ يىلىدىن 1837 ــ يىلىغىچە يۈز بەرگەن سانائەت كرىزىسى بۇ كۈرەشنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تېزلەتتى.

1836 - يىلى، بەزى جايلاردىكى تېخنىك ئۇستىلار ياغاچچى لوۋېت باشچىلىقىدىكى «لوندون ئىشچىلىرى جەمئىيىتى»نى قۇردى، دەسلەپتە بۇ جەمئىيەتكە 33 ئادەم ئەزا بولدى. جەمئىيەت قۇرۇلۇپلا تۇنجى مۇھىم قەدەمنى باستى، يەنى 1836 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، «چىرىكلەشكەن تۆۋەن پالاتا»ناملىق كىتابچىنى نەشىر قىلىپ تارقاتتى. ئاپتور بۇ كىتابچىدا پومېشچىكلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتى پارلامېنتنىڭ سىياسىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئەمما پومېشچىكلار بىلەن كاپىتالىستلار ئىشچىلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ، شۇڭا ئىشچىلار ئۇلارغا ھېچقانداق ئۈمىد باغلىماسلىقى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئارقىدىن بۇ جەمئىيەت «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى گېزىتى»نى چىقىرىپ، بۇ گېزىت ئارقىلىق ئەنگلىيە سىياسىيسىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى.

1837 - يىلى 5 -، 6 - ئايلاردا، «لوندون ئىشچىلار جەمئىيىتى»نىڭ يولباشچىلىرى ئاز ساندىكى رادىكال پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە بىر پىروگراما تۈزۈپ چىقىپ، ئالتە تۈرلۈك سىياسىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، 21 ياشقا كىرگەن، تېنى ساغلام ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن ئەرلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى بولۇش. ئىككىنچى، پۈتۈن مەملىكەتنى ئاھالە سانى تەڭ بولغان 300 سايلام رايونىغا بۆلۈپ، ھەربىر سايلام رايونىدىن سانى تەڭ بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش. ئۈچىنچى، نامزاتلارنىڭ مال - مۈلۈك سالاھىيىتى ۋە باشقا ھەرقانداق چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىش، تۆتىنچى، پارلامېنت سايلىمىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈش، بەشىنچى، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش. ئالتىنچى، ھەربىر پارلامېنت ئەزاسىغا 500 فوندستېرلىڭدىن ئىش ھەققى بېرىش، بۇ تەلەپلەر ئىچىدە، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى ئەڭ ھالقىلىق تەلەپ ئىدى. ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ماركس مۇنداق يازغان: «... ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى ئەنگلىيە ئىشچىلار

سىنىپىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى دېگەنلىك، چۈنكى پىرولېتارىيات ئەنگلىيە ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئەنگلىيەدە ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى سوتسىيالىزم خاراكتېرىنى ئالغان ھەرقانداق شەرەپلىك چارە ـ تەدبىرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ قويۇق سوتسىيالىزم تۈسىنى ئالغان چارە ـ تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى مۇقەررەر ھالدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.»① بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئالتە تۈرلۈك سىياسىي تەلەپنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ.

1838 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، بۇ پىروگراممىا قانۇن لايىھەسى شەكلىدە ئېلان قىلىنىپ «خەلق خارتىيەسى»دەپ ئاتالدى، خارتىزمنىڭ نامى مۇشۇ ئاساستا مەيدانغا كەلدى.

«خەلق خارتىيەسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى خارتىزمنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. بۇ پىروگراممىا دەرھال كەڭ ئىشچىلار ئاممىسى ۋە باشقا ئەمگەكچى ئاممىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، نەچچە تۈمەنلىگەن ئاممىا پىروگراممىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالتە تۈرلۈك تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 40 — 50 مىڭ ئادەم قاتناشقان كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلدى، بەزىدە ئادەم سانى 100 مىڭغا يەتتى. گلازگودىكى يىغىلىشقا ئەتراپتىكى شەھەر ـ بازار، يېزىلاردىن كەلگەنلەر قوشۇلۇپ، 150 مىڭ كىشى قاتناشتى. خارتىزم ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلاندى.

① ماركس: «خارتىزمچىلار»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 8 ـ توم، 390 — 391 ـ بەتلەر.

خەلق ئاممىسىنىڭ «خەلق خارتىيەسى»نى بۇنداق قىزغىن ھىمايە قىلىشىدا، مۇنداق بىرقانچە خىل سەۋەب بار: بىرىنچى، خەلق ئاممىسى ئەگەر «خەلق خارتىيەسى» ئەمەلگە ئاشسا، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ياخشىلىنىش بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇنى خارنىي ئىسىملىك كىشىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئاممىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: «بىز ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىمىزنى تەلەپ قىلدۇق، ئۇ بىزنىڭ ھوقۇقىمىز بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ دۆلىتىمىزگە ئەركىنلىك، ئائىلىمىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا، يەنە بىزگە بولكا، كالا گۆشى ۋە پىۋا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز» دېگەن.

ئىككىنچى، تەربىيەلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان تېخنىك ئۇستىلار ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى، 10 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان سانائەت ئىشچىلىرى، «يېڭى نامراتلار قانۇنى»نى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان نامراتلار ۋە ۋەيران بولۇپ ئاچلىق ئازابىدا جان تالىشىۋاتقان قول ھۈنەرۋەنلەر، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىدى، شۇنداقلا ئوۋېننىڭ سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان ئىشچىلار بۇ ئالتە تۈرلۈك تەلەپنىڭ كەينىدە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ئۈمىدىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يەتتى.

ئۈچىنچى، ئازساندىكى ئىلغار ئىدىيەلىك ئىشچىلار، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، خارتىيەدىكى ئالتە تۈرلۈك تەلەپ ئەمەلگە ئاشسا، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. بىر ئىشچى ئۆزىنىڭ «نامراتلار ھىماتچىسى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «ئىشچىلارنىڭ سىياسىي پارلامېنتتىكى ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپ، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، پايدىنى تۆۋەنلىتىش،

www.uyghurkitap.com

يەر ئىجارىسى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆشرىسى ۋە سودا پايدىسىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىش بولۇشى كېرەك» دەپ يازغان.

قىسقىسى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرىغا تەۋە كىشىلەر ئۆز تەلىپىنى چىقىش قىلىپ خارتىزمغا قاتناشتى.

## 5. خارتىزمنىڭ 1 ـ قېتىملىق دولقۇنى

خارتىزمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە گۇرۇھ ھەرىكەتكە قاتناشتى:

بىرىنچى، زاۋۇت ئىشچىلىرى. بۇ ئەڭ ئىلغار گۇرۇھ بولۇپ، خارتىزمنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم، ئەڭ ئىشەنچلىك تەركىبى ھېسابلىناتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى، ئۇلار ئارىسىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان يولباشچى يېتىشىپ چىقمىغانىدى.

ئىككىنچى، كان ئىشچىلىرى. ئۇلار خارتىزمنى قىزغىن قوللايدىغان، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىدىيەسى ئەڭ كۈچلۈك گۇرۇھ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: ئۈمىدسىزلىككە پاتقان قول ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، سان جەھەتتە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى. بۇ گۇرۇھتىكىلەر «يېڭى نامراتلار قانۇنى»غا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. بۇ گۇرۇھ خارتىزمنى ئەڭ ئاكتىپ كۈچ بىلەن تەمىنلەپ جان تىكىپ ئېلىشىش روھىغا ئىگە قىلدى. ئۇلار ئىلگىرىكى ھالىتىگە تەلپۈنۈپ ھازىرقى ھالىتىدىن نارازى ئىدى. (1800 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇلارنىڭ ھەر ھەپتىلىك ئىش ھەققى 20 شىللىڭ ئىدى، ھازىر بولسا 6 ـ 7 شىللىڭغا چۈشۈپ قالغانىدى). ئىرلاندىيە كۆچمەنلىرى بۇ گۇرۇھتا زور نىسبەتنى ئىگىلەيتتى، ئۇلار ئىرلاندىيەدىن كۆرەش قىلىش ئەنئەنىسى ۋە ھوقۇقدارلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئىرلاندىيە كۆچمەنلىرى ئارىسىدىن ئوۋبىرىن ۋە فىرگۇس، ئوكاننوغا ئوخشاش مەشھۇر يولباشچىلار يېتىشىپ چىقتى.

تۆتىنچى گۇرۇھتىكى تېخنىك ئۇستىلار «لوندون ئىشچىلار جەمئىيىتى»نىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىكى ئەۋزەل ئورنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ قېلىشى ئۇلارنىڭ تىنچ كۆرەش قىلىش كۆز قارىشىدىن قۇتۇلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇڭا ھەرىكەت ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرىكەت راۋاجلانغاندىن كېيىن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ھەرىكەتنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى.

يۇقىرىدىكى تۆت گۇرۇھتىن باشقا، بىرمىڭخامدىكى ئوتتۇرا قاتلام سىنىپى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى رادىكاللارمۇ «مەسلەكداشلار» سۈپىتىدە خارتىزمغا قاتناشتى ھەمدە 1837 ـ يىلى ئەتىيازدا، «بىرمىڭخام سىياسىي بىرلەشمىسى»نى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىرمىڭخام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى سىنىپلارنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولۇپ، ئوتتۇرا قاتلام سىنىپىدىكىلەر رادىكاللار ھېسابلىناتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ كۆلىمى كىچىك، ئاساسەن ئائىلىۋى ۋە ئىش كۆتۈرە ئېلىش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئىشچىلار بىلەن روشەن پەرقى يوق ئىدى. بىرمىڭخامدىكى رادىكاللار سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، كەڭ كۆلەملىك مۇراجىئەت نامايىشى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىۋى يىغىنلارنى ئېچىش، پات ـ پات لايىقىدا بولغان تۇپىلاڭلارنى قوزغاش، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانلاش ئارقىلىق، ھەرىكەتنى نىشانلىق ھالدا ئەۋجگە كۆتۈرۈش قاتارلىقلاردا خېلىلا ئىقتىدارلىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىرمىڭخامدىكى ئىشچىلارغا رەھبەرلىك قىلالىغانىدى. ئەمما، كېيىن كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىرمىڭخام ئىشچىلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ،

ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقتى.

خارتىزمغا قاتناشقانلارنىڭ تەركىبى مۇشۇنداق مۇرەككەپ، كۆز قاراش ۋە تاكتىكا جەھەتتە بىردەكلىك بولمىغاچقا، ئوڭ، ئوتتۇرا، سول مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئوڭ مەزھەپتىكىلەر لوۋېت ۋەكىللىكىدىكى لوندونلۇق باي تېخنىك ئۇستىلار ۋە ئاتتۇۋئود ۋەكىللىكىدىكى بىرمىنگخاملىق رادىكاللار ئىدى. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى خېلى باياشات، سىياسىي پوزىتسىيەسى مۆتىدىل بولۇپ، خارتىيەدىكى تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يازما تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ۋە ئاما ئىمزا قويغان مۇراجىئەتنامىنى پارلامېنتقا سۇنۇش قاتارلىق تىنچ، قانۇنلۇق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇنىڭ ئەكسىچە ئىنقىلاب ۋاسىتىسى ۋە زورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇردى. لوۋېت مۇنداق دېدى: «ئىنقىلابىي كۈرەشنى ياقلايدىغان، قورال كۈچى ئىشلىتىشكە چاقىرغان كىشىلەر بىز ئالدى بىلەن قارشى تۇرىدىغان ئادەملەردۇر.» ئوتتۇرا مەزھەپنىڭ ۋەكىلى فېرگۇس، ئوكانىنو ھەرىكەت باشلىنىشى بىلەنلا شىمالدىكى كۆپ سانلىق سانائەت ئىشچىلىرى، كان ئىشچىلىرى ۋە ۋەيران بولغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەشەببۇسى خاتا بولدى، ئۇ مۇستەقىل ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى نىشانى قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئاغزىدا زورلۇق كۈچ ۋە قورallıq قوزغىلاڭ ھەققىدە گەپ ساتسىمۇ، ھالقىلىق پەيتلەردە قورقۇپ تۇگۇلۇۋالدى. سول مەزھەپنىڭ ۋەكىلى ئوۋبرېن بىلەن خانېي ئىدى. ئوۋبرېن ئوۋېننىڭ سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، سىنىپىي كۈرەشنى چۈشىنىش جەھەتتە ئوۋېندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەنىدى، ئۇ ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى بىر - بىرىگە

تۈپتىن قارىمۇقارشى دەپ قارايتتى. خانىي 1839 ـ يىلى لوۋېت بىلەن چەك ـ چېگرا ئايرىپ، مۇستەقىل هالدا «دېموكراتىيە جەمئىيىتى»نى قۇردى. ئۇ «پەقەت بىرلا ئۇسۇل بىلەن خارتىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش»، دەپ يازدى. ئەمما، ئۇ ئېنىق هەرىكەت پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى.

بۇ ئۈچ مەزهەپنىڭ پىكىر ئىختىلاپى 1839 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن خارتىزمچىلار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى هارپىسىدا روشەن ئىپادىلەندى. بۇ قۇرۇلتاينىڭ مەقسىتى پارلامېنتقا مۇراجىئەتنامە يوللاپ، پارلامېنتنىڭ «خەلق خارتىيەسى»دىكى ئالتە تۈرلۈك تەلەپنى قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ئىدى. قۇرۇلتاي ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، خانىي كۆپچىلىككە مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «مۇبادا پارلامېنت تەلىپىمىزنى رەت قىلسا، بۇنداق ئېهتىماللىق چوڭ — قانداق قىلىمىز؟» بۇ ئۆتكۈر مەسىلىگە، لوۋېت مەزهىپى بىلەن بېرمىڭخام رادىكاللىرى: تىنچ، قانۇنلۇق ۋاستە قوللىنىمىز، دەپ جاۋاب بەردى. سول مەزهەپتىكىلەر ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇكانىنو بىلەن زور كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان يولباشچىلار سول مەزهەپنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىمۇ ئېنىق ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. نەتىجىدە 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قۇرۇلتاي ئېچىلغاندا، هېچقانداق كونكرېت قارار چىقىرىلمىدى. 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، رادىكاللارنىڭ ئۈچ نەپەر ۋەكىلى سول مەزهەپنىڭ ئىنقىلاب قوزغاش تەشەببۇسىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن قۇرۇلتايدىن چىقىپ كەتتى. قۇرۇلتاي 5 ـ ئايغىچە سوزۇلۇپ ئاندىن بىر قارار ماقۇللاپ، هۆكۈمەت بايلارنى قوراللاندۇرۇپ نامراتلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن خەلق ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇشقا هوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى

جاكارلىدى. ئەمما يەنە يېڭىلىك بىلەن پۈرسەت پىشىپ يېتىلمەي تۇرۇپلا قورال كۈچى ئىشلىتىش خەۋپىنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسكەرتتى. قاراردىكى بۇ ئىككى بىسلىق سۆزلەر قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا باراۋەر ئىدى. شۇ چاغدا ھۆكۈمەت مانچېستېر، يورك ۋىلايىتى نوتتىنگگام، جەنۇبىي ۋىلىس ۋە باشقا ئىشچىلار ھەرىكىتى مەركەزلەشكەن جايلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ ھەر ۋاقىت باستۇرۇشقا تەييارلاندى. ھۆكۈمەت يەنە بايلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەردىن ئالاھىدە ساقچى قوبۇل قىلدى.

ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بۇ تەھدىتنى چۈشىنىپ يېتىپ، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 1 مىليون 250 مىڭ كىشى ئىمزا قويغان مۇراجىئەتنامىنى پارلامېنتقا تاپشۇرغاندىن كېيىن، قۇرۇلتاينىڭ ئورنىنى بېرمىڭخامغا يۆتكىدى.

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ھۆكۈمەت باستۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلاپ، ئاممىۋى يىغىلىشنى مەنئى قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى قولغا ئالدى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىر ئالاھىدە ساقچى ئەترىتىنى لوندوندىن بېرمىڭخامغا ئەۋەتىپ، يىغىن ئېچىۋاتقان خارتىزمچىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، خارتىزمچىلارنىڭ يولباشچىسى ماك دول بىلەن تايلورنى نەق مەيداندا قولغا ئالدى. ئارقىدىن لوۋېت بىلەن كوللىنگىنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى پارلامېنتنىڭ تۆۋەن پالاتاسى 46 ئاۋازغا قارشى 335 ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەتنامىنى رەت قىلدى.

پارلامېنتنىڭ بۇ يولسىز قىلمىشى خەلق ئاممىسىنىڭ چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى، ھەممىلا جايدا نامايىش ۋە يىغىلىش ئەۋج ئالدى، بېرمىڭخامدىكى ئىشچىلار ئاچچىقىنى باسالماي ماگىزىن ۋە ئىسكىلاتلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلاردىكى ئاممىۋى قوراللىنىش ۋە مەشىق ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتتى. بىر چېركاۋنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلاپ قويۇلغان تەشۋىقات ۋارىقىدا ئاممىنى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ

مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى: «يا ھەممىمىز بولكىغا ئېرىشىمىز، يا ھەممىمىز قان تۆكىمىز. ھەممىڭلار پىچاق، تاپانچا، مىلتىق، نەيزە سەرەڭگە تەييارلاپ قويۇڭلار، ھەممىمىز سەپ تارتىپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى، بولكا بولمىسا قان تۆكۈلىدۇ، بىز ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىكىمىز كېرەك».

ئامىنىڭ پەلەككە يەتكەن ھەققانىي غەزىپى ئالدىدا، خارتىزمچىلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش قارارىنى ماقۇللاشقا مەجبۇر بولدى، ئەمما بۇ قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى تىلغا ئېلىنمىدى. قۇرۇلتاي ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە ئورناتمىدى، ئەگەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللىشى بولمىسا، ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش قارارى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالاتتى. كېيىن ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش قارارىنى يەنە ئەمەلدىن قالدۇردى.

بۇ چېكىنىش ھۆكۈمەتنى خارتىزمچىلار ئاجىز ـ كېرەكسىز ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە 8 ـ ئايدا يەنە كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش ھەرىكىتى باشلىنىپ، نەچچە ئون خارتىزمچى تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى نائىلاج 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

ئەمما، ئاكتىپچانلىقى ئىزچىل يۇقىرى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاممىا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتتى ھەمدە قوراللىق قوزغىلاڭنى تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتى. تارىخىي ماتېرىياللار يېتەرسىز، ھازىر ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللاردىكى مەزمۇنلار بىر ـ بىرىگە زىت بولغاچقا، تەپسىلىي ئەھۋال تازا ئېنىق ئەمەس. ئەمما، جەنۇبىي ۋېلىستا پارتلىغان قوزغىلاڭ ھەققىدە ئېنىق خاتىرىلەر بار. قوزغىلاڭ جەريانى مۇنداق بولدى: 1839 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كېچىدە، يوھان فلوست

باشچىلىقىدىكى نەچچە مىڭ كان ئىشچىسىدىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچى قاتتىق يامغۇرغا قارىماي، مونمۇس جىلغىسىدىن چىقىپ، نيۇپورتقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلماقچى بولدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تاڭ ساھەردە نيۇپورتقا يېتىپ كەلگەندە، ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، بۇ چاغدا ئۇلار سىون مېھمانسارىيىدا بۆكتۈرمىدە تۇرغان ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەمما قوزغىلاڭچىلار چېكىنمەي، مېھمانسارايغا 20 مىنۇتتىن ئارتۇق شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ، 14 ئادەم ئۆلۈپ، 50 نەچچە ئادەم يارىلاندى. كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە فلوستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 125 ئادەم قولغا ئېلىندى. دەسلەپتە بۇ كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن خەلقنىڭ بېسىمى بىلەن ھۆكۈم سۈرگۈن قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ قوزغىلاڭ ھۆكۈمەتكە باھانە ـ سەۋەب بولۇپ بەردى، بىرقانچە ئاي ئىچىدە 450 ئادەم قولغا ئېلىندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوكاننو، ئوۋبرىن قاتارلىق مەشھۇر يولباشچىلارمۇ بار① ئىدى. يولباشچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1840 ـ يىلى ئىقتىسادىي ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلىغانلىقتىن ھەرىكەت ۋاقتىنچە پەسىيىشكە يۈزلەندى.

### 6. خارتىزمنىڭ 2 ـ قېتىملىق دولقۇنى

1841 ـ يىلىدىن 1842 ـ يىلىغىچە يۈز بەرگەن سانائەت كرىزىسى خارتىزمنى يەنە ئەۋجگە چىقاردى. بۇ چاغدا بىرمىڭخامدىكى ئوتتۇرا قاتلام رادىكاللىرى ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنىدى. لوۋېت قاتارلىقلار تۈرمىدىن

① ئوكاننو بىلەن ئوۋبرىنغا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلاش جىنايىتى ئارتىلىپ، 18 ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

چىققاندىن كېيىن، ھەرىكەتتىن ئايرىلىپ ئىشچىلار مائارىپى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا بۇ باسقۇچتىكى خارتىزم تېخىمۇ نوقۇل ھالدا پىرولېتارىيات خاراكتېرىنى ئالدى.

1 ـ باسقۇچتىكى ھەرىكەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىگەندە، خارتىزمنىڭ رەھبەرلىرى ھوقۇق مەركەزلەشكەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان مۇستەھكەم ئاپپارات بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، شۇڭا 1840 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خارتىزمچىلار مانچېستېردا يىغىلىپ قۇرۇلتاي ئېچىپ، «مەملىكەتلىك خارتىزمچىلار جەمئىيىتى»نى قۇردى. بۇ ئورگاننىڭ تەشكىلى پۇختا بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر ئون ئەزاسى بىر گۇرۇپپا قىلىندى، ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ باشلىقىنى ئىجرائىيە كومىتېتى تەيىنلىدى. ئىجرائىيە كومىتېتى يەتتە ئادەمدىن تەشكىللىنىپ يىلدا بىر قېتىم سايلاندى. جەمئىيەتكە ئەزا بولماقچى بولغانلار جەمئىيەتنىڭ پىرىنسىپلىرىنى قوللىسىلا ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. جەمئىيەتنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلۇپ، ھەربىر كىنىشكىغا ئىككى پېنس ھەق ئېلىندى. بۇ جەمئىيەتنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇنجى ھەقىقىي سىياسىي پارتىيەسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىپ، 1841 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 282 شۆبە جەمئىيەتكە كۆپەيدى، 2 ـ يىلى ئەزالارنىڭ سانى 50 مىڭغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1841 ـ يىلى قولغا ئېلىنغان يولباشچىلار بىر ـ بىرلەپ قويۇپ بېرىلىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى زورايتتى. جەمئىيەت يېڭى گېزىت چىقىرىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى، ھەرقايسى جايلارغا تېخىمۇ كۆپ تەشۋىقاتچىلارنى ئەۋەتتى.

خارتىزم تەشۋىقاتچىلىرى ئاممىغا سايلام ھوقۇقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپلا قالماي، ئۇلارنى مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويۇشقا، بۇرژۇئازىيەنىڭ «دانلىق ئاشلىق قانۇنىغا قارشى

ئىتتىپاق»ئى بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بۇ ئىتتىپاقنى بىر توپ بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى 1838 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇپ چىققان، چۈنكى «دانلىق ئاشلىق قانۇنى» ئاشلىق باھاسىنى ئۆرلىتىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەننەرخىنى ئاشۇرۇۋەتكەچكە، سانائەت كاپىتالىستلىرىغا ناھايىتى پايدىسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ قانۇننى بىكار قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئىتتىپاقنى قۇرغانىدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەھبىرى كوبدېن بىلەن بلاين قۇلاققا ياقىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ ئىشچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نى بىكار قىلغاندا، ئاشلىقنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، دېگەندەك شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ ئىشچىلارنى ئالدىدى. خارتىزم تەشۋىقاتچىلىرى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىشچىلارغا: «سىلەر بايلارغا قايتا ئالدانماڭلار، ئىلگىرى سىلەر ئۇلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەملەشكەنىدىڭلار، ئەمما ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا سىلەرگە بەرگەن چىرايلىق ۋەدىلىرى ھازىر نەگە كەتتى؟ ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا قىلغان ئىسلاھاتلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا پايدىلىق، ھازىرلا ئۇلار تەلەپ قىلىۋاتقان دانلىق ئاشلىق قانۇنىنى بىكار قىلىشمۇ سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۇلار ئاغزىدا بىزگە ئەرزان باھالىق ئاشلىق كېرەك دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىش ھەققىڭلارنى تۆۋەنلىتىشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ساختا سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار، سىلەرنىڭ چىڭ تۇرىدىغىنىڭلار خارتىيە، سايلام ھوقۇقى بولمىسا، قۇل بولۇشۇڭلار مۇقەررەر»، دەپ تەشۋىق قىلدى.

1841 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئوكاننو تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، 2 ـ قېتىملىق مۇراجىئەت قىلىش ھەرىكىتىگە پائال رەھبەرلىك قىلدى. 1842 ـ يىلى 2 ـ ئايدا،

خارتىزمچىلار ئوكانونىڭ رەھبەرلىكىدە 2 ـ قېتىملىق مۇراجىئەتنامىنى يېزىپ چىقتى. بۇ مۇراجىئەتنامە ئىشچىلارنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇ ـ نەپرەتنى بىۋاسىتە ئىپادىلەپ، 1 ـ قېتىملىق قېتىملىق مۇراجىئەتنامىگە قارىغاندا مەزمۇنى تېخىمۇ ئىلغار، ئىشلىتىلگەن سۆز ـ ئىبارىلەر تېخىمۇ قەتئىي بولدى. مۇراجىئەتنامىدە جاپاكەش ئاممىنىڭ نامرات ھالىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەنىدى: «مۇراجىئەت قىلغۇچىلار شۇنداق شىكايەت قىلىدۇكى، ئىش ۋاقتى، بولۇپمۇ زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ۋاقتى ئۇزارتىلىپ كىشىلەر بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چەكتىن ئېشىپ كەتتى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە مۇھىتى ناچار زاۋۇت ئۆيلىرىدە ھايۋان كەبى ئىشلەپ ئېرىشكەن ئىش ھەققى جىسمانىي كۈچنى قامداشقا ۋە زىيادە خورىغان جىسمانىي كۈچنى تولۇقلاشقا زۆرۈر بولىدىغان بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشقا يەتمەيدۇ. مۇراجىئەت قىلغۇچىلار پارلامېنتنىڭ دېھقانلارنىڭ ئىش ھەققىگە تايىنىپلا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشنى، ئاشۇ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق خەلققە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئازغىنا ئىش ھەققىگە ئېرىشكىنىنى كۆرگەندە، بۇ مەسىلىنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە غەزەپلىنەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.» ئارقىدىن مۇراجىئەتنامە باجنى كېمەيتىش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆشرە ۋە «نامراتلار قانۇنى»نى بىكار قىلىش، ھەتتا بۇرژۇئازىيە ۋە پومېشچىكلارنىڭ ماشىنا، يەر، ئاخبارات ـ نەشرىيات ۋە قاتناش قوراللىرىنى مونوپول قىلىۋېلىشىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1842 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى، 2 ـ قېتىملىق خارتىزمچىلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى لوندوندا ئېچىلدى، 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قۇرۇلتاي 3 مىليون 315 مىڭ 752 كىشى ئىمزا قويغان مۇراجىئەتنامىنى پارلامېنتقا سۇندى. ئەمما، پارلامېنت 49 ئاۋازغا قارشى 287 ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەتنامىنى

رەت قىلدى. بۇرژۇئاز پارلامېنت ئەزاسى ماكاۋلاي مۇنازىرىدە مۇنداق دېدى: «مەن ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا قارشى تۇرىمەن... مېنىڭچە، مەدەنىيەت مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك، شۇڭا بىز دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان سىنىپقا تۇتقۇزۇپ قويماسلىقىمىز لازىم، بۇنداق قىلساق خەتەرلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.» روسسېلمۇ ئۆز نۇتقىدا ئوخشاش مەزمۇندا: «ئەگەر بۇ تەلەپلەرگە ماقۇل بولساق، دۆلەتنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە قەدىمىي تۈزۈمىدىن چاتاق چىقىدۇ... بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا گۇمان بىلەن قاراپ، كاپىتالنى دۆلىتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ» دېدى.

مۇراجىئەتنامىنىڭ رەت قىلىنغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن جايلاردا چوڭ ئىش تاشلاش يۈز بەردى. شۇ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا ستاففورت، ۋاۋىك ۋىلايىتىدىكى كان ئىشچىلىرى ۋە تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئالدى بىلەن ئىش تاشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىش تاشلاش ھەرىكىتى شىمالدىكى پۈتۈن سانائەت رايونىغا ھەمدە شوتلاندىيە ۋە ۋالېسنى قاپلىدى. 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا لانكاشىرېدىكى ھەرقايسى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىمۇ ئىش تاشلىدى. كېيىن ئىش تاشلاش دولقۇنى يورك ۋىلايىتىدىكى ساپالچىلىق سانائەت رايونى ۋە باشقا جايلارغا يېتىپ باردى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئىش تاشلىغان ئىشچىلار يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ھەممىسى بىردەك: «خەلق خارتىيەسى» قانۇنغا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى ھەرگىز ئىشقا چىقمايمىز» دېيىشتى. 8 ـ ئايدا مانچېستېردا ئېچىلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يىغىنىدا تۆۋەندىكىدەك قارار ماقۇللاندى: «بىز سەممىيلىك بىلەن شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، جەمئىيەتتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى، ئەمگەكچى سىنىپقا تەۋە كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ھالىدىن كەتكۈزگەن بالا ـ

قازالارنى سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە چىقىرىلغان قانۇنلار كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ ھازىرقى كىشىنى چۆچۈتىدىغان جەبىر ـ جاپالار ۋە نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى خەلق خارتىيەسى دەپ ئاتالغان بۇ ھۆججەتكە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەي، ئۇنى دەرھال قانۇنغا ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇ يىغىن ھەر ساھەدىكى ئاممىنى بۇ ھۆججەت مۇشۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئايلانغۇچە خىزمەت قىلىشنى توختىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.»

ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىش تاشلاش دولقۇنىغا قارىتا، مانچېستېردا يىغىن ئېچىۋاتقان «مەملىكەتلىك خارتىزمچىلار جەمئىيىتى»مۇ مۇھاكىمە قىلماي تۇرالمىدى. كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قۇۋۋەتلىدى، ئەمما ماك دول باشچىلىقىدىكى ئاز ساندىكى ۋەكىللەر ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى ئىنقىلاب يۆنىلىشىگە يېتەكلىگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئۈنۈمى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ماك دولنىڭ تەكلىپى بىلەن يىغىن خىتابنامە تەييارلاپ، ئىشچىلار ئاممىسىنى «چىدامچان، باتۇر ئەزىمەت بولۇشقا چاقىردى. ئەمما، يىغىن خىتابنامە ئېلان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ ھېچقانداق كونكرېت چارە ـ تەدبىر ۋە باسقۇچلارنى مۇزاكىرە قىلماي، يىغىنىدىن تارقىدى. شۇڭا، ئىش تاشلاش ھەرىكىتى مەركەزلىك رەھبەرلىك ئورگىنى يوق ئەھۋالدا داۋاملىشىۋەردى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئوكاننو «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ، ماك دولغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئىش تاشلاش ھەرىكىتى «دانلىق ئاشلىق قانۇنىغا قارشى ئىتتىپاق»نىڭ خەلقنىڭ «خەلق خارتىيەسى»گە بولغان دىققىتىنى بۇراشتىكى ھىيلە ـ مىكرى دېدى.

رەھبەرلىك تەشكىلى ۋە راسخوت كەمچىل بولغانلىقتىن، ئىش تاشلاش ھەرىكىتى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى، ئەمما يەنىلا 8 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە داۋاملاشتى، بەزى جايلار 9 ـ ئايغىچە بەرداشلىق بەردى، يەنە بەزى جايلاردا كوچا ئۇرۇشىمۇ يۈز بەردى.

ئىش تاشلاش ھەرىكىتى ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا، ھۆكۈمەت كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش ھەرىكىتىنى باشلاپ، جەمئىي 1500 ئادەمنى قولغا ئېلىپ، 700 ئادەمنى سوتلىدى.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ مەزگىلدە بۇرژۇئازىلار ئىچىدىكى سودا ئەركىنلىكى تەرەپدارلىرى خارتىزمغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار 1841- يىلى «تولۇق سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىتتىپاقى»نى تەشكىللەپ، «خەلق خارتىيەسى»دىكى ئالتە تۈرلۈك تەلەپنى ئۆزلىرىنىڭ پىروگراممىسى قىلىپ، خارتىزمچىلاردىن ئىشچىلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولدى. نەتىجىدە بەزى تېخنىك ئۇستىلار ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلار ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

1843 - يىلىدىن باشلاپ خارتىزم پەسكويغا چۈشۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ چوڭ قاتلىمى سىياسىي كۈرەشتىن چېكىنىپ چىقتى. «مەملىكەتلىك خارتىزمچىلار جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىرى جىددىي ئازىيىپ، ئارانلا 4000 ئەزاسى قالدى. بۇنى مۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1842 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كەڭ كۆلەمدە تۆمۈريول ياساش قۇرۇلۇشى بىلەن ئالاقىدار بولغان ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش كۆرۈلۈپ، بەزى مۇھىم تۈرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى چۈشتى، بۇ ئىشچىلارنىڭ سىياسىي كۈرەش ئاكتىپلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. شۇنداقلا كوپېراتىپ قۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايغاندىن كېيىن،[1] بىر قىسىم ئىشچىلار ئىستېمال كوپېراتىپى قۇرۇش ھەرىكىتىگە ئىنتايىن قىزىقىپ، سىياسىي كۈرەشتىن رايى قايتتى. بۇلاردىن باشقا، 1846 - يىلى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بېسىمى بىلەن، پارلامېنت كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكى پېئىلىرنىڭ ئىچكى كابىنېتى ئۆتتۈرىغا قويغان

---

① 1844 - يىلى لوچىدېلدا تۇنجى ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى قۇرۇلدى.



www.uyghurkitap.com

«دانلىق ئاشلىق قانۇنى» نى بىكار قىلىش لايىھەسىنى ماقۇللىدى. نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ نەزىرىدە، «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نىڭ بىكار قىلىنىشى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش چىقىمىنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. 1847 ـ يىلى پارلامېنت يەنە ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلارنىڭ 10 سائەتلىك ئىش تۈزۈمى قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ ئىككى تۈرلۈك ئىسلاھات نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ خارتىزمدىن چېكىنىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى.

خارتىزم پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئوكاننو خارتىيە ئىشلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، 1843 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ «يەر پىلانى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى، بۇ پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئىشچىلار مەلۇم مىقداردا پۇل چىقىرىپ پاي قوشىدۇ، جۇغلانغان بۇ پۇلغا يەر سېتىۋېلىنىدۇ ۋە ئولتۇراق ئۆي سېلىنىدۇ، ئاندىن پايچىلار چەك تارتىپ، چەك چىققان كىشىگە ئولتۇراق ئۆي ۋە ئازراق يەر تەقسىملەپ بېرىدۇ. تۇنجى يەر مۈلۈكتىن كىرگەن كىرىمگە يەنە يەر مۈلۈك سېتىۋېلىنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا پىلانىنى داۋاملىق كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ئوكاننو «خەلق خارتىيەسى» قانۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى يولغا قويۇلسا، بۇ پىلانىنى دۆلەتنىڭ كۆچىگە تايىنىپ پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەمەلىيەتتە، ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئالغاندا بۇ پىلان تولىمۇ بىمەنە بولۇپ، مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمما، شۇ چاغدا بۇ پىلان يەنىلا بىرمۇنچە ئىشچىنى قىزىقتۇردى، ئۇلار 80 مىڭ فوندستېرلىڭ پۇل يىغىش قىلىپ بىرقانچە تەجرىبە رايونى قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ھەممىسى مەغلۇپ بولدى.

پەقەت ئاز ساندىكى سول مەزھەپدىكىلەر خانىينىڭ رەھبەرلىكىدە كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. شۇ چاغدا، لوندون ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىنقىلابچى سەرگەردانلار توپلىنىدىغان

www.uyghurkitap.com

جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ئەمما خارتىزمچىلار ئۇلار بىلەن ناھايىتى ئاز ئۇچرىشاتتى. ئېنگېلس 1843 ـ يىلى بۇ ھادىسىنى تەنقىد قىلىپ، ئەنگلىيە خارتىزمچىلىرىنى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئېنگېلسنىڭ ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، خانېي ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن سىياسىي سەرگەردانلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى. 1845 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى دېموكراتىزمچىلار لوندوندا يىغىن ئاچتى، خانېي بۇ يىغىننى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولدى. يىغىننىڭ قارارى بويىچە 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى يىغىندا، خەلقئارالىق «دېموكراتىك قېرىنداشلار جەمئىيىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، ئەنگلىيە خارتىزمچىلىرىمۇ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشتى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە خارتىزمى ئاخىر ئىنتېرناتسىيونالغا قاراپ تۇنجى قەدەمنى باستى.

«دېموكراتىك قېرىنداشلار جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشىدا خانېينىڭ تۆھپىسى زور بولدى. چۈنكى، ئۇ ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىق ۋە ئىختىلاپلارنى يوقىتىش جەھەتتە زور رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ يىغىندا سۆزلىگەن ئىنتېرناتسىيونالىزم روھىغا تولغان نۇتقى ۋەكىللەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇ نۇتقىدا: «مەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق ئىشلىرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىمەن! «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ھازىرغىچە ئەزگۈچىلەرنىڭ شوئارى بولۇپ كەلدى، «ئىتتىپاقلىشىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى!» دېدى. مانا بۇ جاۋاب شوئار ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدا قانداق مىللەت پەرقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «بۇ پەرقلەر رۇسىيە، ئاۋسترىيە ۋە پرۇسسىيە زوراۋان پادىشاھلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ زوراۋان ھاكىمىيىتىنى قوغدىشىنى توسۇپ قالالمىدى، نېمە ئۈچۈن بۇ دۆلەتلەردىكى خەلق ئىتتىپاقلىشىپ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرمەيمىز؟ خەلقنىڭ ئىشلىرى ھەممە

دۆلەتتە ئوخشاش ـــ بۇ قۇل قىلىنىۋاتقان، ئېزىلىۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلىرىدۇر» دېدى.

## 7. خارتىزمنىڭ 3 ـ قېتىملىق دولقۇنى

1847 ـ يىلى دەۋر خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بەردى ھەمدە ئاشلىق بىلەن تاتلىق ياڭيۇنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىپ، ئىشسىزلارنىڭ سانى ئېشىپ، تۇرمۇش خىراجىتى ئۆرلەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىقى يەنە كۆتۈرۈلدى. ئەنگلىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇتۇق سۆزلەش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، يەرلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىش ئەۋج ئالدى. 1848ـ يىلى فىرانسىيەدە يۈز بەرگەن فېۋرال ئىنقىلابى خارتىزمنىڭ 3 ـ قېتىملىق دولقۇنىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى.

ئەمما، بۇ باسقۇچتىكى خارتىزم ئاممىۋى خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويىدى: تەشكىللىك ھەم مەلىكىلىك ئىشچىلار تار مەنىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيىتىگىلا باغلىنىپ قالدى. 10 سائەتلىك ئىش ھەققى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نىڭ بىكار قىلىنىشى زور تۈركۈمدىكى ئىشچىلارنىڭ خارتىزمدىن چېكىنىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. شۇڭا، بۇ چاغدىكى خارتىزم پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلالماي قالدى، ئۇ پەقەت غەيرىي مەلىكىلىك ئىشچىلار، ئىشسىز ئىشچىلار ۋە جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە مەشھۇر داھىي ئېرنىست جونېس مەيدانغا كەلدى. جونېس 1845ـ يىلى ھەرىكەتكە قاتناشقان، ئۇ زېھنى ئۆرغۈپ تۇرىدىغان قالتىس جاسارەتلىك كىشى بولۇپ، تەشكىللەشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە خارتىزمنىڭ بىر سىياسىي كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندى، بۇ خىل تونۇشنىڭ بولۇشى خارتىزم

رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

فىرانسىيە فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيەدىكى خارتىزمچىلار چىقارغان گېزىتلەر قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى گېزىتى» ئاممىغا قوزغىلىپ كۈرەش قىلىش ھەققىدە مەدەت بەردى. بۇ گېزىت 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى: «ئەگەر ئەنگلىيەلىكلەر ىرگىنچلىك قۇل بولمىسىلا، دەرھال قوزغىلىپ، تىنچ، قانۇنلۇق ھالدا خارتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ»دەپ چاقىرىق چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، لوندوندا 8000دىن 10 مىڭغىچە ئادەم خارتىزمچىلار يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا گ.ۋ.م رانىيولدىس رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن تارقىغاندىن كېيىن، يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن ساقچىلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. كېيىن كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇ كۈنى گلازگودا ئىشسىز ئىشچىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قورال ـ ياراغ دۇكىنى ۋە يېمەكلىك دۇكانلىرىنى چېقىپ تاشلىدى. قالايمىقانچىلىقتا بەزى يامان ئادەملەر بۇلاڭچىلىق قىلدى. گلازگودا تۈرۈشلۈق «تايمس گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مۇنداق خەۋەر بەردى: «ئەنسىزچىلىك خۇددى ئوت ئاپىتىگە ئوخشاش پۈتۈن شەھەرگە يامرىدى ھەممە يېقىندا پارىژدا يۈز بەرگەن ۋەقە بىلەن بىرلىشىپ كەتتى، كىشىلەر ئارىسىدا مەلۇم سىياسىي پاراكەندىچىلىك ئەندىشىسىنى پەيدا قىلدى».

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى گلازگودىكى ۋەقەنى تۈتۈۋېلىپ، تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنى ئىشقا سېلىپ خارتىزم بىلەن توپىلاڭنى، ھەتتا بۇلاڭچىلىق قىلمىشىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، كىشىلەر ئارىسىدا خارتىزمغا نىسبەتەن قورقۇنچ كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، خارتىزمنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدىكى ئورنىنى تۆۋەنلەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنگلىيە



www.uyghurkitap.com

هۆكۈمەت دائىرىلىرى گېزىت - ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ، پارىژ ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى كۆپتۈرۈپ قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسەتتى ھەمدە ئىنقىلاب قىلىش فىرانسىيەلىكلەرنىڭ مەھسۇلاتى، بۇنداق ئىنقىلاب ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ تەكىتلىدى. بۇ تەشۋىقاتلار ئەنگلىيەدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان روللارنى ئوينىدى. بۇرژۇئازىيە ئىچىدە قورقۇنچ كەيپىياتى پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى خارتىزمنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى ھەم بىر قىسىم ئىشچىلارنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ قويدى. كىشىلەر خارتىزم بىلەن توپىلاڭنى ئوخشاش ھادىسە قاتارىدا كۆرۈپ، سول مەزھەپتىكىلەرنى مۇداپىئە ئورنىغا ئۆتۈشكە، ئوتتۇرا مەزھەپتىكى ئوكاننونى ئوڭ مەزھەپ يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇپ تىنچ، قانۇنلۇق كۈرەش ۋاستىسىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ تەشۋىقاتى خارتىزمچىلارنىڭ كۆپ ساندىكى رەھبەرلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بىر قىسىم ئىشچىلار، بولۇپمۇ لوندوندىكى تېخنىك ئۇستىلار ۋە مۇستەقىل تېخنىك ئىشچىلار خارتىزمچىلار بىلەن توپىلاڭچىلارنى ئوخشاش ئادەملەر دەپ قاراپ، بەس - بەس بىلەن ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ساقچىلىققا تىزىملاتتى. بۇ ئارقىلىق بۇلاڭچىلىق ۋە لۈكچەكلەرنىڭ توپىلىڭى يۈز بەرگەندە ئۆزلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلدى. ئەلۋەتتە، تېخنىك ئىشچىلارنىڭ بۇنداق سىياسىي پوزىتسىيە تۇتۇشىنىڭمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سەۋەبى بار ئىدى، يەنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئادەتتىكى ئىشچىلارغا قارىغاندا باياشات بولۇپ، ئىنقىلاب بىلەن چىقىشالمايتتى. قىسقىسى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بارلىق مۇلۇكدار سىنىپلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا - تۆۋەن قاتلام، ھەتتا بىر قىسىم ئىشچىلارنىڭمۇ

قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن باستۇرۇش كۈچلىرىنى كۈچەيتتى ۋە ئورۇنلاشتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز كۈچىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى تونۇپ يېتىپ ئەكسىچە، تېخىمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى، ئىچكى كابىنېتنىڭ باش ۋەزىرى روسسېل ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېغىر توقۇنۇش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكىتلىدى. چۈنكى بۇنداق توقۇنۇش يۈز بەرسە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇش مۇمكىن ئىدى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئارىغا زىددىيەت سېلىش ياكى توپىلاڭ كۆتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلمىسە، ھەرقانداق كىشىنى قولغا ئېلىشنى مەنئى قىلدى. ئىچكى كابىنېتمۇ يەرلىك دائىرىلەرگە تىنچلىقنى بۇزىدىغان پائالىيەت ئىكەنلىكى ھەققىدە يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات بولمىسىلا، كىشىلەرنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىگە ئارىلاشماسلىقنى ئۇقتۇردى. ھۆكۈمەت 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا ئىنچىل مۇشۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش سىياسىتىنى قوللاندى.

3 ـ قېتىملىق مۇراجىئەتنامە سۇنۇش ھەرىكىتى مۇشۇنداق پايدىسىز ۋەزىيەتتە ئېلىپ بېرىلدى. 1848 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى، ئوكاننو ئىجرائىيە كومىتېتى نامىدىن مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىپ، پارلامېنتقا مۇراجىئەتنامە تاپشۇرىدىغانلىقنى جاكارلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالدى بىلەن كاننگتون ئوتلىقىدا كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن سەپ تارتىپ ۋېستمىنستېرغا يۈرۈش قىلىپ مۇراجىئەتنامىنى پارلامېنتقا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. ۋەكىللەر يىغىنى يەنە بارلىق ۋەكىللەر ئىمزا قويغان «بىزنىڭ نامايىشىمىز قورال كۈچى ئىشلىتىلمىگەن ھەققانىيەت يولىدىكى نامايىش» دېگەن مەزمۇندىكى بىر ھۆججەتنى ئېلان قىلدى. ئەمما ئوتتۇرا ـ

يۇقىرى قاتلام سىنىپىغا تەۋە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ سۆزلەرگە قەتئىي ئىشەنمەي، بىرمەيدان ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. «تايمىس گېزىتى»دە شۇ چاغدىكى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كەيپىياتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «كىشىلەر چوڭ قورقۇنچقا بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئالاقزەدىلىك، دەككە ـ دۈككە ھەممە يەرنى قاپلىدى...»

مۇراجىئەتنامە سۇنۇش كۈنى يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، ھۆكۈمەت بەزىلەر توپلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى ھەربىي قوشۇن ۋە ئالاھىدە ساقچىلارنى يۆتكەپ كېلىپ، خۇددى كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك تەخ بولۇپ تۇردى. ھۆكۈمەت قورال كۈچىنى تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، كانىنگتون ئوتلىقىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ، ئەمما سەپ تارتىپ ۋېستمىنستېرگە بېرىشقا بولمايدۇ دەپ جاكارلىدى، ئەمما ھۆكۈمەت قورال كۈچى ئىشلىتىشكە يەنىلا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى. 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، روسسىيىلىك ئايال پادىشاھنىڭ ئېرىگە، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ھېچقانداق ئامال قىلالمىغاندا ئاندىن قورال كۈچى ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بىزنىڭ قوراللىق كۈچىمىز لوندوندىكى توپىلاڭچىلارنى ئاسانلا بېسىقتۇرالايدۇ، ئەمما ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلسە باشقىلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. بىز ھەممە ئىشنىڭ تىنچ، ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز» دېدى.

ھۆكۈمەتنىڭ تەھدىتى بىلەن، خارتىزمچىلارنىڭ رەھبەرلىرى نامايىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. جونىس باشچىلىقىدىكى سول مەزھەپتىكىلەرمۇ بۇ قارارغا قوشۇلدى. جونىس يەنە نۇتۇق سۆزلەپ ئوكاننونىڭ تىنچلىق ۋاستىسى بىلەن مۇراجىئەت قىلىش تەشەببۇسىنى قوللىدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە، ھۆكۈمەت بارلىق

تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ۋەزىيەتكە خالىغانچە قوماندانلىق قىلدى. شۇ كۈنى كانىنگتون ئوتلىقىغا كېلىپ يىغىلىشقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى ئاران 30 مىڭ بولدى، كېيىن ئادەم سانى ناھايىتى ئاز بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى پارلامېنتقا مۇراجىئەتنامە تاپشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. ئوكانىنو مۇراجىئەتنامىگە 5 مىليون ئادەم ئىمزا قويدى دېگەن بولسىمۇ، كېيىن دەلىللەش ئارقىلىق ئىمزا قويغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاران 1 مىليون 975 مىڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقى ئېنىقلاندى. قىسقىسى، پارلامېنت مۇراجىئەتنامىنى يەنە رەت قىلدى.

1848 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى ھەرىكەت گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخشۇناسلار ئېيتقاندەك 1848 ـ يىلىدىن كېيىن خارتىزم ئۆزلۈكىدىن نام ـ نىشانسىز يوقىلىپ كەتمىدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت جەڭگىۋارلىق روھىغا تولغان جونېس، خانېي، كىد ۋە ماك دول قاتارلىق رەھبەرلەرنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى. ئۇلار داۋاملىق كۈرەش قىلىش قارارىغا كەلدى.① 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە، ھەرىكەت مەلۇم دەرىجىدە داۋاملاشتى. پايتەخت ۋە شىمالدىكى سانائەت رايونلىرىدا 4 — 5 ـ ئاي ئىچىدە، ھەركۈنى دېگۈدەك نامايىش ۋە يىغىلىشلار بولۇپ تۇردى. شۇ چاغدىكى كىشىلەر مۇنداق خاتىرىلىگەن: «ھۆكۈمەت خارتىزمچىلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى، بولۇپمۇ لوندوندىكى ئىپادىسى ھەمدە كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈشىدىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتىدۇ، ھەممىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئادالەتسىزلىككە بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىۋېتىپتۇ، ھەتتا 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالاھىدە ساقچى رولىنى ئۆتىگەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ كەسپىنى

① ئوكانىنو قورقۇپ ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ». شوتلاندىيە ئىشچىلىرى «مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى» تەشكىللەشكە باشلىدى. خارتىزم بىلەن «ئىرلاندىيەلىكلەر ئىتتىپاقى»نىڭ مۇناسىۋىتىمۇ قويۇقلاشتى. بۇ ۋەزىيەتكە قارىتا، برووگام 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋە 5 ـ كۈنى ئىككى قېتىم يۇقىرى پالاتادا ھۆكۈمەتكە باستۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە ھۆكۈمەت جونىس ۋە باشقا بەش نەپەر داھىيىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا كۆپ قېتىم كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. مانچېستېردا 15 نەپەر خارتىزمچى بىلەن «ئىرلاندىيە ئىتتىپاقى»ئەزالىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت 300 نەپەر ساقچى، ئىككى روتا ئاتلىق ئەسكەر ۋە ئىككى روتا پىيادە ئەسكەرنى ئىشقا سالدى.

ھۆكۈمەت خارتىزمچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا پايلاقچىلارنى كىرگۈزۈپ ئاخبارات توپلىدى، ئىچكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى، يەنە خارتىزمچىلارنى قۇترىتىپ تېخى تەييارلىقى پۈتمىگەن قوزغىلاڭنى قوزغاشقا كۈشكۈرتتى ۋە بۇنى ئۇلارنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلدى. سوراق جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ پايلاقچىلار تەمىنلىدى. 8 ـ ئايدا قولغا ئېلىنغان لوندوندىكى خارتىزمچىلارنى سوراق قىلغاندا، كۆپ ساندىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى پوۋېل ۋە داۋىس ئىسىملىك ئىككى پايلاقچى تەمىنلىدى.

ھەممە يەرگە تارقالغان پايلاقچىلار ۋە كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىش نەتىجىسىدە، خارتىزمچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىنى ۋەھىمە، ئۆزئارا گۇمانلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى قاپلىدى. كىد 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ: «قېرىنداشلار، تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، قورقۇنچلۇق ھالەت شەكىللىنىۋاتىدۇ... بىزنىڭ سىياسىي ھاۋايىمىز

www.uygurkitap.com

شۇنچىلىك دىمىق ئىكەنكى، بۇرۇقتۇم بولۇپ قالاي دەۋاتىمىز» دەپ يازدى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ھەرىكەت رەھبەرلىرى تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلانغاچقا، ھەرىكەت ئاساسەن توختىدى.

ئەمما، سول مەزھەپتىكىلەر كۆرەشنى 1852 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇردى. بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە، خارتىزم ئاممىۋى خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئىدىيە جەھەتتە ئۆچقاندەك ئىلگىرىلەش بولدى. بىرىنچى، كۆپ قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن، سول مەزھەپتىكىلەر تېخىمۇ مۇستەھكەم تەشكىلاتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەگەر مۇشۇنداق تەشكىلات بولمىسا، پەقەت پاراكەندىچىلىككىلا تايىنىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى. ئىككىنچى، ماركسنىڭ ياردىمى بىلەن، جونېس ۋە خانې ئىدىيە جەھەتتە بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىپ سوتسىيالىزمچىلارغا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدىكى سول مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى «خارتىيە ۋە بەزى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىشىمىز كېرەك» دېگەن شوئار ئارقىلىق ئىپادىلەندى، يەنى ئالتە تۈرلۈك سىياسىي تەلەپتىن باشقا يەنە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۆرەش قىلىش مەزمۇنى بولدى. 1851 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئېچىلغان خارتىزمچىلار ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان پىروگراممىدا بۇ روھنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇ پىروگراممىدا ئاساسەن سوتسىيالىزم خاراكتېرىنى ئالغان ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، 1853 ـ يىلىدىن كېيىن، «مەملىكەتلىك خارتىزمچىلار جەمئىيىتى»مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 1858 ـ يىلى بۇ جەمئىيەتمۇ تارقىلىپ كەتتى.

خارتىزم ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەبلەر، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ھەرىكەتكە قاتناشقان ئىشچىلار

سىنىپىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، پىكىر ئىختىلاپى ئېغىر بولۇپ، ھەرىكەت قەدىمى بىردەك بولمىدى، بىرلىككە كەلگەن مۇستەھكەم رەھبەرلىك ۋە كۈچلۈك تەشكىلات مەيدانغا كەلمىدى، بولۇپمۇ توغرا ئىنقىلابىي نەزەرىيە يېتەكچىلىكى ۋە كۈرەش تەجرىبىسى كەمچىل بولدى. ئوبيېكتىپ سەۋەب تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولدى. بىرىنچى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىگىلىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاشقى سودىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئىشچىلارنىڭ قىيىنچىلىقى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىمۇ كۆپەيدى، شۇڭا ئىشچىلارنىڭ سىياسىي كۈرەش قىزغىنچىلىقى سۇسلاپ كەتتى. ئىككىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئەمگەكچىلەرگە دائىر بەزى قانۇنلارنى چىقىرىپ، ئىشچىلار سىنىپىغا يول قويدى، بۇ نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلابتىن چېكىنىشىدە ھەيدەكچىلىك رولىنى ئوينىدى. ئۈچىنچى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتتى، بۇ 1848 ـ يىلى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. تۆتىنچى، فىرانسىيە پىرولېتارىياتىنىڭ 1838 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى پۈتۈن ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ غەلىبىسى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ قويدى.

خارتىزم ھەرىكىتى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇ ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇنجى قېتىملىق مۇستەقىل سىياسىي كۈرىشى، «دۇنيادىكى تۇنجى قېتىملىق، كەڭ كۆلەملىك، ھەقىقىي ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە، سىياسىي جەھەتتە مەلۇم شەكىلگە كىرگەن پىرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتى».① ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئالتە تۈرلۈك سىياسىي تەلەپ گەرچە ئەمەلگە ئاشمىغان

بولىسمۇ، ئەمما «10 سائەتلىك ئىش تۈزۈمى پەرمانى»، «1842 ـ يىلىدىكى كان قۇدۇقى پەرمانى» ۋە «1844 ـ يىلىدىكى زاۋۇت پەرمانى»قاتارلىقلارنى پارلامېنت خارتىزمنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا ئېلان قىلدى. خارتىزمنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ھەرىكەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بىر قاتار نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر، كۈرەش ئىستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكا مەسىلىسى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قالدۇردى. بۇ تەجرىبىلەر ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىنى يارىتىشىدا مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ئاخىرىدا خارتىزم ئەنگلىيەنىڭ كېيىنكى سىياسىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى خارتىزم مەزگىلىدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خارتىيەدىكى كۆپ قىسىم تەلەپلەرگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

## 8. بايرون ۋە دىكېنس

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياۋروپادا بۇرژۇئا ئىنقىلابىي بورىنىنىڭ قوزغىتىشى، فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قايتىدىن تىرىلىشى، مىللىي ھەرىكەت ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۈنسېرى راۋاجلىنىشى بۇ مەزگىلدە سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەتلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە كەسكىن بولغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. شۇ چاغدا ياۋروپادا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات دولقۇنى — رومانتىزم ئەدەبىياتى مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلدى. رومانتىزم ئەدەبىياتى ئوتتۇرا، ئۇششاق

① لېنىن: «3 ـ ئىنتېرناتسىيونال ۋە ئۇنىڭ تارىختىي ئورنى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 36 ـ توم، 292 ـ بەت.

بۇرژۇئازىيەنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىزمغا مايىللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، فېئودالىزمنىڭ مۇستەبىتلىكى ۋە كاپىتالىزمنىڭ يېڭى زوراۋانلىقىغا ئوخشاشلا نەپرەت ياغدۇردى. رومانتىزم ئەدەبىياتى «ھېسسىيات» ئارقىلىق ئاقارتىش ئىدىيەسىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك» لىقىغا قارشى تۇرۇپ، غۇۋا تەسەۋۋۇر، ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلىك، ئۇرغۇلۇق تىل ۋە مۇبالىغە ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، شۇ دەۋردىكى رەزىل رېئاللىق بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىسيانكارلىق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ ئاتاقلىق شائىرى بايرون مۇشۇ ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى.

گېئورگې گوردون بايرون (1788 — 1824) ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىمبىرج ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇقىرى پالاتا ئەزاسى بولغان. پارلامېنتتا نۇتۇق سۆزلەپ ھەم شېئىر ئوقۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ «رودې ھەرىكىتى»نى باستۇرغانلىقىنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىۋېتسارىيە ۋە ئىتالىيەدە ئولتۇراقلىشىپ، ئىتالىيە كاربونارلىرىنىڭ ئاۋستىرىيەگە قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. 1823 ـ يىلى گىرېتسىيەگە بېرىپ، گىرېتسىيە خەلقىنىڭ تۈركىيەگە قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتناشقان.

بايرون شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇقەددەس ئىتتىپاقنىڭ ۋەھشىيلىكى ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە يېزىلغان. ئەسەرلىرىدىن «چارد خارولدنىڭ ساياھىتى»، «دون جۇئان»، «رودې ئىشچىلىرى ناخشىسى»، «شەرق خاتىرىلىرى داستانى»، «كېيىر»، «بىپ»، «برونزا دەۋرى»، «بەربات بولغان ياشلىق» ۋە شېئىرىي دراما «مانفرېد» قاتارلىقلار بار.

«چارد خارولدنىڭ ساياھىتى» (1812 — 1818) بايروننىڭ

ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بۇ 4700 مىسرادىن تەركىب تاپقان ۋەقەلىكىگە ئىگە لىرىك داستان. بۇ داستان جەمئىي تۆت بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، مۇلاھىزە قىلىش، مەدھىيە ئوقۇش، مەسخىرە قىلىش، ئەخمەق قىلىش، قايغۇلۇق مەرسىيە ناخشىسى ئېيتىش، جەڭگاھقا ئۈندەش قاتارلىق كۆپ خىل ئىنتوناتسىيەدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رەڭدارلىقىنى ھەمدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ بەخت ئىچىدە تەنتەنە قىلىۋاتقان مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن، بولۇپمۇ بۇ داستاندىكى باش پېرسوناژنىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قىلغان ساياھىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئىتتىپاققا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ ئازادلىققا ئىنتىلىش ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئىسپانىيە، گرېتسىيە ۋە ئىتالىيە خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە مەدھىيە ئوقۇغان، خەلقنى كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. ئۇ بۇ داستانىنىڭ 4 ـ بابى «رىم مەرسىيەسى»دە مۇنداق يازغان:

ئەركىنلىك تۇغى بولسىمۇ يىرتىق،
كۆك قەھرىدە لەپىلدەر ھامان !
بۇرغا ئاۋازى بولسىمۇ بوغۇق،
چاپقۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياڭراق !

بايرون ئوتتەك قىزغىن ھېسسىيات، ئۇرغۇلۇق، راۋان تىل، مۇزىكىدەك رىتىملىق مىسرالارغا تولغان شېئىرلىرى بىلەن فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەت ـ قاراڭغۇلۇقى ۋە زالىملىقىنى قاتتىق قامچىلاپ، بۇرژۇئا دېموكراتىزملىق مەيدانىدا تۇرۇپ، «ئەركىنلىك» ۋە مىللىي ئازادلىقنى مەدھىيىلىگەن. داستاندىكى بۇ خىل قارشىلىق

كۆرسىتىش روھى شۇ چاغدىكى تارىخىي باسقۇچتا ئىجابىي رول ئويناپ، كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئەمما بايروننىڭ ئىدېئالىستىك قەھرىمانلىق تارىخىي قارشى، شەخسىيەتچىلىك، ئۈمىدسىزلىك قارىشىنى تەرغىب قىلىشى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيەۋى قىممىتىگە زور دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە سىنىپىي چەكلىمىلىك پەيدا قىلغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە تەنقىدىي رېئالىزم تەدرىجىي ھالدا رومانتىزمنىڭ ئورنىنى ئالدى. دىكېنس ئەنگلىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە مەشھۇر ۋەكىلى.

چارلىز دىكېنس (1870 ــ 1812) پورتېسمېدىكى نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ئاياغ مېيى زاۋۇتىدا بالا ئىشچى، تېز خاتىرىلىگۈچى، پارلامېنت مۇخبىرى بولغان. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، دائىم ئۇلۇغ بىرىتانىيە مۇزېيى كۇتۇپخانىسىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى. 1836 ـ يىلى تۇنجى ئەسىرى «ئوچېرىكلار توپلىمى» نامىدىكى ئىككى پارچە ھېكايىسىنى ئېلان قىلغان. 1837 ـ يىلى «پېكۋىكنىڭ غەيرىي تەرجىمىھالى»نى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان. 1844 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ شىۋېتسارىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ، نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئېلان قىلغان، 1846 ـ يىلى رادىكاللار گېزىتى «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى»نى چىقارغان. دىكېنسنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئولىف توشكې» (1828 ـ يىلى)، «داۋىد كېففېرىد» (1850 ـ يىلى، ئافتوگىرافىيەلىك رومان)، «رىيازەتلىك دۇنيا» (1858 ـ يىلى)، «ئىككى شەھەر ھەققىدە قىسسە» (1859 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

دىكېنس رومانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خارتىزمنىڭ ئالدى ـ

كەينىدە يېزىلغاچقا، خارتىزم دەۋرىدىكى پۈتۈن ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇ مەشھۇر بۇرژۇئا دېموكراتىك يازغۇچى بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆتكۈر تىل، ئاچچىق كىنايە، ئىنچىكە بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، ئەنگلىيە سانائەت كاپىتالىزمىنى سېسىق پۇراق تارقىتىسۋاتقان غايەت زور ئەخلەت دۆۋىسىگە ئوخشاتقان، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ ـ زۇلمەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنىڭ چۇمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەنگلىيە كاپىتالىستىك جەمئىيىتىگە خىلمۇخىل نۇقتىدىن ئېچكىرىلەپ كىرىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى كىشىلەر ئالدىدا نامايان قىلغان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان تۈرلۈك بۇرژۇئا پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئىنتايىن نەپىسلىك بىلەن ياراتقان. بۇ ئەسەرلىرىدە ھۇجۇم نىشانىنى كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان پارلامېنت، ھۆكۈمەت، سوت، تۈرمە، مەكتەپ، دارىلتام، ئائىلە قاتارلىقلارغا قاراتقان. ئەمما، ئۇ كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىگە تېگەلمىگەن، قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنىمۇ تاپالمىغان. پەقەت بۇرژۇئاچە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ، خاتا ھالدا «ئاق كۆڭۈللۈك»، «رەھىمدىللىك»، «كەڭ قورساقلىق»نى كاپىتالىزمنىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا دەپ قاراپ، «يۇقىرى قاتلامدىكىلەر»نىڭ «تۆۋەن قاتلامدىكىلەر»گە «ھېسداشلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇشى»نى ئۈمىد قىلغان. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلسىمۇ، ئەمما يەنە ئىنقىلابتىن قورقاتتى. بۇلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن سەنئەت تالانتى بىلەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ «رېئاللىق»نى ئاددىيلا تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى «تىپىك رېئاللىقنى قايتىدىن

نامايان قىلىپ» بەردى، كاپىتالىزمنى يۈزەكى، ئۈلۈك، قېلىپلاشقان ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر، ئۆتكۈر مەنىلىك كىنايە ئارقىلىق يۇمۇرىستىك ئۇسلۇبتا قامچىلاپ، كىشىلەرنى ئەستىن كۆتۈرەلمەيدىغان كۈلكە ساداسى ئىچىدە كاپىتالىزمنىڭ رەزىللىكىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىيات ئىجادىيىتى شۇ چاغدىكى تارىخىي باسقۇچتا ئۇنى مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، فىرانسىيەلىك بالزاك بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى چولپانغا ئايلاندۇردى.

## 3 ـ بۆلۈم بۆلۈنمە ھالەتتىكى گېرمانىيە، سىلسىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى

### 1. ۋېنا يىغىنىدىن كېيىنكى گېرمانىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتە پارچىلىنىپ كېتىشى، تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى

ۋېنا يىغىنىدا چىقىرىلغان «ئاخىرقى قارار»غا ئاساسەن قۇرۇلغان «گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى» 34 كىنەزلىك ۋە ھامبۇرگ، برېمېن، لۇبېك، فىرانكفورد قاتارلىق تۆت ئەركىن شەھەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، فىرانكفورددا فېدېراتسىيە پارلامېنتى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قانۇن ۋە تاموژنا بېجى نىزاملىرىنى چىقىرىش ھوقۇقى يوق ئىدى، مەيلى ئىقتىساد، ئىچكى ئىشلار ياكى تاشقى ئىشلار جەھەتتە بولسۇن، ھەرقايسى فېدېراتسىيە ئۆز ئالدىغا يول تۇتقان بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەتتىن پەرقلەنمەيتتى، فېدېراتسىيە بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ شەكلىلا بولۇپ قالدى. فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئاۋستىرىيە ۋەكىلى ئۈستىگە ئالدى، شۇڭا فېدېراتسىيە

ئەمەلىيەتتە ۋېنادىكى پۈتۈن ياۋروپا جاسۇسلۇق تورى — «ياۋروپا ئۆمۈچۈكى»گە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئاۋستىرىيە باش ۋەزىرى مېتېرنىخنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، گېرمانىيە زېمىنىدىكى فېئودال كۈچلەر قايتىدىن تىرىلىپ بارغانسېرى ئەسەبىيلەشتى. خەلق ئاممىسى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى مەركەز قىلغان فېئوداللىققا قارشى تۇرۇپ، بىرلىككە كېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1817 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ 300 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. ۋېيمار كىنەزلىكىدىكى جېنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جېنا شەھىرىدە تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە فېئوداللىق تۈزۈمگە سىمۋول قىلىنغان كىيىم - كېچەك ۋە ئەكسىيەتچى ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قارىتا، 1819 - يىلى مېتېرنىخ كارلسبادتا پۈتۈن گېرمانىيە يىغىنى چاقىرىپ، يىغىن نامىدىن «كارلسباد قارارى»نى ئېلان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشىنى مەنئى قىلىپ، مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە چەك قويدى.

گېرمانىيەنىڭ چاك - چېكىدىن پارچىلىنىپ كېتىشى ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنىڭ كۈچىيىشى ئېنىقكى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز ئىدى. ئەمما، پرۇسسىيەنىڭ يەر ئىسلاھاتى ۋە «تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى»نىڭ قۇرۇلۇشى گېرمانىيەنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

پرۇسسىيەنىڭ يەر ئىسلاھاتى ناپولېئون ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا باشلاندى.1807 - يىلى 10 - ئايدا باش ۋەزىر ستەيىننىڭ تە - شەببۇسى بىلەن پرۇسسىيە ھۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ، دېھ - قانلارنىڭ جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىپ،

ئۆلارنىڭ ئەركىن كۆچۈپ يۈرۈشىگە يول قويدى. ئەمما بۇ پەرمان
دېھقانلارنىڭ بارلىق فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلىرى ۋە پومېش-
چىكلارنىڭ دېھقانلارغا بولغان ئەدلىيە ھوقۇقى ھەم ساقچىلىق
ھوقۇقىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالدى. سىتەيىندىن كېيىن باش
ۋەزىرلىك ئورنىغا چىققان خاردېنبېرگ 1811 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
ئاتالمىش «ماسلاشتۇرۇش» مەزمۇنىدىكى يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنى
ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنىڭ فېئوداللىق مەجبۇرىيىتىنى ئەمەل-
دىن قالدۇردى، ئەمما دېھقانلارنىڭ بۇ مەجبۇرىيەتنى ناھايىتى
يۇقىرى بەدەل تۆلەپ سېتىۋېلىشىنى، يەنى ئۆز يېرىنىڭ ئۈچتىن
بىر قىسمىنى، ھەتتا يېرىمىنى پومېشچىكلارغا بۆلۈپ بېرىش
ئارقىلىق ياكى پومېشچىكلارغا تۆلەيدىغان يىللىق يەر ئىجارىسى-
نىڭ 25 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان پۇل تاپشۇرۇش ئارقى-
لىق سېتىۋېلىشنى بېكىتتى. ناپولېئون ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن، يەنە يېڭى قانۇن ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنىڭ فېئوداللىق
مەجبۇرىيەتنى سېتىۋېلىشىغا زور چەكلىمە قويدى. 1816 ـ يى-
لىدىكى يەر ئىسلاھاتى قانۇنىدا، پەقەت بىر يۈرۈش مۇكەممەل
دېھقانچىلىق ھايۋانلىرى ھەمدە باج كىنىشكىسى بار باي دېھ-
قانلارنىڭلا فېئوداللىق مەجبۇرىيەتنى سېتىۋېلىش ھوقۇقى بار-
لىقى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئېتى يوق ياكى بىرلا ئېتى بار
دېھقانلارنىڭ بۇنداق ھوقۇقى يوقلۇقى بەلگىلەندى. شۇڭا 1848 ـ
يىلىغىچە، پەقەت باي دېھقانلارنىڭ يەتتىدىن ئالتە قىسمى، ئوت-
تۇرا، نامرات دېھقانلارنىڭ بەشتىن بىر قىسمىلا فېئوداللىق
مەجبۇرىيەتنى سېتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ مەجبۇرد-
يەتنى سېتىۋېلىش نەتىجىسىدە، 1816 ـ يىلىدىن 1848 ـ يىلى-
غىچە دېھقانلار 1 مىليون 530 مىڭ گېرمانىيە موسى كېلىدىغان
يەرنى ۋە 18 مىليون تالېر نەق پۇلنى پومېشچىكلارنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دېھقانلار ۋەيران
بولۇپ، قولىدىكى ئاز بىر قىسىم يەرنى نائىلاج پومېشچىكلارغا
سېتىپ بەردى. مەجبۇرىيەتنى سېتىۋالغاندىن كېيىنمۇ پومېش-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چىكلار دېھقانلارغا بولغان ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن ساقچىلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. شۇڭا، پرۇسسىيە يەر ئىسلاھاتى دېھقانلارغا نامرانلىق ۋە ۋەيران بولۇش ئازابىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىسلاھات جەريانىدا، پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ قولىدىن نۇرغۇن مىقداردىكى يەر ۋە نەق پۇلنى شۇلۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنى ياللاش، ماشىنىغا تايىنىپ كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق ئېگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ، كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانى غوجايىنلىرى مەيدانغا كەلدى. دېھقانچىلىق كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى بېسىپ ئۆتكەن بۇ يولنى لېنىن «پرۇسسىيە يولى» دەپ ئاتىغان. ئەمما، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، يەر ئىسلاھاتى دېھقانچىلىق كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا، پرۇسسىيە باشچىلىقىدىكى گېرمانىيەنىڭ 18 دۆلىتى «تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى»نى قۇردى، بۇ ئىتتىپاققا تەۋە دۆلەتلەر ئىچىدىكى تاموژنا بېجى ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بىرلا قېتىم باج تاپشۇرسا، تاۋار ـ مالنى بۇ ئىتتىپاققا ئەزا دۆلەتلەر زېمىنىدا تاۋار ـ مالنى توسالغۇسىز يۆتكەشكە بولىدىغان بولدى. بۇ تاۋار ئوبوروتىنى تېزلىتىپ سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا بۇ ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. 1845 ـ يىلىغا كەلگەندە گېرمانىيەدىكى پاختا، چىگە، قوي يۇڭى توقۇمىچىلىقىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇرچۇق سانى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 150 مىڭ، 28 مىڭ، 450 مىڭغا يەتتى. 40 ـ يىللاردا پەقەت پرۇسسىيەدىلا ئىشلىتىلىۋاتقان پارماشىنىسى 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. 40 ـ يىللاردا بېرلىن مۇھىم سانائەت مەركىزىگە ئايلاندى. 1846 ـ يىلى بېرلىندىكى 400 مىڭ ئاھالە ئىچىدە، 70 مىڭ نەپەر يالانما ئىشچى بارلىققا كەلدى. گېرمانىيە زېمىنىدىكى رېين دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى

رېين ـ ۋېستفالىيە ئۆلكىسى ئەتراپىدا كۆمۈر، تۆمۈر رۇدىسىنىڭ زاپىسى مول بولۇپ، بۇ رايون فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن بۇرۇن قۇتۇلۇپ، كاپىتالىستىك سانائەت پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلدى. 1835 ـ يىلىدىن باشلاپ تۆمۈريول ياسىلىپ، 1850 ـ يىلىغا كەلگەندە 747 ئىنگلىز مىلىغا، تاشيول 1816 ـ يىلىدىكى 523 ئىنگلىز مىلىدىن 1848 ـ يىلىغا كەلگەندە 1573 ئىنگلىز مىلىغا يەتتى. قىسقىسى، 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب ھارپىسىدا، گېرمانىيە سانائەت ئىنقىلابى باشلىنىش باسقۇچىغا كىردى.

## 2. سىلىسىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا گېرمانىيەدىكى ئىشچىلارنىڭ سانى 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى 400 مىڭدىن 2 مىليونغا كۆپەيدى. گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئالدى، 1844 ـ يىلى پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان سىلىسىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى.

سىلىسىيە رايونى شۇ چاغدا گېرمانىيەنىڭ توقۇمىچىلىق مەركىزى بولۇپ، ئاساسەن كاناپ رەخت ئىشلەپچىقىرىلاتتى. توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى بىر تەرەپتىن زاۋۇت غوجايىنلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان زۇلۇمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن فېئودال پومېشچىكلارغا «توقۇمىچىلىق بېجى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى، ئىشچىلار كاپىتالىزم ۋە فېئودالىزمنىڭ ئېغىر قوش زۇلۇمى ئاستىدا ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازابىدا قىينىلاتتى، ھەتتا شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ خاتىرىسىدە قوزغىلاڭدىن بۇرۇن 36 مىڭ توقۇمىچى ئىشچى ئىچىدىكى 6000 ئادەمنىڭ بىۋاستە

www.uyghurkitap.com

ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان. 40 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، كارخانا غوجايىنلىرى ئەنگلىيەنىڭ توقۇلما بويۇملىرى بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن، مەھسۇلات تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش مەقسىتىدە، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئىزچىل تۆۋەنلەتتى. بۇ ئىشچىلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. توقۇمىچىلار «قانلىق قىرغىنچىلىق» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، كارخانا غوجايىنلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىي كارخانا غوجايىنى سىفانكىگولغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

1844 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، سىلىسىيەنىڭ توقۇمىچىلىق مەركىزى پېتىرسۋالدودىكى توقۇمىچىلار بۇ ئىنقىلابىي ناخشىنى ياڭرىتىپ سىفانكىگولنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ساقچىلارنىڭ ئۇرۇپ، دۇمبالىشىغا ئۇچراپ بىرقانچە كىشى قولغا ئېلىندى. بۇ سىلىسىيە توقۇمىچىلىرى قوزغىلىڭى كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى، شۇ كۈنى توقۇمىچىلار سىفانكىگولنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 2 ـ كۈنى پېتىرسۋالدو ۋە لانگېن بىلائودىكى 3000دىن ئارتۇق توقۇمىچى زاۋۇتلارنى ۋەيران قىلىپ، ھۆججەت ـ زايومىلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىشچىلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن زور تۈركۈمدىكى ھەربىي قوشۇن بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى، ھەربىي قوشۇن زەمبىرەك بىلەن ئۇلارنى توپقا تۇتتى، غەزەپ ـ نەپرىتى پەلەككە يەتكەن ئىشچىلار پالتا ـ كالتەك، تاش ـ داڭگال بىلەن قوراللىنىپ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى، ھەتتا يارىلانسىمۇ سەپتىن چېكىنمىدى، كۈچ سېلىشتۇرمىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، قوزغىلاڭ باستۇرۇلدى، توقۇمىچىلاردىن 11 ئادەم ئۆلۈپ، 24 ئادەم يارىلاندى.

سىلىسىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئىنتايىن

زور. بۇ قوزغىلاڭ «قىلچە ئىككىلەنمەي، قەتئىيلىك بىلەن، بىۋاسىتە هالدا، تەنتەنىلىك هالدا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى»① جاكارلىدى. ئۇ گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇستەقىل كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، سىياسىي سەھنىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
سىلىسىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى قوزغىلىڭى گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۆرىشىگە تۈرتكە بولدى، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ساكسونىيەدىكى بوياقچىلىق ئىشچىلىرى ۋە تۆمۈريول ئىشچىلىرى كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىدى، نورونىسپېرگ ۋە بېرلىن قاتارلىق جايلاردىكى ئىش تاشلاش دولقۇنىمۇ كاپىتالىستىك تۈزۈمگە ئىنچىكە زەربە بەردى.

## 3. گېرمانىيەنىڭ كىلاسسىك پەلسەپىسى

19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسى ئىچىدە گېگېلنىڭ ئىدېئالىزم ئىدىيەسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. گېئورگى ۋىلىيام فىدىرىدىخ گېگېل (1770 ــ 1831) نىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «روھىي هادىسە ئىلمى» (1806 ـ يىلى)، «لوگىكا» (1812 ــ 1816) «قانۇن پەلسەپىسى قائىدىلىرى» (1812 ـ يىلى)، «پەلسەپە قامۇسى» (1817 ـ يىلى)، ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان «تارىخ پەلسەپىسى» (1827 ـ يىلى)، «ئېستېتىكا هەققىدە لېكسىيە» (1836 ــ 1838) قاتارلىقلار بار.
گېگېل ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، بۇ پەلسەپە سىستېمىسى فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە گېرمانىيەنىڭ فېئوداللىق تەرتىپىنى ئىسلاھات قىلىشنى قۇۋۋەتلىگەن هەمدە غەربىي ياۋروپا ئىشچىلار

① ماركس: «پرۇسىيەلىكلەر»نىڭ «پرۇسىيە پادىشاھى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات» ناملىق ئەسىرىگە باھا»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 483 ـ بەت.

ھەرىكىتىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ فېئودال كۈچلەر بىلەن مۇرەسسە قىلغان گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ زىددىيەتلىك پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۇردى. ئۇ گەرچە كانت (1724 — 1804)نىڭ «بىلگىلى بولماسلىق تەلىماتى»نى تەنقىد قىلىپ، دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلىش تەلىماتىدا ناھايىتى زور چەكلىمىلىك بار. ئۇ رېئال دۇنيانى «مۇتلەق روھ»، «مۇتلەق ئىدىيە»نىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ، «مۇتلەق روھ»، «مۇتلەق ئىدىيە» ئالدى بىلەن «ئاسمان ـ زېمىن، ئادەم» سۈپىتىدە ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيەسىدىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى، دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

گېگېل دىيالېكتىكىنى ياراتتى، ئۇنىڭ دىيالېكتىكىسى گەرچە ئىدېئالىستىك دىيالېكتىكا بولسىمۇ، «ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىزى» بار. بۇ «ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىزى» تەرەققىيات قارىشىدۇر. ئۇ پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى، تارىخ دۇنياسى ۋە روھ دۇنياسى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈستىدە تۇرغان جەريان، ئۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، «ئىچكى باغلىنىش» ھەرىكىتىنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان. بۇلار ئۇنىڭ دىيالېكتىكىسىدىكى «ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىزى» ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ئۇ يەنە پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھەرىكەت قىلىش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى «مۇتلەق روھ»، «مۇتلەق ئىدىيە»نىڭ «ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى»نىڭ نەتىجىسى، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر «مۇتلەق روھ»، «مۇتلەق ئىدىيە»نىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىشى، ئۆزگىرىشىنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. «مۇتلەق روھ»، «مۇتلەق ئىدىيە» ھەممە نەرسىدىن ھالقىغان، ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان سۇبيېكتىپ ۋە سۇبستانسىيە، ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۇنىڭدىن

كېلىپ چىققان ئوبيېكتىپ جىسىم ۋە تاشقى ھادىسە، دەپ قارىغان. گېگېلنىڭ ئۆزىمۇ قەيەردىلىكىنى بىلمەيدىغان «مۇتلەق روھ»، «مۇتلەق ئىدىيە» رېئال دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ قېلىپ، سەۋەب ـ نەتىجە ئالمىشىپ قالغان ھەمدە شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن.

گېگېلنىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسى شۇ چاغدىكى گېرمانىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلاش رولىنى ئوينىدى، ئۇ «قانۇن پەلسەپىسى قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، «رېئاللىققا ئايلانغاننىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق، مۇۋاپىق بولغانلىرى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ» دېگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ چاغدىكى پرۇسسىيەدىكى «بارلىق رېئاللىقنى ئاقلىغان»، پرۇسسىيە دۆلەت تۈزۈمىنى بارلىق تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسى، «مۇتلەق ئىدىيە»نىڭ گەۋدىلىنىشى دەپ قارىغان. دەرۋەقە، شۇ چاغدىكى پرۇسسىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ گېگېل پەلسەپىسىنى پرۇسسىيە دۆلەت پەلسەپىسى، دەپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

كېيىن، گېگېل ئېقىمىدىكىلەردىن سول قانات مەزھىپى بۆلۈنۈپ چىقىپ ياش گېگېلچىلار دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن پاۋىل برۇنو ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە ستىرائۇس قاتارلىقلار بار. ئۇلار بۇرژۇئازىيە رادىكاللىرى مەيدانىدا تۇرۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى سۆكتى، بولۇپمۇ خرىستىيان دىنىغا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، بۇرژۇئازىيە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە گېگېل ئىدېئالىزمىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغاچقا خەلق ئاممىسىنى پەس كۆرەتتى، «تەنقىدىي ئىدىيەلىك» شەخسلەرنىڭ تارىخىي رولىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەيتتى.

گېرمانىيەنىڭ كىلاسسىك پەلسەپە ساھەسىدە فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ ئەسلىي ياش گېگېلچىلارغا تەۋە بولۇپ، 30 ـ يىللاردىن كېيىن گېگېلنىڭ

«مۇتلەق روھ» تەشەببۇسىدىن ۋاز كېچىپ، گېگېلنىڭ ئىدېئالىزمىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىزم تەلىماتىنى شەكىللەندۈردى.

رودۋېتىس فېيېرباخ (1804 — 1872) مەشھۇر قانۇن پىروفېسسورىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1882 - يىلى ئېرلانگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپە دەرسى بەرگەن، 1830 - يىلى «ئۆلۈم ۋە ئۆلمەيدىغان ئىدىيە توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ ئىلاھسىزلىقنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغانلىقتىن، خىزمەتتىن بوشىتىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاپ، كىتاب يېزىشقا كىرىشكەن. 1839 - يىلى «گېگېل پەلسەپىسىگە تەنقىد»، (1841 - يىلى)، «خىرىستىيان دىنىنىڭ ماھىيىتى»، (1844 - يىلى)، «دىنىنىڭ ماھىيىتى» ناملىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. 1870 - يىلى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىگە قاتنىشىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان.

فېيېرباخ تەبىئەت دۇنياسى ھەرقانداق شەيئىگە بېقىنماي مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئادەممۇ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئېڭى — ماددىدىن تۈزۈلگەن ئورگان — ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى، تەپەككۇر بىلەن ئاڭ ماددىنىڭ ئىنكاسى، دەپ قارىغان. فېيېرباخنىڭ ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى دېگەن ماتېرىيالىزمچە قارىشى ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر.

ئەمما، فېيېرباخنىڭ پەلسەپىسى زور چەكلىمىلىككە ئىگە، ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرگەندە ماتېرىيالىزملىق قاراشنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرگەندە ئىدېئالىزم پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. مەسىلەن،

ئۇ خىرىستىيان دىنىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، «ئادەم ۋە تەبىئەتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق»، خۇدا پەقەت بىر خىيالىي ئوبراز، خۇدا ئادەمنى ئەمەس، بەلكى ئادەم خۇدانى ياراتتى»، خىرىستىيان دىنى ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق بالايىئاپەتلىرىنىڭ مەنبەسى دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي تارىخىي مەنبەسىنى چۈشەنمەي، پەقەت دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىلا ئۈمىد قىلىپ، ئىدېئالىستىك ھالدا رەھىمدىللىك ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى دىنىي خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئاساسى قىلغان كونا دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەندە، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق قارىشىمۇ سىنىپىي مۇناسىۋەتكە سەل قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن ئايرىلغان قاراش بولۇپ، كىشىلەر باراۋەر ھالدا ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، كەڭ قورساق بولسىلا، ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزم تەلىماتى پاسسىپ ۋە بىۋاسىتە كۆزەتمە خاراكتېرىدىكى ماتېرىيالىزم. ئۇ ئادەمنى پەقەت تەبىئىي شەيئى دەپ قارىغاچقا، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن، ئادەم ئېڭىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنىلا كۆرۈپ، ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان ئاكتىپلىق رولىنى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىلىش جەريانىدىكى مۇھىم رولىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پەلسەپىسى پاسسىپ ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ گېگېلنىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە گېگېل دىيالېكتىكىسىنىڭ «ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىزى»نىمۇ قوشۇپ تاشلىۋەتكەن. بۇ خۇددى يۇيۇنۇۋاتقان بالىنى (تەرەققىيات قارشى) پاسكىنا سۇ (ئىدېئالىزم)بىلەن قوشۇپ، ئاق ـ قارىنى ئايرىمايلا بىراقلا تۆكۈۋەتكەنگە ئوخشايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،

فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمى پەقەت بىۋاسىتە كۆزەتمە خاراكتېرىدىكى ماتېرىيالىزم بولۇپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

## 4. گيوتې، ھېينې ۋە بېتخوۋېن

18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ياۋروپا ئەدەبىيات ساھەسىدە، بۇرژۇئازىيە ئاقارتىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، ئاقارتىش ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەدەبىيات فېئوداللىق تۈزۈم ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنى قاتتىق سۆكۈپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ «ئەقىل - ئىدراك پرىنسىپى»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «مېھرىبانلىق» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلىدى. گېرمانىيەلىك گيوتې شۇ چاغدىكى ئاقارتىش ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى.

يوھان ۋولفگاڭ فون گيوتې (1749 — 1832) فرانكفورتتا تۇغۇلغان، ئۆمۈر بويى تىككۈچىلىك ۋە مېھمانساراي ئېچىش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىغان، دادىسى فرانكفورد شەھىرىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولغان. گيوتى ياش ۋاقتىدا لېيپسىگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئۆگىنىپ، كېيىن ستراسبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالماشقان، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ۋېيمار كىنەزلىكىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان.

گيوتېنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىكى ئەسەرلىرىدىن: «ئاشىقنىڭ كۆڭلى» (1967 - يىلى) ۋە «ئوخشاش جىنايەتچى» (1769 - يىلى) قاتارلىقلار بار. 1773 - يىلى ئېلان قىلىنغان تارىخى دراما «گېسفىن پىرشكىن» ۋە «پېرومېتى» ناملىق ئەسىرىدە، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. 1775 - يىلى مەشھۇر رومان «ياش ۋېرتېرنىڭ قايغۇسى»نى ئېلان قىلىپ، ياۋروپانى زىلزىلىگە



www.uyghurkitap.com

سالغان. ئۇ خەت ـ چەك شەكلىنى قوللىنىپ، مۇھەببەت تىراگېدىيەسى ئارقىلىق، فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقىنى ئىپادىلەپ، «خاراكتېر ئازادلىقى» ۋە «ئەركىنلىك»كە تەلپۈنگەن. ئەمما، گيوتې خەلقنى كۆرەش قىلىشقا چاقىرماي، بۇرژۇئازىيەنىڭ «مۇھەببەتلىشىش ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن قارىشىنى مەدھىيىلىگەن. گيوتې 18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى بۇ ئەسەرلىرىدە، شۇ چاغدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى «بوران ـ چاپقۇنلۇق ھەرىكەت»لەردىكى فېئودالىزمغا قارشى روھنى ئىپادىلىگەن، ئەمما «ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى چېكى» (1779 ـ يىلى) «سەيياھنىڭ كېچىدىكى ناخشىسى» (1780 ـ يىلى) قاتارلىق بەزى ئەسەرلىرىدە «كارى بولماسلىق» ۋە مۇرەسسە قىلىش كەيپىياتىنىمۇ ئاشكارىلىغان.

گيوتېنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىك دىراما ئەسىرى «فائۇست» ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەرگە 60 يىلغا يېقىن ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ، پۈتۈن ئەسەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، 12 مىڭ 111 مىسرالىق شېئىر شەكلىدە يېزىلغان. 1 ـ قىسمى 1806 ـ يىلى، 2 ـ قىسمى 1831 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ 16 ـ ئەسىردىكى رىۋايەتلەردىكى شەخس — فائۇستنى پۈتۈن ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى قىلىپ، فائۇستنىڭ كۆرەش ھاياتى ئارقىلىق، شۇ چاغدىكى كاپىتالىزمنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقان مەزگىلىدىكى زىيالىيلارنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش ۋە غايىۋى جەمئىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشلىرىنى بايان قىلغان ھەمدە فېئودالىق خانىدانلىق، ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلارنىڭ چىرىك ـ ياۋۇزلۇقىنى، كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيە، تالان ـ تاراج قىلىش قاتارلىق خىلمۇ خىل ھادىسىلەرنى دادىل ھەم چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ ئەيىبلىگەن. ئەمما، گيوتې يەنە فېئودالىق تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش خام خىيالىدا بولغان.

قىسقىسى، گيوتې ياشىغان 80 نەچچە يىل، دەل ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى فېئودالىق جەمئىيەتتىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە

www.uyghurkitap.com

ئۆتىۋاتقان داۋالغۇش مەزگىل ئىدى. گېرمانىيە سىياسىي جەھەتتە پارچىلىنىپ كەتكەن، فېئودال كۈچلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان، بۇرژۇئازىيە قورقۇپ مۇرەسسە قىلىۋاتقان، ئىشچىلار سىنىپى ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەمدە گيوتې بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسى گيوتېنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىككى ياقلىمىلىقتا ئىگە قىلىپ قويغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپتىن فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى قايناق ھېسسىيات ۋە مىللىي بىرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلىش قىزغىنلىقى ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى رېئاللىق بىلەن مۇرەسسەلىشىش ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشكە سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، بۇرژۇئازىچە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىنقىلاب بورىنىدىن دالدىلىنىش خام خىيالىمۇ ئىپادىلەنگەن.

ھېنرىخ ھېينې (1797 — 1856) بۇ دەۋردىكى گېرمانىيەنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىنقىلابىي دېموكراتىك شائىرىدۇر. ئۇ رېين دەرياسى ۋادىسىدىكى دوسسېلدورفتا نامرات يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىدا بونن ۋە گوتتېنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئۆگىنىپ 1817 - يىلىدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. دەسلەپكى مەزگىلدىكى داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «ناخشىلار توپلىمى» ۋە «خارتىس تېغىغا زىيارەت» قاتارلىقلار بار. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىنىي جەمئىيەتنى مەسخىرە قىلىپ ۋە ئەيىبلەپ، ۋەتەننى يۈز يىللىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىشقا چاقىرغان. كېيىن چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. 1836 - يىلىدىن باشلاپ پارىژدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

1843 — 1845 - يىللىرى ھېينې ماركس بىلەن تونۇشۇپ، يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان، ماركسنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە توغرا يۆنىلىش پەيدا بولۇپ، شېئىرلىرى ئىنقىلابىي

كۈرەشنىڭ جەڭ دۈمبىقى بولغان ھەمدە ئىنقىلابنىڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى ئەكس ساداغا ئايلانغان. «دەۋر ناخشىسى» ئۇ 1839 — 1846 - يىللىرى يازغان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ماركس بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن يېزىلغان. بۇ شېئىرلاردا فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ياۋۇزلۇقى، دىنىي جەمئىيەت روھانىيلىرىنىڭ ساختىپەزلىكى ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ قورقۇنچاق، ئاچ كۆزلۈكى جەڭگىۋار مىسرالار بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن ۋە قاتتىق ئەيىبلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر شېئىر «سىلسىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى» بولۇپ، بۇ ئۆلمەس ئەسەردە ئۇ گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ كۈرىشىنى تولۇپ - تاشقان ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلەپ، «كونا گېرمانىيە»نىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىگە نەپرەت ياغدۇرۇپ، پرولېتارىياتنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن. ئېنگېلس بۇ شېئىرغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن، شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئېنگېلس: گېرمانىيەنىڭ زامانىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىرى ھېنرىخ ھېيىنېمۇ بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا قوشۇلدى، دەپ كۆرسەتكەن.

1844 - يىلى ئۇ يەنە 27 بابلىق داستان «گېرمانىيەدە بىر قىش كۈنى ھەققىدە چۆچەك»نى ئېلان قىلغان، بۇ بىر «دەۋر ناخشىسى» بىلەن ئۆزئارا تولۇقلىما باب كېلىدىغان كومپانىئون قىسىم بولۇپ، ئۇ بۇ داستاندا خەلقنى دېموكراتىك يېڭى گېرمانىيە قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان.

1848 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، ھېيىنې بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيەسىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما تېخى ئىشچىلار سىنىپى مەيدانىغا كىرىپ كەلمىگەنىدى. ئۇ گەرچە پرولېتارىياتنىڭ كۈرىشىنىڭ ھەققانىيلىقىنى، ئاخىرقى غەلىبىسىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، ئەمما ئىنقىلابتىن قورقۇش كەيپىياتىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان شېئىرلار توپلىمى «رومانسايرو»

(1851 ـ يىلى) دا، بىر تەرەپتىن «كونا گېرمانىيە»نى مەسخىرە قىلىپ قامچىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېلىغول بولۇپ ئارامسىزلىق، مەيۈسلۈك كەيپىياتى روشەن ئىپادىلەنگەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى قايناق ھېسسىياتىغا تايىنىپ، جەڭگىۋارلىققا تولغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، ئىنقىلابىي دەۋر بىلەن ھەمنەپەس بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يەنىلا 19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا دېموكراتىك شېئىرلار مۇنبىرىدىكى چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، گېرمانىيەنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى كاپىتالىزم بىلەن كەسكىن ئېلىشتى، بۇ سىنىپىي كۈرەش رېئاللىقى شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت ئىدىيەسىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەكس ئەتتى. مۇزىكا ساھەسىدە مەشھۇر كومپوزىتور بېتخوۋېن ياڭراق مۇزىكىلىرى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى فېئودالىزمغا قارشى سادانى ياڭراتتى.

رودۋىخ خان بېتخوۋېن (1770 ـــ 1827) بوننىدىكى بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، دادىسى چۈشكۈنلەشكەن مۇزىكانت، ئاپىسى ئاشپەزنىڭ قىزى ئىدى. بېتخوۋېن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ مۇزىكا چېلىشنى ئۆگەنگەن، ئەمما مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن، ئۇ گومېر، شېكىسپېرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن، كېيىن پۈتۈن زېھنىنى مۇزىكىغا قاراتقان. ئۇ ۋېنادا ئۇزاق مۇددەت تۇرغان، ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن، ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا ئىككى قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان. دەسلەپتە رويال بىلەن مۇزىكا ئورۇنلىغاندىن كېيىن كومپوزىتورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن توققۇز قىسىملىق سىمفونىيەدىن باشقا، يەنە «شادلىق»، «ماتەم كۈيى»، «ئايدىڭ كۈيى»، «كروساي كۈيى»، «باھار»، «يامغۇر تىۋىشى» ۋە ئوپېرا «فېدېرىئو»

قاتارلىقلار بار.

توققۇز قىسىملىق سىمفونىيە ئىچىدە، 3 ـ 6 ـ سىمفونىيە، بولۇپمۇ 9 ـ سىمفونىيە ئەڭ مەشھۇر. 3 ـ سىمفونىيە («قەھرىمان»)دا، ئۇ «كۈچ» بىلەن «يالقۇن» بىرلەشتۈرۈلگەن ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، قەھرىماننىڭ تۇرمۇشى، كۈرەشلىرى، ئۆلۈمى، خەلقنىڭ ئۇنى ياد ئېتىشى ۋە خەلقنىڭ غەلىبە شادلىقى بايان قىلىنغان. 6 ـ سىمفونىيە («يېزا»)دا، يېنىك، يېقىملىق كۈي ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچى، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت قوينىدىكى تېتىك ـ شوخلۇقى، كۈرەشلىرى ۋە شادلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك 9 ـ سىمفونىيەسى («خور») مۇقەددەس ئىتتىپاق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە يېزىلغان. ئۇ بۇ ئەسەردە نەپىس، كامالەتكە يەتكەن مۇزىكا سەنئىتى ماھارىتىنى قوللىنىپ، بەزىدە يامغۇر تامچىلىرى تىنچ تامچىلاۋاتقان، ئاجىز ئۆمۈچۈك تورى ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ھالەتنى، بەزىدە دېڭىز دولقۇنى شىددەت بىلەن قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرىۋاتقان ھالەتلەر تېز ۋە ئاستا ئاللېگرولار ئۆزئارا ئالمىشىپ، نەيلىك ـ تارلىق چالغۇلار تەڭ ئىشلىتىلىپ ھاسىل قىلىنغان مۇرەككەپ، نەپىس «مۇزىكا تىلى» كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان سانسىز «مۇزىكا ئەگرى سىزىقى» ئارقىلىق، خەلقنىڭ غايىسى، زوراۋانلىققا قارشى كۈرەشلىرى ۋە زۇلمەتنى يېڭىپ ئەركىنلىكنى كۈتۈۋېلىش ھەرىكەتلىرى، ئازادلىق تەنتەنىسى بايان قىلىپ بېرىلگەن. ئۇ يەنە سىمفونىيەنىڭ ئاخىرىغا شىللېرنىڭ «شادلىق كۈيى» ناملىق شېئىرىنى خور قىلىپ ئورۇنلاشنى قوشۇپ، سىمفونىيە ئورۇنلاشتىكى ئەنئەنىۋى كونا قائىدىنى بۇزۇپ تاشلاپ، نەيلىك ـ تارلىق چالغۇلاردىن باشقا ئادەم ئاۋازىنى قوشۇپ، سىمفونىيەنى سىمفونىيەلىك خورغا كېڭەيتىپ، سىمفونىيەنىڭ گۈزەل تۈسىنى تېخىمۇ بېيىتقان.

بېتخوۋېن مەشھۇر بۇرژۇئا دېموكراتىك كومپوزىتور. فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاقارتىش ئىدىيەسى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى ياۋروپا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بوران ھەرىكىتى ئىدىيەسى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە، نەپىس مۇزىكا نوتىسىنى فېئودال زوراۋانلىققا بولغان ئۆچمەنلىكى، ھەققانىيەت، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ساداسىغا سىڭدۈرۈپ، قايناق ھېسسىياتقا تولغان، ھەيۋەتلىك، شانلىق مېلودىيەلەرنى يېزىپ چىققان ھەمدە ئەسەرلىرىدە گېرمانىيە خەلقى ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلگەن ناخشا ـ بېيىتلارنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادىمىيلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان، يەنىلا تارىخىي، سىنىپىي چەكلىمىلىككە ئىگە، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۇ ياشىغان دەۋردىكى ئىنقىلاب روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئەسەرلىرى ئىنقىلابىي دەۋر بىلەن ھەمنەپەس بولغان. لېنىن كىلاسسىك مۇزىكا ئىچىدە، بېتخوۋېننىڭ مۇزىكىلىرىنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن، دائىم مۇزىكانتلارغا بېتخوۋېننىڭ «شادلىق» قاتارلىق مۇزىكىلىرىنى چالغۇزۇپ ئاڭلىغان ھەمدە «شادلىق» مۇزىكىسىنى «نەپىس مۇزىكا» دەپ قايتا ـ قايتا ماختىغان.

توققۇزىنچى باب

# ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى

## 1 ـ بۆلۈم ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى تارىخىي شارائىتلار

ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سىنىپىي مەنبەسى بار.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى غەربىي ياۋروپادىكى ئىلغار دۆلەتلەردە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. كاپىتالىستىك ماشىنىلاشقان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەت تېخىمۇ روشەن ھالدا ئاشكارىلاندى. كاپىتالىستىك تۈزۈمدە ماشىنىلاشقان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى بىر تەرەپتىن بارغانسېرى كۆپ ئىشچىنى ئىشسىزلارغا ئايلاندۇرۇپ، پىرولېتارىياتنى بارغانسېرى نامراتلاشتۇرۇپ دۆلەت ئىچى بازىرىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن كاپىتالىستلارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى كەسكىنلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى كۈچىيىپ،

ئىشلەپچىقىرىشنى قارىغۇلارچە كېڭەيتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن دەۋرىيلىك ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى كرىزىسى يۈز بەردى. 1825 ـ يىلى، ئەنگلىيەدە تۇنجى قېتىملىق كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن ھەر 10 يىلدا بىر قېتىم كرىزىس يۈز بېرىپ تۇردى، كرىزىس سەۋەبىدىن نۇرغۇن كارخانىلار تاقىلىپ، زور تۈركۈمدىكى ئىشچىلار ئىشسىز قالدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەھسۇلاتلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ناچارلاشتى. بۇلار پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان 1831 ـ يىلى ۋە 1834 ـ يىلىدىكى فرانسىيە لىئون يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى، 1836 ـ يىلىدىن 1848 ـ يىلىغىچە بولغان ئەنگلىيە خارتىزمچىلار ھەرىكىتى، 1844 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە سىلېسىيە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇلار پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيەگە قارشى كۈرىشىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى، پرولېتارىياتنىڭ بىر مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاستە بۇرژۇئازىيە بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈمگە قاراتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پرولېتارىيات سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، يەنە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە بۇرژۇئازىيەنى يوقىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش ياۋروپادىكى بەزى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا چىقتى.

ئەمما، شۇ چاغدا ئەۋجىگە چىققان ئىشچىلار ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىنقىلابىي نەزەرىيەنىڭ بولماسلىقى، پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە تارىخىي بۇرچىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ توغرا يولى ۋە ئۇسۇلىنى تاپالمىدى. خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە باشقا تۈرلۈك ساختا سوتسىيالىزم نەزەرىيەلىرى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيەگە تولىمۇ موھتاج بولدى. شۇڭا ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلىش دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى بولۇپ قالدى.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۇستازى ماركس بىلەن ئېنگېلس شۇ دەۋردىكى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى ۋە ئىنقىلابىي كۈرەش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش بىلەن بىللە، ئىنسانلارنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرى بولغان گېرمانىيەنىڭ كلاسسىك پەلسەپىسى، ئەنگلىيەنىڭ كلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى ۋە فىرانسىيەنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمغا تەنقىدىي پوزىتسىيەدە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان خىلمۇخىل مەسىلىلەرگە قارىتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ۋە تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇۋاپىق مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلىپ، ماھىيەتلىك، ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلدى.

ماركس، ئېنگېلس گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىدىكى گېگېلنىڭ ئىدېئالىزم سىستېمىسىنى تەنقىد قىلىپ، گېگېل

دىيالېكتىكىسىنىڭ «ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىزى» بولغان ھەرىكەت قىلىش، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش قارىشىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ماتېرىيالىزملىق دىيالېكتىكىنى بەرپا قىلدى. ماركس، ئېنگېلس فېيېرباخ ماتېرىيالىزمىنىڭ مېخانىكىلىق ۋە مېتافىزىكىلىق قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ «ئاساسىي مېغىزى»نى قوبۇل قىلىپ، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلدى. ماركس، ئېنگېلس دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنى جەمئىيەت تارىخى تەتقىقاتىدا قوللىنىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلىپ، پەلسەپە ساھەسىدىكى بىر مەيدان ھەقىقىي ئىنقىلابنى تاماملىدى.

ماركس، ئېنگېلس ئەنگلىيە كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى ساھەسىدىكى ئىقتىسادشۇناس ئادام سىمىت ۋە داۋىد رىكاردونىڭ بۇرژۇئاچە سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇرژۇئاچە ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، تاۋار مۇناسىۋىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېچىپ بەردى، كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارغا بەرگەن ئىش ھەققىنىڭ پەقەت ئىشچىلار ئەمگىكى ياراتقان قىممەتنىڭ بىر قىسمى، قوشۇمچە ئەمگەك ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنىڭ كاپىتالىستلارنىڭ ئالغان پايدىسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي دەلىللىدى. قوشۇمچە قىممەت تەلىماتى كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېزىلىش، زۇلۇمغا ئۇچرىشىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئۇلۇغ تەلىمات پىرولېتارىياتنى بۇرژۇئازىيەگە قارشى تۇرۇپ، كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزم قۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك

قىلىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورالغا ئايلاندى.

ماركس، ئېنگېلس فىرانسىيەلىك سان سىمون، فۇرىيې ۋە ئەنگلىيەلىك ئوۋېننىڭ خىيالىي سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىدىكى سىنىپىي كۆرەشنى ئىنكار قىلىش، پىرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچىغا ئېتىبارسىز قاراش قاتارلىق خاتا كۆز قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ بەزى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى قىياسلىرىنى ۋە كاپىتالىزمغا بولغان تەنقىدىنى قوبۇل قىلدى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي دەلىللەپ، سىنىپىي كۆرەشنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، پىرولېتارىياتنىڭ يېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلغۇچى ھەقىقىي كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، خىيالىي سوتسىيالىزم ئىلمىي سوتسىيالىزمغا ئايلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا، ماركس، ئېنگېلس 19 ـ ئەسىردىكى تەبىئىي پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلدى، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىردىكى تەبىئىي پەندىكى ئۈچ چوڭ بايقاش — ئورگانىك تەنىنىڭ ھۈجەيرە قۇرۇلمىسى «تەلىماتى»، «ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش ۋە ئايلىنىش قانۇنى»، دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى»نى قوبۇل قىلدى. بۇ تەلىماتلار تەبىئىي پەن ساھەسىدە ماددىي دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش تەرەققىيات جەريانىنى ئىلمىي دەلىللەپ، بارلىق ئىدېئالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق كونا ئالەم قارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ماركس، ئېنگېلس ھەرقايسى تەبىئىي پەن ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە خۇلاسىلەپ، ئەڭ يېڭى ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلدى.

## 2 ـ بۆلۈم ماركس، ئېنگېلسنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى

ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ ئاساسچىسى ماركس، ئېنگېلس گېرمانىيەدە تۇغۇلغان. 19ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى گېرمانىيەدە كاپىتالىستىك ئىگىلىك بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ، سانائەت ئىنقىلابى باشلاندى، ئەمما سىياسىي جەھەتتە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم ۋە فېئودال تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتى كاپىتالىزمنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. شۇڭا شۇ چاغدىكى گېرمانىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھارپىسىدا تۇرۇۋاتاتتى، شۇنىڭدەك بۇرژۇئازىيە، كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى 30 ـ يىللاردىن 40 ـ يىللارغىچە ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە گېرمانىيەدىكى پرولېتارىياتنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئالاقزەدىلىككە چۈشتى ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار شۇ چاغدا فېئوداللار بىلەن پرولېتارىيات ئارىسىغا، يەنى يېڭى كۈچ بىلەن كونا كۈچ ئارىسىغا قىستىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ئۇلارغا پرولېتارىياتنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەردىنمۇ خەتەرلىك دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى پرولېتارىياتقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەبىت تۈزۈم ۋە ئاقسۆڭەكلەر بىلەن

ھەرقانداق مۇرەسسە قىلىشقا رازى ئىدى. دېمەك، گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش ۋەزىپىسى تەبىئىي ھالدا سىياسىي سەھنىگە چىققان پرولېتارىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشتى، پەقەت پرولېتارىياتلا كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ فېئودالىزمغا قارشى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارالايتتى، مۇبادا ئىنقىلاب پارتلاپ، پرولېتارىيات رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالسا، بۇرژۇئا ئىنقىلابى تەرەققىي قىلىپ پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئايلىنىپ، ياۋروپا پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى ۋە ياۋروپا خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولاتتى. شۇڭا، گېرمانىيە تەدرىجىي ھالدا ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ يۇرتىغا ئايلاندى. ئەمما ئىلمىي كوممۇنىزم خەلقئارالىق ھاسىلات بولغاچقا، ماركس، ئېنگېلس ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بارلىق تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ۋە ياۋروپادىكى ئىلغار دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتىنى خۇلاسىلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلدى. ماركس قىزىقارلىق قىلىپ: «مەن دۇنيا گىراژدانى» دېگەن.

كارل ماركس (1818 — 1883) 1818 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پرۇسسىيە رېين ئۆلكىسىدىكى ترىئېر شەھىرىدە تۇغۇلغان، شۇ چاغدا رېين ئۆلكىسى پرۇسسىيە بويىچە كاپىتالىستىك سانائەت ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايون ئىدى. ماركسنىڭ دادىسى ھېنرى ماركس بىلىمى چوڭقۇر، ئىدىيەسى ئىلغار ئادۋوكات ئىدى. ماركس ياش ۋاقتىدىلا ئۇلۇغ غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىنقىلاب يولىدا مېڭىشقا ئىرادە باغلىغانىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا «ياشلار كەسپىنى قانداق تاللىشى

www.uyghurkitap.com

كىرەك» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ، ئۆز ھاياتىنى «ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىنسانلارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلارغا بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

1835 ـ يىلى، ماركس بون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، بىر يىلدىن كېيىن بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالمىشىپ قانۇن ئۆگەنگەن، ئەمما ئۇ تارىخ بىلەن پەلسەپىنى ئىنتايىن ياقتۇراتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى چېغىدا ياش گېگېلچىلارغا قوشۇلۇپ، پرۇسسىيەنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە قارشى تۇرغان. 1841 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈشتىن ئىلگىرى «دېموكرات بىلەن ئېپىكورۇس پەلسەپىسىنىڭ پەرقى» دېگەن تېمىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ماركسنىڭ بۇ ئىلمىي ماقالىسى ئاتېئىزم روھىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەر ئىدى، گېگېل ئېپىكورۇسنىڭ ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەلىماتىغا قارشى چىققانىدى، ئەمما ماركس ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىدە ئېپىكورۇسنىڭ دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى قەيسەرانە روھىنى قىزغىن مەدھىيەلىگەن.

ماركس ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئەسلىدە بون ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما پرۇسسىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىملارغا زىيانكەشلىك قىلىشى سەۋەبىدىن، ئاخبارات ساھەسىدە خىزمەت قىلدى. دەسلەپتە «رېين گېزىتى»گە ماقالە يازغۇچى بولدى، كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىككە تەكلىپ قىلىندى. «رېين گېزىتى» شۇ چاغدىكى رېين ئۆلكىسى كولۇن شەھىرىدىكى رادىكال سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازلىرى چىقارغان گېزىت بولۇپ، ماركسنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بۇ گېزىت بارغانسېرى ئىنقىلابىي دېموكراتىزم تۈسىنى ئالدى ھەمدە گېرمانىيە فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى سۆكىدىغان جەڭگاھقا

ئايلاندى. گېزىت چىقىرىش جەريانىدا، ماركس جەمئىيەتكە چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەشلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتى. ئۇ ماقالە يېزىپ پرۇسسىيەنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا، پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى يۇتۇۋالغانلىقىغا قاتتىق رەددىيە بېرىپ، جاپاكەش ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سۆزلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئوغرىلىقچە دەرەخ كەسكەنلەرنى جازالاش قانۇنى ھەققىدە مۇنازىرە» ناملىق ماقالىسىدە، كىشىنى قايىل قىلىدىغان پاكىتلار ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلقنىڭ گۇناھسىزلىقىنى دەلىللەپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ پرۇسسىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمى تۈپەيلىدىن دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كېسىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ رەھىمسىز جازالاش قانۇنىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، پرۇسسىيە دۆلىتى قانۇنىنىڭ زوراۋان قانۇن، پەقەت فېئوداللارنىڭ نامراتلارنى تالان ـ تاراج قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قانۇن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ كۆرسەتتى. ماركس ماقالىسىدە: پرۇسسىيە دۆلەت ئورگانلىرى «ئورمان ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان، مارايدىغان، باھا قويىدىغان، قوغدايدىغان، كىشىلەرنى قولغا ئالىدىغان ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولىدىغان»① ئورگان دەپ يازدى. «موزېللىق مۇخبىرنىڭ ئاقلاش سۆزى»ناملىق ماقالىسىدە، موزېل دەرياسى بويىدىكى رايونلارنىڭ نامراتلىق ھالىتىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ پرۇسسىيە فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، گېگېلنىڭ دۆلەت ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئەركىنلىكنىڭ

---

① ماركس: «6 ـ نۆۋەتلىك رېين ئۆلكىسى پارلامېنتتىدىكى مۇنازىرە (3 ـ ماقالە)»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 160 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلىنىشى دەيدىغان پرۇسسىيەنى سوپەتلەپ كۆرسەتكەن سەپسەتىسىگە كۈچلۈك تەنقىد بولدى. 1843 ـ يىلى پرۇسسىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى «رېين گېزىتى»نى چىقارغانلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، ماركس نائىلاج ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ پارىژغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار ئالاھىدە ئىشچىلار ئولتۇراق رايونىنى تاللاپ ئولتۇردى ۋە ئىشچىلار ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. دائىم ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەش قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، يەنە «ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى» ۋە فىرانسىيە ئىشچىلار تەشكىلاتى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ بىللە كۈرەش قىلدى. يەنە ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىقى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىنىپىي كۈرەش تارىخىنى، بولۇپمۇ فىرانسىيە ئىنقىلابىي تارىخى ۋە فىرانسىيەنىڭ سوتسىيالىزم ئېقىمىنى تەتقىق قىلدى.

1844 ـ يىلى، ماركس «نېمىس ـ فىرانسۇز يىللىق مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنى چىقاردى ھەمدە بۇ ژۇرنالدا «يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەققىدە»، «(گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد)كە مۇقەددىمە» قاتارلىق شانلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. «يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە، ماركس ياش گېگېلچىلاردىن بىرى بولغان برونو بائۇئېرنىڭ مىللەت مەسىلىسىدىكى ئىدېئالىزملىق قارىشىنى تەنقىد قىلىپ، سىياسىي ئازادلىق (يەنى بۇرژۇئا ئىنقىلابى) ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى (يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب)دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىنقىلاب ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئىنقىلاب توختىمايدۇ»[1] دەپ جاكارلىدى، پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئارقىلىقلا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا

[1] ماركس: «يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەققىدە»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 40 ـ 431 ـ بەتلەر.

كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى دەلىللىدى. «(گېگىلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد)گە مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدە، ماركس دەسلەپكى قەدەمدە گېگىلنىڭ ئىدېئالىزملىق پەلسەپىسىنى سىستېمىلىق ھالدا تەنقىد قىلىپ، تۇنجى قېتىم پىرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتىكى ئىجتىمائىي كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئىلغار ئىنقىلابىي نەزەرىيەنىڭ پىرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى مۇھىم رولىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس ئۆز ئەسەرلىرىدە: «پەلسەپە پىرولېتارىياتنى ئۆزىنىڭ ماددىي قورالى قىلىدۇ، ئوخشاشلا پىرولېتارىيات پەلسەپىنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى قورالى قىلىدۇ»①. «تەنقىدنىڭ قورالىنى ئەلۋەتتە قورالنىڭ تەنقىدى ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ، ماددىي كۈچنى پەقەت ماددىي كۈچكە تايىنىپ ۋەيران قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما نەزەرىيە ئاممىنى تىزگىنلىگەن چېغىدا ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ» ② دەپ يازدى.

ماركسنىڭ «رېين گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدىن ئۇنىڭ ئىدېئالىزمدىن ماتېرىيالىزمغا، ئىنقىلاب دېموكراتىيەسىدىن كوممۇنىزمغا ئۆتكەنلىكىنى، «نېمىس — فىرانسۇز يىللىق مەجمۇئەسى» دە ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدىن ماركسنىڭ ئىدىيە قاراش جەھەتتە بۇ ئۆزگىرىشنى تاماملىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

فرىدرىخ ئېنگېلس (1820 — 1895) 1820 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پىرۇسسىيە رېين ئۆلكىسىدىكى بارمېن شەھىرىدە تۇغۇلغان. دادىسى فابرىكا خوجايىنى بولۇپ، ئىخلاسمەن دىن مۇرىتى ئىدى. ئېنگېلس كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىدىيە جەھەتتە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالاتتى. 1837 - يىلى، ئېنگېلس 17 ياش ۋاقتىدا، دادىسى ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېكىندۈرۈپ، بارمېندىكى تىجارەت ئورنىغا

① ② ماركس: «(گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد)كە مۇھەممەد»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 - نەشرى، 1 - توم، 9 — 15 - بەتلەر.

ئىش بېجىرگۈچى قىلىپ ئەۋەتتى، بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىلايمىدىكى بىر سودا شىركىتىگە خىزمەتكە ئەۋەتتى. ئېنگېلس ھايانكەشلىك مەزمۇن قىلىنغان «سودا دەستۇرى» ۋە ساختىپەزلىككە تولغان سودىگەرلىك تۇرمۇشىدىن ناھايىتى بىزار ئىدى. ئۇ بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىپ بىلىمىنى بېيىتتى. ئېنگېلس ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا جاپاكەش خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئىشچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ئەھۋالى ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق قوزغىغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «ئوپپېي جىلغىسىدىن كەلگەن خەت»تە، ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، شۇ دەۋردىكى تۈزۈمنى سۆكۈپ، ئىشچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بەردى. ئېنگېلس غەزەپ بىلەن ئىشچىلار ئارىسىدا: «كېسەللىك يامراپ كەتتى»، «ھەر بەش ئادەمنىڭ ئۈچى ئۆپكە تۇبېركۇليوزى بىلەن ئاغرىپ جېنىدىن ئايرىلدى»، «ئەمما قورساقلىرى دومبايغان زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ ۋىجدانى يەنىلا شاد ــ خۇرام»① دەپ يازدى.

1841 ــ يىلى كۈزدە، ئېنگېلس بېرلىنغا كېلىپ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىدى. ئۇ ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلغاندىن باشقا، دائىم ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، پەلسەپە دەرسى ئاڭلىدى. ياش گېگېلچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ ياللانما ئالىم شېللىڭنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچى ۋە مۇتەئەسسىپ پەلسەپە دەرسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ماقالە يېزىپ شېللىڭنىڭ ئىلىم ــ پەنگە خىلاپ كېلىدىغان، مىستىتسىزمنى ئەقىل ــ ئىدراكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، دىنىنى ياقلايدىغان، مۇستەبىت پادىشاھقا جارچى

---

① ئېنگېلس «ئوپپېي جىلغىسىدىن كەلگەن خەت»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ــ توم.

بولۇۋالغان ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى تەنقىد قىلىپ، ئىنقىلابىي جەڭگىۋارلىق روھىنى ئىپادىلىدى. بۇ چاغلاردا ئۇ فېيېرباخنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ماتېرىيالىزم يۆنىلىشىگە بۇرۇلدى.

1842 ـ يىلى، ئېنگېلس دادىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەنگلىيەدىكى مانچېستېرغا جايلاشقان «ئومېن ـــ ئېنگېلس» يىپ ئېگىرىش فابرىكىسىغا خىزمەتكە كەلدى. شۇ چاغلاردا، ئەنگلىيەدىكى خارتىزمچىلار ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەركىزى بولغان مانچېستېر بۇ ھەرىكەتنىڭ مەركىزىي رايونى ئىدى، ئېنگېلس كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى خىلمۇخىل زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرۈپ يەتتى ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشلەرنى ئىنچىكە كۆزەتتى. ئۇ دائىم ئىشچىلار ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارغا بېرىپ، ئىشچىلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتتى ۋە كۈرەش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

ئېنگېلس يەنە ئەنگلىيە ئىشچىلار تەشكىلاتى، خارتىزمچىلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، ئۇلارنىڭ يىغىلىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۇلارنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىغا ماقالە يېزىپ تۇردى. ئۇ 1842 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پارتلىغان ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش مەغلۇبىيىتىنىڭ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي پرىنسىپى «تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ئىنقىلاب قىلغاندا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ھازىرقى بىنورمال مۇناسىۋەتنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن دۆلەتمەن ئاقسۆڭەكلەر ۋە سانائەت ئاقسۆڭەكلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارلارنىڭ ماددىي شارائىتىنى

ياخشىلىغىلى بولىدۇ»① دەپ كۆرسەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېنگېلس يەنە ئاكتىپلىق بىلەن نەزەرىيەۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئەنگلىيەلىك كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى ۋە خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار ۋەكىللىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا كۆزىتىپ، «رېين گېزىتى» ۋە «نېمىس ــ فىرانسۇز يىللىق مەجمۇئەسى»دە بىر قاتار جەڭگىۋارلىققا تولغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. 1844 ــ يىلى، ئۇ «نېمىس ــ فىرانسۇز يىللىق مەجمۇئەسى»دە ئېلان قىلغان «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر ئوچېرك»تا، سوتسىيالىستىك قاراش نۇقتىسىدىن كاپىتالىستىك ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى، سودا كىرىزىسى قاتارلىقلار كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دەپ كۆرسەتتى ھەمدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى بارلىق سىياسىي ئىقتىساد زىددىيەتلىرىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، پەقەت «خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، رىقابەت ۋە مەنپەئەت قارشىلىقىنى يوقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئىنسانلاردىكى بۇ خىل چۈشكۈنلىشىش ھادىسىسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ»② دەپ كۆرسەتتى. ئېنگېلس پرولېتارىياتنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى تەنقىد قىلىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى مۇكەممەل بولغان بېيىش ھەققىدىكى ئىلىم، دەپ قارىدى. ئېنگېلسنىڭ بۇ پارلاق ئىدىيەسى ئۇنىڭ ماتېرىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا بۇرۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

① ئېنگېلس: «دۆلەت ئىچى كىرىزىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ــ توم، 550 ــ 551 ــ بەتلەر.

② ئېنگېلس: «سىياسىي ئىقتىسادنىڭ تەنقىدىي پىروگراممىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ــ توم، 621 ــ بەت.

ماركس بىلەن ئېنگېلس گەرچە ئوخشاش بولمىغان دۆلەتتە ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پىرولېتارىياتقا ھېسداشلىق قىلاتتى ھەم ئىشىنەتتى. ئۇلار پىرولېتارىيات بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن، چوڭقۇر ھەم كەڭ ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ باردى، كونا دۇنياغا قارشى رەھىمسىز تەنقىد ۋە كۈرەش جەريانىدا، ھەر ئىككىيلەن بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، مۇستەھكەم ماتېرىيالىزمچى ۋە كوممۇنىزمچىغا ئايلاندى. 1844 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئېنگېلس ئەنگلىيەدىن گېرمانىيەگە قايتىش سەپىرىدە، ئالايىتەن پارىژغا بېرىپ ماركس بىلەن كۆرۈشۈپ، 10 كۈن سۆھبەتلەشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ پىرولېتارىياتنىڭ بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئۇستازى ۋە رەھبىرى پىرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئۆمۈرلۈك دوستلۇق ئورناتتى.

## 3 ـ بۆلۈم ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلىشى ۋە پىرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى

ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىكتە يازغان تۇنجى ئەسەر «مۇقەددەس ئائىلە» (1854 ـ يىلى) جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياش گېگېلچىلارنىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىگە ئوت ئېچىپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئاساس سالدى. ياش

گېگىلچىلار ماھىيەتتە، بۇرژۇئا ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەكىلى برونو بائۇئېر قاتارلىقلار گەرچە گېگېل ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئىدېئالىزمچىلىق تارىخىي قاراشنى كۈچەيتىشكە بارىچە تىرىشىپ قىلىپ، پرولېتارىيات بىلەن خەلق ئاممىسىنى كەمسىتەتتى، ئىنقىلابىي كۈرەشكە قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش «پەيلاسوپ رەھبەرلەر»لا تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى بولالايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ «نوقۇل تەنقىد قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىقلا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

ماركس ۋە ئېنگېلس ياش گېگېلچىلارنىڭ پەلسەپە ھەققىدە قۇرۇق گەپ سېتىشىنى، خەلق ئاممىسىنى مەنسىتمەيدىغان ئىدېئالىزملىق قارىشىنى ئۇزۇل - كېسىل تەنقىد قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر جەمئىيەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، تارىخ «مۇتلەق روھ»نىڭ گەۋدىلىنىشى ھەم «تالانتلىقلار»نىڭ يارىتىلىشى ئەمەس، پەقەت ماددىي، مەنىۋى بايلىق ياراتقان مىليونلىغان خەلقلا تارىخنىڭ ھەقىقىي غوجايىنى دېگەنلەر شەرھلەندى. ماركس بىلەن ئېنگېلس يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «تارىخىي پائالىيەت ئاممىۋى ئىش، تارىخىي پائالىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاممىۋى قوشۇن مۇقەررەر ھالدا زورىيىدۇ»①. شۇڭا، پرولېتارىيات تامامەن «ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلالايدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

1845 - يىلى ئېنگېلس «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ چىقتى. بۇ بىر بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇلۇكدارلار سىنىپى ئۈستىدىن قىلىنغان

① ماركس، ئېنگېلس: «مۇقەددەس ئائىلە»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 45 - 104 - بەتلەر.

شىكايەتنامە ئىدى. ئېنگېلس ئۆزى توپلىغان نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت زىددىيىتىنى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى دەلىللىدى. ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبىتىنى بايان قىلىپ، پرولېتارىيات ئېزىلگۈچى سىنىپلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئازاد قىلالايدىغان سىنىپ ئىكەنلىكىنى، پرولېتارىيات ئۈچۈن سوتسىيالىزمدىن باشقا چىقىش يولى يوقلۇقىنى، سوتسىيالىزم پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي كۆرەش نىشانى قىلىنغاندىلا، ئاندىن بىر خىل كۈچكە ئايلىنالايدىغانلىقىنى، ئىشچىلار ھەرىكىتىنى سوتسىيالىزم بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1845 - يىلى 1 - ئايدا، ماركس فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن، بېلگىيەنىڭ پايتەختى بىريۇسسېلغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس»نى يېزىپ، ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تەكىتلەپ، «ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتچانلىققا ئىگە بولۇش - بولماسلىقى نەزەرىيەۋى مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت مەسىلىسى»① دەپ كۆرسىتىپ، تۇنجى قېتىم بىلىش نەزەرىيەسىدىكى ئەمەلىيەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1845 — 1846 - يىللىرى، ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىكتە «نېمىس ئىدېئولوگىيەسى»نى يېزىپ، گېگېل ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىدىن ئۇزۇل - كېسىل ھېساب ئالدى، فېيېرباخ ماتېرىيالىزمىنىڭ چەكلىمىلىكلىكى ۋە كەمتۈكلۈكىنى تەنقىد قىلىپ، شۇ چاغدا گېرمانىيەدە ناھايىتى ئەۋج ئالغان «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»نىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ماركس، ئېنگېلس بۇ ئەسەردە،

---

① ماركس: «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 - نەشرى، 1 - توم، 55 - بەت.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى بىر قەدەر تەپسىلىي شەرھلەپ، كىشىلەر ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۆتۈش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ قانۇنىيىتى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقى ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ماركس، ئېنگېلس يەنە پرولېتارىيات كاپىتالىزمنى يوقاتماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئىدىيەسى بىخ سۈرگەندى.

1847 - يىلى، ماركس پرودون يازغان «نامراتلىق پەلسەپىسى»گە قارىتا «پەلسەپە نامراتلىقى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، ئىنقىلابىي دىيالېكتىكا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پرودوننىڭ «مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس ھەقىقەت» سەپسەتىسى ۋە «قارىمۇ قارشىلىقنى كېلىشتۈرۈش»نى «قارىمۇ قارشى كۈرەش»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىش سەپسەتىسىنى ئۇزۇل - كېسىل تەنقىد قىلىپ، پرودوننىڭ مېتافىزىكىلىق قارىشىنى پاش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىدەك تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىپ: «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زىچ باغلانغان، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ ...»، «كىشىلەر

ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىگە ئاساسەن ماس ھالدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىدۇ، دەل مۇشۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ماس ھالدىكى پىرىنسىپ، كۆزقاراش ۋە كاتېگورىيەلەرنى ئىجاد قىلىدۇ...①» شۇڭا، پىرىنسىپ، كۆز قاراش ۋە كاتېگورىيە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە قوشۇلۇپ ئۆزگىرىدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، شۇنداقلا مەڭگۈلۈكمۇ نەرسە ئەمەس، پەقەت ھەربىر تارىخىي باسقۇچنىڭ ۋاقىتلىق ھاسىلاتى.

ماركس يەنە پرودوننىڭ ساناىئەتلەشكەن چوڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كىچىك كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدىكى ئەكسىيەتچى مەيدانىغا قارشى تۇرۇپ، پرودوننىڭ ئىسلاھات ئۇسۇلى ئارقىلىق كاپىتالىزم تەرەققىياتىنى «چەكلەش» خام خىيالىغا رەددىيە بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى دەلىللىدى ھەمدە يېڭى جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھېسابلىنىدىغان پرولېتارىياتنىڭ دۇنياۋى تارىخىي بۇرچىنى سۇرەتلەپ بەردى. كېيىن ماركس ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىنى بايان قىلغاندا: «بىزنىڭ قارىشىمىزدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە كۆز قاراش — 1847 - يىلى نەشر قىلىنغان پرودونغا قارشى يېزىلغان ئەسەر «پەلسەپە نامراتلىقى»دا گەرچە مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى بايان بولسىمۇ، تۇنجى قېتىم ئىلمىي بايان قىلىنغان»② دېدى.

ياۋروپا پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسى بىلەن قوراللانغان، پرولېتارىياتنىڭ ئىلغار كىشىلىرىدىن تەشكىللەنگەن

---

① ماركس: «پەلسەپە نامراتلىقى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 - نەشرى، 1 - توم، 142- بەت.

② ماركس: «(سىياسىي ئىقتىسادقا تەنقىد)»گە كىرىش سۆز»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 - نەشرى، 2 - توم، 34 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيەگە تولىمۇ موھتاج ئىدى. ماركس، ئېنگېلس مۇشۇ ئوبيېكتىپ تەلەپكە ماسلىشىش ئۈچۈن، كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە، پىرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇپ، جاپالىق ھەم كۆرۈنەرلىك تەشۋىقات ۋە تەشكىللەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرى بەرپا قىلغان نەزەرىيە بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، پىرولېتارىيات سىنىپىنى ئاڭلىق، تەشكىللىك كۈرەش قىلىش يولىغا يېتەكلىدى.

1846 - يىلىنىڭ بېشىدا، ماركس، ئېنگېلس بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا «كوممۇنىستىك ئاخبارات كومىتېتى»نى قۇردى، ئارقىدىن پارىژ، لوندون، خامبورگ، لېيپىزىگ، سىلىسىيە قاتارلىق جايلاردا بۇ كومىتېتنىڭ ياچېيكىسى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى، سوتسىيالىستلارنىڭ دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى، ئىلغار ئىشچىلارنى يېتەكلەش، ئىشچىلار ھەرىكىتى جەريانىدىكى ھەرخىل خاتا نەزەرىيە ۋە چېچىلاڭغۇلۇقلارنى يېڭىش، ھەرقايسى دۆلەت سوتسىيالىستلىرىنى ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە قۇرۇلغانىدى. بۇ ماركس، ئېنگېلسنىڭ پىرولېتارىيات سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇشتىكى تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئىدىيەۋى ئاساس سېلىپ، كادىر تەربىيەلىدى.

ماركس، ئېنگېلس ھەرقايسى دۆلەت ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئۆزگەرتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ھەققانىيەتچىلەر ئىتتىپاقى 1836- يىلى پارىژغا قېچىپ كەلگەن گېرمانىيەلىك سىياسىي سەرگەردانلار قۇرغان، سەرگەردانلار ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان سول قانات تەشكىلات بولۇپ، ئەزالىرى ئاساسەن ئىشچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئاز ساندىكى

بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ئىدى. كېيىن بۇ ئىتتىپاقتا
گېرمانىيەلىكلەردىن باشقا، شىۋېيتسارىيەلىكلەر،
گوللاندىيەلىكلەر، ۋېنگىرىيەلىكلەر، رۇسىيەلىكلەر، چېخلار
قاتنىشىپ تەدرىجىي ھالدا خەلقئارالىق ئىشچىلار تەشكىلاتىغا
ئايلاندى. بۇ تەشكىلات ۋېيتلىڭنىڭ خىيالىي كوممۇنىزم
ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، كېيىن يەنە
«ھەقىقىي سوتسىيالىزم» ۋە پرۇدونىزمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل
قىلغان بولۇپ، يېرىم تەشۋىقات، يېرىم سۇيىقەستچىلىك
خاراكتېرىدىكى تەشكىلات ھېسابلىناتتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ
يېتەكچى ئىدىيەسى تەڭ تەقسىماتچىلىق بولۇپ، «دۇنيادىكى
ھەممە كىشى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشى، ھەرقانداق بىر
كىشىنىڭ تۇرمۇشى باشقىلاردىن ياخشىمۇ ياكى ناچارمۇ
بولماسلىقى كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلاتتى، ئۇلارنىڭ
شوئارى سىنىپىيلىقتىن ھالقىغان «ھەممىلەن قېرىنداش»
دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ۋېيتلىڭنىڭ خىيالىي
كوممۇنىزمى قاتارلىق سوتسىيالىزم ئېقىملىرى بىلەن
كۈرەش قىلىش، بۇ ئىتتىپاقنى ئۆزگەرتىش ۋە ماركسىزملىق
سىياسىي پارتىيە قۇرۇشنىڭ مۇھىم قەدىمى بولدى.

گېئورگى ۋېيتلىڭ (1808 — 1871) پرۇسسىيەدىكى
ماگدېبۇرگدا تۇغۇلغان، كېيىم تىككۈچى ۋە ياللانما ئىشچى
بولغان. 1834 - يىلى پارىژغا سەرگەردان بولۇپ كېلىپ، 1837 -
يىلى ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئاساسلىق
ئەسەرلىرىدىن «ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنى قانداق؟ كېلەچىكى قانداق
بولىدۇ؟» (1838 - يىلى)، «ئىناقلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ
كاپالىتى» (1842 - يىلى)، «نامرات گۇناھكارنىڭ بەخت
خەۋىرى» (1843 - يىلى) قاتارلىقلار بار. ۋېيتلىڭ ئۆز
ئەسەرلىرىدە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ جىنايى
قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك
تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى

تەشەببۇس قىلغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كوممۇنىزمى خىيالىي بولۇپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق ئاساسىدىكى كوممۇنىزم ئىدى. ئۇ بىر تەڭ تەقسىماتچىلىق كوممۇنىزمى «لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ»، ھەممە كىشى ھەممىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش»، ھەممە كىشى تەڭ ئەمگەك قىلىش، ھەممە كىشى تەڭ بەھرىمەن بولۇش، ھەممە كىشىنىڭ پەرقى بولماسلىق»نى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ يەنە كوممۇنىزم ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ ئىجادىيىتى، ئەگەر ياخشى لايىھەلەنسىلا، دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى، ھەتتا ئۆزىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى جەننەتنى پەيدا قىلالايدىغان «قۇتقۇزغۇچى خۇدا» ئورنىدا كۆردى. گەرچە ئۇمۇ زورلۇق كۈچ ئىنقىلابىنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى جەمئىيەتتىكى ئەڭ بەختسىز كىشىلەر ھېسابلىنىدىغان قەلەندەر، جىنايەتچى ۋە ئوغرى - قاراقچىلار قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى.

ماركس، ئېنگېلس ۋېيتلىڭنىڭ خىيالىي كوممۇنىزمى ۋە ئاممىدىن ئايرىلغان سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى كوممۇنىستىك ئاخبارات كومىتېتىغا قوبۇل قىلدى، 1846 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق يىغىندا، ماركس، ئېنگېلس ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ، كوممۇنىزم يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا كۆز قارىشى ۋە مەيداندا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا ماركس، ئېنگېلس ئۇنىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشنى قارار قىلىپ، ئۇنى ئاخبارات كومىتېتىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ قارار لوندون، پارىژ ۋە گېرمانىيەدىكى ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ قەتئىي قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقىدىكى تۈنجى زور

غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئۇلاپلا، ماركس، ئېنگېلس «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»نى قاتتىق تەنقىد قىلدى. «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»چىلار ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر قىسىم ئىسلاھاتچىلار بولۇپ، ئۇلار فېيېرباخنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن پرودوننىڭ قۇرۇق خىيالىنى ئۆزئارا ئەبجەش قىلىپ، سوتسىيالىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سىنىپتىن ھالقىغان «مېھرىبانلىق»، «دوستلۇق» قاتارلىق قۇرۇق شوئارنى توۋلاپ، سىنىپلار ئۆزئارا تىنچ ئۆتۈش، ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش، ئىشچىلار سىنىپىنى كۈرەشتىن مۇستەسنا تۇرۇش قاتارلىقلارنى تەرغىب قىلدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان خېلمان كېرىگان ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتىدا، ئەگەر شىمالىي ئامېرىكىدىن 1 مىليارد 400 مىليون ئىنگلىز موسى يەر ئاجرىتىپ ئامراتلارغا ھەقسىز تەقسىم قىلىپ بېرىلسە، بۇ جايدا «جەننەت كەبى مېھرىبانلىققا تولغان كەنتلەر» بارلىققا كېلىدۇ، «ياۋروپالىقلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈشى ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېدى. ماركس، ئېنگېلس ئۇنىڭ بۇ بىمەنە خىيالىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭ مەقسىتى پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتنى يېپىش ئۈچۈندۇر، دەپ كۆرسەتتى. «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»نىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى يامان تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، ئاخبارات كومىتېتى ماركس، ئېنگېلس يازغان «كېرىگانغا قارشى ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلدى. بۇ «ئۇقتۇرۇش»تا، «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»نىڭ قولغا كەلتۈرمەكچى بولغىنى سوتسىيالىزم ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزم، كېرىگان پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاب ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش تەلىماتىنى «مېھرىبانلىق» ھەققىدىكى سۆز - ئىبارىلەرگە ئايلاندۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، «ئەگەر بۇ خام

خىياللارنى ئىشچىلار قوبۇل قىلىۋالسا، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ»① دەپ كۆرسىتىلدى.

1846 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئېنگېلس ئاخبارات كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، پارىژغا بېرىپ «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»چىلارنىڭ پارىژدىكى ئاساسلىق ۋەكىلى كارل گرايىن ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن كۈرەش قىلدى. گرايىن بىلەن پرودون مەسلەكداش بولۇپ، زورلۇق كۈچ ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ، ئىسلاھاتچىلىقنى تەرغىب قىلاتتى. گرايىن پرودوننى «زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى» دەپ چوقۇناتتى. شۇڭا، پارىژدىكى «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»غا قارشى كۈرەش پرودونىزمغا قارشى كۈرەش بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى. ئېنگېلس پارىژدا ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىنى قوللىنىپ، ئىشچىلارغا گېرمانىيەنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈردى ھەمدە ئىشچىلار يىغىلىشىدا گرايىن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى تەنقىد قىلدى. پرودون ۋە گرايىننىڭ «تىنچلىق دورىسى»نىڭ پرولېتارىياتقا قارشى خاراكتېرىنى، «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»نىڭ ساختا شوئارىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئېنگېلس زورلۇق كۈچ ئىنقىلابىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى ۋە دەلىللىدى، بۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇدا بىرقانچە ئاخشام مۇنازىرە قىلدى. ئېنگېلس كوممۇنىستلارنىڭ ئاساسىي نىشانىنى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلىدى: «1 ـ مۈلۈكدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە قارىمۇقارشى بولغان پرولېتارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش. 2 ـ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقىتىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋاسىتىسى ئارقىلىق بۇ نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇش. 3 ـ زورلۇق

① ماركس، ئېنگېلس: «گېرىگانغا قارشى ئۇقتۇرۇش»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1ـ نەشرى، 1ـ توم، 86 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

كۆچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان دېموكراتىك ئىنقىلابتىن باشقا، مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى باشقا ۋاسىتىلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىق»[①]. ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۈچ تۈرلۈك پرىنسىپ پارىژدىكى ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، «ھەقىقىي سوتسىيالىزم»ئاخىر بىتچىت قىلىندى.

ماركس، ئېنگېلسنىڭ ھەرخىل سوتسىيالىزم ئېقىمىدىكىلەرگە قارشى كۈرىشى زور غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە كۆپ ساندىكى ئەزالىرى ھەرخىل سوتسىيالىزم ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تەسىرىدىن بارا - بارا قۇتۇلۇپ، ماركسىزمنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئىتتىپاقنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. 1847 - يىلى باھاردا، ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل مولنى بىريۇسسېل ۋە پارىژغا ئەۋەتىپ، ماركس بىلەن ئېنگېلسنى ئىتتىپاققا رەسمىي تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پىكرىنى قوبۇل قىلدى.

1847 - يىلى 6 - ئايدا، ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقى لوندوندا تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىردى، ماركس، ئېنگېلس قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتاي ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقىنى «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى»غا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلدى، ماركس، ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشەيلى !» دېگەن شوئار ھەقىقەتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرىكى «ھەممىمىز قېرىنداش» دېگەن خاتا شوئارنىڭ ئورنىنى ئالدى. قۇرۇلتاي ئېنگېلسقا

---

① ئېنگېلس: «بىريۇسسېل كوممۇنىستىك ئاخبارات كومىتېتىغا ئۇقتۇرۇش»، (1846 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 27 - توم، 71 - بەت.

www.uyghurkitap.com

«كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى نىزامنامىسى»نى يېزىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلدى. نىزامنامىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا: «ئىتتىپاقنىڭ مەقسىتى، بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش، سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى ئاساس قىلغان كونا بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنى يوقىتىپ، سىنىپ ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بولمىغان يېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلىش»[1] دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. مانا بۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدىكى تۇنجى پارتىيە نىزامنامىسى.

كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ماركس، ئېنگېلسنىڭ پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيەسى قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ پرولېتارىيات خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، 1 ـ ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تاكى 1852 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ماركس، ئېنگېلسنىڭ رەھبەرلىكىدە، كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى نۇرغۇن ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

## 4 ـ بۆلۈم «كومپارتىيە خىتابنامىسى»

1847 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى لوندوندا 2 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىردى، قۇرۇلتايغا گېرمانىيە، ئەنگلىيە فرانسىيە، بېلگىيە پولشا، شىۋېيتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن كوممۇنىزمچىلار ۋە ماركس، ئېنگېلس قاتناشتى. قۇرۇلتاي

---

① ئېنگېلس: «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى نىزامنامىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، 572 ـ بەت.

ئىتتىپاقنىڭ نىزامنامىسىنى تەستىقلاپ، ئىتتىپاقنىڭ پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا تۇتۇش قىلدى. 10 كۈنلۈك بەس - مۇنازىرىدىن كېيىن، قۇرۇلتاي ماركس، ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان پىرىنسىپنى ماقۇللاپ، ماركس، ئېنگېلسقا كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ پىروگراممىسى — «كومپارتىيە خىتابنامىسى»نى يېزىپ چىقىپ، 1848 - يىلى 2 - ئايدا لوندوندا ئېلان قىلىشنى ھاۋالە قىلدى.

«كومپارتىيە خىتابنامىسى» ماركسىزم ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنىڭ جەۋھىرى، «خىتابنامە» كىرىش سۆز ۋە تۆت بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك:

(1) كاپىتالىزمنىڭ يوقىلىشى ۋە كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى.

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى، كاپىتالىزم مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، ئۇ ئوخشاشلا مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە مۇقەررەر ھالدا زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن مەھسۇلاتنى خۇسۇسىيلار ئىگىلىۋېلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر. بۇ زىددىيەت كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيەگە قارشى سىنىپىي كۈرىشىدە روشەن ئىپادىلەندى ۋە كەسكىنلەشتى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشالمىدى، بۇ بويۇنتۇرۇقنى چوقۇم پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تىكلەش كېرەك. شۇڭا، سوتسىيالىستىك

تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىغا دەسسىشى بۇرژۇئازىيەنىڭ يوقىلىشى ۋە پرولېتارىياتنىڭ غەلىبە قىلىشىدۇر.

(2) پرولېتارىيات كاپىتالىزمنىڭ گۆركارى ۋە كوممۇنىزمنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر.

پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە تەڭ پەيدا بولغان، بۇ ئىككى سىنىپنىڭ مەنپەئەتى قارىمۇقارشى بولغانلىقتىن، كېلىشتۈرگىلى بولمايدۇ. پرولېتارىيات پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپلا بۇرژۇئازىيەگە قارشى كۈرەش قىلدى، كۈرەش تەرەققىي قىلىپ ۋە كەسكىنلىشىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، ئاشكارا ئىنقىلابقا ئايلىنىدۇ ھەمدە زورلۇق كۈچكە تايىنىپ بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەيدۇ. شۇڭا پرولېتارىيات كاپىتالىزمنىڭ گۆركارى، ئۇ كاپىتالىستىك كونا جەمئىيەتنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم يېڭى جەمئىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، بۇنى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ئورنى بەلگىلىگەن. پرولېتارىيات تارىختىكى ھەرقانداق سىنىپقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ماشىنىلاشقان چوڭ سانائەتنىڭ مەھسۇلاتى، ئۇنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن ئالاقىسى قويۇق، ئەڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئىستىقباللىق سىنىپ، ماشىنىلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش پرولېتارىياتنى كەسپلەشكەن چوڭ قوشۇنغا، چىنىقىشنى باشتىن كەچۈرگەن، تەشكىللەنگەنلىكى، ئىنتىزامچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بىر سىنىپ قىلىپ يېتىلدۈردى. پرولېتارىيات ھېچنېمىسى يوق ھەم ئېزىلىشكە، ئېكسپلاتاتسىيەگە ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى سىنىپ، ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇلارنىڭ يوقىتىدىغىنى ــ زەنجىر ـ كىشەن، ئىگە بولىدىغىنى بولسا پۈتۈن دۇنيا، پرولېتارىيات پەقەت پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد

قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ئازاد قىلالايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پىرولېتارىيات ئەڭ شەخسىيەتسىز، ئەڭ يىراقنى كۆرىدىغان، ئەڭ ئىنقىلابىي جەڭگىۋارلىققا، مۇستەھكەم ئىرادىگە ۋە قەتئىيلىككە ئىگە سىنىپ، شۇنداقلا ئېزىلگۈچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىنقىلاب قىلالايدىغان بىردىنبىر سىنىپ.

(3) پىرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى پىرولېتارىياتنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىشتىكى بىردىنبىر يولى.

دۆلەت ماشىنىسى بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئېزىشىدىكى تەشكىللىك زورلۇق كۈچ قورالى، بۇرژۇئازىيە قولىدىكى كۈچلۈك دۆلەت ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ، پىرولېتارىياتنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ كەلدى. شۇڭا پىرولېتارىيات كاپىتالىزمنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرماقچى بولسا، بىردىنبىر چىقىش يولى زورلۇق كۈچكە تايىنىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشى كېرەك. پىرولېتارىيات ئۆزىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ بارلىق كاپىتالىنى تەدرىجىي تارتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى پىرولېتارىيات دۆلىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى تېزدىن ئاشۇرۇشى لازىم. ئەڭ ئاخىرىدا، بارلىق سىنىپ ۋە سىنىپىي پەرق، بارلىق سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى يوقىتىپ، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم، يەنى پىرولېتارىيات بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، چوقۇم پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ. بۇ ماركس، ئېنگېلسنىڭ پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى

www.uyghurkitap.com

ئىدىيەسىنى تۈنجى قېتىم ئېنىق بايان قىلىشىدۇر.

(4) كوممۇنىستىك سىياسىي پارتىيە پىرولېتارىياتنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىشتىكى رەھبىرىي كۈچ.

پىرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈرىشى جەريانىدا پىرولېتارىيات ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى تەشكىللەش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. پىرولېتارىيات ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي، مۇستەقىل سىياسىي پارتىيەسىنى تەشكىللىگەندىلا، ئاندىن ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزۈل - كېسىل قولغا كەلتۈرۈپ، كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئورۇنلىيالايدۇ. بۇ پارتىيە ئىلغار پىرولېتارلاردىن تەركىب تېپىشى ھەمدە ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيەسى بىلەن قوراللانغان بولۇشى كېرەك. بۇ پارتىيەنىڭ دەسلەپكى نىشانى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پىرولېتارىيات ھاكىمىيىتى قۇرۇش، ئاخىرقى نىشانى بولسا ئېكسپىلاتاتسىيە، سىنىپنى يوقىتىپ، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كومپارتىيەنىڭ تاكتىكىسى ھازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈمگە قارشى بارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قوللاپ، پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك پارتىيەلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش. «كوممۇنىستلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دەسلەپكى نىشانى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى ھەرىكەت جەريانىدا ھەرىكەتنىڭ كېلەچىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ»①. ماركس، ئېنگېلس بىرلەشكىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، دەسلەپكى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تۈپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن ئەپچىل باغلاپ، بىرلىكسەپ پىرىنسىپىنى تۇرغۇزدى.

بۇنىڭدىن باشقا، «خىتابنامە» بىر باب سەھىپە ئاجرىتىپ،

① ماركس، ئېنگېلس: «كومپارتىيە خىتابنامىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 306 ـ بەت.

شۇ چاغدا كەڭ تارقالغان خىلمۇخىل «سوتسىيالىزم» ئېقىملىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە دىنىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەكسىيەتچىلىك ۋە ئالدامچىلىق خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ماركسىزمنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

«كومپارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ دۇنياغا كېلىشى دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. «خىتابنامە»نىڭ ئېلان قىلىنىشى، پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنى دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورال بىلەن تەمىنلەپ، ھەرقايسى دۆلەت كوممۇنىستلىرىنى ئورتاق كۈرەش قىلىش پروگراممىسىغا ئىگە قىلدى. «خىتابنامە» دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنكى تارىخ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ «خىتابنامە»دە شەرھلەنگەن ھەقىقەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەش تارىخى، ماركسىزمچىلارنىڭ ئاشكارا ھالدا دۈشمەنلەر ياكى ماركسىزم ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ماركسىزمغا قارشى تۇرىدىغان دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەش تارىخىدۇر. «خىتابنامە»نىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى مەڭگۈلۈك بولۇپ، «ئۇنىڭ روھى تا ھازىرغىچە مەدەنىيەتلىك دۇنيادىكى بارلىق تەشكىللىك كۈرەش قىلىۋاتقان پرولېتارىياتنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە»[①].

① لېنىن: «فرىدرىخ ئېنگېلس»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ نەشرى، 1 ـ توم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## ئونىنچى باب

# 1848 - يىلىدىكى ياۋروپا ئىنقىلابى

1848 - يىلى، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئىنقىلاب دولقۇنى ئاستىدا قالدى، پالېرمو، پارىژ، بېرلىن، ۋېنا، پراگا، بۇداپېشت قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنقىلاب پارتلىدى.

1848 - يىلىدىكى ياۋروپا ئىنقىلابى — سانائەت ئىنقىلابى ياۋروپا قىتئەسىدە غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەردى. پرولېتارىيات سىنىپ بولۇپ شەكىللىنىپ، سىياسىي سەھنىگە چىقتى. شۇڭا ئىنقىلاب مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى، بىر تەرەپتىن بۇرژۇئازىيە ۋە ئەمگەكچى خەلق فېئودال كۈچلەر بىلەن ئېلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرژۇئازىيە پرولېتارىيات بىلەن ھايات - ماماتلىق كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاجىز، مۇرەسسەچى، جۈرئەتسىزلىكىنى بەلگىلىدى. ئۇلار 17 — 18 - ئەسىرلەردىكى ئەنگلىيە - فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئىنقىلابىي روھىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

## 1 - بۆلۈم 1848 - يىلىدىكى فرانسىيە ئىنقىلابى

### 1. پارىژ فېۋرال ئىنقىلابى

ئىيۇل خاندانلىقى پۈتۈنلەي بۇرژۇئازىيەنىڭ ھاكىمىيىتى ھېسابلانمايتتى، پەقەت يۇقىرى قاتلامدىكى بۇرژۇئازلارنىڭ

ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھاكىمىيەتنى ئاز ساندىكى پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بانكىرلار، بىرژا غوجايىنلىرى، تۆمۈريول غوجايىنلىرى، كان غوجايىنلىرى، ئورمان ئىگىلىرى ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغان چوڭ پومېشچىكلار بار ئىدى. پادىشاھ لۇئى فىلىپ بولسا مۇشۇ گۇرۇھنىڭ ۋەكىلى ئىدى خالاس. ئىيۇل خاندانلىقى دەۋرىدە، سايلام ھوقۇقى بارلارمۇ مۇشۇ قاتلامدىكى كىشىلەر ئىدى. ئاساسىي قانۇندا بىۋاسىتە 200 فىرانك باج تاپشۇرغانلارغا سايلام ھوقۇقى بېرىلەتتى. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە كەڭ ئىشچىلار ئاممىسى، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلارلا ئەمەس، بەلكى يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت كارخانىچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا بۇرژۇئازلارنىڭمۇ سايلام ھوقۇقى يوق ئىدى. يۇقىرى قاتلامدىكى بۇرژۇئازلارنىڭ سايلام ھوقۇقى بىلەن ھاكىمىيەتنى مونوپول قىلىۋېلىشى ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاۋاتقان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرى فىرانسىيە ھاكىمىيىتىنى مونوپول قىلىۋېلىپلا قالماي، يەنە تېخى قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئىقتىسادىنى كونترول قىلىپ، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى شۇلۇۋالدى ۋە ئوغرىلىدى، قانۇنسىز ۋاسىتىلەر بىلەن بازارنى قالايمىقان قىلىپ، فىرانسىيە كاپىتالىستىك سودا - سانائەت ساھەسىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا توسالغۇ پەيدا قىلدى. بۇ ئوتتۇرا، كىچىك بۇرژۇئازلارنىڭ ئىيۇل خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب ئىدى، ئىيۇل خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، فىرانسىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. دېھقانلار ھۆكۈمەتنىڭ ئېغىر باج - سېلىقى ۋە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزنىڭ قوش زۇلمى ئاستىدا يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈردى، ئىشچىلار تويماس كاپىتالىستلارنىڭ

شۇلۇۋېلىشى نەتىجىسىدە بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ هازىرقى هالەتكە نارازى بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىيۇل خاندانلىقى هۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقى 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولدى. ئىنقىلابنىڭ بىۋاسىتە ئوبيېكتىپ ۋەزىپىسى، ئىيۇل خاندانلىقىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمهۇرىيەت قۇرۇش، پرولېتارىيات دېموكراتىيەسىنى ئورنىتىپ، فرانسىيەنىڭ سىياسىي ئۇستقۇرۇلمىسىنى كاپىتالىزمنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەرەققىي قىلىشىغا لايىقلاشتۇرۇش بولدى.

ئىيۇل خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۇششاق بۇرژۇئاز سوتسىيالىزمچىسى لۇئى بلانك ئىشچىلار ئارىسىدا ناهايىتى زور تەسىر قوزغىدى. لۇئى بلانك 1840 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئەمگەكنى تەشكىللەش» ناملىق ئەسىرىدە: ئىشچىلارنىڭ نامراتلىقى، چۈشكۈنلىشىشى، جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ۋە نادانلىقىنى كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئەركىن رىقابەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ هۆكۈمەتسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەمگەك تەشكىللەنسە بۇ هادىسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا ئۇ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مەبلەغ ئاجرىتىپ «ئىجتىمائىيلاشقان زاۋۇت» قۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىللەشكە ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا دۆلەت مەسئۇل بولۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بۇنداق «ئىجتىمائىيلاشقان زاۋۇت» ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلسا، خۇسۇسىي كاپىتالىستىك كارخانىلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئىشچىلارنىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئازادلىق ئۈمىدىنى بۇرژۇئازىيە دۆلىتىگە باغلاپ، سىنىپلار هەمكارلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنى سىنىپتىن هالقىغان

نەرسە قاتارىدا كۆردى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسى نۇرغۇن ئىشچىلارنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئېيۇل خانىدانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئىشچىلارنىڭ ئازاد بولىدىغانلىقىغا سەبىيلەرچە ئىشەندى.

ئېيۇل خانىدانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى ۋە تەشەببۇسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئۈچ چوڭ گۇرۇھنى شەكىللەندۈردى: بىرىنچى، خانىدانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھى، بۇ گۇرۇھقا بارلوۋ باشچىلىق قىلدى. بۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن بۆلۈنۈپ چىققان گۇرۇھ بولۇپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار ۋە بىر قىسىم چوڭ بۇرژۇئازلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرمىدى، پەقەت سايلام ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى تازىلاپ، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تۈگىتىپ، پاك - دىيانەتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش قاتارلىق بىر قانچە خىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى، بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھى. بۇ گۇرۇھ لامارتىن باشچىلىقىدىكى «مىللىي گېزىت»چىلەرنى يادرو قىلغان، يازغۇچى، ئادۋوكات، ئوفىتسېر ۋە ئەمەلدارلاردىن تەركىب تاپقان كوممۇنىزم ئىدىيەسىگە ئىگە مۇلۇكدارلار بولۇپ، ئۇلار پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭا ئۇلار سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۈچىنچى، ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتچىلار گۇرۇھى. بۇ گۇرۇھ «ئىسلاھات گېزىتى»چىلىرىنى يادرو قىلغان، كىچىك ئۇستىخانا خوجايىنلىرى، ماگىزىن خوجايىنلىرى، ئۇششاق ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئۇششاق زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان گۇرۇھ ئىدى. ئۇلار ئېيۇل خانىدانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،

جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھى ئېيۇل خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشتە خاندانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھىغا قارىغاندا تېخىمۇ قەتئىي بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە ئىدى. چۈنكى ئۇلار پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا، ئىنقىلابنى قوللاپ، ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆتۈرمەكچى بولدى، ئەمما ئىنقىلاب تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقاندا، بولۇپمۇ پرولېتارىيات ئىنقىلاب جەريانىدا ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا بولسا، ئىنقىلابتىن قورقتى؛ ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى، ھەتتا ئىنقىلابقا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇردى.

1840 ـ يىلى كىزو ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئۇ نامدا تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىچكى كابىنېتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. 1847 ـ يىلى رەسمىي باش ۋەزىر بولدى. ئۇ پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇپ، ئىشچىلار ۋە ئەمگەكچى خەلققە دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى، بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىغىمۇ جاھىللىق بىلەن قارشى تۇراتتى. كىشىلەر سايلىغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سالاھىيىتىنى تۆۋەنلىتىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ نومۇس قىلماي: «ئەپەندىلەر، سىلەر بېيىڭلار! باي بولساڭلار ئاندىن سايلىغۇچىلارغا ئايلىنىسىلەر» دېدى.

1845 ـ ۋە 1846 ـ يىلى تاتلىق ياڭيۇ زىيانداش ھاشارىتى ئاپىتى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەردى، 1847 ـ يىلى ئەنگلىيەدە باشلانغان ئىقتىسادىي كىرىزىس تېزلىكتە



www.uyghurkitap.com

فىرانسىيەگە كېڭىيىپ نۇرغۇن زاۋۇتلار تاقالدى، زور تۈركۈمدىكى ئىشچىلار ئىشسىز قالدى، بەزى رايونلاردىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى شۇ رايوندىكى ئومۇمىي ئىشچىلار سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ 50% – 60% تۆۋەنلىدى. پومېشچىكلار بىلەن كاپىتالىستلار ئاشلىق ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۈچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ پومېشچىكلارنىڭ قورۇقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئاشلىق ئامبارلىرىنى بۇلىدى. ئاچارچىلىقتا قالغان كىشىلەر مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك مالىمانچىلىق تۇغدۇردى. ئىشچىلار ئاممىسىمۇ ئۈزۈكسىز ئىش تاشلاش دولقۇنى قوزغاپ، زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىشىگە ۋە ئىيۇل خاندانلىقىنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى.

ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ كۈرەش كەيپىياتى كۈنسېرى جانلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، خاندانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «زىياپەت ھەرىكىتى»نى قوزغىدى، يەنى زىياپەت بېرىش نامى بىلەن ئاممىۋى خاراكتېرلىك سىياسىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. 1847 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، پارىژدا مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان سايلام ئىسلاھاتىنى ھىمايە قىلىش تۇنجى زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ زىياپەتتىن كېيىن، فىرانسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سايلام ئىسلاھاتىنى ھىمايە قىلىش زىياپەتلىرى بەس ـ بەستە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ھەرىكەت خەلق ئاممىسىنىڭ كەڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىپ، ئاممىنى قوزغاش رولىنى ئوينىدى.

پادىشاھ لۇئى فىلىپ سايلام ئىسلاھاتى زىياپىتى ھەرىكىتى ئۆزىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى دەپ قاراپ، خاندانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھى 1848 ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پارىژدا

ئۆتكۈزمەكچى بولغان زىياپەت پائالىيىتىنى پەرمان چۈشۈرۈپ چەكلىدى. خانىدانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھى بۇ قېتىملىق زىياپەتنى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈشكە ئۆزگەرتىشنى ھەمدە شۇ كۈنى تىنچ نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشنى قارار قىلدى. ئەمما ھۆكۈمەت پەرمان چۈشۈرۈپ، بارلىق سىياسىي يىغىلىش ۋە نامايىش قىلىشنى چەكلىدى ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا قورال كۈچى ئىشلىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خانىدانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھى بۇ ئىشتىن باش تارتتى.

ئەمما، پارىژ پرولېتارلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى باش تارتمىدى، ئۇلار 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى چۈشتە نامايىشچى ئامما «كېزونى يوقىتايلى !»، «ياشىسۇن ئىسلاھات !» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، كېزونىڭ ئۆيى ئالدىغا توپلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ تاشلىدى.

كەچقۇرۇن نامايىشچىلار ھەرقايسى كوچىلارغا تارقىلىپ، كوچا يوللىرىنى بۇزۇپ، ئاممىۋى پەيتونلارنى ئۆرۈپ كوچا ئىستىھكامى ياسىدى. باستىلىيە مەيدانىدا ساقچىلارنىڭ بىر پايلاقچىسىنى ئامما ئۆلتۈرۈۋەتتى. قورال ـ ياراغ ماگىزىنلىرىمۇ چېقىپ تاشلاندى. 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئىنقىلابچى ئامما ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن كوچا ئۇرۇشى قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. زور تۈركۈمدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئاممىنى باستۇرۇش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئىنقىلابنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قوللىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، لۇئى فىلىپ نائىلاج كېزونى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ، ئەركىنلىك ئىدىيەسى بىلەن ئابرۇي قازانغان گىراف مولىنى يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە بۇيرۇپ، ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. كېزونىڭ تەختتىن چۈشكەنلىك خەۋىرى

تارقالغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە مەقسەتكە يەتتۇق دەپ قاراپ، ئىيۇل خانىدانلىقى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، ھاكىمىيەتنى ئورتاق باشقۇرۇشقا تەييارلاندى. ئەمما، پارىژ پرولېتارىياتى ئىيۇل خانىدانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئىرادىسىگە كەلدى ۋە ئىستىھكاملارنى چىڭ ساقلاپ، داۋاملىق جەڭ قىلدى. 23 - كۈنى كېچىدە تۈمەنلىگەن ئىشچىلار ۋە ئىنقىلابچى ئامما مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ «جۇمھۇرىيەت قۇرايلى !» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، تاڭ ئاتقۇچە نامايىش قىلدى. قوراللىق ئىشچىلار شۇ كۈچى كېچىسى 1500 دىن ئارتۇق كوچا ئىستىھكامى ياسىدى.

قوزغىلاڭ تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى، 24 - كۈنى سەھەرگىچە پارىژدىكى پرولېتارىيات ۋە ئامما پارىژدىكى بارلىق ھەربىي گازارما ۋە قورال - ياراغ ئىسكىلاتلىرىنى ئىگىلىدى ھەمدە «لۇئى فىلىپنى يوقىتايلى !»، «ياشىسۇن جۇمھۇرىيەت !» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، پادىشاھ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلدى. داغدۇغىلىق ئىنقىلاب ۋەزىيىتى گىراف مولنى كابىنېت تەشكىللەشتىن يالتىيىشقا مەجبۇر قىلدى. لۇئى فىلىپ ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتتى. قوزغىلاڭچى ئامما پادىشاھ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، بۇرژۇئازلار ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە قانۇن چىقىرىش يىغىنى ئېچىپ، لۇئى فىلىپنىڭ چوڭ نەۋرىسى گىراف پارىژنى پادىشاھلىق تەختىگە چىقارماقچى بولۇۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار قانۇن چىقىرىش يىغىنىنى تارقىتىۋېتىپ، بۇرژۇئازلارنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، فېۋرال ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى.

پارىژ پرولېتارىياتى ۋە ئىنقىلابچى ئامما كوچا ئۇرۇشى قىلىۋاتقاندا، بۇرژۇئازىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاب

مېۋىسىنى تارتىۋالدى. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كەچتە، شەھەر مەمۇرىيىتى زالىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 11 كىشىدىن تەشكىللەندى، بۇ 11 كىشىنىڭ ئىككى نەپىرى خانىدانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھتىن، بەش نەپىرى بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھىدىن، ئىككى نەپىرى ئۇششاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلىرى گۇرۇھىدىن، ئىككى نەپىرى ئىشچىلار ۋەكىلى، يەنى لۇئى بلاڭ ۋە ئالبېرتتىن تەركىب تاپتى. قارىماققا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىنقىلابقا قاتناشقان ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، مۇھىم ئورۇنلارنى، يەنى رەئىسلىكنى دىيوپون. دې. رېل، تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنى لامارتىن، ئەدلىيە مىنىستىرىنى كىرىمئەي، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرىنى ئاراگ، مالىيە مىنىستىرىنى گارنىئەي باررېس ئىگىلىۋالدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئىشچىلار ۋەكىللىرى بۇرژۇئازىيەنىڭ قوغىرۇقى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، پارىژ فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى بۇرژۇئازىيەنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

بۇرژۇئازىيەنىڭ ھاكىمىيەتنى شۇنچە ئاسان قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئاساسلىق سەۋەب بار: بىرىنچى، ئىنقىلابتىن ئىلگىرى بۇرژۇئازىيە سىياسىيونلىرى ئىيۇل خانىدانلىقىغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇپ، ھەرخىل تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئامما ئىچىدە خېلىلا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇۋالدى. ئىككىنچى، ئىنقىلابتىن ئىلگىرى ئىسلاھاتچى لۇئى بلاڭنىڭ ئىدىيەسى ئىشچىلارنى بىخۇدلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ، ئىشچىلارنى بۇرژۇئازىيە تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇپ قويدى.

ئىشچىلار سىنىپى گەرچە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالالمىغان

بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تېخى قورال تاشلىمىغاچقا، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كونترول قىلغۇدەك كۈچى بار ئىدى. شۇڭا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىر قاتار مەسىلىلەردە ئىشچىلار سىنىپىغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بىرىنچى، پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ فىرانسىيە 2 ـ جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالدى. شۇ چاغدىكى ئىشچىلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ جۇمھۇرىيەت «سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت» بولۇشى كېرەك ئىدى، «سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت»تە خەلق ئاممىسى سىياسىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماي، يەنە كاپىتالىستلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلىمىز دەپ خام خىيال قىلغانىدى. ئەمما، بۇرژۇئازىيە جۇمھۇرىيەتنى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قورالى قىلىشقا تىرىشتى.

ئىككىنچى، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، پارىژ ئىشچىلىرى نامايىش جەريانىدا «ئەمگەك مىنىستىرلىقى» تەسىس قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گەرچە «ئەمگەك مىنىستىرلىقى» قۇرۇشقا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما «ئىشچىلار مەسىلىسى كومىتېتى» قۇرۇپ، مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كومىتېت پارىژ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى جايلاشقان ئورۇندا ئەمەس، بەلكى شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ليوكسېمبۇرگ سارىيىدا تەسىس قىلىنىغاچقا، ليوكسېمبۇرگ كومىتېتى دەپمۇ ئاتالدى. بۇ كومىتېتقا لۇئى بلانك بىلەن ئالبېرت رىياسەتچىلىك قىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ كومىتېتنىڭ يا راسخوتى، يا ئەمەلىي ھوقۇقى، يا كونكرېت مەجبۇرىيىتى يوق بولۇپ، ئىسمى بار جىسمى يوق ئورگان ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ لۇئى بلانك بىلەن ئالبېرتنى كومىتېتقا رىياسەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىشىدە، بۇ

ئىككى نەپەر ئىشچىلار ۋەكىلىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن سىقىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇئى بلانك بۇ كومىتېتقا رىياسەتچىلىك قىلىش جەريانىدا، زىيانلىق رول ئوينىدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش، ئاممىۋى ئاشخانىلارنى ئېچىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىسلاھات لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشچىلارغا بۇ لايىھەلەرنى سىنىپىي ھەمكارلىق ئاساسىدا، تىنچ يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ بۇ لايىھەلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى كۈتسەڭلار بولىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلدى. لۇئى بلانكنىڭ بۇ قىلمىشى ئىشچىلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ئۆزى بولسا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خائىنىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈچىنچى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىشچىلارنىڭ «ئىجتىمائىيلاشقان زاۋۇت» قۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۆلەتلىك زاۋۇت قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئىشچىلار ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىش مەقسىتىگە يەتتۇق، دەپ نادانلارچە ئىشىنىپ قالدى. ئەمما ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ چارە ئارقىلىق، ئىشچىلارنىڭ ئىدىيەۋى قورالىنى تارتىۋېلىش چوتىنى سوقتى. شۇ چاغدا، لۇئى بلانكنىڭ ئەمگەكنى تەشكىللەش ئىدىيەسى ئىشچىلار ئارىسىدا ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى. بۇ خىل ئىدىيە ئەلۋەتتە زىيانلىق ئىدى، ئەمما بۇرژۇئازىيەنىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق شەكىلدىكى سوتسىيالىزمنىڭ ھەممىسى خەتەرلىك ئىدى. ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن دۆلەتلىك زاۋۇت قۇرۇش چارىسى ئارقىلىق، بۇ «ئىجتىمائىيلاشقان زاۋۇت»نى لۇئى بلانك تەشەببۇس قىلغان دەپ ئۇنىڭغا ئارتتى، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتلىك زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى قەستەن ناچارلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى تەسىرىنى ئازايتماقچى بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىتى

ئەمەلگە ئاشمىدى، ئىشچىلار بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا سوتسىيالىزمغا تەلپۈندى.

تۆتىنچى، ئىشچىلارنىڭ بېسىمى بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ۋاقتىنى 10 سائەتكە قىسقارتتى، يەنە ئىشچىلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇش، مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا پارىژدا نۇرغۇن سىياسىي كۇلۇبلار قۇرۇلۇپ، ئىشچىلار بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار گۇرۇھىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قەرزدارلارنى قاماققا ئېلىش قانۇنى (بۇ قانۇن بويىچە، قەرەلى توشقاندا قەرزنى قايتۇرالمىغانلار جەزمەن تۈرمىدە ياتاتتى) بىكار قىلىندى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يول قويۇش چارىلىرىدە ساختىلىق كۆپ بولۇپ، ئىشچىلارنى بىخۇدلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئىشچىلارنىڭ بىخۇدلاشقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيە ئىشچىلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئۆز كۈچىنى زورايتتى. بىرىنچىدىن، 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، «ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى»قۇرۇش نامى بىلەن لۈكچەك ـ ئالىقاناتلارنى توپلاپ قوراللاندۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. ئىككىنچىدىن، 3 ـ ئاينىڭ 16ـ كۈنى ئەسلىدىكى يەر بېجىنى 45% كە ئۆستۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يىغىلغان باج سوممىسى بىلەن دۆلەتلىك زاۋۇتتىكى ھۇرۇن ئىشچىلارنى باقىمىز دەپ ئىغۋا تارقىتىش ئارقىلىق، قالاق دېھقانلارنىڭ ئىشچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۈچىنچىدىن، ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستلار، ئۇلار خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ، دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلارنى قورقۇتتى. بۇ ئارقىلىق خېلىلا كۆپ ساندىكى دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا قارىتا ھەزەر ئەيلەش ۋە قورقۇش

ھېسسىياتىنى قوزغىدى. تۆتىنچىدىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىشچىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشنى باھانە قىلىپ، باشقا جايدىن 100 مىڭ كىشىلىك مىللىي قوغدىنىش ئارمىيىسى يۆتكەپ، پارىژغا ئورۇنلاشتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى ئىشچىلارنىڭ يېتىم ۋە مۇداپىئەسىز قېلىشى، بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىپ كېتىشى بىلەن نەتىجىلەندى. 5 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىيۇن قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 2. ئىيۇن قوزغىلىڭى

1848 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، سايلام ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار بۇرژۇئازىيەنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغاچقا، سايلامدا بۇرژۇئازىيە سىياسىيونلىرىغا ئاۋاز بەردى. نەتىجىدە، بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن غەلىبە قىلدى. 880 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە، بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھى 550 ئورۇنغا، خانىدانلىق ئۆكتىچى گۇرۇھى 212 ئورۇنغا، ئۇششاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار گۇرۇھى 100 ئورۇنغا، ئىشچىلار ۋەكىللىرى ئاران 18 ئورۇنغا ئېرىشتى. بلانك قاتارلىق ئىشچىلار يولباشچىلىرى سايلامدىن چۈشۈپ قالدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىلىپ، 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلىپ،

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىنى باستى. ئىجرائىيە كومىتېتى ئاراگ باررېس، مارى راماتتىن، لاتوۋرىت، لوران قاتارلىق بەش كىشىدىن تەشكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار گۇرۇھى ۋەكىلى ئىدى، پەقەت لورانلا ئۇششاق بۇرژۇئاز دېموكراتلار گۇرۇھى ۋەكىلى بولۇپ، ئىشچىلار ۋەكىللىرى پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلغانىدى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىلىپ، ئىجرائىيە كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى، ئىشچىلار سىنىپى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، دەپ قاراپ ئىشچىلار سىنىپىغا قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى: پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈشنى مەنئى قىلدى، ليۇكسېمبۇرگ كومىتېتىنى تارقىتىۋەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۆلەتلىك زاۋۇتلارنى تاقىدى. بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتلىك زاۋۇتلارنى تاقىشىغا بىرىنچىدىن، دۆلەتلىك زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار بىلەن ئىشچىلار ئىنقىلابى تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىسى بولغانلىقى، بۇ بۇرژۇئازىيەنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، كارخانا غوجايىنلىرىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى سەۋەب بولدى. 1848ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئىقتىسادىي كرىزىس سەل پەسىيىپ، كارخانا غوجايىنلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتمەكچى بولدى. ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار دۆلەتلىك زاۋۇتلارنى تاقاشنى تەلەپ قىلدى، ئۈچىنچىدىن، بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتى دۆلەتلىك زاۋۇتلارنى تاقاش ئارقىلىق، ئىشچىلار توپىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىشچىلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى يوقاتماقچى بولدى. دېمەك، بۇرژۇئازىيە قەستەن قانلىق ۋەقە پەيدا قىلىشنى كۆزلىگەنىدى، بۇرژۇئازىيەنىڭ غالجىرلارچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشى، بولۇپمۇ دۆلەتلىك زاۋۇتلارنى تاقىشى ئىيۇن

www.uyghurkitap.com

قوزغىلىڭنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.

ئىيۇن قوزغىلىڭى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پارتلاپ، تۆت كۈن داۋاملاشتى. ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، بۇ بىر ئاممىۋى خاراكتېرلىك قوزغىلاڭ بولۇپ، دۆلەتلىك زاۋۇت ئىشچىلىرىدىن باشقا، ئادەتتىكى ئىشچىلارمۇ كۆرەشكە قاتناشتى. ئىككىنچى، بۇ قوزغىلاڭ پىرولېتارىيات سوتسىيالىزمى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوزغىلاڭ جەريانىدا «ئادەم ئادەمنى ئېزىدىغان تۈزۈمنى يوقىتايلى! ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى ئەمگەكنى تەشكىللەش ئۇسۇلى ياشىسۇن!» دېگەن شوئارلارنى تۇۋلىدى. ئۈچىنچى، قوزغىلاڭچىلار ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىش، بارلىق كارخانىلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى مەزمۇن قىلغان پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆتىنچى، قوزغىلاڭ خېلىلا كۈچلۈك تەشكىللىچانلىققا ئىگە بولۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىنقىلابىي باش ئىشتابى قۇرۇلۇپ، ئۇرۇش پىلانىنى كېرسوس بېكىتتى. بەشىنچى، قوزغىلاڭچىلار قورقماس ئىنقىلابىي جاسارىتىنى ئىپادىلىدى.

قوزغىلاڭ ئالدىدا، بۇرژۇئازىيە ئالاقزەدىلىككە چۈشۈپ، بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇردى. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنى تارقىتىۋېتىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھىغا تەۋە گېنېرال كاۋىنياكقا بارلىق ھوقۇقنى بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ھەربىي ھەرىكىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىمۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتناشتى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق چوڭ ئىدى، قورال ـ ياراغ، ھەربىي جابدۇقلىرى ناھايىتى ناچار 50 ـ 60 مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭچى، قورال ـ ياراغلىرى سەرخىل، زەمبىرەك

بىلەن قوراللانغان 300 مىڭ كىشىلىك ھۆكۈمەت ئارمىيەسىگە قارشى جەڭ قىلدى. شۇڭا 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىستىھكامى قولدىن كەتتى. داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئىيۇن قوزغىلىڭى مۇشۇنداق مەغلۇپ بولدى.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت مەغلۇپ بولغان قوزغىلاڭچىلاردىن قانلىق قىساس ئالدى. ئۇرۇشتا 5000 قوزغىلاڭچى باتۇرلارچە قۇربان بولدى، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە 11 مىڭ قوزغىلاڭچى قىرغىن قىلىندى. ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ئىشچى كىيىمى كىيگەن ئادەمنى كۆرسىلا ئۆلتۈردى. ئەرلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا ئاياللار ۋە بالىلارنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى 25 مىڭغا يەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ يېرىمى دەلىل ـ ئىسپات تولۇق بولمىغانلىقتىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، قالغان يېرىمى باشقا جايلارغا پالىنىپ جاپالىق ئەمگەككە سېلىندى.

ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئاساسەن پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلاڭدا يېتىم قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولدى. بىرىنچىدىن، ئۇششاق بۇرژۇئازلار بۇرژۇئازىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئىشچىلارغا قارشى چىقتى. ئىيۇن قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، پارىژ ئۇششاق بۇرژۇئازلىرى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ھەربىي ھەرىكىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشتى. ئىككىنچىدىن، دېھقانلارمۇ بۇرژۇئازىيە تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، بۇرژۇئازىيەنىڭ قۇترىتىشى بىلەن دېھقانلاردا ئىشچىلار سىنىپىغا نىسبەتەن ئاداۋەت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشچىلار سىنىپى دېھقانلارغا قارىتا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز يېنىغا تارتمىدى. نەتىجىدە ئىيۇن قوزغىلىڭىدا دېھقانلار بۇرژۇئازىيەنىڭ زاپاس كۈچى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا، نۇرغۇن يېزىلاردىكى باي دېھقانلار ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى بۇرژۇئازلارنىڭ پىدائىي

قوشۇنغا قاتنىشىپ، پارىژغا بېرىپ ھۆكۈمەتكە ياردەملەشتى. ئەلۋەتتە، بەزى رايونلاردىكى نامرات دېھقانلار ئىيۇن قوزغىلىڭىغا ئانچە ـ مۇنچە ھېسداشلىق قىلدى. رويال ئۆلكىسى كاگول ناھىيەسىدىكى بىر دېھقان مۇنداق دېگەن: «قوزغىلاڭچىلار سەممىي كىشىلەر»، «ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلەر ھۆكۈمەتنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ كەتتى»، «بۇ ھۆكۈمەت غۇلاپ چۈشكۈدەك». دېھقانلارنىڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ زاپاس كۈچى بولۇپ قېلىشىدا تۆۋەندىكىدەك چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەب بار: بىرىنچى، فىرانسىيە دېھقانلىرى بۇرژۇئازىيەنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ فېئوداللىق زۇلۇمدىن قۇتۇلغان بولغاچقا، بۇرژۇئازىيەنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلدى. ئىككىنچى، فىرانسىيە دېھقانلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا يېزا بۇرژۇئازىيەسى بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىپ، دېھقانلار بىلەن شەھەر كاپىتالىستلىرى ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىشىغا ياردەملەشتى. فىرانسىيەدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق نوپۇسنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش — پىرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى ئىدى. ئەمما، دېھقانلارنىڭ بۇرژۇئازىيە تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشى پىرولېتارىياتنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر.

ئەلۋەتتە، قوزغىلاڭنىڭ ئۆزىدىمۇ بەزى يېتەرسىزلىكلەر بار ئىدى، يەنى بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە قوماندانلىق ئىشتابى شەكىللەنمىگەنىدى. ھەرقايسى رايونلار ئارىسىدىكى ئالاقىمۇ قويۇق ئەمەس ئىدى، شۇڭا كېرسوس بېكىتكەن ھەربىي ھەرىكەت پىلانىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشمىدى.

ئىيۇن ئىنقىلابى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى شۇكى، بۇ قوزغىلاڭ «ھازىرقى جەمئىيەتتىكى

بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى سىنىپنىڭ تۈنجى قېتىملىق ئېلىشىشى بولۇپ، بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش ياكى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتۇر»①. ئىيۇن قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇبىيىتى 1848 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابى تەرەققىياتىدىكى زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى پىرولېتارىيات ئىزچىل تۈردە ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى غوجايىن بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ قوزغىلاڭ جەريانىدا ئىشچىلارنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى سىياسىتىنى خالىغانچە يۈرگۈزەلەيدىغان بولدى، بۇ خىل ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى پەللىگە چىقتى، يەنى 1851 ـ يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ بوناپارتنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى.

## 3. لۇئى بوناپارت سىياسىي ئۆزگىرىشى

ئىيۇن قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتى كافېنياكنى دۆلەتنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقى قىلىپ سايلىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلەر گورۇھى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنى كونترول قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى مەمۇرىي ھوقۇقنىمۇ ئىگىلەپ جۇمھۇرىيەتچىلەر گورۇھىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى.

بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلەر گورۇھى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، خەلق ئاممىسىنىڭ فېۋرال ئىنقىلابىدا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بىكار قىلىشقا باشلىدى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتى 7 ـ

① ماركس: «1848 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە فىرانسىيەدە بولغان سىنىپىي كۈرەش»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 7 ـ توم، 34 ـ بەت.

ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پەرمان چۈشۈرۈپ، ھۆكۈمەت ۋە ساقچىلارنىڭ كۆلۈبلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قاتتىق نازارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ ماھىيەتتە خەلقنىڭ ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىگە چەك قويغانلىق ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە يەنە مەتبۇئات پەرمانى چۈشۈرۈپ، ئەگەر گېزىت چىقارماقچى بولسا، ئېغىر باج ئېلىنىدىغانلىقىنى (پارىژدا 24 مىڭ فرانك) بېكىتتى، بۇنىڭ بىلەن مەتبۇئات ئەركىنلىكى چەكلەندى. ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتى يەنە 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 10 سائەتلىك ئىش تۈزۈمى قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 12 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، قەرز قايتۇرالمىغانلارنى قاماش قانۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. كاۋىنياك يەنە 45 سانتىم قوشۇمچە باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان دېھقانلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. بۇ قىلمىشلار ئۇششاق بۇرژۇئازلار بىلەن دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتى 1848- يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاساسىي قانۇن ماقۇللاپ، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى بېكىتتى. بۇ ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى مۇنداق بەلگىلەندى: قانۇن چىقىرىش كومىتېتى ئەڭ ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بولۇپ، بۇ كومىتېتنى خەلق ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم سايلاپ چىقىدۇ، پىرېزىدېنت ئەڭ ئالىي مەمۇرىي باشلىق بولۇپ، ئۇنى خەلق ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم سايلاپ چىقىدۇ. ئەمما، پىرېزىدېنتنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىشىگە بولمايدۇ. پىرېزىدېنتنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېتنى تەشكىللەش ۋە تارقىتىۋېتىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئىچكى كابىنېت پىرېزىدېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. پىرېزىدېنتنىڭ ھوقۇقىنىڭ مۇنداق چوڭ قىلىپ بېكىتىلىشىدىكى مەقسەت، ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك

باستۇرۇش ئۇچۇن ئىدى. ئاساسىي قانۇندا گەرچە خەلقنىڭ جىسمانىي، مەتبۇئات، پىكىر قىلىش، ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەربىيەلىنىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بار دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەركىنلىكلەر دۆلەتنىڭ نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىشى شەرت، «جەمئىيەت ئامانلىقى»غا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك، دەپ تەكىتلەندى. يەنە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما سايلىغۇچىلار شۇ رايوندا يېرىم يىلدىن ئارتۇق تۇرغان بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلىنىپ، سايلام ھوقۇقىغا چەك قويۇلدى (بۇ مۇقىم ئولتۇراق ئورنى يوق ئىشچىلارغا ناھايىتى پايدىسىز ئىدى). شۇڭا ماركس بۇ ئاساسىي قانۇننى تەھلىل قىلىپ: «بۇ ھۆججەت باشتىن ـ ئاخىر ياسالمىلىق ۋە ساختىپەزلىك يوشۇرۇنغان ياغلىما گەپلەر بىلەن تولغان. قانۇننىڭ ھەربىر ماددىسى قارىمۇقارشى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلىدۇ»① دەپ كۆرسەتتى.

ئاساسىي قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىن، پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. پىرېزىدېنت سايلام رىقابىتىگە جەمئىي ئالتە نامزات قاتناشتى. پارىژ ئىشچىلىرى شۇ چاغدا تۈرمىدە قاماقتا ياتقان راسپايىلنى، ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ ھەرقايسى دېموكراتىك قاتلاملىرى لاتوۋرىت لورانىنى نامزاتلىققا كۆرسەتتى. بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھى ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر مەزھەپتىكىلەر كافېنياكنى، يەنە بىر مەزھەپتىكىلەر لامارتىننى نامزاتلىققا كۆرسەتتى، چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى بوناپارتچىلار لۇئى بوناپارتنى، ئورلېئانچىلار گارنىئەينى نامزاتلىققا كۆرسەتتى.

بۇ ئالتە نامزات ئىچىدە، كاۋېنياك بىلەن لۇئى بوناپارتنىڭ

① ماركس: «1848 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ماقۇللانغان فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 7 ـ توم، 558 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

سايلىنىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ ئىدى. چۈنكى كاۋنىياك شۇ چاغدا ھۆكۈمەت باشلىقى بولغاچقا، دۆلەت ھاكىمىيىتى كۈچىنى ئۆزىنىڭ سايلام رىقابىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايتتى. لۇئى بوناپارت بولسا شۇ چاغدا چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ھوقۇق ۋە تەسىرى بار ئەربابلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. شۇڭا، سايلام رىقابىتىدە لۇئى بوناپارت كاۋنىياكنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولۇپ قالدى.

كاۋنىياك لۇئى بوناپارتنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت باشلىقلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ھوقۇق تەرەپدارلىرى بىلەن پادىشاھپەرەسلەرنى يېنىغا تارتىپ ھەم ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىتالىيە ۋەقەسىدىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدى. 1848 - يىلى 11 - ئايدا، رىمدا ئىنقىلاب پارتلاپ، پىئوس IX نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، رىم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇ چاغدا، كاۋنىياك رىم ئەتراپىدىكى چىۋىتا - مىكىيىكىياغا فىرانسىيەنىڭ بىر ھەربىي فىلوتىنى پاپانى قوغداپ، فىرانسىيەگە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ دىنىي ھوقۇق تەرەپدارلىرىغا قارىغاندا رىم جۇمھۇرىيىتىگە تېخىمۇ ئۆچ ئىكەنلىكىنى دىنىي ھوقۇق تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئىشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەمما، كاۋېنياكنىڭ پىلانى كۆپۈككە ئايلاندى، رىم پاپاسى فىرانسىيە بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، گائېتاغا قېچىپ بېرىپ، ناپلېئونلىقلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا پاناھلىنىشنى تاللىدى.

كاۋنىياك دىنىي ھوقۇق تەرەپدارلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پادىشاھپەرەسلەر بىلەن دىنىي ھوقۇق تەرەپدارلىرىغا ئوچۇق - ئاشكارا، ھەددىدىن زىيادە تىز پۈكۈشى بىر قىسىم بۇرژۇئاز جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مەزھىپى ئىچىدىمۇ

بىر قىسىم سايلام بېلىتىدىن ئايرىلىپ قالدى.

لۇئى بوناپارت (1808 — 1873) ناپولېئون I نىڭ جىيەن ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، قارا نىيەتتى چوڭ ئىدى. ئۇ چوڭ دادىسىدىن ئۆگىنىپ، فىرانسىيەنى يېڭى بىر ئىمپېرىيەگە ئايلاندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىككى قېتىم فىرانسىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى (1836 - يىلى ۋە 1840 - يىلى) بولغان بولسىمۇ، كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولغانىدى. 1844 - يىلى ئۇ تۈرمىدە «نامراتلىقنى يوقىتىش توغرىسىدا» ناملىق كىتابچە يېزىپ، ئۆزىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ «ۋەكىلى» قىلىپ كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ چوڭ كاپىتالىستلار بىلەن يوشۇرۇنچە تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى. ئۇ سايلام رىقابىتى تەشۋىقاتىدا ئۆزىنى «پارتىيە - مەزھەپتىن ھالقىغان»، «مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئىشلىرىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى — چوڭ دادىسى ناپولېئون I نىڭ ۋارىسى قىلىپ پەردازلاپ كۆرسەتتى. ئۇ بۇرژۇئازىيەگە «جەمئىيەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بارلىق دەخلى - تەرۇزدىن ساقلىنىش» ھەققىدە، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا «دىن تارقىتىش ئەركىنلىكى» ھەققىدە، ئىشچىلارغا «ئىيۇن قوزغىلىڭىدا قولغا ئېلىنغانلارنى كەچۈرۈم قىلىش» ھەققىدە، دېھقانلارغا «باج - سېلىقنى كېمەيتىش» ۋە «كىچىك كۆلەمدىكى يەرلەرگە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىق قىلىش» ھەققىدە، ئۇششاق بۇرژۇئازلارغا «تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش» ھەققىدە ئۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى. يەنە ئىقتىسادىي كىرىزىس، نامراتلىق، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە ئىشسىزلىق قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا، لۇئى بوناپارت سانائەت ئىشلەپچىقىرىش، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ماددىي تۇرمۇشنى بېيىتىپ، ھەممە كىشىگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش قاتارلىق چوڭ «ۋەدىلەر»نى بېرىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

1848 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پىرېزىدېنت سايلىمىنىڭ نەتىجىسى چىقتى، لۇئى بوناپارت مۇتلەق ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن فىرانسىيەنىڭ پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاندى.

لۇئى بوناپارتنىڭ پىرېزىدېنت بولۇپ سايلىنىشىغا، ئۇنىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە پادىشاھپەرەسلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىشچىلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ۋە دېھقانلارنى ئالداپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشۋالغانلىقى سەۋەب بولدى. كۆپ ساندىكى ئىشچىلارنىڭ لۇئى بوناپارتقا ئاۋاز بېرىشى «ئىيۇن قوزغىلىڭى قاتىلى»دىن قىساس ئېلىپ، كاۋىياكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇششاق بۇرژۇئازلارمۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىگە نارازى بولغانلىقتىن، بوناپارتقا ئاۋاز بەرگەنىدى. دېھقانلارنىڭ بوناپارتقا ئاۋاز بېرىشىدە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، فىرانسىيە دېھقانلىرى يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بەرگۈچىلەر ۋە بۇرژۇئازلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسى تۈپەيلىدىن، تۇرمۇشى بارغانسېرى ناچارلاشتى، نۇرغۇن دېھقانلار يەرلىرىنى يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بەرگۈچىلەرگە رەنىگە قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەر مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىنى بوناپارتقا باغلىغانىدى. دېھقان سايلىغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ بوناپارتقا ئاۋاز بېرىشى ئۇنىڭ سايلامدا ئۇتۇپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. پادىشاھپەرەسلەر ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار بوناپارتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ تىرىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئاۋاز بەرگەنىدى. بوناپارت مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتتا، ھەرخىل سىنىپىي زىددىيەتلەرگە تولغان ئوبدان پەيتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com

1848 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كاۋنىياك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىدى، بوناپارت پرېزىدېنتلىق ئورنىغا چىقتى. ئەمما بوناپارت پرېزىدېنتلىق ئورنىغا قانائەت قىلمايتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى، چوڭ دادىسى ناپولېئون I نىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ئورنىنى تىكلەپ ئىمپېرىيە قۇرۇش ئىدى. شۇڭا، بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بارلىق زېھنىنى سەرپ قىلىپ، سىياسىي رەقىبلىرىنى يوقىتىش كويىغا چۈشتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن كەلگۈسىدىكى سىياسىي رەقىبلىرى بىلەن بىرلىشىپ كۆز ئالدىدىكى رەقىبلىرىنى يوقىتىش، كۆز ئالدىدىكى رەقىبلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىتتىپاقداشلىرىنى يوقىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۇچ كەلگەن ئاساسىي دۈشمىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھى بولدى. چۈنكى جۇمھۇرىيەتچىلەر گۇرۇھى ئۆزلىرى كونترول قىلىپ تۈزگەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنى تارقىتىۋېتىشكە ئۇنىمىدى، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش پارلامېنتى سايلىمىنى ئۆتكۈزمىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بوناپارت تەرتىپچىلەر بىلەن بىرلىشىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدى. تەرتىپچىلەر ئەنئەنىچىلەر بىلەن ئورلېئانچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىيۇن قوزغىلىڭىدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققانلار ئىدى. ئەنئەنىچىلەر چوڭ پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار بولۇپ، ئىيۇل ئىنقىلابىدا ئاغدۇرۇلغان بوربون خاندانلىقىنى ھىمايە قىلاتتى، ئورلېئانچىلار پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئىيۇل خاندانلىقىنىڭ تىرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چوڭ پومېشچىكلار بۇرژۇئازىيەلىشىپ كەتكەچكە، تەرتىپچىلەر فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ چوڭ پارتىيە ئىدى. بۇ پارتىيەگە تەۋە ئىككى مەزھەپنىڭ ئۆزلىرىگە

خاس تەشەببۇسلىرى بولسىمۇ، ئەمما جۇمھۇرىيەتچىلەرگە بولغان پوزىتسىيەسى بىردەك بولغاچقا، ۋاقىتىنچە بىر پارتىيە ئىچىدە ئىناق تۇرالايتتى.

ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى بەرمەيۋاتقان جۇمھۇرىيەتچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بوناپارت ئورلېئانچى پارلوۋنى تۇنجى ئىچكى كابىنېتنىڭ باش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىدى. پارلوۋ ئورلېئانچى ۋە ئەنئەنىچىلەردىن تەرتىپچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئىچكى كابىنېتىنى تەشكىللىدى. بوناپارت يەنە تەرتىپچىلەر پارتىيەسىدىكى گارنىئەپىنى مىللىي ئارمىيە ۋە ئالاھىدە ھەربىي ئەترەتنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. ئارقىدىن بوناپارت ئىچكى كابىنېت، ھەربىي قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش كومىتېتىغا بېسىم ئىشلىتىپ، 1849 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تارقىتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىدا تەرتىپچىلەر پارتىيەسىنىڭ كۈچى ئەڭ زور بولۇپ، ئۇششاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلىرى ئۆكتىچىلەر ھېسابلىناتتى. قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، دېموكراتچىلار تەرتىپچىلەر بىلەن پىرېزىدېنتنىڭ تاشقى سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشلىرىغا قوراللىق ئارىلاشتى، [1]بۇ چەت ئەل خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق، دەپ ئەيىبلىدى. 1849 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دېموكراتچىلار ئاساسىي قانۇندا فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوراللىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھەرقانداق خەلقنىڭ ئەركىنلىكىگە قارشى تۇرۇش مەنئى قىلىنغان دېگەن سەۋەب بىلەن پىرېزىدېنت ھەم ئىچكى كابىنېتنى سوتنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇش تەكلىپىنى

① 1849 ـ يىلى باھاردا، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى رىمغا ئەۋەتىپ، رىم پاپاسى دۆلىتىنى تىرىلدۈرمەكچى بولدى.

بەردى. ئەمما بۇ تەكلىپ قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىدا قوللىنىلمىدى، دېموكراتچىلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلققە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، خەلقنى قوراللىنىپ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. بۇ چاقىرىق ئاز بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كىچىك كۆلەمدە نامايىش بولدى. دېموكراتچىلارنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى مەغلۇبىيىتى ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە جۇرئەتسىزلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى دېموكراتچىلار ھەرىكىتى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، دېموكراتچى پارلامېنت ئەزالىرىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. دېموكراتچىلارنىڭ يولباشچىسى لاتوۋرىت لوران ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتتى.

دېموكراتچىلار يېڭىلگەندىن كېيىن، تەرتىپچىلەر بوناپارتنىڭ ئاساسلىق رەقىبىگە ئايلاندى. چۈنكى بۇ پارتىيە قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى كابىنېت بىلەن ھەربىي ھوقۇقنىمۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. بۇ كۈچلۈك رەقىبكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بوناپارت ئالدى بىلەن ئۆز كۈچىنى زورايتىشقا كىرىشتى. 1849 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇ «10 ـ دېكابىر جەمئىيىتى»دەپ ئاتالغان پارىژدىكى لۈكچەك پىرولېتارلاردىن تەشكىللەنگەن، 10 مىڭ ئەزاسى بار بىر تەشكىلات قۇردى. بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان لۈكچەكلەر گۇپپاڭچى غالچىلار بولۇپ، مەخسۇس ئىنقىلابچىلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاش بىلەن شۇغۇللىناتتى، يەنە بوناپارت ھەرقايسى جايلاردا نۇتۇق سۆزلىگەندە، بۇ لۈكچەكلەر نەق مەيدانغا بېرىپ گۇپپاڭچىلىق قىلاتتى.

1849 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى بوناپارت پارلىۋۇ تەشكىللىگەن تەرتىپ پارتىيەسىنىڭ ئىچكى كابىنېتىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى تېخوۋپۇلنى ئىچكى

كابىنېت تەشكىللەشكە بۇيرۇدى، بۇنىڭ بىلەن مەمۇرىي ھوقۇقنى تەرتىپ پارتىيەسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. بوناپارتنىڭ تەرتىپ پارتىيەسى بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ كېيىنكى قەدىمى ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەربىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بولدى. ئەمما بۇ قەدەمنى بېسىشتىن ئىلگىرى ئۇ ۋاقتىنچە تەرتىپ پارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، بىر قاتار ئەكسىيەتچى سىياسەتلەرنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، 1849 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان ھاراق بېجىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قانۇنى ۋە 1850 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان خەلق مائارىپى نىزامى بولدى. ھاراق بېجى قانۇنى ھاراق چىقىرىدىغان دېھقانلارغا تولىمۇ پايدىسىز ئىدى، خەلق مائارىپى نىزامىدا بولسا، مەكتەپلەرنى كاتولىك دىنى روھانىيلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش بەلگىلەندى. بۇ ئەكسىيەتچى سىياسەتلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلارنىڭ بۇ نارازىلىقى 1850 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن تولۇقلاش سايلىمىدا روشەن ئىپادىلەندى. بۇ سايلامدا بەزى ئىشچىلار ۋە دېموكراتچىلار سايلاندى. بۇ بۇرژۇئازىيەنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىدىكى تەرتىپ پارتىيەسىدىكىلەر بۇنى ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقاردى دەپ قاراپ، 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى.

ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، بوناپارت بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، 3 مىليون فرانك پۇل تەلەپ قىلدى ھەمدە ئەگەر قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلمىسا، ئۇلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى بىكار قىلغانلىق

جىنايىتىنى خەلققە جاكارلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قانۇن چىقىرىش پارلامېنتى ئىلاجسىز، 2 مىليون 160 مىڭ فىرانك پۇل ئاجرىتىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي، بوناپات مۇشۇ پۇل بىلەن ھەربىي قوشۇننى سېتىۋېلىشقا كىرىشىپ، پۇل، ئىسىل ھاراق، زىياپەتلەر بىلەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. 1850 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي پاراتتا، ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە «ناپولېئون ياشىسۇن ! پادىشاھ ياشىسۇن !» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى. بوناپارت ھەربىي قوشۇندىن ئىبارەت بۇ يۆلەنچۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرىكەت قوللىنىپ، 1851 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تەرتىپ پارتىيەسىدىكى ساينىت گارنىئەينىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، تەرتىپ پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ قولىدىن ھەربىي ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋالدى.

تەرتىپ پارتىيەسى مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ھەربىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قالغاندىن كېيىن، ئىچكى قىسمىدىلا بۆشىشىپ كەتتى. قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىدا تەرتىپ پارتىيەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ پارتىيەدىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇلار ئەنئەنىچىلەر بىلەن ئورلېئانچىلارغا بۆلۈندى. كېيىن بۇ ئىككى مەزھەپ يەنە نۇرغۇن ئۇششاق مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا توختىماي تالاش ـ تارتىش قىلدى. 1851 ـ يىلى فىرانسىيەدە ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەردى. ئەمما، شۇ چاغدىكى فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى ئىقتىسادىي كرىزىسنى كاپىتالىزمنىڭ ئەسلىدىلا بار بولغان زىددىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەي، ئۇنى تەرتىپ پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل ـ ماجىرالارغا ئارتىپ قويدى ھەمدە مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. بوناپارتچىلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پەقەت ھەربىي مۇستەبىتلىكلا فىرانسىيە كاپىتالىزم

جەمئىيەتنى قۇتقۇزالايدۇ دېگەنلەرنى جېنىنىڭ بارىچە كۆككە كۆتۈرۈپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. فرانسىيە بۇرژۇئازىيەسى بارلىق ئۈمىدىنى بوناپارتقا باغلىدى.

1851 - يىلى قىشتا، بوناپارت ھەربىي مۇستەبىت تۈزۈمنى ئورنىتىش پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ، بانكىدىن نۇرغۇن مىقداردىكى پۇلنى قولىغا كىرگۈزۈپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى سېتىۋالدى ۋە 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ھەربىي قوشۇنغا تايىنىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى. ھەربىي قوشۇن پارىژدىكى تايانچ نۇقتىلارنى ئىگىلەپ، قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ بىناسىنى قورشاپ، تەرتىپ پارتىيەسىدىكى مۇھىم پارلامېنت ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، بوناپارت ھەربىي مۇستەبىتكە ئايلاندى ھەمدە كېيىنكى يىلى 12 - ئايدا تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى پادىشاھ، فرانسىيەنى ئىمپېرىيە دەپ جاكارلىدى. بۇ تارىختا فرانسىيە 2 - ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتالدى.

لۇئى بوناپارت مۇستەبىتلىكى چوڭ بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى ئىدى. بۇ خىل ئەكسىلئىنقىلابىي ھۆكۈمرانلىق شەكلى سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن ھەم كۈرەش جەريانىدا ئاساسلىق سىنىپلارنىڭ كۈچى ئاساسەن تەڭلىشىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، يەنى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل باستۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن، پرولېتارىياتنىڭ كۈچى بىرقەدەر ئاجىز بولۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمىغان ۋەزىيەتتە پەيدا بولدى. فرانسىيە 2 - ئىمپېرىيەسى ھاكىمىيىتى چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، بانكىرلار، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بەرگۈچىلەر ۋە چوڭ پومېشچىكلاردىن تەركىب تاپقان پۇل

مۇئامىلە ئۇلىگارخىلىرى ھەمدە ئۇردا، ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغان چوڭ سانائەتچىلەر قاتلىمىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى. بۇ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنىڭ ھەربىي، ساقچى بيۇروكرات ماشىنىسىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيتتى.

ماركس ۋە ئېنگېلس 1848 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن شانلىق ئەسەرلەرنى يازدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «1848 ـ يىلىدىن 1850 ـ يىلىغىچە فىرانسىيەدىكى سىنىپىي كۈرەش»، «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنى» ناملىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق، 1848 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىنى راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. ماركس ۋە ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دا پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە، دۆلەت مەسىلىسى «ئەڭ ئابستراكت ئۇقۇم» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «تارىختا نىسبەتەن ئابستراكت خۇلاسە چىقىرىلغان».[1] ماركس 1848 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، دۆلەت مەسىلىسى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھىم يەكۈن چىقاردى. ماركس لۇ كوگېلمانغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «ئەگەر سىز مېنىڭ ‹تۇمانلىق ئاينىڭ 18 ـ كۈنى› ناملىق ئەسىرىمنىڭ ئاخىرقى بابىنى ئوقۇسىڭىز شۇنى بىلىسىزكى، مېنىڭچە فىرانسىيە ئىنقىلابى كېيىنكى قېتىم بۇرۇنقىغا ئوخشاش بيۇروكرات ھەربىي ماشىنىسىنى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قولىدىن يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ قولىغا

[1] لېنىن: «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 133 ــ 134 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈپ بېرىش بولماي، بەلكى ئۇنى پاچاقلاپ تاشلاش بولۇشى كېرەك، بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھەرقانداق ھەقىقىي خەلق ئىنقىلابىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى». ① پرولېتارىيات تەييار دۆلەت ماشىنىسىنى ئاددىي ھالدىلا ئىگىلەپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز نىشانىغا يېتىشى ھەمدە بۇرژۇئازىيە دۆلەت ماشىنىسىنى ئۇزۇل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلاپ، بۇرژۇئازىيەنى ئاغدۇرۇپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشى كېرەك. بۇ يەكۇن ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىدىكى زور تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ.

## 2 - بۆلۈم 1848 - يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابى

1848 - يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ باش ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى تاماملاش، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىسى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش بولدى. چۈنكى، پرۇسسىيە باشچىلىقىدىكى گېرمانىيەدىكى نۇرغۇن ئۇششاق دۆلەتلەر 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپلا يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۈزۈمنىڭ نۇرغۇن قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالدى، فېئوداللىق يېزا ئىگىلىكى «پرۇسسىيە يولى»نى بويلاپ كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە گېرمانىيەدە يەنىلا چوڭ - كىچىك 38 دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، سىياسىي جەھەتتىكى بۇ خىل بۆلۈنمە ھالەت گېرمانىيە كاپىتالىستىك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىنقىلابىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، گېرمانىيەنىڭ 1848 - يىلىدا يۈز

① ماركس: «لۇكوگېلمانغا خەت (1817 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - نەشرى، 4 - توم، 599 - بەت.

بەرگەن ئىنقىلابىدىكى بۇرژۇئازىيە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىدىغان سىنىپ بولماستىن، بەلكى چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن، قورقۇنچاق سىنىپقا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى، گېرمانىيە سانائەت ئىنقىلابى ئاللىقاچان باشلانغان، ئىشچىلار سىنىپىمۇ شەكىللىنىپ بولغانىدى. گەرچە ئىشچىلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سىياسىي قوزغىلىڭىدا نامايان قىلغان قۇدرىتى گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنى ساراسىمىگە سالغانىدى. ئىككىنچىدىن، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى كېچىكىپ دۇنياغا كەلدى. ئۇ دۇنياغا كەلگەن چاغدا، غەربىي ياۋروپادىكى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنى قورقۇتۇۋەتكەنىدى.

## 1. بېرلىن مارت ئىنقىلابى

1848 ـ يىلىدىكى فىرانسىيە فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، پرۇسسىيەنىڭ پايتەختى بېرلىندىمۇ ئىنقىلاب پارتلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بېرلىندا كۆلىمى چوڭ، داغدۇغىلىق نامايىش بولدى. خەلق ئاممىسىنىڭ تىنچ نامايىشى 16 ـكۈنگە كەلگەندە، نامايىشچىلار بىلەن ھەربىي قوشۇننىڭ قانلىق توقۇنۇشىغا ئايلىنىپ، 150 دىن ئارتۇق خەلق ئاممىسى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. بۇ قانلىق ۋەقە خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، نامايىشچىلار خان ئوردىسىنى قورشىۋېلىپ، ھەربىي قوشۇننىڭ بېرلىندىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋىلىيام Ⅳ نامايىشچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى ئەسكەرلەرگە نامايىشچىلارغا ئوق چىقىرىشقا

بۇيرۇق چۈشۈردى. ئامايىشچىلار كوچىلاردا ئىستىھكام ياساپ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ۋىلھېلىم IV 14 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر ۋە نەچچە ئون زەمبىرەكنى ئىشقا سالدى، ئەمما قوزغىلاڭچى ئامما ئازراقمۇ بوشاشماي جەڭ قىلغانىدى، قەيسەرلىشىپ كەتتى. بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك جەڭ ئارقىلىق، قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى چېكىندۈردى. پادىشاھ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەسكەرلەرنى بېرلىندىن چېكىندۈردى ھەمدە دەرھال مىللىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قانۇن چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، پادىشاھ رېيىن رايونىدىكى چوڭ زاۋۇت غوجايىنى كامفا ئوسىن ۋە چوڭ كاپىتالىست ھانزېماننى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مىللىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇرژۇئازىيە ئىشچىلار قوزغىلىڭىغا تايىنىپ ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇۋالدى. ئەمما، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بىر قاتار ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولىدى. بىرىنچى، بۇرژۇئازىيە ئىچكى كابىنېتى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، كونا مۇستەبىت تۈزۈمدىكى دۆلەت ماشىنىسىنى كۆچىنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىپ، ئىنقىلابنى باستۇرۇشنى كۆزلىدى. ئۇلار ئەسلىدىكى فېئودال قەلەمدار ـ ئەلەمدار ئەمەلدارلارنى داۋاملىق ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ھەربىي قوشۇن ۋە ساقچى ئورگانلىرىنى يەنىلا كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى، ھەتتا ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە ئىچكى كابىنېتى پادىشاھتىن بېرلىندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن ھەربىي قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. دېمەك، بۇرژۇئازىيە گەرچە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان

بولىشىمۇ، بۇ ھاكىمىيەتنى مۇكەممەل دېگىلى بولمايتتى. بۇرژۇئازىيەنىڭ قولىدا پەقەت ئىچكى كابىنېت ۋە مىللىي كېڭەشلا بولۇپ، قالغان دۆلەت ماشىنىسىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا فېئودال كۈچلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلار كونا فېئودال كۈچلەرنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئىككىنچى، بۇرژۇئازىيە ئىچكى كابىنېتى خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. 1848 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بېرلىن ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق كۈچىنى تەشكىللەشنى تەلەپ قىلغاندا، ئىچكى كابىنېتنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىشچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بېرلىن ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قورال ـ ياراغلارنى بۇلىدى. ئىچكى كابىنېت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ كۈچى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇ قىلمىشى ئەمەلىيەتتە، ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولىغانغا باراۋەر ئىدى. چۈنكى، فېئودال كۈچلەر ئىشچىلار ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ تەھدىتىدىن قورققاچقا، بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىچكى كابىنېت تەشكىللىشىگە چىداپ كەلگەنىدى.

ئۈچىنچى، بۇرژۇئازىيە دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ساتقىنلىق قىلدى. 1848 ـ يىلى يازدا، پرۇسسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شەرقىي پرۇسسىيە دېھقانلىرى مەجبۇريي ئەمگەككە قارشى چىقىپ، بەزى جايلاردىكى دېھقانلار، ھەتتا پومېشچىكلارنى ئۆزلىرىنىڭ دېھقانلارنى ئالۋانغا سېلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىكەنلىكى ھەققىدە تىلخەت يېزىپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ئەمما، مىللىي كېڭەش دېھقانلارنىڭ بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللىمىدى ھەمدە دېھقانلارنىڭ كۈرەش مېۋىسىنى قانۇنىي شەكىلدە مۇقىملاشتۇرمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق

فېئوداللىق مەجبۇرىيىتى (ئەمگەك ئارقىلىق تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى)نى ساقلاپ قالدى، پەقەت پومېشچىكلارنىڭ ئانچە مۇھىم بولمىغان ئوۋ قىلىش هوقۇقى قاتارلىق بەزى ئىمتىيازلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. نەتىجىدە، بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقدىشى بولغان دېھقانلارغا ساتقىنلىق قىلىپ، ئۆزلىرى يېتىم ـ ياردەمچىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، فېئودال كۈچلەرنىڭ قايتۇرما هۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا مادارى يەتمىدى.

پادىشاھ باشچىلىقىدىكى پرۇسسىيە ئەكسىيەتچى فېئودال كۈچلەرنىڭ بۇرژۇئازىيەگە يول قويۇشى، ئەسلىدە ئىلاجسىزلىقتىن بولغان ئىش ئىدى. 1848 ـ يىلى كۈزدە، ئۇلار كۈچ توپلاپ، ھەربىي كۈچىنى زورايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى خورىكىنى يەنمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتۈش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى، دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈردى. 10 ـ ئايدا، پادىشاھ ئوسۋارد ـــ ھانزېمان ئىچكى كابىنېتىنى①
ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەكسىيەتچى پوففېلنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پادىشاھ ئۆزىنىڭ تۇغقىنى براندېنبۇرگ گىرافنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەركىن بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىللىرى ئىچكى كابىنېتتىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئارقىدىن، پادىشاھ هۇجۇم نىشانىنى مىللىي مەجلىسكە يۆتكىدى. شۇ چاغدا مىللىي مەجلىس ئەزالىرى ئاساسىي قانۇن مەسىلىسىنى تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتاتتى. 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ھۆكۈمەت تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مىللىي كېڭەشنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى براندېنبۇرگقا يۆتكىۋەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ھۆكۈمەت

① 1848 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئوسۋارد كامفا ئوسېنىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ ئىچكى كابىنېتقا كىردى.

ئارمىيەسى ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا مىللىي كېڭەش بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، مىللىي كېڭەشنى مەجبۇرىي تارقىتىۋەتتى. مىللىي كېڭەش ئەزالىرى پاسسىپلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا چاقىردى. ئەمما، خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەھەر ـ يېزىلاردىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئۆزلىرىنى قوللىمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ، بېرلىن مارت ئىنقىلابى كۆرۈنۈپ قويۇپلا غايىب بولۇپ، بىر يىلغا يەتمەيلا مەغلۇپ بولدى.

## 2. ماركس، ئېنگېلس ۋە گېرمانىيە ئىنقىلابى

ماركس ۋە ئېنگېلس 1848 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ۋە تەشكىللىگۈچىسى. ئىنقىلاب پارتلىشى بىلەنلا، ماركس ۋە ئېنگېلس دەرھال ئىنقىلابنىڭ 1 ـ سېپىگە ئاتلاندى. 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۇلار ئالدى بىلەن پارىژغا كېلىپ، كوممۇنىستلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامىدا گېرمانىيە پرولېتارىياتىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتىكى ھەرىكەت پروگراممىسى «كومپارتىيەنىڭ گېرمانىيەدىكى تەلىپى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ «تەلەپ» «كومپارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشتىكى شانلىق نەمۇنە بولدى. «تەلەپ»تە، نۆۋەتتىكى گېرمانىيە ئىنقىلابى پەقەت بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «بىرلىككە كەلگەن، بۆلۈنمەس» گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش. ئەمما، بۇ ئىنقىلاب پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى، بۇ دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن، ئۇلار

بىر قاتار ئىنقىلابىي تەدبىرلەرنى، يەنى فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىش، بارلىق فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى بەدەلسىز بىكار قىلىش، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىش، خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئەدلىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ دەۋا ھەققى ئالماسلىق، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىللەش. ئەمما، پىرولېتارىيات ئىنقىلابىنى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدىلا توختىتىپ قويماستىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئۈچۈن شارائىت يارىتىشى لازىم دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تەلەپ»تە يەنە مۇسادىرە قىلىنغان فېئودال يەر مۈلۈكلىرىنى، كانلارنى، تۆمۈر يول، پاراخوت، بانكا، پوچتا قاتارلىقلارنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى.

ماركس، ئېنگېلس كوممۇنىستلارنى تۆۋەندىكى ئىككى پرىنسىپ بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى: بىرىنچى، كوممۇنىستلار بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتنىشىشى، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى كۈرەش نىشانىنىڭ كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم. ئىككىنچى، كوممۇنىستلار بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار بىلەن بىرلىكسەپ تۈزگەندە، پىرولېتارىيات مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى، ئۆز سەۋىيەسىنى بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار سەۋىيەسىگە چۈشۈرۈپ قويماسلىقى، دېموكراتچىلارنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە ئىنقىلابتا ئۇزۇل ـ كېسىل بولماسلىقى بىلەن كۈرەش قىلىشى لازىم.

4 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ماركس ۋە ئېنگېلس ئىنقىلاب ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى ۋە كولۇندىكى ئۇششاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلىرى تەشكىلاتى «دېموكراتچىلار جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئەمما، ماركس، ئېنگېلس «سولچىل» ۋە ئوڭچىل ئاغمىچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ستىفان بورن (1824 — 1898) ئوڭچىل پۇرسەتپەرەسلەر-
نىڭ ۋەكىلى، بېرلىن ئىشچىلار مەركىزىي كومىتېتى ۋە «ئىشچى
بۇرادەرلەر جەمئىيىتى»دىن ئىبارەت ئىككى ئاممىۋى تەشكىلات-
نىڭ رەھبىرى. بورن بۇرژۇئا ئىنقىلابى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىشى،
پىرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ
رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قا-
رىدى. ئۇ سىنىپلار ھەمكارلىقىنى تەرغىب قىلىپ، سىنىپىي
كۆرەشكە قارشى تۇرۇپ، ماركس، ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان
ئىنقىلاب پىروگراممىسىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ، «پارتى-
يە سىياسىتىنىڭ قولى» بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا جا-
كارلىدى. ئۇ پىرولېتارىياتنىڭ بارلىق ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ ئىق-
تىسادىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىش، ئىشچىلار دۆ-
لەتنىڭ ياردىمىدە ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى ۋە قەرز
بېرىش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، كاپىتالىستلار بىلەن سۆھبەت
ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كېلىشىمنامە تۈزۈپ، ئاستا - ئاستا
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەنلەرنى تەرغىب قىلدى. ئۇ
يەنە گۇرۇھۋازلىق قىلىپ، تەشكىلاتنى پارچىلاش سۇيىقەستى بى-
لەن شۇغۇللاندى. بورننىڭ ئوڭچىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنى پىرو-
لېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پىرولېتارى-
ياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قاتنىشىش ئىشلىرىغا
توسالغۇ بولدى.

شۇ چاغدىكى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى سولچىل
ئاغمىچىلارنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى گوتساك (1815 — 1849) تۇر.
ئۇ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، كولۇن ئىشچىلار
بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئۇ گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ
كونكرېت شارائىتىدىن ئايرىلغان ھالدا، بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن
ھالقىپ ئۆتۈپ، بىۋاسىتە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ
بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دەرھال «ئىشچىلار جۇمھۇرىيىتى»
قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ پىرولېتارىياتنىڭ بارلىق

www.uyghurkitap.com

دېموكراتىك كۈچلەر بىلەن بىرلىشىشكە، ھەتتا دېھقانلار بىلەن بىرلىشىشكىمۇ قارشى تۇردى. گوتساكىنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى سولچىل ئاغمىچىلىق يولى ئىدى.

ماركس، ئېنگېلس گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئوڭچىل ـ سولچىل ئاغمىچىلىق بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلدى. ئۇلار بورن ۋەكىللىكىدىكى ئوڭچىل ئاغمىچىلىقنىڭ گېرمانىيە ئىنقىلابىغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى كۆرسىتىپ بەردى، يەنە گوتساكىنىڭ سولچىل ئاغمىچىلىقىنىڭ تەۋەككۇلچىلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ھەر ئىككىسىنى تەنقىد قىلدى. ماركس، ئېنگېلس كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە ئىشچىلار ئاممىسىغا توغرا ئىنقىلاب يۆنىلىشىنى تەشۋىق قىلىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ پرولېتارىيات ئازادلىق ھەرىكىتىگە بولغان مۇھىم رولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، پرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى جەڭگىۋار رولىنى شەرھلەپ بەردى. ماركس، ئېنگېلسنىڭ تەربىيەسىدە، كولۇن ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، گوتساك رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، 6 ـ ئايدا ماركس، ئېنگېلسنىڭ قوللىغۇچىسى مول بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. 10 ـ ئايدا ماركس بۇ بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. ماركسنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، گوتساكىنىڭ بىرلەشمە ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستى تارمار قىلىنىپ، بېرلىن ۋە كولۇندىكى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى توغرا يولغا يۈزلەندى.

ماركس، ئېنگېلس گېرمانىيە ئىنقىلابى ئۈچۈن تۈزگەن ئىنقىلاب پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، تەشۋىقات، تەشكىللەش، ئاممىنىڭ ئىنقىلاب ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، 1848 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كولۇندا «يېڭى رېين گېزىتى»نى چىقاردى، ماركس باش مۇھەررىر بولدى. «يېڭى رېين گېزىتى»نىڭ سىياسىي پروگراممىسى مۇنداق ئىككى

نۇقتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىرىنچى، ئىنقىلاب قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن، بۆلۈنمەس، دېموكراتىك گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيەنى مەركەز قىلغان، گېرمانىيەنى يۇقىرىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش پىلانىغا قارشى تۇرۇش. ئىككىنچى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنى ياۋروپادىكى ئاساسلىق ئەكسىيەتچى قورغان — چار پادىشاھ رۇسىيەسىگە قارشى بىر مەيدان ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا چاقىرىش. «يېڭى رېين گېزىتى» گېرمانىيە خەلقىنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ساتقىنلىق قىلمىشلىرىنى جەڭگىۋار قىياپەتتە ئېچىپ تاشلاپ، ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ مۇرەسسەچىلىكى ۋە تۇراقسىزلىقىنى تەنقىد قىلدى.

## 3. فرانكفورد پارلامېنتى ۋە ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى ھىمايە قىلىش ھەرىكىتى

مارت ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پۈتۈن گېرمانىيە پارلامېنتى تەشكىللەشنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۆتۈرۈلدى، كىشىلەر بۇ پارلامېنتنىڭ پۈتۈن گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى ئارزۇ قىلدى. 1848 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى پۈتۈن گېرمانىيەدىكى پارلامېنتلار يىغىنى فىرانكفوردتا ئېچىلدى. بۇ تارىختا فىرانكفورد پارلامېنتى دەپ ئاتالدى. 573 پارمېنت ئەزاسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنىنى ھىمايە قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئىدى. ئوڭچىلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بۇ كوللېكتىپتا، بەزىلەر ئاۋستىرىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە

ئىمپېرىيەسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ «بۈيۈك گېرمانپەرەسلەر» دەپ ئاتالدى، بەزىلەر ئاۋستىرىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، پرۇسسىيە رەھبەرلىكىدىكى گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ «كىچىك گېرمانپەرەسلەر» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ تالاش - تارتىشى توختىمىدى. پارلامېنتتىكى ئاز سانلىق ئۇششاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار قوشما ئىشتات تۈزۈمىدىكى گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ماركس ئۇلارنىڭ بۇ «خىيالىنى ئىنتايىن بىمەنىلىك» دەپ تەنقىد قىلدى. چۈنكى «گېرمانىيەدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇش بىلەن قوشما ئىشتات تۈزۈمىدىكى دۆلەت قۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش — يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن فېئودالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش»[1] ھېسابلىناتتى.

شۇ چاغدىكى شارائىتتا، گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، فىرانكفورد پارلامېنتى ئەسلىدە، گېرمانىيە زېمىنىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى خەلقتىن قۇدرەتلىك قورااللىق كۈچ تەشكىللەپ، ئىنقىلاب ۋاستىسى ئارقىلىق ھەرقايسى فېئودال پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇرژۇئازىيە خەلق ئىنقىلابىدىن بەك قورققاچقا، فىرانكفورد پارلامېنتى بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيەنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ ھەربىر ماددىسىدىكى سۆز - ئىبارىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ھېچقانداق ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوللانمىدى. شۇڭا، كىشىلەر بۇ پارلامېنتنى قۇرۇق

① ماركس: «فىرانكفورد رادىكال دېموكراتلىرى ۋە فىرانكفورد سولچىل ئاغمىچىلار پىروگراممىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 47 — 48 - بەتلەر.

گەپ ساتىدىغان پارلامېنت دەپ ئاتىدى.

دەل پۈتۈن گېرمانىيە پارلامېنتى ئاساسىي قانۇن ئۈستىدە توختىماستىن تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقاندا، پرۇسسىيەدىكى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر قىلىچلىرىنى بىلەپ تەييار بولدى ھەمدە 1848 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىنقىلابنىڭ بېسىمى ئاستىدا «گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى ئاساسىي قانۇنى»نى ماقۇللىدى. بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ مۇرەسسەچىلىك خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، گېرمانىيەنى قوشما ئىشتات ئىمپېرىيەسى قىلىپ قۇرۇش، ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، مەركەزدە بىر پادىشاھ ۋە بىر ئىمپېرىيە پارلامېنتى بولۇش قاتارلىقلار بېكىتىلدى. ئەمما، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش، پىكىر قىلىش، ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇلار شۇ چاغدىكى گېرمانىيەگە نىسبەتەن خېلىلا ئىلگىرىلىگەنلىك ھېسابلىناتتى، چۈنكى بۇ ئاساسىي قانۇن گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان، ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، خەلق ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋەزىيەتتە تۈزۈلدى. فىرانكفورد پارلامېنتى پرۇسسىيە پادىشاھىنى ئىمپېرىيە پادىشاھلىقىغا سايلاپ خان تاجىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەكىل ئەۋەتتى. ئەمما، پرۇسسىيە پادىشاھى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا خان تاجىنى ئېلىشنى رەت قىلىپ: «بۇ خان تاجى ئەمەس، بەلكى قۇللار كىيىدىغان تۆمۈر چەمبىرەك، مەن ئەگەر ئۇنى كىيسەم ئىنقىلابنىڭ يانچىسى بولۇپ قالىمەن» دېدى. شۇ چاغدا، بۇ ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ مۇستەھكەم يۆلەنچۈكى بولمىغاچقا، گېرمانىيەدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، پرۇسسىيە پادىشاھى باشچىلىقىدىكى

www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى پادىشاھلارنىڭ ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى رەت قىلىشى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى قوغداش كۈرىشىگە ئاتلاندى. 1849 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، بۇ كۈرەش راۋاجلىنىپ قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ، قوزغىلاڭ دولقۇنى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى قاپلىدى.

قوزغىلاڭدا، «قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەقىقىي جەڭ قىلغۇچى ئاساسىي كۈچى، يەنى ئەڭ ئالدىدا قوراللىنىپ ھەربىي قوشۇن بىلەن جەڭ قىلغۇچى كۈچ شەھەر ئىشچىلىرىدىن تەشكىللەندى»[①]. بۇ چاغدا گېرمانىيە سانائەت ئىنقىلابىغا ئەمدىلا قەدەم باسقان، چوڭ سانائەت قول سانائەتنى تېخى پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىۋەتمىگەن بولغاچقا، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى.

ماركس ۋە ئېنگېلس قوزغىلاڭنى ئاكتىپ قوللىدى. 1849 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ماركس، ئېنگېلس بادېننىڭ مەركىزى كارلىسرۇخېغا كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى بىرونېتانوغا بىر ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ فرانكفورتقا يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئېنگېلس شەخسەن ئۆزى جەڭگە قاتناشتى. ئەمما، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇششاق بۇرژۇئازلار بۇ دادىل پىلاننى رەت قىلدى.

قوزغىلاڭ كېڭىيىپ كەتكەندىن كېيىن، گېرمانىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەت پادىشاھلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ قوشۇن توپلاپ قوزغىلاڭ رايونلىرىغا ئەۋەتىپ باستۇرۇشقا كىرىشتى. داغدۇغىلىق باشلانغان ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى ھىمايە

---

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە ئىنقىلابى ۋە ئەكسىلئىنقىلابى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 569 ـ بەت.

قىلىش قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.
قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى، تۇراقسىزلىقى ۋە قەتئىي بولماسلىقى سەۋەب بولدى. ئۇلار ئاكتىپلىق بىلەن دادىل ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى قوللانماي، پاسسىپ مۇداپىئە كۆرۈش يولىنى تاللىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويماي، دېھقانلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب: فرانكفورد پارلامېنتى تېگىشلىك رەھبەرلىك رولىنى ئوينىماي، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش پوزىتسىيەسى تۇتتى. نەتىجىدە ئۆزىمۇ «مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىش» تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى (1849 ـ يىلى 6 ـ ئايدا).
ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى ھىمايە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە فرانكفورد پارلامېنتىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى 1848 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
1848 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى بولۇپ، ئىنقىلابتا ئىشچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار تايانچ قوشۇنلۇق رولىنى ئوينىدى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكىتى پۈتۈن ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.
ئەمما، بۇ قېتىملىق ئىنقىلاب مەغلۇپ بولۇپ، فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمىدى، گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا بۇرژۇئازىيەنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى، ئۇششاق بۇرژۇئازلارنىڭ تۇراقسىزلىقى، پرولېتارىياتنىڭ ئىدىيە جەھەتتە پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى بوشاڭلىقى ئاساسىي سەۋەب بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 3 ـ بۆلۈم 1848 ـ يىلىدىكى ئىتالىيە ئىنقىلابى

## 1. ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى ئىتالىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى

1815 ـ يىلىدىكى ۋېنا يىغىنىدىن كېيىن، ئىتالىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، سىياسىي جەھەتتە چوڭ ـ كىچىك ئۇششاق دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىككىنچى، نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر چەت ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. لومباردى ـ ۋېنېتسىيە ئاۋستىرىيەنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسىگە ئايلاندى، توسكانا، پالما ۋە مودېنا كىنەزلىكلەر ئاۋستىرىيە خابسبۇرگ جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى، ئىسپانىيە بوربون خاندانلىقى ئىككى قاتارلىق سىسىلىيە پادىشاھلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۈچىنچى، ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئاغدۇرۇپ تاشلانغان فېئودال مۇستەبىت پادىشاھلار ۋېنا يىغىنىدىن كېيىن قايتىدىن تىرىلدى، ئاقسۆڭەك روھانىيلارنىڭ ئىمتىيازى يەنە ئەسلىگە كەلدى. خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى تارتىۋېلىندى. دانتېنىڭ ئەسەرلىرى مەنئى قىلىندى، كوپېرنىكنىڭ يەر شارىنىڭ ئايلىنىش تەلىماتىنى مەكتەپلەردە سۆزلەش چەكلەندى. يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر پوپ: «ئەل نادان بولسا، باشقۇرماق ئوڭاي بولىدۇ» دېگەن.

ئەمما، 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ــ 40 ـ يىللىرىدا ئىتالىيە سانائەت كاپىتالىزمى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىتالىيەنىڭ شىمالىي رايونلىرى، بولۇپمۇ لومباردى بىلەن پېمونتتا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى تېز كۆپىيىپ، ماشىنا ئىشلىتىلىدىغان بولدى، بۇ سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 1840 ـ يىلى پەقەت لومباردىلا

35 ياختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى، 1840- يىلى ئىتالىيەدە تۇنجى تۇركۇمدىكى كۆلىمى چوڭ ماشىنىسازلىق كارخانىلىرى قۇرۇلدى. 30 — 40 - يىللاردا تۆمۈر يول ياسىلىشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىتالىيە يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. سانائەت تەرەققىي قىلغانلىقتىن، خام ئەشيا ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ، بىر قىسىم پومېشچىكلار (پېمونت ۋە لومباردى)نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە تۇرتكە بولدى، پومېشچىكلار يەر ئىجارىسى توختامىنى بىكار قىلىپ، دېھقانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىشچى ياللاپ، كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇردى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى يېڭى تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەرلەرنى سۇنئىي ئۇسۇلدا سۇغىرىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئادەتتە 200 ئىنگلىز موسىدىن 700 ئىنگلىز موسىغىچە تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ياللانما ئىشچىلار دەھشەتلىك ئېزىلىشكە ئۇچرىدى. كاپىتالىزمنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تەرەققىياتى ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنى بۇرژۇئازلاشتۇردى، بۇ بىر قىسىم پومېشچىكلار سودا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىتتىپاقدىشىغا ئايلاندى.

ئەمما، ئىتالىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى قاتمۇقات توسالغۇلارغا دۇچ كەلدى. 1- توسالغۇ چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېزىشى بولدى. ئاۋستىرىيە لومباردى ۋە ۋېنىتسىيەنى ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ ئىككى جاينى ئىتالىيە بازىرى ۋە دۇنيا بازىرىدىن ئايرىپ تاشلىدى. بىرەر يول ياكى بىرەر توسما ياسىماقچى بولسىمۇ، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي ياسىغىلى بولمىدى. ئاۋستىرىيە يەنە بۇ جايلاردىكى يىپەك توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا چەكلىمە قويۇپ، بۇ جايغا

كىرىدىغان چەت ئەل تاۋارلىرىدىن ناھايىتى يۇقىرى باھادا تاموژنا بېجى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋستىرىيە تاۋارلىرى بىلەن رىقابەتلىشىشىدىن ساقلاندى. ئاۋستىرىيە يەنە لومباردىيە ـ ۋېنىتسىيە ئاھالىلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باج سېلىقى سالدى، بۇ جايلاردىن يىغىلغان باج سوممىسى پۈتۈن ئىمپېرىيە غەزىنە كىرىمىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. يەر بېجى ۋە باشقا ۋاستىلىك باجلار ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇز بېجى ۋە تاماكا بېجى ئەڭ يۇقىرى ئىدى. تۇز بېجى تۇز باھاسىنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر كېلەتتى.

2 ـ تۇسالغۇ سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمە ھالەت بولۇپ، ئىتالىيە زېمىنىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدا تاموژنا بېجى توسقۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تاۋار ئوبوروتى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۆلەتلەرنىڭ قانۇنى ئۆزئارا ئوخشىمايدىغانلىقى، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قەغەز پۇلى ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىرلىككە كەلگەن بازار شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. پالمادىن مودېنىغىچە بولغان قىسقىغىنا يولدا ئالتە قېتىم، پو دەرياسى قىرغىقىغا بارغۇچە 21 قېتىم تاموژنا بېجى تۆلەشكە توغرا كېلەتتى.

3 ـ تۇسالغۇ فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈم ئىدى. ئىتالىيە زېمىنىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە پادىشاھنىڭ ھوقۇقى چەكسىز، ئاقسۆڭەك ۋە روھانىيلار ئىمتىيازلىق بولۇپ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئەمەلدارلىق، ھەربىي قوشۇن ۋە سوتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىمتىيازلىق تەبىقىلەر مونوپول قىلىۋالغانىدى. كەڭ ئەمگەكچى خەلقلا ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئازىيەمۇ سىياسىي جەھەتتە ئېزىلگۈچى ئورۇندا تۇراتتى. ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا يەنىلا فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە مۇناسىۋىتى ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، دېھقانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى

www.uyghurkitap.com

پومېشچىكلارغا تۆلەيتتى، ھەربىلى پومېشچىكلار مەھسۇلاتىنىڭ كۆپرەكىنى ئېلىپ كېتەتتى. قىسقىسى، فېئوداللىق تۈزۈم ئىقتىسادىي بازىسىدىن ئۇستىقۇرۇلمىغىچە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولدى.

شۇڭا، بالايىئاپەت قاپلىغان ئىتالىيەدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىتالىيە ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى ئاۋسترىيەنىڭ تەسىر كۈچىنى قوغلاپ چىقىرىش، سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمە ھالەتنى تۈگىتىش، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، مۇستەقىل، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا «ياش ئىتالىيە پارتىيەسى»نىڭ قۇرغۇچىسى كيۇساپ ماززىنى (1805 ـــ 1872) كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، مۇشۇ تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئۆز ۋەزىپىسى قاتارىدا كۆردى. ماززىنى گېنويەدىكى بىر باي دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپتە قانۇن ئۆگەنگەن، ئەمما ئۇ ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ بىرمەزگىل ئەدەبىي گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلاپ، ئىتالىيە تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدى. ئۇ ئىتالىيەنىڭ ئىلگىرىكى شانلىق تارىخى ۋە ھازىرقى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىپ پارچىلىنىپ كەتكەن ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ ئىنتايىن ئېچىندى. ئۆز ۋەتىنىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە قايغۇرۇپ، دائىم قارا رەڭلىك مۇسىبەت كىيىمى كىيىپ يۈردى. ياش ماززىنى چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن ھەم چەت ئەللىكلەرنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان ۋەتەندە خاتىرجەم ھالدا ئادۋوكاتلىق ياكى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا، گەرچە بىر مەزگىل ئادۋوكاتلىق قىلغان بولسىمۇ،

ئەمما كەسپىنى تاشلاپ، كاربونارلار پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ، بىر قېتىملىق قوزغىلاڭدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالدى، ئۇ قاماقتىكى مەزگىلىدە، قايتا ـ قايتا ئىنچىكە ئويلىنىش ئارقىلىق، ئىتالىيەنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى بىر لايىھەنى تۈزۈپ چىقتى. 1831 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، كاربونارلار پارتىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ياش ئىتالىيە پارتىيەسىنى قۇردى. پارتىيە نىزامنامىسىدە، يېشى 40 تىن تۆۋەن بولغان، ۋەتەننى چەت ئەل ۋە ئىتالىيەدىكى زالىم پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن، تولۇق دېموكراتىيەنى ئاساس قىلغان ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالايدىغان كىشى بۇ پارتىيەگە ئەزا بولالايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ پارتىيەگە ئەزا بولغانلارنىڭ سىنىپىي تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇرژۇئاز دېموكراتىك زىيالىيلار، ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازلار، بۇرژۇئازلاشقان ئوتتۇرا، ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەر، شەھەر ئەمگەكچىلىرى (ھۈنەرۋەنلەر، ئىشچىلار ۋە نامراتلارنىڭ ۋەكىللىرى) بار ئىدى، ئەمما بۇ پارتىيەگە بۇرژۇئاز دېموكراتىك زىيالىيلار رەھبەرلىك قىلدى.

ياش ئىتالىيە پارتىيەسىنىڭ تۆھپىسى شۇكى، بۇ پارتىيە ئىتالىيە ئازادلىق ھەرىكىتى تارىخىدا تۇنجى بولۇپ مۇستەقىل، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى ئۆزىنىڭ كۈرەش ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ پارتىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ئىتالىيەدە سىياسىي دېموكراتىيە بىلەن ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەپ چۈشەندى ھەمدە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق، مۇستەقىللىق، بىرلىككە كېلىشنى ئۆزىگە شوئار قىلدى. ماززىنى پەقەت مۇشۇنداق جۇمھۇرىيەت قۇرغاندىلا، ئاندىن ئىتالىيەنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىتالىيە ئىلگىرى رىم ئىمپېرىيەسى ئارقىلىق، ئارقىدىن كاتولىك دىنى ئارقىلىق

دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئارقىلىق پاكلانغان ھازىرقى 3 ـ ئىتالىيە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان پەرىشتە سۈپىتىدە ھەرقايسى دۆلەتلەردە ھەرىكەت قىلىدۇ». ئەمما، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى قەلبىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ماززىنى ھەرگىز شوۋىنىست ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز ۋەتىنىگىنى سۆيگەنىكەنسەن، باشقا دۆلەتلەرنىمۇ ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك، چۈنكى ھەربىر دۆلەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان، ھەربىر دۆلەت ئۆزئارا دەخلى ـ تەرۇزدىن ساقلىنىپ، تىنچ ـ ئىناق ئۆتسە، ئۇرۇش يۈز بەرمەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە، ئىتالىيە ئىنسانلارغا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە تەلىم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىشى، دۆلەتلەر ئارا دوستانە ئۆتۈشنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەر — ۋېنگرىيەلىكلەر، پولشالىقلار ۋە ئىرېلاندىيەلىكلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇ «ياش ياۋروپا» خەلقئارا تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئارقىلىق، خەلقنىڭ مۇقەددەس ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، زالىم پادىشاھلارنىڭ مۇقەددەس ئىتتىپاقىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى.

مۇستەقىل، بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك ئىتالىيە قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياش ئىتالىيە پارتىيەسى «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش يولىنى تاللىدى، يەنى ئىنقىلاب ۋاستىسى ئارقىلىق ئاۋستىرىيە ۋە ئىتالىيە زېمىنىدىكى ھەرقايسى پادىشاھلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قارار قىلدى. 1840 ـ يىلى ياش ئىتالىيە پارتىيەسى ئىشچىلار بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ئىشچىلارنى پارتىيەگە قوبۇل قىلدى. ماززىنى ئىشچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ «بايلارنىڭ سېخىيلارچە ياردىمى»گە تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش خام خىيالىدا بولدى. ئۇنىڭ بۇ خىيالى سان سىمونىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەنىدى.

مازرىنىڭ ئۆز ئىدىيەسى ۋە ياش ئىتالىيە پارتىيەسىنىڭ جەڭگىۋار پىروگراممىسى زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ پارتىيەگە ئەزا بولدى.

ياش ئىتالىيە پارتىيەسىنىڭ مۇنداق ھاياتىي كۈچى ئۆرغۈپ تۇرغان جەڭگىۋار پىروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويالىشىغا شۇ چاغدىكى ئىتالىيەنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋىتى سەۋەب بولغانىدى. بىرىنچى، ئىتالىيە ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتى ھەم چەت ئەل كۈچلىرى، ھەم ئىتالىيە زېمىنىدىكى ھەرقايسى مۇستەبىت پادىشاھلار ئىدى، چەت ئەل ئەزگۈچى كۈچى — ئاۋستىرىيە بىر كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ، بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا ۋەزىيە ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى، خەلق بىلەن بىرلەشمىسە بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرىدىغان رادىكال تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويمىسا بولمايتتى. ئىككىنچى، ئىتالىيە بۇرژۇئازىيەسى بىلەن پىرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخى كەسكىنلەشمىگەنىدى، شۇ چاغدا ئىتالىيەدە ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىكىگە ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك مۇستەقىل ئېلىپ بېرىلغان ئىشچىلار ھەرىكىتى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن بولغاچقا، بۇرژۇئازىيە تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي روھقا ئىگە ئىدى.

ئەمما، ياش ئىتالىيە پارتىيەسىنىڭ پىروگراممىسىدا زور چەكلىمىلىكلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى، يەنى ئۇلار سىياسىي جەھەتتىكى ئادەتتىكى دېموكراتىيە تەلەپلىرىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنقىلاب ۋاستىسى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قارشى تۇردى. يەنە بىر چەكلىمىلىكى شۇكى، بۇ پارتىيە دىنىدىن مەدەت تىلەپ، دىنىي شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياش ئىتالىيە پارتىيەسىنىڭ ئىشلىرى «دىنىي مۇرىتلارنىڭ ئىشلىرى»، «بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل قۇل بولۇپ كېلىۋاتقان مىللەت ئەخلاق ۋە ئۆزىنى

قۇربان قىلىنىشقا تايىنىپ گۈللىنەلەيدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى.

ياش ئىتالىيە پارتىيەسى 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ــ 40 ـ يىللىرىدا بىرقانچە قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ مەغلۇپ بولدى، ئەمما بۇ پارتىيە ماززىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئويغاتتى، خەلق ئارىسىغا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئورنىتىش چاچتى ۋە بۇ ئارقىلىق، 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنى ئىدىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

## 2. ئىنقىلابنىڭ جەريانى

1845 ــ 1846 ـ يىلىدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى ۋە 1847 ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس ئىتالىيە ئىقتىسادىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ، ئاشلىق كەمچىلىكى ۋە ئىشسىزلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بۇلار خەلقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئىنقىلاب قىلىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە شەكىللەندى.

1848 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، سىسىلىيە ئارىلىنىڭ مەركىزى پالېرمودىكى خەلق ئالدى بىلەن قوزغىلىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار دېھقانلارنىڭ ياردىمىدە، 13 مىڭ كىشىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن ئىككى ھەپتە كوچا ئۇرۇشى قىلىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنىنى ئاخىر قوغلاپ چىقاردى ھەم بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. بۇ خەۋەر ناپلېسقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ شەھەردىكى خەلق دەرھال كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پادشاھ فېرناندو II 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلىپ، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك

تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى كابىنېت تەشكىللىشىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

پالېرمو قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە، رىم پاپاسى زېمىنى، توسكانا ۋە ساردىنىيە پادىشاھلىقىدىمۇ ئىنقىلاب پارتلىدى. 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋە 17 - كۈنى ساردىنىيە پادىشاھى ۋە توسكانا كىنەزى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلدى. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى رىم پاپاسىمۇ ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلدى.

ۋېنا مارت ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرى ئىتالىيەگە يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەر شاد - خۇراملىققا چۆمدى. 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئالدى بىلەن مىلاندا ئاۋستىرىيەگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى، ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلاردا ئىستىھكام ياساپ، 15 مىڭ كىشىلىك ئاۋستىرىيە قوشۇنى بىلەن بەش كۈن جەڭ قىلىپ، 23 - كۈنى مىلان شەھىرىنى ئازاد قىلدى ۋە ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. مىلان قوزغىلىڭىدا خەلق ئاممىسى بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغاچقا تېزلا غەلىبە قىلدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ خابىسبۇرگ خاندانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، شۇڭا بۇ قوزغىلاڭنىڭ پۈتۈن ياۋروپادىكى ئەھمىيىتى زور بولدى.

مىلان قوزغىلىڭى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ۋېنېتسىيەدىمۇ قوزغىلاڭ پارتلىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى بىلەن، قوزغىلاڭچىلار ئاۋستىرىيە قوشۇنى بىلەن ئىككى كۈن قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ۋېنېتسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ماننىننى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى.

ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىنقىلابنىڭ كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن، پالما ۋە



www.uyghurkitap.com

مودىنىدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك دۆلەتتىمۇ قوزغىلاڭ پارتلاپ، ھاكىمىيەت بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

قۇدرەتلىك ئىنقىلاب دولقۇنىدا، ھەر جايدىكى خەلق بىر دەك ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، ساردىنىيە پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاۋستىرىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەي ناپلېس پادىشاھلىقى ۋە توسكانا ھۆكۈمىتى ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى، ھەتتا رىم پاپاسى پىئۇس IX گەرچە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، ئاۋستىرىيەگە قارشى قوشۇن چىقاردى.

خەلق ئاممىسى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى، ئۇلار پىدائىيلار قوشۇنى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى ۋە تەشكىللىگۈچىسى كىيوساپ گارىبالدى (1807 ــ 1882) ئىلگىرى ماتروس بولغان. 1831 ـ يىلى ئۇ تاگانروگدا ياش ئىتالىيە پارتىيەسىنىڭ بىر ئەزاسى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گارىبالدى ياش ئىتالىيە پارتىيەسىگە ئەزا بولدى. 1833 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ ماززىنى بىلەن تونۇشتى، ماززىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئۇ ساردىنىيە دېڭىز ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆردى. ئۇ 1834 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنىشتىن قېچىپ، جەنۇبىي ئامېرىكىغا كەتتى. 1848 ـ يىلى ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ، پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ، ئاۋستىرىيەگە قارشى جەڭگە قاتناشتى.

ئەمما، ساردىنىيە پادىشاھى ئالبېرت ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىپ خەلق ئاممىسىنىڭ پادىشاھقا قارشى ئىنقىلابقا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، كەسكىن ھەربىي ھەرىكەت قوللانماي ھۆجۇمنى كېچىكتۈردى. نەتىجىدە 7 ـ

ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ساردىنىيە قوشۇنى كۇستوزادا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن مىلان قايتىدىن ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. رىم پاپاسى ۋە ناپلېس پادىشاھىمۇ قوشۇنلىرىنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇپ كەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئالبېرت بىلەن ئاۋستىرىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئاۋستىرىيەنىڭ لومباردى بىلەن ۋېنىتسىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن دەبدەبىلىك باشلانغان ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش ھاقارەتلىك كېلىشىم بىلەن ئاخىرلاشتى.

يۇقىرىدىكىلەر 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ 1 ـ باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. 1848 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1849 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىل ئىنقىلابنىڭ 2 ـ باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ.

كۇستوزا جېڭىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىر مەھەل غالجىرلىشىپ، ئىنقىلاب ھايات ـ مامات پەيتىگە دۇچ كەلدى. ئەمما ئىتالىيە خەلقى تىز پۈكمەي داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، ئىنقىلابنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئىرادىسىگە كەلدى. ئىنقىلابنىڭ 2 ـ باسقۇچىدا بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلدى، خەلق ئاممىسى ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچى بولدى.

بۇرژۇئاز دېموكراتچىلار (ئۇلارنىڭ رەھبىرى گارىبالدى ۋە ماززىنى) ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە ۋە ئاۋستىرىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مۇستەبىت تۈزۈمنى يوقىتىش تەلىپىنى روشەن گەۋدىلەندۈردى ھەمدە خەلقنى بىرلىككە كەلگەن، «ئەركىن، باراۋەر، ئادىل» جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئەمما، بۇ پىروگراممىدا خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ھەقىقىي ياخشىلاش ۋە يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىش



www.uyghurkitap.com

تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى.

يېڭى ئىنقىلاب دولقۇنى ۋېنىتسىيەدىن باشلاندى. 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ۋېنىتسىيە خەلقى كىلىشىمدە ۋېنىتسىيەنىڭ يەنە ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئامما غەزەپلىنىپ دەرھال قوزغىلاڭ كۆتۈردى. دېموكراتچىلارنىڭ يولباشچىسى ماننىن ۋېنىتسىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. كوستوزا جېڭىدىكى مەغلۇبىيەتمۇ ساردىنىيە خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىشنى ئۇلغايتىۋەتتى، گىنويە ۋە تورىنودا داۋاملىق كەڭ كۆلەملىك نامايىش بولۇپ تۇردى، پادىشاھ ئەركىنلىك مەزھىپىدىكى بورىدىنى ساردىنىيە پادىشاھلىقى ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەشكە مەجبۇر بولدى.

رىم خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىتالىيە ئىنقىلابى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى رىم ئاھالىلىرى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ: «بىزگە ئەركىنلىك كېرەك!»، «ياشىسۇن ئىتالىيە!» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى. قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن پىدائىيلار دېموكراتىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىر كۈندىن كېيىن قوزغىلاڭ پۈتۈن رىمنى قاپلىدى. خەلق ئاممىسى رىم پاپاسىنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، رىم پاپاسى پىئوس Ⅸ نى دەھرىي ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە قوشۇلۇشقا مەجبۇرلىدى. نەتىجىدە ئەركىنلىك مەزھەپىدىكىلەر دەھرىي ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. ئۇزاق ئۆتمەي رىم پاپاسى گائېتاغا قېچىپ بېرىپ، ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە تايىنىپ رىم ئىنقىلابىنى باستۇرماقچى بولدى. ئەركىنلىك مەزھىپىدىكىلەر ئىچكى كابىنېت تەشكىللىگەندىن كېيىن، رىم پاپاسى بىلەن مۇرەسسە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، رەت قىلىندى. ئەركىنلىك مەزھىپىنىڭ مۇرەسسەچىلىك سىياسىتى

خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. خەلقنىڭ بېسىمى بىلەن ئەركىنلىك مەزھىپى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتى تەشكىللەشكە مەجبۇر بولدى. 1849 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىگە ئاساسەن سايلاپ چىقىلغان ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتى قۇرۇلدى. كومىتېت گارىبالدىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، رىم پاپاسى ھۆكۈمىتىنى بىكار قىلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى رىم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە ماززىنى باشچىلىقىدىكى دېموكراتچىلار بىلەن ئەركىنلىك مەزھىپىدىكىلەردىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. يېڭى ھۆكۈمەت ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان ئىمتىيازلارنى بىكار قىلىش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەر زېمىنىنى مۇسادىرە قىلىش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە دىنىي سوتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەسسىلىنىدىغان باج تۈزۈمىنى يۇرگۈزۈش، 80 خىل تاۋارنىڭ تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلغار تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. رىم ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە، توسكانا خەلقى لىئوپولد كىنەزنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ۋېنىتسىيە، رىم ۋە توسكانانىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرغانلىقىنى جاكارلىشى ساردىنىيە پادىشاھى ئالبېرتنى ئەندىشىگە سالدى. ئۆزىنىڭ خانلىق تەختىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ 1849 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاۋستىرىيەگە قايتىدىن ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ قېتىملىق ئۇرۇش ئاران 21 كۈن داۋاملاشتى. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۇنىڭ قوشۇنى نوۋارا جېڭىدە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خانلىق تەختىنى ئوغلىغا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، ئوغلى ئىمانۇئېل Ⅱ دەپ ئاتالدى. يېڭى پادىشاھ دەرھال ئاۋستىرىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى

ئىمزالىدى.

2 ـ قېتىملىق ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئىتالىيە ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، توسكانا جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، كىنەز لېئوپولد يەنە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. ناپلېس پادىشاھى سىسىلىيەگە ھۇجۇم قوزغاپ، 5 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى پالېرمونى ئىشغال قىلدى. پالما، مودىنىنادىمۇ كونا ھاكىمىيەت ئەسلىگە كەلدى.

رىم ۋە ۋېنىتسىيەدىن ئىبارەت ئىككى جۇمھۇرىيەت ئاۋسترىيەگە قارشى داۋاملىق جەڭ قىلدى. نوۋارا جېڭىدىن كېيىن، ئاۋستىرىيە فىرانسىيە، ئىسپانىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئورتاق قوشۇن چىقىرىپ رىمغا ھۇجۇم قىلدى. جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتى ماززىنى باشچىلىقىدىكى ئۈچ تەرەپ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، ئۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. بۇ چاغدا، جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئۈچۈن، خەلق بىلەن بىرلىشىش زۆرۈر ئىدى، ئەمما ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلمىغان ۋە دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بەرمىگەن بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماززىنى گارىبالدى ئوتتۇرىغا قويغان ئاكتىپ ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلماي، نوقۇل مۇداپىئە كۆرۈش ئىستراتېگىيەسىنى قوللاندى. نەتىجىدە ئۈچ دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن رىم قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، فىرانسىيە قوشۇنى رىمغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، جۇمھۇرىيەت ئاغدۇرۇلۇپ، رىم پاپاسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنە ئەسلىگە كەلدى.

ۋېنىتسىيە خەلقى دېموكراتچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ قورشاۋىدا يەككە ـ يېگانە 11 ئايدىن ئۇزاق جەڭ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋېنىتسىيە قولدىن

كېتىپ، ئاۋسترىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىگە كەلدى.

1848 ـ يىلىدىكى ئىتالىيە ئىنقىلابى بىرقېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى بولۇپ، ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، دېموكراتچىلار يېرىم فېئوداللىق يەر مۇناسىۋىتىگە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. پايدىسىز خەلقئارا مۇھىتمۇ زور رول ئوينىدى. ئىتالىيە ئىنقىلابى ياۋروپا ئىنقىلابى پەسەيگەن مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئىنقىلابىنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ، ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ ئاسانلا بوغۇپ تاشلىشىغا ئۇچرىدى.

## 4 ـ بۆلۈم 1848 ـ يىلىدىكى ۋېنا ئىنقىلابى

### 1. ۋېنا مارت ئىنقىلابى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خابسبۇرگ خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاۋسترىيە يەنىلا تىپىك فېئوداللىق مۇستەبىت دۆلەت بولۇپ، پادىشاھ چەكسىز ھوقۇققا، ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار يەنىلا ھەرخىل سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى، كەڭ دېھقانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېزەتتى. دېھقانلار مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئېغىر سېلىقتىن باشقا، يەنە دىنىي جەمئىيەتكە ئۆشرە تاپشۇرۇشقا، خىلمۇخىل ئامالاردىكى دۆلەت بېجى، يەرلىك باجلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئاۋسترىيە ئىمپېرىيەسى يەنە گېرمانىيە تەۋەلىكىدە بولمىغان چېخلار، ۋېنگرىيەلىكلەر، رومىنىيەلىكلەر، ئىتالىيەلىكلەر، پولشالىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، «ھەممە مىللەتنىڭ تۈرمىسى» دەپ ئاتالدى. شۇڭا ئاۋسترىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق



www.uyghurkitap.com

ۋەزىپىسى فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خابسبۇرگ خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھەر مىللەت ئېزىلگۈچى خەلقنى ئازاد قىلىش بولۇپ قالدى.

ئاۋستىرىيەنىڭ باش ۋەزىرى مېتتېرنىخ چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇ مىللىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ماجىراسى پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنى دەھشەتلىك ئەزدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. شۇڭا ئاۋستىرىيەدە سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ بىر خىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ئېزىلىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيەگە چىداپ تۇرالمىغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق، بولۇپمۇ دېھقانلار دائىم ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ «تۆرىلەرنى يوقىتايلى!» دېگەن ئىنقىلابىي شوئارلارنى توۋلىدى. مېتتېرنىخ لىڭشىپ قالغان فېئوداللىق تۈزۈمنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، باستۇرۇشنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە تېخى ئەركىنلىك ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشىنى چەكلەپ، مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئۇنىۋېرسىتېت، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ساقچى قويۇپ نازارەت قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، ئاۋستىرىيە كاپىتالىزمى مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كاپىتالىستىك قول سانائەت ئىشخانىلىرى كۆنسېرى كۆپىيەۋاتقاندىن باشقا، زاۋۇتلارمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 40 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئاۋستىرىيەدىكى زاۋۇتلارنىڭ سانى 135 كە يەتتى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىدى. ئىمپېرىيە پايتەختى ۋېنا چوڭ سودا ـ سانائەت مەركىزىگە ئايلىنىپ، توقۇلما بۇيۇملاردىن باشقا زور مىقداردا زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، ئۆي جاھازلىرى، كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقاردى، باشقا جايلاردا خىمىيەلىك بوياق سانائىتى، كانچىلىق ۋە ماشىنىسازلىق تەرەققىي قىلدى. ئەمما، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتى ۋە

ئاۋستريىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاموژنا بېجى سىياسىتى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى. شۇڭا بۇرژۇئازىيە ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈنسېرى كۈچەيدى.

پارىژ فېۋرال ئىنقىلابى ۋە بېرلىن مارت ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرى ئاۋستريىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاممىنىڭ كەيپىياتى ئۆرلەپ، ۋېنانىڭ ھەممە يېرىدە ئاممىۋى يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلدى. بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقنى قوزغىلىپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پايتەختتىكى ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى نامايىش قىلىپ: «ئەركىنلىك! ئاساسىي قانۇن! ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يوقالسۇن!» «مېتتېرنىخ يوقالسۇن!» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، مەتبۇئات ئەركىنلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، زاسېداتېللىق تۈزۈمى ۋە مەسئۇل ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. نامايىشچىلار ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئوققا تۇتۇشىغا ئۇچرىدى، ئەمما تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، نامايىش قوزغىلاڭغا ئايلاندى. خەلقنىڭ بېسىمى بىلەن مېتتېرنىخ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، نىقابلىنىپ ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتتى. ئەمما، مېتتېرنىخنىڭ ئىستېپا بېرىشى خەلق ئاممىسىنىڭ كەيپىياتىنى پەسەيتەلمىدى، ئۇلار ئاساسىي قانۇن چىقىرىپ دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گېنېرال ۋىندىشگراسنى ۋېنانىڭ مەمۇرىي، ھەربىي باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ھەرىكەتنى باستۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى، كەچقۇرۇن نەچچە ئون مىڭ ئىشچى، ھۈنەرۋەن ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىمپېراتور ئوردىسىنى قاتمۇ قات قورشىۋالدى. ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي

ھەرىكىتى ئىمپېراتورنى ئاساسىي قانۇن چىقىرىشقا، ئىچكى كابىنېتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە ۋە كونا بيۇروكرات ئەمەلدارلىقتىن كېلىپ چىققان بىلالىسسىدوفنى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە تەيىنلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەت شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمىگەندەكلا ئىش بولۇپ، يېڭى ئىچكى كابىنېت يەنىلا ئىمپېراتورنىڭ قولىدىكى قورال ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىمپېراتور يەنە بۇرژۇئازىيەنىڭ مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى ۋە بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن «بىخەتەرلىك كومىتېتى» قۇرۇشقا ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قوراللىق تەشكىلات قۇرۇش هوقۇقىغا ئېرىشىپ، 4000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىدىن تەشكىللەنگەن ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، هۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش ھەم زۆرۈر تېپىلغاندا ئاممىنى قوزغاپ هۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە مىللىي قوغدىنىش قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرى بىرلىشىپ بىر مەركىزىي كومىتېت قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم ئىشچىلارمۇ قوراللاندى.

دېمەك، مارت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە، بۇرژۇئازىيە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈچىگە تايىنىپ، قىسمەن هاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئىگە بولدى.

## 2. ئىنقىلابتىن كېيىنكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى، ۋېنا ئۆكتەبىر قوزغىلىڭى

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «ئىمپېراتور ئۆزى بېكىتكەن ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلىندى، بۇ قانۇندا ئىككى پالاتالىق قانۇن چىقىرىش ئورگىنى قۇرۇش، ئىمپېراتورنىڭ چىقىرىلغان قانۇنلارنى مۇتلەق ئىنكار قىلىش هوقۇقى بولۇش بەلگىلەندى. 5 ـ

ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان سايلام قانۇنىدا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىندى ھەمدە بىرى كۆپ پومېشچىكلارلا يۇقىرى پالاتا ئەزالىقىغا سايلىنىش سالاھىيىتىگە، فورولۇن ئاۋستىرىيەنىڭ پۇل بىرلىكى كىرىم قىلالايدىغان كىشىلەرلا تۆۋەن پالاتا ئەزالىقىغا سايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بىلالىسدوفنىڭ ئىچكى كابىنېتى مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى بىلەن ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن مەركىزىي كومىتېتنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تارقىتىۋەتتى. بۇ بۇيرۇق دەرھال ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى ھەمدە 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭ جەريانىدا، قوراللىق ئىشچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى مورىنى مورىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ئەكسىيەتچى ۋەزىرلەرنى قولغا ئېلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى، ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ۋە ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھەيۋەتلىك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئالدىدا، ئىمپېراتورنىڭ قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئوردىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ ئىنسبروكقا قېچىپ كەتتى. 17 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قىلدى. ھۆكۈمەت يەنىمۇ يول قويۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتى تەشكىللەپ يېڭى ئاساسىي قانۇن چىقىرىشقا قوشۇلدى. ئەمما، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنى بىر قوراللىق كۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنى ئىنقىلاب قىلىشقا قۇترىتىدىغان خەتەرلىك

دۈشمەن دەپ قاراپ، يەنە بۆيرۆق چۈشۈرۈپ تارقىتىۋەتتى، بۇ بۆيرۆق يەنە بىرمەيدان قوزغىلاڭغا سەۋەب بولدى، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى بىلەن مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى جەڭگە قاتناشتى. نەتىجىدە، ھۆكۈمەت يەنە بىر قېتىم يول قويۇپ، ئوقۇغۇچىلار قوشۇننى تارقىتىۋېتىش بۆيرۇقىنى قايتۇرۇۋالدى.

شەھەردىكى ئىنقىلاب بىلەن تەڭلا دېگۈدەك، كەڭ يېزىلاردىكى دېھقانلارمۇ ھەرىكەتكە كەلدى ۋە فېئوداللىق كىشەنلەردىن قۇتۇلدى. ئۇلارنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرى گېرمانىيەنىڭ ھەرقانداق جايلىرىدىكىدىنمۇ چوڭ بولدى».① ئەمما، دېھقانلارنىڭ كۈرەش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىنقىلاب مېۋىسىنى بۇرژۇئازىيە نابۇت قىلىۋەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مىللىي كېڭەشتە، گەرچە جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ۋە پومېشچىكلارنىڭ سوتلاش ھوقۇقىغا ئائىت فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەر بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاساسلىق بولغان ئەمگەك ئارقىلىق تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە ئالۋان ـ ياساق ساقلاپ قېلىنىدى ھەمدە دېھقانلار بۇ فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەردىن قۇتۇلماقچى بولسا، قايتۇرۇۋېلىش پۇلى تۆلەپ سېتىۋېلىش كېرەكلىكى بەلگىلەندى.

بۇ چاغدا، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى تاماملاندى، ئۈچ قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان فېئودال كۈچلەر ئەمدى قورقۇنچلۇق ئەمەس دەپ قاراپ، كونا فېئودال كۈچلەر بىلەن مۇرەسسەلەشىشكە مايىللاشتى ۋە ئىمپېراتورنىڭ پايتەختكە قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئىمپېراتور ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ مىللىي كېڭەشنىڭ «قىزغىن» قارشى ئېلىشى بىلەن پايتەختكە قايتىپ كەلدى. بۇرژۇئازىيە فېئودال كۈچلەر بىلەن

① ئېنگېلس: «گېرمانىيە ئىنقىلابى ۋە ئەكسىلئىنقىلابى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 8 ـ توم، 39 ــ 40 ـ بەتلەر.

مۇرەسسەلىشىشكە باشلىدى. بۇ مۇرەسسەنىڭ نەتىجىسى قەدىمى ئىمپېراتورنىڭ مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى ئۆتكۈزگەن ھەربىي پاراتنى كۆرۈش، 2 ـ قەدىمى ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋېنا ئىشچىلىرى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشسىز ئىشچىلارغا بېرىدىغان ياردەم پۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى، مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى قولىدا تۆمۈرنىڭ سونۇقى يوق ئىشچىلارغا ئوق چىقىرىپ، نۇرغۇن ئىشچىنى قىرغىن قىلدى. بۇ قېتىملىق قىرغىنچىلىق بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ چەك ـ چېگرا ئاجراتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىمۇ ھۆكۈمەتنى قوللاپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى. ئەكسىيەتچى فېئودال كۈچلەر ئىنقىلاب لاگېرىدىكى بۇ بۆلۈنۈشتىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرگە قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى قارار قىلدى. ئەمما، شۇ چاغدا ۋېنگرىيەدە ئىنقىلاب ئوتى بارغانسېرى لاۋۇلداپ، ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالدى. شۇڭا ئاۋستىرىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن ۋېنگرىيەگە قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرۇش قارارىغا كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئاۋستىرىيە ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ۋېنادا تۇرۇۋاتقان قوشۇننىڭ بىر قىسمىنى ۋېنگرىيە جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بۇ چاغدا، ۋېنادىكى ئىنقىلابچى ئامما، ئەگەر ۋېنگرىيە ئىنقىلابى مەغلۇپ بولسا ۋېنادىكى ئىنقىلابمۇ ئوخشاش تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇ دەپ قاراپ، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۇششاق سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى توپلىنىپ، ۋېنادىن يولغا چىقىدىغان گىرانات ئاتقۇچى قىسمىنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىنى ئىشغال

قىلىپ، دەرھال 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قوراللاندۇردى. بىر كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن، قوزغىلاڭ غەلىبە قىلدى، ئىمپېراتور بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يەنە بىر قېتىم پايتەختتىن ئۇلمۇزغا قېچىپ كەتتى.

قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ۋېنا ھاكىمىيىتى ئۆتشاق بۇرژۇئازلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن شەھەرلىك پارلامېنتنىڭ قولىغا ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسى كۈچى ئىشچىلار، ئۆتشاق بۇرژۇئازلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەندى، ئۆتشاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلىرى رەھبەرلىك رولىنى ئوينىدى. شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى بىلەن «ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى»بولۇپ تەشكىللەنگەن قوراللىق ئىشچىلارنىڭ كۆرەش ئىرادىسى ئۈستۈن بولۇپ، ھەممەيلەن يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش كۆرىشىگە تەييار تۇراتتى. ئەمما، قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۆتشاق بۇرژۇئاز دېموكراتچىلىرى غەلىبىنى مۇستەھكەملەشكە ئاكتىپ تەدبىر قوللانمىدى. ئۇلار ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك ئورگىنى شەكىللەندۇرمەيلا قالماستىن، يېقىنلا جايدا جەڭ قىلىۋاتقان ۋېنگرىيە ئىنقىلابچى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، 7 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتىمۇ ھېچقانداق رەھبەرلىك رولىنى ئوينىيالمىدى، ھەتتا ئىمپېراتورنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۇرۇپ قويۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇلموزغا قېچىپ كەتكەن ئىمپېراتور ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى جىددىي قوشۇن توپلاپ، ئىنقىلابنى باستۇرۇشقا تەييارلاندى. يېلاچىخ ۋە ۋېندىخگراسنىڭ قوشۇنى ۋېناغا قىستاپ كەلدى. ۋېندىخگراس 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە 200 دانە زەمبىرەكنى ئىشقا سېلىپ، ۋېنانى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئۈزۈلدۈرمەي توپقا تۇتتى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ

كۈنى ۋېنا قولدىن كەتتى.

ئىنقىلابقا قارشى قوشۇن قوزغىلاڭچى خەلقتىن رەھىمسىزلەرچە قىساس ئالدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى مېسسېنخوسېل ئېتىپ تاشلاندى. 1849 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كومىتېتى تارقىتىۋېتىلىپ، فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1848 ـ يىلىدىكى ئاۋستىرىيە ئىنقىلابى بىر قېتىملىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاب يېرىم يولغا كەلگەندە خەلققە ساتقىنلىق قىلىپ، ئىنقىلابقا قارشى فېئودال كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، ئۇششاق بۇرژۇئازىلار ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا پوزىتسىيەسى قەتئىي بولمىدى.

## 5 ـ بۆلۈم 1848 ـ يىلىدىكى شەرقىي ياۋروپادىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى

### 1. 1848 ـ يىلىدىكى چېخ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى

چېخ پادىشاھلىقى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچراپ، مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە پۈتۈنلەي ئاۋستىرىيەنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. چېخ پادىشاھلىقىدا مەجبۇرىي نېمىسلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. چېخ بۇرژۇئازىيەسى پەقەت ئوتتۇرا، كىچىك

كارخانىلارنى باشقۇرۇشقىلا مەجبۇر بولدى، چوڭ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئىمىسلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئىمىسلار چېخ سودا ـ سانائەت كاپىتالىستلىرىنى چېخ بازىرىدىن سىقىپ چىقىرىشقا جىنسىنىڭ بارىچە ئۇرۇناتتى. بۇلار چېخ مىللىتىنىڭ سودا ـ سانائەت تەرەققىياتىنى زور چەكلىمىگە ئۇچراتتى. چېخ ئەمگەكچى خەلقى ئۆز دۆلىتىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە خابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ قوشلاپ ئېزىشىگە ئۇچرىدى. دېھقانلار تېخىمۇ ئېغىر ئېزىلدى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىندى. ئۇلار يۇقىرى سوممىلىق فېئوداللىق ئىجارە ھەققى تاپشۇرغاندىن باشقا، يەنە ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان ئالۋانغا ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا تۇرمۇش كەچۈردى.

گەرچە ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى چېخ پادىشاھلىقىدىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولسىمۇ، ئەمما 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، چېخ ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايونغا ئايلاندى. بۇ دەۋردە چېختا 200 دىن ئارتۇق پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بارلىققا كېلىپ، كۆپ قىسىم فابرىكىلاردا پار ماشىنىسى ئىشلىتىلدى، پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىدىكى مەھسۇلاتنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىدى. پراگا ماشىنىسازلىق مەركىزىگە ئايلاندى، ماشىنىسازلىقنىڭ تەرەققىياتى مېتاللۇرگىيە سانائىتىگە تۈرتكە بولۇپ، چويۇن، پولات تاۋلاش ۋە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. سانائەتنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئىشچىلار قوشۇنىنى ئۈزۈكسىز زورايتتى، پەقەت يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ سانىلا نەچچە ئون مىڭغا يەتتى.

كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چېخ بۇرژۇئازىيەسى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ساداسى بارغانسېرى كۈچەيدى. چېخ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە

بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلدى، ئەمما، بۇرژۇئازىيە ئىچىدە مۆتىدىل ئەركىنلىك مەزھىپى ۋە ئىنقىلابىي دېموكراتچىلار مەزھىپى شەكىللەندى. مۆتىدىل ئەركىنلىك مەزھىپى مىللىي مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويماي، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم ئورنىتىش، ئەركىنلەشتۈرۈش، چېخ تىلى بىلەن نېمىس تىلىنى باراۋەر ئورۇنغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئوداللىق مەجبۇرىيەتنى پۇلغا سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىنقىلابىي دېموكراتچىلار مىللىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە كاتولىك دىنى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، فېئودالىق مەجبۇرىيەتنى شەرتسىز بىكار قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئورنىتىش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەزھەپ 1846 - يىلى پراگادا سىڭپىرش دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخپىي تەشكىلات قۇردى. بۇ تەشكىلات ئىشچىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن كىچىك گۇرۇپپا ۋە تەشكىلاتلارغا رەھبەرلىك قىلدى.

ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار بولسا بىۋاسىتە ھەرىكەت قىلدى. 1848 - يىلى ئىنقىلاب ھارپىسىدا، ئىشچىلار پراگا ۋە باشقا شەھەرلەردە كۆلىمى چوڭ بولغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى بۇزۇش كۆرىشىنى قانات يايدۇردى، دېھقانلار دائىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، باشقۇرغۇچىلىرىنى ئۆلتۈردى، ئىجارە ھەققى تاپشۇرۇش ۋە ئالۋانغا ئىشلەشنى رەت قىلدى.

چوڭ ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ، چېخ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى، شۇڭا ئۇلار ئىنقىلابنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

3 - ئاينىڭ بېشىدا، پراگا ۋە باشقا شەھەرلەردە تەشۋىق

ۋەرەقىلىرى تارقىلىپ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش ۋە پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى تەلەپ قىلىندى. چاقىرىق قىلىش بىلەن خەلق ئاممىسى مۇراجىئەتنامە سۇنۇپ، چېخنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن بىرلىككە كەلگەن پارلامېنت تەشكىللەشنى، فېئوداللىق مەجبۇرىيەتلەرنى بىكار قىلىشنى، چېخ تىلى بىلەن نېمىس تىلىنى باراۋەر ئورۇنغا قويۇپ، مەسئۇل ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، فېردىناند I ئامالسىز مەسئۇل ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە، چېخ تىلى بىلەن نېمىس تىلىنى باراۋەر ئورۇنغا قويۇشقا قوشۇلدى.

خەلق ھەرىكىتىدىن قورقۇپ كەتكەن بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك مەزھىپى خەلقنىڭ كۈرەش نىشانىنى بۇراش ئۈچۈن، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پراگادا چېخ زېمىنىدىكى سلاۋيان ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا چېخ ئەركىنلىك مەزھىپى ئەسلىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى تەلىپىدىن ۋاز كېچىپ، خابسبۇرگ خانىدانلىقى مەيدانى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاۋستىرىيەنىڭ ئىمپېرىيە زېمىنىدىكى غەيرىي نېمىسلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئەركىنلىك مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە، چېخ دېموكراتچىلىرى ئىنقىلابىي مەيداندا چىڭ تۇردى ھەمدە 6 ـ ئايدا پارتلىغان پراگا قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلدى.

ۋېنا ماي قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە، چېخ زېمىنىدىكى ئىشچىلار، دېھقانلارنىڭ كۈرىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. پراگا كوچىلىرىغا ئەسكەرلەر تۇرغۇزۇلۇپ، ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. پراگادىكى دېموكراتچىلار ھۆكۈمەتتىن ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ، ئىنقىلابقا قارشى گېنېرال ۋىندىخگراسنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، رەت قىلىندى. دېموكراتچىلارنىڭ چاقىرىقى بىلەن، پراگادىكى ئىشچى ـ دېھقانلار، نامراتلار ۋە ئىنقىلابىي زىيالىيلار

www.uyghurkitap.com

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلدى. جەڭ بەش كۈن داۋاملىشىپ، 17 ـ كۈنى باستۇرۇۋېتىلدى.

6 ـ ئايدىكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چېخ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى پەسىيىپ قالدى، ئەركىنلىك مەزھىپىدىكىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا خائىنلىق قىلىپ، ئاۋستىرىيەنىڭ قۇلى بولۇش يولىنى تاللاپ، خابسبۇرگ خاندانلىقىنىڭ ۋېنگىرىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇشىنى قوللىدى.

## 2. ۋېنگىرىيە مىللىي ئازادلىق كۈرىشى

1848 ـ يىلى ئىنقىلاب ھارپىسىدا، ۋېنگىرىيە يەنىلا ئاۋستىرىيە خابسبۇرگ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى فېئوداللىق دۆلەت ئىدى. دۆلەت پادىشاھلىقىنى ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، ۋېنگىرىيەگە باش ۋالىي ئەۋەتىپ باشقۇردى. ۋېنگىرىيەدە گەرچە پارلامېنت بولسىمۇ، ئەمما ھەربىي ئىشلار بىلەن تاشقى ئىشلارغا ئارىلىشالمايتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئاۋستىرىيەنىڭ بېقىندىسى بولۇپ، ئاۋستىرىيەگە ئاشلىق ۋە گۆش ئېكسپورت قىلىپ، ئاۋستىرىيەدىن سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلاتتى. ئاۋستىرىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى پۈتۈن سودا سوممىسىنىڭ 90% ىنى ئىگىلەيتتى.

ۋېنگىرىيە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولۇپ، چوڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدا زور مىقداردا تېرىلغۇ يەرلەر بار ئىدى، ئۇلار ئۇششاق دېھقانلار ۋە يالالانما دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى، بۇ خابسبۇرگ خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈۋرۈكى ھېسابلىناتتى. ئەمما، ئوتتۇرا، ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەر بىلەن سودا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئالاقىسى بولۇپ، ئۇلار ۋېنگىرىيە بىلەن

ئاۋستريىەنىڭ باراۋەر سىياسىي ئورۇندا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلغاچقا، خابسبۇرگ خانىدانلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى كېرسۇت (1802 ـــ 1894) 1847 ـ يىلى ۋېنگىرىيە پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاندى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، ۋېنگىرىيە كاپىتالىزمى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1846 ـ يىلى، پۈتۈن ۋېنگىرىيەدە 875 ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەن ئۇستىخانىسى بارلىققا كەلدى، يەنە بوياقچىلىق، يىپ ئېگىرىش، قويمىچىلىق ۋە باشقا ساھەلەردىكى قول سانائەت ئۇستىخانىلىرىمۇ پەيدا بولدى. سودا ـ سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تاۋار ئوبوروتى قاتناش ـ ترانسپورت ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

1848 ـ يىلىدىكى ۋېنگىرىيە ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى خابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىپ، بۇرژۇئاز دېموكراتىك ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش بولدى. ئىنقىلابنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ۋە ۋېنگىرىيەلىك چوڭ ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار، ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىشچىلار ـ دېھقانلار ۋە شەھەرلەردىكى ئۇششاق بۇرژۇئازلار، ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئىتتىپاقى بولدى.

1848 ـ يىلىنىڭ ھارپىسىدا، تاتلىق ياڭيۇ زىيانداش قۇرت كېسەللىكى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى ھەمدە ئەنگلىيەدىن باشلانغان ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ ۋېنگىرىيەگە تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى ۋېنگىرىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىشسىز قېلىشى، دېھقانلارنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالنى كۆرمەسكە سېلىپ، ۋېنگىرىيە خەلقىنى شۇلۇۋېلىش، قاقتى ـ سوقتى

قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ۋېنگرىيەلىك چوڭ ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار ئىقتىسادىي كىرىزىسنى خەلقنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ، زىياننى خەلقتىن ئۈندۈرۈۋالدى. بۇلار كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى تامامەن ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدۇردى.

ۋېنا مارت ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ۋېنگرىيەلىك مەشھۇر ئىنقىلابىي شائىر شاندول پېتوفىنىڭ رەھبەرلىكىدە پېستتا قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار دەسلەپتىلا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پىروگراممىسى — «12 ماددا»[①]نى ئوتتۇرىغا قويدى، پىروگراممىدا بىرقەدەر مۆتىدىل تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. قوزغىلاڭچىلار شۇ كۈنىلا پۈتۈن پايتەختنى كونترول قىلىپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنى قۇردى. بۇ كومىتېت مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي پىروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىنقىلابنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئىنقىلاب پۈتۈن ۋېنگرىيە زېمىنىدا قانات يايغان ۋەزىيەت ئاستىدا، ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فېردىناند I ۋېنگرىيە

---

① «12 ـ ماددا»نىڭ مەزمۇنى: مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇپ، مەتبۇئات بۆيۈملىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ۋېنگرىيە مەسئۇل ئىچكى كابىنېتنى قۇرۇش؛ ۋېنگرىيە مىللىي پارلامېنتنى تەشكىللەش؛ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش؛ مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى قۇرۇش؛ ئومۇميۈزلۈك باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ ئالۋان تۈزۈمىنى بىكار قىلىش؛ سوت زاسېداتېللىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش؛ مىللىي بانكا تەسىس قىلىش؛ ئارمىيە ئاساسىي قانۇنغا سادىق بولۇش، ۋېنگرىيە ئارمىيەسىنى چەت ئەللەرگە ئەۋەتمەسلىك، چەت ئەل قوشۇنلىرىمۇ ۋېنگرىيە زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش؛ سىياسىي جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلارغا ئەركىنلىك بېرىش؛ ترانسىلۋانىيە بىلەن قوشۇلۇپ، باراۋەر، ئەركىن، ئۆزئارا مېھرىبان ئۆتۈش.

مەسئۇل ئىچكى كابىنېتنى قۇرۇشقا نائىلاج ماقۇل بولدى. 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مۆتىدىل مەزھەپتىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىلى پاتتىئانىنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ تۇنجى ۋېنگرىيە مەسئۇل ئىچكى كابىنېتىنى تەشكىللىدى. بۇ ئىچكى كابىنېت ۋە پارلامېنت خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى بىلەن تۆۋەندىكى قانۇن - پەرمانلارنى ئېلان قىلدى. ۋېنگرىيە ھەربىي ۋە مالىيە جەھەتتە مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولىدۇ؛ ئۆشرە ۋە دېھقانلارنىڭ ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى بىكار قىلىنىدۇ. ئەمما، ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى شەرتسىز بىكار قىلىنماي، دېھقانلار بۇنى پۇل تۆلەپ سېتىۋېلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. فېردىناند I بۇ قانۇننى تەستىقلاشنى كېچىكتۈرۈپ 4 - ئايغا كەلگەندە ئاندىن تەستىقلىدى.

ئەمما، ئاۋسترىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى بۇلارغا ھەرگىزمۇ تەن بەرمەي، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يېلاچىچنى ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنى باستۇرغۇچى ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، 11 - كۈنى يېلاچىچ زور قوشۇننى باشلاپ ۋېنگرىيەگە يۈرۈش قىلدى.

ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن ۋېنگرىيە خەلقى، بولۇپمۇ دېھقانلار قوغدىنىش ئىنقىلابىي ئۇرۇشىغا بەس - بەستە قاتناشتى. ۋېنگرىيە پارلامېنتى خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى قۇرۇپ پاتتىئانىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى قارار قىلىپ، كورسوتنى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ۋېنگرىيە خەلقى كورسوتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابنى قوغداپ، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش جېڭىگە ئاتلاندى. خەلق ئارمىيەسىنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە، ئاۋسترىيە قوشۇنى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 10 - ئاينىڭ بېشىدا ئۇدا ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاۋسترىيە زېمىنىغا چېكىندى.

ۋېنا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى يەنە ۋېنىدىخگراسىنى چوڭ قوشۇن باشلاپ ۋېنگرىيەگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. كورسوت دۈشمەن قوشۇنىنى بۇرنىدىن يېتىلەپ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈش ۋە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئىستراتېگىيەسىنى قوللاندى. ئەمما، بۇ ئۇسۇل ۋېنگرىيەنى پايدىلىق مۇداپىئە شارائىتىدىن ئايرىپ قويدى، دۈشمەن قوشۇنى ئۇدۇل بۆسۈپ كىرىپ، 1849 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پېشتنى ئىشغال قىلدى. ۋېنگرىيە پارلامېنتى دېبرېتسېنغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئەمما ۋېنگرىيە ئىنقىلابچىلىرى بەل قويۇۋەتمىدى، 1849 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋېنگرىيە پارلامېنتى مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ماقۇللاپ، ۋېنگرىيەنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە كورسوتنى دۆلەت باشلىقلىقىغا سايلىدى. مۇستەقىللىقنىڭ جاكارلىنىشى خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە مەدەت بەردى، جەڭ مەيدانىدىكى جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى، ئاۋستىرىيە قوشۇنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پايتەخت پېشت قايتۇرۇۋېلىندى.

ۋېنگرىيە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسى ياۋروپادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. «ياۋروپا ژاندارمىسى»دەپ نام ئالغان چارپادىشاھ نىكولاي I تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، چۈنكى، ۋېنگرىيە ئىنقىلابى غەلىبە قىلسا، پولشا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمۇ ئەۋجگە چىقىپ، ياۋروپانىڭ نورمال ئەكسىيەتچى تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلايتتى. شۇڭا ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى رۇسىيەنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغاندا، نىكولاي I دەرھال ماقۇل بولدى. 1849 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى رۇسىيە قوشۇنى

www.uyghurkitap.com

باسگوۋچىنىڭ باشچىلىقىدا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ۋېنگرىيەگە ھۇجۇم قىلدى. 100 مىڭ كىشىلىك تارماق قوشۇن ئۇدۇل گارسىيەگە، 38 مىڭ كىشىلىك يەنە بىر تارماق قوشۇن مولدوۋا ۋە ۋالاچىياغا باستۇرۇپ كەلدى.

روسىيەنىڭ ئەسكەر چىقىرىشى بىلەن ۋېنگرىيە ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن دۈشمەنگە دۇچ كەلدى. ۋېنگرىيە قوشۇنى جەڭ مەيدانىدا كەينى ـ كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئۇرۇش 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىپ، ۋېنگرىيە قوشۇنىنىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىرىنچىدىن، روسىيەنىڭ ئەسكەر چىقىرىشى، ئىككىنچىدىن، ۋېنگرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇرەسسەچى تەسلىمچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، ئۈچىنچىدىن، ۋېنگرىيە ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى سۇبيېكتىپ جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى سەۋەب بولدى. ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىدىن كېلىپ چىققان كورسوت دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلمىدى، دېھقانلارنى ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلماي، ئاخىر دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئۆز زېمىنىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت — سلاۋيانلار ۋە رومىنىيەلىكلەرنىڭ ئاپتونومىيە تەلىپىنى رەت قىلىپ، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ۋېنگرىيە ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ياۋروپا ۋە ۋېنگرىيە ئىنقىلابى تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى تادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئون بىرىنچى باب

# 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ــ 60 ـ يىللىرىدىكى ياۋروپا مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتى

1848 ـ يىلىدىكى ياۋروپا ئىنقىلابى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ياۋروپادىكى فېئوداللىق تۈزۈمگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كاپىتالىزمنىڭ 50 ــ 60 ـ يىللاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولدى. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، 50 ــ 60 ـ يىللاردا، ياۋروپادا مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەر يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى، سىنىپىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى، تارىخىي ئەنئەنىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەرىكەتتە قوللانغان ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمىدى. كاپىتالىستىك ئىلغار دۆلەت ئەنگلىيەدە پرولېتارىيات سىنىپىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان دېموكراتىك ھوقۇقنى كېڭەيتىش كۈرىشى ۋە ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بولۇپ ئىپادىلەندى، ئوتتۇرا ياۋروپادىكى گېرمانىيە، ئىتالىيەدە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى، ئىقتىسادى قالاق رۇسىيەدە بولسا، يانچىلىق تۈزۈمنى يىكار قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىسلاھات ھەرىكىتى بولۇپ ئىپادىلەندى. 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب بورىنى جەريانىدا، ياۋروپا بۇرژۇئازىيەسى ئىنقىلاب روھىدىن تېخىمۇ ئايرىلىپ

قالدى، پىرولېتارىيات سىنىپى تەشكىلىي، سىياسىي جەھەتتە تېخى پىشىپ ـ يېتىلمىگەچكە، گېرمانىيە، ئىتالىيەدىكى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ئەڭ ئاخىرىدا «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش»تەك ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ قالدى. رۇسىيەدە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاجىزلىقى ۋە چار پادىشاھ تۈزۈمىگە بولغان بېقىنىشچانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىسلاھاتمۇ «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولىنى تاللىدى. «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» ئىسلاھاتى بۇ دۆلەتلەردىكى ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ۋە يەر مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا فېئودالىزمنىڭ كاپىتالىزمغا ئۆتۈش باسقۇچىنى تاماملىدى.

50 — 60 ـ يىللاردىكى ياۋروپا مىللىي دېموكراتىك ھەرىكىتى ياۋروپا بۇرژۇئا ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۇقىرى دولقۇنى بولۇپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئورنىتىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

## 1 ـ بۆلۈم ئەنگلىيەنىڭ سانائەت زومىگەرلىكى ۋە ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى

### 1. ئەنگلىيەنىڭ «دۇنيا زاۋۇتى» بولۇپ قېلىشى

19 ـ ئەسىرنىڭ 50 — 60 ـ يىللىرى ئەنگلىيە ئىقتىسادى يۈكسەلگەن مەزگىل بولۇپ، بۇ چاغدا ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىنى تاماملاپ، ماشىنا بىلەن ماشىنا ياساش باسقۇچىغا كىردى. بۇ سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شارائىت يارىتىپ بەردى.

1850 ـ يىلى ئەنگلىيەدە 190 پاختا يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى بار ئىدى، 1870 ـ يىلىغا كەلگەندە 2400 گە يېتىپ

پاختىغا بولغان ئېھتىياج بىر ھەسسە ئاشتى. مېخانىكىلىق ئۇرچۇق 30 مىليونغا يېتىپ، فىرانسىيە ياكى ئامېرىكىدىن ئالتە ھەسسە، پرۇسسىيەدىن 20 ھەسسە كۆپ بولدى. ئوخشاش مەزگىلدىكى كۆمۈر مەھسۇلاتى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ 49 مىليون توننىدىن 110 مىليون تونناغا يەتتى. چويۇننىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 200 مىڭ توننىدىن 6 مىليون تونناغا يېتىپ، دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا باشتىن - ئاخىرى 1 - بولۇپ كەلدى. 1850 - يىلىدىكى دۇنيا بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان، چويۇننىڭ يېرىمىنى، كۆمۈرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئەنگلىيە ئىشلەپچىقاردى، دۇنيادىكى پاختىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك پىششىقلاپ ئىشلىدى.

50 - يىللاردا ئەنگلىيەدە نەچچە ئون مىڭ ئىشچى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار بارلىققا كەلدى، بەزى زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلارنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شەھەر نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 60% نى ئىگىلىدى.

ئەنگلىيە تاۋارلىرى چەت ئەلگە كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىندى. يېنىك سانائەت بۇيۇملىرىدىن باشقا، ھەرخىل ئېغىر سانائەت بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ ماشىنا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. 1842 - يىلى، ھۆكۈمەت ماشىنا ئېكسپورتىدىكى بارلىق چەكلىمىلەرنى بىكار قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ماشىنا ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى. 1845 - يىلىدىن 1870 - يىلىغىچە بولغان 25 يىل ئىچىدە، ئەنگلىيە ماشىنىلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى توققۇز ھەسسە ئاشتى. ئەنگلىيە تۇنجى بولۇپ مىتالدىن كېمە ياسىغان دۆلەت بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە كېمە ياساپ بەردى. ئەنگلىيە يەنە خەلقئارا دېڭىز تىرانسپورتىنى مونوپول قىلىۋالدى. ئەنگلىيە پورتلىرىدىن يولغا چىققان نەچچە مىڭ كېمە - پاراخوت ھىندىستان، جۇڭگو، ياپونىيە، ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە باراتتى.

سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە دېڭىز ترانسپورتىدىكى ئۈستۈنلۈك ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ دۇنيا بازىرىدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى كاپالەتلەندۈردى. 1850 ـ يىلدىن 1870ـ يىلغىچە، ئەنگلىيە دۇنيا سودىسىدا 1 ـ بولۇپ كەلدى. 1870ـ يىلدىكى دۇنيا سودا ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليارد 400 مىليون مارك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەنىڭ سودا سوممىسى 9 مىليارد 180 مىليون مارك، ئۇنىڭغا ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىنىڭ سودا سوممىسى قوشۇلۇپ 14 مىليارد مارك بولدى، ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەت تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەنگلىيە تاشقى سودىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئەنگلىيە ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ، چەت ئەلدىن سانائەت خام ئەشيالىرى ۋە ئاشلىق ئىمپورت قىلاتتى. ئەنگلىيەدىكى چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا گەرچە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلغان، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سالمىقى روشەن ھالدا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. ئەنگلىيە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خام ئەشيا ۋە ئاشلىق كىرگۈزۈپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىدىغان «دۇنيا زاۋۇتى»بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تالان ـ تاراج قىلىشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

كەڭ كۆلەمدە مۇستەملىكىلەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ئاساسلىق شەخس لورد مەرتىۋىسىگە

ئېرىشكەن پالمېرستون (1784 ـ 1865) بولۇپ، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولغان. 1855 ـ يىلىدىن 1858 ـ يىلىغىچە ۋە 1859 ـ يىلىدىن 1865 ـ يىلىغىچە ئىككى قېتىم باش ۋەزىر بولغان، پالمېرستون ئەركىنلىك ھەققىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئاجىز ـ كىچىك دۆلەتلەرنى بويسۇندۇردى. 1876 ـ يىلىغا كەلگۈچە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرىنىڭ يەر مەيدانى 22 مىليون 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا، نوپۇسى 250 مىليونغا يەتتى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى مۇستەملىكىلىرىنى كېڭەيتىش جەريانىدا نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. پەقەت جۇڭگوغا ئەپيۇن يۆتكەپ سېتىش سودىسىدىلا، 1835 ـ يىلىدىن 1872 ـ يىلىغىچە 140 مىليون پوند پايدا ئالدى. 1860 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا ئېكسپورت قىلغان پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ مىقدارى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەرگە چىقارغان پاختا توقۇلما مىقدارىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ بىر ھەسسە كۆپ بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە كۆپ پايدا ئالدى. سانائەتتىكى مونوپوللۇق ئورنى ۋە ناھايىتى كەڭ مۇستەملىكىسى ئەنگلىيەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا جاھانگىرلىك خاراكتېرىگە ئىگە قىلدى. لېنىن مۇنداق دېگەن: «ئەنگلىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاز دېگەندىمۇ جاھانگىرلىكنىڭ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىدى: ئۇنىڭ بىرى، ئەنگلىيە ناھايىتى كەڭ زېمىننى مۇستەملىكە قىلىۋالدى؛ ئىككىنچىدىن، پايدىنى مونوپول قىلىۋالدى (يەنى ئەنگلىيە دۇنيا بازىرىدا پايدىنى مونوپول قىلىۋالدى.»①

ئەمما، بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ئالدى بىلەن بۇرژۇئازىيەنى

① لېنىن: «جاھانگىرلىك ۋە سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدىكى بۆلۈنۈش»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 710 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

سەمرىتتى. بۇرژۇئازىيەنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەمگەكچى خەلقنىڭ نامراتلىق ھالىتى ئۆزگەرمىدى. 1860 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى مىللىي دارامەتنىڭ 36.5% ئى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 2% ىگىمۇ يەتمەيدىغان ھۆكۈمران سىنىپ ــ چوڭ سانائەتچىلەر، بانكىرلار ۋە چوڭ پومېشچىكلارغا تەۋە بولدى، ئەكسىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80% ىتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان ئىشچىلار بولسا مىللىي دارامەتنىڭ 40% ىگىلا ئىگە بولدى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار زەي ـ قاراڭغۇ، تار ئۆيلەردە قىستىلىشىپ ياشايتتى، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەنلىكتىن، ئىشچىلار ئولتۇراق رايونىدا دائىم يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ كېتەتتى. ئەمگەك سىجىللىقى كۈنسېرى ئاشقانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋەقە يۈز بېرىپ تۇراتتى. 1851 ـ يىلىدىن 1871 ـ يىلىغىچە، پەقەت ئەنگلىيە كۆمۈر كانلىرىدا مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق گاز پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بەش مىڭغا يېقىن ئىشچى ھاياتىدىن ئايرىلدى.

## 2. ئەركىن سودا ۋە «لىبېرالىزم»لىق ھۆكۈمرانلىق

سانائەتتىكى مونوپوللۇق ئورنىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەركىن سودا سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئىلگىرى، ئۇزاقتىن بۇيان يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان «دېڭىز قاتنىشى نىزامى»، «كۆرسىتىلگەن تاۋارلار قانۇنى» ۋە «ئاساسلىق تاۋارلار قانۇنى» ھەمدە 1815ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «دانلىق ئاشلىق قانۇنى» دىن ئىبارەت سودا ئەلاچىلىقى سىياسىتىنى گەۋدىلەندۇردى. بۇ سىياسەتلەر ئەنگلىيە سودىگەرلىرى، پاراخوت خوجايىنلىرى ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، قىسمەن ھالدا ئەنگلىيە سانائىتىنى قوغداش (مەسىلەن،

«كۆرسىتىلگەن تاۋارلار قانۇنى» ۋە «ئاساسلىق تاۋارلار قانۇنى») مەقسەت قىلىنىپ يولغا قويۇلغانىدى. ئەمما، 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي كۈچى بارغانسېرى ئېشىپ، سودا ئەلاچىلىقى سىياسىتى يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەلىپىگە بارغانسېرى ماسلىشالماي قالدى. «دېڭىز قاتنىشى نىزامى»نى مىسالغا ئالساق، بۇ نىزامغا ئاساسەن، دېڭىز قاتنىشىنى مونوپول قىلىۋالغان ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئىمپورت قىلىنغان خام ئەشيالارنىڭ باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋالىدىغان بولۇۋالدى، بۇ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىگە پايدىسىز ئىدى. «كۆرسىتىلگەن تاۋارلار قانۇنى» ۋە «ئاساسلىق تاۋارلار قانۇنى»نىڭ ئاساسىي مەقسىتى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنى ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشيا بازىسى ۋە تاۋارلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىش بازىرىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قانۇنلار 17 ـ، 10ـ ئەسىردە ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان ئەنگلىيە سانائىتىنى قوغداش رولىنى ئوينىغانىدى. ئەمما، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگە كەلگەندە، كۈچلۈك ئەنگلىيە سانائىتى دۆلەتنىڭ قوغدىشىغا موھتاج بولماي قالدى، بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ سىياسەتلەر تاۋار ئوبوروتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولۇپ قالدى. «دانلىق ئاشلىق قانۇنى» ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيەسىگە تولىمۇ پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كەلدى: بىرىنچى، بۇ قانۇن ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى يۇقىرىلىتىۋەتتى. بۇ ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ چەت ئەل تاۋارلىرى بىلەن بولغان رىقابىتىگە پايدىسىز ئىدى؛ ئىككىنچى، بۇ قانۇن چەت ئەل بۇغدايلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش كۈچىنى

ئاجىزلىتىۋەتتى. شۇڭا، 1832 ـ يىلى پارلامېنت ئىسلاھاتىدىن كېيىن سەھنىگە چىققان سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ۋەكىللىرى، يۇقىرىدىكى بىر قاتار سودا ئەلاچىلىقى قانۇنلىرىنى بىكار قىلىش كۈرىشىنى باشلىدى. 1846 ـ يىلىغا كەلگەندە پارلامېنتنى «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نى بىكار قىلىشقا مەجبۇرلىدى. 1849 ـ يىلى «دېڭىز قاتنىشى نىزامى»مۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇلاردىن باشقا، 1846 ـ يىلىدىن 1849ـ يىلىغىچە، پارلامېنت يەنە 100 خىل ئەتراپىدىكى تاۋارنىڭ ئىمپورت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ تەدبىرلەر ئەركىن سودىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ئەركىن سودا سىياسىتىنى ئۆز دۆلىتىدە يۈرگۈزۈپلا قالماي، بەلكى ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ راۋان ئوبوروت قىلىنىشى ئۈچۈن، باشقا دۆلەتلەردىنمۇ ئەركىن سودا سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. چەت ئەللەرنى ئەركىن سودا سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى ھەتتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاشتىنمۇ يانمىدى. 1840 ـ يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشىنى، 1854 ـ يىلى قىرىم ئۇرۇشىنى، 1856ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغاش مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بولدى. ئەنگلىيە يۈرگۈزگەن ئەركىن سودا سىياسىتى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىنىڭ ھۈنەرۋەن ھەم دېھقانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي سانائىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان لىبېراللار پارتىيەسى ئەركىن سودا سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى 20 يىل ئىچىدە، ئاساسەن لىبېراللار پارتىيەسى[1] ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، بۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك

---

[1] بۇ 20 يىل ئىچىدە، لىبېراللار پارتىيەسى 15 يىل، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بەش يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيەسى يەنىلا چوڭ پومېشچىكلارنىڭ تەسىر كۈچى ۋە كونا تۈزۈم قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدى، مەسىلەن، پادىشاھلىق تۈزۈم، يۇقىرى پالاتا، بىكار تەلەت ئاقسۆڭەكلەرنى ئەتىۋارلاش، دۆلەت دىنىي جەمئىيىتى قاتارلىقلار ساقلىنىپ قالدى. ئەگەر ئۇلار كونا جەمئىيەتنىڭ بۇ قالدۇقلىرىنى تولۇق يوقاتماقچى بولسا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى، ئەمما ئۇلار ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەھەتتىكى مول تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە رازىكى، ئىشچىلار سىنىپىدىن ياردەم سوراشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرژۇئازىيە بىلەن چوڭ پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتى نۇرغۇن جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى پالمېرستون ۋە گىلادستونى سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ مەنپەئەتىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغداپ، سودا ـ سانائەتنىڭ گۈللىنىشىدىن نۇرغۇن نەپكە ئېرىشتى. 500 مىڭ ئىنگلىز موسى مۇنبەت تېرىلغۇ يېرى بار گىراف بوكلېۋ ۋە شوتلاندىيەدە 1 مىليون ئىنگلىز موسى يەرگە ئىگە گىراف سايىنت دۇرلىنىگ سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى.

لىبېراللار پارتىيەسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەركىن سودا سىياستىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە، سىياسىي جەھەتتە لىبېرالىزملىق سىياسەتنى يولغا قويىدى، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: بىرىنچى، پارلامېنتنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، غايەت زور بيۇروكرات ھەربىي ساقچى ئاپپاراتى بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. ئىككىنچى، پىكىر قىلىش، مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، ئۇيۇشمىلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى قاتارلىق دېموكراتىيە يولغا قويۇلدى، ئىشچىلار

تەشكىلاتلىرى ۋە دېموكراتىك تەشكىلاتلار قانۇنلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بولدى. پۇتكۇل 19 ـ ئەسىردە، ئەنگلىيە پاشتىن ـ ئاخىر چەت ئەللىك ئىنقىلابچى سەرگەردانلارنىڭ پاناھگاھى بولۇپ كەلدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بۇ خىل لىبېراللىزملىق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇشىغا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە يولباشچىلىق قىلىدۇ، ئىشچىلار سىنىپى ھازىرقى تۈزۈم ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلمايدۇ، شۇڭا نوقۇل زورلۇق ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىغانلىقى سەۋەب بولدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى: بۇرژۇئازىيەنىڭ «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك» دېگىنى پەقەت ئەنگلىيە تۇپرىقىدىلا چەكلەنگەن بولۇپ، ئەنگلىيەگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەردە بۇنداق لىبېراللىزم تونۇس يېرىتىپ تاشلاپ، ئۇچۇق ـ ئاشكارا، قانلىق زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

### 3. ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى

ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى (ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى) سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مەھسۇلى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە ئىشچىلار سىنىپى سىنىپ بولۇپ دۇنياغا كەلدى. ئىشچىلار سىنىپى دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا بۇرژۇئازىيە بىلەن كۆرەش قىلدى، كۆرەش قىلىش ئۈچۈن ئۆزئارا بىرلىشىش زۆرۈر بولغاچقا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. 1792ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى پاختا يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بارلىققا كەلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گەرچە بىر مەزگىل مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، 1824 ـ يىلىدىن باشلاپ قانۇنلۇق ئورۇنغا ئۆتتى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ئاكتىپ رول

www.uyghurkitap.com

ئۆيىندى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولغاچقىلا ئىشچىلار بىرلىشىپ كارخانا غوجايىنلىرىنىڭ زۇلۇمىغا تاقابىل تۇرالىدى، يەنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش تاشلاش كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ۋاقتىنى قىسقارتىش، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىقلارنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىش تاشلاش كۈرىشى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئېڭىنى ئۆستۈردى. شۇڭا ئېنگېلس ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىش تاشلاش كۈرىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ، مۇنداق دەپ يازغان: «ئىش تاشلاش كۈرىشى ئىشچىلارنىڭ ھەربىي مەكتىپى، ئىشچىلار بۇ مەكتەپتە مەشىقلەندۈرۈلۈپ، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ كۈرەشكە ئاتلىنىشقا تەييارلىنىدۇ...»①

ئەنگلىيە ئىشچىلىرىمۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە. 1834 ـ يىلى قۇرۇلغان «مەملىكەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىتتىپاقى» نىزامنامىسىنىڭ 46 ـ ماددىسىدا تەنتەنىلىك ھالدا مۇنۇلار جاكارلاندى: «گەرچە بۇ ئۇيۇشمىنىڭ مەقسىتى، ئالدى بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەمگەك ۋاقتىنى قىسقارتىشنى قولغا كەلتۈرۈش بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئاخىرقى نىشانى تىرىشچانلىق ۋە ئادىمىيلىككە خاس تەڭداشسىز ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەر تەرتىپىنى ئورنىتىش زۆرۈر، بۇ تەرتىپ ئاستىدا، پەقەت جەمئىيەتتىكى ھەققىي كىرەكلىك، بىلىملىك كىشىلەرلا رەھبەرلىك

① ئېنگېلس: «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى»، 275 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى 1956 ـ يىلى.

ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.»

19- ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا، ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ باش ئۇيۇشما بولۇپ قۇرۇلدى. 1860 ـ يىلى «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى» قۇرۇلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنى ئىدى.

ئەمما، دەل مۇشۇ دەۋردە، ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرىكىتىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاممۋى، جەڭگىۋار ئىشچىلار تەشكىلاتىغا ئوخشىماي قالدى. بىرىنچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتىغا ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن، 1851 ـ يىلى قۇرۇلغان «بىرىكمە ماشىنا ئىشچىلىرى جەمئىيىتى» بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىق بەدىلى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر شىللىڭ تاپشۇرۇشقا توغرا كەلگەچكە، ئىش ھەققى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مەلىكىلىك ئىشچىلارلا ئەزا بولالايتتى، شۇڭا ئاران 10 مىڭلا ئەزاسى بولۇپ، ئەزا سانى ناھايىتى ئاز ھېسابلىناتتى. ئىككىنچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى مەملىكەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنى كونترول قىلىپ تۇراتتى. رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئىشچىلار قوشۇمچە ئۈستىگە ئالماستىن، بەلكى مەخسۇس ئادەم ئۈستىگە ئالاتتى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇيۇشما ئەزالىرى بىلەن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. ئۈچىنچى، ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت تار مەنىدىكى ئىقتىسادىي كۈرەش دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالدى، قوغلىشىدىغىنى ئازراق ئىسلاھ قىلىش بولدى، خالاس. ئىشچىلار

ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىش تاشلاش كۈرىشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ، ھەتتا ئىش تاشلاشقا قارشى تۇردى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى ئىش تاشلاش كۈرىشىگە ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىپ، ئىشچىلارنىڭ كېسەللىك پاراۋانلىقى، دەپنە ئىشلىرى، ئىشسىزلارنىڭ قوشۇمچە تۇرمۇش خىراجىتىگە كۆپلەپ ئىشلىتىلدى. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرىكمە ماشىنا ئىشچىلىرى جەمئىيىتى 1851 ـ يىلىدىن 1889 ـ يىلىغىچە پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن راسخوت 2 مىليون 987 مىڭ 993 فوندستېرلىڭغا يەتكەن بولسا، ئىش تاشلاش كۈرىشىگە ئىشلەتكەن راسخوتى 86 مىڭ 664 فوندستېرلىڭغا يەتكەن. ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار ئاساسەن تىنچ كېسىم چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، يەنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن كارخانا خوجايىنلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك كېلىشىم تۈزۈپ، ئىش ھەققىنى سىيرىلما ئۆلچەم تۈزۈمى «بويىچە تەڭشىدى. مەسىلەن، مال باھاسى ئۆرلەپ ئۆلچەملىك باھادىن ئېشىپ كەتكەندە، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچەملىك ئىش ھەققىدىن يۇقىرى قىلىپ تەڭشەلدى. قىسقىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تۈزۈم دەپ قاراپ، كاپىتالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا بىر قىسىم ئىشچىلار (مەلىكىلىك ئىشچىلار)نىڭ كۆز ئالدىدىكى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ كويىدىلا بولدى، مانا بۇ خىل خاھىش — ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقىدۇر.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئۇنىڭ تۈۋەندىكى بىرقانچە خىل سەۋەبى بار: بىرىنچى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسى دۇنيا بازىرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ زور پايدا ئالدى، بۇ ئۇلارنى بۇ پايدىنىڭ ناھايىتى ئاز بىرقىسمىنى ئاجرىتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان مەلىكىلىك ئىشچىلارنى سېتىۋېلىش (ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى

ئۆستۈرۈش) ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ بىر قىسىم ئىشچىلار ئېنگېلس ئېيتقان «ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەر»دۇر. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەنگلىيە پىرولېتارىياتى ئەمەلىيەتتە كۈندىن ـ كۈنگە بۇرژۇئازلىشىپ كەتتى، چۈنكى بۇ مىللەت بارلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۇرژۇئازلاشقان مىللەت، ئۇلارنىڭ ئاخىر مۇشۇ ھالەتكە كېلىشىدە، بۇرژۇئازىيەدىن باشقا يەنە بۇرژۇئازلاشقان ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازلاشقان پىرولېتارىياتمۇ بار. روشەنكى، پۈتۈن دۇنيانى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتقان مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە داۋلىسى بار.»① ئىككىنچى، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داھىيلىرىنى سېتىۋالدى. سېتىۋېلىنغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى تەبىئىي ھالدا ئىشچىلار سىنىپىدىن يۈز ئۆرۈپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقىغا خۇراپىيلارچە چوقۇندى.

## 4. 1867 ـ يىلىدىكى ئىسلاھات

ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى گەرچە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 60 ـ يىللاردا ئىشچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان بىر قاتار سىياسىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ئەنگلىيە ئىشچىلىرى بۇ سىياسىي پائالىيەتلەردە يۈكسەك ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھىنى نامايان قىلدى.

1859 ـ يىلى باشلانغان ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئاۋستىرىيە ئەزگۈچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ

① ئېنگېلس: «ماركسقا خەت (1858 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 552 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. لوندون ئىشچىلىرى خايدې باغچىسىدا كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئىتالىيە خەلقىنىڭ چەت ئەللىكلەرگە قۇل بولۇشقا قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قوللىدى.

ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتى ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ئامېرىكىدىكى شىمالىي شتاتلارنىڭ جەنۇبتىكى قۇلدارلارغا قارشى كۈرىشىنى قىزغىن قوللىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكىلەر جەنۇبتىكى دېڭىز بويىنى قامال قىلىش نەتىجىسىدە، ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيەنى پاختا بىلەن تەمىنلىشى زور دەرىجىدە كېمىيىپ، «پاختا قەھەتچىلىكى» يۈز بېرىپ، ئەنگلىيەدىكى نۇرغۇن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى ئىشتىن توختاپ، نۇرغۇن ئىشچىلار ئىشسىز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ھەرقانداق قىيىنچىلىققا قارىماي، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇلدارلار تەرەپتە تۇرۇپ قوراللىق ئارىلىشىش پىلانىغا قەتئىي قارشى تۇردى. ھەرقايسى سانائەت رايونلىرىدىكى ئىشچىلار بەس - بەس بىلەن ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكىلەرنى قەتئىي قوللاپ، ئەنگلىيەنىڭ ئارىلىشىشىغا كەسكىن قارشى تۇردى. شۇڭا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ رەزىل پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ماركس ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب، باتۇرانە ھەرىكىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دەپ يازغان: «ئامېرىكا شۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، بۇ قېتىمقى توقۇنۇش باشلىنىشتىن ئاخىرلاشقۇچە، ھېچبولمىغاندا، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ئۇنى تاشلىۋەتمىدى.»①

---

① ماركس: «ئەنگلىيە جامائەت پىكرى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 15 - توم، 463 - بەت.

1863 ــ 1864 ـ يىللىرى، پولشا خەلقى چار پادىشاھ رۇسىيەسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەنگلىيە ئىشچىلىرىمۇ بىر مەيدان ھەرىكەت قوزغاپ پولشا خەلقىنىڭ چار پادىشاھ رۇسىيەسىگە قارشى كۈرىشىنى قىزغىن قوللىدى. بۇلار ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىقىنىڭ تولىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ.

ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى، 60 ـ يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان پارلامېنت ئىسلاھاتىدىكى كۆرىشىدۇر.

1832 ـ يىلىدىكى پارلامېنت ئىسلاھاتىدا، ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيەسى سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشتى، ئەمما ئىشچىلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ۋە دېھقانلار بۇ ھوقۇقا ئېرىشەلمىدى. كېيىن، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدىكى خارتىزمچىلار ھەرىكىتى جەريانىدا كۆپ قېتىم سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. 60 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى قايتىدىن پارلامېنت ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى قوزغىدى.

1861 ـ يىلى بەزى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى پارلامېنتنىڭ سايلام تۈزۈمى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماركس ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ئاكتىپ قوللىدى، چۈنكى شۇ چاغدا، بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنى دەرھال ئاغدۇرۇپ تاشلاش شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەندى، بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، بولۇپمۇ ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئىشچىلار سىنىپىغا پايدىلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈرەش ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولاتتى. 1864 ـ يىلى 1 ـ ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماركسنىڭ

www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىكىدىكى 1 ـ ئىنتېرناتسىيونال ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى قىزغىن قوللىدى. 1865 ـ يىلى 1 ـ ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سايلام ئىسلاھاتى نىشان قىلىنغان «مەملىكەتلىك ئىسلاھات ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. بۇ ئىتتىپاققا 1 ـ ئىنتېرناتسىيونال رەھبەرلىكىدىكى ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتنىشىپلا قالماي، يەنە بۇرژۇئاز رادىكاللىرى (ئۇلارنىڭ رەھبىرى كوبدېن ۋە برابىت)مۇ قاتناشتى. ئەمما، مەملىكەتلىك ئىسلاھات ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈرەش نىشانى قىلدى، ئەمما رادىكاللار سايلىغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا قىزىقمىدى. ئەمما، بۇ ئىتتىپاق تېز راۋاجلىنىپ، 1866 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 70 ياچېيكا قۇرۇلدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى: بۇ قېتىملىق پارلامېنت ئىسلاھاتى بىلەن 30 ـ، 40 ـ يىللاردىكى خارتىزمچىلار ھەرىكىتى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. خارتىزمچىلار ھەرىكىتى ئاممىۋىلىققا، جەڭگىۋارلىققا ئىگە پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلارنىڭ سىنىپىي ئېڭى يۇقىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپلا قالماي، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئىدى. ئەمما، 60 ـ يىللاردىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئىشچىلار ئۇلۇغۋار سىياسىي غايىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىشانى ھازىرقى جەمئىيەتتە بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي ئورۇنغا ئېرىشىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، سايلام ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى قوغداش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن ئىدى.

1866 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئىسلاھات ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھاتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى قاينام ـ تاشقىنلىق ئېچىدە باشلاندى.

ھەيۋەتلىك ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ بېسىمى بىلەن، روسسېلنىڭ لىبېرالىستلار پارتىيەسى ئىچكى كابىنېتى شۇ يىلى 3 ـ ئايدا پارلامېنتقا بىرپارچە ئىسلاھات لايىھەسى تاپشۇردى. بۇ لاھىيە ئەپلەپ ـ سەپلەپ تۈزۈلگەن لايىھە بولۇپ، سايلىغۇچىلارنىڭ سانى ئازراقلا كۆپەيتىلگەنىدى (تەخمىنەن 400 مىڭ سايلىغۇچى قوشۇلغانىدى). بۇ كەڭ ئىشچىلارنىڭ تەلىپىدىن يىراق بولغىنىغا قارىماي، يەنە تېخى تۆۋەن پالاتا تەرىپىدىن رەت قىلىندى. چۈنكى تۆۋەن پالاتادىكى تورى پارتىيەسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى ئىسلاھاتقا قەتئىي قارشى تۇراتتى. شۇ چاغدا، بىر پارلامېنت ئەزاسى، ھەتتا ئوچۇق ـ ئاشكارا كەمسىتىش تەلەپپۇزىدا: ئىشچى دېگەن ئىشچى، ئۇلار سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا لايىق ئەمەس، دېگەن. بۇ ھاقارەتلىك سۆز خۇددى ئوت ئۈستىگە ماي قۇيغاندەك ئىشچىلارنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى: پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىش ۋە نامايىش قىلىنىشتەك پائالىيەتلەر بارلىققا كەلدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىللىنىپ ھالدا بايراق كۆتۈرۈپ، ئوركېستىرلارنى باشلاپ يىغىلىش ۋە نامايىشقا قاتناشتى. لوندوندا 1 ـ ئىنتېرناتسيونال باش كومىتېتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى لوندون ئىشچىلىرى ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ماركس 1866 ـ يىلى مۇنداق دەپ يازغان: «1849 ـ يىلىدىن بۇيان، ئەنگلىيەدە كۆرگەنلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، لوندون ئىشچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نامايىش ھەرىكىتى ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك بولدى، بۇ پۈتۈنلەي

www.uyghurkitap.com

(ئىنتېرناتسىيونال)نىڭ تۆھپىسى.»① مەملىكەتلىك ئىسلاھات ئىتتىپاقى 1866 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لوندوندىكى خايدې باغچىسىدا كەڭ كۆلەملىك ئىشچىلار يىغىلىشى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ يىغىلىشنى مەنئى قىلدى ھەمدە باغچىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋەتتى. بۇ ئىش ئىشچىلارنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغىدى. 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 200 مىڭچە ئادەم باغچە دەرۋازىسى ئالدىغا توپلاندى، شۇ چاغدا بىر تۈركۈم ساقچى باغچە دەرۋازىسىنى قوغداپ تۇراتتى. مەملىكەتلىك ئىسلاھات ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى يىغىلىشنىڭ ئورنىنى ترافالگار مەيدانىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى كىشىلەر يىغىلىشنى خايدې باغچىسىدا ئۆتكۈزۈش پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، يېرىم ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى باغچا رېشاتكىسىنى بۇزۇپ، ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ غەيرىي رەسمىي يىغىلىش ئۆتكۈزدى. مانچېستېر، بىرمىڭخام، گلازگو قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ كۆلىمى زور ئاممىۋى يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلدى.

1866 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مۇتەئەسسىپلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، دېربىي ئىچكى كابىنېتىنى تەشكىللىدى. بۇ ئىچكى كابىنېتتىكى بېنجامىن دىسرائېلى (1804 ـــ 1881) سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان شەخس ئىدى. ئۇ باي بۇرژۇئا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ۋەزىيەتنى كۆزىتىشكە ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ماھىر، تەجرىبىلىك سىياسەتۋاز ئىدى. ئۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا توپىلاڭ پارتلاپ، ئەنگلىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى

① ماركس: «ئېنگېلسقا خەت (1866 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس خەت ـ چەكلىرى توپلىمى»، 3 ـ توم، 391 ـ بەت.

كۆرۈپ يەتكەندى. بۇ چاغدا ئىرېلاندىيە ئىنقىلابىي پارتىيەسى[1] تېخىمۇ جانلىنىپ، ئىرېلاندىيە مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش قوراللىق قوزغىلىڭىغا تەييارلىنىۋاتاتتى. دىسرائېلى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئىرېلاندىيە ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىپ، كەسكىنلىك بىلەن يېڭى بىر ئىسلاھات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھەنى پارلامېنت بىر مەھەل مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن تەستىقلىدى، 1867 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە بۇ لايىھەگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، رەسمىي قانۇنغا ئايلاندى. بۇ لايىھەدە 46 خارابلاشقان شەھەر ـ بازار» نىڭ تۆۋەن پالاتادىكى ئورنى بىكار قىلىنىپ، سانائەت شەھەرلىرىگە بېرىلدى. سايلىغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سالاھىيىتى تۆۋەنلىتىلىپ، شەھەرلەردىكى يىلىغا 10 فوند ستېرلىڭ ئۆي ئىجارىسى ۋە نامراتلارنى يۆلەش بېجى تاپشۇرالايدىغان، سايلام رايونىدا تۇرغان ۋاقتى بىر يىلغا توشقان كىشىلەرگە سايلام هوقۇقى بېرىلدى. يېزىلاردىكى يىلىغا 12 فوند ستېرلىڭ يەر ئىجارىسى تاپشۇرالايدىغان ئىجارىكەشلەر ۋە يىللىق كىرىمى بەش فوندستېرلىڭدىن ئاشىدىغان يەر ئىگىلىرى سايلام هوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازلار ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى «ئىشچى ئاقسۆڭەكلەر» سايلىغۇچىلارغا ئايلاندى، ئەمما شەھەر ـ يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەر، تۆۋەن قاتلام ئىشچىلىرى ۋە نامرات دېھقانلار يەنىلا سايلام هوقۇقىدىن مۇستەسنا قالدى. شۇ چاغدا ئەنگلىيەدىكى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ سانى 16 مىليون بولۇپ، 13 مىليون كىشىنىڭ سايلام هوقۇقى تارتىۋېلىندى.

بۇ ئىسلاھاتتىن كېيىن، مەلىكىلىك ئىشچىلار («ئىشچى ئاقسۆڭەكلەر») كەڭ ئىشچىلار ئاممىسىدىن تېخىمۇ يىراقلاپ،

① فېنىن پارتىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

ئىشچىلار ئارىسىدىكى سىياسىي جەھەتتە ئىمتىيازلىق تەبىقىگە ئايلاندى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى بولسا بۇرژۇئازىيەنىڭ قۇيرۇقى بولۇپ قالدى. 1867 - يىلىدىكى ئىسلاھاتتا گەرچە ئىشچىلار سىنىپى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە «ئىشچى ئاقسۆڭەكلەر» تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇرژۇئا ئىدىيەسىنىڭ مەھبۇسلىرىغا ئايلاندى. شۇڭا، 1867 - يىلىدىكى ئىسلاھات نەتىجىسىدە، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەمۇرىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارقىلىق، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

## 5. ئەنگلىيەنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدىكى ئىسلاھات

1688 - يىلىدىكى ئىنقىلاب گەرچە پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە مالىيە ھوقۇقىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەمۇرىي ھوقۇق يەنىلا پادىشاھقا قالدۇرۇلدى، پادىشاھ بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ھوقۇقىنى داۋاملىق چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇردى. نەتىجىدە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىق ئورۇنلىرىنى ئاقسۆڭەكلەر مونوپول قىلىۋېلىپ، ئەمەل سودىسى، خىيانەتچىلىك، ساختىپەزلىك ھادىسىلىرى ئومۇملىشىپ كەتتى. ئىقتىدارسىزلار يۇقىرى ئەمەل تۇتىدىغان، ئىش ھەققى يۇقىرى بولغان مۇھىم ۋەزىپىدىكىلەر قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان ھادىسىلەر كۆپەيدى. پەقەت ئەمەلدارلىققا تەيىنلەش ئىشلىرىدىلا نۇرغۇن نۇقسانلار بولۇپلا قالماي، يەنە ئەمەلنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلاندى. ئەمەل دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە

ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە يارامقان تۆھپىسى ئاساس قىلىنىماي، خىزمەت ئىستاژى ۋە ئارقا تىرىكى ئاساس قىلىنىدى. ئادەتتە باھالاش تەدبىرلىرى يوق بولۇپ، ئىقتىدارسىزلار شاللىنىۋېتىلمىدى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلار ئۆستۈرۈلمىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەمەلدارلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، خىزمەت قالايمىقانلىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى.

18 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا پارلامېنت مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىدە ساقلانغان بۇ نۇقسانلارغا قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ھوقۇقىنى پادىشاھ ۋە چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىن ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىغا ئېلىپ بەردى. ئەمما، بۇ ئىسلاھات ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئەمەل بىلەن ئادىمىگەرچىلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش ھادىسىلىرىنى توسۇيالمىدى. 1836- يىلىدىن 1854 - يىلىغىچە مالىيە مىنىستىرلىقى تەۋسىيە قىلغان 55 نەپەر ئەمەلدار ئىچىدە، بەزىلەر سالامەتلىك ۋە ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. يەنە بەزىلەر شەرتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ناچار ئىدى.

بۇ نامۇۋاپىق ھادىسىلەرگە قارىتا، سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان لىبېرالىستلار ئىسلاھات قىلىشنى كەسكىن تەلەپ قىلدى. مالىيە ۋەزىرى گلادستونىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن، بېن ۋېلىيام ۋە نورتكوت ئىككىيلەن ئەنگلىيەنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىگە قارىتا چوڭقۇر تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 1853 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «ئەنگلىيەنىڭ دائىمىي مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ھەققىدە دوكلات»نى يېزىپ چىقتى، دوكلاتتا، شۇ دەۋردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىنىڭ نۇقسانلىرى قاتتىق

www.uyghurkitap.com

ئەيىبلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچى، ھۆكۈمەت رىقابەت ئىمتىھانى ئېلىش ئارقىلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تاللاش، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر (سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ئىچكى كابىنېت ۋەزىرلىرى، پارلامېنت ئەزالىرىدىن باشقا) پەقەت ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، ئۈچ كىشىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىق تۈزۈمى كومىتېتى (بۇ ئۈچ كىشىنى پادىشاھ بېكىتىدۇ) قۇرۇپ، ئىمتىھان ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىش. ئىككىنچى، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، خىزمەت نەتىجىسى ۋە تىرىشچانلىقىغا ئاساسەن، ئەمەل دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. دوكلاتتا يەنە تۆۋەندىكى تەكلىپلەر بېرىلدى. ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ قوبۇل قىلىنغان ياشلارنى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ماس كېلىدىغان ئەڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ۋەزىپىلەرگە قويۇش، خىزمەت جەريانىدا، ئۇلارغا «ئەمەل دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىنىڭ پۈتۈنلەي تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى ئادەتتىكىچە بولسا، پەقەت تۇرمۇشى مەلۇم دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بولسا، ئاندىن ئەمەل دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدىن ئۈمىد بارلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئەمما، ئەگەر ئۇلار خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ھۇرۇن بولسا، ئۇلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك». ئۈچىنچى، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار كۆپ جەھەتتىن ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن، بىلىمى مول ۋە خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان بولۇشى، يەنى ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئالغان بولۇش،

تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار تېخنىكوم سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان بولۇش تەكلىپى بېرىلدى.

1854 - يىلى 2 - ئايدا بۇ دوكلات پارلامېنتنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلدى، ئەمما گلادستوني قاتارلىق ئاز ساندىكى لىبېراللار قۇۋۋەتلىگەندىن باشقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، بولۇپمۇ ئاقسۆڭەك پارلامېنت ئەزالىرى ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كۈچەپ قارشى تۇردى. شۇڭا، بۇ دوكلاتتىكى تەكلىپلەر قوبۇل قىلىنمىدى.

قىرىم ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قالايمىقانلىقى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىكى ئاشكارىلاندى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە تارماقلىرىدىكى ئەمەلدارلار ئىقتىدارسىز بولغاچقا، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش ئەھۋالى يۈز بەردى. ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ يارىلىنىش - ئۆلۈش ئەھۋالى ئېغىر بولدى، ئەمما ئالدىنقى سەپتە دورا كەمچىل، ئاشلىقمۇ ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغاچقا، نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ يارىسى ئېغىرلىشىپ ئۆلدى ياكى ئاچلىقتىن ئۆلدى. شۇ چاغدىكى ئابىردىن ئىچكى كابىنېتى مۇشۇ سەۋەبتىن تەختتىن چۈشتى.

1855 - يىلى 2 - ئايدا پالمېرستون ئىچكى كابىنېتنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇ ئىسلاھاتنى ئانچە قوللاپ كەتمىسىمۇ، ئەمما شۇ چاغدا ئالدىنقى سەپتىكى ئوسال ۋەزىيەتتىن غەزىپى ئۆرلىگەن جامائەت پىكرىنى بېسىش ئۈچۈن، لىبېراللارنىڭ ئىسلاھات تەلىپىنى قاندۇرىدىغان ھەمدە پارلامېنتتىكى ئاقسۆڭەك پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ چىشىغا تەگمەيدىغان بىر قېتىملىق مۆتىدىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇ پارلامېنتنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزمەي، كارىنال پالاتاسىنىڭ نامىدا، مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى تۇنجى رەسمىي قانۇننى ئېلان قىلىپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىگە قارىتا

www.uyghurkitap.com

دەسلەپكى ئىسلاھاتنى ئېلىپ باردى.

ئەمما، بۇ ئىسلاھاتتا ئاشكارا رىقابەتلىشىش ئىمتىھانى ئەمەس، بەلكى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ بولغان تۆۋەن دەرىجىلىك ياش ئەمەلدارلار ئىچىدىكى تەۋسىيە قىلىنغان نامزاتلار ئىچىدىلا ئىمتىھان ئېلىندى. بۇ ئىمتىھاننى ئىختىساسلىقلارنى تاللاش ئىمتىھانى دېگەندىن كۆرە «لاياقەتسىزلەرنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش» ئىمتىھانى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

1868 ـ يىلى گلادستونې ئىچكى كابىنېتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئىسلاھاتنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاشكارا رىقابەتلىشىش ئىمتىھان تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشكە تىرىشتى. 1870 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كاردىنال پارلامېنت مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىگە ئائىت 2 ـ پەرماننى ئېلان قىلىپ، ئاشكارا رىقابەتلىشىش ئىمتىھان تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەمما يەنە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ھەمدە بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىق ۋەزىپىلىرىگە ئىمتىھان ئېلىنماي، ۋەزىرلەر بىۋاسىتە تەيىنلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈزۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمى ئۈزۈكسىز مۇكەممەللەشتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيەنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولدى. بىرىنچى، ئىسلاھاتنىڭ رولىدىن ئالغاندا، ئىسلاھات ئارقىلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئۇلار تاللاپ قوبۇل قىلىنغاچقا، ئادەتتە ئاساسىي بىلىمى مول، كەسپىي ئىقتىدارى خېلىلا كۈچلۈك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى ئۇزاق بولۇپ، ئىچكى كابىنېتنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئالماشمايدىغان بولغاچقا، دۆلەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ

ئىرچىللىقىنى زور دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش چوڭ، كېلەڭسىز، بيۇروكراتلاشمىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئىدى. بۇلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تۆھپىسى دېمەي بولمايدۇ. ئەنگلىيە كاپىتالىستىك سانائىتىنىڭ شۇ چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشى مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى، ئىسلاھاتنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئالغاندا، بۇ قېتىمقى ئىسلاھات سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئۇستقۇرۇلما ساھەسىدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۈستىدىن قىلغان زور غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ. 1832 ـ يىلى ۋە 1867 ـ يىلىدىكى پارلامېنت ئىسلاھاتى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى بارغانسېرى مۇستەھكەملىگەن بولسا، بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر مونوپول قىلىۋالغان ئەمەلدارلىق ئىمتىيازىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قورالىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەندى.

## 6. ئىرېلاندىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى

17 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىرېلاندىيە رەسمىي ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە پومېشچىكلىرى ئىرېلاندىيەنىڭ كەڭ زېمىنىنى

ئىگىلىۋېلىپ، ئىرېلاندىيە دېھقانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجارىكەشلىرى قىلىۋالدى. 1800 ــ 1801 ــ يىللىرى ئەنگلىيە ئىرېلاندىيەنى پۈتۈنلەي قوشۇۋېلىپ، پارلامېنتىنى تارقىتىۋەتتى، ئۇلارنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ تۆۋەن پالاتاسىغا ئەزا بولدى.

1846ـ يىلىدىن كېيىن، ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. 1846 ـ يىلى ئەنگلىيە «دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نى بىكار قىلغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىقى توسالغۇسىز ھالدا ئەنگلىيە ۋە ئىرېلاندىيەگە كىرىپ ئاشلىق باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. پومېشچىكلار گۆش ۋە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىشنىڭلا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، تېرىلغۇ يەرلەردىكى ئىجارىكەش دېھقانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، يەرلەرنى يايلاققا ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن مىليونلىغان ئىرېلاندىيەلىكلەر ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى. 1846ـ يىلىدىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە، ئىرېلاندىيەنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 500 مىڭ ئازىيىپ كەتتى.

ئىرېلاندىيەلىكلەر ئەنگلىيە پومېشچىكلىرى ۋە كاپىتالىستلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېزىشىدىن باشقا، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا ئۇچرىدى. 1856 ـ يىلى ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازغان: «ھەممىلا جايدا (جازالاش چارىسى) دېگەن خەتلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ھۆكۈمەت ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالدى. ئاپتونومىيەدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئىرېلاندىيەنى ئەنگلىيەنىڭ تۇنجى مۇستەملىكىسى دېيىشكە بولىدۇ، ئىرېلاندىيە ئەنگلىيەگە يېقىن بولغاچقا، ئەنگلىيە بۇ مۇستەملىكە زېمىنىغا يەنىلا بىۋاستە كونا ئۇسۇل قوللىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ ئاتالمىش ئەركىنلىكى مۇستەملىكىلەرگە بولغان

زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان.»①

ئەمما، ئىرېلاندىيە خەلقى زۇلۇمغا باش ئەگمىدى. 17 ـ ئەسىردىن بۇيان، ئۇلار ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئىگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى بىلەن تولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى كۈرىشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

1857 ـ يىلى بىر قىسىم ئىرېلاندىيە سەرگەردانلىرى ئامېرىكىدا مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات ـــ «ئىرېلاندىيە ئىنقىلابچىلىرى ئۇيۇشمىسى»، يەنە بىر نامى «فېنىيىن پارتىيەسى»نى قۇردى. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق، ئىرېلاندىيەنى ئەنگلىيەنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىش ئىدى. 1858 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، فېنىيىن پارتىيەسى تەشكىلاتى ئىرېلاندىيەدە راۋاجلىنىشقا باشلىدى، تەشكىلاتقا ئاساسەن ئىشچىلار ۋە دېھقانلار قاتناشتى، رەھبەرلىك قاتلىمى ئىچىدە نۇرغۇن ئادۋوكاتلار ۋە كاتولىك دىنى روھانىيلىرى پەيدا بولدى.

فېنىيىن پارتىيەسىنىڭ پىروگراممىسىدا، يەر مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. پىروگراممىدا: «پومېشچىكلارنىڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشقا قىلچە ھوقۇقى يوق»، «يەر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەۋە ئورتاق مۈلۈك» دېگەن يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئومۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، مۇشۇ ئاساستا مۇستەقىل ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا ماركس: «فېنىيىن ھەرىكىتى سوتسىيالىزم خاھىشىنى ئالاھىدىلىك قىلغان، تۆۋەن قاتلام سىنىپنىڭ ھەرىكىتى

① ئېنگېلس: «ماركسقا خەت (1856 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 29 ـ توم، 53 ـ بەت.

(ئىنكار قىلىش مەنىسىدىن ئېيتقاندا) يەرلەرنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىشقا قارشى ھەرىكەت»[1] دەپ قارىغان. ئەمما فېنىن پارتىيەسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بالانكىچىلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ئۇششاق بۇرژۇئازلار بولغاچقا، دەسلەپتىلا تار مەنىدىكى مەخپىي سۈيىقەست تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بۇ ھەرىكەتنى ئىرېلاندىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالمىدى. ئۇلار كۆلىمى كىچىك تەشكىلات ئەزالىرىنى مەخپىي ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. 60 ـ يىللارغا كەلگەندە، فېنىن پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى 200 مىڭغا يەتتى.

1865 ـ يىلى فېنىن پارتىيەسى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلاندى، ئەمما بىر مىللىي خائىن ئۇلارنىڭ پىلانىنى ئەنگلىيە دائىرىلىرىگە چېقىپ قويدى. نەتىجىدە نۇرغۇن كىشىلەر قولغا ئېلىندى، بەزى رەھبەرلەر ئۇزاق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا، مۇخبىر ھەم شائىر لوزىر مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

1867 ـ يىلى فېنىن پارتىيەسى ئىرېلاندىيەنىڭ بەزى شەھەرلىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن جەڭ قىلدى. نەتىجىدە مەغلۇپ بولۇپ، 169 كىشى قولغا ئېلىندى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۈچ نەپەر رەھبىرىگە مانچېستېردا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بۇ كۈن ئىرېلاندىيەنىڭ دۆلەت ماتەم كۈنى بولۇپ قالدى، ھازىرغا كەلگۈچە ئىرېلاندىيە خەلقى بۇ كۈننى خاتىرىلەيدۇ.

فېنىن ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب: ئۇلار تار مەنىدىكى مەخپىي سۈيىقەست قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمىدى.

فېنىن ھەرىكىتى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەت پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى

---

① ماركس: «ئېنگېلسقا خەت (1867ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 362 ـ بەت.

قوزغىدى. پىرولېتارىياتنىڭ ئۇستازى ماركس، ئېنگېلس ئىرېلاندىيە مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ پائالىيەتچان خادىملىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاقلىدى.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، ماركس ئىرېلاندىيە مەسىلىسىدە مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئاجايىپ كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئىرېلاندىيە ئەنگلىيە پومېشچىك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىياسىي ئىستىھكامى، ئۇلارنىڭ ئىرېلاندىيەگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيەسى ماددىي بايلىقىنىڭ كېلىش مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى كۈچى... ئىرېلاندىيە ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلەر سىياسىيسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەنگلىيە زېمىنىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسلىق ۋاسىتىسى»، «ئىرېلاندىيەدىكى ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي ئاغدۇرۇپ تاشلانسا، ئەنگلىيەدىكى ئاقسۆڭەكلەر سىياسىيسىمۇ مۇقەررەر گۇمران بولىدۇ. بۇ ئەنگلىيە پىرولېتارىيات ئىنقىلابىنى زۆرۈر شەرت بىلەن تەمىنلەيدۇ.»[1] ماركس مۇستەملىكە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن مۇستەملىكىچى دۆلەتتىكى پىرولېتارىيات ئىنقىلابىي كۈرىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر شەرھلىگەن. شۇڭا لېنىن: «ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ ئىرېلاندىيە مەسىلىسىدىكى سىياسىتى ھەرقايسى ئەزگۈچى مىللەتنىڭ پىرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى»[2] دەپ يازغان.

---

① ماركس: «مايېر ۋە فوگاتقا يېزىلغان خەت»، «ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئامېرىكا خەلقىگە يازغان خېتى»، 89 ـــ 90 ـ بەتلەر، خەلق نەشرىياتى 1958 ـ يىلى.

② لېنىن: «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 25 ـ توم، 271 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2 ـ بۆلۈم ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى

### 1. ئىتالىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە بىرلىككە كېلىش ھەرىكىتىدىكى ئىككى خىل يول

1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىتالىيە يەنىلا بۆلۈنمە ھالەتتە قالدى، چەت ئەلنىڭ قول قىلىشى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. لومباردى بىلەن ۋېنىتسىيە يەنىلا ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپلا قالماي، يەنە چەت ئەلنىڭ كۈچى يېڭىدىن قوشۇلدى: ئاۋستىرىيە توسكانا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتا رىم پاپاسىغا ياردەملىشىپ ئىنقىلابنى باستۇرغان فىرانسىيە قوشۇنى رىمدىن كەتمەي تۇرۇۋالدى. ئىتالىيەنىڭ بۆلۈنمە ھالىتى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئىتالىيەنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ۋە قول قىلىشىغا پايدىلىق بولغاچقا، چەت ئەل كۈچلىرى ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى كۈچىنىڭ بارىچە توسىدى. ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. ساردىنىيە پادىشاھلىقىدىن باشقا دۆلەتلەر ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇردى. چەت ئەللەرنىڭ قول قىلىشى ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىتالىيەدە پەقەت ساردىنىيە پادىشاھلىقىلا مۇستەقىل، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق دۆلەت بولۇپ قالدى. بۇ دۆلەت 1948 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان لىبېرالىستىك ئاساسىي قانۇننى ساقلاپ قېلىپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويدى، ئىككى پالاتالىق پارلامېنت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بۇرژۇئا

ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈردى. پومېشچىك بۇرژۇئازلار ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى.

1852 ـ يىلىدىن باشلاپ ساردىنىيە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى ئىچكى كابىنېتىغا كاملو بېنسىرون كاۋۇر (1810 ـ 1861) رەھبەرلىك قىلدى. كاۋۇر باياشات ئائىلىدە تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا ئوردىدا خىزمەت قىلغان. كېيىن ئارمىيەدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن. 22 ياش ۋاقتىدا ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەگە بېرىپ، ئەنگلىيە ئاساسىي قانۇنىنى تەتقىق قىلىپ، ئەنگلىيەچە ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى. 1848ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، كاۋۇر ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يېرىدە كاپىتالىستىك دېھقانچىلىقنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق سودىسى ۋە خىمىيەلىك ئوغۇت ياساش بىلەن شۇغۇللاندى، شۇڭا ئۇ بۇرژۇئازلاشقان پومېشچىكقا ئايلىنىپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى ئىچكى كابىنېتى كاۋۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر قاتار سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى، دۆلەتنىڭ تۆمۈريول ياساش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى سانائەت تارماقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تېزلەتتى، ئەركىن سودا سىياسىتىنى قەتئىيلىك بىلەن يولغا قويۇپ، 50 ـ يىللاردا تاموژنا بېجىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى، بۇنىڭ بىلەن سانائەتچىلەر چەت ئەللەرنىڭ ئەرزان باھالىق خام ئەشياسى ۋە زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە بولدى. شۇڭا، ساردىنىيەنىڭ ئىقتىسادى 50 ـ يىللاردا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈكسىلىپ، 1851 ـ يىلىدىن 1858ـ يىلىغىچە سودا ئوبوروتى سوممىسى بىر ھەسسە ئاشتى. سانائەت، بولۇپمۇ پاختا توقۇمىچىلىق ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. 1853 ـ يىلى ماشىنىسازلىق سانائىتى بارلىققا كەلدى. كاپىتالىزمنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى، پومېشچىكلار ھەتتا بانكا ۋە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالدى. قىسقىسى،

www.uyghurkitap.com

ساردىنىيە ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ ئىلغار كۆچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتكە ئايلاندى. ساردىنىيە كاپىتالىزمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بىلەن، ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى لىبېرالىست ئاقسۆڭەكلەر ۋە چوڭ بۇرژۇئازلار تەلپۈنىدىغان مەركەزگە ئايلاندى، ئۇلار دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە چەت ئەل كۆچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈمىدىنى ساردىنىيە پادىشاھىغا باغلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، كاۋۇر ساردىنىيەدە مەلۇم دەرىجىدە ئەركىنلىككە يول قويدى. گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئاۋستىرىيەگە قارشى ماقالىلەرنى بېسىشىغا، ئىتالىيەدىكى باشقا دۆلەتلەردىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ساردىنىيەگە كېلىپ پاناھلىنىشىغا قوشۇلدى. پەقەت لومباردى — ۋېنېتسىيەدىن ساردىنىيەگە كېلىپ پاناھلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ سانى 20 مىڭغا يەتتى. كاۋۇرنىڭ بۇ سىياسەتلىرى ساردىنىيەنىڭ ئىتالىيەدىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپ، ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەت بۇرژۇئاز لىبېرالىست ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشىنى ۋە نۇرغۇن دېموكراتچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىنى قولغا كەلتۈردى. ماززىنى رەھبەرلىكىدىكى ياش ئىتالىيە پارتىيەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى ساردىنىيە پادىشاھلىقىغا باغلىدى. مەسىلەن، ماننىن، گارىبالدى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ نىيەتكە كەلدى. 1857- يىلى كاۋۇر «ئىتالىيە مىللىي ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، ماننىننى رەئىسلىككە، گارىبالدىنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن خېلىلا كۆپ ساندىكى دېموكراتچىلار ئۇنىڭ ۋاستىلىك رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

ساردىنىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. لومباردى — ۋېنېتسىيە رايونى ۋە توسكانا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئاۋستىرىيەنىڭ تالان - تاراج قىلىشى نەتىجىسىدە تۇرغۇن

ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. رىم پاپاسى ۋە بوربون خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىككى سىسىلىيە پادىشاھلىقىدا فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئاسارىتى بىلەن كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشى تولىمۇ ئاستا بولدى. بۇ پادىشاھلىقلاردا دېھقانلار يېرى يوقلۇقىدىن زارلىنىپ، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى ناھايىتى قاتتىق شەرتلەرگە كۆنۈپ ئىجارە ئېلىپ تېرىشقا مەجبۇر بولدى ھەم ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈردى.

شۇڭا، ئىتالىيە ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى چەت ئەل كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش بولۇپ قالدى.

ئەمما، بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلاش مەسىلىسىدە، ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى بىلەن دېموكراتچىلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەشەببۇسلىرى بارئىدى.

كاۋۇر ۋەكىللىكىدىكى ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى ئىتالىيەدىكى لىبېرالىست ئاقسۆڭەكلەر ۋە چوڭ بۇرژۇئازلارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولى بىلەن مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ساردىنىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋستىرىيەلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى فىرانسىيەنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، زۆرۈر تېپىلغاندا دېموكراتچىلار ۋە خەلقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت جانلىق ئۇسۇل قوللاندى.

ماززىنى باشچىلىقىدىكى دېموكراتچىلار ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ۋە ئىلغار زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش»تەك ئىنقىلابىي يول بىلەن مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ۋەتەننى بىرلىككە

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈش غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېموكراتىك ئىتالىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، دېموكراتچىلارنىڭ مۇنداق ئاجىزلىقى بار ئىدى: ئۇلار كەڭ دېھقانلار ئاممىسى تەلەپ قىلغان يەر ئىسلاھاتى پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىش ئىنقىلابىي تەلىپى ئۈستىدىمۇ كونكرېت پىلان تۈزمىدى، بۇنىڭ بىلەن ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى يەر ئىنقىلابى بىلەن باغلىيالمىدى، دېھقانلار ئاممىسىنى ئىنقىلاب قىلىشقا قوزغاشنى خالىماي، پەقەت ئاز ساندىكى ئىلغار كىشىلەرگە تايىنىپ ئىنقىلاب قىلىشنى ئويلىدى. شۇ چاغدا ئىتالىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئادەم سانى ئاز، كۈچى ئاجىز بولۇپ، بۇرژۇئازىيەگە تەھدىت پەيدا قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى، ئىتالىيە بۇرژۇئازىيەسى يەنىلا ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىنقىلابىي سىنىپ ھېسابلىناتتى. ماززىنى رەھبەرلىكىدىكى بۇرژۇئاز دېموكراتچىلىرىنىڭ خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش يولىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ ئىدى.

## 2. 1859 ـ يىلىدىكى ئاۋسترىيەگە قارشى ئۇرۇش ۋە بىرلىككە كېلىش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى

ساردىنىيە ئاۋسترىيەگە قارشى ئۇرۇشقا بىرقانچە يىل ئاكتىپ تەييارلىق قىلدى. 1858 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، كاۋۇر فىرانسىيە ئىمپېراتورى ناپولېئون III بىلەن پلومبىيېردا كۆرۈشۈپ تۆۋەندىكىلەرنى بېكىتتى: فىرانسىيە ساردىنىيەگە قوراللىق ياردەم بېرىپ، لومباردى — ۋېنىتسىيەنى ئاۋسترىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىش، ساردىنىيە باشچىلىقىدىكى لومباردى — ۋېنىتسىيەنى ۋە رىم پاپاسى

دۆلىتىنىڭ زېمىنى رومانانى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي ئىتالىيە پادىشاھلىقى قۇرۇش، ساۋويە بىلەن نىتسانى فىرانسىيەگە بۆلۈپ بېرىش، يەنە ئوتتۇرا ئىتالىيەدە پالما، مودېننا، توسكانا ۋە رىم پاپاسىنىڭ بىرقىسىم زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئىتالىيە پادىشاھلىقى قۇرۇش، يەنى ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى فىرانسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش.

1859 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش باشلاندى. ساردىنىيەنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىدىن باشقا، كاۋۇرنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن گارىبالدى تەشكىللىگەن پىدائىيلار قوشۇنىمۇ جەڭگە قاتناشتى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى فىرانسىيە ـ ساردىنىيە بىرلەشمە قوشۇنى ماجېنتادا ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە قوشۇنىنى لومباردىدىن قوغلاپ چىقاردى.

ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش ئوتتۇرا ئىتالىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنقىلاب دولقۇنىنى قوزغىدى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى توسكاندا دېموكراتچىلار رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭ پارتلاپ، كىنەز لېئوپولد قېچىپ كەتتى. 5 ـ ئايدا پالما خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 6 ـ ئايدا ئايال گىرافىنى قوغلىۋەتتى. 6 ـ ئايدا مودېنادىمۇ قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، ھۆكۈمرانلار قوغلىۋېتىلدى. ئارقىدىن رىم پاپاسى دۆلىتىدىكى رومانا خەلقىمۇ رىم پاپاسى ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قوزغىلاڭ ئارقىلىق جاۋاب بەردى. قوزغىلاڭدىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ساردىنىيەگە قوشۇلۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، كاۋۇر فىرانسىيەنىڭ قارشى تۇرۇشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش تەلىپىنى رەت قىلدى.

ئوتتۇرا ئىتالىيەدىكى ئىنقىلاب ھەرىكىتى ناپولېئون III نى قورقۇتۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئىتالىيە پادىشاھلىقى قۇرۇش

www.uyghurkitap.com

پىلانىمۇ سۇغا چىلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاۋسترىيەگە قارشى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىتالىيە ئىنقىلابىنىڭ راۋاجلىنىپ كېتىشىنى توسۇش قارارىغا كەلدى. 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇ ئۆز ئالدىغا ئاۋستىرىيە بىلەن ۋىللافراك سۇلھى كېلىشىمى ئىمزالاپ، ۋېنىتسىيەنى ئاۋسترىيەگە قايتۇرۇپ بېرىش، لومباردىنى ساردىنىيەگە قوشۇپ بېرىش؛ ساۋويە بىلەن نىتسانى فىرانسىيەگە بۆلۈپ بېرىش، ئوتتۇرا ئىتالىيەدىكى قالغان پادىشاھلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بېكىتتى. كاۋۇر بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ساردىنىيەنىڭ ئاۋسترىيە بىلەن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغاچقا، ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ساردىنىيە ھۆكۈمىتى ئاۋسترىيە بىلەن سۇلھى كېلىشىمى تۈزۈپ، ۋىللافراك سۇلھى كېلىشىمىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بۇ سۇلھى كېلىشىمى ئىتالىيە خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئوتتۇرا ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى قوغداپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە قارشى تۇردى. بۇ چاغدا ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى ھۆكۈمىتى ساردىنىيە بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش پىكرىدە يەنىلا چىڭ تۇردى. گەرچە فىرانسىيە قوشۇلۇپ كېتىشتىكى توسالغۇ بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارا ۋەزىيەتتە قوشۇلۇپ كېتىشكە پايدىلىق ئۆزگىرىش بولدى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە ئىتالىيەنىڭ كۈچىيىپ فىرانسىيە بىلەن قارشىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئوتتۇرا ئىتالىيەدىكى دۆلەتلەرنىڭ ساردىنىيەگە قوشۇلۇپ كېتىشىگە ماقۇل بولدى. 1860 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ بېسىمى بىلەن، فىرانسىيە ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، كېلىشىمدە، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئىتالىيەنىڭ

ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوقلۇقى، ئوتتۇرا ئىتالىيەدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش بېكىتىلدى.

بۇ چاغدا، كاۋۇر قايتىدىن باش ۋەزىرلىك ئورنىغا چىقتى. 1860 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كاۋۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوتتۇرا ئىتالىيەدىكى خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، ساردىنىيەگە رەسمىي قوشۇلۇپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، 1860 ـ يىلى باھاردا ساردىنىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئىتالىيەنىڭ قىسمەن بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ چاغدا، دېموكراتچىلار پۈتۈن ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەر قورallıق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، رىم پاپاسى دۆلىتى ۋە جەنۇبىي ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، ساردىنىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى ناپولېئون Ⅲ نى رەنجىتىپ قويۇشتىن ھەم بۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ غەلىبىسى دېموكراتچىلارنىڭ كۈچىنى زورايتىۋېتىشىدىن قورقۇپ، بۇ تەشەببۇسنى قوبۇل قىلماي، دېموكراتچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى بېسىپ قويدى.

## 3. گارىبالدىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى

1860ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سىسىلىيە ئارىلىدىكى پالېرمودا نامرات دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ئاساسىي كۈچ قىلغان قوزغىلاڭ پارتلىدى. گەرچە بۇ قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تېز يۆكمەس قوزغىلاڭچىلار پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن قەيسىرانە جەڭ قىلدى. سىسىلىيەدىكى باشقا شەھەرلەردىمۇ قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، شەھەر خەلقىنىڭ كۈرىشى بىلەن

دېھقانلارنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىر - بىرىگە ماسلاشتى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىنقىلاب بورىنى پۈتۈن سىسىلىيە ئارىلىنى قاپلىدى.

سىسىلىيەدىكى قوزغىلاڭ خەۋىرى شىمالىي ئىتالىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلق قەھرىمانى گارىبالدى دەرھال «يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن» تەشكىللەپ، 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گېنويەدىن يولغا چىقىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ، سىسىلىيە قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىشكە كەلدى. «يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن» ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، بېلىقچىلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئادۋوكاتلار ۋە مۇخبىرلاردىن تەشكىللەنگەن پىدائىي قوشۇن بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرى دېموكراتچىلار ئىدى. ئەمما، 50 - يىللاردىن باشلاپ گارىبالدىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەدە ئۆزگىرىش بولدى: ئۇ بىر تەرەپتىن ماززىنى رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتچىلار ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، خەلقنى قوزغاپ ئىنقىلابىي ئۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشتا يەنىلا چىڭ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ساردىنىيەدىكى ساۋويە پادىشاھلىقىنى ھىمايە قىلىپ، پۈتۈن ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى ساۋويە پادىشاھلىقىغا باغلىدى. بۇ قېتىممۇ سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى سىسىلىيە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى پىللوۋغا يازغان خېتىدە: «ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىزنىڭ پىروگراممىمىز: ئىتالىيە ۋە ئېممانۇئىل (ساردىنىيە پادىشاھى)» دەپ يازدى. گارىبالدىنىڭ بۇ سىياسىي پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ جەنۇبىي ئىتالىيەدىكى ھەرىكىتىنى بەلگىلىدى.

1860 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن» سىسىلىيەدىكى كىچىك پورت مارسالادا قۇرۇقلۇققا چىقتى. پارتىزانلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدى، بىر ئاي ئىچىدىلا بەش مىڭدىن ئارتۇق

پارتىزان گارىبالدىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ قوللىشى بىلەن پالېرمونى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن ئىنقىلابچى قوشۇن خۇددى غازاڭ سۈپۈرگەندەك بوربون خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنىنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن سىسىلىيە ئارىلىنى ئازاد قىلدى.

گارىبالدى سىسىلىيە ئارىلىدا تۇگمەن بېجى قاتارلىق نامۇۋاپىق باجلارنى، ئاشلىق ۋە كۆكتات ئىمپورت بېجىنى بىكار قىلىش قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پەرمان چۈشۈرۈپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ ئومۇمنىڭ يېرىدىن كۆلىمى كىچىك يەرلەرنى ئىگىلىشىگە يول قويدى. ئەمما، دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تەقسىملەپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلدى، ھەتتا پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالغان دېھقانلارنى باستۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىشكە قوشۇلدى.

1860 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گارىبالدى قوشۇن باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ناپلېسنىڭ كالابرىيە دېگەن يېرىدە قورۇقلۇققا چىقتى. ئۇلار كېلىشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردىكىلەر ئاللىقاچان قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولۇپ، گارىبالدىنىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتۈن ناپلېس ئازاد قىلىندى. پادىشاھ ۋە ئوردىدىكىلەر قېچىپ كەتتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، گارىبالدى ئىككى سىسىلىيەنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ناپلېسنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، گارىبالدى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە دېموكراتچىلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىدىنمۇ نۇرغۇن ئادەمنى ئىشقا قويۇپ، مىنىستىر ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلىدى. يەنە بوربون خانىدانلىقىدىن قالغان ئەسلىدىكى دېگىز ئارمىيە فىلوتىنى ساردىنىيە دېگىز ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

1860 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تەخمىنەن 40 مىڭ

كىشىلىك ساردىنىيە قوشۇنى رىم پاپاسى دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مارىسا بىلەن ئامبىرىيانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ناپلېس زېمىنىغا كىردى. بۇ چاغدا، كاۋۇر گارىبالدىغا جەنۇبىي ئىتالىيەنى ساردىنىيەگە قوشۇۋېتىش ئىشىنى ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قارار قىلىش تەكلىپىنى بەردى. گارىبالدى كىرسىپ قاتارلىق دېموكراتچىلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، ئاۋازغا قويۇشقا قوشۇلدى. 1860 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى نەتىجىسىدە، جەنۇبىي ئىتالىيە ساردىنىيەگە رەسمىي قوشۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان ئومۇمنىڭ يېرىنى تەقسىملەپ بېرىش پەرمانى ساردىنىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن بىكار قىلىنىپ، دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىلگەن يەرلەر قايتۇرۇۋېلىندى، شۇنداقلا دېھقانلار ھەرىكىتى ساردىنىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، ساردىنىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى خەلق ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش مېۋىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، جەنۇبىي ئىتالىيەنى قوشۇۋېلىشنى ئاسانلا ئىشقا ئاشۇردى.

1861 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىتالىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلىنىپ، ساردىنىيە پادىشاھى ئىتالىيە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى.

ئىتالىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى بىر قاتار بۇرژۇئا خاراكتېرلىك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئىلگىرىكى ھەرقايسى جايلار ئارىسىدىكى تاموژنا بېجى توسۇقلىرىنى بىكار قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي بازار شەكىللەندۈردى. بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بىرلىكى ۋە قەغەز پۇل تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ساردىنىيەنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئومۇملاشتۇردى.

## 4. ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ تاماملىنىشى

1861 ـ يىلى ئىتالىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋېنىتسىيە ۋە رىم پاپاسى دۆلىتىگە قاراشلىق زېمىنلار يەنىلا چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، تولۇق بىرلىككە كېلىش تېخى تاماملانمىغانىدى.

تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، داۋاملىق ئىككى يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئىتالىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ھەل قىلىشنى، دېموكراتچىلار ۋە گارىبالدى خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ئارقىلىق چەت ئەل كۈچلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى.

1862 ـ يىلى گارىبالدى يەنە پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەپ رىمغا يۈرۈش قىلىپ، رىمنى فىرانسىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنى ۋە رىم پاپاسى ھاكىمىيىتىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلماقچى بولدى. ئەمما، شۇ چاغدىكى ئىتالىيەدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى فىرانسىيەگە قۇللارچە باش ئېگىدىغان بولغاچقا، گارىبالدى قوشۇنىنىڭ يولىنى توسۇشقا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى، گارىبالدى توقۇنۇشتا يارىلاندى.

1865 ـ يىلى ماززىنى رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتچىلار قوزغىلاڭ كومىتېتى قۇرۇپ، 1866ـ يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشنى پىلانلىدى. ئەمما، ئىتالىيە پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى سىسىلىيەنى ئازاد قىلىش ئۈمىدىنى پرۇسسىيەگە باغلىدى. 1866 ـ يىلى ئاۋستىرىيە ـ پرۇسسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى، ئىتالىيە پىرۇسسىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇش قىسقا ۋاقىت داۋام قىلىپ پرۇسسىيەنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ۋېنا سۈلھى كېلىشىمىگە ئاساسەن، ۋېنىتسىيە ئىتالىيەگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

ئەمدى فىرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى رىم پاپاسى دۆلىتىلا قالدى. رىم پاپاسى 10 مىڭ كىشىلىك ياللانما قوشۇن تەشكىللەپ، ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىش ھەرىكىتى بىلەن قارشىلىشىش غەرىزىدە بولدى. 1867 - يىلى گارىبالدى پىدائىي قوشۇننى باشلاپ رىمغا ھۇجۇم قىلىپ، مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭ بىلەن رىم پاپاسى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ «رىم پاپاسىنىڭ خاتالىقى يوق» دەپ جار سېلىپ، رىم پاپاسىنىڭ ھوقۇقى دەھرىي پادىشاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ۋالاقلىدى.

1870 - يىلى پرۇسسىيە - فىرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. ناپولېئون Ⅲ رىمدىكى فىرانسىيە قوشۇنىنى يۆتكەپ، فىرانسىيەنىڭ مۇداپىئەسىگە ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. 9 - ئايدا فىرانسىيە قوشۇنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ناپولېئون Ⅲ پرۇسسىيە قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە قوشۇنى ۋە گارىبالدىنىڭ پىدائىيلار قوشۇنى رىم پاپاسى دۆلىتىگە كىرىپ، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رىمنى ئىشغال قىلدى. 10 - ئايدا ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىدە، رىم پاپاسى دۆلىتى ئىتالىيە پادىشاھلىقىغا قوشۇۋېتىلدى، رىم پاپاسىنىڭ دەھرىيلىك ھوقۇقىمۇ بىكار قىلىندى. ئەمما، ئىتالىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى رىم پاپاسىنىڭ ۋاتىكاندا پاناھلىنىشىغا ھەمدە ھەر يىلى 129 مىڭ فوندستېرلىڭ پاپا راسخوتى ئاجرىتىپ بېرىشكە قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئاخىر تاماملاندى.

1859 - يىلدىن 1870- يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا بىر قېتىملىق بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ئىتالىيەدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ قۇل قىلىشىغا قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك قەيسەرانە كۈرەش قىلىشى ۋە كەڭ ئەمگەكچى

خەلقىنىڭ ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلدى.

ئىتالىيە ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكى: «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش» بىلەن «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش»تىن ئىبارەت ئىككى خىل يول ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش پۈتۈن ئىنقىلاب جەريانىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنداق بولغاچقا، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى ئىتالىيەدە پادىشاھلىق تۈزۈم ۋە يېزىلاردىكى يېرىم فېئوداللىق تۈزۈم قاتارلىق فېئودالىزمنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالدى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئىتالىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى يەنىلا ئىلگىرىلەش خاراكتېرلىك تارىخىي ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىرلىككە كېلىشنىڭ تاماملىنىشى ئىتالىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە زۇرۇرىيىتىنى زۇرۇر شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

## 3 ـ بۆلۈم گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى

### 1. 50 ـ يىللاردىكى گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى

1848 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنقىلاب گېرمانىيەنىڭ سىياسىي ئەھۋالىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. گېرمانىيەدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن زىلزىلىگە كەلدى ھەمدە بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، خەلقنى ئورتاق باستۇرۇش، كەلگۈسىدە بۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزئارا بىرلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، 1848 ـ يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق ھاكىمىيەت قۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا مەلۇم دەرىجىدە يول قويدى، ھەتتا پرۇسسىيەمۇ شۇنداق قىلدى.

1848 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پرۇسسىيە پادىشاھى «ئۆزى بېكىتكەن» بىر ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى، 1850 ـ يىلى يەنە بىر يېڭى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىپ، ئىلگىرىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىدى. بۇ ئىككى ئاساسىي قانۇن بۇرژۇئازىيەنىڭ تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە قانائەتلەندۈردى: يەنى پارلامېنت قۇرۇلۇپ، بۇ پارلامېنتقا قانۇن لايىھەسىگە ئاۋاز بېرىش، خامچوت لايىھەسىنى تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىلدى. ئەمما، بۇ ئاساسىي قانۇنلارنىڭ روشەن ئەكسىيەتچى خاراكتېرىمۇ بار ئىدى: پادىشاھ پارلامېنت چىقارغان قانۇنلارنى شەرتسىز ئىنكار قىلىش ۋە مەمۇرىي، ھەربىي ئىشلار ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئىچكى كابىنېت پارلامېنت ئالدىدا ئەمەس، بەلكى پادىشاھ ئالدىدا جاۋابكار بولدى. پارلامېنت ئىككى پالاتادىن تەركىب تاپتى، تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلدى. يۇقىرى پالاتا ئەزالىرى پادىشاھ تەيىنلىگەن ئېسىلزادىلەردىن تەشكىللەندى. سايلام تۈزۈمى ئۈچ دەرىجىلىك سايلام ئۇسۇلىغا بۆلۈندى: بارلىق سايلىغۇچىلار باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلدى. باجنى ئەڭ كۆپ تاپشۇرغانلار 1 ـ دەرىجىگە ئايرىلدى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ئاران 133 مىڭ بولدى. باجنى بىرقەدەر ئاز تاپشۇرغانلار 2 ـ دەرىجىگە ئايرىلىپ، ئادەم سانى تەخمىنەن 490 مىڭ بولدى. باجنى ئەڭ ئاز تاپشۇرغانلار 3 ـ دەرىجىگە ئايرىلدى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 2 مىليون 650 مىڭدىن ئېشىپ، ئەڭ كۆپ بولدى. بۇ ئۈچ دەرىجىنىڭ ئادەم سانىدىكى پەرق ناھايىتى زور بولسىمۇ، ئەمما

سايلاپ چىقىلغان نامزاتلارنىڭ سانى تەڭ بولۇپ، مۇشۇ نامزاتلار ئىچىدىن تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى قايتا سايلاپ چىقىلدى. بۇنداق مۇرەككەپ تەرتىپ ۋە ئاشكارا ئاۋاز بېرىش تۈزۈمى ئاقسۆڭەكلەر ۋە چوڭ بۇرژۇئازلارنىڭ تۆۋەن پالاتادىكى ئورنىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كاپالەتلەندۈردى.

ئاساسىي قانۇن يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پرۇسسىيە ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى تونىغا ئورۇنۇۋالغان پادىشاھلىق مۇستەبىت دۆلەت بولۇپ قېلىۋەردى. ئەمما، ئاساسىي قانۇن يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇ دۆلەت يەنىلا 1848 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى نوقۇل مۇستەبىت دۆلەتتىن پەرقلەندى.

1848 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، گېرمانىيە ئىقتىسادىدا تېخىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. 50 -، 60 - يىللار گېرمانىيەنىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان مەزگىل بولدى. گېرمانىيەنىڭ ئېغىر سانائەت مەھسۇلات مىقدارى ھەر ئون يىلدا بىر ھەسسە ئاشتى. 1850 - يىلى كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 7 مىليون توننا بولغان بولسا، 1860 - يىلى 17 مىليون توننا، 1770- يىلى 34 مىليون توننا بولدى. تۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 1850 - يىلى 200 مىڭ توننا بولغان بولسا، 1860 - يىلى 500 مىڭ توننا، 1870- يىلى 1 مىليون 400 مىڭ توننا بولدى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ گېرمانىيەدە چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ماشىنىسازلىق سانائىتىمۇ راۋاجلاندى. 1846 - يىلى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدىن ئاران 131 ى بار ئىدى، 1861 - يىلىغا كەلگەندە 300 دىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە چوڭ تىپتىكى زاۋۇتلار قۇرۇلدى، خېسسىندىكى كروپپېر زاۋۇتىدا 1860 - يىلى 2000 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىگەن بولسا، 1870 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 16 مىڭغا يەتتى. يېنىك سانائەتمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1849 - يىلى توقۇش ماشىنىسىنىڭ سانى 5018 بولغان بولسا، 1861 - يىلى 15 مىڭ

258 گە يەتتى. تۆمۈر يول قۇرۇلۇشمۇ تېز راۋاجلىنىپ، پەقەت پرۇسسىيەدىكى تۆمۈر يول 1850 ـ يىلىدىن 1870 ـ يىلىغىچە 3800 كىلومېتىردىن 11 مىڭ كىلومېتىرغا ئۇزارتىلدى. 60 ـ يىللاردا گېرمانىيە سانائىتى فىرانسىيەگە يېتىشىۋالدى.

گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تەرەققىياتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، بىر تۈركۈم چوڭ پومېشچىكلار كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى باشلىدى. 50 ـ يىللاردىن كېيىن، دېھقانچىلىق كاپىتالىزمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا راۋاجلاندى. بۇ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان ئامىللار مۇنداق: بىرىنچى، پرۇسسىيە هۆكۈمىتى 1850 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ ، بۇ قانۇنغا ئاساسەن پرۇسسىيە يېزىلىرىدىكى مۇھىم بولمىغان قالدۇق فېئودالىلىق مەجبۇرىيەتچىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەمما، مەجبۇرىي ئەمگەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلەرنى دېھقانلارنىڭ يەرگە ئالماشتۇرۇشى ياكى پۇل چىقىرىپ سېتىۋېلىشى بەلگىلەندى. ئۇنىڭ سوممىسى نەچچە ئون يىللىق يەر ئىجارە هەققىگە توغرا كېلەتتى. پەقەت ئېلبې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىكى دېھقانلار 50 يىل ئىچىدە پومېشچىكلارغا تاپشۇرغان مەجبۇرىيەتنى سېتىۋېلىش هەققى 1 مىليارد ماركقا يەتتى. نەتىجىدە، پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ قولىدىن كەڭ تېرىلغۇ يەرلەر ۋە نەق پۇللارنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىك شەكلىگە ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار بۇ پۇللارغا ئىشچى ياللىدى ۋە ماشىنا سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، دېھقانلار فېئودالىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى پۇلغا سېتىۋالغاندىن كېيىن تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. نۇرغۇن دېھقانلار خانىۋەيران بولدى. ئىككىنچى، خەلقئارا بازاردا ئاشلىق باهاسى ئۆرلەپ كەتتى. بۇنى بىر قاتار سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەنگلىيە

«دانلىق ئاشلىق قانۇنى»نى بىكار قىلىپ، چەت ئەللەردىن ئاشلىق ئىمپورت قىلىش مىقدارىنى ئاشۇردى. بۇ بىرىنچى سەۋەب. ئىككىنچى سەۋەب، شەھەر سانائىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۈچىنچى سەۋەب، 1853 ـ يىلىدىن 1856 ـ يىلىغىچە بولغان قىرىم ئۇرۇشى مەزگىلىدە، رۇسىيە ئاشلىق رىقابىتىگە قاتناشمىدى. ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈشى پرۇسىيە پومېشچىكلىرىنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىك شەكلىگە ئۆتۈشىگە، ئىگىلىكنى كېڭەيتىشىگە تۈرتكە بولدى. پرۇسىيەدىكى نۇرغۇن پومېشچىكلار يەنە شېكەر زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى ۋە پەن تىلىش زاۋۇتلىرىنى قۇردى.

كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى غوجايىنلىرىنىڭ ياللانما ئەمگەكچىلەرگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1854 ـ يىلى پرۇسىيە ھۆكۈمىتى «ياللانما دېھقانلار نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ياللانما دېھقانلار ئىش تاشلاش غەرىزىدە بولسا، ئۇزاق ۋاقىت (ئۈچ يىل) نەزەربەند قىلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

قىسقىسى، 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى گېرمانىيەنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلاندى.

ئەمما، كاپىتالىزم تەرەققىي قىلغانسېرى، دۆلەتنىڭ بۆلۈنمە ھالىتى بۇ دۆلەت كىشىلىرىنى شۇنچە تاقەتسىزلەندۈردى، بۇرژۇئازىيە بىرلىككە كېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى شۇنچە ھېس قىلدى. چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن گېرمانىيەدىكى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا ـ سانائەت قانۇن بەلگىلىمىلىرى، پۇلى، ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. ھەممە دۆلەتنىڭ دۆلەت پۇقرالىقى قانۇنى ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش چەكلىمىسىمۇ ئۆزئارا پەرقلىنەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا

پايدىسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گېرمانىيىدە ئۇششاق دۆلەتلەر كۆپ بولغاچقا، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى ئۆز تاۋارلىرىنى چەت ئەل بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلغاندا، قۇدرەتلىك دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھاپىزىتى يوق ئىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە كاپىتالىستلىرى چەت ئەللەردە رىقابەتكە چۈشكەندە، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئېرىشەتتى. زۆرۈر تېپىلغاندا توپچى پاراخوتلار ئارقا تىرەك بولاتتى. ئەمما، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى بۇنداق مۇھاپىزەتلەردىن بەھرىمەن بولالمايتتى. ئەڭ مۇھىمى، گېرمانىيە بۇنداق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرۇپ چەت ئەللەردە مۇستەملىكە زېمىنلىرىنى ئىگىلەشكە قۇربى يەتمەيتتى. گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىمۇ خۇددى باشقا دۆلەت بۇرژۇئازىيەسىگە ئوخشاش مۇستەملىكە زېمىنلىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. دۆلەت بىرلىككە كەلمىگەنلىكتىن، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى ئارقا تىرەك بولغۇدەك قۇدرەتلىك دۆلىتىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە بۇ دۆلەتكە تايىنىپ، مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش ھەم زومىگەرلىك قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 50 ـ يىللارغا كەلگەندە گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ساداسى 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئۇلار ئەگەر ئىنقىلاب ئارقىلىق گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولساق، پرولېتارىياتنى ئىنقىلابقا سۆرەپ كىرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ چاغدا پارىژ ئىيۇن قوزغىلىڭىغا ئوخشاش خەۋپ تۇغۇلىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بىر چوڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا تايىنىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماقچى بولدى. شۇ چاغدا گېرمانىيەدە پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيەدىن ئىبارەت

ئىككى چوڭ دۆلەت بار ئىدى. ئەمما، گېرمانىيە بۇرژۇئازلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈمىدىنى پرۇسسىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا باغلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچى، پرۇسسىيەنىڭ ھەربىي كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قۇدرىتى يېتىپلا قالماي، بۇرژۇئازىيەگە ياردەملىشىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرالايتتى ھەم چەت ئەللەرگىمۇ تاجاۋۇز قىلالايتتى. ئىككىنچى، پرۇسسىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە قوللانغان چارە - تەدبىرلىرى بۇرژۇئازىيەگە ياخشى تەسىر قالدۇردى. پرۇسسىيە 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى تەشكىللەشنى تەشەببۇس قىلغانىدى، 1848 - يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە سىياسىي جەھەتتە بۇرژۇئازىيەگە يول قويۇپ، ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلدى ۋە پارلامېنت تەشكىللىدى. ئەمما، ئاۋستىرىيە 1848 — 1849 - يىلىدىكى ئىنقىلابنى باستۇرغاندىن كېيىن، فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، گېرمانىيەدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە دەۋر ئېقىمىغا ئەڭ قارشى دۆلەتكە ئايلاندى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ بېشىدا، پرۇسسىيەنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى قوللايدىغان بۇرژۇئازلار ئىككى سىياسىي تەشكىلات قۇردى: ئۇنىڭ بىرى، 1859 - يىلى قۇرۇلغان «گېرمانىيە مىللىي جەمئىيىتى» بولۇپ، بۇ تەشكىلات گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا قىسىم دۆلەتلىرىدىكى بۇرژۇئازلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. يەنە بىرى، 1861 - يىلى قۇرۇلغان تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسى بولۇپ، بۇرژۇئاز لىبېرالىستلىرىدىن تەشكىللەنگەنىدى. بۇ پارتىيە گەرچە پرۇسسىيەنىڭ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىشىنى ھىمايە قىلسىمۇ، ئەمما پرۇسسىيەنىڭ بۇرژۇئا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، بۇرژۇئازىيەگە تېخىمۇ چوڭ سىياسىي ھوقۇقلارنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر تەرەپتىن، پرۇسسىيەدىكى يونكېر سىنىپىمۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان قوراللىق كۈچ ئارقىلىق پۈتۈن گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلقنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىشنى ۋە ئېزىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پرۇسسىيەدىكى يونكېر سىنىپىغا تەۋە نۇرغۇن كىشىلەر بۇرژۇئازلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلىشى پرۇسسىيە يېزا ئىگىلىك كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى.

ئەمەلىي كۈچ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پرۇسسىيە يونكېر سىنىپى 17 ـ ئەسىردىن بۇيان كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى، شۇڭا گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئۇلارنىڭ قۇدرىتى يېتەتتى.

بىرلىككە كېلىش گېرمانىيە پرولېتارىياتىمۇ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ، بىرلىككە كېلىش ئىشقا ئاشسا ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق بولاتتى. ئەمما، 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا، گېرمانىيە پرولېتارىياتى سىياسىي، تەشكىلىي ۋە ئىدىيەۋى ئاڭ جەھەتتە ئازراقمۇ پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش» يولى بىلەن ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتى.

شۇڭا، شۇ چاغدىكى گېرمانىيە سىنىپلىرىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى پرۇسسىيە يونكېر سىنىپىغا پايدىلىق ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال پرۇسسىيە يونكېر سىنىپىنىڭ خاندانلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا يول قالغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

شۇ چاغدا، ماركس ۋە ئېنگېلس گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلار گېرمانىيە خەلقىنى

«تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش» يولى بىلەن ئىنقىلاب ۋاسىتىسى ئارقىلىق، پرۇسسىيە خانىدانلىقى باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا چاقىردى . بۇ خەلققە ئەڭ پايدىلىق يول بولسىمۇ، ئەمما گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قورقۇنچاقلىقى، گېرمانىيە پرولېتارىياتىنىڭ سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتە تېخى گۆدەك بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلابىي تەشەببۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

## 2. «ئاساسىي قانۇن ماجىراسى»

پرۇسسىيە 1849 ـ يىلى ۋە 1859 ـ يىلى ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاۋستىرىيەنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. پرۇسسىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قورال كۈچى ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇرۇش ئارقىلىقلا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتتى. 1860 ـ يىلىدىن باشلاپ پرۇسسىيە ھۆكۈمىتى كەسكىنلىك بىلەن ھەربىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، گېرمانىيەنى قورال كۈچىگە تايىنىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى. ئەمما، بۇ ھەربىي ئىسلاھات بىر مەيدان «ئاساسىي قانۇن ماجىراسى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1860 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى فانلون پارلامېنتقا ھەربىي ئىسلاھات لايىھەسى سۇنۇپ، زاپاس قوشۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دائىمىي قوشۇننىڭ ئەسكەر سانىنى 140 مىڭدىن 217 مىڭغا كۆپەيتىشنى، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتىنى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغا ئۇزارتىشنى، بۇ ھەربىي ئىسلاھاتقا 10 مىليون تاللېر خىراجەت ئاجرىتىشنى ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

قويدى. پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق بۇرژۇئازىيە پارلامېنت ئەزالىرى 1850 - يىلى ئاساسىي قانۇندا پارلامېنتقا بېرىلگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشىنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى. بۇ ھەربىي ئىسلاھات لايىھەسىنى رەت قىلغانغا باراۋەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇرژۇئازىيەمۇ پرۇسىيەنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا پرۇسىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىش مەقسەت قىلىنغان ھەربىي ئىسلاھات ۋە ھەربىي خىراجەت ئاجرىتىشقا قارشى تۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇشىدىكى سەۋەب، بۇ ھەربىي ئىسلاھاتقا فانلوننىڭ رەھبەرلىك قىلغانلىقى ئىدى، فانلون ئەڭ ئەكسىيەتچى يونكېر سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ھەربىي ئىسلاھات يونكېر سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچىنى زورايتىپ، پرۇسىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ دېموكراتىيەلىشىشكە توسالغۇ بولاتتى. پارلامېنت خىراجەت ئاجرىتىشنى رەت قىلىپلا قالماي، يەنە كابىنېت مەسئۇللۇق تۈزۈمىنى① يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن «ئاساسىي قانۇن ماجىراسى» باشلاندى.

«ئاساسىي قانۇن ماجىراسى»نىڭ ماھىيىتى بۇرژۇئازىيە بىلەن پادىشاھ باشچىلىقىدىكى پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپ، بۇرژۇئازىيە ئاساسىي قانۇندا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان سىياسىي ئورنىغا قانائەت قىلمايتتى، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تەلەپ قىلاتتى.

1861 - يىلى پرۇسىيە پادىشاھى ۋىلىيام I بۇرژۇئازىيەنىڭ ھەربىي خىراجەت ئاجرىتىشنى رەت قىلىش ھەرىكىتىگە قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭى

① كابىنېت مەسئۇللۇق تۈزۈمى، يەنى ئىچكى كابىنېت پادىشاھ ئالدىدا ئەمەس،بەلكى پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

پارلامېنت تەشكىللەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سايلام جەريانىدا، يېڭى قۇرۇلغان تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسى ئۈچ دەرىجىلىك سايلام ئۇسۇلى ۋە ئاشكارا ئاۋاز بېرىش تۈزۈمىنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. سايلام نەتىجىسىدە، تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسى پارلامېنتتا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى.

1862 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، يېڭى پارلامېنت ئىشقا چۈشتى. يېڭى پارلامېنت تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالدىنقى تۆۋەنلىك پارلامېنتتىنمۇ قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن ھەربىي خىراجەت ئاجرىتىشنى رەت قىلىپلا قالماي، يەنە ھۆكۈمەتكە تۆۋەندىكى ئىككى تەلەپنى قويدى: بىرىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىگە پارلامېنت نازارەت قىلىش؛ ئىككىنچى، بارلىق خىراجەتلەرنى پارلامېنت تەستىقلىغان پىلان بويىچە ئىشلىتىش. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ۋىلىيام I پارلامېنتنى يەنە تارقىتىۋېتىپ يېڭىدىن پارلامېنت تەشكىللەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يېڭى پارلامېنت سايلىمىدا، ھۆكۈمەت سايلىغۇچىلارغا زور بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ ئانچە رولى بولمىدى، يېڭى پارلامېنت ئىچىدە تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسىدىكىلەر يەنە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. يېڭى پارلامېنت ھەربىي خىراجەت ئاجرىتىشنى يەنە رەت قىلدى. بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئىشچىلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئاممىۋى يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، پرۇسسىيەدە يېڭى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئەمما، پرۇسسىيە بۇرژۇئازىيەسى كونا فېئودال كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە خەلق ئاممىسىنى قوزغاشقا پېتىنالماي، پەقەت پارلامېنت دائىرىسىدىلا ھەرىكەت قىلىش بىلەن چەكلەندى.

يېڭى پارلامېنتنىڭ ھەربىي ئىسلاھات لايىھەسىنى ئىنكار قىلىشى پادىشاھ ۋىلىيام I نى قاتتىق تەڭلىكتە قويدى، ئۇ ھەتتا تەختتىن چۈشۈشنىمۇ ئويلىدى. ئەمما بۇرژۇئازىيەنىڭ

قورقۇنچاقلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە جانلىنىپ، 1862 ـ يىلى جاسارەتلىك شەخس ـ ئوتتو فون بىسمارك (1815 ـ 1898)نى ئىچكى كابىنېت تەشكىللەشكە تەكلىپ قىلىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش قارارىغا كەلدى.

بىسمارك پرۇسسىيەدىكى يۇنكېر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، پادىشاھقا ئىنقىلابنى قورال كۈچى ئارقىلىق باستۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئىنقىلابچى ئاممىغا ھەرقانداق شەكىلدىكى يول قويۇشلىرىغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇچىغا چىققان پادىشاھپەرەس، دەپ نام ئالغان. ئۇ بىر مۇستەبىتلىكنى ياقلىغۇچى ۋە مۇتەئەسسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاۋستىرىيەنى پادىشاھلىق تۈزۈمنىڭ كاپالىتى ۋە دېموكراتىيە دولقۇنىنى توسىغۇچى توسما دەپ قاراپ، ئۇزاق مەزگىل ئاۋستىرىيەگە ھېسداشلىق قىلىپ كەلگەن. شۇڭا، پرۇسسىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنىڭ گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى ئىچىدە دوستانە ـ ئىناق ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلغان. ئەمما، 1851 ـ يىلىدىن 1857 ـ يىلىغىچە پرۇسسىيەنىڭ فرانكفورتتا تۇرۇشلۇق پارلامېنت ۋەكىلى بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە ئۇنىڭ كۆز قاراش ۋە پوزىتسىيەسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى ئاۋستىرىيەنىڭ زومىگەرلىك قىلىشتىكى بىر قورالى ئىكەنلىكىنى، پرۇسسىيە ئوتتۇرا ياۋروپادا چوڭ دۆلەتكە ئايلانماقچى بولسا، ئاۋستىرىيەنى مەغلۇپ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ يەنە گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى، بۇ ۋەزىپىنى پرۇسسىيە زىممىسىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى، بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىگە پەقەت پرۇسسىيە رەھبەرلىك قىلسىلا، خوھېنزوللېرن خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى ۋە يۇنكېر سىنىپىنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئاۋستىرىيەنىڭ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق



www.uyghurkitap.com

توسالغۇ ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۆروۋش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئاۋستىرىيەنى قوغلاپ چىقارغاندىلا، ئاندىن گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇپ، پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈم ۋە كونا فېئودالىلىق تەرتىپىنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىسىغا ئايلاندى.

بىسمارك باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىپ، تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسىگە قىلچە يول قويمىدى. ئۇ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ يەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەڭ كەسكىن تەلىپىنىڭ بىرلىككە كېلىش ئىكەنلىكىنى، پەقەت پرۇسسىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرسە، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇ پرۇسسىيە بۇرژۇئازىيەسى بىلەن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ پارلامېنتتا: «گېرمانىيەنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى پرۇسسىيەنىڭ لىبېرالىزىمى ئەمەس، بەلكى پرۇسسىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى... ھازىرقى مۇھىم مەسىلىنى قۇرۇق گەپ بىلەن ۋە كۆپ سانلىقلارنىڭ قارارى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، 1848ـ يىلى ۋە 1849 ـ يىلىدىكى خاتالىق دەل مۇشۇ يەردە، بۇ مەسىلىنى تۆمۈر ۋە قان بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈر» دېدى.

ئۇ پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەيلا، نۇرغۇن خىراجەت ئاجرىتىپ، ھەربىي ئىسلاھات پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. جامائەت پىكرىنى بېسىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاخبارات ئەركىنلىكىنى چەكلىدى، ھەرقانداق گېزىت ئىككى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقاتىنى توختاتمىسا گېزىتخانا تاقىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بىسمارك يەنە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ

ئاغمىچى داھىيسى لاسسال بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى.

«پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى» 1869 ـ يىلىدىن بۇرۇن پۈتۈن گېرمانىيەدىكى بىردىنبىر مۇستەقىل ئىشچىلار تەشكىلاتى بولۇپ، لاسسال رەھبەرلىك قىلاتتى. ئەمما، لاسسال گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنى زىيانلىق ئاغمىچىلىق يولىغا باشلىدى. ئۇ بىسمارك بىلەن ئوغرىلىقچە تىل بىرىكتۈرۈپ، 1863 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە بىسمارك بىلەن ئالتە قېتىم مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە كۆپ قېتىم خەت ئالاقە قىلدى. لاسسال ئىشچىلار سىنىپىغا ۋاكالىتەن بىسماركنىڭ ئۈرۈش ۋاسىتىسى ئارقىلىق گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت «تۆمۈر قان سىياسىتى»نى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بىسماركمۇ بىرلىككە كېلىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن چوقۇم ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى يۈرگۈزۈشكە ۋەدە بەردى.

پرۇسىيە بۇرژۇئاز تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە لاسسالنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ساتقىنلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، بىسمارك دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى كاپالەتكە ئىگە بولدى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولى بىلەن گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پىلانىنى داۋاملىق بىلەن داۋاملاشتۇردى.

### 3. بىسماركنىڭ «تۆمۈر قان» سىياسىتى ۋە گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ تاماملىنىشى

قورال كۈچى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئاۋستىرىيەنى ھەربىي جەھەتتە مەغلۇپ قىلىش بىسماركنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى ئىدى. ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشتىن ئىلگىرى، گېرمانىيە بىلەن دانىيە

ئوتتۇرىسىدا زېمىن ماجىراسى يۈز بەردى، بىسمارك ئالدى بىلەن دانىيەنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئاندىن ئاۋستىرىيەگە قول سالماقچى بولدى.

ئەسلىدە گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى شىلىسۋىگ ۋە خولىستېيىندىن ئىبارەت ئىككى كىنەزلىك گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، زېمىنى دانىيە پادىشاھىنىڭ خوجىلىق زېمىنىنى ھېسابلىناتتى، ئەمما ئۇلار دانىيە پادىشاھلىقىغا قوشۇلۇپ كەتمىگەنىدى. بۇ ئىككى كىنەزلىكتىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى گېرمانىيەلىك بولۇپ، 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتا دانىيە پادىشاھلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ، گېرمانىيەگە قوشۇلۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەمما چار پادىشاھنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىپى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى، دانىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۇزاقتىن بۇيان بۇ ئىككى كىنەزلىكنى دانىيە زېمىنىغا قوشۇۋېلىشنى كۆزلەپ يۈرەتتى، 1863 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دانىيە بۇ ئىككى كىنەزلىكنى رەسمىي قوشۇۋالغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ گېرمانىيەدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. بىسمارك گېرمانىيەلىكلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دانىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى.

بىسماركنىڭ بۇ ئۇرۇشنى قوزغاشتا نۇرغۇن مۇرەككەپ مەقسەتلىرى بار ئىدى: بىرىنچى، پرۇسسىيەنى پۈتۈن گېرمانىيە خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى گېرمانىيە ھوقۇقىنى قوغدىغۇچىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، پرۇسسىيەنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپ، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىشتىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش. ئىككىنچى، دانىيەگە قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن پرۇسسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئوتتۇرىسىدا زېمىن ماجىراسى پەيدا قىلىپ، ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا باھانە تېپىش. ئۈچىنچى، دانىيەگە قارشى ئۇرۇش ئارقىلىق كەلگۈسىدە ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇشقا تەجرىبە

توپلاش.

1864 - يىلى دانىيەگە قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. ئاۋستىرىيە پرۇسىيەنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتى. نەتىجىدە دانىيە مەغلۇپ بولۇپ خولستېيىننى ئاۋستىرىيەگە، شلېسۋىگنى پرۇسىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن، بىسمارك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ئاۋستىرىيەنى يېتىم قالدۇرماقچى بولدى. 1863 - يىلى پولشادا قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندە، پرۇسىيە رۇسىيەنىڭ پولشا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قولچوماق بولۇپ بېرىپ، رۇسىيەنىڭ پرۇسىيە - ئاۋستىرىيە ئۇرۇشىدا بىتەرەپ تۇرۇش ۋەدىسىگە ئېرىشىۋالدى. بىسمارك 1865 - يىلى 9 - ئايدا ناپولېئون Ⅲ بىلەن كۆرۈشكەندە، پرۇسىيەنىڭ فىرانسىيەنىڭ ليۇكسېمبۇرگنى فىرانسىيە زېمىنىغا قوشۇۋېلىشقا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، پرۇسىيە - ئاۋستىرىيە ئۇرۇشىدا فىرانسىيەنىڭ بىتەرەپ تۇرۇش جاۋابىغا ئېرىشتى. ئىتالىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنىڭ زىددىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ (شۇ چاغدا ۋېنېتسىيە ئاۋستىرىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدە ئىدى)، 1866 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پرۇسىيە بىلەن ئىتالىيە ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالاپ مۇنداق كېلىشتى: ئەگەر پرۇسىيە ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاۋستىرىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلسا، ئىتالىيەمۇ دەرھال ئاۋستىرىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. پەقەت ئاۋستىرىيە ۋېنېتسىيەنى ئىتالىيەگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ئاندىن ئاۋستىرىيە بىلەن يارىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىسمارك پرۇسىيە - ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن، خەلقئارا مۇھىتنى پرۇسىيەگە پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئەمما، دانىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گېرمانىيەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا پرۇسىيەنىڭ زومىگەرلىك

www.uyghurkitap.com

سىياسىتىگە قارشى ئاممىۋى ھەرىكەتلەر قوزغالدى. خەلقنىڭ پرۇسسىيەگە بولغان نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، بىسمارك گېرمانىيە فېدېراتسىپ پارلامېنتىغا بىر قانۇن لايىھەسى سۇنۇپ، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى ۋە بىۋاسىتە سايلام تۈزۈمى ئارقىلىق پۈتۈن گېرمانىيە پارلامېنتى تەشكىللەش، بۇ پارلامېنت پۈتۈن گېرمانىيەنىڭ تۆمۈريول ياساش، پوچتا ۋە تېلېگرامما، تېلېفون ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، پۈتۈن گېرمانىيە پۇقرالىرىنىڭ گېرمانىيە چېگراسى ئىچىدە ئەركىن ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى بولۇش، پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە بىرلىككە كەلگەن تاموژنا بېجى قانۇنى ۋە سودا قانۇنى چىقىرىش، بىر تۇتاش دىپلوماتىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈش، پۈتۈن گېرمانىيەدە ھەربىي قوشۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىسمارك ئوتتۇرىغا قويغان بۇ قانۇن لايىھەسىگە فېدېراتسىپ پارلامېنت جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، بىسمارك ئۇرۇش قوزغاشقا باھانە ئىزدەپ ئاۋستىرىيەدىن خولىستېيننى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئاۋستىرىيە بۇ تەلەپنى رەت قىلدى، مانا بۇ ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. 1866 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇرۇش پارتلىدى.

ئۇرۇش جەريانىدا، گېرمانىيەدىكى كۆپ ساندىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى پرۇسسىيە گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئاۋستىرىيەگە يان بېسىپ پرۇسسىيە بىلەن جەڭ قىلدى، پەقەت گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى بىر قانچە كىچىك دۆلەتلا پرۇسسىيەنى قوللىدى. ئىتالىيەمۇ ئاۋستىرىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سادوۋادا بولغان ھەل قىلغۇچ جەڭدە، 291 مىڭ كىشىلىك پرۇسسىيە قوشۇنى بىلەن 238 مىڭ كىشىلىك ئاۋستىرىيە قوشۇنى

جەڭگە چۈشتى. پرۇسىيە قوشۇنى جەڭدە يېڭى تەپكىلىك مىلتىق ئىشلەتتى، ئاۋستىرىيە قوشۇنى بولسا يەنىلا كونا شەكىلدىكى مىلتىق ئىشلەتكەچكە، پرۇسىيە قوشۇنىنىڭ ئوت كۈچى ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پرۇسىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرى ئاۋستىرىيە قوشۇنى قوماندانلىرىغا قارىغاندا كەسكىن، جۈرئەتلىك ئىدى. بۇ ھەل قىلغۇچ جەڭدە، پرۇسىيە قوشۇنى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پرۇسىيە قوشۇنى ئاۋستىرىيە پايتەختىگە قىستاپ كەلدى. فىرانسىيە ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرگەنلىكتىن، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پرۇسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پراگادا سۈلھى كېلىشىمى تۈزدى. كېلىشىمگە ئاساسەن، ئاۋستىرىيە ماين دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ پرۇسىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى قۇرۇشقا قوشۇلدى. پرۇسىيە خولشتېيىن، خانوۋېر، خېسېن، ناسسئۇ، خېسېن — خومبۇرگ، ئەركىن شەھەر فرانكفورتنى يۇتۇۋالدى، يەنە، پرۇسىيە جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى ھەرقايسى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاۋستىرىيەدىن ئاز مىقداردا تۆلەم ھەققى سورىدى. بىسماركنىڭ ئاۋستىرىيەگە قىلغان بۇ خىل كەڭ قورساقلىقى ۋە جانلىقلىقىنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار ئىدى. گېرمانىيەنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن فىرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى، بىسمارك شۇ چاغدا ئاۋستىرىيەنىڭ بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. پرۇسىيە - ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ناپولېئون Ⅲ بىتەرەپ تۇرغانلىقىنىڭ ئىنئامى ھېسابىدا ليۇكسېمبۇرگنى قوشۇۋالماقچى بولدى، ئەمما بىسمارك قاتتىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى.

1867 - يىلى، پرۇسىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىمالىي

گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا 21 دۆلەت ۋە ئۈچ ئەركىن شەھەر (ھامبورگ، برېمېن، لۇبېك) ئەزا بولدى. شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ رەئىسلىكىنى پرۇسسىيە پادىشاھى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، بۇ ۋەزىپە يەنە ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى ۋەزىپە بولۇپ، رەئىس فېدېراتسىيەسىنىڭ بارلىق مەمۇرىي، ھەربىي ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. بىسماركمۇ شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى ۋە پارلامېنت ئالدىدا ئەمەس، رەئىس ئالدىدا جاۋابكار بولدى. پارلامېنتقا باش مىنىستىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بېرىلمىدى. ئىمپېرىيە پارلامېنتى بىلەن فېدېراتسىيە پارلامېنتى فېدېراتسىيەنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بولدى. ئىمپېرىيە پارلامېنتى ئەزالىرى ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، بىۋاسىتە ۋە مەخپىي سايلام ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلدى. فېدېراتسىيە پارلامېنتى ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر تەيىنلىگەن ۋەكىللەردىن تەشكىللەندى، جەمئىي 43 ۋەكىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پرۇسسىيە ۋەكىلى 17 بولدى. ئىمپېرىيە پارلامېنتىنىڭ قارارلىرى فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولدى. قىسقىسى، ئاساسىي قانۇن پرۇسسىيەنىڭ پۈتۈن فېدېراتسىيەنى كونترول قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، پرۇسسىيە پادىشاھى باشچىلىقىدىكى پومېشچىكلار سىنىپىنى پۈتۈن گېرمانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا ئايلاندۇردى. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى بىسماركنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشتىكى بىر نەيرىڭى بولۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنى بىخۇدلاشتۇرۇشتا رولى چوڭ بولدى. ئۇ بۇ نەيرەڭ بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلاب كەيپىياتىنى پەسەيتىپ، ئۇلارنى پرۇسسىيەنىڭ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىشقا قارشى تۇرمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەل قىلغۇچ باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. فېدېراتسىيە زېمىنىدا بارلىق قاتناش ۋە تاۋار ئوبوروتى توسالغۇلىرى ئېلىپ تاشلاندى، پۇل ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. فېدېراتسىيەنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە تاشقى سودا سىياسىتىمۇ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىر تۇتاش بېكىتىلدى، مۇھىم ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە قارىتا بىر تۇتاش تەدبىر قوللىنىلدى. ئىلگىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بۇرژۇئازىيەنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان سودا - سانائەتكە پايدىسىز چەكلىمىلەر ئەمدى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلاندى. شۇڭا، شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى شۈبھىسىز ھالدا پۈتۈن گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق شارائىت ياراتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىسماركنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىسماركنىڭ گېرمانىيە بۇرژۇئازىيەسى ئىچىدىكى ئابرۇيى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتتى. ئىلگىرى، «ئاساسىي قانۇن ماجىراسى»دا بىسماركنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا قارشى تۇرغان پرۇسسىيە بۇرژۇئاز تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسىمۇ بىسمارك بىلەن يارىشىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلدى. چۈنكى، گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەت بۇرژۇئازىيەنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتتىن مۇھىم ئىدى. پرۇسسىيە پارلامېنتىتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى پارلامېنت ئەزالىرى «ئاساسىي قانۇن ماجىراسى»دىن بۇيان بىسمارك ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە چىقىمىنىڭ توغرا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بىسماركمۇ يارىشىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، ئىلگىرىكى ئىچكى كابىنېت پارلامېنتنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي باج

تۈزلىرىنى تەسىس قىلىشنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى. پارلامېنتمۇ بىسماركنىڭ پوزىتسىيەسىنى قارشى ئالدى، تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسىدە بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ، كۆپ ساندىكى ئەزالىرى پارتىيەدىن چىقىپ كېتىپ، مىللىي ئەركىنلىك پارتىيەسىنى تەشكىللىدى. بۇ يېڭى سىياسىي پارتىيە تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئائىت ئەسلىدىكى تەشەببۇسلىرىدا چىڭ تۇرغاندىن باشقا، بىسماركنىڭ تاشقى سىياسىتىنى ۋە گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش فاڭجېنىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «ئاساسىي قانۇن ماجىراسى» دا بىسمارك بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان بىرقانچە بىيۇروكرات ئەمەلدار پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى مىللىي ئەركىنلىك پارتىيەسىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەر ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئەمما، 1867 ـ يىلىدىكى شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى، جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى كىچىك دۆلەتلەر فېدېراتسىيەنىڭ سىرتىدا قالدى.

جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى دۆلەتلەر — باۋارىيە، ۋۇرتېمبېرگ، بادېن، خېسسېن — دارمىشتادت قاتارلىقلارنىڭ شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ سىرتىدا قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ناپولېئون Ⅲ نىڭ زورلۇق بىلەن توسۇپ قويغانلىقىدىن بولدى. ناپولېئون Ⅲ گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىغا تەھدىت سېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە قارشى تۇرۇپ، جەنۇبىي گېرمانىيەدە يەنە بىر فېدېراتسىيە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ چاغدا فىرانسىيە ستىراسبۇرگ قەلئەسىنى تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ، فىرانسىيە قوشۇنى بۇ مۇھىم قورغان ئارقىلىق جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى

www.uyghurkitap.com

دۆلەتلەرگە ئۆزئۆل بۆسۇپ كىرەلەيتتى، شۇڭا جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى دۆلەتلەر فرانسىيەنىڭ تەھدىتى بىلەن شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىگە ئاشكارا قوشۇلۇپ كېتىشكە پېتىنالمىدى، بۇخىل ئەھۋالدا، جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى دۆلەتلەر شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن مەخپىي ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشكە توغرا كېلەتتى.

1870 - يىلى پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، فرانسىيە مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن، جەنۇبىي گېرمانىيەدىكى دۆلەتلەر شىمالىي گېرمانىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن قوشۇلۇپ، گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئاخىر تاماملاندى.

## 4. بىرلىككە كېلىش جەريانىدىكى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى، سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى

1852 - يىلى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيەدە بىر مەزگىل ھېچقانداق ئىشچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلمىدى. 1857 - يىلى ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەرگەندە گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى جانلىنىشقا باشلىدى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا، نۇرغۇن شەھەرلەردە ئىش تاشلاش ھەرىكىتى يۈز بەردى. بۇرژۇئاز تەرەققىيپەرۋەرلەر پارتىيەسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇستەقىل ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشىدىن قورقۇپ، ئىشچىلار ئارىسىدا ئۆزئارا ياردەملىشىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە ھەرخىل مائارىپ تەشكىلاتلىرىنى قۇردى.

1862 - يىلى بېرلىن ئىشچىلىرى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، لوندون سانائەت كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتتى، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەنگلىيە ئىشچىلار

ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تەشكىلاتى بولۇشىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشچىلار ئارىسىدا مۇستەقىل تەشكىلات قۇرۇش ئىدىيەسى كۈنسېرى كۈچەيدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشماي كەلدى. 1863 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، لېيپسىگدا «پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى» قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى ۋە گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇستەقىل تەشكىلاتى بولۇپ قالدى. بۇ تەشكىلات قۇرۇلۇشى بىلەنلا فىردىناد لاسسالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

لاسسال (1825 ــ 1864) يەھۇدىي سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ 1843 ـ يىلىدىن 1846 ـ يىلىغىچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، گېگىلنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ، خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن ئۇچراشقان. 1848ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتا بەزى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ «يېڭى رېين گېزىتى» بىلەن ئالاقە ئورناتقان.

60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا لاسسال ئىشچىلار تەشكىلاتى قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1862ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئۇ بېرلىندىكى بىر قول سانائەتچىلەر جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلەپ، شۇ چاغدىكى تۈزۈمنى تەنقىد قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تارىخىي رولىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭ بۇ نۇتقى گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ بۇرژۇئازىيەنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. لېيپسىگدىكى ئىلغار ئىدىيەلىك ئىشچىلار 1862 ـ يىلى 12 ـ ئايدا لاسسالغا خەت يېزىپ، ئۇنى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى لاسسالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلدى. لاسسالنىڭ تۆھپىسى خۇددى لېنىن

ئېيتقاندەك، «ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنى ئەركىن بۇرژۇئازلارنىڭ قۇيرۇقىدىن ئەگىشىدىغان مۇستەقىل سىياسىي پارتىيەگە ئايلاندۇردى.»①

ئەمما، پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لاسسال ئىشچىلار ئارىسىدا ئىسلاھاتچىلىق ۋە سىنىپلارنى كېلىشتۈرۈش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە ئىشچىلارغا بۇ ئىدىيەنى سىڭدۈردى. ئۇ دۆلەتنى سىنىپتىن ھالقىغان تەشكىلات، دۆلەتنىڭ مەقسىتى «تەبىئەت، نامراتلىق ۋە نادانلىق» بىلەن كۈرەش قىلىش، دەپ چۈشەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىنىپتىن ھالقىغان كۆز قارىشىنى چىقىش قىلىپ، سىنىپىي كۈرەشنى ئىنكار قىلدى، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قارشى تۇردى. ئۇ بۇرژۇئازىيەنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىدىن ناھايىتى زوقلىنىپ، ئۇنى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك دۆلەت تۈزۈمى دەپ قارىدى. ئۇ يەنە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىگە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى نامراتلىقنى يوقاتقۇچى ھەممىگە قادىر چارە، دەپ تونۇدى. ئۇ ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار سىنىپى پارلامېنتنى كونترول قىلالايدۇ، بۇنداق پارلامېنت ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى تەشكىلاتىغا تايىنىپ كاپىتالىستلار بىلەن رىقابەتلىشىپ، كاپىتالىستلارنى سىقىپ چىقارغاندىن كېيىن، ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، سوتسىيالىزمغا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەنلەرنى تەشۋىق قىلدى.

ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغانلىقتىن، پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشى بولغان دېھقانلارغىمۇ قارشى تۇردى. ئۇ دېھقانلارنى ئەكسىيەتچى سىنىپ دەپ قاراپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى.

---

① لېنىن: «روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ئېتىرازنامىسى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 4 ـ توم، 150 ـ بەت.

گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە ئۇ بىسماركنىڭ «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولىنى قوللاپ، بىسمارك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىشچىلار سىنىپىغا نومۇسسىزلارچە ئاسىيلىق قىلدى.

ماركس، ئېنگېلس لاسسالنىڭ ئوڭچىل ئاغمىچىلىق قارىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇنى بىسمارك بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بار، دەپ گۇمانلاندى. 1928 ـ يىلى لاسسال بىلەن بىسماركنىڭ ئالاقە خەت ـ چەكلىرى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بۇ گۇمان پۈتۈنلەي ئىسپاتلاندى.

ماركس، ئېنگېلس لاسسال كونترول قىلىۋاتقان پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئىنقىلابىي يولدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، گېرمانىيە ئىشچىلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىپ، باشقا بىر ئىنقىلابىي ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسى قۇرۇش قارارىغا كەلدى.

60 ـ يىللاردا بىر قىسىم ئىلغار ئىدىيەلىك گېرمانىيە ئىشچىلىرى ماركسىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ئاۋگۇست بېبېل (1840 ــ 1913) ۋە ۋىلىيام ۋە لىبكنېخت (1826 ــ 1900) ئىككىيلەن بار. ياش ئىشچى بېبېل بالىلىق دەۋرىدە نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتقان. 20 ياش ۋاقتىدا ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە سىياسىي كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ، مەشھۇر ئىشچىلار داھىيسى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ بىلىملىك سىياسىيون بولۇپ، 1848ـ يىلىدىكى بادېن قوزغىلىڭىغا قاتناشتى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چەت ئەلگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى، لوندوندا ماركس، ئېنگېلسلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، 1862 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

بېبېل ۋە لىبكنېخت گېرمانىيە ئىشچىلىرى ئارىسىدا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. 60 ـ يىللاردا قۇرۇلغان «ساكسېن ئىشچىلار جەمئىيىتى بىرلەشمىسى»گە مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

ئىككىيلەن رەھبەرلىك قىلدى. ئەمما، بۇ ئىشچىلار تەشكىلاتى شۇ چاغدىكى بۇرژۇئازىيە «خەلق پارتىيەسى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، مۇستەقىل ئىشچىلار تەشكىلاتى ھېسابلانمايتتى.

بۇ ئىككى نەپەر ئىشچىلار داھىيسى ماركسىزمچى بولسىمۇ، ئەمما پىشىپ يېتىلگەن ماركسىزمچى ھېسابلانمايتتى، بەزى زور مەسىلىلەردە خاتا كۆزقاراشلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، ئۇلار ئىشچىلارنىڭ مۇستەقىل سىياسىي پارتىيەسى قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتمىگەن بولۇپ، خەلق پارتىيەسى بىلەن ئىزچىل ئالاقە قىلىپ كەلدى ۋە بۇ ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئۇنىمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە، لىبكنېخت ناتوغرا مەيداندا تۇردى. ئۇ گەرچە بىسماركنىڭ «تۆمۈر قان» سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلاب ۋاسىتىسى بىلەن ھەرقايسى فېئودال پادىشاھلىقلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمما بۇ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى فېدېراتسىيە شەكلىدە قۇرۇشنى تەكىتلىدى، بۇ ماركسنىڭ تەشەببۇسىغا قارىمۇقارشى ئىدى، ماركس ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى گېرمانىيە ھوقۇق مەركەزلەشكەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى، ئەمما لىبكنېختنىڭ تەشەببۇسى يەرلىك بۆلگۈنچىلىككە پايدىلىق ئىدى.

ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئىككىيلەن ماركس، ئېنگېلسنىڭ قىزغىن ياردەم قىلىشى بىلەن، نۇرغۇن خاتالىقلىرىنى تۈزەتتى، بولۇپمۇ مۇستەقىل، ئىنقىلابىي ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسى قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. 60 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئۇلارنىڭ تەشۋىقات تەربىيەسى ئارقىلىق، ئويغانغان ئىشچىلار لاسساللىچىلارنىڭ پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار

بىرلەشمىسىدىن بەس ـ بەستە چېكىنىپ، بېبېل ۋە لىبكنېختنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. ھەقىقىي ئىنقىلابىي ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسى قۇرۇش شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

1869 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئېيزېناختا پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا «ئىشچىلار جەمئىيىتى بىرلەشمىسى»نىڭ تارقىتىۋېتىلىپ، «سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ھەمدە پارتىيە نىزامنامىسى ماقۇللاندى. پارتىيە نىزامنامىسىدە بۇ پارتىيەنىڭ 1 ـ ئىنتېرناتسىيونال مەيدانىدا تۇرۇپ، بارلىق سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى يوقىتىپ، ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقى بېكىتىلدى.

سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيەسىنىڭ رەسمىي دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى، بۇ پارتىيەنىڭ پىروگراممىسىدا لاسسالچىلارنىڭ بەزى زىيانلىق تەلەپلىرى ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىق مەسىلىلەردە ماركسىزملىق مەيداندا چىڭ تۇردى.

ماركس، ئېنگېلس گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى سىياسىي پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئەمما بۇ پارتىيەنىڭ پىروگراممىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قۇرۇق، خاتا پىرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بەردى، بولۇپمۇ «خەلق» دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئالاھىدە تەنقىد قىلدى، ماركس، ئېنگېلسنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى دۇنياغا كەلگەن سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئۈزۈكسىز تۈزىتىپ ماڭدى.

ئەمما، گېرمانىيە ئىشچىلار سىياسىي پارتىيەسى كېچىكىپ قۇرۇلغانلىقتىن، گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى پرۇسسىيە

www.uyghurkitap.com

هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولىنى توسۇيالمىدى.

گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ تاماملىنىشى گېرمانىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، گېرمانىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يول ھازىرلاپ، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ راۋاجلىنىشىنى كەڭ زېمىن بىلەن تەمىنلىدى، شۇڭا گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى تارىخىي ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» تەك خانىدانلىق ئۇرۇشى يولى بىلەن تاماملانغاچقا، پرۇسسىيەنىڭ فېئودال كۈچلىرى ۋە مىلىتارىزمى ساقلىنىپ قالدى، ئەمما بىرلىككە كېلىش گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ فېئودالىزمدىن كاپىتالىزمغا ئۆتۈش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، شۇڭا بىسمارك رەھبەرلىك قىلغان بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ.

بىسمارك گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىدە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش ئىنقىلابىنىڭ باش رولىنى ئالدى، ئۇ زورلۇق كۈچى بىلەن گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسالغۇ بولغان ھەرخىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى بىتچىت قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا 1848 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ «ۋەسىيەت ئىجراچىسى»[1] بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىسماركنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسالغۇلۇق قىلىۋاتقان ئاۋسترىيە خانىدانلىقى باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە فېدېراتسىيەسىدىكى ھەرقايسى كىچىك پادىشاھلار شەكىللەندۈرگەن ئىرماش ـ چىرماش

---

① ئېنگېلس: «(كوممۇنىستلار پارتىيىسى خىتابنامىسى)نىڭ 1892 ـ يىلىدىكى پولەك تىلى نۇسخىسىغا كىرىش سۆز»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 267ـ بەت.

ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى پەقەت زورلۇق كۈچى بىلەنلا گۇمران قىلغىلى بولاتتى. بۇرژۇئازىيەنىڭ قورقۇنچاقلىقى، پرولېتارىيات سىنىپى سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن شارائىتتا، پەقەت پرۇسسىيەدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك دۆلەت ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلىيالايتتى. شۇڭا، بىسمارك رەھبەرلىك قىلغان بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى شۇ چاغدىكى تارىخىي ئېقىمغا ماسلاشتى. بۇمۇ بىسماركنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپىلىرىنىڭ بىرى.

گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە: بىرىنچى، ئۇ گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈردى، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئىلغار سانائەت دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى. ئىككىنچى، ئۇ گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۈچىنچى، ئۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، گېرمانىيە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە سەل قارىغىلى بولمايدىغان دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتتى.

# 4 - بۆلۈم رۇسىيەنىڭ 1861 - يىلىدىكى ئىسلاھاتى

## 1. قىرىم ئۇرۇشى

قىرىم ئۇرۇشى غەربىي ياۋروپادىكى كۈچلۈك كاپىتالىستىك

دۆلەتلەر بىلەن چارروسىيە ئوتتۇرىسىدا تۈركىيە مەسىلىسىدىكى زىددىيىتىنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكى سەۋەبىدىن پارتلىدى. بۇ زىددىيەت ئالدى بىلەن بۇ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيەنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئىگىلىۋېلىش ۋە قول قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى، ئاندىن تۈركىيە ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئۈچ قىتئەنىڭ چېگراسىغا جايلاشقانلىقى، جۇغراپىيەۋى ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى، ئۇنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپول ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى داردانېل بوغۇزى بىلەن بوسپورۇس بوغۇزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى سەۋەب بولدى. كونستانتىنوپول شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ئالاقىسىدە ئۆتمىسە بولمايدىغان يول بولۇپ، ئىككى بوغۇز قارا دېڭىز بىلەن شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى مۇھىم يولنى كونترول قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى بوغۇز بىلەن كونستانتىنوپولنى كونترول قىلماقچى بولدى. مانا بۇ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ زىددىيىتى، يەنى «شەرق مەسىلىسى»نىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، بۇ زىددىيەت ئىچىدە روسىيە بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ زىددىيىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

چارروسىيە پېتىر I دەۋرىدىن باشلاپ ئىزچىل كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلدى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، تۈركىيە زېمىنىنى كەينى ـ كەينىدىن يۇتۇۋېلىپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى تۈركىيەگە قاراشلىق كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىۋالدى. ئەمما، روسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ تۈركىيە زېمىنى ئىچىدىكى ئىككى بوغۇزنى كونترول قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلدى. چۈنكى ئىككى بوغۇز قارا دېڭىزغا كىرىپ ـ چىقىشتىكى بىردىنبىر ئېغىز بولۇپ، بۇ ئىككى بوغۇزنى ئىگىلىۋالسا، روسىيە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى

ۋە ھەربىي كۈچىنى يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا دېڭىزغا كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىيەلەيتتى.

1833 - يىلى تۈركىيە ئىمپېراتورى بىلەن مىسىر باش ۋالىيسى توقۇنۇشۇپ قالدى، رۇسىيە پۇرسەتتىن غەنىيمەت بىلىپ، تۈركىيەنى ئۆزى بىلەن ۋىنكال سكىرىش شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، رۇسىيە ھەربىي فلوتلىرىنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتۈش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى ھەمدە تۈركىيەنى باشقا دۆلەت ھەربىي فلوتلىرىنىڭ دېڭىز بوغۇزىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلماسلىققا مەجبۇرلىدى. بۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيەنىڭ يېقىن شەرقتىكى ئورنى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. بۇ ئىش ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى.

شۇ چاغلاردا، ئەنگلىيە تۈركىيەنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تاۋار بازىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، يەنە تېخى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈركىيەنى ئۆزىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئەنگلىيە رۇسىيەنىڭ قۇدرەت تېپىپ ئۆزىنىڭ تۈركىيەدىكى تەسىر كۈچىگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن، بولۇپمۇ رۇسىيەنىڭ دېڭىز بوغۇزىنى كونترول قىلىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، چۈنكى بۇنداق بولسا، ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز قاتناش يولى تەھدىتكە ئۇچرايتتى. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، فىرانسىيەمۇ تۈركىيەنى ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى ساتىدىغان بازىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى، فىرانسىيەمۇ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈركىيەگە كېڭەيتىش نىيىتى بولغاچقا، رۇسىيەنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ كېڭىيىشى فىرانسىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى ئەندىشىگە سالدى.

1841 - يىلى ۋىنكال - سكىرىش شەرتنامىسىنىڭ مۇددىتى توشقاندا، رۇسىيەنىڭ يېقىن شەرقتىكى تەسىر كۈچىنى

www.uyghurkitap.com

ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ئالاقىدار دۆلەتلەرنى يىغىپ خەلقئارا يىغىن ئېچىپ، دېڭىز بوغۇزى ھەققىدە خەلقئارا شەرتنامە ئىمزالاپ تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: تۈركىيە تىنچ مەزگىلدە تۇرغاندا، ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي فىلوتلىرىنىڭ دېڭىز بوغۇزىغا كىرىشى بىردەك مەنئى قىلىنىدۇ، مۇبادا تۈركىيە باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلسا، پەقەت تۈركىيەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي فىلوتلىرى دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈشكە ھوقۇقلۇق، بۇ ئەمەلىيەتتە رۇسىيە ھەربىي فىلوتىنىڭ دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈش ھوقۇقىنى بىكار قىلغانلىق بولۇپ، رۇسىيەنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە مەغلۇپ بولغانلىقى ھېسابلىناتتى.

1848 - يىلىدىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر باش كۆتۈردى. چاررۇسىيە ئاۋستىرىيەگە ياردەملىشىپ، ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيى تۇيۇقسىز ئۆسۈپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق «ياۋروپا ژاندارمىسى»غا ئايلاندى. شۇڭا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى مۇشۇ پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن شەرقتىكى ئاجىزلاپ كەتكەن ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ، تۈركىيەگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئاكتىپ تەييارلىق كۆردى، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال يانچىلىق تۈزۈمى كرىزىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چاررۇسىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقى كۈنسېرى كۈچەيدى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەيتىش — دۆلەت ئىچىدىكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى، دەپ قارىدى.

بۇ دەۋردە، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كاپىتالىزم تازا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. 50 - يىللاردا ئەنگلىيە «دۇنيا زاۋۇتى»غا ئايلىنىپ بولدى، فىرانسىيەنىڭ سانائەت كاپىتالىزمى

مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ چەت ئەل بازارلىرىنى تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلەشتى. ئۇلار يېقىن شەرقتىكى تاۋار بازارلىرىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشنى ئارزۇ قىلغاچقا، رۇسىيەنىڭ قارا نىيەتى ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلار خىرىس قىلىپ تۇرغان رۇسىيەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تۈركىيەگە بولغان «ياردىمى»نى جىددىيلەشتۈردى، بولۇپمۇ فىرانسىيە نۇرغۇن قەرز پۇل ۋە ھەربىي قورال ـ ياراغلار بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، تۈركىيەنىڭ رۇسىيەگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوللىدى. تۈركىيە بارا ـ بارا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى.

پەلەستىن «مۇقەددەس جاي»مەسىلىسى ئىككى تەرەپ توقۇنۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان، كاتولىك دىنى جەمئىيىتى بىلەن پىراۋوسلاۋىيە دىنى جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا يېروسالىم «مۇقەددەس جاي»نىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ئىزچىل تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ كەلگەنىدى. 1852 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى فىرانسىيەنىڭ بېسىمى بىلەن «مۇقەددەس جاي»نىڭ كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. چاررۇسىيە بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى پىراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى دەپ ئەيىبلەپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن تۈركىيە زېمىنىدىكى بارلىق پىراۋوسلاۋىيە دىنى مۇرىتلىرىنى رۇسىيەنىڭ «مۇھاپىزەت قىلىشى»غا تاپشۇرۇشنى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. 1853 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چار پادىشاھ تۈركىيە پايتەختى كونستانتىنوپولغا ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ تەلەپنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. تۈركىيەگە ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئارقا تىرەك بولۇپ تۇرغاچقا، رۇسىيەنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلدى. رۇسىيە بۇنى باھانە قىلىپ، 1853 ـ يىلى 6 ـ ئايدا زور قوشۇن

چىقىرىپ مولداۋىيە بىلەن ۋالاچىياغا تاجاۋۇز قىلدى. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى پارتلىدى.

ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا، تۈركىيە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا مادارى يەتمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى (1854 ـ يىلى)، قىرىم ئۇرۇشى مۇشۇنداق يۈز بەردى. ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، چارروسىيە ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيەلەر قاتناشقان تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئادالەتسىز ئۇرۇش ئىدى. شۇ چاغدا ئەنگلىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماركس چارروسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپلا قالماي، يەنە ئەنگلىيە، فىرانسىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ نومۇسسىز قىلمىشىنىمۇ ئەيىبلىدى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە گەرچە ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما رۇسىيەگە گۇمران قىلىش خاراكتېرىدە زەربە بېرىشنى خالىمايتتى. سەۋەبى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تۈركىيە مەسىلىسىدە چارروسىيە بىلەن زىددىيىتى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بۇرژۇئازىيەسى چارروسىيەنىڭ ياۋروپا ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ تۈۋرۈكى، خەلقئارا ئىنقىلابلارنى باستۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇنى تولۇق گۇمران قىلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئۇرۇشنى كېڭەيتمەي، پەقەت قىرىم يېرىم ئارىلى بىلەنلا چەكلەندى. 1855 ـ يىلى كۈزدە، رۇسىيەنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى مۇھىم قورغىنى سېۋاستوپول قولدىن كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش رۇسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتى. 1856 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارىژدا سۈلھى كېلىشىمى ئىمزالاندى، كېلىشىمگە ئاساسەن، رۇسىيە قارا دېڭىزدا ھەربىي فىلوت تۇرغۇزۇش ۋە قارا دېڭىز قىرغىقىدا قورغان قۇرۇش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالدى، قارا دېڭىز ۋە ئىككى بوغۇز بىتەرەپ رايون دەپ جاكارلىنىپ، ھەرقايسى دۆلەت سودا

پاراخوتلىرىغا ئېچىۋېتىلدى. نەتىجىدە، رۇسىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى.

رۇسىيەنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشىغا ئاساسلىقى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىقى سەۋەب بولدى. فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىدىكى رۇسىيە، ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلاردا كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن خېلىلا ئارقىدا قالغانلىقى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش مەزگىلىدە دۆلەت ئىچىدە دېھقانلار ھەرىكىتى ئەۋجگە چىقىپ، رۇسىيەنىڭ ئارقا سېپىگە تەھدىت سالدى. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيە قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇڭا قىرىم ئۇرۇشى رۇسىيەنىڭ 60 ـ يىللاردىكى ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولدى. ئەلۋەتتە، 60 ـ يىللاردىكى ئىسلاھات ئاساسلىقى، رۇسىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان مۇقەررەرلىك سەۋەب بولدى.

## 2. يانچىلىق تۈزۈم كرىزىسى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولىغا ماڭدى، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاب ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. ئەمما، رۇسىيە يەنىلا قالاق فېئوداللىق مۇستەبىتلىك ۋە يانچىلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت پېتى قېلىۋەردى. چار پادىشاھ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چەكسىز مۇتلەق ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ تۇردى. ساقچى ـ ژاندارمىلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خالىغانچە زورلۇق قىلىشى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى چىدىغۇسىز جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ياشىدى.

فېئودال يانچىلىق تۈزۈمى شارائىتىدا، پومېشچىكلار ئىقتىسادىي جەھەتتە يانچىلارنىڭ يىلىكىنى شوراپلا قالماي، يەنە

ئۇلارنى خالىغانچە ئۇرۇش، خورلاش، ھەتتا سېتىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ خىلمۇخىل ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى ئاستىدا، نامراتلىق ۋە جەبىر - جاپا دەستىدىن قەددىنى رۇسلىيالماي ئۆتەتتى. پومېشچىكلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن دېھقانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرىلاپ كەتكەن بولۇپ، 1836 - يىلىدىن 1851 - يىلىغىچە دېھقانلار نوپۇسىدىن 500 مىڭ كىشى ئازىيىپ كەتكەنىدى.

ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم مۇقەررەر ھالدا قارشىلىق ۋە كۈرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. رۇسىيە دېھقانلىرىنىڭ پومېشچىكلارغا قارشى كۈرەشلىرى ئىزچىل تۈردە ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى، دېھقانلار قوزغىلىڭى رۇسىيەنىڭ يانچىلىق تۈزۈمى بىلەن تەڭ دېگۈدەك داۋاملىشىپ كەلدى. بىرقانچە قېتىملىق زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن رۇسىيە زېمىنىنى لەرزىگە سېلىپ، پومېشچىكلار سىنىپىنى قورقۇتۇپ يۈرەكزەدە قىلىۋەتتى ۋە فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمگە كۈچلۈك زەربە بەردى.

ئەمما، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، رۇسىيەنىڭ يانچىلىق تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈزلەندى، بۇ تۈۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن ئىپادىلەندى.

19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ ئەنگلىيەنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجى زور دەرىجىدە ئاشقانلىقتىن، رۇسىيەنىڭ ئاشلىق ئېكسپورتىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنى كۈچەيتىۋەتتى، يەنى پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ ھەپتىلىك ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، دېھقانلارنىڭ قالدۇرۇق يېرىنى ئازايتىۋەتتى، ھەتتا قالدۇرۇق يەرلەرنى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىپ، دېھقانلارنى ھەر كۈنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇرلىدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار قۇللارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى، بۇ خىل ئەھۋال يېرى قارا تۈپراقلىق

ئۆلكىلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. بۇ يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى.

يېرى قارا تۇپراق ئۆلكىلەردە پومېشچىكلار ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ئۇسۇلى بىلەن دېھقانلارنى ئەزدى. بۇ ئالۋان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتى ئالۋانغا تۆلەشكە يەتمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر شەھەرلەرگە بېرىپ ئەمگەك قىلىپ، تاپقان پۇلىنى ئالۋانغا تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ خارابلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ 2 ـ خىل ئىپادىسى.

يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ جەريانى كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدۇر.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، رۇسىيە سانائەت كاپىتالىزمى مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئەركىن ئەمگەكچىلەرنى ياللاپ ئىشلىتىش بىر قەدەر ئومۇملاشتى.

1804 ـ يىلى رۇسىيە قول سانائەت ئىشخانىلىرىنىڭ سانى 1200 بولغان بولسا، 1825 ـــ 1828 ـ يىللىرى 1800 گە، 50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 2800 گە يەتتى. ئەركىن ياللانما ئىشچىلارنىڭ بارلىق ئىشچىلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1804 ـ يىلى 48% ، 1825 ـ يىلى 54% ، 1860 ـ يىلى 87% بولدى. بەزى سانائەت تارماقلىرىدا ئەركىن ياللانما ئىشچىلارنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولدى. مەسىلەن، 1825 ـ يىلى پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى ياللانما ئىشچىلارنىڭ نىسبىتى 94.7% كە يەتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـــ 50 ـ يىللىرىدا رۇسىيەدىمۇ سانائەت ئىنقىلابى باشلاندى، 1858ـ يىلى پەقەت موسكۋا ئۆلكىسىدىلا 158 پار ماشىنىسى ئىشلىتىلدى.

سانائەت كاپىتالىزمى تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە، يېزا

ئىگىلىكىدىمۇ كاپىتالىزم بىخ سۈردى. بۇ مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلەندى: بىرىنچى، يانچىلىق تۈزۈمىدە پومېشچىكلار ئېكسپلاتاتسىيەسىنى ئىزچىل كۈچەيتكەچكە، مەجبۇرىي ئەمگەك يانچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى، پومېشچىكلار يانچىلارنى ئېزىپ پايدا ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم پومېشچىكلار ئەركىن ئەمگەكچىلەرنى ياللاپ ئىشلەتسە، يانچىلارغا قارىغاندا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار 40 ــ 50 ـ يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ قورۇقلىرىدا ئەمگەكچى ياللاپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئىككىنچى، 40 ــ 50 ـ يىللاردا، يانچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشمۇ بارغانسېرى روشەنلەشتى، ئاز ساندىكى بىر قىسىم باي دېھقانلار نامرات دېھقانلارنى دەھشەتلىك ئېزىشكە تايىنىپ بېيىغان بولسىمۇ، ئەمدى ئۇلارمۇ ئەمگەكچى ياللاشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يانچىلىق تۈزۈمى مۇناسىۋەتتىگە يوشۇرۇنغان يېڭى بۇرژۇئازىيەسىگە ئايلاندى. ئەمما، ھەرقانداق بېيىغان يانچى ئۆز مۈلكىنىڭ تولۇق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايتتى. چۈنكى، پومېشچىك خالىغان چاغدا يانچىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋالالايتتى تاكى تارتىۋالالايتتى.

ئەمما، رۇسىيە كاپىتالىستىك سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كۆپ ئارقىدا ھەمدە تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ خېلىلا ئاستا ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى يەقەت يانچىلىق تۈزۈمىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. دېھقانلار يەرگە مەھكەم باغلىنىپ قالغاچقا، سانائەت كاپىتالىزمىغا زۆرۈر بولغان ئەركىن ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىدى. پومېشچىكلارنىڭ شەپقەتسىز زۇلمى ئاستىدىكى دېھقانلارنىڭ سانائەت تاۋارلىرىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىدى، بۇ سانائەت بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ قويىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يانچىلىق تۈزۈمى رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولۇپ قالدى، شۇڭا، يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى.

ئەمما، يانچىلىق تۈزۈمىنى قانداق بىكار قىلىش كېرەك؟ بۇ مەسىلىدە رۇسىيە دېھقانلىرى ۋە ئىنقىلابىي دېموكراتچىلار «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش»يولىنى تەشەببۇس قىلدى، يەنى ئىنقىلاب قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا بەدەلسىز تەقسىم قىلىپ بېرىشتە چىڭ تۇردى.

1858 — 1860 ـ يىللىرى 300 قېتىمغا يېقىن دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. دېھقانلار ھەرىكىتى ماھىيەت جەھەتتە دېھقانلارنىڭ «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش» يولى بىلەن يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

دېھقانلارنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى كۆرىشى، رۇسىيە پۇقرا زىيالىيلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. پۇقرا زىيالىيلار ئىدىيە جەھەتتە دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار 1858 — 1861 ـ يىللىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي سەھنىدىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار يېڭى تىپتىكى بىر زىيالىيلار قاتلىمى بولۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە روھانىيلار، ئۇششاق سودىگەرلەر، شەھەر پۇقرالىرى، دېھقانلار، سۇنغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئامما بىلەن ئالاقىسى قويۇق ئەسكەرلەردىن تەشكىللەندى. پۇقرا زىيالىيلارنىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرىدىن گېرتسېن، چېرنىشېۋسكىي ۋە دوبرولىيۇبوف قاتارلىقلار بار.

ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ گېرتسېن (1812 — 1870) 1857 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «قوڭغۇراق ساداسى گېزىتى»دە يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش تەشەببۇسىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېھقانلارنى يانچىلىق سالاھىيىتىدىن

www.uyghurkitap.com

قوزغىلىپ، ئۇلارغا يەر تەقسىملەپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. گېرتسېننىڭ ئىدىيەسىدە بەزىدە داۋالغۇش بولغان، بەزىدە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش»يولى بىلەن يانچىلارنى ئازاد قىلىش خام خىيالىدا بولغان بولىسمۇ، ئەمما ئۇ، ئەگەر بۇ يول ئوڭۇشلۇق بولمىسا، ئىنقىلاب قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىش كېرەك، دەپ قارىدى.

چېرنىشېۋسكىي بىلەن دوبرولىيوبوف تېخىمۇ قەتئىي بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچى دېھقانلارغا بولغان تەلپۈ ۋە ئۈمىدىنى، يانچىلىق تۈزۈمىگە بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

نىكولاي گاۋرىلوۋىچ چېرنىشېۋسكىي (1828 — 1889) يېتىلگەن ئالىم، كۆرەش قىلىش روھىغا باي سىياسىيون ۋە ئەدەبىي تەنقىدچى بولۇپ، دېھقانلار ئىنقىلابىي ئىدىيەسىنى پائال تارقاتتى. ئۇ تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن دېھقانلارنى ئازاد قىلىشنىڭ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ، بارلىق ئۈمىدىنى ئىنقىلابقا باغلىدى، ئۇ ھۆكۈمران سىنىپلاردىن قەتئىي ئۈمىد كۈتمەي، يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن مۇستەبىت تۈزۈمنى يوقىتىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ يەنە رۇسىيە دېھقانلار ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك دەپ قارىدى، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئىنقىلاب قىلىش ئۇسۇلى بىلەن دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يەرلەرنى ھەق تۆلەپ ياندۇرۇۋېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى.

نىكولاي ئالېكساندىروۋىچ دوبرولىيوبوف (1836 — 1861) چېرنىشېۋسكىينىڭ سەپدىشى ھەم ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى. ئۇ يانچىلىق تۈزۈمى بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى قىلچە ئىككىلەنمەي سۆكتى.

ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىلار 1859 ــ 1861 ـ يىللىرى ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، بۇ تەشكىلات ئارقىلىق ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلماقچى ۋە ئاشكارا ئىنقىلاب ئېلىپ بارماقچى بولدى. شۇ چاغدا، ئىككى مەخپىي تەشكىلات بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ بىرى، چېرنىشېۋسكىي بىلەن دوبروليوبوف پېتېربۇرگتا قۇرغان تەشكىلات. يەنە بىرى، گېرتسېن بىلەن ئوگاروف لوندوندا قۇرغان تەشكىلات ئىدى. لوندوندىكى تەشكىلات 1857 ــ 1860 ـ يىللىرى بىرقەدەر تەپسىلىي بولغان پىروگراممىنى تۈزۈپ چىقتى، پىروگراممىدا «پومېشچىكلار ۋە دۆلەتنىڭ ئادەملەر ۋە يەرگە بولغان يانچىلىق تۈزۈمىدىكى ئىمتىيازلىرىنى دەرھال بىكار قىلىش»، يەرلەرنى دېھقانلارغا بەدەلسىز تەقسىم قىلىپ بېرىش، پومېشچىكلار ئۆز يېرىنى ئەسلىي باھاسى بويىچە ھېسابلاپ «دۆلەتنىڭ ئاممىۋى كىرىمىدىن ھەققىنى ئېلىۋېلىش»، دېھقانلاردىن ھەرقانداق ئالاھىدە ھەق يىغماسلىق، تەبىقە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دۆلەت ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى خەلق سايلىغان ۋەكىللەر ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىندى. بۇ پىروگراممىنى تۈزۈپ چىققۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئوگاروف ئەگەر چارپادىشاھ بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلسا، ھەربىي قوشۇن ئىچىدىكى ئىلغار ئىدىيەلىك ئوفىتسېرلارنى قوزغاپ، ھەربىي قوشۇننى يادرو قىلغان دېھقانلار ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئوگاروف يەنە ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى رۇسىيەنىڭ ئىسخېمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، توققۇز «فېدېراتسىيە»دىن تەشكىللەنگەن جۇمھۇرىيەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. پىروگراممىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گېرتسېن ۋە ئوگاروف يەنىلا چارپادىشاھتىن ئۈمىد كۈتكەن، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىغان.

پېتېربۇرگدىكى تەشكىلات ئوتتۇرىغا قويغان پىروگراممىنىڭ

مەزمۇنى بىرقەدەر قەتئىي بولۇپ، ئۇلار «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش» يولى بىلەن، دېھقانلار ئىنقىلابى ئارقىلىق يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش، دېھقانلارغا يەرلەرنى بەدەلسىز تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چېرنىسېۋسكىي 1860 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1861 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا «دېھقانلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ دېھقانلارغا يازغان خېتى» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلىپ، چارپادىشاھنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، دېھقانلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىردى.

ئەمما، 1859 — 1861 ـ يىللىرى ئەۋجگە چىققان دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە ئىنقىلابىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ئىنقىلاب بولۇپ شەكىللىنەلمىدى، بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش كۈچىنىڭ زورلۇقى، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلار كۈچىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى، ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى، تارقاق دېھقانلار ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلابقا ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇشكۈللۈكى سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش»يولى بىلەن يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش پىلانى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

گەرچە ئىنقىلاب يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە ئىنقىلابىي دېموكراتىك ھەرىكەتلەر چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى بەزى مەسىلىلەردە يول قويۇشقا، ئىسلاھات يولىغا مېڭىشقا مەجبۇرلىدى.

## 3 . 1861 ـ يىلدىكى ئىسلاھات

1861 ـ يىلدىكى ئىسلاھاتنى رۇسىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپى «يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش» يولى بىلەن ئېلىپ باردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ رۇسىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ

بولۇۋاتقانلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولدى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىل بىۋاسىتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى: بىرىنچى، قىرىم ئۇرۇش مەزگىلىدە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالاقلىقى ۋە چىرىكلىكى تولۇق ئاشكارىلاندى. ئىككىنچى، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان دېھقانلار ھەرىكىتى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى، ئۈچىنچى، بەزى پومېشچىكلار يانچىلىق تۈزۈمى ئېلىپ كەلگەن پايدا كاپىتالىزم تۈزۈمى ئېلىپ كەلگەن پايدىغا يەتمەيدۇ، دەپ قارىدى.

1856 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پارىژ سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ 12 كۈندىن كېيىن، چار پادىشاھ ئالېكساندىر II يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تىلغا ئالدى. ئۇ موسكۋادىكى بىرقىسىم ئاقسۆڭەك ۋەكىللىرىگە، دېھقانلارنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا مېڭىش يولى بىلەن قوزغىلىپ ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىشنى ساقلاپ تۇرغاندىن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مېڭىش يولى بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بارغىنىمىز تۈزۈك دېدى. 1857 ـ يىلىدىن باشلاپ، چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىسلاھات تەييارلىقىغا كىرىشتى.

«دېھقانلار ئىشلىرى باش كومىتېتى»ئىسلاھات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. بۇ كومىتېت يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە چوڭ پومېشچىكلاردىن تەشكىللەندى. بۇ خىزمەتكە قاتناشقانلار ئارىسىدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مىليۇتىنغا ئوخشاش لىبېرالىزمچىلارمۇ بار ئىدى. ئىسلاھات خىزمىتىگە قاتناشقان ئەمەلدارلار ۋە پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرى بىرقانچە مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئورتاق پىكىرگە كېلەلمىدى. چوڭ پومېشچىكلار يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولغاچقا، ئىسلاھاتقا نائىلاجلىق پوزىتسىيەسى تۇتتى. ئۇلار گەرچە

يانچىلارنى ئازاد قىلىشقا قوشۇلسىمۇ، ئەمما يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە قارشى تۇردى. ئوتتۇراھال پومېشچىكلار لىبېرالىزمغا مايىل بولۇپ، بىراقلا كاپىتالىستىك دېھقانچىلىققا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلار يەنە ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى: بىر مەزھەپتىكىلەر يېرى قارا تۇپراق ئەمەس رايونلاردىكى پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، يانچىلارنى ئازاد قىلىپ، يەرلەرنى دېھقانلارغا پۈتۈنلەي بۆلۈپ بېرىشنى، ئەمما دېھقانلارنىڭ بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنى تولۇق ھەق تۆلەپ سېتىۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بىر مەزھەپتىكىلەر بولسا يېرى قارا تۇپراقلىق رايونلاردىكى پومېشچىكلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار يانچىلارنى ئازاد قىلغاندا، يەرلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ئۆز قولىدا قالدۇرۇپ، كاپىتالىستىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلدى. شۇڭا، ئۇلار دېھقانلارغا ئائىلىسىنى بېقىشقىمۇ يەتمەيدىغان ئاز مىقداردىكى يەرنى سېتىپ بېرىپ، دېھقانلارنى پومېشچىكلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ياللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇرلاشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ بىرقانچە مەزھەپ ئارىسىدا پىكىر ئىختىلاپى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلەردىكى تەشەببۇسى بىردەك بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى كۈرەش ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى كۈرىشى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر مەسىلىسىنى پومېشچىكلارغا پايدىلىق ئۇسۇلدا ھەل قىلىپ، ئىسلاھاتتىن كېيىنمۇ پومېشچىكلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكى ۋە ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەيتتى.

شۇڭا، ئىسلاھاتنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش پومېشچىكلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش بولماستىن، بەلكى پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئىدى. دېھقانلار بارلىق يەرلەرگە ئىگە بولۇشنى ۋە تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى، يانچىلىق سالاھىيىتىدىن قۇتۇلۇپلا

قالماي، پومېشچىكلارنىڭ يەرلەرنى دېھقانلارغا بەدەلسىز تەقسىملەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش مەسىلىسىدە پايدا ـ زىيانغا ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بولغان دېھقانلارنىڭ ئىسلاھاتنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىلار دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى قوللاپ، يەرلەرنى ھەق تۆلەپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇپ، بۇ خىل ئۇسۇل دېھقانلارنى خانىۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى قايتىدىن پومېشچىكلارنىڭ خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىشىغا دۇچار قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ھۆكۈمەت ئەڭ دەسلەپتە بېكىتكەن ئىسلاھات لايىھەسىدە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ تەلىپى ئاساس قىلىندى، ئەمما ئىسلاھاتنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدىغان سىنىپىي كۈرەش، بولۇپمۇ دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ھۆكۈمەتنى پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە، يەنى يانچىلارنى ئازاد قىلىش، ئەمما يەر تەقسىملەپ بەرمەسلىك لايىھەسىنى تۈزىتىشكە مەجبۇر قىلدى.

1861 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چار پادىشاھ ئالېكساندىر II يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش قانۇنىغا ئىمزا قويۇپ، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بۇ قانۇننى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، يانچىلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. پومېشچىكلارنىڭ يانچىلارنى ئېلىپ ـ سېتىش، ئالماشتۇرۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. دېھقانلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشى چەكلىنىدۇ. دېھقانلارنىڭ ئۆز نامىدا باشقىلار بىلەن توختام ـ كېلىشىمنامە، تۈزۈشكە باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، كۆچمە مۈلۈك ۋە كۆچمەس مۈلۈك ساقلىشىغا، ئۆز نامى بىلەن سوتقا ئەرز قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. ئىككىنچى، دېھقانلار يەرگە ئىگە بولسا بولىدۇ، ئەمما ھەق تۆلەپ سېتىۋېلىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

سېتىۋالىدىغان يەرنىڭ مۆلچەر باھاسى ئەمەلىي باھادىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر دېھقانلار بۇ ھەقنى تۆلەشكە مادارى يەتمىسە، ئالدى بىلەن يەر باھاسىنىڭ 20%–25% قىسمىنى تۆلەپ، قالغىنىنى دۆلەتتىن قەرز ئالسا بولىدۇ. بۇ قەرزنى دېھقانلار 49 يىل ئىچىدە ئۆسۈمى بىلەن دۆلەتكە قايتۇرسا بولىدۇ. دېھقانلارنىڭ يەر سېتىۋېلىش ئۈچۈن تاپشۇرغان ھەققى 1905 ـ يىلىغا كەلگەندە جەمئىي 2 مىليارد رۇبلىغا يەتتى. دېھقانلار گەرچە يەر سېتىۋېلىشقا يۇقىرى بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىگە بولغىنى ئۇنۇمسىز، ناچار ھەم ئازراقلا يەر بولدى. چۈنكى پومېشچىكلار ئىسلاھات جەريانىدا، مۇنبەت ۋە تۈتاش كەتكەن ياخشى يەرلەرنى ئۆزلىرى ساقلاپ قېلىپ، بۇ يەرلەر بىلەن دېھقانلارغا سېتىپ بەرگەن يەرلەرنى ئۆزئارا قەستەن گىرەلەشتۇرۇۋالدى. پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى دائىم دېھقانلارنىڭ يەرلىرى ئارىسىدا قېلىپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتتى، پومېشچىكلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، دېھقانلارنى شىنا شەكىللىك بۇ يەرلەرنى يۇقىرى باھادا ئىجارە ئېلىشقا مەجبۇرلاش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، پومېشچىكلار دېھقانلار ئېھتىياجلىق بولغان ئورمانلىق، ئوتلاق ۋە يايلاقلارنى ئىگىلىۋالدى. دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ھەرقايسى جايلاردا ئوخشاش بولمىدى. قارا تۇپراقلىق رايونلاردا دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىلگەن يەر ناھايىتى ئاز بولدى: سامارا ئوبلاستىدا بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتىن كېيىن دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى 44% ئازىيىپ كەتتى. يېرى قارا ئەمەس رايونلاردا دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ مىقدارى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۈنۈمسىز بولغاچقا، ئىشلىتىش قىممىتى بولمىدى. مەسىلەن، ۋولوگدا ئوبلاستىدا دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلەر ئەسلىدىكىدىن 14% ئاشتى.

ئىسلاھات ئارقىلىق ھەربىر رۇسىيەلىك دېھقانغا ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 3.4 رۇسىيە موسى يەر تەقسىملەپ بېرىلدى.
ئىسلاھاتتىن كېيىن، دېھقانلارنى ئىدارە قىلىشنى كۆچەيتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دېھقانلارنى ئەسلىدىكى يېزا جامائەسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، چاتما كېپىللىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يېزا جامائەسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى نامدا دېھقانلار سايلاپ چىققان ھەمدە «ئاپتونومىيە» يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېزا جامائەسى يەنىلا يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق قانۇن ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش كېرەكلىكى بەلگىلەندى؛ پومېشچىكلار يېزا جامائەسىنىڭ ھەرقانداق قارارىنى ئىنكار قىلىشقا، ئەمەلدارلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا، ھەتتا دېھقانلارنى يېزا جامائەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەردىن بىر كېلىشتۈرگۈچى سايلاپ چىقىپ، پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە مەسئۇل قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارغا بولغان ئېكسپلاتاتسىيەسىنى كاپالەتلەندۈردى. شۇڭا، ئىلگىرى ئايرىم ساندىكى پومېشچىكلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى دېھقانلار ئەمدى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كوللېكتىپ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى.
1861 ـ يىلىدىكى ئىسلاھات ماھىيەتتە، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلارنى بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك تالان ـ تاراج قىلىش ھەرىكىتى بولدى؛ دېھقانلارنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى ۋە پۇل ـ بايلىقى پومېشچىكلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا ئىسلاھاتتىن كېيىن، كۆپ ساندىكى دېھقانلار مۇستەقىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنالماي، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارە ئېلىپ تېرىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە ھەر يىلى يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى پومېشچىكقا ئىجارە ھەققى قىلىپ تاپشۇرۇپ، «يېرىم ھوسۇللۇق دېھقان»لارغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا 1861 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتتىن كېيىن، يانچىلىق

تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى ئىسلاھات دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن يىراق بولغاچقا، ئىسلاھاتتىن كېيىن دېھقانلار ھەرىكىتى يەنىلا پەسەيمىدى. 1861 ـ يىلى 1176 قورۇقنىڭ دېھقانلىرى توپىلاڭ كۆتۈردى. دېھقانلار ھەرىكىتى 1864 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى.

1861 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتتىن كېيىن، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى باشقا جايلاردا بىر قاتار بۇرژۇئاچە ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. 1864ـ يىلى، ئوبلاست، ناھىيەلەردە ئاپتونومىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. بۇ ئىدارىنىڭ ۋەكىللىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى، سايلامغا ئاقسۆڭەكلەردىن باشقا، بۇرژۇئازلار ۋە دېھقانلارمۇ قاتناشتى. ئاپتونومىيە ئىدارىسى ئاساسلىقى يەرلىك ئىقتىساد، سەھىيە، مائارىپ ئورگانلىرىنى باشقۇردى. بۇ ئىدارە پومېشچىكلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، بۇرژۇئازلار ۋە دېھقانلار پەقەت پەردازلاش رولىنى ئوينىدى. 1870 ـ يىلى ھەرقايسى شەھەرلەردە دۇما قۇرۇلۇپ، ھوقۇق دائىرىسى ئىقتىساد بىلەنلا چەكلەندى. دۇما گەرچە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلسىمۇ، ئەمما سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سالاھىيەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، سايلامغا پەقەت ئۆي غوجايىنلىرى، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى غوجايىنلىرى ۋە بانكىرلارلا قاتنىشالىدى. 1864 ـ يىلى ئەدلىيە ساھەسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمى ۋە سوراق جەريانىدا مۇنازىرىلىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئەمما، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بۇرژۇئازلار سوتچى ياكى زاسېداتېل ئەمەلدارى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىسلاھاتلار چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

ئەمما ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، 1861 ـ يىلىدىكى ئىسلاھاتنىڭ دېھقانلارنى تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرى



www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىسلاھات روسىيە تارىخىدىكى زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇنلاشتۇردى. شۇڭا 1861 ـ يىلىدىن كېيىن روسىيە كاپىتالىزمى خېلى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 7 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民出版社1997年4月第1版，2001年7月第7次印刷本翻译出版。

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(يېقىنقى زامان قىسمى بىرىنچى كىتاب)

---

**تۈزگۈچىلەر:** ليۇ زوچاڭ، گۇاڭ رېنخۇڭ، خەن چېڭۋېن
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى
**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** رەيھانگۈل قۇربان، ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل سابىت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 26.5
**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 14236 - 1
**باھاسى:** 65.00 يۈەن

---